# ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى

## 2 - توم

# پۇتۇن دۇنيا پۇرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!

# ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى

## 2 - توم

## مۇندەرىجە

### ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى (1)

ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشنىڭ فاڭجېنى، چارىسى ۋە ئىستىقبالى (1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) ........................................ 3
1. ئىككى خىل فاڭجېن........................................ 3
2. ئىككى يۈرۈش چارە ........................................ 9
3. ئىككى تۈرلۈك ئىستىقبال ........................................ 16
4. خۇلاسە........................................ 17
بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشەيلى (1937 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)................... 19
زىيۇجۇيىغا قارشى تۇرايلى (1937 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)... 31
گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقى ئورنىتىلغاندىن كېيىنكى جىددى ۋەزىپىلەر (1937 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) .......... 37
ئەنگلىيە مۇخبىرى بېرترام بىلەن سوھبەت(1937 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) ........................................ 59

جۇڭگو گومىنداڭى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ........................................ 59
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى ۋە ساۋاقلىرى ........................................ 61
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى 8-ئارمىيە.......... 69
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى تەسلىمچىلىك...... 75
دېموكراتىك تۈزۈم ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ........................................ 78
**ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ شاڭخەي ۋە تەييۈەن قولدىن كەتكەندىن كېيىنكى ۋەزىيىتى ھەم ۋەزىپىلىرى**
(1937-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى) ........................ 85
1. ھازىرقى ۋەزىيەت — بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئومۇميۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەت........................ 85
2. پارتىيە ئىچىدىمۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك........................ 92
پارتىيە ئىچىدە، سىنىپنىڭ سىنىپقا بولغان تەسلىمچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ........................................ 92
پۈتۈن مەملىكەتتە، مىللەتنىڭ مىللەتكە بولغان تەسلىمچىلىكىگە قارشى تۇرۇش........................................100
سىنىپىي تەسلىمچىلىك بىلەن مىللىي تەسلىمچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى...102
**شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايون ھوكۇمىتى ۋە 8-ئارمىيە ئارقا سەپ مۇداپىئە-ئالاقە باشقارمىسىنىڭ**

ئېلانى (1938 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) ........................113
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەڭلۈۋى
مەسىلىسى (1938 ـ يىل 5 ـ ئاي) ..........................119
بىرىنچى باپ نىمە ئۈچۈن پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەڭلۈۋى
مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز ..........................119
ئىككىنچى باپ ئۇرۇشنىڭ تۈپ پىرىنسىپى — ئۆزىنى
ساقلاش، دۈشمەنىنى يوقىتىش ..........................123
ئۈچىنچى باپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان
ئۇرۇشىنىڭ ئالتە كونكرېت جەڭلۈۋى مەسىلىسى..........125
تۆتىنچى باپ مۇداپىە ئۇرۇشى داۋامىدىكى هۇجۇم ئۇرۇ-
شىنى، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش داۋامىدىكى تېز هەل
قىلىش ئۇرۇشىنى ۋە ئىچكى سەپ ئۇرۇشى داۋامىدىكى
تاشقى سەپ ئۇرۇشىنى جۇدۇك، جانلىق ۋە پىلانلىق هالدا
ئېلىپ بېرىش ..........................................126
بەشىنچى باپ مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن ماسلىشىش..........142
ئالتىنچى باپ گېنجۇيدى قۇرۇش..........................146
1ـ بولۇم بىرقانچە خىل گېنجۇيدى ..........................149
2ـ بولۇم پارتىزان رايونى ۋە گېنجۇيدى ......................153
3ـ بولۇم گېنجۇيدى قۇرۇشنىڭ شەرتلىرى......................156
4ـ بولۇم گېنجۇيدىلەرنى مۇستەهكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش...161
5ـ بولۇم دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى بىرقانچە
خىل مۇهاسىرە..........................................162
يەتتىنچى باپ پارتىزان ئۇرۇشىدىكى جەڭلۈۋىلۈك مۇداپىە
ۋە جەڭلۈۋىلۈك هۇجۇم..................................165

1- بولۇم پارتىزان ئۇرۇشىدىكى جەنلۈېلۈك مۇداپىە..........165
2- بولۇم پارتىزان ئۇرۇشىدىكى جەنلۈېلۈك ھۇجۇم..........171
سەككىزىنچى باپ يۈندۈڭجەنگە راۋاجلىنىش..........173
توققۇزىنچى باپ قوماندانلىق مۇناسىۋەتلىرى..........178

**ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا** (1938 - يىل

5 - ئاي)..........185
مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى..........185
مەسىلىنىڭ ئاساسى..........201
مۇنقەرىزچىلىك قارىشىغا رەددىيە..........207
مۇرەسسەلىشىش كېرەكمۇ ياكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش قىلىش كېرەكمۇ؟ چىرىكلىشىش كېرەكمۇ ياكى
ئالغا بېسىش كېرەكمۇ؟..........215
مۇنقەرىزچىلىك قارىشى توغرى ئەمەس، تېز غەلىبە قازىنىش
قارىشىمۇ توغرى ئەمەس..........221
نېمە ئۈچۈن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ؟..........226
ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنىڭ ئۈچ باسقۇچى..........231
گىرەلەشكەن ئۇرۇش..........249
مەڭگۈلۈك تېنچلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش..........255
ئۇرۇشتا پائالىيەتچانلىق..........260
ئۇرۇش ۋە سىياسى..........264
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسى سەپەر-
ۋەرلىكى..........266
ئۇرۇشنىڭ مەقسىدى..........269
مۇداپىە داۋامىدىكى ھۇجۇم، ئۇزاققا سوزۇش داۋامىدىكى تېز

ھەل قىلىش، ئىچكى سەپ ئىچىدىكى تاشقى سەپ.......273
جۇدۇڭلۇق، جانلىقلىق، پىلانلىقلىق.....................280
يۈندۈڭجەن، پارتىزان ئۇرۇشى، جېندىجەن..................300
خورىتىش ئۇرۇشى، يوقىتىش ئۇرۇشى.......................307
دۈشمەننىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىمكانىيەتلىكلىكى...314
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلار
مەسىلىسى.........................................318
ئەسكەرلەر بىلەن خەلق — غەلىبىيەتنىڭ ئاساسى...........324
خۇلاسە .............................................332

**جۇڭگو كوڭچەنداڭنىڭ مىللىي ئۇرۇشتىكى ئورنى** (1938-يىل
10-ئاي)............................................343
ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىونالىزم......................345
كوڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ مىللىي ئۇرۇشتىكى نەمۇنىلىك
رولى...............................................347
پۈتۈن مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە مىللەت ئىچىدىكى
جاسۇسلارغا قارشى تۇرۇش..............................351
كوڭچەنداڭنى كېڭەيتىش ۋە جاسۇسلارنىڭ سۇقۇنۇپ
كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش.............................352
بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە پارتىيىنىڭ مۇستەقىل-
لىقىنى قەتئىي ساقلاش ..............................353
ئومۇملۇقنى كوزدە تۇتۇش، كوپچىلىكنى كوزدە تۇتۇش ۋە
ئىتتىپاقداشلار بىلەن بىللە ئىشلەش....................355
كادىرلار سىياسىتى...................................356
پارتىيە ئىنتىزامى....................................360

پارتىيە دېموكراتىيىسى..............................361
بىزنىڭ پارتىيىمىز ئىككى سەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان
كۈرەشتە مۇستەھكەملەندى ۋە زورايدى.................363
نوۋەتتىكى ئىككى سەپ بويىچە كۈرەش..................367
ئۆگىنىش ..................................368
ئىتتىپاقلىق ۋە غەلىبە..............................372
**بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق**
**مەسىلىسى** (1938 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)..................375
ياردەم قىلىش ۋە يول قويۇش ئاكتىپ بولۇن، پاسسىپ
بولمىسۇن ...................................375
مىللىي كۈرەش بىلەن سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىردەكلىكى.......378
«ھەممە بىرلىكسەپ ئارقىلىق بولسۇن» دىگەن شۇئار توغرى
ئەمەس ...................................379
**ئۇرۇش ۋە جەڭ مەسىلىسى** (1938 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ
6 ـ كۈنى)...................................383
1. جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش.........383
2. جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش تارىخى ...................391
3. جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ ئۇرۇش تارىخى...................395
4. ئىچكى ئۇرۇش ۋە مىللىي ئۇرۇشتا پارتىيىنىڭ ھەربىي
جەڭلۈپىسدىكى بۇرۇلۇشلار ........................398
5. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى
پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەڭلۈپىلۈك ئورنى..................403
6. ھەربى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش...407
**4 ـ ماي ھەرىكىتى** (1939 ـ يىل 5 ـ ئاي).........................415

ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يونىلىشى (1939 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى) ........................................ 421
تەسلىمچىلىك ھەرىكىتىگە قارشى تۇرايلى (1939 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) ........................................ 437
ئەكسىيەتچىلەرنى جازالاش كېرەك (1939 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) ........................................ 449
يېڭى خەلقارا ۋەزىيەت توغرىسىدا «شىنخۇا رىباۋ» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بىلەن سوھبەت (1939 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى).... 459
جۇڭياڭشېنىڭ ۋە «ساۋداڭباۋ»، «شىنمىنباۋ» گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن سوھبەت (1939 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) ........................................ 473
سوۋېت ئىتتىپاقى مەنپەئەتىنىڭ ئىنسانىيەت مەنپەئەتى بىلەن بىرلىكى (1939 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى).................... 485
«گۇڭچەنداڭرېن» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما (1939 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى) .............................. 503
ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى (1939 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) .............................. 528
زىيالىلارنى كوپلەپ جەلپ قىلىش توغرىسىدا (1939 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)........................................ 533
جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى (1939 ـ يىل 12 ـ ئاي)........................................ 539
بىرىنچى باپ جۇڭگو جەمىيىتى ........................ 539
1- بولۇم جۇڭخۇا مىللىتى ........................ 539
2- بولۇم قەدىمقى زاماندىكى فېوداللىق جەمىيەت ............ 543

3- بولۇم مازىرقى زاماندىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمىيەت.......................547
ئىككىنچى باپ جۇڭگو ئىنقىلاۋى.......................557
1- بولۇم 100 يىلدىن بۇيانقى ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەر..........557
2- بولۇم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۈشمەنلىرى.......................559
3- بولۇم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى.......................565
4- بولۇم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى......567
5- بولۇم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرى.......................581
6- بولۇم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالى.......................587
7- بولۇم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قوش ۋەزىپىسى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى.......................589
**ستالىن — جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستى** (1939 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى).......................599
**بېتيۇننى خاتىرىلەيمىز** (1939 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى).........603
**يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە** (1940 - يىل 1 - ئاي).............607
1. جۇڭگو نەگە بارىدۇ.......................607
2. بىز يېڭى جۇڭگو قۇرىمىز.......................609
3. جۇڭگونىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى.......................609
4. جۇڭگو ئىنقىلاۋى — دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى......613
5. يېڭى دېموكراتىك سىياسىي.......................623
6. يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسات.......................633
7. بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىغا رەددىيە.......................635
8. «سول»چىل سەپسەتىچىلىككە رەددىيە.......................643
9. جاھىللارغا رەددىيە.......................647

10. كونا سەنمىنجۇيى ۋە يېڭى سەنمىنجۇيى..............653
11. يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت..........................663
12. جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى...667
13. توت دەۋر..................................671
14. مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسىدىكى ئېغىشلار......680
15. مىللىي، پەننىي، ئاممىۋى مەدەنىيەت....................684

**تەسلىمچىلىك خەۋپىنى تۈگىتىپ، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرەيلى** (1940 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)...695

**بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا قارشى تۇرايلى** (1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)..........703

**گومىنداڭغا ئون تەلەپ** (1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)..........717

**«جۇڭگو گۇڭرېن» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما** (1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)..........731

**ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالغا بېسىشنى تەكىتلەش كېرەك** (1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)..........735

**يېڭى دېموكراتىك شىيەنجېڭ** (1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)..........739

**ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەردىكى ھاكىمىيەت مەسىلىسى** (1940 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)..........759

**ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپتىكى سېلۈې مەسىلىسى** (1940 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى)..........765

**ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى دادىل راۋاجلاندۇرۇپ، گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارنىڭ ھۇجۇمىغا**

**قارشى تۇرۇش توغرىسىدا** (1940 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى)...783
**ئىتتىپاقلىقنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرايلى** (1940 - يىل 7 - ئاي)
797...................................................
**سىياستىمىز توغرىسىدا** (1940 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى) ......803
**جەنۇبىي ئەنخۈي ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇيرۇق ۋە سوھبەت** (1941 - يىل 1 - ئاي) ..................821
جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇغى ..............................821
جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتى باياناتچىسىنىڭ شىنخۇا مۇخبىرىغا بايان قىلغان سوھبىتى..............................................823
**ئىككىنچى قېتىملىق گومىنداڭغا قارشى دولقۇن چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىنكى ۋەزىيەت** (1941 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)...........................................835
**ئىككىنچى قېتىملىق گومىنداڭغا قارشى دولقۇننىڭ چېكىندۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا خۇلاسە** (1941 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)...........................................841

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

# ئۇرۇش دەۋرى

# (1)

# ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشنىڭ فاڭجېنى، چارىسى ۋە ئىستىقبالى*

(1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى)

## 1. ئىككى خىل فاڭجېن

جۇڭگو گۇڭچەنداڭ مەركىزىي ۋېيىۋەنخۈيى لۇگوچياۋ ۋەقەسى① تۇغۇلغان كۈننىڭ ئەتىسى — 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەتنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىرىپ خىتاپنامە چىقاردى. خىتاپنامىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلار! بېيپىڭ ـ تيەنجىن جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالدى! خۇابېي جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالدى! جۇڭخۇا مىللىتى جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالدى! پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىلا بىزنىڭ نىجات يولىمىز. بىز، ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ياپونىيە ئارمىيىسىگە دەرھال قەتئىي قارشى تۇرۇشنى،

شۇنىڭدەك يېڭى چوڭ ۋەقەلەرگە جاۋاپ بېرىشكە دەرھال تەييارلىنىشنى تەلەپ قىلىمىز. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ھەممىنىڭ ياپون قاراقچىلىرى بىلەن تىچ ـ ئامان ئۆتۈشنى ئىزلەيدىغان ھەرقانداق غەرەزلەردىن دەرھال ۋازكېچىشى لازىم. پۈتۈن جۇڭگودىكى قېرىنداشلار! بىز فېڭ جىئەن قىسمىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەھرىمانانە ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى مەدھىيىلىشىمىز ۋە ھىمايە قىلىشىمىز لازىم. بىز خۇابېي دائىرىلىرىنىڭ ۋەتەن تۇپرىقى بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇش توغرىسىدىكى خىتاپنامىسىنى مەدھىيىلىشىمىز ۋە ھىمايە قىلىشىمىز لازىم. بىز سۇڭ جېيۈەن جياڭجۇندىن پۈتۈن 29 ـ جۈنىنى②

* 1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپون جاھانگىرلىكى پۈتۈن جۇڭگونى قۇرال كۈچى بىلەن يۇتۇۋېلىش قەستىدە لۇگۇچياۋ ۋەقەسىنى قوزغىدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى بىر ئېغىزدىن تەلەپ قىلدى. جياڭ جېيشى تاكى ۋەقەدىن 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن لۇشەندە سۆھبەت بايان قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى. بۇنداق قىلىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بېسىمىدىن بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتلىرىگە ھەم جياڭ جېيشى بىۋاستە ۋەكىللىك قىلىغان چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەنلىكىدىنمۇ بولدى. لېكىن ئەنە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جياڭ جېيشى ھۆكۈمىتى يەنىلا ياپون قاراقچىلىرى بىلەن داۋاملىق تەنپەن قىلىۋەردى، ھەتتا ياپون قاراقچىلىرى يەرلىك دائىرىلەر بىلەن كېلىشكەن تىچ يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسى دېگەن نەرسىنى قوبۇل قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ياپون قاراقچىلىرى شاڭخەيگە كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلغان، جياڭ جېيشى شەرقىي جەنۇپتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىلاجسىز قالغاندىلا،

ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭگە كىرىشكە دەرھال سەپەرۋەر قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز. بىز نەنجىڭ مەركىزىي ھوكۇمىتىدىن 29 ـ جۇنگە ھەققى ياردەم بېرىشنى؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىگە دەرھال ئەركىنلىك بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق روھىنى ئوستۇرۇشنى؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرىنى جەڭگە كىرىشكە تەييارلىنىشقا دەرھال سەپەرۋەر قىلىشنى؛ جۇڭگو زېمىنىدا يوشۇرۇنۇۋالغان ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى ۋە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ بارلىق جاسۇسلىرىنى دەرھال يوقىتىپ، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەشنى تەلەپ قىلىمىز. بىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇقەددەس قوغدىنىش ئۇرۇشىغا بارلىق كۈچ

ئاندىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن، تاكى 1944 ـ يىلغىچە، جياڭ جيېشىنىڭ ياپون قاراقچىلىرى بىلەن مەخپىي سۇلھ تۈزۈش ھەرىكىتى زادىلا توختىمىدى. جياڭ جيېشى پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئۆزىنىڭ لۇشەن سوھبىتىدە «ئەگەر ئۇرۇش باشلىنىپ قالسا، يۇرت ئايرىماستىن، ياش ـ قېرى دېمەستىن، ھەيلى كىم بولسۇن، ھەممە كىشىنىڭ تۇپرىقىمىزنى ساقلاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەسئۇلىيىتى بار» دەپ قىلغان باياناتىدىن تامامەن يۈز ئۆرىدى، خەلق ئومۇمى سەپەرۋەر قىلىنىدىغان، ئومۇمەيۈزلۈك بولغان خەلق ئۇرۇشىغا قارشى تۇردى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش، گوڭچەنداڭغا ۋە خەلققە ئاكتىپ قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىياسەت قوللاندى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ ئەسىردە ئېيتقان ئىككى خىل فاڭجېن، ئىككى يۈرۈش چارە ۋە ئىككى تۈرلۈك ئىستىقبال دەل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا گوڭچەنداڭ لۇشيەنى بىلەن جياڭ جيېشى لۇشيەنى ئوتتۇرىسىدا بولغان كۆرەشنى كۆرسىتىدۇ.

بىلەن ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. بىزنىڭ شۇئارىمىز: بېيپىڭ - تيەنجىننى ۋە خۇابېينى قوراللىق كۈچ بىلەن قوغدايلى! ۋەتەن تۇپرىقىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە قوغدايلى! پۈتۈن جۇڭگو خەلقى، ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسى ئىتتىپاقلىشىپ، مىللى بىرلىكسەپتىن ئىبارەت مۇستەھكەم چاڭچېڭ قۇرۇپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرايلى! گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ زىچ ھەمكارلىشىپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ يېڭى ھۇجۇمىغا قارشى تۇرايلى! ياپون قاراقچى-لىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرايلى!»

مانا بۇ — فاڭجېن مەسىلىسى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جياڭ جيېشى ئەپەندى لۇشەندە سوھبەت بايان قىلدى. بۇ سوھبەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىشنىڭ فاڭجېنى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ گومىنداڭ-نىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان تاشقى ئىشلار مەسىلىسىدە چىقارغان بىرىنچى قېتىملىق توغرى خىتاپنامىسى بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئالقىشىمىزغا ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ سوھبەتتە لۇگۇچياۋ ۋەقەسىنى ھەل قىلىشنىڭ 4 شەرتى كۆرسىتىلگەن:

«(1) ھەرقانداق ھەل قىلىش جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە تېررىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكىگە ھەرگىز زەرەر يەتكۈزمەسلىكى كېرەك؛ (2) خېبېي ۋە چاخارنىڭ مەمۇرى تەشكىلىنى ھەرقانداق قانۇنسىز رەۋىشتە ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدۇ؛ (3) مەركەز تەيىنلىگەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاشنى خالىغانچە تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ؛ (4) 29 - جۈن ھازىر جايلىشىپ تۇرغان رايون ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك.»

بۇ سوھبەتنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ھوكۇمەت لۇگوۇچياۋ ۋەقەسىگە نىسبەتەن باشتىن-ئاخىر ئىزچىل بولغان فاڭجېنى ۋە مەيدانىنى ئېنىق بەلگىلىدى. بىز پۈتۈن مەملىكەت جەڭگە كىرگەندىن كېيىنكى ۋەزىيەتتە پەقەت ئاخىرغىچە پىداكارلىق كۆرسىتىشلا بولىدىغانلىقىنى، تۇتۇلۇشنى تەلەيگە باغلاپ قويۇشنىڭ قىلچىمۇ ئورنى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەگەر ئۇرۇش باشلىنىپ قالسا، يۇرت ئايرىماستىن، ياش-قېرى دېمەستىن، ھەممە كىشىنىڭ تۇپرىقىمىزنى ساقلاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەسئۇلىيىتى بار.»

مانا بۇ — فاڭجېن مەسىلىسى.

يۇقۇرىدىكىلەر — گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ لۇگوۇچياۋ ۋەقەسى توغرىسىدىكى تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى سىياسى خىتاپنامىسى. بۇ ئىككى خىتاپنامىنىڭ ئورتاق نۇقتىسى: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋۋەتلەش، مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇشقا قارشى تۇرۇش.

بۇ — ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى خىل فاڭجېنى، توغرى فاڭجېنى.

ئەمما ئىككىنچى بىر خىل فاڭجېننىڭ قوللىنىلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار. يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان بېيپىڭ-تيەنجىندىكى ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ياپونپەرەس ئۇنسۇرلار ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىپ، بېيپىڭ-تيەنجىن دائىرىلىرىنى قورشىۋېلىشقا، ياپونىيىنىڭ تەلەپلىرىگە لايىقلىشىشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنىنى بوشاشتۇرۇشقا ۋە مۇرەسسەلىشىش ھەم يول قويۇشنى قۇۋۋەتلەشكە ئۇرۇنماقتا. بۇ — ئىنتايىن خەۋپلىك ھادىسە.

بۇنداق مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇش فاڭجېنى ياپون

باسقۇنچىلارنىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىش فاكجېنىغا تۇپتىن زىت. بۇنداق مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇش فاكجېنى تېزدىن ئۆزگەر-تىلمەيدىكەن، بېيپىڭ - تيەنجىن ۋە خۇابېي تامامەن دۇشمەن قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مىللەت غايەت زور تەھلىكە ئاستىدا قالىدۇ، بۇنىڭغا ھەر بىر كىشى بەكمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك.

29 - جۇندىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر جۇنگوەن ۋە ئەسكەرلەر، ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلارنىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىڭلار!

بېيپىڭ - تيەنجىندىكى ۋە خۇابېيدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلار، ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلارنىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىشنى ھىمايە قىلىڭلار!

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلار، ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلارنىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىشنى ھىمايە قىلىڭلار!

جياڭ جيېشى ئەپەندى ۋە بارلىق ۋەتەنپەرۋەر گومىنداڭ ئەزا-لىرى، سىلەرنىڭ ئۆز فاكجېنىڭلاردا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ۋەدەڭلارنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلارنىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىپ، دۇشمەننىڭ ھاقارەتلىرىگە ئەمەلىيەت بىلەن جاۋاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز.

قىزىل ئارمىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوشۇنلار، جياڭ جيېشى ئەپەندىنىڭ خىتاپنامىسىنى ھىمايە قىلىپ، مۇرەسسە-لىشىش ۋە يول قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلارنىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىڭلار!

كوممۇنىستلار ئۆزىنىڭ خىتاپنامىسىنى بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە جياڭ جېيشى ئەپەندىنىڭ خىتاپنامىسىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ، گومىنداڭچىلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە ۋەتەن تۇپرىقىنى ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغىچە قوغداشنى، ھەرقانداق تەۋرىنىش، ئىككىلىنىش، مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىشنى خالايدۇ.

## 2. ئىككى يۈرۈش چارە

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى ئاستىدا بىر يۈرۈش چارە بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا، مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

بۇ چارىلەر قايسىلار؟ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوشۇنلار بويىچە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈش. بىزنىڭ ئىككى مىليون بىرقانچە يۈز مىڭ كىشىلىك دائىمىي ئارمىيىمىزنى ــــ قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنى، مەركەز ئارمىيىسى، يەرلىك قوشۇنلار ۋە قىزىل ئارمىيىنى سەپەرۋەر قىلىش، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىنى دەرھال دۆلەت مۇداپىيە سەپلىرىگە ئېۋەتىش، بىر قىسمىنى ئارقا سەپتە ئامانلىقنى ساقلاشقا قالدۇرۇش. مىللىي مەنپەئەتكە سادىق جياڭلىڭلارغا ھەرقايسى جەھەتنىڭ جىڭخۇيىۋەنلىگىنى تاپشۇرۇش. دۆلەت مۇداپىيە كېڭىشى چاقىرىپ، جەڭلىۋى فاڭجېنىنى بەلگىلەش، جەڭگىۋار ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش. قوشۇنلارنىڭ سىياسىي خىزمىتىنى ئۆزگەرتىپ، جۈنگۈەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىگىنى، ئارمىيە بىلەن

خەلقنىڭ بىرلىكىنى تەمىن ئېتىش. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇبىلۇك ۋەزىپىنىڭ بىر تەرىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەپ، پارتىزان ئۇرۇشىنى مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن ماسلاشتۇرۇش. قوشۇنلاردىكى ۋەتەن خائىنلىرىنى يوقىتىش. مەلۇم ساندا زاپاس ئارمىيە سەپەرۋەر قىلىپ، تەلىم بېرىپ، ئالدىنقى سەپكە ئېۋەتىشكە تەييارلاش. قوشۇنلارنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرىنى ۋە تەمىناتىنى مۇۋاپىق تولۇقلاش. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت باش فاڭجېنغا ئاساسەن، يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن تارماقلار بويىچە ھەربىي پىلانلار ئىشلەپ چىقىش لازىم. جۇڭگونىڭ قوشۇنلىرى ئاز ئەمەس، لېكىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پىلانلارنى يولغا قويماي تۇرۇپ، دۇشمەننى يەڭگىلى بولمايدۇ. سىياسى شەرتلەر بىلەن ماددى شەرتلەر بىرلەشتۇرۇلگەندە، بىزنىڭ ھەربىي كۇچىمىز شەرقىي ئاسىيادا تەڭدىشى يوق كۇچ بولىدۇ.

2. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدا ئۇمۇمى سەپەرۋەرلىك يۇرگۇزۇش. ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىگە ئەركىنلىك بېرىش، سىياسى مەھبۇسلارنى ئازات قىلىش، «مىنگوغا زىيان يەتكۇزگەنلەرنى جىددى جازالاش قانۇنى»نى[3] ۋە «ئاخباراتنى تەكشۇرۇش تىياۋلەسى»نى[4] ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھازىرقى ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش، ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىلىنى ئىشچىلار، دىخانلار، سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە زىيالىلار ساھەلىرىگىچە كېڭەيتىش، خەلق ئاممىسىنى قۇراللاندۇرۇپ، قوغدىنىشنى يولغا قويۇش ۋە قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ماسلاشتۇرۇش. بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، خەلققە ۋەتەن سۇيۇش ئەركىنلىكىنى بېرىش. خەلق كۇچى بىلەن ھەربىي كۇچ بىرلەشسە، ياپون

جاھانگىرلىگىگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. مىللى ئۇرۇش قىلىپ تۇرۇقلۇق خەلق ئاممىسىگە يۆلەنمىگەندە، قىلچە شەك ـ شۈبھە يوقكى، غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ. ھەبەشىستاننىڭ مەغلۇبىيەت كاتىڭىغا چۈشۈپ قېلىشى⑤ ئىبرەت بولسۇن. ئەگەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئى ئۇرۇش قىلىش دېگەن سوز چىن يۈرەكتىن چىققان بولسا، بۇ ماددىغا ئېتىۋارسىز قارىماسلىق كېرەك.

3. سىياسى ئاپاراتلارنى ئۆزگەرتىش. ھەرقايسى پارتىيە، ھەرقايسى گۇرۇھلار ۋە خەلق رەھبەرلىرىنى دولەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىپ، ھوكۇمەت ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ياپونپەرەسلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ھوكۇمەتنى خەلق بىلەن بىرلەشتۈرۈش. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش چوڭ ئىش، ھەرگىز ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. زورمۇ ـ زور قىلىنىدىكەن، ئۇنىڭغا دەخلى يېتىدۇ، خالاس. ھوكۇمەت ئەگەر ھەقىقى دولەت مۇداپىئە ھوكۇمىتى بولىدىغان بولسا، ئۇ جەزمەن خەلق ئاممىسىگە يۆلىنىشى ۋە دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى لازىم. ئۇ دېموكراتىك بولسۇن، شۇنداقلا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولسۇن؛ ئەنە شۇنداق ھوكۇمەت ئەڭ كۈچلۈك ھوكۇمەت بولىدۇ. گومىنداخۇي خەلققە ھەقىقى ۋەكىللىك قىلىشى، ئەڭ ئالى ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇشى، دولەتنىڭ چوڭ سىياسى ئىشلار فاڭجېنلىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇشى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشنىڭ سىياسەت ۋە پىلانلىرىنى بەلگىلىشى كېرەك.

4. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەيجىياۋ. ياپون جاھانگىرلىرىغا ھېچقانداق مەنپەئەت ۋە ئوڭايلىق بەرمەسلىك، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ

مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، ئۇلارنىڭ قەرز تولىتىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش، ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنى يوقىتىش، ئۇلارنىڭ جاسۇسلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش. دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەربىي ـ سىياسىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە ئەڭ قادىر بولغان بۇ دولەت بىلەن زىچ بىرلىشىش. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيەلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشـمىزغا خەيرىخاھلىق قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەم تېرىتورىيە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش. ياپون قاراقچىلىرىنى يېڭىشتە ئاساسەن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىمىز؛ لېكىن تاشقى ياردەم بولمىسىمۇ بولمايدۇ، يەككە بولۇۋېلىش سىياسىتى دۈشمەن ئۈچۈن پايدىلىق.

5. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش گاڭلىگىنى ئېلان قىلىش ۋە دەرھال يولغا قويۇشقا كىرىشىش. ئېغىر باج ـ سېلىقلارنى بىكار قىلىش، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، جازانىخورلۇقنى چەكلەش، ئىشـچىلارنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاش، ئەسكەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك جۇنگۇەنلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، كىچىك خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش — ئىشنى مۇشۇ ئەقەللىي نۇقتىلاردىن باشلاش. بۇ يېڭى سىياسەتلەر خەلقنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، بازارنى ئاۋات قىلىدۇ، پۇل مۇئامـلىسىنى جانلاندۇرىدۇ، ھەرگىز بەزىلەرنىڭ دولەت مالىيىسىنى خاراپلاشتۇرىدۇ دېگىنىدەك بولمايدۇ. بۇ يېڭى سىياسەتلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى چەكسىز ئۇستۇرىدۇ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

6. دولەت مۇداپىە مائارىپى. ئىلگىرىكى مائارىپ فاكجېنى ۋە مائارىپ تۈزۈمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش. جىددى زورۇر بولمىغان ئىشلار ۋە مۇۋاپىق بولمىغان چارىلەرنى تامامەن بىكار قىلىش. ئاخبارات، نەشرىيات، كىنو، تىياتىر، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ـــ ھەممىنى دولەت مۇداپىەسىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش. ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ تەشۋىقات يۈرگۈزۈشىنى مەنئى قىلىش.

7. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مالىيە ـ ئىقتىسادى سىياسەت. مالىيە سىياسىتىنى پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش ۋە ياپون جاھانگىر ـ لىرىنىڭ ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش پىرىنسىپى ئۈستىگە قويۇش، ئىقتىسادى سىياسەتنى ياپون مېلىنى توسۇش ھەم ۋەتەن مېلىنى تەشەببۇس قىلىش پىرىنسىپى ئۈستىگە قويۇش، ھەممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قارىتىش. كەمبەغەللىكنى خاتا چارىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان، خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن يېڭى سىياسەت يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن ھەرگىز كەمبەغەللىك بولمايدۇ. مۇشۇنداق يېرى كەڭ، خەلقى كۆپ دولەت تۇرۇپ، مالىيە ـ ئىقتىساتتا چارىسىز قالدۇق دېيىش تازا بىر داۋلىسىز گەپ.

8. پۈتۈن جۇڭگو خەلقى، ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسى ئىتتىپاقلىشىپ، مىللى بىرلىكسەپتىن ئىبارەت مۇستەھكەم چاكچېلىك قۇرۇش. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىش فاكجېنىنى ۋە يۇقۇرىدا كۆر ـ سىتىلگەن تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا مۇشۇ بىرلەشمە سەپكە يۆلىنىش. مەركىزى تۈگۈن گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەندانىڭ زىچ ھەمكارلىقىدا. ھۆكۈمەت، ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئەنە شۇ ئىككى پارتىيىنىڭ

ھەمكارلىقى ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىش. «سەممىي ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەننى بىرلىكتە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش» دېگەن شۇئارنى يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان قىلىپلا سوزلەۋەرمەستىن، چىرايلىق كورۇنىدىغان قىلىپمۇ ئىجرا قىلىش كېرەك. ئىتتىپاقلىق ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق بولسۇن، بىر-بىرىنى ئالداش يارىمايدۇ. ئىشتا مەرتىرەك، مەردانىرەك بولۇش كېرەك. چۇپەيلىك، ئۇستاتىلىق، گوەنلىياۋجۇيىلىق، ئاQچىلىق ئەمەلدە قىلچىمۇ كارغا كەلمەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنى دۇشمەنگە قارشى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ، ئوز قېرىنداشلىرىمىزغا قارىتا قوللىنىش تازا بىر كۇلكىلىك ئىش بولىدۇ. ئىشىنىڭ چوڭ داۋلىلىرىمۇ بولىدۇ، كىچىك داۋلىلىرىمۇ بولىدۇ، ھەممە كىچىك داۋلىلار چوڭ داۋلىلارغا بويسۇنىدۇ. ۋەتەنداشلىرىمىز چوڭ داۋلىلار ئۇستىدە ئويدان ئويلاپ كورۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئوزىنىڭ ئوي-پىكرى ۋە ئىش ئۇسۇللىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويالايدۇ. بۇگۇنكى كۇندە كىمكى ئىتتىپاقلىق دېگەن سوز ئۇستىدە بىرئاز بولسىمۇ سەممىيەت كورسەتمەيۋاتقان بولسا، ئۇ باشقىلارنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە قالمىغان تەقدىردىمۇ، كېچىلىرى تەنها ئويلىغانلىرىدا، بىرئاز خىجالەت بولۇشى كېرەك.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى بۇ بىر يۇرۇش چارىنى 8 ماددىلىق گاڭلىڭ دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى بىلەن بىر قاتاردا ئەنە شۇ بىر يۇرۇش چارىمۇ بولۇشى لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازىنالمايدۇ، ياپونىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىۋېرىدۇ، جۇڭگو

ياپونىيىنى ھېچنىمە قىلالماي قىلىۋېرىدۇ، بەلكى ھەبەشىستاندەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئى ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنىغا قارىتا سەممىيتى بار كىشىلەر بۇ بىر يۈرۈش چارىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئى ئۇرۇش قىلىشتا سەممىيەتىنىڭ بار-يوقلىقىنى سىناشتا كىشىلەرنىڭ بۇ بىر يۈرۈش چارىنى قوللىنىشنى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يۈرۈش چارىمۇ بار، ئۇ — ھەممە جەھەت-تىن يۇقۇرىدىكى بىر يۈرۈش چارىنىڭ تامامەن ئەكسى.

قوشۇنلار بويىچە ئۇمۇمى سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈش ئەمەس، بەلكى قوشۇنلارنى سەپەرۋەر قىلماسلىق ياكى ئارقىغا چېكىندۈرۈش.

خەلققە ئەركىنلىك بېرىش ئەمەس، بەلكى خەلققە زۇلۇم سېلىش.

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى دولەت مۇداپىيەسى خاراكتېرلىق ھوكۇمەت ئەمەس، بەلكى گۇەنلياۋ، مەيبەن، تۇخاۋ-لېيشېن ۋە پومېشچىكلارنىڭ مۇستەبىت ھوكۇمتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەيجياۋ ئەمەس، بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا خوشامەت قىلىدىغان ۋەيجياۋ.

خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئەمەس، بەلكى خەلقنى ئاۋالقىدەكلا ئېزىپ، ئازاپ-ئوقۇبەتتە زار قاخشىتىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا چامىسى يەتمەيدىغان قىلىپ قويۇش.

دولەت مۇداپىيە مائارىپى ئەمەس، بەلكى مۇنقەرىزلىك-قۇللۇق مائارىپى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مالىيە-ئىقتىسادىي سىياسەت ئەمەس،

بەلكى بۇرۇنقى پېتىدىن ئۆزگەرمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەرلە-
شىپ كەتكەن، ۋەتەنگە پايدىسىز، دۈشمەنگە پايدىلىق بولغان
مالىيە-ئىقتىسادىي سىياسەت.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپتىن ئىبارەت
چاقچىكىنى ياكى
«ئىتتىپاقلىق» ھەققىدە كورۇنۇشتە ئەمەل قىلىنغان بولۇپ، ئاستىرتىن
خىلاپلىق قىلىنغان ھالدا ۋە بولار-بولماس ھالدا گەپ سېتىپ
قويۇش.

چارە قائىدىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. قائىدىگە قارشى تۇرماسلىق
بولغاندا، ھەممە چارە قارشى تۇرماسلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
بۇ جەھەتتە بىز 6 يىللىق ساۋاقنى ئىگىمىز. قائىدىمىز ئەگەر ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلىش قائىدىسى بولىدىغان
بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ قائىدىگە ئۇيغۇن بىر يۈرۈش چارىنى يولغا قوي-
ماي بولمايدۇ، مۇشۇ 8 ماددىلىق ئاكتىپلىقنى يولغا قويماي بولمايدۇ.

## 3. ئىككى تۈرلۈك ئىستىقبال

ئىستىقبال قانداق بولىدۇ؟ ھەممىنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنى مانا شۇ.

بىرىنچى خىل قائىدىنى يولغا قويۇلسا، بىرىنچى يۈرۈش چارە
قوللىنىلسا، ياپون جاھانگىرلىكى قوغلاپ چىقىرىلغان، جۇڭگونىڭ
ئەركىنلىكى ۋە ئازاتلىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىستىقبال جەزمەن
مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنىڭدا يەنە شۈبھە بارمۇ؟ مېنىڭچە، شۈبھە يوق.

ئىككىنچى خىل قائىدىنى يولغا قويۇلسا، ئىككىنچى يۈرۈش چارە
قوللىنىلسا، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونى بېسىۋالغان، جۇڭگو
خەلقى ئات-ئۇلاق ئورنىدا قۇل بولغان ئىستىقبال جەزمەن مەيدانغا

كېلىدۇ. بۇنىڭدا يەنە شۇبھە بارمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدىمۇ شۇبھە يوق.

## 4. خۇلاسە

جەزمەن بىرىنچى خىل فاكچىنىنى يولغا قويۇش، بىرىنچى يۇرۇش چارىنى قوللىنىش، بىرىنچى تۇرلۇك ئىستىقبالنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

جەزمەن ئىككىنچى خىل فاكچىنغا قارشى تۇرۇش، ئىككىنچى يۇرۇش چارىگە قارشى تۇرۇش، ئىككىنچى تۇرلۇك ئىستىقبالدىن ساقلىنىش لازىم.

بارلىق ۋەتەنپەرۋەر گومىنداڭ ئەزالىرى بىلەن گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ئىتتىپاقلىشىپ، قەتئىي رەۋىشتە بىرىنچى خىل فاكچىنىنى يولغا قويۇشى، بىرىنچى يۇرۇش چارىنى قوللىنىشى، بىرىنچى تۇرلۇك ئىستىقبالنى قولغا كەلتۈرۈشى؛ قەتئىي رەۋىشتە ئىككىنچى خىل فاكچىنغا قارشى تۇرۇشى، ئىككىنچى يۇرۇش چارىگە قارشى تۇرۇشى، ئىككىنچى تۇرلۇك ئىستىقبالدىن ساقلىنىشى كېرەك.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلار، ۋەتەنپەرۋەر قوشۇنلار، ۋەتەنپەرۋەر پارتىيە-گۇرۇھلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قەتئىي رەۋىشتە بىرىنچى خىل فاكچىنىنى يولغا قويۇشى، بىرىنچى يۇرۇش چارىنى قوللىنىشى، بىرىنچى تۇرلۇك ئىستىقبالنى قولغا كەلتۈرۈشى؛ قەتئىي رەۋىشتە ئىككىنچى خىل فاكچىنغا قارشى تۇرۇشى، ئىككىنچى يۇرۇش چارىگە قارشى تۇرۇشى، ئىككىنچى تۇرلۇك ئىستىقبالدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ياشىسۇن مىللى-ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش!

ياشىسۇن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئازاتلىقى!

## ئىزاھلار

① لۇگۇچياۋ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، شەھەرگە
ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. 1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يايونـ
يىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى بۇ يەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگو قوشۇنىغا ھۇجۇم
قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يايون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دولـ
قۇنىنىڭ تەسىرىدە جۇڭگونىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنى قارشىلىق
كورسەتتى. جۇڭگو خەلقىنىڭ قەھرىمانلارچە ئېلىپ بارغان 8 يىللىق
يايون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى.

② 29 ـ جۈن ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ فېڭ يۈشياڭ قول ئاستىدىكى
شىبېي ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، شۇ چاغدا خېبېي ۋە چاخار
تەرەپلىرىدە تۇراتتى. سۇڭ جېيۈەن بۇ جۈننىڭ جۈنجاڭى، فېڭ جىئەن
بۇ جۈننىڭ شىجاڭلىرىدىن بىرى ئىدى.

③ گومىنداڭ ھوكۈمىتى 1931 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «مىنگوغا
زىيان يەتكۈزگەنلەرنى جىددى جازالاش قانۇنى» دىگەن نىمنى ئېلان
قىلىپ، «مىنگوغا زىيان يەتكۈزدى» دىگەن ئەيىپنى ۋەتەنپەرۋەر
كىشىلەرنى ۋە ئىنقىلاپچىلارنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىتىش ۋە ئولتۇرۇشـ
نىڭ بانىسى قىلدى. بۇ قانۇندا قوللىنىلىدىغان زىيانكەشلىك چارىلىرى
ناھايىتى دەھشەتلىك ئىدى.

④ «ئاخباراتنى تەكشۈرۈش تىياۋلىسى» 1934 ـ يىل 8 ـ ئايدا
گومىنداڭ ھوكۈمىتى خەلقىنىڭ سوز ئەركىنلىكىنى بوغۇش ئۈچۈن تۈزگەن
«ئاخباراتنى تەكشۈرۈش چارىسى داگاڭى»نى كورسىتىدۇ. بۇنىڭدا
«ئاخباراتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تەكشۈرۈشكە تاپشۇرۇلۇشى لازىم»
دەپ بەلگىلەنگەن. گومىنداڭ ھوكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا چىقىدىغان
گېزىتلەردە بېسىلىدىغان ھەرقانداق ماقالا بېسىلىشتىن بۇرۇن گومىنداڭ
جيەنچاگۈەنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇلۇشى لازىم ئىدى. جيەنچاگۈەن
ئۇنى ئوز مەيلىچە ئوزگەرتەتتى ۋە ئېلىپ قالاتتى.

⑤ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو گۇڭچەنـ
داڭنىڭ يايون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى»
دىگەن ئەسەرنىڭ 8 ـ بولۇمىگە قارالسۇن.

# بارلق كۇچلەرنى سەپەرۋەر قلپ، ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى ئۇرۇشنڭ غەلبىسنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن كۇرەشەيلى*

**(1937 ـ يل 8 ـ ئاينڭ 25 ـ كۇنى)**

ئا) 7 ـ ئيۇل لۇگۇچياۋ ۋەقەسى ياپون جاھانگرلگنڭ جۇڭگونڭ ئچكى قسمغا كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قلشنڭ باشلنشى بولدى. لۇگۇچياۋدا جۇڭگو قوشۇنى ئبلپ بارغان ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى ئۇرۇش جۇڭگونڭ پۇتۇن مەملكەت دائرلك ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى ئۇرۇشنڭ باشلنشى بولدى. ياپون قاراقچلرنڭ توختىماي ھۇجۇم قلۋاتقانلغى، پۇتۇن مەملكەت خەلقنڭ قەتئى كۇرەش قلۋاتقانلغى، مللى بۇرژۇئازينڭ ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى تۇرۇشقا مايل بولغانلغى، جۇڭگو كۇڭچەنداڭنڭ ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى مللى برلكسەپ سياستنى تررشپ تەشەببۇس قلغانلغى ۋە قەتئى يولغا قويغانلغى

ھەم بۇ سىياسەتنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشكەنلىكى ئارقىسىدا، جۇڭگو ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ «18 ـ سېنتەبىر» دىن بۇيان يۈرگۈزۈپ كەلگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرماسلىق سىياسىتى لۇگۇچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىش سىياسىتىگە ئۆزگىرىشكە باشلىدى، 9 ـ دېكابىر ھەرىكىتىدىن بۇيان جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئېچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىش باسقۇچىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش باسقۇچىغا ئۆتتى. شىئەن ۋەقەسىدىن ۋە گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن تارتىپ گومىنداڭنىڭ سىياسىتىدە كۆرۈنۈشكە باشلىغان بۇرۇلۇش ھەم جياڭ جيېشى ئەپەندىنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى لۇشەندە بايان قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى سۆھبىتى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتە قوللانغان بىرقانچە تەدبىرى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ئالدىنقى سەپتىكى بارلىق قوشۇنلار، مەيلى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى بولسۇن ۋە يەرلىك قىسىملار بولسۇن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى كۆرسەتتى. جۇڭگو كۇڭچەنداڭى چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر قوشۇنلارغا ھەم

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ 1937 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو كۇڭچەنداڭى جۇڭياڭنىڭ تەشۋىقات ئورۇنلىرى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن تەشۋىقات ـ تەرغىبات تىزىسى. بۇ تىزىس شۇ چاغدا جۇڭگو كۇڭچەنداڭى جۇڭياڭ جېڭجىجۈيىنىڭ شىمالىي شەنشىدىكى لوچۈەندە ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ماقۇللانغان.

قۇرال كۇچىگە تايىنىپ، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە جاھانگىرلىكىدىن
مەدەت ئېلىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىككىلىنىشىدىن ۋە جۇڭگو
گومىنداڭنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلقتىن ئايرىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ،
ئۇزىنىڭ كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلىش فاكىجىنىنى قەتئىي داۋاملاش-
مۇرەسسەلىشىش ۋە يول قويۇشنى ئېلىپ باردى①، ۋەتەنپەرۋەر
قوشۇنلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى بوغدى، ۋەتەنپەرۋەر خەلقنىڭ ۋەتەننى
قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى بوغدى. بېيپىڭ-تيەنجىننى بېسىۋالغان-
دىن كېيىن، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئەمدى ئۇزىنىڭ ۋەھشىيانە
قۇرال كۇچىگە تايىنىپ، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە جاھانگىرلىكىدىن
مەدەت ئېلىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىككىلىنىشىدىن ۋە جۇڭگو
گومىنداڭنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلقتىن ئايرىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ،
ئۇزىنىڭ كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلىش فاكىجىنىنى قەتئىي داۋاملاش-
تۇرىدىغانلىقىدا، ئالدىن-ئالا بەلگىلىگەن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى
قەدەمدىكى ئۇرۇش پىلانىنى يۇرگۇزۇپ، پۇتۇن خۇابېيغا ۋە باشقا
جايلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك-شۇبھە
يوق. چاخار، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش ئوتى تۇتىشىپ
كەتتى. ۋەتەننى مۇنقەرىزلىك خەۋپىدىن قۇتقۇزۇش، كۇچلۇك
قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش، خۇابېينى ۋە دېڭىز ياقىسى-
دىكى جايلارنى قوغداش، بېيپىڭ-تيەنجىننى ۋە دۇڭبېينى قايتۇرۇ-
ۋېلىش ئۈچۈن، پۇتۇن مەملىكەت خەلقى ۋە گومىنداڭ دائىرىلىرى
دۇڭبېينىڭ، بېيپىڭ-تيەنجىننىڭ قولدىن كېتىشىدىكى ساۋاق-
لارنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، ھەبەشستاننىڭ مۇنقەرىز بولۇشتەك
مەغلۇبىيەت كاتىگىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىشى، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئوتمۇشتە چەت دۈشمەنلەرنى يەڭگەنلىك تارىخىنى②

چۈشەنچىسى، ئىسپانىيىنىڭ ھازىر مادرىدنى غەلىبە بىلەن قوغدا-ۋاتقانلىقىدىكى③ تەجرىبىسىنى چۈشەنچىسى، مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ئاخىرغىچە ئۇرۇش قىلىشى لازىم. بۇنىڭ-دىن كېيىنكى ۋەزىپە — «بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش»، بۇنىڭ ئاچقۇچى گومىنداڭنىڭ ئۆز سىياسىتىدە تولۇق ۋە ئۇزۇل-كېسىل بۇرۇلۇش قىلىشىدا. گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەسىلىسىدىكى ئالغا بېسىشى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ، بۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان كۈتكەن ئۈمىدى ئىدى، بىز بۇنداق ئالغا بېسىشنى ئالقىشلايمىز. لېكىن گومىنداڭ ئۆز سىياسىتىدە خەلق ئاممىسىنى قوزغاش ۋە سىياسىي ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەسىلىلەردە يەنىلا ھېچقانداق بۇرۇلۇش قىلغىنى يوق، خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە ئەركىنلىك بېرىشكە ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئۇنىمايۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا پرىنسىپلىق ئۆزگىرىش قىلىشنى يەنىلا خالىمايۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشىدا ياخشىلاش قائىدىسى-نىنى يەنىلا تۇتمايۋاتىدۇ، كومپارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ سەمىمىي ھەمكارلىشىش دەرىجىسىگە يەتكىنى يوق. ۋەتەن مۇنقەرىز بولۇش ۋە نەسىل قۇرۇپ كېتىش خەۋپى بولۇۋاتقان مۇشۇنداق جىددىي بىر پەيتتە گومىنداڭ ئەگەر يەنىلا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سىياسەتلىرىدە تۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى تېزدىن ئۆزگەرتىشنى خالىمىسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى غايەت زور زىيانلارغا ئۇچرى-تىدۇ. بەزى گومىنداڭچىلار: سىياسىي ئىسلاھاتلارنى ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن يولغا قويساقمۇ

بولار، دېيىشىدۇ. ئۇلار، يالغۇز ھوكۇمەتلا ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بىلەنمۇ ياپون قاراقچىلىرىنى يەڭگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، بۇ خاتا. يالغۇز ھوكۇمەتلا ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پەقەت بەزىبىر ئايرىم غەلىبە-لەرگىلا ئېرىشىشى مۇمكىن، ياپون قاراقچىلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل يېڭىشى مۇمكىن ئەمەس. ياپون قاراقچىلىرىنى پەقەت ئۇمۇميۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بىلەنلا ئۇزۇل-كېسىل يەڭگىلى بولىدۇ. ئۇمۇميۈز-لۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولسا، گومىنداڭنىڭ سىياسىتىدە تولۇق ۋە ئۇزۇل-كېسىل بۇرۇلۇش بولۇشى لازىم، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئۇزۇل-كېسىل قارشى تۇرۇش گاڭلىكىنى، يەنى گومىنداڭ بىلەن گوڭچەنداڭ بىرىنچى قېتىم ھەمكارلاشقان چاغدا سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆز قولى بىلەن تۈزگەن ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيى ۋە ئۈچ چوڭ سىياسەتنىڭ روھىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەتەننى قۇتقۇزۇش گاڭلىكىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ھەممە يەرلىكتە يولغا قويۇشى لازىم.

س) جۇڭگو گوڭچەنداڭى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن جۇڭگو گومىنداڭى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ۋە ھەرقايسى قوشۇنلار ئالدىغا ياپون قاراقچىلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل يېڭىش يولىدىكى 10 ماددىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش گاڭلىكىنى قويىدى. جۇڭگو گوڭچەنداڭى قەتئى ئىشىنىدۇكى، پەقەت بۇ گاڭلىكىنى تولۇق، سەممىي ۋە قەتئىي ئىجرا قىلغاندىلا، ۋەتەننى قوغداش ۋە

ياپون قاراقچىلىرىنى يېڭىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئىش كېچىكىدۇ، جاۋاپكارلىق بولىدۇ؛ ۋەتەن مۇنقەرىز بولىدۇ، پۇشايمان ئورنىغا كەلمەيدۇ. 10 ماددىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش گاڭلىكى توۋەندىكىچە:

1. ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىش:

ياپونىيە بىلەن ۋەيجياۋ مۇناسىۋەتىنى ئۈزۈش، ياپون ئەمەلدار-لىرىنى قوغلاپ چىقىرىش، ياپون جاسۇسلىرىنى قولغا ئېلىش، ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، ياپونىيىگە تولىنىدىغان قەرزلەرنى ئىنكار قىلىش، ياپونىيە بىلەن تۈزۈلگەن شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىش، بارلىق ياپونىيە زۇجيېلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش.

خۇابېينى ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارنى قوغداش ئۈچۈن ئاخىرغىچە قانلىق جەڭ قىلىش.

بېيپىڭ-تيەنجىننى ۋە دۇڭبېينى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاخىر-غىچە قانلىق جەڭ قىلىش.

ياپون جاھانگىرلىكىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىش.

ھەرقانداق ئىككىلىنىش ۋە مۇرەسسەلىشىشكە قارشى تۇرۇش.

2. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەربى ئىشلاردا ئومۇمى سەپەر-ۋەرلىك يۈرگۈزۈش:

پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش.

نوتۇل مۇداپىە كورۇشلا بولغان پاسسىپ ئۇرۇش فاڭجېنىغا قارشى تۇرۇپ، مۇستەقىل-ئۆزىگە خوجا بولغان ئاكتىپ ئۇرۇش

فاكچىبىننى قوللىنىش.

دائىملىق دولەت مۇداپىە كېڭىشى تەسىس قىلىپ، دولەت مۇداپىە پىلانى ھەم ئۇرۇش فاكچىبىننى مۇھاكىمە قىلىش ۋە بەلگىلەش.

خەلقنى قوراللاندۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئۇنى ئاساسىي قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ماسلاشتۇرۇش.

قوشۇنلاردىكى سىياسىي خىزمەتنى ئۆزگەرتىپ، جىڭخۇيىۋەنلەر بىلەن جەڭچىلەرنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇش.

ئارمىيە بىلەن خەلقنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قوشۇنلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش.

دۇڭبېي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىنى بۇزۇش.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بارلىق قوشۇنلارغا تەڭ مۇئامىلە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

ياللانما ھەربى خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىدىن پەيدىن-پەي ھەربى خىزمەت ئۆتەش مەجبۇرىيىتى تۈزۈمىگە ئۆتۈش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۇنچۇيلەر قۇرۇش، پۈتۈن مىللەتنى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش.

3. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدا ئومۇمى سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈش:

ۋەتەن خائىنلىرىدىن باشقا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدىكى سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، قوراللىنىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئەركىنلىكلىرى بولۇش.

خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى بوغىدىغان بارلىق
كونا ئەمىر - پەرمانلارنى بىكار قىلىش، ئىنقىلاۋىي يېڭى ئەمىر -
پەرمانلار چىقىرىش.

بارلىق ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلاپچىل سىياسى مەھبۇسلارنى ئازات
قىلىش، پارتىيە - گۇرۇھلار پائالىيەتلىرىنىڭ مەنئى قىلىنىشىنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

پۈتۈن جۇڭگو خەلقى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ۋە قوراللىنىپ،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش، كۈچى بارلار كۈچ
چىقىرىش، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، قورالى بارلار قورال
چىقىرىش، بىلىمى بارلار بىلىم چىقىرىش.

موڭغۇل، خۇيزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئاپتونومىيە پرىنسىپلىرى ئاستىدا
بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش.

4. سىياسى ئاپپاراتلارنى ئۆزگەرتىش:

ھەقىقى خەلق ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان گومىنداخۇيىنى چاقى-
رىپ، ھەقىقى دېموكراتىك شيەنفا ماقۇللاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇش فاڭجېنىنى بەلگىلەش، دولەت
مۇداپىە ھوكۇمىتىنى سايلاش.

دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇ-
رۇھلار ۋە ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى ئىنقىلاۋىي كىشىلەرنى
قوبۇل قىلىشى، ياپونپەرەس ئۇنسۇرلارنى قوغلاپ چىقىرىشى لازىم.

دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۇرۇش
تۇزۇمىنى قوللىنىشى، ئۇ دېموكراتىك بولۇشى، شۇنداقلا مەركەز-
لەشتۇرۇلگەن بولۇشى لازىم.

دولەت مۇداپىە هوكۇمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش- ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى كوزلىگەن ئىنقىلاۋىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشى لازىم.

يەرلىك ئاپتونومىينى يولغا قويۇش، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، پاك هوكۇمەت قۇرۇش.

5. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەيجياۋ سىياسىتى:

تېرىتورىيە ۋە ئىگىلىك هوقۇقىنى يوقىتىپ قويماسلىق دائىرىسىدە، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى بولغان بارلىق دولەتلەر بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى هەربى هەمكارلىق كېلىشىملىرى تۈزۈش.

خەلقارا تېچلىق سېپىنى هىمايە قىلىش، گېرمانىيە-ياپونىيە- ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىق سېپىگە قارشى تۇرۇش.

چاۋشيەن ۋە ياپونىيىنىڭ ئىشچى-دېخان خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، ياپون جاهانگىرلىگىگە قارشى تۇرۇش.

6. ئۇرۇش ۋاقتى مالىيە-ئىقتىسادىي سىياسىتى:

مالىيە سىياسىتىدە پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش هەم ۋەتەن خائىن- لىرىنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش يولى بىلەن ياپون باس- قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ خىراجىتىنى قامداشنى پىرىنسىپ قىلىش. ئىقتىسادىي سىياسەت مۇنداق بولۇش: دولەت مۇداپىە ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىگىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا مەهسۇلاتلار بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش. ۋەتەن مېلىنى تەشەببۇس قىلىش، يەرلىك مەهسۇلاتلارنى ياخشىلاش. ياپون مېلىنى پۈتۈنلەي مەنئى قىلىش، مەككار سودىگەرلەرنى چەكلەش، هايانكەشلىككە، بازارنى

چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش.

7. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش:

ئىشچىلارنىڭ، خىزمەتچىلەرنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىلەرنىڭ تەمناتىنى ياخشىلاش.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش.

ئېغىر باج-سېلىقلارنى بىكار قىلىش.

ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش.

ئىشسىزلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش.

ئاشلىقنى تەڭشەش.

ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ماددىي ياردەم بېرىش.

8. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مائارىپ سىياستى:

مائارىپتا كونا تۈزۈم ۋە كونا دەرسلەرنى ئۆزگەرتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى نىشان قىلغان يېڭى تۈزۈم ۋە يېڭى دەرسلەرنى يولغا قويۇش.

9. ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى ۋە ياپونپەرەسلەرنى يوقىتىپ، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش.

10. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئىتتىپاقلىق:

گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ھەمكارلىقى ئاساسىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ۋە ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش، سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىش، ۋەتەننى بىرلىكتە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش.

د) يالغۇز هۆكۈمەتلا ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش فاكچىنىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇمۇمىيۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش فاكچىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. هۆكۈمەت خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ پۈتۈن ئىنقىلاۋىي روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان 10 ماددىلىق گاگلىنى ئەمەلگە قويۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. جۇڭگو گوڭچەنداڭى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىگىدىكى خەلق ئاممىسى هەم قۇراللىق كۈچلەر يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان گاگلىغا قەتئى ئەمەل قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش يولىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغىچە كۈرەش قىلىدۇ. جۇڭگو گوڭچەنداڭى ئۆزىنىڭ ئىزچىل فاكچىنى بويىچە، جۇڭگو گومىنداڭى بىلەن ۋە مەملىكەتتىكى باشقا پارتىيە-گۇرۇهلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، قولغا-قول تۇتۇشقان هالدا ئىتتىپاقلىشىپ، مىللى بىرلىكسەپتىن ئىبارەت مۇستەهكەم چاگچېنى قۇرۇپ، ياۋۇز ياپون قاراقچىلىرىنى يېڭىپ، مۇستەقىل، ئەركىن، بەختىيار يېڭى جۇڭگو ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تەسلىمچىلىك ۋە مۇرەسسەچىلىكتەك ئۇنداق خائىنلىق نەزىرىيىسىگە قەتئى قارشى تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياپون قاراقچىلىرىنى يەڭگىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدىغان مىللى مەغلۇبىيەتچىلىككىمۇ قەتئى قارشى تۇرۇش كېرەك. جۇڭگو گوڭچەنداڭى قەتئى ئىشىنىدۇكى، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان 10 ماددىلىق گاگلىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان شارائىتتا ياپون قاراقچىلىرىنى يېڭىش مەقسىدىگە

چوقۇم يەتكىلى بولىدۇ. 450 مىليون قېرىندىشىمىز بىردەك تىرىشىدىغانلا بولسا، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگوغا مىللىتىگە مەنسۇپ بولىدۇ!

يوقالسۇن ياپون جاھانگىرلىكى!

ياشسۇن مىللى-ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش!

ياشسۇن مۇستەقىل، ئەركىن، بەختىيار يېڭى جۇڭگو!

## ئىزاھلار

① «ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشنىڭ فاڭجېنى، چارىسى ۋە ئىستىقبالى» دېگەن ئەسەرنىڭ مەۋزۇ ئىزاھىغا قارالسۇن.

② «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيىسى تارىخى قىسقىچە كۇرسى»نىڭ VIII بابىغا قارالسۇن.

③ 1936-يىلى گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە فاشىستلىرى ئىسپانىيىنىڭ فاشىست جۇنغاسى فرانكودىن پايدىلىنىپ، ئىسپانىيىگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. ئىسپانىيە خەلقى خەلق فرونتى ھوكۇمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە دېموكراتىيىنى قوغداش ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش يولىدا قەھرىمانلىق بىلەن مۇداپىيە ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. بۇ ئۇرۇش پايتەخت مادرىدنى قوغداش ئۇرۇشىدا ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. مادرىدنى قوغداش ئۇرۇشى 1936-يىل 10-ئايدىن تارتىپ، ئىلگىرى-ئاخىر 2 يىل 5 ئاي داۋام قىلدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر «ئارىلاشماسلىق» دېگەن ساختا سىياسەت بىلەن تاجاۋۇزچىلارغا ياردەم بەرگەنلىكتىن، شۇنداقلا خەلق فرونتى ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا بولغانلىقتىن، مادرىد 1939-يىل 3-ئايدا قولدىن كېتىپ قالدى.

# زىيۇجۇيىغا قارشى تۇرايلى

**(1937 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)**

بىز ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۆرەشنى قۇۋۋەتلەيمىز، چۈنكى ئۇ ـــ پارتىيىنى ۋە ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنى ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاقلىققا ئىرىشتۈرۈپ، جەڭگىۋار قىلىدىغان قورال. ھەر بىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسى ۋە ھەر بىر ئىنقىلابچى بۇ قورالنى قولغا ئېلىشى لازىم.

زىيۇجۇيى بولسا، ئىدىيىۋى كۆرەشنى يوققا چىقىرىپ، پىرىنسىپسىز تىنچلىقنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نەتىجىدە چىرىك، چاكىنا ئىستىل پەيدا بولۇپ، پارتىيىنىڭ بەزى تەشكىلاتلىرىنى، ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنىڭ بەزى تارماقلىرىنى ۋە بەزى شەخسلەرنى سىياسى جەھەتتىن چىرىكلەشتۈرىدۇ.

زىيۇجۇينىڭ ئىپادىلىرى ھەرخىل بولىدۇ.

تونۇشۇم، يۇرتدىشىم، ساۋاقدىشىم، سىرداش دوستۇم، مېھرىبانىم، كونا خىزمەتدىشىم، قول ئاستىمدا ئىشلىگەن ئادىمىم دەپ، ئۇلارنىڭ توغرى قىلمايۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار بىلەن پىرىنسىپلىق مۇنازىرە ئېلىپ بارماي، بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، تىنچلىق ۋە

يىقىنلىقنى ئىزلەش ياكى تىلىنىڭ ئۇچىدىلا كايىپ قويۇپ، ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلماي، ئەپ بولۇپ يۈرۈش. نەتىجىدە كوللېكتىپقا زىيان يەتكۈزۈش، شەخسكىمۇ زىيان يەتكۈزۈش. بۇ — بىرىنچى خىلى.

مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئارقىدىن تەنقىت قىلىش، تەشكىلگە ئاكتىپ تۈردە تەكلىپ بەرمەسلىك. ئالدىدا دىمەي، ئارقىدىن غەيۋەت قىلىش؛ مەجلىستە ئېيتماي، مەجلىستىن كىيىن قالايمىقان سۆزلەش. كوللېكتىپ تۇرمۇش پىرىنسىپىنى نەزەردە تۇتماي، ئۆز ئەركىگىلا بېرىلىش. بۇ — ئىككىنچى خىلى.

ئۆزەمگە مۇناسىۋەتسىز ئىش دەپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماسلىق؛ ناتوغرىلىقنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئاز گەپ قىلىشنى ئەۋزەل كورۈش؛ ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ دەپ، يېگىلىشماسلىقنىلا ئىزلەش. بۇ — ئۈچىنچى خىلى.

بۇيرۇققا بويسۇنماي، شەخس پىكرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش؛ تەشكىلىنىڭ ئېتىۋار بېرىشىنىلا تىلەپ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى قايرىپ قويۇش. بۇ — تۆتىنچى خىلى.

ئىتتىپاقلىشىش، ئالغا بېسىش، ئىشنى ياخشىلاش مەقسىدىدە ناتوغرى پىكىرلەر ئۈستىدە كۈرەش ۋە مۇنازىرە يۈرگۈزۈش ئورنىغا شەخسكە زەربە بېرىش، قىيداش، ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش، ئۆچ ئېلىش. بۇ — بەشىنچى خىلى.

ناتوغرى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ مۇنازىرىلەشمەسلىك، ھەتتا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسىمۇ مەلۇم قىلماي، خۇددى ھېچنەرسە ئاڭلىمىغاندەك بىخارامان يۈرۈۋېرىش. بۇ — ئالتىنچى خىلى.

ئاممە بىلەن ئۇچراشقاندا، تەشۋىق قىلماي، تەرغىب قىلماي،

نۇتۇق سوزلىمەي، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي، هال ـ ئەھۋال سورد-
ماي، دەردى ـ ئەھۋالىغا كوڭۇل بولمەي، بىپەرۋا يۈرۈش، ئۆزىنىڭ
گۇڭچەنداڭ ئەزاسى ئىكەنلىگىنى ئۇنۇتۇپ، گۇڭچەنداڭ ئەزاسىنى
ئاددى لاۋبەيشىڭ دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش. بۇ — يەتتىنچى
خىلى.

ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلىقلارنى كورگەندە،
غەزەپلەنمەي، نەسىهەت قىلماي، توسماي، چۈشەنچە بەرمەي،
بولۇشىغا قويۇپ بېرىش. بۇ — سەككىزىنچى خىلى.

ئىش قىلغاندا كوڭۇل قويۇپ قىلماسلىق، مۇئەييەن پىلان بولماس-
لىق، مۇئەييەن يونۇلۇش بولماسلىق، قول ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويۇش،
كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىغا چۈشۈش، بىر كۈن خېشاڭ بولسا، بىر
كۈن داڭ ئۇرۇش. بۇ — توققۇزىنچى خىلى.

ئۆزىچە، ئىنقىلاپتا خىزمەت كورسەتتىم دەپ، ستاژىنىڭ ئۇزۇن-
لىغىنى پەش قىلىش، چوڭ ئىشلار قولىدىن كەلمەسلىك، كىچىك
ئىشلارنى ياراتماسلىق، خىزمەتتە ئۆز مەيلىچە بولۇۋېلىش، ئۆگىنىشتە
بوشاڭلىق قىلىش. بۇ — ئونىنچى خىلى.

ئۆزى خاتالاشقان ۋە ئۇنى بىلگەن تۇرۇقلۇق تۈزىتىشنى
خالىماسلىق، ئۆزىگە ئۆزى زىيۇجۇيلىق قىلىش. بۇ — ئون بىرىنچى
خىلى.

يەنە باشقا ئىپادىلىرىنى كورستىش مۇمكىن. مۇھىملىرى مۇشۇ
ئون بىر خىل.

بۇلارنىڭ ھەممىسى زىيۇجۇينىڭ ئىپادىلىرى.

ئىنقىلاۋىي كوللېكتىپ ـ تەشكىلاتلاردا زىيۇجۇيى ناھايىتى زەرەر-
لىك. ئۇ بىر خىل چىرىتكۈچ بولۇپ، ئىتتىپاقلىقنى بوشاشتۇرىدۇ،

مۇناسىۋەتنى شالاڭلاشتۇرىدۇ، خىزمەتنى سۇسلاشتۇرىدۇ، پىكىر ئىختىلاپلىرى تۇغدۇرىدۇ. ئۇ ئىنقىلاۋىي قوشۇننى مۇستەھكەم تەشكىل ۋە ئىنتىزامدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ، سىياسەتنى تولۇق ئىجرا قىلدۇر-مايدۇ، پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئامما ئوتتۇرىسىدا يىراقلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ بەكمۇ قەبىھ خاھىش.

زىيۇجۇيىنىڭ مەنبەئى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ شەخسى مەنپە-ئەتپەرەسلىكىدە، ئۇ شەخسى مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا، ئىنقىلاپ مەنپەئەتىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيە جەھەتتە، سىياسى جەھەتتە ۋە تەشكىلىي جەھەتتە زىيۇجۇيى تۇغۇلىدۇ.

زىيۇجۇيىچىلار ماركسىزىم پىرىنسىپلىرىنى ئابستراكت جىياۋتياۋ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ماركسىزىمنى ياقلايدۇ، ئەمما ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئەمەس ياكى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ زىيۇجۇيىسى ئورنىغا ماركسىزىمنى قويماقچى ئەمەس. بۇنداق ئادەملەردە ماركسىزىم بار، زىيۇجۇيىمۇ بار: ئاغزىدا ماركسىزىم دەيدۇ، ئەمەلدە زىيۇجۇيىلىق قىلىدۇ؛ باشقىلارغا ماركسىزىمنى، ئۆزلىرىگە زىيۇجۇيىنى قوللىنىدۇ. ئۇلاردا بۇ ئىككى خىل نەرسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى بار، ھەرقايسىسىنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىدۇ. بۇ — بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى.

زىيۇجۇيى جىخۇيىجۇيىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، ماركسىزىمغا تۈپتىن توقۇنۇش كېلىدۇ. ئۇ پاسسىپ نەرسە بولۇپ، كېگۇەن جەھەتتە دۈشمەنگە ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئىچىمىزدە زىيۇجۇيىنىڭ ساقلىنىشىنى ئالقىش-لايدۇ. زىيۇجۇيىنىڭ خاراكتېرى ئەنە شۇنداق، ئىنقىلاۋىي قوشۇندا

ئۇنىڭغا ئورۇن قالدۇرماسلىق كېرەك.

بىز پاسسىپ زىيۇجۇيىنى ماركسىزمنىڭ ئاكتىپ روھى بىلەن تۈگىتىشىمىز لازىم. كۆپچىلىكنىڭ ئەزاسى ساپ دىل، سادىق، ئاكتىپ بولۇشى، ئىنقىلاپ مەنپەئەتىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈشى، شەخسىي مەنپەئەتىنى ئىنقىلاپ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشى لازىم؛ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا توغرى پرىنسىپنى چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ناتوغرى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرگە قارشى ھارماي-تالماي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشىنى مۇستەھكەملىشى، پارتىيىنىڭ ئاممە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى چىڭىتىشى لازىم؛ پارتىيە ۋە ئاممىگە غەمخورلۇق قىلىشنى شەخسكە غەمخورلۇق قىلىشتىن ئەلا كۆرۈشى، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىشتىن ئەلا كۆرۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، كۆپچىلىكنىڭ ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ.

بارلىق سەممىي، ساپ دىل، ئاكتىپ، ھەققانىي كۆپچىلىكنىڭ ئەزالىرى ئىتتىپاقلىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەردىكى زىيۇجۇيى خاھىشلىرىغا قارشى تۇرۇشى، ئۇ كىشىلەرنى توغرى تەرەپكە ئۆتكۈزۈشى لازىم. بۇ — ئىدىيىۋى سەپتىكى ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى.

# گومنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ هەمكارلغى ئۇرنتلغاندىن كىينكى جددى ۋەزپىلەر

**(1937 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى)**

1933 ـ يىلدىلا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى گومنداڭنىڭ هەرقانداق قسملرى بىلەن، قىزىل ئارمىيىگە هۇجۇم قىلىشنى توختىتىش، خەلق ئاممىسىغا ئەركىنلىك بېرىش ۋە خەلق ئاممىسىنى قۇراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ شەرت ئاستىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى تۈزۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ خىتاپنامە ئېلان قىلغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، 1931 ـ يىل 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى توغۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان هۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن بىزنىڭ مەقسىدىمىز ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

1935 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بىلەن جۇڭگو قىزىل

ئارمىيىسى ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىپ، بىرلىكتە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى①. شۇ يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو گوڭچەنداڭى مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى②. 1936 - يىلى 5 - ئايدا قىزىل ئارمىيە يەنە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەلەپ قىلىنغان ئومۇمىي دېيەنباۋنى ئېلان قىلدى③. شۇ يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو گوڭچەنداڭ مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيى يەنە گومىنداڭ مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيىغا خەت ئەۋەتىپ، گومىنداڭدىن ئۇرۇش توختىتىشنى ۋە ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىكسېپىنى تەشكىل قىلىپ، بىرلىكتە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى④. شۇ يىلى 9 - ئايدا گوڭچەنداڭ يەنە جۇڭگودا بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى⑤. خىتاپنامە ئېلان قىلىش، ئومۇمىي دېيەنباۋ ئېلان قىلىش، خەت ئەۋەتىش ۋە قارار چىقىرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن نۇرغۇن قېتىملاپ تەنپەن ئۆتكۈزدى، لېكىن يەنىلا نەتىجە چىقمىدى. تاكى شەن ۋەقەسى تۇغۇلۇپ، 1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا يەتكەندىلا، ئاندىن جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى گومىنداڭنىڭ ئاساسىي مەسئۇل كىشىسى بىلەن شۇ چاغدىكى سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىم ئورتاقلىققا، يەنى ئىككى پارتىيىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىشقا ئېرىشتى ھەمدە شەن ۋەقەسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى

ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى چوڭ بىر ۋەقە بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى پارتىيىنىڭ يېڭىۋاشتىن ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن زورۈر ئالدىنقى شەرت ۋۇجۇتقا كەلدى.

بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، گومىنداڭ جۇڭياڭىنىڭ 3 ـ ئومۇمى-يىغىنىنىڭ ھارپىسىدا، جۇڭگو گوڭچەنداڭ جۇڭياڭى ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقىنى كونكرېت ئورۇنلىتىش ئۈچۈن، شۇ يىغىنغا دېيەنباۋ ئار-قىلىق ئۆزىنىڭ شىتۈگلۈك تەكلىۋىنى مەلۇم قىلدى⑥. بۇ دېيەنباۋدا گومىنداڭنىڭ گوڭچەنداڭغا ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش، دېموك-راتىيە ۋە ئەركىنلىكنى يولغا قويۇش، گومىنداخۇي چاقىرىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا چاپسان ھازىرلىنىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت 5 ئىش ئۈستىدە كاپالەت بېرىشى تەلەپ قىلىندى؛ گوڭچەنداڭنىڭمۇ گومىنداڭغا ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ دۈشمەنلىشىشىنى توختىتىش، قىزىل ئارمىيىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش، ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەردە يېڭى دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش ۋە پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى مۇسادىرە قىلىشنى توختىتىشتىن ئىبارەت 4 ئىش ئۈستىدە كاپالەت بېرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. بۇمۇ مۇھىم سىياسى تەدبىر بولدى، چۈنكى بۇ تەدبىر بولمىغاندا، ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئورۇنلىنىشى جەزمەن كېچىكىپ قالاتتى، بۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تېزدىن ھازىرلىنىشقا تامامەن پايدىسىز ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تەنپەندە ئىككى پارتىيىنىڭ پىكىرلىرى بىر قەدەم يېقىنلاشتى. ئىككى پارتىيىنىڭ ئورتاق سىياسى گاڭلىڭى مەسىلىسى، ئاممىۋى ھەرىكەتلەرگە ئەركىنلىك بېرىش ۋە سىياسى مەھبۇسلارنى ئازات قىلىشنى تەلەپ قىلىش مەسىلىسى، قىزىل

ئارمىيىسىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا گومىنداڭ تەرەپ تېخىمۇ كونكرېت تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەرچە ئورتاق گاڭلىڭنى ئېلان قىلىش، ئاممىۋى ھەرىكەتلەرگە ئەركىنلىك بېرىش، ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەردىكى يېڭى تۈزۈملەرنى ئېتىراپ قىلىشقا ئوخشاش ئىشلار شۇ كەمگىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن قىزىل ئارمىيىنىڭ نامىنى مىللىي-ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ 8-ئارمىيىسى (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش سەپلىرىدىكى جەڭ تەرتىۋى بويىچە 18-جىتۈەنجۈن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قىلىپ ئۆزگەرتىش بۇيرۇغى بېيپىڭ-تيەنجىن قولدىن كېتىپ بىر ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن ئېلان قىلىندى. 7-ئاينىڭ 15-كۈنىلا گومىنداڭغا تاپشۇرۇلغان جۇڭگو گۇڭچەنداڭ جۇڭياڭنىڭ ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقى ئورنىتىلغانلىقىنى ئېلان قىلىش ھەققىدىكى خىتابنامىسى ۋە شۇ چاغدا كېلىشىم بويىچە مۇشۇ خىتابنامىنىڭ ئارقى-سىدىنلا ئېلان قىلىنماقچى بولغان جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى سۆھبىتى، گەرچە بەك ئۇزاق كېچىكتۈرۈلۈپ، ئەپسۇسلىنەرلىك ئىش بولغان بولسىمۇ، 9-ئاينىڭ 22 ۋە 23-كۈنلىرى، دەل ئالدىنقى سەپتە ئەھۋال جىددىيلەشكەن پەيتتە گومىنداڭنىڭ جۇڭياڭ تۈڭشۈن-شېسى تەرىپىدىن ئىلگىرى-ئاخىر ئېلان قىلىندى. گۇڭچەنداڭنىڭ بۇ خىتابنامىسىدە ۋە جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ بۇ سۆھبىتىدە ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئورنىتىلغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، ئىككى پارتىيە بىرلىشىپ ۋەتەننى قۇتقۇزىدىغان ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن زورۇر ئاساس ئورنىتىلدى. گۇڭچەنداڭنىڭ خىتابنامىسى ئىككى پارتىيە ئىتتىپاقلىقىنىڭ قائىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت

خەلقىنىڭ ئۇلۇق ئىتتىپاقلىقىنىڭ تۇپ فاكچىنىمۇ بولۇپ قالىدۇ. جياڭ جىيشى جاناپلىرى ئۆز سوھبىتىدە گۇڭچەنداڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان، ئىتتىپاقلىشىپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ زورۇرلىگىنى كورسەتكەن، بۇ ناھايىتى ياخشى؛ لېكىن گومىنداڭنىڭ مەنمەنلىك روھىنى تېخى چوروپ تاشلىمىغان ۋە تېگىشلىك دەرىجىدە ئوز ـ ئوزىنى تەنقىت قىلمىغان، بۇ بىزنى قانائەتلەندۇرەلمەيدۇ. لېكىن، قانداقلىكى بولسۇن، ئىككى پارتىينىڭ بىرلىكىپى قۇرۇلدى. بۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. بۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كورسەتكۈسى، ياپون جاھانگىرلىگىنى يوقىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغۇسى.

جۇڭگو ئىنقىلاۋىدا 1924 ـ يىلدىن باشلاپ گومىنداڭ بىلەن گۇڭـ چەنداڭنىڭ مۇناسىۋىتى ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلمەكتە. ئىككى پارتىينىڭ مەلۇم گاڭلىڭ ئاساسىدىكى ھەمكارلىقى ئارقىسىدا، 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپ قوزغالدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى مىللى ئىنقىلاپ ئۈچۈن 40 يىل تىرىشىپمۇ ئورۇنلىيالمىغان ئىنقىلاۋىي ئىشلار پەقەت 2 ـ 3 يىل ئىچىدىلا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ئۇ بولىسمۇ گۇاڭدۇڭ ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىسىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقى ۋە بېيفا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىدۇر. بۇــ ئىككى پارتىينىڭ بىرلىكسەپ تۇزگەنلىگىنىڭ نەتىجىسى. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىنقىلاۋىي مەسىلىلەردە چىڭ تۇرمىغانلىقتىن، ئىنقىلاپ ئورۇنلىنىپ قالماي دەپ قالغان پەيتتە ئىككى پارتىينىڭ بىرلىكىپى بۇزۇلدى، ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە تاشقى دۇشمەننىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرىشىگە

ئىمكانىيەت بېرىپ قويۇلدى، بۇ — ئىككى پارتىيە بىرلىكسېپىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئەمدى ئىككى پارتىيە يېڭىۋاشتىن تۈزگەن بىرلىكسەپ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى دەۋرىنى شەكىللەندۈردى. بەزىلەر تېخى بۇ بىرلىكسەپنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ۋە ئۈلۈق ئىستىقبالىنى چۈشەنمەيۋاتقان بولسىمۇ، بۇ بىرلىكسەپنى تۈزۈش ئىلاجسىزلىقتىن بولغان، ياسىما ۋە ۋاقىتلىق چارە، دەپ ھېساپلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تارىخنىڭ چاقى مۇشۇ بىرلىكسەپ ئارقىلىق جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى يېپ-يېڭى بىر باسقۇچقا ئېلىپ بارىدۇ. جۇڭگونىڭ مۇشۇنداق ئېغىر مىللى ۋېيجى ۋە ئىجتىمائى ۋېيجىدىن ئازات بولالىشى ياكى ئازات بولالماسلىقى مۇشۇ بىرلىكسەپنىڭ راۋاجلىنىش ئەھۋالىغا باغلىق بولىدۇ. يېڭى ۋە پايدىلىق دەلىللەر ئىپادىلىنىپ چىقتى. 1-دەلىل — جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدىلا، ئۇنىڭ دەرھال پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى. كىشىلەر كوڭلىنىڭ مايىللىقىنى بۇنىڭدىن كورگىلى بولىدۇ. 2-دەلىل — شەن ۋەقەسى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىنغان ۋە ئىككى پارتىيە ئۇرۇش توختىتىشنى ئەمەلگە قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەرھال مەملىكەتتىكى ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ۋە ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ مىسلى كورۇلمىگەن ئىتتىپاقلىق ھالىتىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولغانلىقى، گەرچە بۇ ئىتتىپاقلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېھتىياجىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا ئىنتايىن يېتەرسىز بولسىمۇ، بولۇپمۇ ھوكۇمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى مۇشۇ كەمگىچە ئاساسىي جەھەتتىن تېخى ھەل بولمىغان بولسىمۇ. 3-دەلىل، ئىدىڭ كوزگە كورۇنەرلىك دەلىل —

پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ قوزغالغانلىقى. بۇ ئۇرۇش، ھازىرقى ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، بىزنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ، گەرچە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك بولۇۋاتقان بولسىمۇ، يېغى ھۆكۈمەت بىلەن ئارمىيىلا ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇش بولۇش بىلەن چەكلەنمەكتە. بۇنداق ئۇرۇش بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىنى يەڭگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىز ئالللقاچان كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ئۇرۇش ھەقىقەتەن قوزغىلىپ كەتتى، ئىچكى تىنچلىق ۋە ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقى بولمىغان بولسا، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر، ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىكسېپى بۇزۇلغان چاغدا ياپون قاراقچىلىرى بىر تال ئوقمۇ سەرپ قىلماستىن دۇڭبېي توت ئۆلكىنى بېسىۋالدى، دېيىلسە، ئەمدى، ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىكسېپى يېڭىۋاشتىن قۇرۇلغان بۈگۈنكى كۈندە ياپون قاراقچىلىرى قانلىق ئۇرۇش چىقىمى تارتماي تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ يېرىنى بېسىۋالالمايدۇ. 4 ـ دەلىل ـــ خەلقارالارغا بەرگەن تەسىرى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسى ۋە گۇڭچەنداڭلار جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ تەشەببۇسىنى ھىمايە قىلىۋاتىدۇ. گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا تېخىمۇ ئاكتىپ ياردەم بېرىدۇ. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈشتى⑦، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دولەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىدىن ئۈمىت بار. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان

دەللىلەرگە ئاساسەن شۇنى ھوكۇم قىلالايمىزكى، بىرلىكسەپنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگونى پارلاق ۋە ئۇلۇق ئىستىقبالغا، يەنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە جۇڭگودا بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

لېكىن بۇنداق ئۇلۇق ۋەزىپىنى ھازىرقى ھالەتتە توختاپ قالىدىغان بىرلىكسەپ ئورۇنلىيالمايدۇ. ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپىنى يەنە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. چۈنكى ھازىر قۇرۇلغان بىرلىكسەپ تېخى تولۇق ۋە مۇستەھكەم بىرلىكسەپ ئەمەس.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ پەقەت گومىنداڭ ۋە گۇڭچەنداڭ پارتىيىلىرى بىلەنلا چەكلىنەمدۇ؟ ياق، ئۇ پۈتۈن مىللەتنىڭ بىرلىكسېپى بولۇپ، ئىككى پارتىيە بۇ بىرلىكسەپنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ — ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ۋە ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ بىرلىكسېپى، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىلار ۋە سودا-سانائەتچىلەر قاتارلىق بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلارنىڭ بىرلىكسېپى. ھازىرقى بىرلىكسەپ ئەمەلىيەتتە تېخى ئىككى پارتىيە دائىرىسىدىلا توختاپ قېلىۋاتىدۇ، كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە باشقا نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلار تېخى ئويغىتىلمىدى، تېخى قوزغىتىلمىدى، تېخى ئۇيۇشتۇرۇلمىدى ۋە قوراللاندۇرۇلمىدى. بۇ — ھازىرقى ئەڭ جىددى ئەھۋال. بۇنىڭ جىددىيلىكى شۇكى، ئۇ ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازىنىشقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. خۇابېي ئالدىنقى سېپىدىكى ۋە ھەتتا جياڭسۇ-جېجياڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئېغىر ۋەيجىنى ئەمدى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، يوشۇرۇشنىڭمۇ

ھاجىتى يوق، مەسىلە بۇ ۋىيىجىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشتا. ۋىيىجىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن ـ بىر يولى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتىنى، يەنى «خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش» دىگەن سوزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى بۇ ۋەسىيىتىدە ئوزىنىڭ 40 يىللىق تەجرىبىسىدە پەقەت شۇنداق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىنقىلاپنىڭ مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۇڭقۇر چۇشەنگەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ ۋەسىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پەقەت خالىماسلىقتا زادى نىمە ئاساس بار؟ مۇشۇنداق جىددى ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدە بۇ ۋەسىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخى بەل باغلىماسلىقتا زادى نىمە ئاساس بار؟ ھەممىگە مەلۇمكى، ئىستىبداتلىق ۋە بېسىقتۇرۇش «خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش» پىرىنسىپىغا خىلاپ. يالغۇز ھوكۇمەت بىلەن ئارمىيىلا ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىنى ئەسلا يەڭگىلى بولمايدۇ. بىز بۇ يىل 5 ـ ئايىدىلا بۇ مەسىلە توغرىسىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى گومنداڭنى قاتتىق سادا بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قوزغىتىلمىسا، ھەبەشىستاندەك مەغلۇبىيەت كاتتىغا چۇشۇپ قېلىشنىڭ مۇمكىنلىگىنى كورسىتىپ ئوتكەن ئىدۇق. بۇنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىلا ئەمەس، ھەرقايسى جايلاردىكى نۇرغۇن ئىلغار قېرىنداشلىرىمىز، شۇنىڭدەك گومنداڭنىڭ نۇرغۇن ئاقىل ئەزالىرىمۇ كورسىتىپ ئوتكەن ئىدى. لېكىن ئىستىبداتلىق سىياسىتى يەنىلا ئوزگەرمەي قېلىۋەردى. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ھوكۇمەت خەلقتىن ئايرىلىپ قالدى، ئارمىيە خەلقتىن ئايرىلىپ قالدى، قوشۇنلاردا جىڭخۇيىۋەنلەر جەڭچىلەردىن ئايرىلىپ قالدى.

بىرلىكسەپ خەلق ئاممىسى بىلەن تولۇقلاندۇرۇلمىسا، ئالدىنقى سەپتىكى ۋېيجى مۇقەررەر ھالدا ئۇلغىيىۋېرىدۇكى، كېمەيمەيدۇ.

بۈگۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ، گومىنداڭنىڭ ئىستىبداتلىق سىياسىتى ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن، ئىككى پارتىيە بىرلىكتە ئېتىراپ قىلغان ۋە رەسمىي ئېلان قىلغان سىياسىي كاڭلىڭغا تېخى ئىگە ئەمەس. ھازىر گومىنداڭنىڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتا قوللىنىۋاتقان نىمىلىرى يەنە شۇ 10 يىلدىن بۇيانقى نىمىلەر، ھۆكۈمەت ئاپپاراتى، ئارمىيە تۈزۈمى ۋە خەلق ئاممىسىغا قارىتا قوللىنىۋاتقان سىياسىتىدىن تارتىپ، تا مالىيە، ئىقتىسات ۋە مائارىپ قاتارلىق ئىشلاردا قوللىنىۋاتقان سىياسەتلىرىگىچە ـــ ھەممىسى ئومۇمەن يەنە شۇ 10 يىلدىن بۇيانقى نىمىلەر بولۇپ، بۇلاردا ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. ئۆزگىرىش بولغان نەرسىلەر بولدى، بولغاندىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى، ئۇ بولسىمۇ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ توختىتىلغانلىقى، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ باشلانغانلىقى. ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش توختىتىلدى، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلاندى، بۇلار شەن ۋەقەسىدىن بۇيان جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە كۆرۈلگەن ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىش. لېكىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان نىمىلەر تا مۇشۇ كەمگىچە ئۆزگەرمىدى، بۇ ئۆزگەرمىگەن نەرسىلەرنىڭ ئۆزگەرگەن نەرسىلەرگە ماس كەلمەسلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلگىرىكى نىمىلەر پەقەت مەملىكەت سىرتىغا قارىتا مۇرەسسەلىشىش ۋە مەملىكەت ئىچىگە قارىتا ئىنقىلاپنى بېسىقتۇرۇشقىلا يارىغان ئىدى، ھازىر ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىمۇ يەنە شۇ نىمىلەر قوللىنىلماقتا، شۇڭا ئۇلار ھەممىلا يەردە مۇۋاپىق كەلمەي، ئۇلارنىڭ ھەرخىل

ئاجىزلىقلىرى پاش بولۇپ چىقماقتا. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىنمىسىغۇ بىر گەپ ئىدى، ئۇرۇش قىلىنىدىغان، بەلكى قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ۋېيىچىلار ئاشكارا بولغان تۇرۇقلۇق باشقىچە بىر يۈرۈش ئۇسۇل قوللانماي تۇرۇۋېلىنىدىكەن، ئىستىقبالدا بولىدىغان خەۋپ ـ خەتەرنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تولۇق بىرلىكسەپكە مۇھتاج، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىرلىكسەپكە قاتناشتۇرۇش كېرەك. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مۇستەھكەم بىرلىكسەپكە مۇھتاج، بۇنىڭ ئۈچۈن ئورتاق گائىلىك كېرەك. ئورتاق گائىلىك بۇ بىرلىكسەپنىڭ ھەرىكەت فاڭجېنى بولىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ بىرلىكسەپنىڭ بىر خىل تىزگىنىمۇ بولىدۇ، ئۇ، خۇددى بىر تال ئاغامچىغا ئوخشاش، ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ۋە ھەرقايسى قوشۇنلاردىن بىرلىكسەپكە كىرگەن بارلىق تەشكىلاتلار ۋە بارلىق شەخسلەرنى مەھكەم تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۇنى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىق دېگىلى بولىدۇ. بىز ھېلىقىدەك كونا تىزگىنگە قارشى تۇرىمىز، چۈنكى ئۇ مىللىي ـ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. بىز بىر يۈرۈش يېڭى تىزگىن ياساپ، كونىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىشىنى، يەنى ئورتاق گائىلىك ئېلان قىلىنىشىنى، ئىنقىلاۋىي تەرتىپ ئورنىتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنداق قىلىنىشى شەرت، شۇنداق قىلىنغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا مۇۋاپىقلاشقىلى بولىدۇ.

ئورتاق گائىلىك نېمىدىن ئىبارەت؟ ئۇ سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ سەنمىنجۇيىسى ۋە گۇڭچەنداڭ 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئوتتۇرىغا قويغان

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماد ـ دىلىق گائىلىگىدىن ئىبارەت⑧.

جۇڭگو كۈڭچەنداڭى گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى ئىبلان قىلىش ھەققىدىكى خىتاپنامىسىدە: «سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ سەنمىنجۇيىسى بۈگۈنكى جۇڭگو ئۈچۈن زورۇر، پارتىيىمىز ئۇنى تەل ـ توكۇس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ» دېگەن ئىدى. بەزى كىشىلەرگە گۇڭچەنداڭنىڭ گومىنداڭنىڭ سەنمىنجۇيىسىنى يولغا قويۇشنى خالايدىغانلىقى ئاجايىپ تۇيۇلماقتا، شائخەيدىكى جۇ چىڭلەيىنى⑨ ئالساق، ئۇ ـ شائخەي مەتبۇئاتىدا بۇن ـ داق شۇبھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنىڭ بىرى. ئۇلار، كوممۇنىزىم بىلەن سەنمىنجۇيى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ـ بىر خىل شەكىلۋازلارچە كۆزقىتىش. كوممۇنىزىم ئىنقىلاپ تەرەق ـ قىياتىنىڭ كەلگۈسى باسقۇچىدا يولغا قويۇلىدۇ، كوممۇنىزىمچىلار ھازىرقى باسقۇچتا كوممۇنىزىم مەسىلىگىنى يولغا قويۇش خىيالىدا ئەمەس، بەلكى تارىخ بەلگىلىگەن مىللىي ئىنقىلاپ مەسىلىگى ۋە دېموكراتىك ئىنقىلاپ مەسىلىگىنى يولغا قويىدۇ، بۇ ـ گۇڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى ۋە بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى. سەنمىنجۇيىغا كەلسەك، بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن، ئىككى پارتىيىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق بىرلىكسەپ ۋاقتىدىلا گۇڭچەنداڭ بىلەن گومىنداڭ ئۇنى يولغا قويۇشنى گومىنداڭنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا بىرلىكتە قارار قىلغان ئىدى ۋە ئۇ 1924 ـ 1927 ـ يىللاردا ھەر بىر سادىق كوممۇنىست ۋە ھەر بىر سادىق گومىنداڭچى تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ناھايىتى كەڭ جايلىرىدا

يولغا قويۇلغان ئىدى. بەختكە قارشى، 1927 ـ يىلى بىرلىكسەپ
بۇزۇلدى، گومنداڭ تەرەپ 10 يىلدىن بۇيان سەنمىنجۇيىنى يولغا
قويۇشقا قارشى تۇرغان ۋەزىيەت شۇنىڭدىن باشلاپ پەيدا بولدى.
لېكىن گۇڭچەنداڭ تەرەپ 10 يىلدىن بۇيان يولغا قويۇپ كەلگەن
بارلىق سىياسەتلەر سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ سەنمىنجۇيىسى ۋە
ئۈچ چوڭ سىياسىتىنىڭ ئىنقىلاۋىي روھىغا تۈپ جەھەتتىن يەنىلا
مۇۋاپىق بولۇپ كەلدى. گۇڭچەنداڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى
بىر كۈنمۇ توختاتماي كەلدى، بۇ ـ تەل ـ توكۇس مىللىي مەسىلەك؛
ئىشچى ـ دېخان دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى تۈزۈمىمۇ باشقا نەرسە
ئەمەس، تەل ـ توكۇس خەلق ھوقۇقى مەسىلىگى؛ يەر ئىنقىلاۋى
بولسا، تەل ـ توكۇس خەلق تۇرمۇشى مەسىلىگى. نىمە ئۈچۈن گۇڭچەن-
داڭ ھازىر ئىشچى ـ دېخان دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇشنى ۋە پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى
توختىتىشنى جاكالايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئاللىقاچان چۈشەندۈ-
رۈپ ئۆتكەن ئىدۇق، بۇنداق تۈزۈم ۋە چارىلەر تۈپتىن يارىماي
قالدى ئەمەس، بەلكى ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ قۇراللىق تاجا-
ۋۇزىنىڭ ئىچكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردە ئۆزگىرىش پەيدا
قىلغانلىغى ئارقىسىدا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرىنى
بىرلەشتۈرۈپ، ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرۇش زورۇر بولۇپ
قالدى، بەلكى ئۇنىڭ ئىمكانىيىتى بارلىققا كەلدى. جۇڭگودىلا
ئەمەس، بەلكى دۇنيا مىقياسىدىمۇ بىرلىكتە فاشىزمغا قارشى
تۇرۇش ئۈچۈن، فاشىزمغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇشنىڭمۇ زورۇرىيىتى
ۋە ئىمكانىيىتى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز جۇڭگودا
مىللىي ۋە دېموكراتىك بىرلىكسەپ قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

بىزنىڭ ئىشچى ـ دېخان دېموكىراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئورنىغا ھەرقايسى تەبىقىلەر بىرلەشكەن دېموكىراتىك جۇمھۇرىيەتنى قويۇش تەشەببۇسىمىز ئەنە شۇ ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «يەر تىرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» شۇئارى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان يەر ئىنقىلاۋىنى ئېلىپ بېرىش دەل سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان سىياسەت ئىدى؛ بىزنىڭ بۈگۈن بۇ سىياسەتنى يولغا قويۇشنى توختىتىپ قويۇشىمىز جۇڭگودا يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ھاجەتسىز بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن. سىياسەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ بۇنداق كېڭەيتىلگەن سەۋەبلىرى ۋە پەيتى توغرىسىدا ئۆز كوز قارىشىمىزنى قىلچە مۇجىمەللەشتۇرمەي چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. دەل جۇڭگو كۆكچەنداكى ماركسىزىم پىرىنسىپلىرىغا ئاساسلىنىپ، بىرىنچى قېتىملىق گومىنداڭ ـ كۆكچەنداڭ بىرلىكسېپىنىڭ ئورتاق گائىلىكىنى، يەنى ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقتىن ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقتىن، كۈچلۈك قاراقچى زېمىنىمىزغا بېسىپ كىرىپ، مىللىتىمىز جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالغان پەيتتە مىللىي ـ دېموكىراتىك بىرلىكسەپتىن ئىبارەت ۋەتەننى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتقۇزالايدىغان بۇنداق بىردىن ـ بىر سىياسەتنى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويالىدى ۋە ھارماي ـ تالماي ئىجرا قىلىپ كەلدى. ھازىرقى مەسىلە كۆكچەنداكىنىڭ ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىغا ئىشىنىشى ياكى ئىشەنمەسلىكى ۋە ئۇنى يولغا قويۇشى ياكى يولغا قويماسلىقى مەسىلىسى ئەمەس، ئەكسىچە، گومىنداڭنىڭ ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىغا ئىشىنىشى ياكى ئىشەنمەسلىكى ۋە ئۇنى يولغا قويۇشى ياكى يولغا قويماسلىقى مەسىلىسى. ھازىرقى ۋەزىپە سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ

سەنمىنجۇيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي روھىنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شۇنىڭغا ئاساسەن مەلۇم سىياسى گاڭلىڭ ۋە سىياسەت تۈزۈپ چىقىش ھەم ئۇلارنى ئالا كوڭۇل بىلەن ئەمەس، چىن كوڭۇل بىلەن، شەكلەن ئەمەس، ھەقىقى، كېچىكتۈرۈپ ئەمەس، چاپسان يولغا قويۇشتىن ئىبارەت، جۇڭگو گوڭچەنداڭى تەرەپىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز شىياڭ كويدۇرۇپ تىلەيدىغىنى دەل ئەنە شۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، گوڭچەنداڭ لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماددىلىق گاڭلىڭنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ 10 ماددىلىق گاڭلىڭ ماركسىزىمغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەقىقى ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ— جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى، يەنى ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى مىللى ـ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش داۋامىدىكى باشلانغۇچ گاڭلىڭ، پەقەت ئۇنى يولغا قويغاندىلا، جۇڭگونى قۇتقۇزغىلى بولىدۇ. بۇ گاڭلىڭغا قايچى كېلىدىغان ھەرقانداق نەرسە، ئەگەر يەنە داۋام قىلىۋېرىدىغان بولسا، تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

بۇ گاڭلىڭنى گومينداڭنىڭ رازىلىغىنى ئالماي تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يولغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى گومىنداڭ ھېلىمۇ جۇڭگودا ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئەڭ چوڭ پارتىيە. ئىشىنىمىزكى، ئاقىل گومينداڭچىلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ گاڭلىڭغا قوشۇلىدۇ. چۈنكى قوشۇلمايدىغان بولسا، سەنمىنجۇيى ھامان قۇرۇق سوز بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ياپون جاھانگىرلىگىنى يەڭگىلى بولمايدۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتىنى مۇنقەرىز بولغان قۇل ھالىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالىدۇ. ھەقىقى

ئاقىل گومىنداڭچىلار بۇنداق بولۇشنى ھەرگىز خالىمايدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمۇ ھەرگىز قاراپ تۇرۇپ ۋەتىنى مۇنقەرىز بولغان قۇل بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جياڭ جيېشى ئەپەندى ئۆز ئىنىڭ 9 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى سوھبىتىدە: «بىز — ئىنقىلاپنىڭ ئېتىقاتچىلىرىمىز، شەخسى غەرەز ۋە شەخسى قاراشلىرىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سەنمىنجۇيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلاپ قىلىمىز، دەپ بىلىمەن. بولۇپمۇ جىددى ھايات - ماماتلىق پەيتىدە، ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە تولۇق يېكىلىقتا كوچۇپ ۋە ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن تىرىشىپ، دولەتنىڭ ھاياتى ۋە مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك» دەپ كورسەتتى. بۇ ناھايىتى توغرى. ھازىرقى جىددى ۋەزىيە سەنمىنجۇيىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، شەخسلەر ۋە ئۇششاق گۇرۇھلارنىڭ شەخسى قاراشلىرىدىن ۋازكېچىش، ئوتمۇشتىن كېلىۋاتقان كونا نىمىلەرنى ئوزگەرتىش، سەنمىنجۇيىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىنقىلاۋىي گاڭلىكىنى دەرھال يولغا قويۇش، خەلق بىلەن بىللە تولۇق يېكىلىقتا كوچۇشتىن ئىبارەت. بۇگۇنكى كۈندىكى بىردىن - بىر يول ئەنە شۇ. يەنە كېچىكتۈرۈلىدىغان بولسا، پۇشايمان ئورنىغا كەلمەيدۇ.

لېكىن سەنمىنجۇيىنى ۋە 10 ماددىلىق گاڭلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قورال كېرەك، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھوكۇمەتنى ئوزگەرتىش ۋە قوشۇنلارنى ئوزگەرتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھازىرقى ھوكۇمەت مىللى - دېموكراتىك، بىرلىك - سەپلىك ھوكۇمەت ئەمەس، يەنىلا گومىنداڭدىن ئىبارەت بىر پارتىيە دىكتاتۇرىلىغىدىكى ھوكۇمەت بولۇۋاتىدۇ. مىللى - دېموكراتىك،

بىرلىكسەپلىك ھوكۇمەت بولماي تۇرۇپ، سەنمىنجۇيىنى ۋە 10 ماددى-
لىق گاڭلىگنى ئەمەلىگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر گومنداڭ
ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈمى يەنىلا كونا تۈزۈم، بۇنداق تۈزۈمدىكى ئارمىيە
بىلەن ياپون جاھانگىرلىگىنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى قوشۇن-
لارنىڭ ھەممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى
ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. بىز بۇنداق قوشۇنلارنىڭ ھەممىسىگە، بولۇپمۇ
ئالدىنقى سەپتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان
قوشۇنلارغا چىن قەلبىمىزدىن قايىلمىز ۋە ھورمەت بىلدۈرىمىز. لېكىن
گومنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈمى ياپون قاراقچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل
يېڭىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، سەنمىنجۇيىنى
ۋە ئىنقىلاۋىي گاڭلىگنى ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ،
بۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك، بۇ 3 ئايدىن بۇيانقى ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ساۋاقلىرى بىلەن ئىسپاتلاندى. ئۆزگەر-
تىشنىڭ پىرىنسىپلىرى جۇنگۇەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىگىنى،
ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلىگىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.
ھازىر گومنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈمى بۇ ئىككى پىرىنسىپقا ئاساسىي
جەھەتتىن خىلاپ كېلىدۇ. كەڭ جۇنگۇەنلەر ۋە ئەسكەرلەردە سادا-
قەتلىك ۋە قەھرىمانلىق كورسىتىش نىيىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار
كونا تۈزۈملەر بىلەن چىرمىلىپ قېلىپ، ئۆز ئاكتىپلىقىنى جارى
قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا كونا تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىشكە
چاپسان كىرىشىش كېرەك. بۇ، ئۇرۇشنى توختىتىپ قويۇپ، تۈزۈم-
لەرنى ئۆزگەرتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇرۇش قىلىش كېرەك،
دېگەنلىك ئەمەس، تۈزۈملەرنى ئۇرۇش قىلىۋېتىپمۇ ئۆزگەرتكىلى
بولىدۇ. مەركىزىي ۋەزىپە ـــ قوشۇنلاردىكى سىياسى روھنى ۋە

سىياسىي خىزمەتلەرنى ئۆزگەرتىش. بېيفا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى مىللىي-
ئىنقىلاۋىي ئارمىيە بۇ جەھەتتە ئۈلگە بولالايدۇ، بۇ ئارمىيە، ئومۇ-
مەن، جۇنگوۋەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئارمىيە بىلەن
خەلقنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئارمىيە ئىدى، شۇ چاغدىكى
روھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۈتۈنلەي زۆرۈر. جۇڭگو ئىسپانىيە
ئۇرۇشىنىڭ ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك، ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ
ئارمىيىسى ناھايىتى قىيىن شارائىتتا ۋۇجۇتقا كەلگەن. جۇڭگونىڭ
شەرت-شارائىتى ئىسپانىيىنىڭكىدىن ياخشى، لېكىن جۇڭگودا تولۇق،
مۇستەھكەم بىرلىكسەپ كەم، پۈتۈن ئىنقىلاۋىي گائىلىكىنى ئىجرا
قىلالايدىغان بىرلىكسەپلىك ھۆكۈمەت كەم، كۆپ سانلىق يېڭى
تۈزۈمدىكى ئارمىيىمۇ كەم. جۇڭگو بۇ كەم-كوسلىرىنى تولدۇرۇۋې-
لىشى لازىم. جۇڭگو گۇڭچەندانىڭ رەھبەرلىكىدىكى قىزىل ئارمىيە
بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا پەقەت
شيەنفېڭدۇيلۇق رولىنىلا ئوينىيالايدۇ، تېخى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە
ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە
تەشكىلىي جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى مەملىكەتتىكى بارلىق
دوست ئارمىيىلەر قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئارمىيىمۇ دەسلەپتە
ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى، ئۇمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىش ئىشىنى باشتىن
كەچۈردى، ئاساسەن، ئارمىيە ئىچىدىكى فېئوداللىزىمنى يوقاتتى،
جۇنگوۋەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىكى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ
بىرلىكى پىرىنسىپىنى يولغا قويدى. بۇ تەجرىبە پۈتۈن مەملىكەتتىكى
دوست ئارمىيىلەر ئۈچۈن ئەينەك بولالايدۇ.

ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان گومىنداڭ ئىچىدىكى ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى يولداشلار، بۈگۈن بىز ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن

قوتۇلدۇرۇش ـ ئامان ساقلاپ قېلىش مەسئۇلىيىتىنى سىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۈستىمىزگە ئالماقتىمىز. سىلەر بىز بىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ قۇردۇڭلار، بۇ ناھايىتى ياخشى. سىلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتىسىلەر، بۇمۇ ناھايىتى ياخشى. لېكىن بىز سىلەرنىڭ باشقا كونا سىياسەتلەرنى داۋام قىلدۇرۇۋاتقانلىقىڭلارنى ماقۇل كورمەيمىز. بىز بىرلىكسەپنى راۋاجلاندۇرۇپ تولۇقلىشىمىز، خەلق ئاممىسىنى ئۇنىڭغا قاتناشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنى مۇستەھكەملىشىمىز، بىر ئورتاق گاڭلىڭنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. سىياسى تۈزۈمنى ۋە ئارمىيە تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىشىمىز كېرەك. يېڭى بىر ھوكۇمەتنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈشى تامامەن زورۇر، مۇشۇنداق بىر ھوكۇمەت بولغاندىلا، ئىنقىلاۋىي گاڭلىڭنى ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك پۈتۈن مەملىكەت مقياسىدا ئارمىيىنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشكىلىمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ تەكلىۋىمىز — دەۋرنىڭ تەلىۋى. سىلەرنىڭ پارتىيەڭلاردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ھازىر بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلماقتا. سۇن جوڭشەن ئەپەندى سىياسى تۈزۈم ۋە ھەربى تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغان، شۇڭا 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ئىدى. ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتى بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنىڭ زىممەڭلارغا چۈشتى. بارلىق سەمىمى ۋەتەنپەرۋەر گومينداڭچىلار بىزنىڭ تەكلىۋىمىزنى ئېھتىياجغا ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ ھېساپلىماس، ئەلۋەتتە. بىز قەتئى ئىشىنىمىزكى، بۇ تەكلىپ ئېھتىياجغا ئۇيغۇن.

بىزنىڭ مىللەتىمىز يا ھايات قېلىش، يا مۇنقەرىز بولۇپ نەسلى

قۇرۇش پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ زىچ ئىتتىپاقلىشايلى! پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ۋەتىنى مۇنقەرىز بولغان قۇل بولۇپ قېلىشنى خالىمايدىغان بارلىق قېرىنداشلار گومىنداڭ – گۇڭچەنداڭ ئىتتىپاقلىقى ئاساسىدا زىچ ئىتتىپاقلىشايلى! بارلىق زورۇر ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈش يولى بىلەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش — بۈگۈنكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ جىددى ۋەزىپىسى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىساق، ياپون جاھانگىرلىگىنى چوقۇم يوقىتالايمىز. پەقەت تىرىشىدىغانلا بولساق، ئىستىقبالىمىز پارلاق بولىدۇ.

## ئىزاھلار

① مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو گۇڭچەنداڭـ نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى»نىڭ ② ئىزاھىغا قارالسۇن.

② مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو گۇڭچەنداڭـ نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى»نىڭ ③ ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو گۇڭچەنداڭـ نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى»نىڭ ④ ئىزاھىغا قارالسۇن.

④ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جياڭ جيېشىنىڭ باياناتى توغرىسىدا باياناتى»نىڭ ⑦ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑤ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو گۇڭچەنداڭـ نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى»نىڭ ⑥ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑥ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو گۇڭچەنداڭـ نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى»نىڭ

⑦ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑦ «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» 1937 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۈزۈلگەن.

⑧ «بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش يولى» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

⑨ جۇ چىڭىلەي «گوجيا شىخۇيىداڭ» (ئەكسىيەتچى يوشۇرۇن تەشكىلات، گۇەنلياۋلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازلار تەشكىل قىلغان كىچىك بىر گۇرۇھ) نىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى ئىدى، كېيىن خائىن ۋاڭ جىڭۋېي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

# ئەنگلىيە مۇخبىرى بېرترام بىلەن سوھبەت

**(1937 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)**

## جۇڭگو گومىنداڭى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش

بېرترامنىڭ سوئالى: جۇڭگو كومپارتىيىسى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قانداق كونكرېت ئىپادە كۆرسەتتى؟

ماۋ زېدۇڭنىڭ جاۋابى: بۇ قېتىمقى ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنى، ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ «تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش» دېگەن بارلىق گەپلىرى، ياپون ۋەكىللىرىنىڭ چىرايلىق ئىبارىلىرى ئۇلارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىنى ياپىدىغان تۇتەكلىك ئوقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرغان

ئىدى. بىز، بىرلىكسەپنى كۈچەيتىش ۋە ئىنقىلاۋىي سىياسەتنى يولغا قويۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؛ ئىنقىلاۋىي سىياسەتتە ئالاھىدە مۇھىم بولۇۋاتقىنى شۇكى، جۇڭگو ھوكۇمىتى دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پۈتۈن خەلق ئاممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشى كېرەك، دەپ تەكرار ـ تەكرار كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ياپونىيىنىڭ «تېچلىق كاپالىتى»گە ئىشىنىپ، ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، دەپ قارايدىغان، شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلمىسىمۇ ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى تۇرغىلى بولىدۇ، دەپ ئىشىنىدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تەكرار ـ تەكرار كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىزنىڭ بۇ پىكىرلىرىمىزنىڭ توغرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. لۇگوۋچياۋ ۋەقەسى تۇغۇلغان كۈنىڭ ئەتىسىلا گوڭچەنداڭ پۈتۈن مەملىكەتكە خىتاپنامە چىقىرىپ، ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار ۋە ھەرقايسى تەبىقىلەرنى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا بىردەك قارشى تۇرۇشقا، مىللى بىرلىكسەپنى كۈچەيتىشكە چاقىردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىز يەنە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماددىلىق ئاكىلىگى»نى ئېلان قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا جۇڭگو ھوكۇمىتى قوللىنىشقا تېگىشلىك سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. گومىنداڭ ـ گوڭچەنداڭ ھەمكارلىقى ئورنىتىلغان چاغدا يەنە بىر مۇھىم خىتاپنامە ئېلان قىلدۇق. مانا بۇلار بىزنىڭ بىرلىكسەپنى كۈچەيتىش، ئىنقىلاۋىي سىياسەتنى يولغا قويۇش يولى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت

فاگىېندا بوشاشماي چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ مەزگىلدە بىزنىڭ تۇپ شۇئارىمىز «ئۇمۇمىيۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش»تىن ئىبارەت بولدى.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى ۋە ساۋاقلىرى

سۇئال: سىزنىڭ كۆزىتىشىڭىزچە، ئۇرۇش باشلىنىپ ھازىرغىچە ئۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

جاۋاپ: ئاساسلىقى ئىككى تەرەپتىن بولىدى. بىر تەرەپتىن، ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ شەھەرلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشى، يەرلىرىمىزنى بېسىۋېلىشى، خوتۇن-قىزلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تېگىشى، بۇلاڭچىلىق قىلىشى، ئوت قويۇشى ۋە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشى جۇڭگولۇقلارنى ۋەتەن مۇنقەرىز بولۇش خەۋپىگە ئۇزۇل-كېسىل دۇچار قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ زور كوپچىلىگى بۇنىڭدىن چۇڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلدى، تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشماي ۋە پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ۋۇجۇتقا چىقارماي تۇرۇپ، ۋەيىجىدىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر ئەللەرنى ياپونىيىنىڭ تەھدىدىگە قارشى تۇرۇشنىڭ زورۇرلىگىنى چۈشىنىشكە ئۈيغىتىشقىمۇ باشلىدى. كورۇلگەن نەتىجە ئەنە شۇلار.

سۇئال: سىزنىڭچە، ياپونىيىنىڭ مەقسىدى نىمە؟ بۇ مەقسەت قانچىلىك ئەمەلگە ئاشتى؟

جاۋاپ: ياپونىيىنىڭ پىلانى — بىرىنچى قەدەمدە خۇابېي ۋە شاڭخەينى بېسىۋېلىش، ئىككىنچى قەدەمدە جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىنى بېسىۋېلىش. ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئۆز پىلانىنى قانچىلىك ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىغا كەلسەك، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ھازىرغىچە تېخى يالغۇز ھوكۇمەت بىلەن ئارمىيىلا ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇش بولۇش بىلەن چەكلىنىپ كېلىۋاتقانلىقتىن، ياپون قاراقچىلىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدە خېبېي، چاخار ۋە سۇيۈەن — 3 ئۆلكىنى ئىگىلىۋالدى، سەنشى ئۆلكىسىمۇ جىددىي خەۋپ ئاستىدا تۇرماقتا. خەلق ئاممىسى بىلەن ھوكۇمەت بىرلىكتە ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قىلغاندىلا، بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

سوئال: سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىلىرىمۇ بارمۇ؟ ئەگەر ساۋاقلار ئۈستىدە توختىلىشقا توغرى كەلسە، ئۇ ساۋاقلار قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلدى؟

جاۋاپ: مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە سىز بىلەن كۆپرەك سوھبەتلىشىشنى خالايمەن. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، نەتىجىلەر بار، بەلكى ئۇلۇق. ئۇلار مۇنۇلاردا ئىپادىلىنىدۇ: (1) ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جاھانگىرلىك جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندىن بۇيان بولۇپ باقمىغان ئۇرۇش بولدى. ئۇ يەر كۆلىمى جەھەتتە چىندىن پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇش — خاراكتېر جەھەتتىن ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش. (2) ئۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن ۋەزىيەتنى بىرقەدەر ئىتتىپاقلاشقان ۋەزىيەتكە ئايلاندۇردى. گومىنداڭ-گوڭچەنداڭ

ھەمكارلىقى ئەنە شۇ ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى. (3) ئۇرۇش خەلقارا جامائەتچىلىكىنىڭ خەيرىخاھلىقىنى قوزغىدى. خەلقارادا بۇرۇن جۇڭگو دۇشمەنگە قارشى تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن كەمستىلەتتى، ئەمدى جۇڭگو دۇشمەنگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىدىغان بولدى. (4) ئۇرۇش ياپون قاراقچىلىرىنى ناھايىتى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. ئاڭلىشىمىزچە، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ مالىيە جەھەتتىكى چىقىمى كۈنىگە 20 مىليون ياپون يۈەنى بولۇۋېتىپتۇ؛ ئادەم جەھەتتىكى چىقىمى تېخى تۈگىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭمۇ ناھايىتى زور ئىكەنلىكى چوقۇم. ئەگەر، بۇرۇن ياپون قاراقچىلىرى دۈڭبېي تۆت ئۆلكىنى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلماستىن دىگەندەك ئاسانلا ئىگىلىۋالدى، دىيىلسە، ئەمدى قانلىق ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ يېرىنى بېسىۋالالمايدىغان بولۇپ قالدى. ياپون قاراقچىلىرى ئەسلىدە تويماس نەپسىنى جۇڭگودا تويدۇرماقچى بولغان ئىدى، لېكىن جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەت قارشىلىق كۆرسىتىشى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئۆزىنى گۇمران بولۇش يولىغا ئىلىپ بارىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى پەقەت ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا ئىلىپ بېرىلىپ قالماستىن، بەلكى دۇنياۋى فاشىزىمغا قارشى سەپتە ئۆزىنىڭ ئۇلۇق مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆتەۋاتىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىنقىلاۋىيلىقى مۇشۇ جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. (5) ئۇرۇشتىن ساۋاق ئالدۇق. بۇ، يەرلىرىمىز ۋە قانلىرىمىز بەدىلىگە كەلدى.

ساۋاقلارغا كەلسەك، بۇلارمۇ ناھايىتى زور. بىرنەچچە ئايدىن بۇيانقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جۇڭگونىڭ نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇ ئالدى بىلەن سىياسى جەھەتتە

كورۇلدى. بۇ قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان جايلار گەرچە پۈتۈن مەملە-
كەت دائىرىلىك بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشقا قاتناشقان تەركىپلەر
پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك بولمايۋاتىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى
ئاۋالقىدەكلا ھوكۇمەت تەرىپىدىن چەكلىنىپ، ئۇرۇشقا قاتناشتۇ-
رۇلمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ئۇرۇش تېخى ئاممىۋى
ئۇرۇش ئەمەس. ئۇرۇش ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى
ئۇرۇش بولۇپ تۇرۇقلۇق ئاممىۋى خاراكتېر ئالمايدىغان بولسا،
ھەرگىز غەلىبە قازىنالمايدۇ. بەزىلەر: «ھازىرقى ئۇرۇش ئۇمۇم-
يۈزلۈك ئۇرۇش بولۇپ قالدى» دېيىشىدۇ. بۇ پەقەت ئۇرۇشقا قات-
نىشىۋاتقان جايلارنىڭلا ئۇمۇميۈزلۈك ئىكەنلىگىنى كورسىتىدۇ. ئۇرۇشقا
قاتناشقان تەركىپلەردىن ئېيتقاندا بولسا، بۇ ئۇرۇش — بىرتەرەپ-
لىمىلىك، چۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېخى خەلق
ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇش بولماي، پەقەت ھوكۇمەت ۋە ئارمىيىلا
ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان،
بىرمۇنچە يەرلەرنىڭ قولدىن كېتىشى ۋە نۇرغۇن قوشۇنلارنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىشىنىڭ ئاساسي سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش گەرچە
ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىلىغى مۇكەممەل
ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ تېخى ئاممىۋى ئۇرۇش بولمىغانلىغىدىن. بۇ —
ئەينى زاماندا يەنە ئىتتىپاقلىشىش مەسىلىسى. جۇڭگودىكى ھەرقايسى
پارتىيە-گۇرۇھلار گەرچە ئاۋالقىغا قارىغاندا ئىتتىپاقلاشقان بولسىمۇ،
لېكىن تېگىشلىك دەرىجىگە يېتىشكە تېخى خېلى بار. سىياسى
مەھبۇسلارنىڭ زور كوپچىلىگى تېخى ئازات قىلىنمىدى، پارتىيە-
گۇرۇھلار پائالىيەتلىرىنىڭ مەنئىي قىلىنىشى تېخى تولۇق ئەمەلدىن

قالدۇرۇلمىدى. ھوكۇمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى، جۇنگوۋىنلەر بىلەن ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بولسا، يەنىلا ناھايىتى يامان بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە بارى ئىتتىپاقلىق ئەمەس، بەلكى ئايرىمچىلىق. بۇ ـــ ئەڭ توپ مەسىلە. بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمايدىكەن، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن سوز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەربىي جەھەتتىكى خاتالىقلارمۇ قوشۇنلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، يەرلىرىمىزنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقنىڭ چوڭ بىر سەۋەبى. قىلىنغان ئۇرۇشلارنىڭ تەگدىن تولىسى ھەربىي تىلدا «نوقۇل مۇداپىيە كورۇش» دەپ ئاتىلىدىغان بىيدۇڭ ئۇرۇش بولۇپ كەلدى. بۇ تەرىقىدە ئۇرۇش قىلىش بىلەن غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ. غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن، سىياسى ۋە ھەربىي جەھەتلەردە ھازىرقىدىن كوپ پەرقلىنىدىغان سىياسەتلەرنى قوللىنىش لازىم. بىز ئالغان ساۋاقلار ئەنە شۇلار.

سوئال: ئۇنداق بولسا، سىياسى ۋە ھەربىي جەھەتلەردە زورۇر شەرتلەر قايسىلار؟

جاۋاپ: سىياسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، ھازىرقى ھوكۇمەتنى خەلق ۋەكىللىرى قاتناشقان بىرلىكسەپلىك ھوكۇمەت قىلىپ ئوزگەرتىش لازىم. بۇ ھوكۇمەت دېموكراتىك بولۇشى، شۇنداقلا مەركەزلەشتۇرۇلگەن بولۇشى كېرەك. بۇ ھوكۇمەت زورۇر ئىنقىلاۋىي سىياسەتنى يولغا قويۇشى لازىم. ئىككىنچىدىن، خەلققە سوز، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ۋە قوراللىنىپ دۇشمەنگە قارشى ئۇرۇش ئەركىنلىكلىرىنى بېرىپ، ئۇرۇشنى ئاممىۋى خاراكتېر ئالدۇرۇش لازىم. ئۇچىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش زورۇر، ياخشىلاش چارىلىرى ئېغىر باج-سېلىقلارنى بىكار

قىلىش، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش، ئىشچىلارنىڭ ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك جۇڭگوەنلەرنىڭ، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلار ۋە قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ھوكۇمەت مالىيىسى مۇۋاپىق سېلىق ئۈستىگە، يەنى پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش پىرىنسىپى ئۈستىگە قويۇلۇشى كېرەك. توتىنچىدىن، ۋەيجياۋ سىياسىتىنى ئاكتىپلاشتۇرۇش لازىم. بەشىنچى-دىن، مەدەنىي-مائارىپ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىش لازىم. ئالتىنچىدىن، ۋەتەن خائىنلىرىنى قاتتىق بېسىقتۇرۇش لازىم. ۋەتەن خائىنلىرى مەسىلىسى ھازىر ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئۇلار ھېچ ئەيمەنمەي زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتىدۇ: ئۇرۇش رايونلىرىدا دۈشمەنگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ، ئارقا سەپتە خالىغانچە پاراكەندىچى-لىك تۇغدۇرۇۋاتىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ۋەتەنپەرۋەر خەلقنى ۋەتەن خائىنى دەپ قولغا ئېلىۋاتقانلارمۇ بار. لېكىن ۋەتەن خائىنلىرىنى ھەقىقى رەۋىشتە بېسىقتۇرۇش خەلق قوزغىلىپ ھوكۇمەت بىلەن ھەمكارلاش-قاندىلا مۇمكىن بولىدۇ. ھەربى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات يۈرگۈزۈش لازىم، ئاساسەن، جەنلۈې ۋە جەنشۇ جەھەتتىن نوقۇل مۇداپىيە كورۇش فاڭجېنىنى دۈشمەنگە ئاكتىپ ھۇجۇم قىلىش فاڭجېنىغا ئۆزگەرتىش؛ كونا تۈزۈمدىكى ئارمىيىنى يېڭى تۈزۈمدىكى ئارمىيىگە ئۆزگەرتىش؛ مەجبۇرى سەپەرۋەر قىلىش ئۇسۇلىنى خەلقنى ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىش؛ بىر-تۇتاش بولمىغان قوماندانلىقنى بىرتۇتاش قوماندانلىققا ئۆزگەرتىش؛

خەلقتىن ئايرىپ قويىدىغان ئىنتىزامسىزلىق ھالىتىنى ئاگىلىقلىق پىرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان، قىلچىلىك نەرسىگىمۇ قول تەككۈزمەيدىغان ئىنتىزاملىق ھالەتكە ئۆزگەرتىش؛ يالغۇز مۇنتىزىم ئارمىيىلا جەڭ قىلىۋاتقان ۋەزىيەتنى كەڭ كولەمدە راۋاجلانغان خەلق پارتىزان ئۇرۇشى مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ماسلىشىدىغان ۋەزىيەتكە ئۆزگەرتىش لازىم ۋە باشقىلار. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مۇشۇ سىياسى ۋە ھەربى شەرتلەرنىڭ ھەممىسى بىز جاكالىغان 10 ماددىلىق گاگلىگدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ سەنمىنجۇيىسىغا، ئۈچ چوڭ سىياسىتىگە ھەم ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇشۇلارنى يولغا قويغاندىلا، ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ.

سۇئال: گۇڭچەنداڭ بۇ گاگلىگنى قانداق يولغا قويىدۇ؟

جاۋاپ: بىزنىڭ خىزمىتىمىز ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ، ھازىرقى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈپ، گومىنداڭ بىلەن ۋە باشقا بارلىق ۋەتەنپەرۋەر پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش، بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنىڭ دائىرىسى تېخى ناھايىتى تار، ئۇنى كېڭەيتىش، يەنى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش» دىگەن ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جەمىيەتنىڭ توۋەن قاتلىمىدىكى خەلق ئاممىسىنى بۇ بىرلىكسەپكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم. بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەشكە كەلسەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئورتاق گاگلىگنى يولغا

قويۇش، ھەرقايسى پارتىيە، ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى مۇشۇ گاڭلىڭ بىلەن تىزگىنلەپ تۇرۇش لازىم. بىز سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىسىنى، ئۈچ چوڭ سىياستىنى ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ھەرقايسى تەبىقىلەر بىرلىكسەپنىڭ ئورتاق گاڭلىڭى قىلىشقا قوشۇلىمىز. لېكىن بۇ گاڭلىڭ ھازىرغىچە ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىدى، ئالدى بىلەن گومىنداڭ مۇشۇنداق بىر مۇكەممەل گاڭلىڭنى ئېلان قىلىشنى تېخى ئېتىراپ قىلمىدى. گومىنداڭ ھازىر سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ مىللى مەسىلىگىنى قىسمەن يولغا قويدى، بۇ ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان-لىقىدا ئىپادىلەندى. لېكىن خەلق ھوقۇقى مەسىلىگىنى يولغا قويمىدى، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىگىنىمۇ يولغا قويمىدى، شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئېغىر ۋېيجى پەيدا قىلىپ قويدى. ھازىر ئۇرۇش شۇنداق جىددى بولۇۋاتىدۇكى، گومىنداڭ-نىڭ سەنمىنجۇيىنى تولۇق يولغا قويۇش ۋاقتى كەلدى، ئەمدى يەنە يولغا قويمايدىغان بولسا، پۇشايمان ئورنىغا كەلمەي قالىدۇ. گوڭ-چەنداڭنىڭ مەسئۇلىيىتى گومىنداڭغا ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە قارىتا قاتتىق سادا بىلەن ھارماي - تالماي چۈشەندۈرۈش ۋە ئىشەن-دۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەقىقى ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىنى، ئۈچ چوڭ سىياسەتنى ھەم سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتىنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە تولۇق ۋە تەل - توكۇس يولغا قويۇش، بۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى 8 ـ ئارمىيە

سوئال: ماڭا 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، بۇنىڭغا ناھايىتى كوپ كىشىلەر كوڭۇل بولۇۋاتىدۇ، مەسىلەن، جەنلۇي، جەنشۇ جەھەتتىن، سىياسىي خىزمەت جەھەتتىن ۋە باشقا جەھەتلەردىن.

جاۋاپ: قىزىل ئارمىيە 8 ـ ئارمىيە قىلىپ تۈزۈلۈپ ئالدىنقى سەپكە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە كوڭۇل بولگۇچىلەر راستىلا ناھايىتى كوپ بولۇۋاتىدۇ. مەن ھازىر سىزگە ئۇمۇمىي ئەھۋالنى سوزلەپ بېرەي.

ئاۋال جەڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىمەن. جەنلۇي جەھەتتە، 8 ـ ئارمىيە سەنشى ئولكىسىنى مەركەز قىلىپ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋا-تىدۇ. سىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، 8 ـ ئارمىيە نۇرغۇن قېتىم غەلىبە قازاندى، مەسىلەن، پىڭشىڭگۇەن جېڭى، جىڭپىڭ، پىڭلۇ، نىڭۋۇ-لارنىڭ تارتىۋېلىنىشى، لەييۈەن، گۇاڭلىڭلارنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى، زىجىڭگۇەننىڭ ئېلىنىشى، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ داتۇڭ بىلەن يەنمېنگۇەن ئارىلىقىدىكى، يۈيشيەن بىلەن پىڭشىڭگۇەن ئارىلىقى-دىكى، شوشيەن بىلەن نىڭۋۇ ئارىلىقىدىكى ئۈچ ئاساسىي نەقلىيات يولىنىڭ كېسىپ تاشلىنىشى، يەنمېنگۇەننىڭ جەنۇبىدا ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلىنىشى، پىڭشىڭگۇەن ۋە يەنمېنگۇەنلەرنىڭ ئىككى قېتىم تارتىۋېلىنىشى، شۇنىڭدەك يېقىنقى كۈنلەردە چۈيياڭ ۋە تاڭشيەنلەرنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى ۋە باشقىلار. سەنشىگە بېسىپ كىرگەن ياپونىيە ئارمىيىسى ھازىر جەنلۇي جەھەتتىن

8 ـ ئارمىيىنىڭ ۋە باشقا جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ تۇت تەرەپتىن مۇھاسىرىسىدە قالدى. بىز ئۇزۇپ ئېيتالايمىزكى، ياپونىيە ئارمىيىسى خۇابېيدا بۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. ياپونىيە ئارمىيىسى ئەگەر سەنشىدە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئىلگىرى كۆرمىگەن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشى مۇقەررەر.

ئەمدى جەنلۇي ۋە جەنشۇ مەسىلىلىرىگە ئۆتىمەن. بىز باشقا جۇڭگو قوشۇنلىرى قوللىنىپ باقمىغان ھەرىكەتنى قوللىنىپ، ئاساسەن، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ يان تەرەپلىرىدە ۋە ئارقا سېپىدە ئۇرۇش قىلدۇق. بۇنداق ئۇرۇش ئۇسۇلى ساپ ئۇدۇل تەرەپتىن مۇداپىئە كۆرۈشتىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. بىز بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى ئۇدۇل تەرەپكە سېلىشقا قارشى ئەمەسمىز، بۇ زۆرۈر. لېكىن ئاساسىي كۈچنى يان تەرەپلەرگە سېلىپ، قورشىۋېلىش ۋە ئايلىنىپ يۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، دۈشمەنگە مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ھۇجۇم قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قالغىلى، دۈشمەننىڭ كۈچىنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ئاندىن قالسا، مەلۇم ئەسكىرىي كۈچ دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئالاھىدە زور بولىدۇ، چۈنكى ئۇ دۈشمەننىڭ نەقلىيات يوللىرىنى ۋە گېنجۇيدىلىرىنى پاراكەندە قىلىدۇ. ئۇدۇل تەرەپتە جەڭ قىلىۋاتقان قوشۇنلارمۇ نوقۇل مۇداپىئە كۆرىدىغان ئۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولمايدۇ، ئاساسەن، «قايتۇرما ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش»نى قوللىنىشى لازىم. بىرقانچە ئايدىن بۇيانقى ھەربىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى — ئۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى. ھازىر 8 ـ ئارمىيە قوللىنىۋاتقان ئۇرۇش ئۇسۇلىنى بىز، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا

بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان پارتىزان ئۇرۇشى ۋە يۇندۇگچەن، دەپ ئاتايمىز. بۇ بىزنىڭ ئىلگىرى ئىچكى ئۇرۇش ۋاقتىدا قوللانغان ئۇرۇش ئۇسۇلىمىزغا تۇپ پىرىنسىپ جەھەتتىن ئوخشايدۇ، لېكىن بەزى پەرقلەرمۇ بار. ھازىرقى مۇشۇ باسقۇچتىكى ئەھۋالنى ئالساق، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ئىشلەتكەن ۋاقىتلار ئازراق، ئەسكىرىي كۈچنى بولۇپ ئىشلەتكەن ۋاقىتلار كوپرەك بولۇۋاتىدۇ، بۇ، كەڭ جايلاردا دۈشمەننىڭ يان تەرەپلىرىگە ۋە ئارقا سېپىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈندۇر. پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوشۇنلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ سانى كوپ بولغانلىقتىن، بىر قىسمىنى ئۇدۇل تەرەپنى ساقلاشقا، يەنە بىر قىسمىنى بولۇنۇپ پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا سېلىش لازىم، ئاساسىي كۈچلەرنىمۇ ھەمىشە دۈشمەننىڭ يان تەرەپلىرىگە توپلاپ سېلىش لازىم. ھەربىي جەھەتتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم مەقسەت — ئوزىنى ساقلاش، دۈشمەننى يوقىتىش، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بولسا، مۇستەقىل ئوزىگە ئوزى خوجا بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان پارتىزان ئۇرۇشى ۋە يۇندۇگچەننى قوللىنىپ، بارلىق بىيدۇڭ ۋە قېتىپ قالغان ئۇرۇش ئۇسۇلىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر كوپ ساندىكى قوشۇنلار يۇندۇگچەن ئېلىپ بارسا، 8 ـ ئارمىيە ئۇلارغا پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن ياردەم بېرىدىغان بولسا، غالىبىيەتنىڭ كاپالەتنامىسى چوقۇم بىزنىڭ قولىمىزدا بولىدۇ.

ئەمدى سىياسىي خىزمەت مەسىلىسىگە ئوتىمەن. 8 ـ ئارمىيىدە يەنە ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئىنتايىن روشەن بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ سىياسىي خىزمىتى. 8 ـ ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئۈچ تۇپ پىرىنسىپى بار: بىرىنچى، جۇنگوەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ

بىرلىكى پىرىنسىپى، بۇ ئارمىيىدە فېئودالىزىمنى يوقىتىش، ئۇرۇش ـ تىللاش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ئاڭلىق ئىنتىزام ئورنىتىش، تۇرمۇشتا ھالاۋەتتىمۇ ـ مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولۇشتىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئارمىيە بىردەك ئىتتىپاق. ئىككىنچى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلىكى پىرىنسىپى، بۇ قىلچىلىك نەرسىگىمۇ قول تەككۈزمەيدىغان ئاممىۋى ئىنتىزامنى يۈرگۈزۈش، خەلق ئاممىسى ئىچىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى تەشكىللەش ۋە قوراللاندۇرۇش، خەلق ئاممىسى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي سېلىقنى يېنىكلىتىش، ئارمىيىگە ۋە خەلققە زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارغا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ئارمىيە بىلەن خەلق بىردەك ئىتتىپاق، ئارمىيە ھەممە يەردە خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىگە. ئۈچىنچى، دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاش، ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش پىرىنسىپى. بىزنىڭ غەلىبىمىز ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىغىمۇ باغلىق. دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاش ۋە ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش چارىسى ھازىر تېخى روشەن ئۈنۈم بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىدە چوقۇم ئۈنۈم بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئىككىنچى پىرىنسىپقا ئاساسەن، 8-ئارمىيىنى تولۇقلاشتا خەلقنى زورلاش ئۇسۇلى قوللىنىلماي، بەلكى خەلقنى ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، بۇ چارىنىڭ ئۈنۈمى زورلاش چارىسىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ چوڭ بولدى.

ھازىر خېيبېي، چاخار، سۈيۈەنلەر ۋە شەنشىنىڭ بىر قىسمى قولدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ھەرگىز روھسىزلانمايمىز،

پۈتۈن ئارمىيىمىزنى بارلىق دوست ئارمىيەلەر بىلەن ماسلىشىپ، سەنشىنى قوغداش ۋە قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاخىرغىچە قانلىق جەڭ قىلىشقا قەتئى چاقىرىمىز. 8 - ئارمىيە باشقا جۇڭگو قوشۇنلىرى بىلەن بىردەك ھەرىكەت قىلىپ، سەنشىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى قەتئى داۋاملاشتۇرىدۇ؛ بۇ پۈتۈن ئۇرۇش ئۈچۈن، بولۇپمۇ خۇابېي-دىكى ئۇرۇش ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوئال: سىزنىڭ قارىشىڭىزچە، 8- ئارمىيىنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقلىرى باشقا جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ قوللىنىشىغىمۇ مۇۋاپىق كېلەمدۇ؟

جاۋاپ: پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ. گومىنداڭ ئارمىيىسى 1924 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە بولغان دەۋردە بۈگۈنكى 8 - ئارمىيە-نىڭكىگە ئومۇمەن ئوخشاش روھقا ئىگە ئىدى. ئۇ چاغدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بىلەن گومىنداڭ ھەمكارلىشىپ تەشكىل قىلغان يېڭى تۈزۈمدىكى ئارمىيە دەسلەپتە ئاران ئىككى تۇەنلا بولغان بولسىمۇ، ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن قوشۇنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىرىنچى نۆۋەتتە چېن جيۇڭمىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان ئىدى. كېيىن كېڭىيىپ بىر جۈن بولۇپ، تېخىمۇ كۆپلىگەن قوشۇنلارغا تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بېيفا ئۇرۇشى ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئارمىيىدە بىر تۈرلۈك يېڭى كەيپىيات بار ئىدى، جۇنگۇەنلەر بىلەن ئەسكەرلەر ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق ئومۇمەن ئىتتىپاق ئىدى، ئارمىيىدە قەھرىمان-لارچە ئىلگىرىلەيدىغان ئىنقىلاۋىي روھ تولۇپ - تاشقان ئىدى. ئۇ چاغدا ئارمىيىدە پارتىيە ۋەكىلى ۋە جېڭجىبۇ تۈزۈمى ئورنىتىلغان ئىدى، بۇنداق تۈزۈم جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلمىگەن بولۇپ، بۇ تۈزۈم ئارقىسىدا ئارمىيە پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرگەن ئىدى.

1927 ـ يىلىدىن كېيىنكى قىزىل ئارمىيىمۇ ۋە بۈگۈنكى 8 ـ ئارمىيىمۇ بۇ تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. 1924 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپ دەۋرىدە يېڭى روھقا ئىگە ئارمىيە مەيدانغا كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇلىمۇ، تەبىي، ئۇزىنىڭ سىياسى روھىغا ماس ئىدى، ئۇ بىپىدۇڭ ۋە قېتىپ قالغان ئۇرۇش ئۇسۇلىنى ئەمەس، بەلكى جۇدۇڭ، جانلىق ۋە ھۇجۇم قىلىش روھىغا باي ئۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان، شۇڭا بىيىغا ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغان ئىدى. ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانلىرى دەل ئەنە شۇنداق ئارمىيىگە مۇھتاج. بۇنداق ئارمىيىنىڭ بىرقانچە مىليون كىشىلىك بولۇشى شەرت ئەمەس، بىرقانچە يۈز مىڭ كىشى مەركەز قىلىنسىلا، ياپون جاھانگىرلىكىنى يەڭگىلى بولىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوشۇنلارنىڭ قەھرىمانلارچە پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىگە بەكمۇ قايىلمىز، لېكىن قانلىق ئۇرۇشلاردىن مەلۇم ساۋاقلارنى ئېلىشقا توغرى كېلىدۇ.

سوئال: ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش سىياستى ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىنتىزامى ئالدىدا ئۈنۈم بەرمەسمىكىن؟ مەسىلەن، قويۇپ بېرىلگەنلەر قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ياپونىيە تەرەپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، پۈتۈن ياپونىيە ئارمىيىسى سىلەرنىڭ سىياستىڭلارنىڭ ئەھمىيىتىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ.

جاۋاپ: بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار قانچىكى كۆپ ئۆلتۈرسە، ياپونىيە ئارمىيىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ جۇڭگو ئارمىيىسىگە بولغان خەيرىخاھلىقىنى شۇنچە قوزغايدۇ. بۇنداق ئىشنى ئەسكەرلەر ئاممىسىدىن يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ سىياستىمىز قەتئىي

داۋاملاشتۇرۇلىدۇ؛ مەسىلەن، ھازىر ياپونىيە ئارمىيىسى 8 ـ ئارمىيىگە قارشى زەھەرلىك گاز ئىشلىتىش توغرىسىدا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق جار سالماقتا، ئۇلار شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىمىز يەنىلا ئۆزگەرمەيدۇ. بىز ئەسىر ئېلىنغان ياپون ئەسكەرلىرى ۋە ئۇرۇشقا مەجبۇرى قاتناشتۇرۇلغان بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلارغا يەنىلا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋېرىمىز، ئۇلارنى ھاقارەتلىمەيمىز ۋە ئەيىپلىمەيمىز، ئۇلارغا ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى مەنپەئەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىمىز. قايتىشنى خالىمايدىغانلىرى 8 ـ ئارمىيىدە خىزمەت قىلىشى مۇمكىن. كەلگۈسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانىدا ئەگەر «خەلقارا زۇڭدۇي» ۋۇجۇتقا كېلىپ قالسا، ئۇلار شۇ زۇڭدۇيغا كىرىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشى مۇمكىن.

## ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى تەسلىمچىلىك

سوئال: مېنىڭ بىلىشىمچە، ياپونىيە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىۋېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن شاڭخەيدە تىنچلىق ھاۋاسى تارقىتىۋاتىدۇ. ياپونىيىنىڭ مەقسىدى زادى نىمە؟

جاۋاپ: ياپون جاھانگىرلىكى ئۆزى كۆزلىگەن مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن، ئۈچ مەقسەتنى كۆزلەپ، تىنچلىق دىگەن تۇتەكلىك ئوقنى يەنە ئاتىدۇ. بۇ ئۈچ مەقسەت مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) ئىگىلىۋالغان جايلىرى...

قىلىش ئۈچۈن، ئىگىلىگەن جەبھىلىرىنى مۇستەھكەملەش؛ (2) جۇڭگو-نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سېپىنى پارچىلاش؛ (3) دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش سېپىنى بۇزۇش. ھازىرقى تېچلىق ھاۋاسى تېچلىق دېگەن تۇتەكلىك ئوقنى ئېتىشنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت. خەۋپ شۇ يەردىكى، جۇڭگودا بەزى تۇراق-سىز ئۇنسۇرلار قاراپ تۇرۇپ دۈشمەننىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، شۇنىڭ بىلەن ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، تۈرلۈك پىتنە-پاساتلارنى تارقاتماقتا، جۇڭگونى ياپون قاراقچىلىرىغا تەسلىم قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

سوئال: سىزنىڭچە، بۇ خەۋپنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇنۇ ئىككى تۈرلۈكتىن باشقىچە بولمايدۇ، بىرى، جۇڭگو خەلقى تەسلىمچىلىكنى يېڭىپ چىقىدۇ؛ بىرى، تەسلىمچىلىك ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، جۇڭگو پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپ قالىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپ پارچىلىنىشقا يۈز تۇتىدۇ.

سوئال: بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدىن قايسىسىنىڭ ئېھتىمالى كۆپرەك؟

جاۋاپ: جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشنى بىردەك تەلەپ قىلىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدە ئەگەر بىر قىسىم كىشىلەر ھەرىكەتتە تەسلىم بولۇش يولىغا ماڭىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قالغان قەتئىي بىر قىسمى چوقۇم قوزغىلىپ، ئۇلارغا قارشى چىقىدۇ ۋە خەلق بىلەن بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنداق تەس-لىمچىلىك يولىغا مېڭىش ئەھۋالى، ئەلۋەتتە، جۇڭگونىڭ ياپون

باسقۇنچىلارنىڭ قارشى ئۇرۇش سېپى ئۇچۇن بەختسىزلىك. لېكىن، مەن ئىشىنىمەنكى، تەسلىمچىلەر ئاممىگە ئىگە بولالمايدۇ؛ ئاممە تەسلىمچىلىكنى يېڭىپ، ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

سوئال: تەسلىمچىلىكنى قانداق قىلغاندا تۇگەتكىلى بولىدىكىن؟

جاۋاپ: سوز ـ مەتبۇئاتتا تەسلىمچىلىكنىڭ خەۋپىنى كورستىش، ھەرىكەتتە خەلق ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەسلىمچىلىك ھەرىكەتلىرىنى توسۇش كېرەك. تەسلىمچىلىكنىڭ مەنبەئى مىللى مەغلۇبىيەتچىلىكتە، يەنى مىللى ئۇمىتسىزلىكتە، بۇنداق ئۇمىتسىزلىك، جۇڭگو ئۇرۇشلاردا يېڭىلىدى، مانا ئەمدى ياپون باسقۇنچىلارنىڭ قارشى تۇرۇشقا چامىسى يەتمەيدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. مەغلۇبىيەت دەل مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى، مەغلۇبىيەت تەجرىبىلىرىدىن ئېلىنغان ساۋاقلار كەلگۈسىدىكى غەلىبىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇمىتسىزلىك پەقەت ياپون باسقۇنچىلارنىڭ قارشى ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەتلەرنىلا كورىدۇ، ياپون باسقۇنچىلارنىڭ قارشى ئۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كورمەيدۇ، بولۇپمۇ مەغلۇبىيىتىمىز ئىچىدە غالىبىيەت ئامىللىرىنىڭ بارلىقىنى، دۇشمەن تەرەپنىڭ بولسا، غالىبىيىتىنىڭ ئىچىدە مەغلۇبىيەت ئامىللىرى بارلىقىنى كورمەيدۇ. بىز خەلق ئاممىسىگە ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت ئىستىقبالىنى كورستىپ، مەغلۇبىيەت ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۇرەش قىلىۋېرىدىغانلا بولساق، ئاخىرقى غالىبىيەت چوقۇم بىزنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. تەسلىمچىلەر ئاممىۋى ئاساستىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇز ھىلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئىشلىتىشكە ئورۇن تاپالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپ مۇستەھكەملىنىدۇ.

# دېموكراتىك تۈزۈم ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش

سوئال: گوڭچەنداڭ ئۆز گاگلىگىدا ئوتتۇرىغا قويغان «دېموكرا- تىيە» قانداق مەنىدە؟ ئۇنىڭ بىلەن «ئۇرۇش ۋاقتى ھوكۇمىتى» بىر - بىرىگە توقۇنۇش كېلىپ قالامدۇ؟

جاۋاپ: ھېچبىر توقۇنۇش كەلمەيدۇ. گوڭچەنداڭ 1936 - يىل 8 - ئايدىلا «دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت» دىگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ شوئارنىڭ سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىكى مەنىسى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) دولەت ۋە ھوكۇمەت بىر سىنىپنىڭ دولىتى ۋە ھوكۇمىتى بولماستىن، بەلكى ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار چەتكە قېقىپ چىقىرىۋېتىلگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق سىنىپلار ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزگەن دولەت ۋە ھوكۇمەت بولىدۇ، ئۇلار ئىشچىلارنى، دىخانلارنى ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. (2) ھوكۇمەتنىڭ تەشكىلىي شەكلى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بولىدۇ، ئۇ دېموكراتىك بولىدۇ، شۇنداقلا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ، ئۇنىڭدا دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشتەك تۇرغان ئىككى نەرسە مەلۇم شەكىلدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ. (3) ھوكۇمەت خەلققە زورۇر بولغان ھەممە سىياسى ئەركىنلىكلەرنى، بولۇپمۇ تەشكىللىنىش، تەلىم ئېلىش ۋە قۇراللىنىپ ئۆزىنى قوغداش ئەركىنلىكلىرىنى بېرىدۇ. بۇ ئۈچ

تەرەپتىن قارىغاندا، دېموكراتىيە بىلەن «ئۇرۇش ۋاقتى ھوكۇمىتى» ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش يوق، بۇ — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پايدىلىق بولغان دولەت تۈزۈمى ۋە ھوكۇمەت تۈزۈمىنىڭ دەل ئۆزى.

سۇئال: بىراق «دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۇرۇش» ئاتالغۇ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە زىت نەرسىلەر ئەمەسمۇ؟

جاۋاپ: ئاتالغۇغىلا قارىماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتكە قاراش كېرەك. دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدا ئوتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ھاڭ يوق، چوڭگو ئۇچۇن بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى زورۇر. بىر تەرەپتىن، بىز تەلەپ قىلىۋاتقان ھوكۇمەت خەلق ئىرادىسىگە ھەقىقەتەن ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھوكۇمەت بولۇشى لازىم؛ بۇ ھوكۇمەت پۈتۈن چوڭگودىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە ھىمايىسىگە جەزمەن ئىگە بولۇشى، خەلقمۇ جەزمەن بۇ ھوكۇمەتنى ئەركىن رەۋىشتە قوللىيالايدىغان بولۇشى ۋە ھوكۇمەت سىياستىگە تەسىر كورسىتىش ئۇچۇن بارلىق پۇرسەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم. مانا بۇ — دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ مەنىسى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەمۇرىيەت ھوقۇقىنىڭ مەركەزلەشتۇرۇلۇشى زورۇر؛ خەلق تەلەپ قىلغان سىياسەت خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگانلار ئارقىلىق خەلق ئۆزى سايلىغان ھوكۇمەتكە تاپشۇرۇلغاندا، ھوكۇمەت تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ، ئىجرا قىلىشتا خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە ماقۇللانغان فاڭجېنغا خىلاپلىق قىلىنمىسىلا، ئۇنىڭ ئىجراسى توسالغۇسىز ـ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. مانا بۇ — مەركەزلەشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ مەنىسى. دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۇرۇش تۈزۈمى قوللىنىلغاندىلا، ھوكۇمەتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئالاھىدە زور بولىدۇ،

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا دۆلەت مۇداپىيەسى خاراكتېرىدىكى ھوكۇمەت مۇشۇنداق دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى چەزمەن قوللىنىشى لازىم.

سۇئال: بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ۋاقتى نىيىگىسى تۈزۈمى بىر-بىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغاندۇ؟

جاۋاپ: بۇنىڭ بىلەن تارىختىكى بەزىبىر ئۇرۇش ۋاقتى نىيىگىسى تۈزۈملىرى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

سۇئال: مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىمۇ بولغانمۇ؟

جاۋاپ: مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىمۇ بولغان. ئۇرۇش ۋاقتىدىكى سىياسى تۈزۈملەرنى ئومۇمەن ئىككى تۈرگە بولۇش مۇمكىن، بىرى — دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى، بىرى — مۇتلەق مەركەز-لەشتۈرۈش تۈزۈمى، بۇلارنى ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ. تارىختىكى بارلىق ئۇرۇشلارنى خاراكتېرىغا قاراپ ئىككى تۈرگە بولۇش مۇمكىن، بىرى — ئادالەتلىك ئۇرۇش، بىرى — ئادالەتسىز ئۇرۇش. مەسىلەن، بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل بۇرۇنقى ياۋروپا ئۇرۇشى جاھانگىرلىك خاراكتېرىدىكى ئادالەتسىز ئۇرۇش ئىدى. ئۇ چاغدا ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ھوكۇمەتلىرى خەلقنى جاھانگىرلىكنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىگە خىلاپلىق قىلدى؛ بۇنداق ئەھۋالدا، ئەنگلىيىدىكى لويد جورج ھوكۇمىتىگە ئوخشاش ھوكۇمەتلەر لازىم بولدى. لويد جورج ئەنگلىيە خەلقىنى ئېزىپ، جاھانگىرلىك ئۇرۇ-شىغا قارشى سۆزلەرنى قىلىشقا يول قويمىدى، خەلقنىڭ مۇشۇنداق ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرقانداق ئورگانلارنىڭ ۋە يىغىلىشلار-نىڭ بولۇشىغا يول قويمىدى؛ گوخۇي يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان

بولسىمۇ، ئۇمۇ بۇيرۇق بويىچە ئۇرۇش يۈيسۈەنلىرىنى ماقۇللايدىغان
گوخۇيدىن، شۇنىڭدەك بىر تۈركۈم جاھانگىرلارنىڭ ئورگىنىدىن
ئىبارەت بولۇپ قالدى. ھوكۇمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش
ئۈستىدە بىردەكلىك بولمىغانلىقى نەتىجىسىدە مەركەزلەشتۈرۈشنىلا
لازىم تېپىپ، دېموكراتىيىنى لازىم تاپمايدىغان مۇتلەق مەركەزلەش-
تۈرۈلگەن ھوكۇمەت پەيدا بولدى. لېكىن تارىختا ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش-
لارمۇ بولغان، مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى، روسىيە-
نىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى، ھازىر ئىسپانىيىدە بولۇۋاتقان ئىنقىلاۋىي
ئۇرۇش. بۇنداق ئۇرۇشلاردا ھوكۇمەت خەلق ئۇرۇشنى قوللىماس-
لىكىن دەپ ئەندىشە قىلمايدۇ، چۈنكى خەلق بۇنداق ئۇرۇشنىڭ
ئېلىپ بېرىلىشىنى بەكمۇ خالايدۇ؛ ھوكۇمەتنىڭ ئاساسى خەلقنىڭ
ئىختىيارىي قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن ھوكۇمەت خەلقتىن قورقۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى خەلقنى
ئويغىتىشى، خەلقنى پىكىر بايان قىلىشقا دەۋەت قىلىشى، شۇنىڭ
بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇشى لازىم بولىدۇ.
جۇڭگونىڭ مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشىغا خەلق پۈتۈنلەي قوشۇلىدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش خەلقنىڭ قاتنىشىشىسىز غەلىبە قازىنالمايدۇ،
شۇنىڭ ئۈچۈن دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى زورۇر
بولۇپ قالماقتا. جۇڭگودا 1926 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە داۋام
قىلغان بېيفا ئۇرۇشىمۇ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە
تايىنىپ غەلىبە قازانغان ئىدى. بۇنىڭدىن كورگىلى بولىدۇكى،
ئۇرۇشنىڭ مەقسىدى توغرىدىن ـ توغرى خەلق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك
قىلغان چاغدا، ھوكۇمەت قانچىكى دېموكراتىك بولسا، ئۇرۇشنى
شۇنچە ئوڭاي ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇنداق ھوكۇمەت خەلق

ئۇرۇشقا قارشى چىقارمىسىكەن دەپ قورقماسلىقى، ئەكسىچە، بۇ
هوكۇمەت خەلقنىڭ قوزغالماي قىلىشى ۋە ئۇرۇشقا سالقىن قارىشى-
دىن تەشۋىشلىنىشى كېرەك. ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى هوكۇمەت بىلەن
خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدۇ، بۇ ـــ بىر تارىخىي
پىرىنسىپ.

سوئال: ئۇنداق بولسا، سىلەر يېڭى سىياسى تۈزۈمنى قانداق
تەدبىرلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

جاۋاپ: بۇنىڭ تۇنجىسى گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ
ھەمكارلىقىدا.

سوئال: نىمە ئۈچۈن؟

جاۋاپ: جۇڭگونىڭ 15 يىلدىن بۇيانقى سىياسى ۋەزىيىتىدە
گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ مۇناسىۋىتى هەل قىلغۇچ ئامىل
بولۇپ كەلدى. 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىككى
پارتىيە ھەمكارلىقى بىرىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىنى
ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى. 1927 ـ يىلى ئىككى پارتىيىنىڭ بولۇنۇشى
10 يىلدىن بۇيانقى بەختسىزلىك ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلدى. لېكىن
بولۇنۇشنىڭ مەسئۇلىيىتى بىزدە ئەمەس، بىز گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا
قارشى تۇرۇش تەرىپىگە مەجبۇرى ئۆتتۇق، بىز جۇڭگونى ئازات
قىلىشنىڭ شانلىق تۇغىنى چىڭ تۇتۇپ كەلدۇق. ھازىر ئۈچىنچى
باسقۇچقا كىردۇق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى
قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئىككى پارتىيە مەلۇم ئاساسدا تولۇق
ھەمكارلىشىشى لازىم. بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىششىمىز ئارقىسىدا،
بۇ ھەمكارلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن بولدى، ئەمدى گەپ ھەر ئىككى
تەرەپنىڭ بىر ئورتاق ئاساسنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە بۇ ئاساسنىڭ

ئاساسىدا ھەرىكەتكە كېلىشىدە. يېڭى سىياسى تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلى-
شى — بۇ گاڭلىگىنىڭ مۇھىم قىسمى بولىدۇ.

سۇئال: قانداق قىلغاندا ئىككى پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىلىق يېڭى تۈزۈم ئورنىتىشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

جاۋاپ: بىز ھوكۇمەت ئاپاراتىنى ۋە ئارمىيە تۈزۈمىنى ئۆزگەر-
تىشنى تەكلىپ قىلىۋاتىمىز. نوۋەتتىكى جىددى ئەھۋالغا جاۋاپ
بېرىش ئۈچۈن، بىز ۋاقىتلىق گومىنداخۇي چاقىرىشنى تەكلىپ
قىلدۇق. بۇ گومىنداخۇينىڭ ۋەكىللىرىنى، ئۇمۇمەن، سۇن جۇڭشەن
ئەپەندىنىڭ 1924 - يىلدىكى تەشەببۇسىغا ئاساسەن، ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى پارتىيە - گۇرۇھلار، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
قوشۇنلار، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە
سودا - سانائەتچىلەر تەشكىلاتلىرى مەلۇم نىسبەت بويىچە سايلاپ
چىقىشى كېرەك. بۇ گومىنداخۇي خىزمەت ھوقۇقى جەھەتتىن دولەت-
نىڭ ئەڭ ئالى ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇشى لازىم، ئۇ ۋەتەننى
قۇتقۇزۇش فاڭجېننى بەلگىلىشى، شيەنفا داگاڭنى ماقۇللىشى ۋە
ھوكۇمەتنى سايلىشى كېرەك. بىز، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش جىددى بۇرۇلۇش پەيتىگە يېتىپ كەلدى، پەقەت مۇشۇنداق
ھاكىمىيەت ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ۋە خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك
قىلالايدىغان گومىنداخۇينى تېز چاقىرغاندىلا، سىياسى قىياپەتنى
يېڭىلىغىلى، ۋەزىيەت ۋېيجىسىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايمىز.
بىز بۇ تەكلىپ توغرىسىدا گومىنداڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇۋاتىمىز،
ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىششنى ئۈمىت قىلىمىز.

سۇئال: گومىنجېڭفۇ گومىنداخۇينى چاقىرىشنىڭ توختىتىلغانلىقىنى ئېلان قىلدىمۇ؟

جاۋاپ: ئۇنىڭ توختىتىلغانلىقى توغرى بولدى. توختىتىلغىنى — گومىنداڭ ئىلگىرى چاقىرماقچى بولغان گومىنداخۇي، ئۇ گومىنداخۇي گومىنداڭنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھېچبىر ھاكىمىيەت ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ سايلىمى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە تۈپتىن مۇۋاپىق كەلمەيتتى. ئۇنداق گومىنداخۇينى بىز ماقۇل كورمەيمىز، جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكىلەرمۇ ماقۇل كورمەيدۇ. ھازىر بىز تەكلىپ قىلىۋاتقان ۋاقىتلىق گومىنداخۇي چاقىرىلىشتىن توختىتىلغان گومىنداخۇيغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ۋاقىتلىق گومىنداخۇي ئېچىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ قىياپىتى جەزمەن يېڭى تۈسكە كىرىدۇ، ھوكۇمەت ئاپپاراتىنى ئۆزگەرتىش، ئارمىيىنى ئۆزگەرتىش ۋە خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش زورۇر ئالدىنقى شەرتكە ئىگە بولىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش پەيتى، ھەقىقەتەن، ئەنە شۇنىڭغا باغلانغان.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ شاڭخەي ۋە تەييۈەن قولدىن كەتكەندىن كېيىنكى ۋەزىيىتى ھەم ۋەزىپىلىرى*

(1937-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى)

## 1. ھازىرقى ۋەزىيەت — بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئومۇمىيۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەت

1. بىز ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى بولغان بارلىق ئۇرۇشنى بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بولغان تەقدىردىمۇ قوللايمىز. چۈنكى ئۇ قارشى تۇرماسلىققا قارىغاندا بىر قەدەم ئالغا باسقان، چۈنكى ئۇ ئىنقىلاۋىلىققا

ئىگە، چۇنكى ئۇ، شۇنداقلا، ۋەتەننى قوغداش ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

2. لېكىن بىز ئالىلقاچان (بۇ يىل 4 ـ ئايدا ئوتكۇزۇلگەن يەنئەن پارتىيە ئاكتىپلىرى يىغىنىدا، 5 ـ ئايدا ئوتكۇزۇلگەن پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ۋە 8 ـ ئايدا جۇڭيادىكى جېڭجۈيى ماقۇللىغان قاراردا①) كورسىتىپ ئوتكەن ئىدۇق: خەلق ئاممىسى قاتناشتۇرۇلماي، يالغۇز ھوكۇمەتلا ئېلىپ بارىدىغان بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. چۇنكى ئۇ تولۇق مىللى ـ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئەمەس، چۇنكى ئۇ ئاممىۋى ئۇرۇش ئەمەس.

3. بىز پۇتۇن مەملىكەت خەلقى ئومۇمى سەپەرۋەر قىلىنىغان تولۇق مىللى ـ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنى، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئومۇميۇزلۇك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قۇۋۋەتلەيمىز. چۇنكى مۇشۇنداق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشلا ئاممىۋى ئۇرۇش بولىدۇ، مۇشۇنداق ئۇرۇش بىلەنلا ۋەتەننى قوغداش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ.

4. گومىنداڭ قۇۋۋەتلىگەن بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش گەرچە مىللى ئۇرۇش بولسىمۇ، گەرچە ئىنقىلاۋىلىقا

* بۇ ــ يولداش ماۋ زېدۇڭ 1937 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئوتكۇزۇلگەن يەنئەن پارتىيە ئاكتىپلىرى يىغىنىدا قىلغان دوكلاتىنىڭ تىگاكى. شۇ چاغدىن باشلاپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئوڭچىل جىخۇيجۇيىچىلار بۇ تىگاكىغا قارشى تۇرۇپ كەلدى، تا پارتىيىنىڭ 6 ـ نوۋەتلىك مەركىزىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ 1938 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئوتكۇزۇلگەن 6 ـ ئومۇمىيغىنىغا كەلگەندىلا، بۇ ئوڭ ئېغىش ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى.

ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىلىقى بەكمۇ تولۇقسىز. بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇرۇشنى چوقۇم مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، ۋەتەننى هەرگىز قوغدىيالمايدۇ.

5. بۇ ــ گۇئچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەشەببۇسى بىلەن هازىرقى ۋاقىتتىكى گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەشەببۇسى ئوتتۇرىسىدىكى پرىنسىپلىق ئىختىلاپ. گۇئچەنداڭ ئەزالىرى، ئەگەر بۇ پرىنسىپلىق ئىختىلاپنى ئۇنۇتۇپ قالسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا توغرى يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ، گومىنداڭنىڭ بىرتەرەپلىمىلىكلىكىنى يېڭىشكە چامىسى يەتمەيدۇ ـ دە، كوممۇنىزىمچىلارنى پرىنسىپسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، گۇئچەنداڭنى گومىنداڭ دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلار مۇقەددەس مىللى ـ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش هەم ۋەتەننى قوغداش ۋەزىپىسى ئالدىدا جىنايەت قىلغان بولىدۇ.

6. تولۇق مىللى ـ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا گۇئچەنداڭ ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماددىلىق گائىلىگىنى ئىجرا قىلىش لازىم، بۇ گائىلىگىنى تولۇق ئىجرا قىلىدىغان هوكۇمەت ۋە ئارمىيە بولۇشى لازىم.

7. شائخەي ۋە تەيۋەن قولدىن كەتكەندىن كېيىنكى ۋەزىيەت مۇنداق:

(1) خۇابېيدا گومىنداڭنى جۇتى قىلغان مۇنتىزىم ئۇرۇش ئاياقلاشتى، گۇئچەنداڭنى جۇتى قىلغان پارتىزان ئۇرۇشى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. جياڭسۇ ـ جېجياڭدا گومىنداڭنىڭ سېپى بۇزۇپ تاشلاندى، ياپون قاراقچىلىرى نەنجىڭغا ۋە چاڭجياڭ ۋادىسىغا

قاراپ ھۇجۇم قىلماقتا. گومىنداڭنىڭ بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئۇزىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلالمايدىغانلىقىنى كورسەتتى.

(2) ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق دولەتلەرنىڭ ھوكۇمەتلىرى ئۇزلىرىنىڭ جاھانگىرلىك مەنپەئەتلىرى ئۇچۇن جۇڭگوغا ياردەم قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۇرگەن بولسىمۇ، تېخىچە ئېغىزدىكى خەيرخاھلىق بىلەنلا چەكلىنىپ، ھېچقانداق ئەمەلىي كۇچ بىلەن ياردەم قىلمايۋاتىدۇ.

(3) گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرى ياپون جاھانگىرلىكىگە بارلىق كۇچى بىلەن ياردەم بېرىۋاتىدۇ.

(4) گومىنداڭ ئۇزىنىڭ بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشتا دەستەك قىلىۋاتقان بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ۋە خەلققە قاراتقان ئىستىبداتلىق سىياسىتىنى پىرىنسىپ جەھەتتىن ئۇزگەرتىشنى تېخى خالىمايۋاتىدۇ.

مانا بۇلار بىر تەرەپتىكى ئەھۋال.

يەنە بىر تەرەپتە بولسا، توۋەندىكىچە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ:

(1) گۇڭچەنداڭ ۋە 8 ـ ئارمىيىنىڭ سىياسى تەسىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ۋە ناھايىتى چاپسان كېڭەيمەكتە، «مىللەتنىڭ نىجات يۇلتۇزى» دېگەن شوھرىتى پۇتۇن مەملىكەتكە تارالماقتا. پۇتۇن مەملىكىتىمىزنى قوغداش، جۇڭگو ۋە شىبېيگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ياپون قاراقچىلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۇچۇن، گۇڭچەنداڭ ۋە 8 ـ ئارمىيە خۇابېيدىكى پارتىزان ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىدى.

(2) ئاممىۋى ھەرىكەتلەر بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ قانات يايدى.

(3) مىللى بۇرژۇئازىيە سولغا مايىل بولۇۋاتىدۇ.

(4) گومىنداڭ ئىچىدە هازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى قۇۋۋەتلىگۈچى كۈچلەر ئۆسۈۋاتىدۇ.

(5) دۇنيا خەلقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى تۇرۇش ۋە جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتى راۋاجلىنىۋاتىدۇ.

(6) سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ئەمەلىي كۈچ بىلەن ياردەم بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

بۇلار يەنە بىر تەرەپتىكى ئەھۋال.

8. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئومۇميۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇزاق داۋام قىلىشقا چامىسى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئومۇميۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېخى باشلانمىدى. بۇ ــ سىرىقتال ۋاقتى بولۇۋاتقان، ۋېيىچى ئېغىر بولۇۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋر.

9. بۇ دەۋردە جۇڭگونىڭ بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى مۇنۇ ئۈچ يۈنىلىشنىڭ بىرىگە قاراپ راۋاجلىنىشى مۇمكىن:

بىرىنچى يۈنىلىش ــ بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئورنىغا ئومۇميۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش. بۇ ــ مەملىكىتىمىزدىكى زور كوپچىلىكنىڭ تەلىپى، لېكىن گومىنداڭ بۇنىڭغا تېخى بەل باغلىمىدى.

ئىككىنچى يۈنىلىش ــ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى

ئايافلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئورنىغا تەسلىم بولۇش. بۇ — ياپون قاراقـ
چىلىرىنىڭ، ۋەتەن خائىنىلىرىنىڭ ۋە ياپونپەرەسلەرنىڭ تەلىۋى،
لېكىن بۇ جۇڭگودىكى زور كوپچىلىكنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

ئۈچىنچى يونۇلۇش — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە
تەسلىم بولۇشنىڭ جۇڭگودا بىللە مەۋجۇت تۇرۇشى. بۇ، ياپون
قاراقچىلىرى، ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ياپونپەرەسلەرنىڭ ئىككىنچى
يونۇلۇشتىكى مەقسىدىگە يېتەلمەي قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ
جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سېپىنى بۇزۇش ئۈچۈن
قوللىنىدىغان سۇئىقەستلىك ھىلە - مىكرلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان
نەتىجە بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشنى پىلانلىماقتا. بۇ خەۋپ
جىددى تۇردە مەۋجۇت.

10. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، مەملىكەت ئىچىدە ۋە
خەلقارادا تەسلىمچىلىكنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىغا يول قويمايدىغان
ئامىللار ئۈستۈنلۈككە ئىگە. بۇ ئامىللار: ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى
قەتئىي مۇنقەرىز قىلىش فاكىجىنىنىڭ جۇڭگونى ئۇرۇش قىلماي
بولمايدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويغانلىقى، گۇڭچەندانڭ ۋە
8 - ئارمىيىنىڭ مەۋجۇتلىقى، جۇڭگو خەلقىنىڭ تەلىۋى، گومىنداڭـ
نىڭ كوپچىلىك ئەزالىرىنىڭ تەلىۋى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە
فرانسىيىنىڭ گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەن ئۆز مەنپەئەتلىرىگە
زەرەر يېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇتـ
لىقى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش فاكىجىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆتكەن چوڭقۇر ئۈمىدى (بۇ ئۈمىت قۇرۇق ئۈمىت
ئەمەس) ۋە باشقىلار. ئەگەر بۇ ئامىللار ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان
بولسا، تەسلىمچىلىك ۋە بولۇنۇش ئامىللىرىلا ئەمەس، بەلكى

بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بىلەن توختاپ قېلىش ئامىلىمۇ تۇگىتىلىدۇ.

11. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئۇمۇميۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئۆتۈش ئىستىقبالى مەۋجۇت. بۇ ئىستىقبالنى قولغا كەلتۈرۈش — جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ بارلىق ئەزالىرى، جۇڭگو گومىنداڭدىكى بارلىق تەرەققىيپەرۋەرلەر ۋە بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق ۋە جىددى ۋەزىپىسى.

12. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى - ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى هازىر ئېغىر ۋەزىيەت ئىچىدە تۇرماقتا. بۇ ۋەزىيەت ئۇزاققا سوزۇلۇشىمۇ مۇمكىن، چاپسانراق تۈگىتىلىشىمۇ مۇمكىن. ھەل قىلغۇچ ئامىللار ئىچكى جەھەتتە گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ھەمكارلىقى ۋە بۇ ھەمكارلىق ئاساسىدا گومىنداڭ سىياسىتىدە بولىدىغان بۇرۇلۇش، ئىشچى - دىخانلار ئاممىسىنىڭ كۈچى؛ تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى.

13. گومىنداڭ ئۇچۇن ئۆزىنى سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىن ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى بار، بۇنداق ئىمكانىيەتىمۇ بار[2]. بۇ، ئاساسەن، ياپونىيىنىڭ زۇلمى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ تەلىۋى، گومىنداڭنىڭ ئىچىدە يېڭى كۈچلەرنىڭ ئۆسكەنلىگىدىن بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز گومىنداڭنىڭ بۇ ئۆزگەرتىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇنى ھوكۇمەت ۋە ئارمىيىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسى قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئۆزگەرتىش، شەكسىزكى، گومىنداڭ جۇڭيانگىنىڭ رازىلىقى بىلەن بولۇشى كېرەك، بىز تەكلىپ بېرىش ئورنىدا تۇرىمىز.

14. ھوكۇمەتنى ئۆزگەرتىش. بىز ۋاقىتلىق گومىنداڭخۇي چاقىرىش فاكىتىنى ئۇتتۇرىغا قويدۇق، بۇمۇ زورۇر ۋە مۇمكىن. بۇ ئۆزگەر- تىشمۇ، شەكسىزكى، گومىنداڭنىڭ رازىلىقى بىلەن بولۇشى كېرەك.

15. ئارمىيىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى يېڭى ئارمىيە قۇرۇش ۋە كونا ئارمىيىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ئەگەر يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە 250 ـــ 300 مىڭ كىشىلىك يېڭى سىياسى روھقا ئىگە ئارمىيە قۇرۇلىدىغان بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بۇرۇلۇش كورۇلۇشكە باشلايدىغانلىقى چوقۇم. بۇنداق يېڭى ئارمىيە بارلىق كونا ئارمىيىلەرگە تەسىر كورسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جەنلۇبىلۇك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىنىڭ ھەربى ئاساسى بولىدۇ. بۇ ئۆزگەرتىشمۇ، ئوخشاشلا، گومىنداڭنىڭ رازىلىقى بىلەن بولۇشى كېرەك. 8 ـ ئارمىيە بۇ ئۆز- گەرتىش جەريانىدا نەمۇنىلىك رول ئوينىشى لازىم. 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئۆزى كېڭەيتىلىشى كېرەك.

## 2. پارتىيە ئىچىدىمۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك

### پارتىيە ئىچىدە، سىنىپنىڭ سىنىپقا بولغان تەسلىمچىلىگىگە قارشى تۇرۇش

16. 1927 ـ يىلدىكى چېن دۇشيۇ تەسلىمچىلىگى شۇ چاغدىكى ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ باردى. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى

تارىختىكى بۇ قانلىق ساۋاقنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى لازىم.

17. پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ لۇشيەنى ئۈستىدە، لۇگۇچياۋ ۋەقەسىدىن ئىلگىرى، پارتىيە ئىچىدىكى ئاساسىي خەۋپلىك خاھىش «سول»چىل جىخۇيجۇيى، يەنى گۇەنمېنجۇيى ئىدى. بۇ، ئاساسەن، گومىنداڭنىڭ تېخى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرمىغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان ئىدى.

18. لۇگۇچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن، پارتىيە ئىچىدىكى ئاساسىي خەۋپلىك خاھىش «سول»چىل گۇەنمېنجۇيى ئەمەس، بەلكى ئوڭچىل جىخۇيجۇيى، يەنى تەسلىمچىلىك بولۇپ قالدى. بۇ، ئاساسەن، گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن بولدى.

19. 4 - ئايدا يەنئەن پارتىيە ئاكتىپلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن چاغدا ۋە 5 - ئايدا پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن چاغدا، بولۇپمۇ 8 - ئايدا جۇڭياڭ جېڭجىجۇيى يىغىنى (لوچۇەن يىغىنى) ئۆتكۈزۈلگەن چاغدىلا بىز: بىرلىكسەپتە پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىگە رەھبەرلىك قىلامدۇ ياكى بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتقا رەھبەرلىك قىلامدۇ؟ گومىنداڭ گوڭچەنداڭنى ئۆزىگە تارتامدۇ ياكى گوڭچەنداڭ گومىنداڭنى ئۆزىگە تارتامدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. نوۋەتتىكى كونكرېت سىياسى ۋەزىيەتتە بۇ مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، گومىنداڭنى گوڭچەنداڭ تەشەببۇس قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماددىلىق گائىلىكى ۋە ئومۇميۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشمۇ ياكى گوڭچەنداڭنى گومىنداڭنىڭ پومېشچىك - بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسى

ۋە بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈشمۇ؟

20. مەسىلە نىمە ئۈچۈن بۇنداق كەسكىن قويۇلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى:

بىر تەرەپتىن، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مۇرەسسەچىللىكى، گومىنداڭنىڭ ئەمىلىي كۈچتىكى ئۈستۈنلۈكى، گومىنداڭ جۇڭگىياڭ 3-ئومۇمىيغىنىنىڭ خىتاپنامىسى ۋە قارارىدا گۇڭچەنداڭغا قىلىنغان تۆھمەت ۋە ھاقارەتلەر ھەم «سىنىپىي كۈرەشنى توختىتىش» دەپ ۋالاقلاشلار، گومىنداڭنىڭ «گۇڭچەنداڭنىڭ تەسلىم بولۇشى» توغرىسىدا چىن كۆڭلىدىن قىلغان ئارزۇلىرى ۋە كەڭ كولەملىك تەشۋىقاتلىرى، جياڭ جيېشىنىڭ گۇڭچەنداڭ ئۈستىدىن ئىستىبداتلىق قىلىش توغرىسىدىكى قەستى، گومىنداڭنىڭ قىزىل ئارمىيىگە قاراتقان چەكلەش ۋە ئاجىزلىتىش سىياسىتى، گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گىنجۇيىدىلەرگە قاراتقان چەكلەش ۋە ئاجىزلىتىش سىياسىتى، گومىنداڭنىڭ 7-ئايدا لۇشەن تەلىم-تەربىيە كۇرسىدا[3] ئوتتۇرىغا قويغان «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا گۇڭچەنداڭنىڭ كۈچىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى يوقىتىش» دېگەن سۇئىقەستلىك پىلانى، گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭ كادىرلىرىنى مەنسەپدار بولۇش ۋە باي بولۇشقا، ئەيشى-ئىشرەت ۋە كەيىپ-ساپاغا قىزىقتۇرۇشى، بەزىبىر ئۇششاق بۇرژۇئا تەنتەكلىرىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى تەسلىمچىلىك ھەرىكەتلىرى (جاڭ نەيچىنى ۋەكىل قىلغان[4]) ۋە باشقا ئەھۋاللار.

يەنە بىر تەرەپتىن، گۇڭچەنداڭ ئىچىدە نەزىرىيىۋى سەۋىيىنىڭ تەكشى بولمىغانلىقى، نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرىدا ئىككى پارتىينىڭ

بىيغا ئۇرۇش دەۋرىدىكى ھەمكارلىقنى توغرىسىدىكى تەجرىبىنىڭ كەم بولغانلىقى، پارتىيىمىز ئىچىدە ئۇششاق بۇرژۇئا تەركىۋىنىڭ كوپ ساندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىدا ئىلگىرىكى جاپالىق كۇرەش تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمايدىغان كەيپىياتنىڭ بولغانلىقى، بىرلىكسەپ ئىچىدە گومىنداڭ بىلەن مادارا قىلىدىغان پىرىنسىپسىز خاھىشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، 8 - ئارمىيىدە يېڭى جۇنفاجۇيىلىق خاھىشنىڭ پەيدا بولغانلىقى، گۇڭچەنداڭنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قاتنىشىش مەسىلىسىنىڭ تۇغۇلغانلىقى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۇيدىلەردە مادارا قىلىش خاھىشىنىڭ تۇغۇلغانلىقى ۋە باشقا ئەھۋاللار.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى تەرەپتىكى جىددى ئەھۋاللار سەۋەبىدىن، كىم - كىمگە رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم بولدى، تەسلىمچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم بولدى.

21. بىرقانچە ئايدىن بۇيان، ئاساسەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، گۇڭچەنداڭ جۇڭياڭى ۋە ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى پەيدا بولغان ۋە پەيدا بولۇشى ئېھتىمال بولغان ئەنە شۇنداق تەسلىمچىلىك خاھىشلىرىغا قارشى ئېنىق، قەتئىي كۇرەشلەرنى ئېلىپ باردى ۋە تېگىشلىك ساقلىنىش چارىلىرىنى كوردى ھەمدە ئۇلاردىن نەتىجە قازاندى.

ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش مەسىلىسى جەھەتتە، جۇڭياڭ بىر قارار لايىھىسى⑤ تارقاتتى.

8 - ئارمىيىدە يېڭى جۇنفاجۇيى خاھىشىغا قارشى كۇرەش باشلاندى. بۇنداق خاھىش قىزىل ئارمىيە قايتا تۈزۈلگەندىن كېيىن، بەزى

ئايرىم شەخسلەرنىڭ گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىگىنى قەتئىيەت بىلەن
قوبۇل قىلىشنى خالىماسلىقى، شەخسى قەھرىمانلىققا بېرىلىپ كېتىشى،
گومىنداڭنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىشىنى شەرەپ دەپ بىلىشى (مەنسەپدار
بولۇشنى شەرەپ دەپ بىلىشى) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەر
ئۈستىدە ئىپادىلەندى. بۇ يېڭى جۇنفاجۇيى خاھىشى گەرچە كىشى-
لەرنى ئۇرۇش، تىللاش، تەرتىپ-ئىنتىزامنى بۇزۇش ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش ھادىسىلەر ئۈستىدە ئىپادىلىنىدىغان كونا جۇنفاجۇيىلىق
خاھىشى بىلەن مەنبە (گۇڭچەنداڭنى گومىنداڭنىڭ دەرىجىسىگە
چۈشۈرۈپ قويۇش) جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت (ئاممىدىن ئايرىلىپ
قېلىش) جەھەتتىن بىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەن-
داڭنىڭ بىرلىكسېپى مەزگىلىدە پەيدا بولغان ۋە ئالاھىدە زور
خەتەرلىك تۈس ئالغان بولغاچقا، ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ،
ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئارىلاش-
قانلىقى سەۋەبىدىن بىكار قىلىنغان جېڭجېۋېيۇەنلىك تۈزۈمى،
گومىنداڭنىڭ ئارىلاشقانلىقى سەۋەبىدىن جېڭشۇنچۇ قىلىپ ئۆزگەر-
تىلگەن جېڭجېبۇنىڭ نامى ھازىر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «مۇستەقىل-
ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا تاغلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان
پارتىزان ئۇرۇشى»دىن ئىبارەت يېڭى جەڭلىۋى پىرىنسىپى ئوتتۇرىغا
قويۇلدى ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 8-ئارمىيىنىڭ
ئۇرۇشتا ۋە خىزمەتتە غەلىبە قازىنىشى ئاساسى جەھەتتىن تەمىن
ئېتىلدى. گومىنداڭنىڭ ئۆز ئەزالىرىنى 8-ئارمىيىگە كادىر قىلىپ
ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تەلىۋى رەت قىلىندى، 8-ئارمىيىگە گۇڭ-
چەنداڭ مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىش پىرىنسىپى چىڭ تۇتۇلدى. ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەردىمۇ، ئوخشاشلا،

«بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق - ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق» پىرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «يىخۇيجۈيى» خاھىشى تۈزىتىلدى (ئەلۋەتتە، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالىنىڭ يىخۇيجۈيىسى ئەمەس، بۇنداق يىخۇيجۈيى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئىچىدە يوق)⑥، باسمىچىلارغا، دۈشمەن جاسۇسلىرىغا ۋە بۇزغۇنچىلارغا قارشى كۈرەش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى.

شەندە ئىككى پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى پىرىنسىپسىزلىق خاھىشى (مادارا قىلىش خاھىشى) تۈزىتىلىپ، ئاممىۋى كۈرەشلەر يېڭىۋاشتىن قانات يايدۇرۇلدى.

شەرقىي گەنسۇدا ئەھۋال ئومۇمەن شەندىكىگە ئوخشاش بولدى.

شائخەيدە «چاقىرىق ئاز بولسۇن، تەكلىپ كۆپ بولسۇن» دەيدىغان جاڭ نەيچىچىلىككە تەنقىت بېرىلىپ، ۋەتەننى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدىكى مادارا قىلىش خاھىشى تۈزىتىلىشكە باشلىدى.

جەنۇپتىكى پارتىزان رايونلىرىدا — بۇلار بىزنىڭ گومىنداڭ بىلەن قىلغان 10 يىللىق قانلىق جەڭلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي-ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلەردىكى جەنلۇبلۇك جۈدىيەنلىرى، گومىنداڭ شەن ۋەقەسىدىن كېيىنمۇ «قورشاپ يوقىتىش» سىياسىتى بىلەن يوقىتىشقا ئۇرۇنغان ۋە لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئورنىغا يولۋاسنى تاغدىن ئالداپ ئېلىپ چۈشۈش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان كۈچلەردۇر — بىز دىققەت-ئېتىۋارىمىزنى مۇنۇلارغا مەركەزلەشتۈردۇق: (1) شەرتسىز توپلاشتىن (گومىنداڭنىڭ ئەنە شۇ جۈدىيەنلىرىنى ئېلىپ تاشلاش

تەلىۋىگە لايىقلىشتىن) ساقلىنىش؛ (2) گومىنداڭنىڭ كىشى ئېۋەتىش تەلىۋىنى رەت قىلىش؛ (3) خې مىڭ ئۇچرىغان خەتەردىن (گومىنداڭنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، قۇرالسىزلاندۇرۇلۇش خەتىرىدىن)⑦ پەخەس بولۇش.

«جېيفاڭ جۇكەن»⑧ ھەيئىتىنىڭ ژۇرنىلىدا جىددى تەنقىت قىلىش پوزىتسىيىسى چىڭ تۇتۇلدى.

22. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش لازىم، بىرلىكسەپنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش لازىم. گومىنداڭ بىلەن كوڭچەنداڭنىڭ بىرلىكسېپىنى بۇزىدىغان ھەرقانداق تەشەببۇسقا يول قويۇلمايدۇ. «سول»چىل گۇەنمېنجۇيىدىن ھېلىمۇ ساقلىنىش كېرەك. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بارلىق بىرلىكسەپ خىزمىتىنى مۇستەقىللىق-ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق پىرىنسىپىغا زىچ باغلاش لازىم. بىزنىڭ گومىنداڭ ۋە باشقا ھەرقانداق گۇرۇھلار بىلەن بولغان بىرلىكسېپىمىز — مەلۇم گائىلىكنى يولغا قويۇش ئاساسىدىكى بىرلىكسەپ. بۇ ئاساستىن چەتنىگەندە، ھېچقانداق بىرلىكسەپ بولمايدۇ، بۇنداق ھەمكارلىق پىرىنسىپسىز ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ، تەسلىمچىلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، «بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق-ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق» پىرىنسىپىنى چۈشەندۈرۈش، ئەمەلگە قويۇش ۋە چىڭ تۇتۇش — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى-ئىنقىلاۋي ئۇرۇشنى غەلىبىگە ئېلىپ بېرىش يولىدىكى مەركىزي ھالقا.

23. بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزدىن مەقسەت نىمە؟ بىر تەرەپتىن، ئۆزىمىزنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن جېندىيىمىزنى ساقلاپ قېلىش. بۇ — بىزنىڭ جەنلۇپلۇك ئاتلىنىش جايىمىز، بۇ جېندىدىن ئايرىلىپ قالساق، ھېچنەرسىدىن سوز ئاچقىلى بولمايدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئاساسي مەقسىدىمىز ئىككىنچى تەرەپتە، يەنى بىز ئۆز جېندىيىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشنى، «مىليونلىغان ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپكە كىرگۈزۈپ، ياپون جاھانگىرلىگىنى يوقىتىش» دىگەن ئاكتىپ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كوزلەيمىز. جېندىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن جېندىنى راۋاجلاندۇرۇش بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، تېخىمۇ كەڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سولقانات ئاممىسى بىزنىڭ تەسىرىمىز ئاستىدا ئۇيۇشتى، گومىنداڭ لاگېرىدا يېڭى كۈچلەر ئوسمەكتە، سەنشىدە ئاممىۋى كۈرەشلەر راۋاجلاندى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىمۇ نۇرغۇن جايلاردا راۋاجلاندى.

24. لېكىن، ئېنىق چۈشىنىش لازىمكى، پارتىيىمىزنىڭ تەشكىلي كۈچى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، تېخى ئاجىز. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى كۈچىمۇ تېخى ناھايىتى ئاجىز، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشچى-دىخانلاردىن ئىبارەت ئاساسي ئاممە تېخى ئۇيۇشتۇرۇلمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، بىر تەرەپتىن، گومىنداڭنىڭ تىزگىنلەش ۋە ئېزىش سىياسىتىدىن بولغان بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، بىزنىڭ بۇ جەھەتتە خىزمەت قىلمىغانلىغىمىز ياكى قىلغان خىزمىتىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىغىدىن بولدى. بۇ — پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى-ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتىكى ئەڭ ئاساسي ئاجىزلىغى. بۇ ئاجىزلىقنى تۈگەتمەي

تۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىگىنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، «بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجە-لىق» پرىنسىپىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم، تەسلىمچىلىكنى ياكى چيەنجيۇجۇيىنى چوقۇم تۈگىتىش لازىم.

## پۈتۈن مەملىكەتتە، مىللەتنىڭ مىللەتكە بولغان تەسلىمچىلىكىگە قارشى تۇرۇش

25. يېقىنقى ئۈچ يىلدا تەسلىمچىلىككە قارشى كۈرەش سىنىپىنىڭ ئۇ پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ كېيىنكى تەسلىمچىلىكىنى غا ۋە ئۇزاق ـ كېسەلسىزلىككە ئۆزگىرىشنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خاھىشنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى ـ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بىر تەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ، ۋەتەننى قوغدىغىلى بولمايدۇ.

لېكىن يەنە بىر خىل تەسلىمچىلىك بار، ئۇ بولسىمۇ مىللەتنىڭ مىللەتكە بولغان تەسلىمچىلىكى، ئۇ جۇڭگونى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگونى ياپون جاھان-گىرلىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرىدۇ، پۈتۈن جۇڭگولۇقلارنى ۋەتىنى مۇنقەرىز بولغان قۇللارغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ خاھىش ھازىرقى ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپتىكى ئوڭچىلار گۇرۇھ ئىچىدە پەيدا بولماقتا.

26. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپتىكى سولچىلار گۇرۇھ كۆكچەنداڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئاممىدىن — پرولېتارىيات،

دىخانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ئاممىسىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ ۋەزىيىمىز — بارلىق ئىرىشچانلىقلار بىلەن بۇ گۇرۇھنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش. بۇ ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىنىشى — گومىنداڭنى ئۆزگەرتىش، ھوكۇمەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئارمىيىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۈپ شەرتى، بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۈپ شەرتى، بىرتەرەپلىمىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇشنىڭ تۈپ شەرتى ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىشنىڭ تۈپ شەرتى.

27. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپتىكى ئارىلىقتىكى گۇرۇھ مىللى بۇرژۇئازىيە ۋە يۇقۇرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت. شاڭخەينىڭ چوڭ گېزىتلىرى ۋەكىللىك قىلغان تەرەپلەر سولغا مايىل بولدى[9]؛ فۇشىڭشې جەمىيىتىدە بىر قىسىم كىشىلەر ئىككىلىنىشكە باشلىدى، CC گۇرۇھىدىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئىككىلىنىشكە يۈزلىنىۋاتىدۇ[10]. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇنلار جىددى ساۋاق ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى تەرەپلەر ئۆزگىرىشكە باشلىدى ياكى ئۆزگىرىش ئالدىدا تۇرماقتا. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — ئارىلىقتىكى گۇرۇھنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە بۇرۇلۇش ياسىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

28. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپتىكى ئوڭچىلار گۇرۇھ چوڭ پومېششىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت، بۇ — مىللى تەسلىمچىلىكنىڭ دابېنىگى. ئۇلار، بىر تەرەپتىن، ئۇرۇشنىڭ ئۆز مال - مۈلكىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىشىدىن قورقىدۇ، ئۇلارنىڭ

تەسلىمچىلىك خاھىشى مۇقەررەر. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى ۋەتەن خائىنى بولۇپ كەتتى، بىرمۇنچىسى ياپونپەرەس بولۇپ كەتتى، بىرمۇنچىسى ياپونپەرەس بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا، بىرمۇنچىسى ئىككىلىنىشكە يۈزلەنمەكتە، پەقەت ئالاھىدە ئەھۋالدا بولغان ئايرىم شەخسلەرلا قەتئىي تۇرماقتا. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ مىللىي بىرلىك-سەپكە ۋاقىتلىق كىرىشى مەجبۇرىيەت ئاستىدا ۋە ئىلاجسىزلىقتىن بولدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپتىن بولۇنۇپ چىقىپ كېتىشى يىراق ئەمەس. ھازىر چوڭ پومېشىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى بىرمۇنچە ئەڭ بۇزۇق ئۇنسۇرلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى بولۇپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار پىتنە-ئىغۋا ياساپ چىقى-دىغان زاۋۇت، «گوڭچەندالڭ توپىلاڭ كوتۇرۇۋاتىدۇ»، «8-ئارمىيە چېكىنىۋاتىدۇ» دىگەنگە ئوخشاش پىتنە-ئىغۋالار بۇنىڭدىن كېيىن كۇنساناپ كوپىيىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — مىللىي تەسلىمچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش، شۇنىڭدەك بۇ كۇرەشتە سولقانات گۇرۇھىنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش، ئارىلىقتىكى گۇرۇھنىڭ ئالغا بېسىشىنى ۋە بۇرۇلۇش ياسىشىنى قولغا كەلتۇرۇش.

## سىنىپىي تەسلىمچىلىك بىلەن مىللىي تەسلىمچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى

29. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي-ئىنقىلابىي ئۇرۇشتا سىنىپىي تەسلىمچىلىك، ئەمەلىيەتتە، مىللىي تەسلىمچىلىكنىڭ زاپاس ئارمىيىسى، ئوڭقانات لاگىرغا ياردەم بېرىپ، ئۇرۇشنى مەغلۇبى-يەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ قەبىھ خاھىش. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ

ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مىللى تەسلىمچىلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئى ۋە كۈچلۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋە پرولېتارىيات ئىچىدىكى سىنىپىي تەسلىمچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇشىمىز ۋە بۇ كۈرەشنى ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەردە قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.

## ئىزاھلار

① بۇ 1937 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىمالىي شەنشىدىكى لوچۇەندە ئۆتكۈزگەن يىغىنىدا ماقۇللانغان «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى قارار»نى كۆرسىتىدۇ، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «(1) ياپون قاراقچىلىرىنىڭ لۇگوچياۋدىكى ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە بېيپىڭ ـ تيەنجىننى بېسىۋالغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا كەڭ كۆلەمدە قىلىدىغان ھۇجۇمىنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت. ياپون قاراقچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتنى بويىچە ئۇرۇش ۋاقتى سەپەرۋەرلىكىنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ «كېڭەيتىشنى خالىمايمىز» دېگەن تەشۋىقاتى ئۆز ھۇجۇمىنى يوشۇرىدىغان تۇتەكلىك ئوقتىنلا ئىبارەت. (2) نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمى ۋە خەلق غەزىپىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كېلىشكە باشلىدى. پۈتۈن دولەت مۇداپىئەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى باشلاندى. جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى. 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى لۇگوچياۋدا باشلانغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جۇڭگونىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. (3) جۇڭگونىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يېڭى بىر باسقۇچ باشلاندى، بۇ بولسىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش باسقۇچى. — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ئۆتۈپ كەتتى. — بۇ باسقۇچتىكى ئەڭ مەركىزىي ۋەزىپە: بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش. ئۆتكەن باسقۇچتا گومىنداڭنىڭ خالىمىغانلىقى ۋە خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلانمىدى، بۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا ئورۇنلاش لازىم. (4) بۇ يېڭى باسقۇچتا بىز بىلەن گومىنداڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى باشقا گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە تالاش-تارتىش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كېرەكمۇ ياكى كېرەك ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىدە بولماستىن، بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە بولۇپ قالدى. (5) بۈگۈنكى كۈندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى باشلىنىپ كەتكەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا راۋاجلاندۇرۇشتا. پەقەت مۇشۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بولغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. پارتىيىمىز بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماددىلىق گاڭلىنى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كونكرېت يولى. (6) بۈگۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئىچىدە ئىنتايىن زور خەۋپ مەۋجۇت تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، گومىنداڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا قوزغاشنى

تېخى خالىمايۋاتىدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى
ھوكۇمەتىنىڭلا ئىشى دەپ قاراپ، ھەممە يەردە خەلقنىڭ ئۇرۇشقا
قاتنىشىش ھەرىكەتلىرىدىن قورقۇۋاتىدۇ ۋە ئۇلارنى چەكلەۋاتىدۇ،
ھوكۇمەت ۋە ئارمىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىشىگە توسقۇنلۇق
قىلىۋاتىدۇ، خەلققە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ـ ۋەتەننى
قۇتقۇزۇش يولىدا دېموكراتىك ھوقۇق بەرمەيۋاتىدۇ، سىياسىي ئاپارات-
لارنى تەل ـ توكۇس ئۆزگەرتىشكە، شۇ يول بىلەن ھوكۇمەتنى پۈتۈن
مىللەتنىڭ دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىگە ئايلاندۇرۇشقا كىرىشمەيۋاتىدۇ.
بۇنداق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا قىسمەن غەلىبىلەرنى
قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن، ئەمما ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈ-
رۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، بۇنداق ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش ئېھتىمالى مەۋجۇت.
(7) ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا تېخى جىددىي
ئاجىزلىقلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك-
لەر، چېكىنىشلەر، ئىچكى بولۇنۇشلەر، ئاسىيلىق قىلىشلار، ۋاقىتلىق ۋە
قىسمەن مۇرەسسەلىشىشلەرگە ئوخشاش پايدىسىز ئەھۋاللار پەيدا بولۇشى
مۇمكىن. شۇنىڭ ئۇچۇن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ
مۇشەققەتلىك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى نەزەردە
تۇتۇش لازىم. لېكىن، ئىشىنىمىزكى، باشلىنىپ كەتكەن ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى ئۇرۇش، پارتىيىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ
تىرىشچى ئارقىسىدا، بارلىق توسالغۇلارنى بوسۇپ ئوتۇپ، داۋاملىق
ئالغا بېسىۋېرىدۇ ۋە راۋاجلىنىۋېرىدۇ. بىز بارلىق قىيىنچىلىقلارنى
تۈگىتىپ، پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان 10 ماددىلىق گاڭلىڭنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۇچۇن قەتئىي كۇرەش قىلىشىمىز لازىم. بۇ گاڭلىڭغا خىلاپ
كېلىدىغان بارلىق خاتا فاڭجېنلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، شۇنىڭ

بىلەن بىللە، ئۈمىتسىزلىككە پېتىپ قالغان مىللى مەغلۇبىيەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. (8) گۇڭچەندانىڭ ئەزالىرى ھەم ئۇلارنىڭ رەھبەرلىگىدىكى خەلق ئاممىسى ۋە قۇراللىق كۈچلەر كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە ئەڭ ئاكتىپلىق بىلەن تۇرۇشى كېرەك، ئۆزلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ خېشىنىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاممىۋى ھەرىكەتنى ناھايىتى چوڭ كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشى لازىم. بىرەر مىنۇت ۋە بىرەر پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمەي، ئاممىغا تەشۋىق قىلىشى، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇشى، ئاممىنى قۇراللاندۇرۇشى لازىم. پەقەت مىليونلىغان ئاممىنى ھەقىقى ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللى بىرلىكسەپكە كىرگۈزەلىسەكلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشىدا شەك-شۈبھە يوق.»

② ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گومىنداڭ ۋە جياڭ جيېشى خەلق كۈچىنىڭ قىسشى ئاستىدا تۈرلۈك ئىسلاھاتلار توغرىسىدا بىرمۇنچە ۋەدىلەرنى بەرگەن ئىدى، لېكىن ئارقىدىنلا ئۇلارغا بىر-بىرلەپ ۋاپاسىزلىق قىلدى. شۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈمىت قىلغان، گومىنداڭ قىلماقچى بولغان ئىسلاھات-لارنىڭ «ئىمكانىيەتلىكلىگى» رېياللىققا ئايلانمىدى، خۇددى كېيىنرەك يولداش ماۋ زېدۇڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىدەك بولدى: «شۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، بىز كوممۇ-نىستلار ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ناھايىتى زور ئۈمىت باغلىغان ئىدۇق، يەنى ئۇنىڭدىن مىللەت خەۋپ ئاستىدا قالغان، خەلق ھاياجانغا چۈشكەن مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئۇنىڭ ئەتئى رەۋىشتە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىسىنى يولغا قويۇشىنى ئۈمىت قىلغان ئىدۇق. ئەمما، بۇ ئۈمىت يوققا چىقتى.»

③ لۇشەن تەلىم-تەربىيە كۇرسى — جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىل

هوكۇمرانلىقىنىڭ تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىدىدە جياڭشى ئۆلكە-
سىنىڭ لۇشەن دېگەن يېرىدە ئاچقان، گومىنداڭنىڭ يۇقۇرى ۋە ئوتتۇرا
دەرىجىلىك پارتىيە ـ هوكۇمەت خادىملىرىغا خاس بولغان تەلىم ـ تەربىيە
كۇرسى.

④ شۇ چاغدا جاڭ نەيچى «چاقىرىق ئاز بولسۇن، تەكلىپ كوپ
بولسۇن» دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ئەمەلىدە، گومىنداڭ خەلقنى
ئېزىۋاتقان شارائىتتا، گومىنداڭغا پەقەت «تەكلىپ بېرىش»لا كارغا
كەلمەيتتى. خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭغا قارشى كۇرەش قىلىشقا توغرى-
دىن ـ توغرى «چاقىرىش» لازىم ئىدى. ئۇنداق قىلمىغاندا، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى بولمايتتى،
گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىگە قارشىلىق كورسەتكىلىمۇ بولمايتتى.
شۇنىڭ ئۇچۇن، جاڭ نەيچىنىڭ بۇ تەشەببۇسى خاتا ئىدى. كېيىنچە،
ئۇ بۇ خاتالىقىنى پەيدىن ـ پەي تونۇدى.

⑤ بۇ 1937 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنىدىكى «جۇڭگۇ ڭجۇڭياڭ-
نىڭ گوڭچەنداڭنىڭ هوكۇمەتكە قاتنىشىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار
لايىهەسى»نى كورسىتىدۇ، تولۇق تېكىستى توۋەندىكىچە: «(1) ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بۇگۇنكى ۋەزىيىتىدە پۇتۇن مىللەتنىڭ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپلىك هوكۇمىتى بولۇشى
بەكمۇ زورۇر، شۇنداق هوكۇمەت بولغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى مىللى ـ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا رەهبەرلىك قىلىپ، ياپون جاهانگىر-
لىكىنى يېڭىشكە ئۇنۇملۇق تۇغۇلىدۇ. گوڭچەنداڭ بۇنداق هوكۇمەتكە
قاتنىشىشقا، يەنى هوكۇمەتنىڭ مەمۇرى ۋەزىپىلىرىنى توغرىدىن ـ
توغرى ۋە ئاشكارا هالدا ئوز ئۇستىگە ئېلىشقا ۋە ئۇنىڭدا ئاكتىپ رول
ئويناشقا تەييار. لېكىن بۇگۇن تېخى بۇنداق هوكۇمەت يوق. بۇگۇنكى
هوكۇمەت يەنىلا گومىنداڭدىن ئىبارەت بىر پارتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى
هوكۇمەت. (2) پەقەت گومىنداڭدىن ئىبارەت بىر پارتىيە دىكتاتۇرىلى-
قىدىكى هوكۇمەت پۇتۇن مىللەتنىڭ بىرلىكسەپلىك هوكۇمىتىگە ئايلانغان

چاغدا، يەنى بۇگۈنكى گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئا) پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماددىلىق گاڭلىگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ مەزمۇن بويىچە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش گاڭلىگىنى ئېلان قىلغان چاغدا؛ ب) ئەمەلىي ھەرىكەتتە بۇ گاڭلىگىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەممىيەت ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى بىلدۇرۇشكە باشلىغان ھەم بۇ جەھەتتە خېلى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن چاغدا؛ س) گۇڭچەنداڭ تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويغان، گۇڭچەنداڭنىڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئاممىنى تەربىيىلەش ئەركىنلىكىگە كاپالەت بەرگەن چاغدىلا، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بۇنداق ھوكۇمەتكە قاتنىشىدۇ. (3) داگجۇڭياڭ مەركىزىي ھوكۇمەتكە قاتنىشىشنى قارار قىلمىغىچە، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى يەرلىك ھوكۇمەتلەرگە ئۇمۇمەن قاتناشماسلىقى كېرەك. شۇنىڭدەك مەركەزدىكى ۋە جايلاردىكى ھوكۇمەتنىڭ بارلىق مەمۇرى ئورگانلىرىغا تەۋە تۇرلۇك مەمۇرى يىغىن ھەم ۋېيىۋەنخۇيلارغا قاتناشماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇنداق قاتنىشىش كوممۇنىستلارنىڭ قىياپىتىنى بىھۇدە يوقىتىۋېتىشتۇرۇپ قويىدۇ، گومىنداڭنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق ھوكۇمرانلىقىنى ئۇزارتىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن دېموكراتىك ھوكۇمەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈشكە زىيىنىلا بار، پايدىسى يوق. (4) لېكىن پەۋقۇلئاددە رايون-لاردىكى يەرلىك ھوكۇمەتلەرگە، مەسىلەن، ئۇرۇش رايونلىرىدىكى يەرلىك ھوكۇمەتلەرگە كەلسەك، كونا ھوكۇمرانلار بالدۇرقىدەك ھوكۇمرانلىق قىلالمىغاي، گۇڭچەنداڭنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن خالايدىغان بولۇپ قالغان ۋە گۇڭ-چەنداڭ ئاشكارا ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغانلىقتىن، شۇنىڭدەك ھازىرقى جىددىي ۋەزىيەت گۇڭچەنداڭنىڭ قاتنىشىشىنى خەلق ۋە ھوكۇمەتنىڭ نەزىرىدە زورۇر قىلىپ قويغانلىقتىن، ئۇلارغا كوممۇنىستلار قاتناشسا بولىدۇ. ياپون قاراقچىلىرى بېسىۋالغان

رايونلاردا گۇڭچەنداڭ ئاشكارا رەۋىشتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىلاتچىسى بولۇشى تېخىمۇ لازىم. (5) گۇڭچەنداڭ ھوكۇمەتكە ئاشكارا قاتنىشىشتىن ئىلگىرى، مەملىكەتلىك گومىنداڭغا ئوخشاش دېموكراتىك شەيئىگە ھەم ۋەتەننى قۇتقۇزۇش فاڭجېنى مۇھاكىمە قىلىنىدىغان كېڭەش ئورگانلىرىغا قاتنىشىشقا پىرىنسىپ جەھەتتىن يول قويۇلىدۇ. شۇڭا، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە خەلقنى گۇڭچەنداڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن دېموكراتىك ھوكۇمەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، گۇڭچەنداڭ ئوز ئەزالىرىنىڭ گومىنداڭغا سايلىنىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى، گومىنداڭنىڭ مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، گۇڭچەنداڭنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىشى لازىم. (6) گۇڭچەنداڭنىڭ جۇڭياڭ ۋە يەرلىك تەشكىلاتلىرى گومىنداڭنىڭ جۇڭياڭ ۋە يەرلىك داڭبۇلىرى بىلەن مەلۇم ئورتاق گاڭلىڭ ۋە تولۇق باراۋەرلىك پىرىنسىپى ئاستىدا، بىرلىكسەپ تەشكىلاتلىرى، مەسىلەن، تۈرلۈك بىرلەشمە ۋېيۈەنخۇيلار (ئالايلى، مىللى-ئىنقىلاۋى تۇڭمېڭخۇي جەمئيىتى، ئاممىۋى ھەرىكەت ۋېيۈەنخۇيى، ئۇرۇش رايونى سەپەرۋەرلىك ۋېيۈەنخۇيى قاتارلىقلار)نى تەشكىل قىلسا بولىدۇ؛ گۇڭچەنداڭ گومىنداڭ بىلەن ئەنە شۇنداق بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ھەمكارلىقىغا ئېرىشىشى لازىم. (7) قىزىل ئارمىيىنىڭ نامى مىللى-ئىنقىلاۋى ئارمىيىگە، قىزىل ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئالاھىدە رايون ھوكۇمەتلىرىگە ئوزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئوزلىرىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن قانۇنىي ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ھەربى ۋە ئاممىۋى ئورگانلارغا قاتناشسا بولىدۇ. (8) سابىق قىزىل ئارمىيىدە ۋە بارلىق پارتىزان دۇيلىرىدە گۇڭچەنداڭنىڭ مۇتلەق مۇستەقىل رەھبەرلىكىنى ساقلاپ قېلىش پۈتۈنلەي زورۇر؛ گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىدا بۇ مەسىلىدە ھەرقانداق پىرىنسىپلىق ئىككىلىنىشنىڭ كورۈلۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.»

⑥ بۇ شۇ چاغدا پارتىيە ئىچىدە بەزى يولداشلارنىڭ ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنىڭ خەلق ۋەكىللىرى كېڭىشىدىن ئىبارەت ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى بۇرژۇئا ئەللىرىدىكى يىخۇي تۈزۈمىگە ئوزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پىكىرلىرىنى كورسىتىدۇ.

⑦ 1934 ـ يىل 10 ـ ئايدا جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى شىمالغا يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، جەنۇبتىكى جياڭشى، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، خۇبېي، خېنەن، جېجياڭ ۋە ئەنخۇيدىن ئىبارەت 8 ئولكىنىڭ 14 رايونىدا قالغان قىزىل ئارمىيىنىڭ پارتىزان دۇيلىرى ناھايىتى مۇشكۇل ئەھۋالدا پارتىزان ئۇرۇشىنى قەتئى داۋاملاشتۇردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندا، ئۇلار جۇڭگو جۇڭگونىڭ يولىيورۇغى بويىچە، گومىنداڭ بىلەن تەنپەن ئوتكۈزۈپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختاتتى ۋە بىر ئارمىيە (كىينىچە چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئى داۋام قىلدۇرغان يېڭى 4 ـ ئارمىيە) بولۇپ بىرلىشىپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇردى. لېكىن جياڭ جىېشى بۇ پارتىزان دۇيلىرىنى تەنپەندىن پايدىلىنىپ يوقىتىشنى قەستلىدى. فۇجيەن ـ گۇاڭدۇڭ چېگرا رايونى شۇ چاغدا 14 پارتىزان رايونىنىڭ بىرى بولۇپ، يولداش خې مىڭ شۇ رايوندىكى پارتىزان دۇيىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ئىدى. يولداش خې مىڭ جياڭ جىېشىنىڭ سۇئىقەستىگە ھۇشيار بولمىدى، نەتىجىدە ئوزى يېتەكچىلىك قىلغان مىڭدىن ئوشۇق پارتىزاننى توپىلاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قۇراللىرىدىن ئايرىلدى.

⑧ «جىېفاڭ جۇكەن» ھەپتىلىك ژۇرنىلى — جۇڭگو گوڭچەنداڭ جۇڭيائىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ، 1937 ـ يىلى يەنئەندە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ئىدى. 1941 ـ يىلى «جىېفاڭ رىباۋ» گېزىتى نەشر قىلىنىشى بىلەن بۇ ھەپتىلىك ژۇرنال توختىدى.

⑨ بۇ شۇ چاغدىكى «شېن باۋ» قاتارلىق گېزىتلەر ۋەكىللىك قىلىپ

كەلگەن بىر قىسىم مىللى بۇرژۇئازىيىنى كۆرسىتىدۇ.

⑩ فۇشىڭشې جەمىيىتى ۋە CC گۇرۇھى گومىنداڭ ئىچىدە جىياڭ جېيشى ۋە چېن لىفۇ باشچىلىق قىلغان 2 فاشىستلىق تەشكىلات بولۇپ، چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ گۇاڭتۇ ھوكۇمرانلىقىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. لېكىن ئۇلارغا بىرمۇنچە ئۇششاق بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار مەجبۇرى ياكى ئالدىنىپ كىرىپ قالغان ئىدى، بۇ يەردە ئېيتىلغان فۇشىڭشې جەمىيىتىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر، ئاساسەن، شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك جۇنگۇەنلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ CC گۇرۇھىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، ئاساسەن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھاكىمىيەت ئۈستىدە بولمىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

# شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايون هوكۇمتى ۋە 8 ـ ئارمىيە ئارقا سەپ مۇداپىە ـ ئالاقە باشقارمىسىنىڭ ئېلانى*

**(1938 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)**

شۇ توغردا ئېلان چقرىمز: لۇگۇچياۋ ۋەقەسدن بۇيان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرنداشلرىمز ياپون باسقۇنچىلرىغا قارشى قەتئى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. ئالدىنقى سەپتكى جۇنگوەن ۋە ئەسكەرلەر قانلرىنى توكۇپ پىداكارلىق كورسىتىۋاتىدۇ. هەرقايسى پارتىيىلەر ۋە هەرقايسى گورۇهلار سەمىمى ئىتتىپاقلىشىۋاتىدۇ. هەر ساهەدىكى خەلقلەر ۋەتەننى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ ـ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پارلاق يولى، ياپون باسقۇنچىلرىغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشىنىڭ قۇدرەتلىك كاپالىتى. بارلىق ۋەتەنداشلار مۇشۇ يول بىلەن ئالغا بېسىشى لازىم. شەنشى ـ

گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايونىمىزدىكى[1] ئارمىيە ۋە خەلق ھوكۇمەتىنىڭ
رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئىشى
يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى پارلاق ۋە
توغرى. ئۇلار ھاردىم-تالدىم دىمەستىن، جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەشـ
لەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇلارنى ئېغىزدىن
چۈشۈرمەي مەدھىيىلەۋاتىدۇ. ھوكۇمىتىمىز ۋە باشقارمىمىز پۈتۈن راـ
يونىمىزدىكى خەلق ئاممىسىنى داۋاملىق تىرىشىپ، بۇ ئىشنى ئاخىرىغا
يەتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. بىرمۇ كىشىنىڭ ئۇز ۋەزىپىسىنى ئادا
قىلماي قويۇشىغا، بىرمۇ ئىشنىڭ ۋەتەننى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتقۇزۇشقا
پايدىسىز بولۇشىغا يول قويمايدۇ. لېكىن يېقىندا مەلۇم بولدىكى،
چېگرا رايون تەۋەسىدە ئۇمۇمى ۋەزىيەتكە ئېتىۋار قىلمايۋاتقان
ئۇنسۇرلار تۇرلۇك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ياكى دىخانلارنى تەقسىم
قىلىپ بېرىلگەن يەر ۋە ئۇي-جايلارنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر
قىلغان، ياكى قەرزدارلارنى بىكار قىلىنغان قەرزلەرنى[2] تولەشكە
مەجبۇر قىلغان، ياكى خەلقنى ئورنىتىلىپ بولغان دېموكراتىك
تۈزۈمنى ئۇزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان، ياكى قۇرۇلۇپ بولغان ھەربى،
ئىقتىسادى، مەدەنى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان.

* يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ ئېلاننى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايون
ھوكۇمىتى ۋە 8-ئارمىيە ئارقا سەپ مۇداپىيە-ئالاقە باشقارمىسى
ئۇچۇن يېزىپ بەرگەن، مەقسەت جياڭ جېيشى گورۇھىنىڭ بۇزغۇنـ
چىلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ئۇ چاغدا گومىنداڭ ـ
گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقى ئورنىتىلغانلىقىغا ئۇزاق ئوتمىگەن بولۇپ،
جياڭ جېيشى گورۇھى گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاۋى كۈچـ
لەرنى ۋەيران قىلىش سۇئىقەستىگە كىرىشكەن ئىدى. شەنشى-گەنسۇـ

ئۇلار ھەتتا ئىشپىيونلۇق قىلىش، باسمىچىلار بىلەن ئالاقە باغلاش، قىسىملارنى توپىلاپ چىقىرىشقا كۇشكۇرتۇش، خەرىتە سىزىش، خۇپىيانە رەۋىشتە ئەھۋال تەكشۇرۇش ۋە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق چېگرا رايون ھوكۇمىتىگە قارشى تەشۋىقات يۇرگۇزۇش ھەرىكەتلىرىدە بولىشان. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۇرلۇك ھەرىكەتلەر، روشەنكى، ئىتتىپاق-لىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت توپ پىرىن-سىپقا خىلاپ، چېگرا رايون خەلقىنىڭ ئۇمۇمى ئىرادىسىگە خىلاپ بولۇپ، ئىچكى ماجرا تۇغدۇرۇش، بىرلىكسەپنى بۇزۇش، خەلق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۇزۇش، چېگرا رايون ھوكۇمىتىنىڭ ئابروينى توكۇش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپەرۋەرلىك يۇرگۇزۇش-تىكى قىيىنچىلىقلارنى ئاشۇرۇشقا ئورۇنۇشتۇر. بۇنىڭ سەۋىۋى ئاز سانلىق جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ مىللەت ۋە دولەت مەنپەئەتىگە قارىماستىن، خالىغىنچە ئەسكىلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن ياپون قاراقچىلىرى پايدىلىن-ۋاتىدۇ، بۇ جاھىللار تۇرلۇك ساختا نامىلارنى ئوزىنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇشنىڭ قۇرالى قىلىۋاتىدۇ. بىرقانچە ئايدىن بېرى بىزگە ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ خەلقى ئارقا ـ ئارقىدىن مەلۇمات

---

نىكشيا چېگرا رايونىنى ۋەيران قىلىش ئەنە شۇنداق سۇيىقەستىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ، ئىنقىلاپ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۇچۇن قەتئى مەيداندا تۇتۇش زورۇر، دەپ قارىدى. بۇ ئېلان شۇ چاغدا پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم يولداشلارنىڭ ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ ئىچىدە جىياڭ جيېشى گورۇھىنىڭ سۇيى-قەستلىك ھەرىكەتلىرىگە قارىتا تۇتقان جىخۇيجۇيىلىق مەيدانىغا زەربە بەردى.

يوللاپ، بۇنداق ھەرىكەتلەرنى مەنئى قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا، بۇنداق تەلەپلەر ھەر كۈنى كۆپلەپ كېلىۋاتىدۇ، تاپشۇرۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قېلىۋاتىمىز. ھۆكۈمىتىمىز ۋە باشقارمىمىز ياپون باس-قۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى كۈچەيتىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ۋە خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ھەرىكەتلەرنى چەكلەش تەدبىرلىرىنى كۆرمەي تۇرالمايدۇ. شۇڭا توۋەندىكىلەرنى ئوچۇق ئېلان قىلىشنى زۆرۈر تاپىدۇ:

1. ھۆكۈمىتىمىز ۋە باشقارمىمىز خەلقنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدۇ، ئىچكى تېچلىق ئورنىتىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا چېگرا رايونىغا تەۋە بولغان جايلاردا تەقسىم قىلىنىپ بولغان بارلىق يەر ۋە ئۆي-جايلارنى ھەم بىكار قىلىنغان بارلىق قەرز مۇئا-مىلىلىرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىشكە رۇخسەت قىلمايدۇ.

2. ھۆكۈمىتىمىز ۋە باشقارمىمىز ئىچكى تېچلىق ئورنىتىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا قۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ پىرىنسىپى بويىچە ياخشىلانغان ۋە راۋاج-لاندۇرۇلغان ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدىنى تەشكىلاتلارنىڭ ۋە باشقا خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قوغدايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ، ئۇلارغا قارىتىلغان ھەرقانداق سۇئىقەستلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى چەكلەيدۇ.

3. ھۆكۈمىتىمىز ۋە باشقارمىمىز «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش-ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش گاڭلىڭى»نى قەتئى ئىجرا قىلىش پىرىنسىپى ئاستىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا پايدىلىق بولغانلىكى ئىشلارنى يولغا قويۇشنى

خالايدۇ. ياخشى نىيەتتە ياردەم بېرىدىغان ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنى تامامەن قارشى ئالىدۇ. لېكىن كوز بوياماچىلاردىن ساقلىنىش ۋە ئىچكى ـ تاشقى بۇزغۇنچىلارغا ئورۇن بەرمەسلىك ئۇچۇن، ھوكۇمىتىمىز ياكى باشقارمىمىزنىڭ ماقۇللىغىنى ۋە ھوكۇمىتىمىز ياكى باشقارمىمىزنىڭ گۇۋانامىسىنى ئالماستىن، چەتتىن كېلىپ چېگرا رايون تەۋەسىدە تۇرۇپ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ھەرىكىتى، مەيلى قانداق ھەرىكەت بولسۇن، تامامەن مەنئى قىلىندۇ.

4. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھازىرقى جىددى مەزگىلىدە چېگرا رايون تەۋەسىدە سۇئىقەستلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياكى ئوز بېشىمچىلىق بىلەن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقان، ياكى باشقىلارنى بۇزغۇنچىلىققا باشلاۋاتقان ۋە كۇشكۇرتۇۋاتقان، ياكى ھەربى ئەھۋال توغرىسىدا يوشۇرۇن مەلۇمات توپلاپ يۇرگەن ئۇنسۇرلارنى خەلقنىڭ پاش قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ. دەلىل ـ ئىسپاتى ئېنىق بولغانلارنى شۇ جايدىلا قولغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. سوراقتا جىنايىتى ئېنىقلانغان ھامان، ئۇلارغا زادى كەڭچىلىك قىلماي قاتتىق جازا بېرىلىدۇ.

يۇقۇرىدىكى 4 ماددىغا پۇتۇن چېگرا رايونىمىزدىكى ئارمىيە ۋە خەلق بىردەك ئەمەل قىلىشى كېرەك، خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر سۇئىقەست بىلەن پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشقا جۇرئەت قىلىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلار چىقىپ قالسا، ئۇلارنى ھوكۇمىتىمىز ۋە باشقارمىمىز ئوز ئېلانى بويىچە قانۇنىي جازاغا تارتىدۇ، ھەرگىز ئالدىن ئېيتىپ قويمىدى دېيىلمىسۇن. قاتتىق ئەمەل قىلىنسۇن. دەپ ئۇشبۇ ئېلان چىقىرىلدى.

# ئىزاھلار

① شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايونى 1931-يىلدىن كېيىن شىمالىي شەنشىدىكى ئىنقىلاۋىي پارتىزان ئۇرۇشى داۋامىدا پەيدىن-پەي راۋاجلانغان ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدى ئىدى. جۇڭياڭ قىزىل ئارمىيىسى ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، شىمالىي شەنشىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىنقىلاپنىڭ مەركىزىي گېنجۇيدىسى ۋە جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ جايلاشقان ئورنى بولدى. 1937-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ نامى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيالارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتاشقان يېرىدىكى بىر قىسىم جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 23 ناھىيە قارايتتى.

② شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايونىنىڭ كۆپچىلىك جايلىرىدا پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ دىخانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش ۋە دىخانلارنىڭ ئۈستىدىكى بۇرۇنقى قەرزلەرنى بىكار قىلىش سىياسىتى ئەمەلگە قويۇلغان ئىدى. 1936-يىلدىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو گوڭچەنداڭى پۈتۈن مەملىكەتمىز بويىچە پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش سىياسىتىنى ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتتى، لېكىن دىخانلارنىڭ يەر ئىسلاھاتىدا قولغا كەلتۈرگەن مۈلكلىرىنى قەتئىي قوغدىدى.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەڭلۈك مەسىلىسى*

(1938 - يىل 5 - ئاي)

## بىرىنچى باپ

## نىمە ئۈچۈن پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەڭلۈك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا مۇنتىزىم ئۇرۇش ئاساسىي ئورۇندا، پارتىزان ئۇرۇشى ياردەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز توغرى ھەل قىلىۋالغان ئىدۇق. ئۇنداق بولسا، پارتىزان ئۇرۇشىدا پەقەت جەڭ مەسىلىسىلا بولىدۇغۇ، نىمە ئۈچۈن جەڭلۈك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز؟

ئەگەر بىز كىچىك مەملىكەت بولۇپ، پارتىزان ئۇرۇشى پەقەت مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ جەڭلىك ئۇرۇشىدا يېقىن ئارىلىقتىن ۋە توغرىدىن - توغرى ماسلىشىش رولىنىلا ئوينايدىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭدا، ئەلۋەتتە، جەڭ مەسىلىسىلا بولۇپ، ھېچقانداق جەڭلۈك

مەسىلىسى بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك ئەگەر جۇڭگومۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش قۇدرەتلىك بولۇپ، دۈشمەن بېسىپ كىرسە، ئۇنى تېزلىك بىلەن قوغلاپ چىقىرالايدىغان بولسا ياكى ۋاقىت بىر-قەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان تەقدىردىمۇ، بېسىۋېلىنغان جايلىرى كەڭ بولمايدىغان بولسا، پارتىزان ئۇرۇشىمۇ پەقەت جەنىلىك ماسلىشىش رولىنىلا ئوينايدىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭدىمۇ ئەلۋەتتە، پەقەت جەنىشۇ مەسىلىسىلا بولۇپ، ھېچقانداق جەنلۈي مەسىلىسى بولمىغان بولاتتى.

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈي مەسىلىسى مۇنداق ئەھۋالدا تۇغۇلغان: جۇڭگو — كىچىك مەملىكەتمۇ ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاشمۇ ئەمەس؛ چوڭ، ئەمما ئاجىز دولەت. بۇ چوڭ، ئەمما ئاجىز دولەت باشقا بىر كىچىك، ئەمما كۈچلۈك دولەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، لېكىن بۇ چوڭ، ئەمما ئاجىز دولەت ئالغا بېسىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بارلىق مەسىلە ئەنە شۇنىڭدىن تۇغۇلغان. مانا شۇنداق

---

* ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بىرمۇنچە كىشىلەر پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم جەنلۈيلۈك رولىغا سەل قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى پەقەت مۇنتىزىم ئۇرۇشقا، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا باغلىغان ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇنداق نۇقتىئىي نەزەرگە رەددىيە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇشۇ ماقالىنى يېزىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى تەرەققىياتىنىڭ توغرى يولىنى كورسىتىپ بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، 1937 ـ يىلى ئاران 40 نەچچە مىڭ كىشىسى بولغان 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيە 1945 ـ يىلى ياپونىيە تەسلىم بولغان

ئەھۋالدا، دۈشمەن بېسىۋالغان يەر بەك كەڭ بولۇش ھادىسىسى يۈزبەردى، ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى تۇغۇلدى. دۈشمەن بىزنىڭ بۇ چوڭ مەملىكىتىمىزدە بېسىۋالغان يەر بەك كەڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەملىكىتى كىچىك، ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمەيدىغان بولغاچقا، ئۇ بېسىۋالغان جايلاردا ناھايىتى نۇرغۇن بوش يەرلەر قېلىپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى، ئاساسەن، ئىچكى سەپتە مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ جەنيىلىك ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى تاشقى سەپتە ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك، جۇڭگو ئالغا بېسىۋاتقانلىقتىن، يەنى گوڭچەنداڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان قۇدرەتلىك ئارمىيە ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى بولغانلىقتىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى كىچىك مىقياستا ئەمەس، بەلكى چوڭ مىقياستا بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن جەنلۇۋبىلۇك مۇداپىيە، جەنلۇۋبىلۇك ھۇجۇم قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېلىپ

---

چاغدا راۋاجلىنىپ 1 مىليون كىشىلىك زور ئارمىيىگە ئايلاندى ھەمدە نۇرغۇن ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنى بەرپا قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇلۇغ رول ئويناپ، جياڭ جيېشىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ياپونىيىگە تەسلىم بولۇشقىمۇ پېتىنالمايدىغان، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويدى، جياڭ جيېشى 1946-يىلى مەملىكەت مىقياسىدا ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان چاغدا بولسا، 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىدىن ئۆزگەرگەن خەلق جيېفاڭجۈنى ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا قادىر بولۇپ قالغان ئىدى.

چىققان دەھشەتلىكلىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ نۇرغۇن غەيرى - غەيرى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمىسا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن گېنجۇيدى مەسىلىسى، يۈندۈگىجەنگە راۋاجلىنىش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى جەنشۇ دائىرىسىدىن يۇگۇرۇپ چىقىپ، جەنلۇبىنىڭ ئىشىگىنى قېقىپ، پارتىزان ئۇرۇشى مەسىلىسىنى جەنلۇي نۇقتەئى نەزىرىدىن تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇنداق ھەم كەڭ كولەملىك، ھەم ئۇزاققا سوزۇلىدىغان پارتىزان ئۇرۇشى — پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۇرۇش تارىخىدىمۇ خېلى يېڭى ئىش. بۇ ئىش دەۋرنىڭ ئالغا بېسىپ 20-ئەسىرنىڭ 30 ۋە 40-يىللىرىغا كېلىپ قالغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ، گوڭچەنداڭنىڭ ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى مانا شۇ يەردە. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز تېخى يوغان سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتقانلىقى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنى يوقاتقانلىقى، ئەنگلىيىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىنى ۋە ھىندىستاننى بېسىۋالغانلىقى، لاتىن شتۇگىدىكى دولەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىنى بېسىۋالغانلىقىغا ئوخشاش ياخشى چۈشلەرنى كورۇۋاتقان بولسا كېرەك. بۇنداق چۈشنىڭ بۈگۈنكى جۇڭگودا ئەمەلىي قىممىتى قالمىدى، چۈنكى بۈگۈنكى جۇڭگودا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تارىخىي فاكتلار بولۇپ ئوتكەن ۋاقىتدا بولمىغان نەرسىلەر ۋۇجۇتقا كەلدى، خېلى يېڭى بولغان پارتىزان ئۇرۇشى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. مۇبادا بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بۇنى كەم مولچەرلەيدىكەن، ئۇ بۇنىڭدا چوقۇم ناھايىتى چوڭ پالاكەتكە ئۇچرايدۇ.

بۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى گەرچە پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا يەنىلا ياردەمچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى جەنلۇۋې نۇقتەئى نەزىرىدىن تەكشۈرۈش لازىملىغىنىڭ سەۋەبى.

ئۇنداق بولسا، نىمە ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش-نىڭ ئۇمۇمى جەنلۇۋې مەسىلىسىدىكى نەرسىلەر پارتىزان ئۇرۇشىدا قوللىنىلمايدۇ؟

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇۋې مەسىلىسى ئەسلىدە پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇۋې مەسىلىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەردە ھەر ئىككىسى بىردەك. شۇنداقتىمۇ پارتىزان ئۇرۇشى مۇنتىزىم ئۇرۇشتىن يەنە پەرقلىنىدۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇڭا پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇۋې مەسىلىسىدە نۇرغۇن ئالاھىدە نەرسىلەر خېلىلا بار؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئۇمۇمى جەنلۇۋې مەسىلىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالاھىدە ئەھۋالىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىدا ئۆز پېتىچە قوللىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

## ئىككىنچى باپ

## ئۇرۇشنىڭ تۈپ پىرىنسىپى — ئۆزنى ساقلاش، دۈشمەننى يوقىتىش

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇۋې مەسىلىسى ئۈستىدە كونكرېت توختىلىشتىن بۇرۇن ئۇرۇشنىڭ تۈپ مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمۇ كېرەك.

ھەربى ھەرىكەتلەرنىڭ بارلىق يېتەكچى پىرىنسىپلىرى بىر تۈپ پىرىنسىپقا، يەنى مۇمكىن قەدەر ئۆز كۈچىنى ساقلاش، دۈشمەن كۈچىنى يوقىتىش پىرىنسىپىغا ئاساسلىنىدۇ. بۇ پىرىنسىپ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتا تۈپ سىياسىي پىرىنسىپ بىلەن بىۋاسىتە باغلانغان بولىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ تۈپ سىياسىي پىرىنسىپى، يەنى سىياسىي مەقسىدى — ياپون جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل، ئەركىن، بەختىيار يېڭى جۇڭگو قۇرۇش. بۇنىڭ ھەربى جەھەتتىكى ئىجراسى بولسا، ھەربى كۈچ بىلەن ۋەتەننى قوغداپ، ياپون قاراقچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، قوشۇنلار ئۆز ھەرىكىتىدە، بىر تەرەپتىن، ئۆز كۈچىنى مۇمكىن قەدەر ساقلاشنى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمەن كۈچىنى مۇمكىن قەدەر يوقىتىشنى ئىپادىلىشى لازىم. ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربانلار بېرىشنىڭ تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ھەر بىر ئۇرۇشتا چىقىم تارتىشقا، بەزىدە ناھايىتى زور چىقىم تارتىشقا توغرى كېلىدۇ، بۇ «ئۆزىنى ساقلاش» بىلەن زىت ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، زادى زىت ئەمەس، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇلار بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، ئەمما بىر-بىرىگە باغلانغان بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق قۇربانلار بېرىش دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈنلا زورۇر بولۇپ قالماستىن، ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈنمۇ زورۇر — قىسمەن ھەم ۋاقىتلىق «ساقلىماسلىق» (قۇربانلار بېرىش ياكى چىقىم تارتىش) پۈتۈن ۋە ئەبەدىي ساقلاش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق. بۇ تۈپ پىرىنسىپتىن پۈتۈن ھەربى ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ بىر قاتار پىرىنسىپلىرى كېلىپ چىقىدۇ، ئوقچا تۇتۇش پىرىنسىپىدىن تارتىپ (ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش، ئوت كۈچىنى

ئۇلغايتىش — ئالدىنقىسى ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن، كېيىنكىسى دۈشمەننى يوقتىش ئۈچۈن)، جەنلۇۋى پىرىنسىپىمىچە — ھەممىسىگە ئەنە شۇ تۈپ پىرىنسىپىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. بارلىق تېخنىكا، جەنشۇ، جەنيى، جەنلۇۋى پىرىنسىپلىرى — ھەممىسى ئەنە شۇ تۈپ پىرىنسىپنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىدىكى شەرتلەر. ئۆزىنى ساقلاش، دۈشمەننى يوقتىش پىرىنسىپى — بارلىق ھەربى پىرىنسىپلارنىڭ ئاساسى.

## ئۈچىنچى باپ

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئالتە كونكرېت جەنلۇۋى مەسىلىسى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ھەربى ھەرىكەتلىرىدە قانداق قاكچىن ياكى قانداق پىرىنسىپنى قوللانغاندا، ئۆزىنى ساقلاش، دۈشمەننى يوقتىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ؟ ئەمدى بىز مۇشۇ مەسلىنى قاراپ چىقايلى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش (ھەتتا بارلىق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلار)نى ئېلىپ بېرىۋاتقان پارتىزان دۈيلىرى، ئۇمۇمەن، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىدىغان، كىچىكلىكتىن چوڭىيىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، يەنە ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشىمۇ كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسلە مۇنداق قويۇلغان: قانداق قاكچىن ياكى قانداق پىرىنسىپنى قوللانغاندا، ئۆزىنى ساقلاش ياكى راۋاجلاندۇرۇش ۋە دۈشمەننى يوقتىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ؟

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاساسى قاكچىن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: (1) مۇداپىئە ئۇرۇشى داۋامىدىكى ھۇجۇم ئۇرۇشىنى، ئۇزاقىقا

سوزۇلىدىغان ئۇرۇش داۋامىدىكى تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشىنى ۋە ئىچكى سەپ ئۇرۇشى داۋامىدىكى تاشقى سەپ ئۇرۇشىنى جۇدۇڭ، جانلىق ۋە پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىش؛ (2) مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن ماسلىشىش؛ (3) گېنجۇيدى قۇرۇش؛ (4) جەنلۇېلۇك مۇداپىئە ۋە جەنلۇېلۇك ھۇجۇم؛ (5) يۈندۇڭجەنگە راۋاجلىنىش؛ (6) توغرى قوماندانلىق مۇناسىۋەتلىرى. بۇ ئالتىسى — پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇېلۇك گاڭلىڭى، ئۆزىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۈشمەننى يوقىتىش ۋە قوغلاپ چىقىرىش — مۇنتىزىم ئۇرۇشقا ماسلىشىش ۋە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زورۇر يولى.

## توتىنچى باپ

## مۇداپىئە ئۇرۇشى داۋامىدىكى ھۇجۇم ئۇرۇشىنى، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش داۋامىدىكى تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشىنى ۋە ئىچكى سەپ ئۇرۇشى داۋامىدىكى تاشقى سەپ ئۇرۇشىنى جۇدۇڭ، جانلىق ۋە پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىش

بۇ يەردە بۇنى يەنە توت نۇقتىغا بولۇپ سۆزلەيمىز: (1) مۇداپىئە بىلەن ھۇجۇمنىڭ، ئۇزاققا سوزۇش بىلەن تېز ھەل قىلىشنىڭ، ئىچكى سەپ بىلەن تاشقى سەپنىڭ مۇناسىۋەتلىرى؛ (2) بارلىق ھەرىكەتلەردە جۇدۇڭ ئورۇندا تۇرۇش؛ (3) ئەسكىرىي كۈچنى جانلىق ئىشلىتىش؛ (4) بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ پىلانلىقلىقى.

ئاۋال بىرىنچى نۇقتا ئۈستىدە توختىلىمىز.

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ كۈچلۈك دولەت ھەم ھۇجۇم قىلغۇچى بولغانلىقى، بىزنىڭ ئاجىز دولەت ھەم مۇداپىە كورگۈچى بولغانلىقىمىز پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمىزنىڭ جەنلۇۋ جەھەتتىن مۇداپىە ئۇرۇشى ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئۇرۇش سېپىدىن ئېيتقاندا، دۈشمەن تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىدۇ، بىز ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىمىز. بۇ — ئەھۋالنىڭ بىر تەرىپى. ئەمما يەنە بىر تەرىپى بولسا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. دۈشمەن ئارمىيىسى كۈچلۈك بولسىمۇ (قۇرال-ياراق ۋە ئادەملىرىنىڭ بەزى سۈپەتلىرى، بەزى شەرت-شارائىتى جەھەتتە)، لېكىن سان جەھەتتە كوپ ئەمەس، بىزنىڭ ئارمىيىمىز ئاجىز بولسىمۇ (ئوخشاشلا، قۇرال-ياراق ۋە ئادەملىرىمىزنىڭ بەزى سۈپەتلىرى، بەزى شەرت-شارائىتى جەھەتتىلا)، لېكىن سان جەھەتتە ناھايىتى نۇرغۇن، بۇنىڭغا دۈشمەننىڭ مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن يات مىللەت ئىكەنلىكى، بىزنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن يات مىللەتكە ئوز مەملىكىتىمىزدە قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن ئىبارەت شەرتنىڭ قوشۇلۇشى — بۇلار تۆۋەندىكى جەنلۇۋ فاڭجېنىنى بەلگىلىگەن: جەنلۇبلۇك مۇداپىە ئۇرۇشى داۋامىدا جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك ھۇجۇم ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، جەنلۇبلۇك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش داۋامىدا جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، جەنلۇبلۇك ئىچكى سەپ ئۇرۇشى داۋامىدا جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك تاشقى سەپ ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ۋە لازىم. بۇ — پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك جەنلۇۋ فاڭجېنى.

مۇنتىزىم ئۇرۇشتا شۇنداق، پارتىزان ئۇرۇشىدىمۇ شۇنداق. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ پەرقى پەقەت دەرىجە جەھەتتىكى ۋە ئىپادە شەكلى جەھەتتىكى مەسىلىدىنلا ئىبارەت. پارتىزان ئۇرۇشىدا ھۇجۇم، ئۇمۇمەن، تويۇقسىز زەربە بېرىش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مۇنتىزىم ئۇرۇشتىمۇ تويۇقسىز زەربە بېرىش ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش لازىم ۋە مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۈشمەننىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىقىش دەرىجىسى كەمرەك بولىدۇ. پارتىزان ئۇرۇشىدا تېز ھەل قىلىش تەلىۋى ناھايىتى زور بولىدۇ، جەنيى ۋە جەڭلەردە دۈشمەننى قورشىۋالىدىغان تاشقى سەپ دائىرىسى بولسا، ناھايىتى كىچىك بولىدۇ. مانا بۇلار پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ مۇنتىزىم ئۇرۇشتىن پەرقلىنىدىغان يەرلىرى.

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، پارتىزان دۈيلىرىنىڭ ئۇرۇشى مۇمكىن قەدەر كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، يوشۇرۇن ۋە پەۋقۇلئاددە تېز ھەرىكەت قىلىنىپ، دۈشمەنگە ئۇنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن تويۇقسىز زەربە بېرىپ، جەڭنى ناھايىتى تېز بىرتەرەپ قىلىشنى؛ پاسسىپ مۇداپىئە كورۇشتىن، كەينىگە سوزۇشتىن ۋە جەڭدە ئەسكىرىي كۈچنى بولۇۋېتىشتىن بولسا، قاتتىق ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، پارتىزان ئۇرۇشىدا پەقەت جەنلۇې جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى جەنشۇ جەھەتتىمۇ مۇداپىئە كورۇش بولىدۇ، جەڭ ۋاقىتلىرىدا ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە قوغدىنىش ئىشلىرى، تار-قىستاڭ يوللار، خەۋپلىك جايلار، دەريالار، ياكى يېزا-كەنت قاتارلىق جايلاردا دۈشمەننى خورىتىش ۋە ھاردۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان قارشىلىق كورسىتىش تەدبىرلىرى، چېكىنىش ۋاقتىدا قىسىملارنى قوغداش ۋە باشقىلار—ھەممىسى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنشۇ

جەھەتتىكى مۇداپىيە قىسىمدۇر. شۇنداقتىمۇ پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ تۇپ قائىدىسى ھۇجۇم قىلىش بولۇشى، مۇنتىزىم ئۇرۇشىنىڭكىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرى تېخىمۇ چوڭراق بولۇشى كېرەك، بەلكى بۇنداق ھۇجۇم تۇيۇقسىز بولۇشى لازىم. داغدۇغا كوتۇرۇپ ۋە گۇلدۇر-تاراق قىلىپ ئۆزىنى بىلدۇرۇپ قويۇشقا مۇنتىزىم ئۇرۇشىگە قارىغاندا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. پارتىزان ئۇرۇشىدا بەزى ھاللاردا، مەسىلەن، ياردەمچىسىز يالغۇز قالغان مەلۇم بىر كىچىك دۇشمەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلغاندا، گەرچە جەڭ بىرنەچچە كۇنگىچە سوزۇلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئومۇمەن، جەڭنى مۇنتىزىم ئۇرۇشقا قارىغاندا تېز ھەل قىلىش تېخىمۇ كوپرەك تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇنى دۇشمەن كۇچلۇك ۋە بىز ئاجىز بولغان ئەھۋال بەلگىلىگەن. پارتىزان ئۇرۇشى ئەسلىدە تارقاق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پارتىزان ئۇرۇشى بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ، شۇڭا، نۇرغۇن ۋەزىپىلەردە، مەسىلەن، پاراكەندە قىلىش، ئىسكەنجىگە ئېلىش، ۋەيران قىلىش ۋە ئاممىۋى خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە ئەسكىرىي كۇچنى بولۇشنى پىرىنسىپ قىلىدۇ؛ لېكىن بىرەر پارتىزان قىسمى ياكى پارتىزان بىكىتۇەنى دۇشمەننى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا، بولۇپمۇ دۇشمەننىڭ ھۇجۇمىنى تار - مار قىلىش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كورسىتىشتە ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئەسكىرىي كۇچىنى توپلىشىمۇ كېرەك بولىدۇ. «زور كۇچنى توپلاپ، دۇشمەننىڭ كىچىك قوشۇنىغا زەربە بېرىش» يەنىلا پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇرۇش قىلىش پىرىنسىپلىرىدىن بىرى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنىمۇ بىلىش مۇمكىنكى، پۇتۇن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن قارىغاندا، پەقەت مۇنتىزىم ئۇرۇشتا ۋە پارتىزان

ئۇرۇشىدا جەنىي ۋە جەڭ دائىرىلىك ھۇجۇم ئۇرۇشلىرى ناھايىتى كوپ بولغاندىلا، يەنى ھۇجۇم ئۇرۇشلىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن غەلىبە قازانغاندىلا، جەنلۇبېلۇك مۇداپىيە كورۇش مەقسىدىگە يەتكىلى ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنى ئۈزۈل - كېسىل يەڭگىلى بولىدۇ. پەقەت جەنىي ۋە جەڭ دائىرىلىك تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشلىرى ناھايىتى كوپ بولغاندىلا، يەنى نۇرغۇن جەنىي ۋە جەڭ دائىرىلىك ھۇجۇم ئۇرۇشلىرىنى جەڭنى تېز ھەل قىلىش ئارقىسىدا غەلىبىگە ئېرىشتۇرگەندىلا، جەنلۇي جەھەتتىن ئۇزاققا سوزۇش مەقسىدىگە يەتكىلى، بىر تەرەپتىن، ۋاقىتنى قولغا كەلتۇرۇش بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋاتقان كۇچلەرنى كۇچەيتىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقارا ۋەزىيەتنىڭ ئوزگىرىشىنى، دۇشمەننىڭ ئىچكى جەھەتتىن يىمىرىلىشىنى چاپسانلىتىپ ۋە كۇتۇپ، شۇنىڭ بىلەن جەنلۇبېلۇك قايتۇرما ھۇجۇم ئېلىپ بېرىپ، ياپون قاراقچىلىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، پەقەت ھەر بىر جەڭدە ئۇستۇن ئەسكىرىي كۇچنى توپلاپ، مەيلى جەنلۇبېلۇك مۇداپىيە مەزگىلىدە بولسۇن، مەيلى جەنلۇبېلۇك قايتۇرما ھۇجۇم مەزگىلىدە بولسۇن، بىردەك جەنىي ۋە جەڭ دائىرىلىك تاشقى سەپ ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، دۇشمەننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىش، دۇشمەننىڭ ھەممىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا مۇمكىن بولمىغاندا، بىر قىسمىنى بولسىمۇ مۇھاسىرىگە ئېلىش، مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىش مۇمكىن بولمىغاندا، مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ يوقىتىش، مۇھاسىرىگە ئېلىنغان دۇشمەندىن كوپلەپ ئەسىر ئېلىشقا مۇمكىن بولمىغاندا، مۇھاسىرىگە ئېلىنغان دۇشمەننى كوپلەپ ئولتۇرۇش ۋە يارىدار قىلىش كېرەك.

ئەنە شۇنداق ناھايىتى ئۇزۇن يوقىتىش ئۇرۇشلىرى توپلانغاندىلا، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش ياساپ، دۈشمەننىڭ جەنلۇۋىلۇك مۇھاسىرىسىنى، يەنى دۈشمەننىڭ تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىش قائىدىسىنى تۇپ-ئاساسىدىن بىت-چىت قىلغىلى، ئاخىرىدا خەلقارا كۈچلەرگە ۋە ياپونىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى كۈرەشلىرىگە ماسلىشىپ، ياپون جاھانگىرلىگىنى بىرلىكتە قورشىۋېلىپ، بىريولىلا يوقاتقىلى بولىدۇ. بۇنداق نەتىجىلەر، ئاساسەن، مۇنتىزىم ئۇرۇش ئارقىسىدا قولغا كېلىدۇ، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئۇتۇقلىرى پەقەت ئىككىنچى ئورۇندىلا تۇرىدۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۇششاق غەلىبىلەرنى توپلاپ، چوڭ غەلىبىگە ئايلاندۇرۇش — مۇنتىزىم ئۇرۇش ئۇچۇنمۇ، پارتىزان ئۇرۇشى ئۇچۇنمۇ ئورتاق. پارتىزان ئۇرۇشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ئۇلۇغ جەنلۇۋىلۇك رول ئوينايدۇ دىگەندە، ئەنە شۇ نۇقتا كوزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەمدى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جۇدۇگۈلۈغى، جانلىقلىقى ۋە پىلانلىقلىقى مەسلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جۇدۇگۈلۈغى دىگەن نىمە؟

بارلىق ئۇرۇشتا دۈشمەن بىلەن ئۆزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئۇرۇش مەيدانىدا، جەڭ بولۇۋاتقان جايلاردا، ئۇرۇش رايونلىرىدا ۋە تاكى ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا جۇدۇگۈلۈق ھوقۇقىنى تالىشىدۇ، بۇنداق جۇدۇگۈلۈق ھوقۇقى قوشۇنلارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىدۇر. جۇدۇگۈلۈق ھوقۇقىنى قولدىن بېرىپ قويغان قوشۇن بېيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇنداق قوشۇن ئەركىن بولمايدۇ ۋە يوقىتىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش خەۋپى ئاستىدا قالىدۇ. ئەسلىدە

جەنلۇپلۇك مۇداپىە ئۇرۇشدا ۋە ئىچكى سەپ ئۇرۇشدا جۇدۇڭلۇقنى قولغا كەلتۇرۇش تەسرەك، هۇجۇم ئىلىپ بېرىلىدىغان تاشقى سەپ ئۇرۇشدا بولسا، جۇدۇڭلۇقنى قولغا كەلتۇرۇش ئوڭايراق بولىدۇ. لېكىن ياپون جاهانگىرلىكىنىڭ ئىككى توپ ئاجىزلىغى بار، ئۇ بولسمۇ ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمەيدۇ ۋە يات مەملىكەتتە ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ كۈچىنى يېتەرلىك مول-چەرلىمىگەنلىگى ۋە ياپون جۇنفالىرىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى سەۋەبىدىن نۇرغۇن قوماندانلىق خاتالىقلىرىنى ئۆتكۈزگەنلىگىنى، مەسىلەن، ئەسكىرىي كۈچىنى كوپەيتىشىنىڭ ئاستا بولغانلىغى، جەنلۇپ جەهەتتىكى ھەمكارلىقنىڭ كەم بولغانلىغى، مەلۇم ۋاقىتلاردا ئاساسىي هۇجۇم قىلىش يونۇلۇشىنىڭ بولمىغانلىغى، بەزى ئۇرۇشلاردا پەيتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىغى، مۇھاسىرىگە ئالغىنى بىلەن يوقىتالمىغان-لىغى ۋە باشقىلارنى ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئاجىزلىغى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىگى (مەملىكەتنىڭ كىچىك بولۇشى، ئاھالىسىنىڭ ئازلىغى، بايلىق مەنبەلىرىنىڭ يېتىشسىزلىگى ۋە ئۇنىڭ فېودال-جاهانگىر دولەت بولغانلىغى ۋە باشقىلار)، يات مەملىكەتتە ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىغى (ئۇرۇشنىڭ جاهان-گىرلىك خاراكتېرى ھەم ۋەھشىيانىلىگى ۋە باشقىلار)، قوماندانلىغى-نىڭ دوتلىگى — بۇلار ياپون جۇنفالىرىنى، گەرچە ئۇلار هۇجۇم ئۇرۇشى ۋە تاشقى سەپ ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئەپلىك ئورۇندا تۇرغان بولسمۇ، ئوز جۇدۇڭلۇق هوقۇقىنى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا ئىلىپ باردى. ياپونىيە هازىر تېخى ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرۇشنى خالىمايدۇ هەم ئاياقلاشتۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ جەنلۇپ-لۇك هۇجۇممۇ تېخى توختىغىنى يوق، لېكىن ئۇمۇمى ۋەزىيەتنىڭ

يوزلىنىشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھۇجۇمىنىڭ مەلۇم چېكى بار—بولار، ئۇنىڭ ئۇچ ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان مۇقەررەر نەتىجە، ئۇنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى ھېچبىر چەكلەنمىگەن ھالدا يۇتۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ياپونىيىنىڭ تامامەن بېيدۇلۇڭ ئورۇنىغا چۈشۈپ قالىدىغان كۈنىمۇ كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ھازىردىنلا كورۇنۇشكە باشلىدى. جۇڭگو تەرەپ ئۇرۇشىنىڭ دەسلىۋىدە خېلى بېيدۇلۇقتا چۈشۈپ قالغان ئىدى، ھازىرقى ۋاقىتتا، تەجرىبە ھاسىل قىلغانلىقى، يېڭى يوندۇلگەن ئېلىپ بېرىش فاڭجېنىنى، يەنى جەنيى ۋە جەڭ دائىرىسىدىك ھۇجۇم ئۇرۇشى، تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى ۋە تاشقى سەپ ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش فاڭجېنىنى قوللىنىشقا ئوتتۇۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پارتىزان ئۇرۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەۋج ئالدۇرۇش فاڭجېنىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، جۇدۇڭلۇق ئورۇننى كۈندىن-كۈنگە ئوز قولىغا ئېلىۋاتىدۇ.

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جۇدۇڭلۇق ھوقۇقى مەسلىسى تېخىمۇ جىددى مەسلە. چۈنكى پارتىزان دۈيلىرىنىڭ كوپچىلىگى ئېغىر شارائىتتا، يەنى ئارقا سەپسىز ئۇرۇش قىلىش ھالىتىدە، دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز بولغان ھالەتتە، تەجرىبىلەر كەم بولغان ھالەتتە (بۇ يەردە سوز يېڭىدىن قۇرۇلغان پارتىزان دۈيلىرى ئۇستىدە بارىدۇ)، بىر پۈتۈن بولمىغان ھالەتتە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتلەردە تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن پارتىزان ئۇرۇشى جۇدۇڭلۇق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي شەرتى دۈشمەننىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۇچ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىشتۇر. پارتىزان دۈيلىرى دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمىگەنلىگىدىن پايدىلىنىپ (پۈتۈن ئۇرۇشتىن قارىغاندا)، كەڭ پائالىيەت رايونلىرىنى دادىللىق

بىلەن قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن؛ پارتىزان دۆيلىرى دۈشمەننىڭ يات مىللەت ئىكەنلىكىدىن ۋە ئىنتايىن ۋەھشىيانە سىياسەت يۈرگۈزۈ-ۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىليونلىغان خەلقنىڭ ھىمايىسىنى داۋاملىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن؛ پارتىزان دۆيلىرى دۈشمەن قوماندانلىقىنىڭ دوتلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ زىرەكلىكىنى داۋاملىق بىلەن جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن. دۈشمەننىڭ بۇ بارلىق ئاجىزلىقلىرىنى مۇنتىزىم ئارمىيەمۇ تۇتۇۋېلىپ، دۈشمەننى يېڭىشنىڭ دەسمايىسى قىلىشى لازىم، لېكىن پارتىزان دۆيلىرى بۇ ئاجىزلىق-لارنى تۇتۇۋېلىشتا تېخىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك. پارتىزان دۆيلىرىنىڭ ئۆز ئاجىزلىقلىرى كۈرەش داۋامىدا بارا-بارا ئازىيىپ بارىدۇ. تېخى، بۇ ئاجىزلىقلار بەزىدە دەل جۇدۇڭلۇق ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرتى بولۇپمۇ قالىدۇ، مەسىلەن، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئاجىز-كىچىك بولغانلىقى دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە گاھ كورۇنۇپ-گاھ غايىپ بولۇپ ھەرىكەت قىلىشىغا ئوڭايلىق بېرىدۇ، دۈشمەن ئۇلارنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، مۇنداق چوڭ ئەركىنلىككە زور مۇنتىزىم ئارمىيە ئىگە بولالمايدۇ.

دۈشمەن بىرقانچە يونۇلۇشلەر بويىچە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان شارائىتتا، پارتىزان دۆيلىرىنىڭ جۇدۇڭلۇق ھوقۇقىنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇشى قىيىن بولىدۇ، قولدىن بېرىپ قويۇشى ئاسان بولىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، ئەگەر مولچەر ۋە تەدبىر ناتوغرى بولۇپ قالسا، ئاسانلا بىپىدۇڭلۇقتا چۈشۈپ قېلىپ، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىلىك ھۇجۇمىنى يېرىپ ئۆتكىلى بولماي قالىدۇ. دۈشمەن مۇداپىەدە تۇرغان، بىز ھۇ-جۇمغا ئۆتكەن چاغلاردىمۇ، بۇنداق ئەھۋال بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا جۇ-دۇڭلۇق ھوقۇقى ئەھۋال جەھەتتىكى (ئىككى تەرەپنىڭ — دۈشمەننىڭ

ۋە ئۇزىنىڭ ئەھۋالى جەھەتتىكى) توغرى مولچەر ۋە توغرى ھەربى ـ سىياسى تەدبىرلەردىن تۇغۇلىدۇ. كېگۇەن ئەھۋالغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئۇمىتسىز مولچەر ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ چىقىدىغان پاسسىپ تەدبىر، شەك ـ شۇبھىسىزكى، ئۇزىنى جۇدۇگىلۇق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، بېيدۇڭ ئورۇنغا چۇشۇرۇپ قويىدۇ. لېكىن، ئوخشاشلا، كېگۇەن ئەھۋالغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ھەددىدىن ئارتۇق ئۇمىتلىك مولچەر ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ چىقىدىغان تەۋەككۇلچىلىك (ھاجەتسىز تەۋەككۇلچىلىك) تەدبىرىمۇ جۇدۇگىلۇق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە ئۇمىتسىزلەر بىلەن بىر يولغا كىرگۇزۇپ قويىدۇ. جۇدۇگىلۇق ھوقۇقى ھەرقانداق تالانت ئىگىسىدە ئەزەلدىن بار نەرسە ئەمەس، پەقەت زېرەك رەھبەرنىڭ كېگۇەن ئەھۋالنى كەمتەرلىك بىلەن تەتقىق قىلىشى ۋە توغرى مولچەرلىشىدىن، ھەربى ۋە سىياسى ھەرىكەتلەردە توغرى تەدبىر كورۇشىدىن تۇغۇلىدىغان نەرسە. دېمەك، تەييار نەرسە ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق رەۋىشتە قولغا كەلتۇرۇلىدىغان نەرسە.

مولچەر ۋە تەدبىرنىڭ خاتا بولغانلىقىدىن ياكى قارشىلىق كورسەتكىلى بولمايدىغان بېسىمدىن ئىلاجسىز بېيدۇڭ ئورۇنغا چۇشۇپ قالغان چاغدا بولسا، بۇ چاغدىكى ۋەزىپە ئەنە شۇنداق بېيدۇگلۇقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. قانداق ئامال بىلەن قۇتۇلۇشنى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك. كوپ ھاللاردا «كېتىش» لازىم بولىدۇ. پارتىزان دۇيلىرىنىڭ كېتىشنى بىلىشى دەل ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى. كېتىش ـــ بېيدۇگلۇقتىن قۇتۇلۇپ، جۇدۇگلۇقنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى. لېكىن ئۇسۇل بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. دۇشمەن ئىنتايىن ئەدەپ كەتكەن، بىز

ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرغان ۋاقىت، كوپيۇنچە، ئەھۋال دەل دۈشمەن ئۈچۈن پايدىسىز بولۇشقا باشلىغان، بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشقا باشلىغان ۋاقىت بولىدۇ. كوپيۇنچە، شۇنداق ھاللارمۇ بولىدۇكى، پايدىلىق ئەھۋال ۋە جۇدۇڭلۇقنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى «يەنە بىرپەس چىڭ تۇرۇش»تىن ئىبارەت تىرىشچانلىقتىن تۇغۇلىدۇ.

ئەمدى جانلىقلىق ئۈستىدە توختىلىمىز.

جانلىقلىق — جۇدۇڭلۇقنى كونكرېت ئىپادىلەيدىغان نەرسە. ئەسكىرىي كۈچنى جانلىق ئىشلىتىش پارتىزان ئۇرۇشىدا مۇنتىزىم ئۇرۇشتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ زۆرۈر.

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ يېتەكچىلىرىگە چۈشەندۈرۈش لازىمكى، ئەسكىرىي كۈچنى جانلىق ئىشلىتىش — دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش ياساپ، جۇدۇڭ ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەسكىرىي كۈچنى ئىشلىتىشنى ۋەزىيەتكە ۋە دۈشمەن ئەھۋالى، يەر شارائىتى، ئاھالە قاتارلىق شەرت-شارائىتقا قاراپ جانلىق ئۆزگەرتىپ تۇرۇش لازىم، بۇنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى — ئەسكىرىي كۈچنى بولۇپ ئىشلىتىش، توپلاپ ئىشلىتىش ۋە يوتكەش. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ رەھبەرلىرى پارتىزان دۈيلىرىنى ئىشلىتىشتە، خۇددى بېلىقچى تور سالغاندەك، ھەم يايالايدىغان، ھەم يىغىۋالالايدىغان بولۇشى كېرەك. بېلىقچى تورنى يايىدىغان چاغدا سۇنىڭ چوڭقۇر-تېيىزلىكىگە، ئېقىشىنىڭ تېز-ئاستىلىقىغا ۋە ئۇ يەردە توسالغۇنىڭ بار-يوقلىقىغا سەپسالىدۇ، پارتىزان دۈيلىرىنى بولۇپ ئىشلىتىدىغان چاغدىمۇ ئەھۋالنى چۈشەنمەسلىك ۋە ھەرىكەتتە

خاتالىشىش سەۋىۋىدىن زىيانغا ئۇچرىماسلىققا دىققەت قىلىش لازىم. بېلىقچى تورنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن تورنىڭ بېغىنى مەھكەم تۇتىدۇ، قىسىملارنى ئىشلەتكەندىمۇ خەت-خەۋەر ئالاقىسىنى ساقلاش ۋە خېلى ساندا ئاساسىي كۈچنى قولدا تۇتۇش لازىم. بېلىق تۇتقاندا، پات-پات ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ، پارتىزان دۈيلىرىمۇ پات-پات ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى لازىم. بۆلۈش، توپلاش ۋە ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش — پارتىزان ئۇرۇشىدا ئەسكىرىي كۈچنى جانلىق ئىشلىتىشنىڭ ئۈچ ئۇسۇلى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، پارتىزان دۈيلىرى كۈچنى بۆلۈپ ئىشلىتىش، يەنى «پۈتۈننى پارچە قىلىش» ۋاقتىدا، ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ: (1) دۈشمەن مۇداپىئەدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كۈچنى توپلاپ ئۇرۇش قىلىشقا ئىمكانىيەت ۋاقىتىنچە بولماي، دۈشمەننىڭ كەڭ ئۇدۇل تەرەپتىن خەۋپ سالماقچى بولغان چاغدا؛ (2) دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز بولغان رايونلاردا ئومۇمىيۈزلۈك پاراكەندە قىلىش ھەم ۋەيران قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقچى بولغان چاغدا؛ (3) دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىلىك ھۇجۇمىنى بىرىپ ئوتۇشكە ئىلاجسىز قېلىپ، نىشاننى كىچىكلىتىش يولى بىلەن دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ چىقماقچى بولغان چاغدا؛ (4) يەر شارائىتى ياكى تەمىنات جەھەتتىن چەكلەنگەن چاغدا؛ (5) كەڭ رايونلاردا ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ بارماقچى بولغان چاغدا. لېكىن، قانداقلىكى ئەھۋالدا بولسۇن، بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلغاندا، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم: (1) ئەسكىرىي كۈچنى مۇتلەق باراۋەر بۆلۈۋەتمەي، كۆپرەك قىسمىنى مۇۋاپىق ئېھتىيات رايوندا ساقلاپ قېلىش، بۇ، بىر تەرەپتىن، تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرگە

جاۋاپ بېرىشكە ئوڭايلىق بېرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بولۇنۇپ ئىجرا قىلىدىغان ۋەزىپىلەردە بىرنى ئېغىرلىق مەركىزى قىلىپ ئىجرا قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ؛ (2) بولۇۋېتىلگەن قىسىملارغا ئېنىق ۋەزىپە، ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان رايون، ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان ۋاقىت، توپلىنىدىغان جاي، ئالاقە باغلاش ئۇسۇلى ۋە باشقىلارنى كورسىتىپ بېرىش.

ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ئىشلىتىش، يەنى «پارچىنى پۈتۈن قىلىش» چارىسى، تولا راق، دۈشمەن ھۇجۇم قىلغان چاغدا دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ؛ شۇنىڭدەك دۈشمەن مۇداپىيەدە تۇرغان چاغدا بەزىبىر ئورۇنلىشىۋالغان دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش مۇتلەق توپلاش دىگەنلىك ئەمەس، ئاساسىي كۈچ مەلۇم بىر مۇھىم تەرەپكە ئىشلىتىش ئۈچۈن توپلىنىلىدۇ، بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ بولسا، دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئېلىش، پاراكەندە قىلىش، ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ياكى ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن باشقا تەرەپلەردە قالدۇرۇلىدۇ ياكى باشقا تەرەپلەرگە ئېۋەتىلىدۇ.

ئەسكىرىي كۈچنى ئەھۋالغا قاراپ جانلىق بولۇش ياكى توپلاش پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى بولىدۇ، لېكىن يەنە ئەسكىرىي كۈچنى جانلىق يوتكەش (ئورۇن ئالماشتۇرۇش)نىمۇ بىلىش كېرەك. دۈشمەن پارتىزان دۈيلىرىنىڭ ئۆزىگە زور خەۋپ سالىدىغانلىقىنى سېزىپ قالغان چاغدا ئەسكەر ئېۋەتىپ بېسقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ ياكى ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىزان دۈيلىرى ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئەگەر ئۇرۇش قىلىش مۇمكىن بولسا، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ئۇرۇش قىلىشى؛ ئەگەر ئۇرۇش قىلىش مۇمكىن بولمىسا،

پەيتنى قولدىن بەرمەي، چاپسانلىق بىلەن باشقا بىر تەرەپكە يوت-كىلىپ كېتىشى لازىم. بەزى چاغدا دۈشمەننى بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىش ئۈچۈن، بىر جايدىكى دۈشمەننى يوقىتىپ بولۇپلا دەرھال باشقا بىر تەرەپكە يوتكىلىپ، ئۇ يەردىكى دۈشمەننى يوقىتىشقا توغرى كېلىپمۇ قالىدۇ؛ شۇنىڭدەك بۇ جايدا ئۇرۇش قىلىشقا ئەپ بولمىسا، دەرھال بۇ جايدىكى دۈشمەندىن يىراقلىشىپ، باشقا بىر تەرەپكە يوتكىلىپ ئۇرۇش قىلىشقا توغرى كېلىپمۇ قالىدۇ. ئەگەر دۈشمەننىڭ پەيلى بەكمۇ يامان بولسا، پارتىزان قىسىملىرى بىر جايدا ئۇزۇن تۇرماستىن، ئېقىن سۇ-قۇيۇن شامالدەك، تېزلىك بىلەن ئۆز ئورنىنى يوتكەپ تۇرۇشى لازىم. ئەسكىرىي كۈچىنى يوتكەش، ئۇمۇمەن، يوشۇرۇن ۋە تېز بولۇشى لازىم. ھەر دائىم ئەپچىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دۈشمەننى ئالداش، قايمۇقتۇرۇش ۋە ئېزىقتۇرۇش، مەسىلەن، ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش، گاھ ئۇ يەردە-گاھ بۇ يەردە كۆرۈنۈش، غىپپىدە كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، غىپپىدە كېتىپ قېلىش، كېچىلەردە ھەرىكەت قىلىش كېرەك ۋە باشقىلار.

بولۇش، توپلاش ۋە يوتكەشتىكى جانلىقلىق — پارتىزان ئۇرۇ-شىدا جۇدۇڭلۇقنى كونكرېت ئىپادىلەيدىغان نەرسە؛ قاتمىلىق ۋە ھاڭۋاقتىلىق جەزمەن بېيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ئورۇنسىز زىيانلارغا دۇچار قىلىدۇ. لېكىن رەھبەرنىڭ زېرەكلىكى ئەسكىرىي كۈچنى جانلىق ئىشلىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىدىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ ئەسكىرىي كۈچنى ئۆز ۋاقتىدا بولۇش، توپلاش ۋە يوتكەشكە ماھىر بولۇشىدا. ئەھۋالنى پايقاشقا ۋە پەيت تاللاشقا ماھىر بولۇشتىن ئىبارەت بۇنداق زېرەكلىكتە ئىگە

بولۇش ئاسان ئەمەس، بۇنىڭغا پەقەت كەمتەرلىك بىلەن تەتقىق قىلىدىغان، ئىجتىھات بىلەن تەكشۈرىدىغان ۋە پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەرلا ئېرىشەلەيدۇ. جانلىقلىقنى قارامىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئەھۋالنى ئېھتىيات بىلەن مۇلاھىزە قىلىش زۆرۈر.

ئاخىرىدا پىلانلىقلىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئۇنىڭ پىلانلىقلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. قانداق توغرى كەلسە شۇنداق قىلىش خىيالىدا بولۇش پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن ئويناشقانلىق ياكى پارتىزان ئۇرۇشىدىن خەۋىرى بولمىغانلىق، خالاس. خاھى پۈتۈن پارتىزان رايونىنىڭ ھەرىكەتلىرىدە بولسۇن، خاھى ئايرىم پارتىزان قىسىملىرى ياكى پارتىزان بىكىتۇەنلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىدە بولسۇن، ئالدى بىلەن مۇمكىن قەدەر پۇختا پىلان بولۇشى لازىم، بۇ بارلىق ھەرىكەتلەر ئۈچۈن ئالدىنقى تەييارلىق خىزمىتى بولىدۇ. ئەھۋالنىڭ ئىگەللىنىشى، ۋەزىپىنىڭ ئېنىق بەلگىلىنىشى، ئەسكىرىي كۈچنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەربى ۋە سىياسى تەربىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، تەمىناتنىڭ تەييارلىنىشى، قۇرال - جابدۇقلارنىڭ رەتلىنىشى، ئاممىۋى شەرت - شارائىتنىڭ ماسلىشىشى ۋە باشقىلار رەھبەرلەرنىڭ تەپسىلى مۇلاھىزە قىلىش، ھەققىي ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە ئىجرا قىلىنىش دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. بۇ شەرت - شارائىت بولمىسا، جۇدۇڭ بولۇش، جانلىق بولۇش ۋە ھۇجۇم قىلىش دىگەنگە ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. دۇرۇس، مۇنتىزىم ئۇرۇشنىڭ پىلانلىقلىقى چوڭراق بولىدۇ، پارتىزان ئۇرۇشنىڭ شەرت - شارائىتى ناھايىتى چوڭ پىلانلىقلىققا يول قويمايدۇ، ئەگەر پارتىزان ئۇرۇشىدا يۇكسەك

ۋە پۇختا پلان خزمتنى يولغا قويۇشقا ئۇرۇنۇلسا، ئۇ خاتا بولدۇ؛ لېكن كېگۈەن شارائتنڭ يار بېرش دەرىجسگە قاراپ، مۇمكن قەدەر پۇختا بولغان پلاننى تۈزۈشمۇ زورۇر، دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قلش چاخچاق قلدىغان ئش ئەمەس ئكەنلگنى بلش كېرەك.

يۇقۇرىدا ئېيتلغان نۇقتلاردا پارتزان ئۇرۇشنڭ جەنلۈي پرنسپلرىغا دائر برىنچى مەسلنى — مۇداپىە ئۇرۇشى داۋامدىكى هۇجۇم ئۇرۇشنى، ئۇزاققا سوزۇلدىغان ئۇرۇش داۋامدىكى تېز هەل قلش ئۇرۇشنى ۋە ئچكى سەپ ئۇرۇشى داۋامدىكى تاشقى سەپ ئۇرۇشنى جۇدۇڭ، جانلق ۋە پلانلق هالدا ئېلىپ بېرش مەسلسنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. بۇ — پارتزان ئۇرۇشنڭ جەنلۈي پرنسپدىكى ئەڭ مەركزي مەسلە. بۇ مەسلە هەل قلنسا، پارتزان ئۇرۇشنڭ غەلبسى هەربى يېتەكچلك جەهەتتكى مۇهم كاپالەتكە ئگە بولدۇ.

بۇ يەردە نۇرغۇن نەرسەلەرنى سوزلگەن بولساقمۇ، لېكن بۇلارنڭ هەممسى جەنيى ۋە جەڭ دائرلك هۇجۇم ئۈستدىلا بولدى. جۇدۇڭ ئورۇننى پەقەت هۇجۇمدا غەلبە قازانغاندىن كېينلا ئۈزۈل-كېسل قولغا كەلتۈرگلى بولدۇ، بارلق هۇجۇم ئۇرۇشلرنمۇ جۇدۇڭ هالدا ئۇيۇشتۇرۇش لازم، هۇجۇمغا مەجبۇرى ئۆتمەسلك كېرەك. ئەسكري كۈچنى جانلق ئشلتش هۇجۇم ئۇرۇشدىن ئبارەت مەركەز ئۈچۈن بولۇشى لازم؛ پلانلقلقنڭ زورۇرلگمۇ، ئاساسەن، هۇجۇمنڭ غەلبسى ئۈچۈندۇر. جەنشۇ جەهەتتكى مۇداپىە ۋاستلرى هۇجۇمغا بىۋاستە ياكى ۋاستلق ياردەم بېرشتن چەتلەشسە، هېچقانداق ئەهمىيەتكە ئگە بولمايدۇ.

تېز ھەل قىلىش ھۇجۇمنىڭ ۋاقتىغا، تاشقى سەپ بولسا، ھۇجۇمنىڭ دائىرىسىگە قارىتا ئېيتىلغان. ھۇجۇم — دۇشمەننى يوقىتىشنىڭ بىردىن-بىر ۋاستىسى، ئۆزنى ساقلاشنىڭمۇ ئاساسىي ۋاستىسى، نوقۇل مۇداپىئە كورۇش ۋە چېكىنىشنىڭ ئۆزنى ساقلاشتا پەقەت ۋاقىتلىق ۋە قىسمەنلا رولى بار، دۇشمەننى يوقىتىشتا بولسا، ھېچقانداق رولى يوق.

بۇ پىرىنسىپ مۇنتىزىم ئۇرۇشتىمۇ، پارتىزان ئۇرۇشىدىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، پەقەت ئىپادە شەكلىدىلا دەرىجە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن پارتىزان ئۇرۇشىدا بۇ پەرققە دىققەت قىلىش مۇھىم ۋە زورۇر. دەل مۇشۇ پەرقلىق ئىپادە شەكلى سەۋەبىدىن، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇلى مۇنتىزىم ئۇرۇشنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىدۇ؛ بۇ پەرقلىق ئىپادە شەكلى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلسا، پارتىزان ئۇرۇشى غەلىبە قازىنالمايدۇ.

## بەشىنچى باپ

## مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن ماسلىشىش

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەڭلۇۋ مەسىلىسىدىكى ئىككىنچى مەسىلە — مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن ماسلىشىش مەسىلىسى. بۇنىڭدا پارتىزان ئۇرۇشىدىكى كونكرېت ھەرىكەتلەرنىڭ خاراكتېرىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىن مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش دۇشمەننى ئۈنۈملۈك يېڭىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن مۇنتىزىم ئۇرۇشنىڭ ماسلىشىشى ئۈچ

خىل بولىدۇ: جەنلۇۋى جەھەتتىن، جەنىيى جەھەتتىن ۋە جەڭ جەھەتتىن.

پۈتۈن پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە دۈشمەننى ئاجىزلىتىش، دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە دۈشمەننىڭ نەقلىيات ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش جەھەتتىن ئوينايدىغان رولى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇنتىزىم ئارمىيىگە ھەم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە روھى جەھەتتىن بېرىدىغان ئىلھامى ۋە باشقىلار ــ ھەممىسى ئۇنىڭ مۇنتىزىم ئۇرۇشقا جەنلۇۋى جەھەتتىن ماسلاشقانلىقى. مىسال ئۈچۈن دۈگبېي ئۈچ ئۆلكىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىنى ئالساق، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ماسلىشىش مەسىلىسى، ئەلۋەتتە، تۇغۇلمىغان ئىدى، لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ماسلىشىشنىڭ ئەھمىيىتى روشەن ئىپادىلىنىپ چىقتى. ئۇ يەردىكى پارتىزان دۈيلىرى دۈشمەندىن بىرنى بولسىمۇ ئۆلتۈرسە، دۈشمەنگە بىر ئوقنى بولسىمۇ ئوشۇق چىقىم قىلدۇرسا، دۈشمەندىن بىرنى بولسىمۇ ئوشۇق ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇنى شەنخەيگۇەندىن جەنۇپقا ئۆتكۈزمىسە، پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بىر ئۈلۈش كۈچ قوشقان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن دۈشمەن ئارمىيىسىگە ۋە دۈشمەن دۆلىتىگە روھى جەھەتتىن پايدىسىز تەسىر بېرىدىغانلىقى ۋە بىزنىڭ پۈتۈن ئارمىيىمىز ۋە خەلقىمىزگە روھى جەھەتتىن ياخشى تەسىر بېرىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. بېيپىڭ ــ سۈييۈەن، بېيپىڭ ــ خەنكۇ، تيەنجىن ــ پۇكۇ، داتۇڭ ــ پۇجۇ، جېڭدىڭ ــ تەييۈەن ۋە شاڭخەي ــ خاڭجۇ تومۇر يوللىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پارتىزان ئۇرۇشلىرىغا كەلسەك،

ئۇلارنىڭ جەنلۇپ جەھەتتىن ئوينىۋاتقان ماسلىشىش رولىنى تېخىمۇ ئاسان كورۇۋالغىلى بولىدۇ. پارتىزان ئۇرۇشى ھازىرقى ۋاقىتتا، دۇشمەن جەنلۇپىلۇك ھۇجۇم ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا مۇنتىزىم ئارمىيىگە ماسلىشىپ جەنلۇپلۇك مۇداپىئە كورۇش رولىنى ئويناش بىلەنلا قالمايدۇ؛ شۇنىڭدەك دۇشمەن ئوزىنىڭ جەنلۇپلۇك ھۇجۇ-منى ئاياقلاشتۇرۇپ، بېسىۋالغان يەرلەرنى توتۇپ تۇرۇشقا ئوتكەن چاغدا مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ دۇشمەننىڭ بېسىۋالغان يەرلەرنى توتۇپ تۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا ماسلىشىش بىلەنلا قالمايدۇ؛ بەلكى مۇنتىزىم ئارمىيە جەنلۇپلۇك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتكەن چاغدا مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ دۇشمەن ئارمىيىسىنى چېكىندۇرۇپ، قولدىن كەتكەن بارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشىغىمۇ ماسلىشىدۇ. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇپ جەھەتتىكى ئۇلۇق ماسلىشىش رولىغا ئېتىۋارسىز قاراشقا يول قويۇلمايدۇ. پارتىزان دۇيلىرى ۋە مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىرى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ بۇ رولىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى كېرەك.

بۇلا ئەمەس، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ يەنە جەڭ جەھەتتىن ماسلىشىش رولىمۇ بار. مىسال كەلتۈرەيلى، تەييۈەننىڭ شىمالىدا بولغان شىنكۇ جېڭىدە يەنمېنگۇەننىڭ جەنۇپ ھەم شىمالىدىكى پارتىزان ئۇرۇشلىرىنىڭ داتۇڭ-پۇجۇ تومۇر يولىنى، پىڭشىڭگۇەن ۋە ياڭفاڭكۇ ماشىنا يوللىرىنى بۇزۇپ ئوينىغان جەڭ جەھەتتىن ماسلىشىش رولى ناھايىتى زور بولدى. يەنە مىسال كەلتۈرەيلى، دۇشمەن فېڭلىڭدۇنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شەنشى ئولكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت پارتىزان ئۇرۇشلىرىنىڭ (ئاساسەن، مۇنتىزىم ئارمىيە ئېلىپ بارغان) شەنشى ۋە خېنەن

ئۆلكىلەردە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي ھەم جەنۇبىي قىرغاقلىرى بويلاپ ئېلىپ بېرىلغان مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىغا ماسلىشىشتا ئوينىغان جەنلىي جەھەتتىن ماسلىشىش رولى تېخىمۇ زور بولىدى. يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلى، دۈشمەن جەنۇبىي شەندۇڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، پۈتۈن خۇابېي 5 ئۆلكىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى جەنۇبىي شەندۇڭدىكى قوشۇنلىرىمىزنىڭ جەنلىك ئۇرۇش قىلىشىغا ماسلىشىشتىمۇ خېلى كۈچ چىقاردى. بۇ ۋەزىپە جەھەتتە، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزان گېنجۈيدىلىرىنىڭ بارلىق رەھبەرلىرى ياكى پارتىزان بىكىتۇەنلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئېۋەتىلگەن رەھبەرلىرى ئۆز كۈچلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ ۋاقىت ۋە شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ھەرقىلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ ئەڭ خەۋپسىرەيدىغان نۇقتىلىرى ۋە ئاجىز نۇقتىلىرىنى كوزلەپ، ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىپ، دۈشمەننى ئاجىزلىتىش، دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئېلىش، دۈشمەننىڭ نەقلىيات ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ئىچكى سەپلەردە جەنلىك ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇنلارنى روھلاندۇرۇش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ جەنلىي جەھەتتىن ماسلىشىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم. ئەگەر ھەرقايسى پارتىزان رايونلىرى ياكى پارتىزان دۈيلىرى جەنلىك ئۇرۇشقا ماسلىشىشنى نەزەردە تۇتماي، پەقەت ئۆز ئىشى بىلەنلا بولۇپ كەتسە، گەرچە ئۇمۇمى جەنلۇپلۇك ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ ماسلىشىش رولىنى يوقىتىپ قويمىسىمۇ، لېكىن جەنلىك ئۇرۇشقا ماسلاشمىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ جەنلۇپ جەھەتتىن ماسلىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى كېمەيتىپ قويىدۇ. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ بارلىق رەھبەرلىرى بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىشى لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بارلىق چوڭراق پارتىزان قىسىملىرى ۋە

بىگىتۋەنلىرىگە ۋۇشيەندىيەن ئالاقىسىنى ئۇمۇميۈزلۈك ئۈرنىتىش، ھەققەتەن، پۈتۈنلەي زورۇر.

ناھايەت، جەڭ جەھەتتىن ماسلىشىش، يەنى جەڭ مەيدانىدىكى ئۇرۇشقا ماسلىشىش — ئىچكى سەپ جەڭ مەيدانلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بارلىق پارتىزان دۈيلىرىنىڭ ۋەزىپىسى، بۇ، ئەلۋەتتە، پەقەت مۇنتىزىم ئارمىيىگە يېقىن جايلاردىكى پارتىزان دۈيلىرى ياكى مۇنتىزىم ئارمىيىدىن ۋاقىتلىق ئاجرىتىلغان پارتىزان دۈيلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، پارتىزان دۈيلىرى مۇنتىزىم ئارمىيە باشلىقلىرىنىڭ يوليورۇغى بويىچە، ئۆزىگە كورسىتىپ بېرىلگەن ۋەزىپىنى، كوپۈنچە، قىسمەن دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئېلىش، دۈشمەننىڭ نەقلىيات ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش، دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاش، يول باشلىغۇچى بولۇش قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. مۇنتىزىم ئارمىيە باشلىقلىرىنىڭ يوليورۇغى بولمىغان چاغدىمۇ پارتىزان دۈيلىرى بۇ ئىشلارنى ئۆزلىگىدىن ئىشلىشى كېرەك. پەرۋا قىلماي قاراپ ئولتۇرۇش، پارتىزانلىق قىلماسلىق ياكى پارتىزانلىق قىلسىمۇ، تۈزۈك قىلماسلىق پوزىتسىيىسى يارىمايدۇ.

## ئالتىنچى باپ

# گېنجۈيدى قۇرۇش

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈي مەسىلىسىدىكى ئۈچىنچى مەسىلە — گېنجۈيدى قۇرۇش مەسىلىسى. بۇ مەسىلىنىڭ زورۇرلىكى ۋە مۇھىملىقى ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە دەھشەتلىكلىكى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان. چۈنكى

قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا جەڭلۇۋېلۇك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن چاغدا بولىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغىچە دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سېپى مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ ۋە ئۇنى ئوزۇنسىغا كېسىپ تاشلايدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ يېرىنىڭ تەگدىن ئازراغى، ھەتتا تەگدىن تولىسى دۈشمەننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئارقا سېپىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز دۈشمەن بېسىۋالغان مۇنداق كەڭ رايونلاردا ئومۇميۈز-لۈك پارتىزان ئۇرۇشىنى قوزغاپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىنىمۇ ئۇنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندۇرۇپ، دۈشمەننى ئۆزى بېسىۋالغان ھەممە جايدا ئۇرۇشنى توختىتالمايدىغان قىلىپ قويۇشىمىز كېرەك. بىز جەڭلۇۋېلۇك قايتۇرما ھۇجۇمغا قايسى كۈنگىچە ئۆتەلمەيدىكەنمىز ۋە قولدىن كەتكەن جايلارنى قايسى كۈنگىچە قايتۇرۇپ ئالالمايدى-كەنمىز، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىنى شۇ كۈنگىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك، بۇنداق ۋاقىتنى ئېنىق بەلگىلەش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خېلى ئۇزاق بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز، بۇ — ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۈشمەن ئۆزىنىڭ بېسىۋالغان جايلاردىكى مەنپەئەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، پارتىزان ئۇرۇشىغا كۈندىن-كۈنگە جىددىي قارشى تۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ جەڭلۇۋېلۇك ھۇجۇمىنى توختاتقان-دىن كېيىن، پارتىزان دۈيلىرىنى دەھشەتلىك رەۋىشتە بېسىقتۇرىدۇ. دېمەك، ئۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە دەھشەتلىك بولغاچقا، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىكى پارتىزان ئۇرۇشلىرى گېنجۈي-دىلەرسىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۈيدىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ — پارتىزان

ئۇرۇشى ئۆزىنىڭ جەڭلىۋېلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا، ئۆزىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۈشمەننى يوقىتىش ۋە قوغلاپ چىقى-رىش مەقسىدىگە يېتىشتە تايىنىدىغان جەڭلىۋېلىق جىدى. بۇنداق جەڭلىۋېلىق جىدى بولمىسا، بارلىق جەڭلىۋېلىق ۋەزىپىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە ئۇرۇش مەقسىدىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى تايانچىسىز قالىدۇ. ئارقا سەپسىز ئۇرۇش قىلىش — ئەسلىدە دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ خۇسۇسىيىتى، چۈنكى ئۇ مەملىكەتى-نىڭ ئۇمۇمى ئارقا سېپىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. لېكىن گېنجۇيدى بولمايدىكەن، پارتىزان ئۇرۇشى ئۇزاق ۋاقىت مەۋجۇت تۇرالمايدۇ ۋە راۋاجلىنالمايدۇ، بۇنداق گېنجۇيدى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئارقا سېپىمۇ بولىدۇ.

تارىختا نۇرغۇن لىيۇكۇجۇيلىق دىخانلار ئۇرۇشلىرى بولۇپ ئۆتكەن، لېكىن ھېچقايسىسى ۋۇجۇتقا چىقمىغان. قاتناش ۋە تېخنىكا تەرەققى قىلغان بۈگۈنكى كۈندە لىيۇكۇجۇيلىق بىلەن غەلىبە قازى-نىشقا ئۇرۇنۇش تېخىمۇ قىلچە ئاساسى بولمىغان خام خىيال. شۇنداق بولسىمۇ، لىيۇكۇجۇيلىق بۈگۈنكى كۈندە ۋەيران بولغان دىخانلار ئارىسىدا يەنىلا مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ ئېڭى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئېتىپ، گېنجۇيدى تۇتماسلىق ياكى گېنجۇيدىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئىدىيىسىگە ئايلانغان. شۇڭا، پارتىزان ئۇرۇشى رەھبەرلىرىنىڭ كاللىسىدىن لىيۇكۇجۇينى چىقىرى-ۋېتىش — گېنجۇيدى قۇرۇش فاڭجېننى بەلگىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. گېنجۇيدى تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق، گېنجۇيدىگە ئەھمىيەت بېرىش ياكى بەرمەسلىك مەسىلىسى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، گېنجۇيدى ئىدىيىسى بىلەن لىيۇكۇجۇيى ئوتتۇرىسىدىكى

كۇرەش مەسىلىسى ھەرقانداق پارتىزان ئۇرۇشىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىمۇ مەلۇم دەرىجىدە بۇنىڭدىن خالى بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ليۇكۇجۇيىغا قارشى ئىدىيىۋى كۇرەش قىلىش كەم بولسا بولمايدىغان بىر جەريان بولىدۇ. پەقەت ليۇكۇجۇيىلىقنى ئۈزۈل-كېسىل يەڭگەن، گېنجۇيدى قۇرۇش فاكتىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە يولغا قويغاندىلا، ئۇزاق مۇددەت بەرداشلىق بېرىدىغان پارتىزان ئۇرۇشىغا مەنپەئەت يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

گېنجۇيدىنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق، ئەمدى گېنجۇيدى قۇرىدىغان چاغدا بىلىش ۋە ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ مەسىلىلەر: بىرقانچە خىل گېنجۇيدى، پارتىزان رايونى ۋە گېنجۇيدى، گېنجۇيدى قۇرۇشنىڭ شەرتلىرى، گېنجۇيدىلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى بىرقانچە خىل مۇھاسىرىدىن ئىبارەت.

## 1- بولۇم بىرقانچە خىل گېنجۇيدى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىلىرى، ئۇمۇمەن، ئۈچ خىل بولىدۇ: تاغلىق جايلاردىكىلەر، تۈزلەڭلىكلەردىكىلەر ھەم دەريا-كوللەرنىڭ قولتۇق ۋە ئەگمىلىرىدىكىلەر.

تاغلىق جايلاردا گېنجۇيدى قۇرۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى ھەممىگە چۈشىنىشلىك، قۇرۇلغان ياكى قۇرۇلۇۋاتقان ۋە ياكى قۇرۇلىدىغان چاڭبەيشەن[1]، ۋۇتەيشەن[2]، تەيخاڭشەن[3]، تەيشەن[4]، يەنشەن[5] ۋە ماۋشەن[6] گېنجۇيدىلىرى ئەنە شۇنداق گېنجۇيدىلەر.

بۇ گېنجۇيدىلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەت بەرداشلىق بېرىشىگە ھەممىدىن كۆپرەك ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئورۇنلار ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم ئىستىھكاملىرى بولۇپ قالىدۇ. بىز دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى بارلىق تاغلىق جايلارغا بېرىپ، پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز ۋە گېنجۇيدى قۇرۇشىمىز كېرەك.

تۈزلەڭلىكلەر تاغلىق جايلارغا قارىغاندا، ئەلۋەتتە، ناچارراق بولىدۇ، لېكىن بۇ ھەرگىز، تۈزلەڭلىكلەردە پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ھېچقانداق گېنجۇيدى قۇرغىلى بولمايدۇ، دېگەنلىكمۇ ئەمەس. خېبېي تۈزلەڭلىكىدە، شەندۇڭنىڭ شىمالىدىكى ھەم غەربىي شىمالىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە كەڭ كۆلەملىك پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلغانلىقى — تۈزلەڭلىكلەردە پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرى. تۈزلەڭلىكلەردە ئۇزاق مۇددەت بەرداشلىق بېرىدىغان گېنجۇيدىلەرنى قۇرغىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ھازىر تېخى ئىسپاتلانمىدى؛ لېكىن، ۋاقىتلىق گېنجۇيدىلەرنى ۋە كىچىك قىسىملارغا خاس ياكى پەسىللىك گېنجۇيدىلەرنى قۇرۇشقا كەلسەك، ئالدىنقىسى ھازىر ئىسپاتلىنىپ بولدى، كېيىنكىسىمۇ مۇمكىن دەپ ئېيتىش كېرەك. چۈنكى، بىر تەرەپتىن، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى تەقسىم قىلىشقا يېتىشمەيدۇ، ئۇ يەنە قەدىمدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەھشىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو كەڭ زېمىنغا ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇن خەلققە ئىگە، بۇلار تۈزلەڭلىكلەردە پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەمدە ۋاقىتلىق گېنجۇيدىلەر قۇرۇشقا ئىمكانىيەت

بېرىلىدىغان كېيىگۈەن شەرت ـ شارائىتنى يارىتىپ بېرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوماندانلىقنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى قوشىدىغان بولساق، كىچىك قىسىملارغا خاس، مۇقىم بولمىغان ئۇزاق مۇددەتلىك گېنجۇيدىلەرنى قۇرۇشنى، ئەلۋەتتە، مۇمكىن دەپ ئېيتىش كېرەك⑦. ئومۇمەن، دۈشمەن ئۆزىنىڭ جەنلۇبلۇك ھۇجۇمنى ئاياقلاشتۇرۇپ، بېسىۋالغان جايلارنى تۇتۇپ تۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتكەندە، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ھەممە گېنجۇيدىلىرىگە دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىشى شەكسىز، كەلگۈ-لۈكنىڭ ھەممىدىن ئاۋال تۈزلەڭلىكلەردىكى پارتىزان گېنجۇيدىلىرىگە كېلىشىمۇ تەبىي. ئۇ چاغدا، تۈزلەڭلىكلەردە ھەرىكەت قىلىۋاتقان چوڭ پارتىزان بىكتۇەنلىرى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا ئۇزاق مۇددەت بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئەھۋالغا قاراپ، ئاستا ـ ئاستا تاغلىق جايلارغا يوتكىلىشكە توغرى كېلىدۇ، مەسىلەن، خېبېي تۈزلەڭلىكىدىن ۋۇتەيشەن ھەم تەيخاڭشەن تاغلىرىغا، شەندۇڭ تۈزلەڭلىكىدىن تەيشەن تېغىغا ۋە جياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغا يوتكىلىشكە توغرى كېلىدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىچىك پارتىزان قىسىملىرى شۇ جايلاردا قېلىپ، كەڭ تۈزلەڭلىكلەردىكى ناھىيىلەرگە تارقىلىپ، يوتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش، يەنى گېنجۇيدىنى يوتكەش، بىردەم ئۇ يەردە ـ بىردەم بۇ يەردە تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ، مىللى ئۇرۇش شارائىتىدا بۇنداق ئىمكانىيەتنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. يازدا زىرائەتلەرنى دالدا قىلىپ، قىشتا دەريالار-نىڭ توڭلىشىدىن پايدىلىنىپ، پەسىللىك پارتىزان ئۇرۇشى قىلىشقا كەلسەك، ئۇ جەزمەن مۇمكىن. دۈشمەن ھازىر ئامال قىلىشقا كۈچى يەتمەيۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە يېتەرلىك ئامال قىلىشىمۇ تەس بولغان شارائىتتا، ھازىر تۈزلەڭلىكلەردىكى پارتىزان ئۇرۇشىنى كەڭ

كولەمدە راۋاجلاندۇرۇش ھەم ۋاقىتلىق گېنجۇيدى قۇرۇش فاڭجې-
نىنى، كەلگۈسىدە كىچىك قىسىملارنىڭ پارتىزان ئۇرۇشىنى قەتئىي
داۋاملاشتۇرۇش، ھېچبولمىغاندا، پەسىللىك پارتىزان ئۇرۇشلىرىنى
ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىنىش ۋە مۇقىم بولمىغان گېنجۇيدىلەرنى
قۇرۇش فاڭجېنىنى ئېنىق بەلگىلەش پۈتۈنلەي زورۇر.

دەريا - كوللەرنىڭ قولتۇق ۋە ئەگىملىرىدە پارتىزان ئۇرۇشنى
راۋاجلاندۇرۇش ۋە گېنجۇيدى قۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى، كېڭۈەن
جەھەتتىن ئېيتقاندا، تاغلىق جايلاردىنلا بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ،
تۆزلەڭلىكلەرگە قارىغاندا چوڭ بولىدۇ. تارىختا «دېڭىز قاراقچى-
لىرى»، «دەريا بۇلاڭچىلىرى» دېيىلگەنلەرنىڭ سان - ساناقسىز
جەڭ ئويۇنلىرىنى كورسەتكەنلىكى، قىزىل ئارمىيە دەۋرىدە خۇڭخۇ
كولىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ بىرقانچە يىل بەرداشلىق بەرگەن-
لىكى — بۇلار دەريا - كوللەرنىڭ قولتۇق ۋە ئەگىملىرىدە پارتىزان
ئۇرۇشنى راۋاجلاندۇرغىلى ۋە گېنجۇيدىلەر قۇرغىلى بولىدىغانلىقى-
نىڭ دەلىللىرى. بىراق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىيە-
گۇرۇھلار ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق تا شۇ كەمگىچە بۇ
تەرەپكە ئانچە دىققەت قىلماي كېلىۋاتىدۇ. گەرچە جۇگۈەن شەرت-
شارائىت تېخى ھازىرلانمىغان بولسىمۇ، شۇبھىسىزكى، بۇ تەرەپكە
دىققەت قىلىش ۋە كىرىشىش لازىم. چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى
خۇڭزېخۇ كولى تەرەپلىرىدە، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى تەيخۇ كولى
تەرەپلىرىدە ھەم دەريا ۋە دېڭىز بويلىرىدا دۈشمەن بېسىۋالغان
رايونلاردىكى بارلىق قولتۇق ۋە ئەگىملەردە پارتىزان ئۇرۇشنى
ئوبدان ئويۇشتۇرۇش ۋە دەريا - كوللەرنىڭ قولتۇق ۋە ئەگىملى-
رىدە ھەم ئۇلارنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا ئۇزاق ساقلىنىدىغان

گېنجۇيدىلەرنى قۇرۇپ، ئۇلارنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر تەرىپى قىلىش كېرەك. بۇ تەرەپ-نىڭ كەم بولۇشى دۈشمەنگە سۇ قاتنىشىدا ئوڭايلىق بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جەنلۇبلۇك پىلانىدىكى بىر يېتىشسىزلىك، بۇنى ئوز ۋاقتىدا تولدۇرۇش لازىم.

## 2- بولۇم پارتىزان رايونى ۋە گېنجۇيدى

دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پارتىزان ئۇرۇشى ئالدىدا پارتىزان رايونى بىلەن گېنجۇيدى بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. توت ئەتراپى دۈشمەن تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان، ئەمما ئوتتۇرىسى بېسىۋېلىنمىغان ياكى بېسىۋېلىنغان بولسىمۇ قايتۇرۇۋېلىن-غان رايونلار، مەسىلەن، ۋۇتەيشەن رايونى (يەنى سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونى)دىكى بەزى ناھىيىلەر — تەيخاڭشەن ۋە تەيشەن رايونلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بار — تەييار گېنجۇيدىلەر بولۇپ، پارتىزان دۈيلىرىنىڭ ئورۇنلىشىۋېلىپ، پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ناھايىتى ئەپلىك. لېكىن بۇ گېنجۇيدىلەرنىڭ باشقا جايلىرى ئۇنداق ئەمەس، مىسال ئۈچۈن ۋۇتەيشەن رايونىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىسىملىرى — غەربىي خېبېي ۋە جەنۇبىي چاخارنىڭ بەزى قىسىملىرىنى ۋە باۋدىڭنىڭ شەرقى ھەم ساڭجۇنىڭ غەربىدىكى نۇرغۇن جايلارنى ئالساق، ئۇ يەرلەردە پارتىزان ئۇرۇش-لىرى دەسلەپكى مەزگىلدە بۇ يەرلەرنى تېخى تولۇق ئالالمايدۇ، ھەمىشە پارتىزانلىق قىلىشقىلا توغرى كېلىدۇ، بۇ يەرلەر پارتىزان دۈيلىرى كەلگەندە، پارتىزان دۈيلىرىگە قارايدۇ، پارتىزان دۈيلىرى كەتكەندە بولسا، يەنە قورچاق ھاكىمىيەتكە قارايدۇ، بۇنداق

رايونلار تېخى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىسى ھېساپلانمايدۇ، بەلكى پارتىزان رايونى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق پارتىزان رايونلىرى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ زورۇر جەريانلىرىنى باشتىن كوچۇرگەن، نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى يوقاتقان ياكى مەغلۇپ قىلغان، قورچاق ھاكىمىيەتنى پاچاقلاپ تاشلىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرغان، خەلق قۇراللىق كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرغان ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھاكىمىيەت قۇرغاندىلا، پارتىزان رايونىدىن گېنجۇيدىگە ئايلىنىدۇ. بۇ گېنجۇيدىلەرنى ئىلگىرىكى گېنجۇيدىلەرگە قوشۇش گېنجۇيدىلەرنى راۋاجلاندۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى جايلاردىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن پائالىيەت رايونى دەسلەپتىلا پارتىزان رايونى بولىدۇ، مەسىلەن، شەرقىي خېبېيدىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ شۇنداق بولدى. ئۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان قورچاق ھاكىمىيەت بار ئىدى، شۇ يەردىكى قوزغىلاڭ كوتۇرگەن خەلق قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ھەم ۋۇتەيشەندىن ئەۋەتىلگەن پارتىزان جۈدۈيلىرىنىڭ پۈتۈن پائالىيەت رايونى دەسلەپتىلا پارتىزان رايونى بولىدى. ئۇلار ئوز پائالىيەتلىرىنى باشلىغاندا، بۇ رايوندىن ئوبدان جايلارنى تاللىۋېلىپ، ۋاقىتلىق ئارقا سەپ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئىشقاندا، ۋاقىتلىق گېنجۇيدىلا قىلالىدى. دۈشمەننى يوقىتىش ۋە خەلق ئاممىسىنى قوزغاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىنلا، ئۇ يەرلەرنىڭ پارتىزان رايونلۇق ھالىتىنى تۈگىتىپ، مۇستەھكەمرەك گېنجۇيدىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پارتىزان رايونىنىڭ گېنجۇيدىگە ئايلىنىشى

مۇشەققەتلىك قۇرۇش جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭ پارتىزان رايونىلىق باسقۇچىدىن گىنجۇيدىلىك باسقۇچىغا ئوتكەن ياكى ئوتمىگەنلىكى دۇشمەننىنى يوقىتىش ۋە خەلق ئاممىسىنى قوزغاشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولغانلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

نۇرغۇن جايلار باركى، ئۇزاق مۇددەت پارتىزان رايونىلىق هالەتتە تۇرىدۇ، ئۇ جايلاردا دۇشمەن كۈچىنىڭ بىرىچە تىزگىنلەش يۇرگۈزىدۇ، لېكىن مۇستەهكەم قورچاق هاكىمىيەت قۇرالمايدۇ، پارتىزان ئۇرۇشمۇ كۈچىنىڭ بىرىچە راۋاجلىنىدۇ، لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى هاكىمىيەت قۇرۇش مەقسىدىگە يېتەلمەيدۇ؛ مەسىلەن، دۇشمەن بېسىۋالغان تومۇر يول لىنىيىلىرىنىڭ ۋە چوڭ شەهەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ۋە بەزى تۈزلەڭ رايونلاردا شۇنداق.

دۇشمەن زور كۈچ بىلەن تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان چوڭ شەهەرلەر، پويىز ئىستانسىلىرى ۋە بەزى تۈزلەڭ جايلارغا كەلسەك، پارتىزان ئۇرۇشلىرى ئۇ يەرلەرنىڭ ئەتراپىغىلا يېقىنلىشالايدۇ، ئەمما ئىچىگە كىرەلمەيدۇ، ئۇ يەرلەردە مۇستەهكەمرەك قورچاق هاكىمىيەت بار، بۇ — يەنە بىر خىل ئەهۋال.

بىزنىڭ رەهبەرلىك قىلىشىمىزنىڭ خاتا بولۇشى ياكى دۇشمەننىڭ كۈچلۈك بېسىمى نەتىجىسىدە، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەهۋالدا ئەكسىچە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشى، يەنى گىنجۇيدىلەر پارتىزان رايونلىرىغا، پارتىزان رايونلىرى بولسا، دۇشمەن مۇستەهكەمرەك بېسىۋالغان رايونلارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەهۋالنىڭ تۇغۇلۇشى ئېهتىمال، بۇ — پارتىزان ئۇرۇشى رەهبەرلىرىنىڭ ئالاهىدە پەخەس بولۇشىغا ئەرزىيدىغان ئەهۋال.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلار، پارتىزان ئۇرۇشى ۋە دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەر نەتىجىسىدە، ئۈچ خىل ئەھۋالدىكى جايلارغا ئايلىنىشى مۇمكىن: بىرىنچى خىلى — بىزنىڭ پارتىزان قىسىملىرىمىز ۋە بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىز تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەر؛ ئىككىنچى خىلى — ياپون جاھانگىرلىكى ۋە قورچاق ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بېسىۋېلىنغان رايونلار؛ ئۈچىنچى خىلى — ھەر ئىككى تەرەپ تالىشىۋاتقان ئارىلىقتىكى جايلار، يەنى پارتىزان رايونى دېيىلگەن جايلار. پارتىزان ئۇرۇشى رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى خىل رايونلارنى كۈچىنىڭ بېرىچە كېڭەيتىش، ئىككىنچى خىل رايونلارنى بولسا، كۈچىنىڭ بېرىچە تارايتىشتىن ئىبارەت. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈبلۈك ۋەزىپىسى مانا شۇ.

### 3- بۆلۈم گېنجۇيدى قۇرۇشنىڭ شەرتلىرى

گېنجۇيدى قۇرۇشنىڭ تۈپ شەرتى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق قىسىملار بولۇش ۋە بۇ قىسىملاردىن پايدىلىنىپ، دۈشمەننى يېڭىش، خەلق ئاممىسىنى قوزغاش. شۇنىڭ ئۈچۈن گېنجۇيدى قۇرۇش مەسىلىسى، ئالدى بىلەن، قوراللىق قىسىم قۇرۇش مەسىلىسىدۇر. پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان رەھبەرلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر، ھەتتا بىر قانچە پارتىزان قىسىملىرى قۇرۇشى ھەمدە كۈرەش داۋامىدا ئۇلارنى پەيدىن- پەي راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىزان بىگتۈەنلىرىگە ئايلاندۇرۇشى، ھەتتا مۇنتىزىم قىسىم ۋە مۇنتىزىم بىگتۈەنلەرگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. قوراللىق قىسىم قۇرۇش — گېنجۇيدى قۇرۇشنىڭ ئەڭ تۈپ ھالقىسى، بۇ نەرسە بولمىسا

ياكى بولغاندىمۇ كۆچسىز بولسا، ھېچقانداق مەسىلىدىن سوز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ — بىرىنچى شەرت.

گېنجۇيدى قۇرۇشتىن ئايرىغىلى بولمايدىغان ئىككىنچى شەرت — قۇراللىق قىسىملاردىن پايدىلىنىپ ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ماسلىشىپ، دۈشمەننى يېڭىش. دۈشمەن تىزگىنلىۋالغانلىكى يەر پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىسى ئەمەس، دۈشمەننىڭ گېنجۇيدىسى؛ دۈشمەننىڭ گېنجۇيدىسىنى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىسىگە ئايلاندۇرۇشنى دۈشمەننى يەڭمەي تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ — ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم داۋلى. پارتىزان ئۇرۇشى تىزگىنلەپ تۇرغان جاي بولغاندىمۇ، ئەگەر دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى تار - مار قىلىنمىسا، دۈشمەن مەغلۇپ قىلىنمىسا، ئۆزىمىز تىزگىنلەپ تۇرغان يەر دۈشمەن تىزگىنلىۋالىدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە بۇنداق يەرلەردىمۇ گېنجۇيدى قۇرغىلى بولمايدۇ.

گېنجۇيدى قۇرۇشتىن ئايرىغىلى بولمايدىغان ئۈچىنچى شەرت — بارلىق كۈچلەردىن، جۈملىدىن قۇراللىق قىسىم كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە قوزغاش. بۇنداق كۈرەش ئارقىلىق خەلقنى قۇراللاندۇرۇش، يەنى زىۋېيجۈن ۋە پارتىزان دۈيلىرىنى تەشكىل قىلىش لازىم. بۇنداق كۈرەش ئارقىلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار قۇرۇش؛ ئىشچىلار، دىخانلار، ياشلار، ئاياللار، باللار، سودىگەرلەر ۋە ئەركىن كەسىپتىكىلەر بولسۇن — ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ سىياسى ئاڭ - سىزىمى ۋە كۈرەش قىلىش كەيپىياتىنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسىگە قاراپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرخىل زورۇر تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە بۇ تەشكىلاتلارنى پەيدىن - پەي راۋاجلاندۇرۇش لازىم. خەلق ئاممىسى

ئەگەر ئۇيۇشتۇرۇلمسا، ئۇزىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچىنى كورسىتەلمەيدۇ. بۇنداق كۈرەش ئارقىلىق ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن خائىن كۈچلەرنى يوقىتىش لازىم؛ بۇنى ئورۇنلاشتىمۇ پەقەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىشقا توغرى كېلىدۇ. بۇنداق كۈرەش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى قوزغاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇش ياكى ئۇنى مۇستەھكەملەش بولۇپمۇ مۇھىم. جۇڭگونىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ دۇشمەن تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلمىگەنلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىش ۋە مۇستەھكەملەش لازىم؛ جۇڭگونىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ دۇشمەن تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەنلىرىنى بولسا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىرىشىشى ئاساسىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم. بۇ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سىياستىنى يۈرگۈزىدۇ، ئۇلار بارلىق خەلق كۈچلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، بىردىن-بىر دۈشمىنىمىز بولغان ياپون جاھانگىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ غالچىسى بولغان ۋەتەن خائىنلىرىغا، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشى لازىم.

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ھەممە گېنجۇيدىلىرىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق قىسىملار قۇرۇلغان، دۇشمەن مەغلۇپ قىلىنغان ۋە خەلق ئاممىسى قوزغىتىلغان — مۇشۇ ئۈچ تۈپ شەرت پەيدىن-پەي تەييارلانغاندىن كېيىنلا ھەقىقى قۇرغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، جۇغراپىيىۋى ۋە ئىقتىسادىي شەرتلەرنىمۇ كورسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. «بىرقانچە خىل گېنجۇيدى» دىگەن بولۇمدە توختالغىنىمىزدا، جۇغراپىيىۋى شەرتلەر مەسىلىسىدە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل ئەھۋالنى كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

بۇ پەردە پەقەت ئاساسىي تەلەپ، يەنى جايلارنىڭ كەڭ بولۇشى ئۇستىدىلا توختىلىمىز. توت تەرەپ ياكى ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرغاندا، ئۇزاق مۇددەت بەرداشلىق بېرىدىغان گېنجۇيدىلەرنى قۇرۇش ئۈچۈن، تاغلىق جايلار، ئەلۋەتتە، ئەڭ ياخشى شەرت، لېكىن، مۇھىمى، پارتىزان دۈيلىرىنىڭ ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت بولۇشى، يەنى كەڭ جاي بولۇشى لازىم. كەڭ جاي شەرتى بولغاندا، پارتىزان ئۇرۇشىنى تۈزلەڭلىكلەردىمۇ راۋاجلاندۇرغىلى ۋە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ، دەريا-كوللەرنىڭ قولتۇق ۋە ئەگىملىرى توغرىسىدا سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق. جۇڭگو تېرىتورىيىسىنىڭ كەڭلىگى ۋە دۈشمەن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىگى ئارقىسىدا، جۇڭگونىڭ پارتىزان ئۇرۇشى، ئومۇمەن، مۇشۇ شەرت بىلەن تەمىنلەنگەن. پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ — مۇھىم، ھەتتا بىرىنچى مۇھىم شەرت؛ كىچىك مەملىكەتلەردە، ئالايلى، بېلگىيەگە ئوخشاش مەملىكەتلەردە، بۇ شەرت بولمىغانلىقتىن، پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز، ھەتتا يوق بولىدۇ. لېكىن جۇڭگودا بولسا، بۇ شەرت قانداقتۇ قولغا كەلتۈرۈلۈشى لازىم بولغان شەرت ئەمەس، ھەل قىلىنىشى لازىم بولغان مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى كىشىلەر پايدىلانسىلا بولىدىغان تەبىئىي بار نەرسە.

ئىقتىسادىي شەرتلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ، ئۇنىڭ تەبىئىلىگى جەھەتتىن قارىغاندا، جۇغراپىيىۋى شەرتلەرگە ئوخشاش. چۈنكى ھازىر چول-باياۋانلاردا گېنجۇيدى قۇرۇش مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقىنى يوق، — چول-باياۋانلاردا ھېچقانداق دۈشمەنمۇ يوق، — دۈشمەن ئارقا سېپىدە گېنجۇيدى قۇرۇش مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ، ھالبۇكى،

دۈشمەننىڭ قەدىمى يېتىشى مۇمكىن بولغان ھەممە يەردە، ئەلۋەتتە، بۇرۇندىنلا جۇڭگولۇقلار بار، ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلىنىشنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسلىرىمۇ بۇرۇندىنلا بار، شۇڭا گېنجۇيدى قۇرۇش مەسىلىسىدە ئىقتىسادىي شەرتلەرنى تاللاش مەسىلىسى تۇغۇلمايدۇ. جۇڭگولۇقلارمۇ بولغان، دۈشمەنمۇ بولغان ھەممە جايدا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي شەرتلىرىنىڭ قانداقلىقىغا قارىماي، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە دائىملىق ياكى ۋاقىتلىق گېنجۇيدىلەر قۇرۇش لازىم. لېكىن ئىقتىسادىي شەرتلەرنىڭ خاراكتېرى، ئۇنىڭ سىياسلىقى جەھەتتىدىن قارىغاندا باشقىچە بولىدۇ، بۇ يەردە مەسىلە مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ئىقتىسادىي سىياسەت مەسىلىسى، بۇ نۇقتا گېنجۇيدى قۇرۇشتا جىددىي خاراكتېرغا ئىگە. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىشى، يەنى مۇۋاپىق سېلىق سېلىشى ۋە سودىنى مۇھاپىزەت قىلىشى لازىم، يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ۋە پارتىزان دۈيلىرى بۇ پرىنسىپنى ھەرگىز بۇزماسلىقى كېرەك، بۇزۇپ قويسا، گېنجۇيدى قۇرۇشقا ۋە پارتىزان ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ. مۇۋاپىق سېلىق، يەنى «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش» ئەمەلگە قويۇلغان ھالدىمۇ، دېخانلارغا پارتىزان دۈيلىرىنى مەلۇم چەكلىمىدە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. سودىنى مۇھاپىزەت قىلىش پارتىزان دۈيلىرىنىڭ قاتتىق ئىنتىزامىدا ئىپادىلىنىشى لازىم؛ ھەقىقىي دەلىل-ئىسپات بىلەن ئىسپاتلانغان ۋەتەن خائىنلىرىنىڭكىدىن باشقا، بىرمۇ دۇكاننى كەلسە-كەلمەس مۇسادىرە قىلىشقا زادى رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ-قىيىن ئىش، لېكىن ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك، ئېنىق

بەلگىلەنگەن سىياسەت.

## 4- بولۇم گېنجۇيدىلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش

جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۇشمەننى ئاز سانلىق جۇيدىيەنلەردە، يەنى چوڭ شەھەرلەردە ۋە مۇھىم قاتناش يوللىرىدا قىسىپ بوغۇپ قويۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى گېنجۇيدىلەردىكى پارتىزان ئۇرۇشلىرى كۈچىنىڭ بىرىچە ئۆز گېنجۇيدىلىرىنىڭ توت ئەتراپىغا راۋاجلىنىپ، دۇشمەننىڭ بارلىق جۇيدىيەنلىرىگە قىستاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ سېلىشى، ئارمىيىسىنى روھىي جەھەتتىن ئىككىلەندۇرۇشى لازىم، بۇنداق قىلىش، ئەينى زاماندا، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىلىرىنى راۋاجلاندۇرغانلىق بولىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي زورۇر. بۇ يەردە پارتىزان ئۇرۇشى داۋامىدىكى باۋشۇجۇيىغا قارشى تۇرۇش كېرەك. باۋشۇجۇيى، مەيلى تېچ - ئامانلىقتا ھېرىسلىقتىن تۇغۇلغان بولسۇن ياكى دۇشمەن كۈچىنى تولىمۇ يۇقۇرى مولچەرلەشتىن تۇغۇلغان بولسۇن، ئوخشاشلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا زىيان يەتكۈزىدۇ، پارتىزان ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ گېنجۇيدىلىرىنىڭ ئۆزىگىمۇ پايدىسىز. يەنە بىر تەرەپتىن، گېنجۇيدىلەرنى مۇستەھكەملەشنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك، بۇ جەھەتتىكى ئاساسىي خىزمەت بولسا، خەلق ئاممىسىنى قوزغاش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە پارتىزان قىسىملىرىغا ۋە يەرلىك قۇراللىق كۈچلەرگە تەلىم بېرىشتىن ئىبارەت. بۇنداق مۇستەھكەملەش ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن زورۇر، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ زورۇر، مۇستەھكەملىمەي تۇرۇپ، كۈچلۈك تۈردە راۋاجلاندۇرغىلى

بولمايدۇ. راۋاجلاندۇرۇشنىلا بىلىپ، مۇستەھكەملەشنى ئۇنۇتۇپ قالغان پارتىزان ئۇرۇشى دۇشمەننىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، نەتىجىدە راۋاجلاندۇرۇشنى قولدىن بېرىپلا قويماي، گېنجۇيدىلەرنىڭ ئۆزىنىمۇ خەۋپ ئاستىدا قالدۇرىدۇ. توغرى فاڭجېن — مۇستەھكەم ھالدا ئالغا راۋاجلاندۇرۇش، بۇ — ئىلگىرىلىگەندە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە، چېكىنگەندە مۇداپىئەلىنىشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغان ياخشى چارە. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشلىكى بولسا، گېنجۇيدىلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى — ھەر بىر پارتىزان دۇيىدە ھەمىشە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان مەسىلە. كونكرېت ھەل قىلىدىغان چاغدا ئۇنى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. مەلۇم مەزگىلدە ئېغىرلىق مەركىزىنى راۋاجلاندۇرۇش تەرەپكە، يەنى پارتىزان رايونلىرىنى كېڭەيتىش ۋە پارتىزان دۇيلىرىنى چوڭايتىش خىزمىتىگە قويۇش لازىم. يەنە بىر مەزگىلدە بولسا، ئېغىرلىق مەركىزىنى مۇستەھكەملەش تەرەپكە، يەنى خەلق ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش، قىسىملارغا تەلىم بېرىش خىزمىتىگە قويۇش لازىم. ئىككىسىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلىشمۇ شۇنىڭغا بېقىپ ئوخشاش بولمايدۇ، ئەھۋال ۋە مەزگىلگە قاراپ، سالماقنى بىر تەرەپكە چۈشۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئوبدان ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## 5- بۆلۈم دۇشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى بىرقانچە خىل مۇھاسىرە

پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن قارىغاندا، دۇشمەن

جەنلۇۋېلۇك ھۇجۇم ۋە تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىشۋاتقانلىقتىن، بىز جەنلۇۋېلۇك مۇداپىيە ۋە ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىش ئورنىدا تۇرۇۋاتقانلىغىمىزدىن، شۇبھىسىزكى، بىز دۈشمەنىنىڭ جەنلۇۋېلۇك مۇھاسىرىسىدە تۇرىمىز. بۇ — دۈشمەنىنىڭ بىزگە نىسبەتەن بىرىنچى خىل مۇھاسىرىسى. بىز سان جەھەتتىن ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىمىزدىن پايدىلىنىپ، تاشقى سەپتىن بىرقانچە يونۇلۇشكە بولۇنۇپ بىزگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان دۈشمەنگە قارىتا جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك ھۇجۇم قىلىش ھەم تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنىنى قوللانغانلىغىمىز ئۈچۈن، ھەرقايسى يونۇلۇش بويىچە ئىلگىرىلەۋاتقان دۈشمەنىنىڭ ھەر بىرىنى ئوز مۇھاسىرىمىزگە چۈشۈرىمىز. بۇ — بىزنىڭ دۈشمەنگە نىسبەتەن بىرىنچى خىل مۇھاسىرىمىز. يەنە دۈشمەنىنىڭ ئارقا سېپىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىلىرىدىن قارىغاندا، ھەر بىر يەككە گېنجۇيدى توت تەرەپتىن ياكى ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالىدۇ، ئالدىنقىسىغا ۋۇتەيشەن رايونى، كېيىنكىسىگە سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونى مىسال بولىدۇ. بۇ — دۈشمەنىنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئىككىنچى خىل مۇھاسىرىسى. لېكىن ھەرقايسى گېنجۇيدىلەرنى چېتىشتۇرۇپ قارىساق ۋە ھەرقايسى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىسىنى مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش سېپى بىلەن چېتىشتۇرۇپ قارىساق، بىز يەنە نۇرغۇن دۈشمەنىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان بولىمىز. مەسىلەن، سەنشى ئۆلكىسىدە داتۇڭ-پۇجۇ تومۇر يولىنى ئۈچ تەرەپتىن (يولنىڭ شەرق ھەم غەرپ تەرىپىدىن ۋە جەنۇبىي بېشىدىن) مۇھاسىرىگە ئالغىنىمىزغا، تەييۇەن شەھىرىنى توت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالغىنىمىزغا ئوخشاش؛ خېبېي ۋە شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىمۇ مۇشۇنىداق مۇھاسىرىگە

ئېلىشلار كۆپ بولدى. بۇ ــ بىزنىڭ دۈشمەنگە نىسبەتەن ئىككىنچى خىل مۇھاسىرىمىز. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن بىلەن بىزدىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئىككى خىل مۇھاسىرىسى ۋېيچى قاتىرى[8] ئويناۋاتقانغا ئومۇمەن ئوخشاپ كېتىدۇ، دۈشمەن بىزگە نىسبەتەن، بىز دۈشمەنگە نىسبەتەن ئېلىپ بېرىۋاتقان جەڭنى ۋە جەڭ دائىرىلىك ئۇرۇشلار ئۇرۇق يېيىشكە ئوخشايدۇ، دۈشمەننىڭ جۇيدىيەنلىرى بىلەن بىزنىڭ پارتىزان گېنجۇيدىلىرىمىز بولسا، ۋېيچى كاتەكچىلىرىگە ئوخشايدۇ. ئەنە شۇنداق «كاتەكچىلەر» مەسىلىسىدە دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى گېنجۇيدىلىرىنىڭ جەنلۇبلۇك رولىنىڭ زورلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ مەسىلە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر تەرەپتىن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەربى دائىرىلەر، يەنە بىر تەرەپتىن، جايلاردىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ رەھبەرلىرى دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىمكانىيەت بولغان ھەممە جايدا گېنجۇيدى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆزلىرىنىڭ دائىملىق ئىشلار كۈن تەرتىۋىگە قويۇشى ۋە ئۇنى جەنلۇبلۇك ۋەزىپە سۈپىتىدە ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىز ۋەيجياۋ جەھەتتىن تىنچ ئوكيان بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپ قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ بىر جەنلۇبلۇك بىرلىك، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە مۇمكىن بولغان باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ ھەرقايسىسىنىڭ بىردىن جەنلۇبلۇك بىرلىك بولۇشىغا مۇۋەپپەق بولالىساق ئىدى، ئۇ چاغدا بىزنىڭ مۇھاسىرىمىز دۈشمەننىڭكىدىن بىر قەۋەت ئارتۇق بولغان بولاتتى ـ دە، تىنچ ئوكيان بويىچە تاشقى سەپ ئۇرۇشىنى شەكىللەندۈرۈپ، فاشىست ياپونىيىنى قورشىۋېلىپ يوقاتقان بولاتتۇق. بۇنىڭ

بۇگۇنكى كۈندە، ئەلۋەتتە، تېخى ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق، لېكىن بۇنداق ئىستىقبال يوقمۇ ئەمەس.

## يەتتىنچى باپ

# پارتىزان ئۇرۇشىدىكى جەنلۈېلۈك مۇداپىە ۋە جەنلۈېلۈك ھۇجۇم

پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈېي مەسىلىسىدىكى تۆتىنچى مەسىلە — پارتىزان ئۇرۇشىدىكى جەنلۈېلۈك مۇداپىە ۋە جەنلۈېلۈك ھۇجۇم مەسىلىسى. بۇ — بىرىنچى مەسىلىدە بايان قىلىنغان ھۇجۇم ئۇرۇشى فاڭجېنىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى مۇداپىە ھالىتى ۋە ھۇجۇم ھالىتىدە تۇرغاندا، قانداق كونكرېت قوللىنىش مەسىلىسى.

پۈتۈن مەملىكەت كولەملىك جەنلۈېلۈك مۇداپىە ۋە جەنلۈېلۈك ھۇجۇم (توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، جەنلۈېلۈك قايتۇرما ھۇجۇم) ئارىلىقىدا پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ھەر بىر گېنجۇيىدىسىدە ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىمۇ كىچىك كولەملىك جەنلۈېلۈك مۇداپىە ۋە جەنلۈېلۈك ھۇجۇم بولىدۇ، ئالدىنقىسى — دۈشمەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن، بىز مۇداپىەدە تۇرغان چاغدىكى جەنلۈېلۈك ۋەزىيەت ۋە جەنلۈېي فاڭجېنى، كېيىنكىسى — دۈشمەن مۇداپىەدە تۇرغان، بىز ھۇجۇمغا ئۆتكەن چاغدىكى جەنلۈېلۈك ۋەزىيەت ۋە جەنلۈېي فاڭجېنى.

### 1- بولۇم پارتىزان ئۇرۇشىدىكى جەنلۈېلۈك مۇداپىە

پارتىزان ئۇرۇشى باشلانغان ۋە خېلى راۋاجلاندۇرۇلغاندىن كېيىن،

بولۇپمۇ دۈشمەن بىر گە قاراتقان پۈتۈن مەملىكەت كولەملىك جەڭلۈڭ-
لۈك ھۇجۇمنى توختاتقان، ئوزى بېسىۋالغان جايلارنى تۇتۇپ تۇرۇش
فاكتىكىنى قوللانغان چاغدا، دۈشمەننىڭ پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ
گېنجۇيدىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشى مۇقەررەر. بۇنداق مۇقەررەرلىكنى
بىلىش زورۇر، ئۇنداق بولمىغاندا، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ رەھبەرلىرى
پۈتۈنلەي تەييارلىقسىز يۈرىدۇ-دە، دۈشمەن قاتتىق ھۇجۇم قىلغان
ۋەزىيەتكە ئۇچرىغان ھامان، چوقۇم ئالاقزادە بولۇپ كېتىپ، دۈشمەن
تەرىپىدىن تار-مار قىلىنىپ كېتىدۇ.

دۈشمەن پارتىزان ئۇرۇشىنى ۋە ئۇنىڭ گېنجۇيدىلىرىنى يوقىتىش
مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، دائىم مۇھاسىرىلىك ھۇجۇم چارىسىنى
قوللىنىدۇ؛ مەسىلەن، ۋۇتەيشەن رايونىغا تۆت-بەش قېتىم «جازا
يۈرۈشى» دېگەن نىمىسىنى ئېلىپ باردى، ھەر قېتىمدا ئۈچ-تۆت
يونىلىشكە، ھەتتا ئالتە-يەتتە يونىلىشكە ئورۇنلاشتۇرغان ئەسكىرىي
كۈچى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا پىلانلىق ئىلگىرىلىدى. پارتىزان ئۇرۇش-
نىڭ تەرەققىيات كولىمى كېڭەيگەنسىرى، ئۇنىڭ گېنجۇيدىلىرىنىڭ
تۇتقان ئورنى ئەھمىيەتلىك بولغانسىرى ۋە دۈشمەننىڭ جەڭلۈبلۈك
جىددىلىرىگە ھەم مۇھىم قاتناش يوللىرىغا سالىدىغان تەھدىدى زورايـ-
غانسىرى، دۈشمەننىڭ پارتىزان ئۇرۇشىغا ۋە ئۇنىڭ گېنجۇيدىلىرىگە
قىلىدىغان ھۇجۇمىمۇ شۇنچە قاتتىق بولىدۇ. شۇڭا، دۈشمەننىڭ
پارتىزان ئۇرۇشىغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمى قەيەردە قانچىكى قاتتىق
بولسا، بۇ شۇ يەردىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ شۇنچە نەتىجىلىك
كېتىۋاتقانلىقىنى، مۇنتىزىم ئۇرۇشقا ماسلىشىشتىمۇ شۇنچە رول
ئويناۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دۈشمەن بىرقانچە يونىلىش بويىچە مۇھاسىرىلىك ھۇجۇم

قىلىۋاتقان شارائىتتا، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ فاڭجېنى بۇنداق مۇها-سىرىلىك ھۇجۇمنى تار ـ مار قىلىش، قايتۇرما مۇھاسىرىلىك ھۇجۇم شەكلىنى قوللىنىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. دۈشمەن بىرقانچە يونۇلۇش بويىچە ئىلگىرىلىگەن، ئەمما ھەر بىر يونۇلۇشتە چوڭ ياكى كىچىك بىرلا قىسىم بولۇپ، كەينىدىن ئۇلىشىپ كېلىدىغان قىسىملىرى بولمىغان، يول بويىلاپ ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىستىھكام قۇرۇش ۋە ماشىنا يوللىرى ياساش ئىمكانىيىتى بولمىغان شارائىتتا، بۇنداق مۇھاسىرىلىك ھۇجۇمنى ئوڭايلا تار ـ مار قىلغىلى بولىدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەن ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىدۇ، بىز مۇداپىئە كورىمىز ۋە ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىمىز. بىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز دۈشمەننىڭ بىرقانچە يونۇلۇشنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئىسكەنجىگە ئېلىش، دۈشمەننىڭ بىر يونۇلۇشىگە ئاساسىي ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇش، جەنىي ۋە جەڭ دائىرىلىك تۇيۇقسىز زەربە بېرىش (ئاساسەن پىستىرما جەڭ قىلىش) ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۈشمەنگە ھەرىكەت ئۈستىدە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. دۈشمەن كۈچلۈك بولسىمۇ، كوپ قېتىملىق تۇيۇقسىز زەربە ئارقىلىق ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، كوپۇنچە، ئارا يولدىن چېكىنىدۇ، بۇ چاغدا پارتىزان دۈيلىرى دۈشمەننى قوغلاپ كېتىۋېتىپ، داۋاملىق تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇنى يەنە ئاجىزلىتىدۇ. دۈشمەن ھۇجۇمنى تېخى توختاتمىغان ياكى چېكىنمىگەن چاغدا ھامان گېنجۇيدىلەر دائىرىسىدىكى ناھىيە شەھەر-لىرىنى ياكى شىجېنلارنى بېسىپ ياتىدۇ، بىز بۇ چاغدا بۇنداق ناھىيە شەھەرلىرىنى ياكى شىجېنلارنى قورشىۋېلىپ، دۈشمەننىڭ ئاشلىق مەنبەئىنى ۋە قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېپ تاشلىشىمىز،

دۈشمەن چىداشلىق بېرەلمەي ئارقىغا چېكىنگەندە، پەيتنى غەنىمەت بىلىپ، قوغلاپ زەربە بېرىشىمىز كېرەك. دۈشمەننىڭ بىر يونۇلۇشىنى تار-مار قىلغاندىن كېيىن، ئەسكىرىي كۈچنى يوتكەپ، يەنە بىر يونۇلۇشىنى تار-مار قىلىشىمىز، شۇنداق قىلىپ، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىلىك ھۇجۇمىنى بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىشىمىز كېرەك.

بىر چوڭ گېنجۈيدىدە، مەسىلەن، ۋۇتەيشەن رايونىدا، بىر «جۇنچۈي» 4-5 ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك «جۇنفېنچۈي»لەرگە بولۇنىدۇ، ھەر بىر جۇنفېنچۈي مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىدىغان قۇراللىق قىسىملارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇلار يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە، كۆپۈنچە، دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ياكى ئىلگىرى-ئاخىر تار-مار قىلىدۇ.

قايتۇرما مۇھاسىرىلىك ھۇجۇمنىڭ ئۇرۇش پىلانىدا بىزنىڭ ئاساسىي كۈچىمىز، ئۇمۇمەن، ئىچكى سەپتە تۇرىدۇ. لېكىن ئەسكەرىي كۈچ كەڭتاشا شارائىتتا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كۈچنى (مەسىلەن، ناھىيە ۋە رايونلارنىڭ پارتىزان دۈيلىرىنى، ھەتتا ئاساسىي كۈچتىن ئاجرىتىلغان بىر قىسىم كۈچلەرنى) تاشقى سەپتە ئىشلىتىپ، ئۇ يەردە دۈشمەننىڭ قاتناش يوللىرىنى بۇزۇش ۋە ئۇنىڭ ياردەمگە كەلگەن قىسىملىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش زورۇر. ئەگەر دۈشمەن بىزنىڭ گېنجۈيدىيىمىز دائىرىسىدە كەتمەي ئۇزاق تۇرۇۋالسا، بىز يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇلنى تەتۈرسىچە قوللىنىشىمىز، يەنى كۈچىنىڭ بىر قىسمىنى گېنجۈيدىدە قالدۇرۇپ، شۇ يەردىكى دۈشمەننى قىسىپ-بوغۇپ قويۇشىمىز، ئاساسىي كۈچىمىز بىلەن دۈشمەن قەيەردىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردە كەڭ ھەرىكەتلىنىپ، ئۇزاق تۇرۇۋالغان دۈشمەننى چېكىنىپ چىقىپ،

ئاساسىي كۈچىمىزگە ھۇجۇم قىلىدىغان قىلىشىمىز لازىم؛ بۇ — «ۋىيى بەگلىگىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، جاۋ بەگلىگىنى قۇتقۇزۇش»⑨ چارىسى.

قايتۇرما مۇھاسىرىلىك ھۇجۇم ئۇرۇشىدا يەرلىك خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى زىۋپىچۇنلىرى ۋە بارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار تولۇق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىشى، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن قوشۇنلىرىمىزغا ياردەم بېرىشى ۋە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشى لازىم. دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە مەھەللىۋى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش ۋە ئىمكانىيەت يار بەرگەن دەرىجىدە تام - تورۇسنى يۇختىلاپ، تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىش مۇھىم. ئالدىنقىسى ۋەتەن خائىنلىرىنى بېسىقتۇرۇش ۋە دۈشمەننى مەلۇمات ئالالمايدىغان قىلىپ قويۇش ئۈچۈن؛ كېيىنكىسى ئۇرۇشقا ياردەملەشىش (تام - تورۇسنى يۇختىلاش) ۋە دۈشمەننى ئوزۇق - تۈلۈككە ئىگە بولالمايدىغان قىلىش (تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش) ئۈچۈن. بۇ يەردە ئېيتىلغان تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش پىشقان ئاشلىقلارنى بالدۇرراق يىغىۋېلىشقا قارىتىلغان.

دۈشمەن چېكىنگەن چاغدا، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىسىنى ۋەيران قىلىش مەقسىدىدە، كوپۇنچە، ئۆزلىرى تۇرغان شەھەرلەر-دىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنى ۋە بېسىپ ئۆتكەن يولىدىكى كەنتلەرنى كويدۇرۇۋېتىدۇ، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۈشمەن ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، تۇرار جايسىز ۋە ئوزۇق - تۈلۈكسىز قالىدۇ - دە، ئۆزى زىيان تارتىدۇ. مانا بۇ — بىر ئىشتا بىر - بىرىگە زىت ئىككى تەرەپ بولىدۇ، دېگەننىڭ كونكرېت مىساللىرىدىن بىرى.

قاتتىق مۇھاسىرىلىك ھۇجۇمنى تار - مار قىلىشقا ئىلاج يوقلۇقى بىرقانچە قېتىملىق قايتۇرما مۇھاسىرىلىك ھۇجۇمدىن كېيىنمۇ ئىسپات-

لانماي تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ گېنجۇيدىنى تاشلاپ، باشقا بىر گېنجۇيدىگە كېتىشكە ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. بۇ يەردە ئۈمىتسىزلىك كەيپىياتىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم. پەقەت رەھبەرلىك پىرىنسىپلىق خاتالىق ئۆتكۈزمىسىلا، ئادەتتىكى تاغلىق جايلاردا ھەر قاچان مۇھاسىرىلىك ھۇجۇمنى تار-مار قىلغىلى ۋە گېنجۇيدىلەرنى ساقلاپ تۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت تۈزلەڭ جايلاردىلا، ئەگەر قاتتىق مۇھاسىرىلىك ھۇجۇم بولۇپ قالسا، كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، تۆۋەندىكى مەسىلىنى: شۇ جايلاردا بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن كىچىك پارتىزان قىسىملىرىنى قالدۇرۇشنى، دۈشمەنىنىڭ ئاساسىي كۈچى يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە شۇ جايلارغا قايتىپ كېلىپ ھەرىكەت قىلىشىمىز ئۈچۈن، چوڭ پارتىزان بىڭتۈەنلىرىنى ۋاقتىنچە تاغلىق جايلارغا يۆتكەپ تۇرۇشنى ئويلىشىش كېرەك.

جۇڭگونىڭ زېمىنىنىڭ كەڭ بولۇشى بىلەن دۈشمەنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىگىدىن ئىبارەت زىددىيەتلىك ئەھۋال سەۋەبىدىن، دۈشمەن جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ۋاقتىدا گومىنداڭ قوللانغان ئىستىھكامچىلىقنى ئومۇمەن قوللىنالمايدۇ. لېكىن بىز دۈشمەنىنىڭ جان تومۇرىغا ئالاھىدە تەھدىت سالىدىغان بەزى پارتىزان گېنجۇيدىلىرىدە دۈشمەنىنىڭ ئىستىھكامچىلىقنى خېلى دەرىجىدە قوللىنىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ھېساپقا ئېلىپ، شۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۇ يەرلەردە پارتىزان ئۇرۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. قىلچە شەك-شۈبھە يوقكى، پارتىزان ئۇرۇشىنى ئىچكى ئۇرۇش ۋاقتىدىمۇ قەتئىي داۋاملاشتۇرالىغانلىق تەجرىبىمىزگە قارىغاندا، ئۇنى مىللىي ئۇرۇشتا، ئەلۋەتتە، تېخىمۇ قەتئىي داۋاملاش-

تۇرالايمىز. چۈنكى ئەسكىرىي كۈچلەر نىسبىتى جەھەتتە، بەزى گېنجۇيىدىلەردە دۈشمەن سۈپەت جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى سان جەھەتتىمۇ غايەت ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى ئىشلىتەلىگەن تەقدىر-دىمۇ، لېكىن دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت ھەل بولماي قېلىۋېرىدۇ، دۈشمەن قوماندانلىقىنىڭ ئاجىزلىقى ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ. بىزنىڭ غەلىبىمىز چۈكۈر ئاممىۋى خىزمەت ۋە جانلىق ئۇرۇش ئۇسۇلى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

## 2- بولۇم  پارتىزان ئۇرۇشىدىكى جەنلۇبلۇك ھۇجۇم

دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى تار-مار قىلىنىپ، ئۇ تېخى يېڭى ھۇجۇمنى باشلىمىغان ۋاقىت دۈشمەن جەنلۇبلۇك مۇداپىئەدە تۇرغان، بىز جەنلۇبلۇك ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋاقىت بولىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۇرۇش فاكچىنىمىز يەكگىلى بولمايدىغان، مۇداپىئە جىندىلىرىنى مەھكەم ساقلاۋاتقان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ئەمەس؛ بەلكى پارتىزان دۈيلىرىنىڭ كۈچى يېتىدىغان كىچىك دۈشمەن قىسىملىرىنى ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ قۇراللىق قىسىملىرىنى پىلانلىق رەۋىشتە مەلۇم رايونلاردا يوقىتىش ۋە قوغلاپ چىقىرىش، ئۆزىمىز ئىگىلەپ تۇرغان رايونلارنى كېڭەيتىش، خەلق ئاممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە قوزغاش، قىسىملارنى تولۇق-لاش ھەم قىسىملارغا تەلىم بېرىش، يېڭى پارتىزان دۈيلىرىنى تەشكىل قىلىش بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى مەلۇم دەرىجىدە ئورۇنلىغاندىن كېيىن، ئەگەر دۈشمەن يەنە مۇداپىئەدە تۇرغان بولسا، يېڭى ئىگىلە-گەن رايونلىرىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز، دۈشمەن كۈچلىرى ئاجىز بولغان شەھەرلەرگە ۋە قاتناش يوللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى

ئەھۋالىغا قاراپ ئۇزاق ۋاقىت ياكى ۋاقىتنچە ئىگىلەپ تۇرۇۋېشىمىزمۇ مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭلۇبلۇك ھۇجۇم ۋەزىپىلىرى، بۇنىڭدىن مەقسەت دۈشمەن مۇداپىئەدە تۇرغان ۋاقىتتىكى غەنىمەت بىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ھەربىي كۈچىمىزنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىنى ئۆنۈم-لۈك رەۋىشتە راۋاجلاندۇرۇش، دۈشمەن كۈچىنى ئۆنۈملۈك رەۋىشتە ئازايتىش ھەم دۈشمەن بىزگە قايتا ھۇجۇم قىلغان چاغدا ئۇنى پىلانلىق ۋە قاتتىق تار - مار قىلىشقىمۇ تەييارلىنىشتىن ئىبارەت.

قىسىملارنى دەم ئالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا تەلىم بېرىش زۆرۈر، دۈشمەن مۇداپىئەدە تۇرغان ۋاقىت — بىزنىڭ دەم ئېلىش ۋە تەلىم بېرىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پەيت. بۇنداق قىلىش ھېچ ئىش قىلماستىن، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ مەخسۇس دەم ئېلىش ۋە تەلىم بېرىش ئەمەس، بەلكى ئىگىلەپ تۇرغان رايونلىرىمىزنى كېڭەيتىش، دۈشمەننىڭ كىچىك قىسىملىرىنى يوقىتىش ۋە خەلق ئاممىسىنى قوزغاش خىزمىتى داۋامىدا ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، دەم ئېلىش ۋە تەلىم بېرىش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. ئوزۇق - تۈلۈك ۋە كىيىم - كېچەك جەھەتتىكى قىيىنچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشمۇ، كۆپىنچە، شۇ ۋاقىتتا بولىدۇ.

دۈشمەننىڭ قاتناش يوللىرىنى كەڭ مىقياستا بۇزۇش، ئۇنىڭ نەقلىيات ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش، مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ جەڭلىك ئۇرۇش قىلىشىغا بىۋاسىتە ياردەم قىلىشمۇ شۇ ۋاقىتتا بولىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن پارتىزان گېنجۇيدىلىرى، پارتىزان رايونلىرى ۋە پارتىزان قىسىملىرى — ھەممىسى خوشال - خوراملىققا چۆمگەن بولىدۇ، دۈشمەن تەرىپىدىن خاراپ قىلىنغان رايونلارمۇ پەيدىن - پەي

تەرتىپكە سېلىنىپ، ئەسلى هالىغا كېلتۈۋالدۇ. دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلاردىكى خەلق ئاممىسمۇ ناهايىتى خوشال بولۇشۇپ، پارتىزان دۈيلىرىنىڭ شان-شوهرىتىنى هەممە يەرگە تارقىتىدۇ. دۈشمەن ۋە ئۇنىڭ غالچىسى بولغان ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا، بىر تەرەپتىن، ئالاقزادىلىق كەيپىياتى ۋە بولۇنۇش ئەهۋالى ئەۋج ئالىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىزان دۈيلىرىگە ۋە گېنجۈيدىلەرگە بولغان ئۇچمەنلىكمۇ كۈچىيىپ، پارتىزان ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىزان ئۇرۇ-شىنىڭ رەهبەرلىرى ئۆزىنىڭ جەنلۈيلۈك هۇجۇمدا خوشاللىنىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا، دۈشمەننى سەل چاغلاشقا، ئىچكى قىسمىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، گېنجۈيدىلەر ۋە قىسىملارنى مۇستەهكەملەش خىزمىتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا، هۇجۇمغا ئۇچرىغان هامان ئۆزىمىزنىڭ جەنلۈيلۈك هۇجۇمىمىزنى مۇۋاپىق رەۋىشتە ئاياقلاشتۇرۇپ، جەنلۈيلۈك مۇداپىەگە ئۆتەلەيدىغان بولۇشىمىز، ئاندىن جەنلۈيلۈك مۇداپىە داۋامىدا دۈشمەننىڭ هۇجۇمىنى تار-مار قىلالايدىغان بولۇشىمىز ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ ئەپتىنى كۆزىتىشكە ماهىر بولۇشىمىز، ئۇنىڭ بىزگە هۇجۇم قىلىش ئالامىتىنىڭ بار-يوقلىقىنى پايقىشىمىز كېرەك.

## سەككىزىنچى باپ

# يۈندۈگجەنگە راۋاجلىنىش

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈي مەسىلىسىدىكى بەشىنچى مەسىلە يۈندۈگجەنگە راۋاجلىنىش مەسىلىسى

بولۇپ، ئۇنىڭ زورۇرلىگى ۋە مۇمكىنلىگىمۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىگى ۋە دەھشەتلىكلىگىدىن كېلىپ چىققان. ئەگەر جۇڭگو ياپون قاراقچىلىرىنى تېز يېڭەلىسە ۋە قولدىن كەتكەن جايلارنى تېز قايتۇرۇۋالالىسا، ھېچقانداق ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولمىغان بولسا، شۇنداقلا، بۇ ئۇرۇش ھېچقانداق دەھشەتلىك ئۇرۇش بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ يۇندۇڭجەنگە راۋاجلىنىشىنىڭ زورۇرىيىتىمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. لېكىن ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە دەھشەتلىككى، پارتىزان ئۇرۇشى پەقەت يۇندۇڭجەنگە راۋاجلانغاندىلا، بۇنداق ئۇرۇشقا ماسلىشالايدۇ. ئۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە دەھشەتلىك ئىكەن، بۇ ھال پارتىزان دۇيلىرىنى زورۇر دەرىجىدە چېنىقتۇرۇپ، پەيدىن-پەي مۇنتىزىم قىسىملارغا ئايلاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇلىمۇ پەيدىن-پەي مۇنتىزىملىشىدۇ، پارتىزان ئۇرۇشى يۇندۇڭجەنگە ئايلىنىدۇ. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ زورۇرىيەت ۋە ئىمكانىيەتنى ئېنىق چۈشىنىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، يۇندۇڭجەنگە راۋاجلىنىش فاڭجېنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالايدۇ ۋە پىلانلىق ئىجرا قىلالايدۇ.

ھازىر نۇرغۇن جايلاردىكى، مەسىلەن، ۋۇتەيشەنگە ئوخشاش جايلاردىكى پارتىزان ئۇرۇشى مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ كۈچلۈك جىزدۇيلەرنى ئېۋەتىشى بىلەن راۋاجلانغان. بۇ جايلاردىكى ئۇرۇشلار، ئومۇمەن، پارتىزان ئۇرۇشى بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپتىلا يۇندۇڭجەننىڭ ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشى ئارقىسىدا، بۇنداق ئامىللار پەيدىن-پەي كۆپىيىدۇ. بۇ بۈگۈنكى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، پارتىزان ئۇرۇشىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تېز ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ شارائىتىنى دۇڭبېي ئۈچ ئۆلكىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىدۇ.

پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان پارتىزان قىسىملىرىنى يۈندۈڭجەن ئېلىپ بارىدىغان مۇنتىزىم قىسىملارغا ئايلاندۇرۇشتا سان جەھەتتىن كۆپەيتىش ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى شەرتنى هازىرلاش كېرەك. ئالدىنقىسىدا خەلقنى قىسىملارغا قاتنىشىشقا تۇغرىدىن-تۇغرى سەپەرۋەر قىلىشتىن تاشقىرى، كىچىك قىسىملارنى توپلاش چارىسىنى قوللانسا بولىدۇ؛ كېيىنكىسىدە بولسا، ئۇرۇش داۋامىدا چېنىقتۇرۇشقا ۋە قورال-ياراقلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىشقا توغرى كېلىدۇ.

كىچىك قىسىملارنى توپلاشتا، بىر تەرەپتىن، پەقەت يەرلىك مەنپەئەتنىلا كۆزدە تۇتۇپ، توپلاشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان مەھەللىۋازلىقتىن ساقلىنىش لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يەرلىك مەنپەئەتكە ئېتىۋار بەرمەيدىغان نوقۇل ھەربىچىلىكتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك.

مەھەللىۋازلىق يەرلىك پارتىزان دۈيلىرىدە ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەردە بولىدۇ، ئۇلار، كۆپىنچە، يەرلىك مەنپەئەتكىلا ئېتىۋار بېرىپ، ئومۇمى مەنپەئەتنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ياكى بولۇنۇپ ھەرىكەت قىلىشنى كۆيىدا بولىدۇ، ئوم تۇرمۇشقا ئادەتلەنمىگەن بولىدۇ. ئاساسىي پارتىزان قىسىملىرىنىڭ ياكى پارتىزان بىڭتۇەنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بۇنداق ئەھۋالغا دىققەت قىلىپ، پەيدىن-پەي ۋە قىسمەن توپلاش چارىسىنى قوللىنىپ، جايلارغا پارتىزان ئۇرۇشىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرالىشى ئۈچۈن كۈچ قالدۇرۇشى لازىم؛ ئالدى

بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش، ئاندىن كېيىن قوشۇش، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنى بۇزماسلىق ۋە كادىرلىرىنى يوتكىۋەتمەسلىك چارىسىنى قوللىنىپ، كىچىك گۇرۇھلارنى چوڭ گۇرۇھلارغا قوشۇلۇپ كېتەلەيدىغان قىلىشى كېرەك.

نوقۇل ھەربىچىلىك مەھەللىۋازلىقىنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئاساسىي قىسملاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز قىسملىرىنى كېڭەيتىشنىلا كۆزلەيدىغان، يەرلىك قۇراللىق كۈچلەرگە يار-يۆلەك بولۇشقا ئېتىۋار بەرمەيدىغان خاتا نۇقتەئىي نەزىرى. ئۇلار پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ يۈندۈڭجەنگە راۋاجلىنىشىنىڭ پارتىزان ئۇرۇشىنى بىكار قىلىش ئەمەس، بەلكى كەڭ ئەۋج ئالغان پارتىزان ئۇرۇشى داۋامىدا يۈندۈڭجەن ئېلىپ بارالايدىغان ئاساسىي كۈچلەرنى پەيدىن-پەي ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى، بۇ ئاساسىي كۈچلەرنىڭ ئەتراپىدا ئاۋالقىدەكلا كەڭ پارتىزان قىسملىرى ۋە پارتىزان ئۇرۇشلىرى بولۇشى لازىملىقىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق كەڭ پارتىزان قىسملىرى ئەنە شۇ ئاساسىي كۈچلەر ئۈچۈن كۈچلۈك قول-قانات بولىدۇ، بۇ ئاساسىي كۈچلەرنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشى ئۈچۈن پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاساسىي قىسملارنىڭ رەھبەرلىرى ئەگەر يەرلىك خەلق ئاممىسى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتمايدىغان نوقۇل ھەربىچىلىك خاتالىقىنى ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنى تۈگىتىپ، ئاساسىي كۈچلەرنى كېڭەيتىشنىمۇ ۋە يەرلىك قۇراللىق كۈچلەرنى ئاۋۇتۇشنىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇشى كېرەك.

سۈپەتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتلەر، قورال-جابدۇق، تېخنىكا، جەڭ ۋە ئىنتىزام جەھەتلىرىدە ياخشىلىنىشلارنىڭ بولۇشى، پەيدىن-پەي مۇنتىزىم ئارمىيە كۆلىمى تەقلىت

قىلىنىشى، پارتىزانلىق ئىستىلى ئازايتىلىشى كېرەك. سىياسى جەھەتتە، جۇخۇيىۇەن ۋە جەگچىلەرنى پارتىزان دۇيىدىن مۇنتىزىم ئارمىيىگە بىر بالداق كوتۇرۇلۇشىنىڭ زورۇرلىگىنى چۈشىندىغان قىلىش، ھەممەيلەننى شۇنىڭ ئۇچۇن تىرىشىشقا رىغبەتلەندۇرۇش ۋە بۇنىڭغا سىياسى خىزمەت بىلەن كاپالەت بېرىش لازىم. تەشكىلي جەھەتتە، مۇنتىزىم بىگتۇەن ئۇچۇن زورۇر بولغان ھەربى ۋە سىياسى ئورگانلارنى، ھەربى ۋە سىياسى خادىملارنى، ھەربى ۋە سىياسى خىزمەت ئۇسۇلىنى، تەمىنات ۋە ساقلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرى بويىچە دائىملىق تۈزۈملەرنى پەيدىن-پەي بارلىققا كەلتۇرۇش كېرەك. قورال-جابدۇق جەھەتتە، قورال-ياراقلارنىڭ سۈپىتىنى ئۇستۇرۇش ۋە خىلىنى كوپەيتىش، زورۇر بولغان خەۋەرلىشىش سايمانلىرىنى ئاشۇرۇش لازىم. تېخنىكا ۋە جەڭ جەھەتتە، پارتىزان قىسىملىرىنىڭ تېخنىكا ۋە جەڭ سەۋىيىسىنى مۇنتىزىم بىگتۇەن بولۇش ئۇچۇن زورۇر بولغان تېخنىكا ۋە جەڭ سەۋىيىسىگە كوتۇرۇلۇش كېرەك. ئىنتىزام جەھەتتە، ھەممە بىردەك بولۇش، قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىش، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلماسلىق دەرىجىسىگە كوتۇرۇلۇپ، باشباشتاقلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق ھادىسىلىرىنى يوقىتىش كېرەك. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاش ئۇچۇن ئۇزاق مۇددەت تىرىشىش جەريانى كېرەك، بۇ بىر ئەتىگەندىلا قىلىنىپ بولىدىغان ئىش ئەمەس، شۇنداقتىمۇ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىسىدە ئاساسىي بىگتۇەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، دۈشمەنگە تېخىمۇ ئۇنۇملۇك زەربە بېرىدىغان يۇندۇگجەن شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. مۇنتىزىم ئارمىيە جۇدۇي ياكى كادىر ئەۋەتكەن يەرلەردە بۇ مەقسەتكە

ئۇكۇشلۇقراق ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق مۇنتىزىم ئارمىيىلەردە پارتىزان دۇيلىرىنىڭ مۇنتىزىم قىسىملارغا راۋاجلىنىشىغا يار-يۆلەك بولۇش مەسئۇلىيىتى بار.

## توققۇزىنچى باپ

# قوماندانلىق مۇناسىۋەتلىرى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇيى مەسىلىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەسىلە — قوماندانلىق مۇناسىۋەتلىرى مەسىلىسى. بۇ مەسىلىنىڭ توغرى ھەل قىلىنىشى — پارتىزان ئۇرۇ-شىنىڭ ئوكۇشلۇق راۋاجلىنىشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى.

پارتىزان قىسىملىرى تۆۋەن دەرىجىلىك قۇراللىق تەشكىلات بولغانلىقتىن ۋە بولۇنۇپ ھەرىكەت قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ قوماندانلىق ئۇسۇلىدا خۇددى مۇنتىزىم ئۇرۇشىنىڭ قوماندانلىق ئۇسۇلىغا ئوخشايدىغان يۇكسەك دەرىجىلىك مەركەزلەشتۇرۇشنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. مۇنتىزىم ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىق ئۇسۇلىنى پارتىزان ئۇرۇشىدا قوللىنىشقا ئۇرۇ-نۇش مۇقەررەر رەۋىشتە پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ يۇكسەك دەرىجىلىك جانلىقلىغىنى بوغۇپ، پارتىزان ئۇرۇشىنى پۈتۈنلەي جانسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. يۇكسەك دەرىجىلىك مەركەزلەشتۇرۇلگەن قوماندانلىق بىلەن پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ يۇكسەك دەرىجىلىك جانلىقلىقى — بىر-بىرىگە دەل قارىمۇ-قارشى نەرسىلەر؛ بۇنداق يۇكسەك دەرىجىلىك جانلىقلىققا ئىگە پارتىزان ئۇرۇشىدا يۇكسەك دەرىجىلىك مەركەز-لەشتۇرۇلگەن قوماندانلىق تۈزۈمىنى قوللىنىش تېگىشسىز بولۇپلا

قالماستىن، بەلكى مۇمكىنمۇ ئەمەس.

لېكىن پارتىزان ئۇرۇشى ھېچقانداق مەركەزلەشتۈرۈلگەن قوماندانلىق بولماي تۇرۇپمۇ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىۋېرىدىغان ئۇرۇش ئەمەس. كەڭ مۇنتىزىم ئۇرۇشمۇ بولۇۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەڭ پارتىزان ئۇرۇشمۇ مەۋجۇت تۇرغان ئەھۋالدا، بۇ ئىككىسىنى مۇۋاپىق ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلدۇرىدىغان قىلىش زورۇر، بۇ يەردە مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىغا قوماندانلىق كېرەك، يەنى دۆلەتنىڭ سەنمۇبۇسى بىلەن ئۇرۇش رايونى سىلىڭگۇەنىنىڭ جەنلۆپىلۈك ئۇرۇش توغرىسىدىكى بىرتۇتاش قوماندانلىقى كېرەك. بىر پارتىزان رايونىدا ياكى پارتىزان گېنجۇيدىسىدە نۇرغۇن پارتىزان دۈيلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، كۆپىنچە، ئاساسىي كۈچ بولىدىغان بىر ياكى بىرنەچچە پارتىزان بىڭتۇەنلىرى (بەزىدە مۇنتىزىم بىڭتۇەنلەرمۇ) ۋە ياردەمچى كۈچ بولغان بىرمۇنچە چوڭ-كىچىك پارتىزان قىسىملىرى بولىدۇ، يەنە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان نۇرغۇن خەلق قوراللىق قىسىملىرىمۇ بولىدۇ، مۇنداق جايلاردىكى دۈشمەنلەرمۇ، كۆپىنچە، بىرلەشكەن ھالەتتە كېلىپ، پارتىزان ئۇرۇشىغا بىرتۇتاش قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق پارتىزان رايونىدا ياكى گېنجۇيدىدە بىرتۇتاش قوماندانلىق، يەنى مەركەزلەشتۈرۈلگەن قوماندانلىق مەسىلىسى تۇغۇلىدۇ.

بۇنىڭدىن چىقىدۇكى، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ قوماندانلىق پىرىنسىپى، بىر تەرەپتىن، مۇتلەق مەركەزچىلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇتلەق تارقاقچىلىققىمۇ قارشى تۇرىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، جەنلۆيدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن قوماندانلىق بىلەن

جەنىي ۋە جەڭدە تارقاق قوماندانلىقتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

جەنلۇبىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن قوماندانلىق دولەتنىڭ پۈتۈن پارتىزان ئۇرۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، ھەر بىر ئۇرۇش رايونىدا پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن مۇنتىزىم ئۇرۇشنىڭ ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىنى ھەم ھەر بىر پارتىزان رايونىدا ياكى گېنجۇيدىدە پۈتۈن رايوننىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قۇراللىق كۈچلىرىگە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئىشلاردا ماسلاشتۇرماسلىق، بىرلىككە كەلتۈرمەسلىك ۋە مەركەزلەشتۈرمەسلىك زىيانلىق، شۇڭا ماسلاشتۇرۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ئېرىشىش لازىم. ئۇمۇمى ئىشلاردا، يەنى جەنلۇپ خاراكتېرلىق ئىشلاردا، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئۇنۇمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەن يۇقۇرىغا دوكلات قىلىپ تۇرۇشى ۋە يۇقۇرىنىڭ يېتەكچىلىككە بويسۇنۇشى لازىم. لېكىن مەركەزلەشتۈرۈش شۇنىڭ بىلەن چەكلىنىشى كېرەك، بۇ چەكتىن ئۆتۈپ كېتىپ، تۆۋەننىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا، مەسىلەن، جەنىي ۋە جەڭنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلىرىغا ئارىلىشىشمۇ، ئوخشاشلا، زىيانلىق. چۈنكى بۇ كونكرېت ئىشلارنى زامانغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋە ماكانغا قاراپ ھەرخىل بولىدىغان كونكرېت ئەھۋال بويىچە ئىشلەش كېرەك، بۇ كونكرېت ئەھۋاللارنى بولسا، ناھايىتى يىراقتا تۇرغان يۇقۇرى ئورۇنلار بىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ — جەنىي ۋە جەڭنىڭ تارقاق قوماندانلىق پىرىنسىپى. بۇ پىرىنسىپ مۇنتىزىم ئۇرۇشتىكى جەڭلەرگىمۇ ئومۇمەن باپ كېلىدۇ، خۇسۇسەن خەۋەرلىشىش قوراللىرى مۇكەممەل بولمىغان ئەھۋالدا. بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، بۇنداق پارتىزان

ئۇرۇشى — جەنلۇپلۇك بىرلىك ئاساسىدىكى مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان پارتىزان ئۇرۇشى.

پارتىزان گېنجۇيدىسىدە جۇنچۈي تەشكىل قىلىنغان، ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىرقانچە جۇنفېنچۈي بولغان، جۇنفېنچۈي قارىمىقىدا بىرقانچە ناھىيە بولغان، ناھىيە قارىمىقىدا بىرقانچە رايون بولغان ئەھۋالدا، جۇنچۈي سىلىڭبۇسى، جۇنفېنچۈي سىلىڭبۇلىرى، ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەر ۋە رايونلۇق ھوكۇمەتلەر شتۇگى تەۋەلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، قوراللىق قىسىملار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇلارغا تەۋە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوماندانلىق مۇناسىۋەتلىرىدە، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان پىرىنسىپقا بىنائەن، ئۇمۇمى فاڭجېننى بەلگىلەش يۇقۇرىغا مەركەزلەشتۇرۇلىدۇ؛ كونكرېت ھەرىكەتلەر كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، تۆۋەندە مۇستەقىللىق-ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق ھوقۇقى بولىدۇ. تۆۋەنىنىڭ بەزى كونكرېت ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا يۇقۇرىنىڭ پىكرى بولسا، «كورسەتمە» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن ۋە لازىم، لېكىن ھەرگىز ئۆزگەرمەس «بۇيرۇق» سۈپىتىدە بەرمەسلىكى كېرەك. تۆۋەنىنىڭ ۋە يەرلىك خادىملارنىڭ مۇستەقىل ئىشلەش قابىلىيىتىنى ئوستۇرۇپ، مۇرەككەپ شارائىتقا جاۋاپ بېرىش ۋە پارتىزان ئۇرۇشلىرىنى ئۇتۇقلۇق راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن، رايون قانچىكى كەڭ، ئەھۋال قانچىكى مۇرەككەپ ۋە يۇقۇرى بىلەن تۆۋەنىنىڭ ئارىلىقى قانچىكى يىراق بولسا، مۇنداق كونكرېت ھەرىكەتلەردە مۇستەقىللىق-ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق ھوقۇقىنى شۇنچە چوڭايتىش كېرەك، بۇنداق كونكرېت ھەرىكەتلەرنى يەرلىك خاراكتېرغا شۇنچە كوپ ئىگە قىلىش ۋە يەرلىك ئەھۋالنىڭ

تەلىۋىگە شۇنىچە كوپ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش لازىم. ئەگەر بىرەر قىسىم ياكى بىكىتۇەن توپلىنىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قوماندانلىق مۇناسىۋەتلىرىدە مەركەزلەشتۇرۇلگەن قوماندانلىق پىرىنسىپىنى قوللىنىش مۇۋاپىق، چۇنكى ئەھۋال چۇشە-نىشلىك بولىدۇ؛ لېكىن، شۇ قىسىم ياكى شۇ بىكىتۇەن بولۇنۇپ ھەرىكەت قىلىدىكەن، ئۇمۇمى جەھەتتە مەركەزلەشتۇرۇلگەن قوماندانلىق، كونكرېت جەھەتتە تارقاق قوماندانلىق پىرىنسىپىنى قوللىنىش مۇۋاپىق، چۇنكى كونكرېت ئەھۋال چۇشىنىشلىك بولمايدۇ.

مەركەزلەشتۇرۇشكە تېگىشلىكلىرىنىڭ مەركەزلەشتۇرۇلمەسلىكى يۇقۇرىدا كورۇلسە، ئوز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق، تۆۋەندە كورۇلسە، ئوز بېشىمچىلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بۇلارغا يۇقۇرى بىلەن تۆۋەننىڭ ھەرقانداق مۇناسىۋىتىدە، بولۇپمۇ ھەربى مۇناسى-ۋىتىدە يول قويۇلمايدۇ. تارقىتىشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ تارقىتىلماسلىقى يۇقۇرىدا كورۇلسە، ھەممىنى ئوز ئالدىغا تارتىۋېلىش، تۆۋەندە كورۇلسە، تەشەببۇسسىزلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بۇلارغىمۇ يۇقۇرى بىلەن تۆۋەننىڭ ھەرقانداق مۇناسىۋىتىدە، بولۇپمۇ پارتىزان ئۇرۇ-شىنىڭ قوماندانلىق مۇناسىۋىتىدە يول قويۇلمايدۇ. يەقەت يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان پىرىنسىپلارلا بۇ مەسىلىنى توغرى ھەل قىلىشنىڭ فاكىجېنى.

## ئىزاھلار

① چاڭبەيشەن — جۇڭگونىڭ شەرقي شىمال چېگرىسىدىكى تاغ تىزمىسى. 18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن چاڭبەيشەن رايونى جۇڭگو كوڭچەنداڭى رەھبەرلىگىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان

گېنجۇيدىسى بولغان.

② ۋۇتەيشەن — سەنشى، خېبېي ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى تاغ تىزمىسى. 1937 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى 8 - ئارمىيە ۋۇتەيشەن رايونىنى مەركەز قىلىپ، سەنشى - چاخار - خېبېي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىسىنى قۇرۇشقا كىرىشكەن.

③ تەيخاڭشەن — سەنشى، خېبېي ۋە خېنەن ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى تاغ تىزمىسى. 1937 - يىل 11 - ئايدا 8 - ئارمىيە تەيخاڭشەن رايونىنى مەركەز قىلىپ، شەرقىي - جەنۇبىي سەنشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىسىنى بەرپا قىلغان.

④ تەيشەن — شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، تەيشەن - يىشەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسىي چوققىلىرىدىن بىرى. 1937 - يىل قىشتا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى پارتىزان دۈيلىرى تەيشەن - يىشەن رايونىنى مەركەز قىلىپ، ئوتتۇرا شەندۇڭ گېنجۇيدىسىنى قۇرۇشقا كىرىشكەن.

⑤ يەنشەن — خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىي قىسمىدىكى تاغ تىزمىسى. 1938 - يىل يازدا 8 - ئارمىيە يەنشەن تاغلىق رايونىنى مەركەز قىلىپ، شەرقىي خېبېي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىسىنى بەرپا قىلغان.

⑥ ماۋشەن — جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ. 1938 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى 4 - ئارمىيە ماۋشەن تاغلىق رايونىنى مەركەز قىلىپ، جەنۇبىي جياڭسۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىسىنى بەرپا قىلغان.

⑦ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىلىرى تۈزلەڭلىكلەردە ئۇزاق مۇددەتلىك گېنجۇيدى قۇرۇش مۇمكىنلىكىنى، بەلكى ئۇرغۇن جايلارنى مۇقىم گېنجۇيدى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، بۇنىڭغا زېمىنىنىڭ كەڭلىكى، ئاھالىنىڭ كۆپلىكى، گۇڭچەنداڭنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ توغرىلىقى، خەلقنىڭ ئومۇمىي سەپەرۋەر

قىلىنغانلىقى، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى قاتارلىق شەرتلەر ئارقىسىدا ئېرىشىلگەن ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ كېيىنرەك ئۆزىنىڭ كونكرېت يوليورۇقلىرىدا بۇ نۇقتىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈردى.

⑧ ۋېيچى قاتىرى — جوڭگونىڭ قەدىمى قاتار ئويۇنى. بۇنىڭدا ئىككى تەرەپ ئۆز ئۇرۇقلىرى بىلەن بىر-بىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى قورشايدۇ، بىر تەرەپنىڭ بىر ياكى بىر تۈركۈم ئۇرۇغى قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان بولسا، «يەپ» قويۇلىدۇ. لېكىن قورشىۋېلىنغان بىر تۈركۈم ئۇرۇق ئۈچۈن يەنە زۆرۈر بوش ئورۇن («كاتەكچە») قېپقالغان بولسا، بۇ ئۇرۇقلار «يەپ» قويۇلمايدۇ ۋە يەنىلا «تىرىك» ھېسابلىنىدۇ.

⑨ مىلادىدىن 353 يىل بۇرۇن ۋېي بەگلىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ پايتەختى خەندەنگە مۇھاسىرىلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. چى بەگلىكىنىڭ ۋەكىلى تيەن جى ۋە سۇن بىنلارنى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇيدۇ. سۇن بىن، ۋېي بەگلىكىنىڭ خىل قوشۇنى جاۋ بەگلىكىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ۋېي بەگلىكىنىڭ ئۆزى بوش قالدى، دەپ ھېسابلاپ، ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ۋېي بەگلىكىنىڭ قوشۇنى ئۆز بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قايتىپ كېلىدۇ، چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ ھېرىپ-چارچاپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، گۇيلىڭدا (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى خېزې ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) بولغان ئۇرۇشتا ۋېي قوشۇنىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ، جاۋ بەگلىكى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلىدۇ. كېيىن جوڭگونىڭ ھەربى مۇتەخەسسىسلىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئۇرۇش ئۇسۇلىنى «ۋېي بەگلىكىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش» دىگەن گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەلگەن.

# ئۇزاقـقا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا*

**(1938-يىل 5-ئاي)**

## مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

1. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇشنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنى — 7-ئاينىڭ 7-كۈنى كېلىپ قالدى. پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ كۈچلىرى ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىغا بىر يىل بولۇپ قالدى. بۇ ئۇرۇش شەرق تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇرۇشتۇر، دۇنيا تارىخىدىمۇ ئۇلۇغ ئۇرۇش بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئۇرۇشقا پۈتۈن دۇنيا خەلقى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. ئۇرۇشنىڭ بالايى-ئاپىتىگە بىۋاستە ئۇچراۋاتقان، ئۆز مىللىتىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان ھەر بىر جۇڭگولۇق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى ھەر كۈنى تەشنالىق بىلەن

كۇتۇۋاتىدۇ. لېكىن ئۇرۇشنىڭ جەريانى زادى قانداق بولار؟ غەلىبە قازانغىلى بولامدۇ ياكى غەلىبە قازانغىلى بولمامدۇ؟ تېز غەلىبە قازانغىلى بولامدۇ ياكى تېز غەلىبە قازانغىلى بولمامدۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر، ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ، دېيىشىدۇ، لېكىن نىمە ئۇچۇن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ؟ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە بىزنىڭ بولىدۇ، دېيىشىدۇ، لېكىن نىمە ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە بىزنىڭ بولىدۇ؟ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە قانداق قولغا كەلتۇرۇلىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ھەممىلا كىشى ھەل قىلىۋالغان ئەمەس، ھەتتا كوپچىلىك كىشىلەر تا ھازىرغىچە ھەل قىلىۋالغىنى يوق. شۇنىڭ بىلەن مەغلۇبىيەتچىل مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەر شاپاشلاپ چىقىپ، كىشىلەرگە: جۇڭگو مۇنقەرىز بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگونىڭ بولمايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. بەزىبىر ئالدىراڭغۇ دوستلىرىمىزمۇ يۇگۇرۇپ چىقىپ، كىشىلەرگە: جۇڭگو ناھايىتى تېز غەلىبە قازىنالايدۇ، ئۇنچىۋالا كۇچ سەرپ قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، دېيىشىۋاتىدۇ. بۇنداق سوزلەر زادى توغرىمۇ ـ توغرى ئەمەسمۇ؟ بىز: بۇنداق سوزلەر توغرى ئەمەس، دەپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن بىزنىڭ ئېيتىۋاتقانلىرىمىزنى كوپچىلىك كىشىلەر تېخى چۇشىنىپ كەتكىنى يوق. بۇنىڭ بىر قىسمى بىزنىڭ تەشۋىقات ـ چۇشەندۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ تېخى يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر قىسمى كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۆزىگە خاس

* بۇ ــ يولداش ماۋزېدۇڭ 1938 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۇنىگىچە يەنئەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىش ئۇيۇشمىسىدا سوزلىگەن نۇتۇق.

خاراكتېرىنى تېخى تولۇق ئاشكارا قىلمىغان ۋە ئۆز قىياپىتىنى كىشى-
لەر ئالدىدا روشەن ئاچمىغانلىقى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ
ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ۋە ئىستىقبالىنى تېخى كورۇۋالالمىغانلىقىدىن
بولدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش فاكچىنى
ۋە ئۇسۇلىنى بەلگىلەپ ئالالمىدى. ھازىر ئوبدان بولدى، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 10 ئايلىق تەجرىبىسى ھېچبىر
ئاساسى بولمىغان مۇنقەرىزچىلىك قارىشىنى تار - مار قىلىش ئۈچۈن
يېتەرلىك بولۇپ قالدى، تېز غەلىبە قازىنىش قارىشىدىكى دوستلىرى-
مىزنى قايىل قىلىش ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك بولۇپ قالدى. بۇنداق
ئەھۋالدا نۇرغۇن كىشىلەر خۇلاسە خاراكتېرلىق چۈشەنچە بېرىشنى
تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا
مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەر ۋە تېز غەلىبە قازىنىش قارىشىدىكى-
لەرنىڭ قارشى پىكىرلىرى بار، تايىنى يوق قۇرۇق چۈشەنچىلەرمۇ
بار. «لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن بۇيان 400 مىليون كىشى بىردەك
تىرىشىۋاتىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگونىڭ بولىدۇ» دىگەن بۇ
گۇگشى كەڭ كىشىلەر ئارىسىدا تارقالماقتا. بۇ گۇگشى توغرى، لېكىن
بۇنى تولۇقلاش زورۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى ۋە بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاش-
تۇرغىلى بولىدۇكى، بۇنىڭدا بىرمۇنچە ئامىللار بار: پۈتۈن مەملىكە-
تىمىزدىكى پارتىيە - گورۇھلار ــــ گومىنداڭدىن تارتىپ گومىنداڭ-
غىچە؛ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى خەلق ــــ ئىشچىلار ۋە دىخانلاردىن
تارتىپ بۇرژۇئازىيىگىچە؛ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى قوشۇنلار ــــ
ئاساسىي ئارمىيىدىن تارتىپ پارتىزان دۈيلىرىگىچە؛ خەلقارا
تەرەپ ــــ سوتسىيالىستىك دولەتتىن تارتىپ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ

ئادالەتپەرۋەر خەلقلىرىگىچە؛ دۈشمەن دۆلەت تەرەپ — ئۇرۇشقا قارشى مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى كىشىلەردىن تارتىپ ئۇرۇشقا قارشى ئالدىنقى سەپتىكى بەزى ئەسكەرلەرگىچە. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمىز داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك دەرىجىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتمەكتە. ھەر بىر ۋىجدانلىق كىشى ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشى كېرەك. بىز كوممۇنىستلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى باشقا پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە بىردىن-بىر يۆنىلىشىمىز — بارلىق كۈچلەر بىلەن تىرىشىپ ئىتتىپاقلىشىپ، ياۋۇز ياپون قاراقچىلىرىنى يېڭىش. بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى — جۇڭگو گۇڭچەنداڭى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 17 يىللىق خاتىرە كۈنى. ھەر بىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا تېخىمۇ ئوبدان ۋە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىش زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن نۇتقۇمدا ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ ئۆتىمەن. ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش دېگەن مۇشۇ مەۋزۇغا ئالاقىدار بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختالماقچىمەن؛ لېكىن ھەممە نەرسىنى سۆزلەپ كېتەلمەسلىكىم مۇمكىن، چۈنكى ھەممە نەرسىنى بىر نۇتۇقتىلا تولۇق سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ.

2. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان 10 ئايدىن بۇيان، بارلىق تەجرىبىلەر تۆۋەندىكى ئىككى خىل قاراشنىڭ ناتوغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى: بىر خىلى — جۇڭگو چوقۇم مۇنقەرىز بولىدۇ دەيدىغان قاراش، يەنە بىر خىلى — جۇڭگو تېز

غەلىبە قازىنىدۇ دەيدىغان قاراش. ئالدىنقىسىدىن مۇرەسسەچىلىك خاھىشى، كېيىنكىسىدىن دۈشمەننى سەل چاغلاش خاھىشى تۇغۇلىدۇ. بۇنداق قاراشتىكىلەرنىڭ مەسىلىگە قاراش ئۇسۇلى جۇگۇەن ۋە بىرتەرەپلىمە، بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، ئىلمىي ئەمەس.

3. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن مۇنقەرىزچىلىك قارىشىغا دائىر نۇرغۇن سوزلەر مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن: «جۇڭگونىڭ قورال-ياراقلىرى دۈشمەننىڭكىگە يەتمەيدۇ، ئۇرۇش قىلساق، چوقۇم مەغلۇپ بولىمىز»، «ئەگەر ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلساق، چوقۇم ھەبەشىستاندەك بولۇپ قالىمىز» دېگەن سوزلەر بولغان ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ئاشكارا مۇنقەرىزچىلىك قارىشى قالمىدى، لېكىن يوشۇرۇن مۇنقەرىزچىلىك قارىشى بار، بەلكى ناھايىتى كوپ. مۇرەسسەچىلىك ھاۋاسىنىڭ گاھى ئورلەپ، گاھى پەسىيىپ تۇرۇشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ، مۇرەسسەچىلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار-نىڭ ئاساسى ئەنە شۇ «يەنە ئۇرۇش قىلساق، چوقۇم مۇنقەرىز بولىمىز»① دېگەندىن ئىبارەت. بىر ئوقۇغۇچى خۇنەندىن يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «يېزىدا ھەممىدە قىيىنچىلىق ھېس قىلىۋا-تىمەن. تەشۋىقات خىزمىتىنى يالغۇز بىر كىشى ئىشلىگەندە، ھەر ۋاقىت-ھەر جايدا كىشىلەرنى ئىزلەپ يۈرۈپ سوھبەتلىشىشكىلا توغرى كېلىدىكەن. سوھبەت دۈشىياگلىرى ھېچنەرسە بىلمەيدىغان نادانلار-دىن ئەمەس، ئۇلار ئازدۇر-كوپتۇر بولسىمۇ بىر نەرسە چۈشىنىدۇ، ئۇلار مېنىڭ سوھبىتىمگە بەكمۇ قىزىقىدۇ. لېكىن بىرنەچچە تۇققان-لىرىم بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، ئۇلار: "جۇڭگو غەلىبە قازىنالمايدۇ، مۇنقەرىز بولىدۇ" دەۋېرىپ، مېنى بەكمۇ تويدۇرۇۋەتتى. ھېلىمۇ

ياخشى، ئۇلار بۇنى تېخى تەشۋىق قىلمىدى، تەشۋىق قىلسا، تازا چاتاق بولاتتى. دىخانلار، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا كۆپرەك ئىشىنىدۇ-دە!»
بۇ خىل، جۇڭگو چوقۇم مۇنقەرىز بولىدۇ، دەيدىغان قاراشتىكىلەر — مۇرەسسەچىلىك خاھىشىنىڭ ئىجتىمائى ئاساسى. بۇ خىل كىشىلەر جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە بار، شۇڭا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپ ئىچىدە ھەر قاچان تۇغۇلۇشى ئېھتىمال بولغان مۇرەسسەچىلىك مەسىلىسى، بەلكىم، ئۇرۇش ئاياقلاشقىچىمۇ تۈگەپ كەتمەس. شۇيجۇ قولدىن كېتىپ، ۋۇخەننىڭ ئەھۋالى جىددىيلىشىپ قالغان مۇشۇ چاغدا، بۇنداق مۇنقەرىزچىلىك قارىشىغا ئۆتكىدەك بىر رەددىيە بېرىش پايدىسىز بولماس، دەپ ئويلايمەن.

4. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان 10 ئايدىن بۇيان ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرخىل پىكىرلەرمۇ پەيدا بولدى. مەسىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا نۇرغۇن كىشىلەردە ھېچبىر ئاساسى بولمىغان بىر تۈرلۈك ئۈمىتۋارلىق خاھىشى كۆرۈلگەن ئىدى، ئۇلار ياپونىيىنى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگەن، ھەتتا ياپونىيە سەنىشى ئۆلكىسىگە بېسىپ كېلەلمەيدۇ دەپ ئويلاشقان ئىدى. بەزىلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەڭلىۋىلىك ئورنىغا سەل قارىغان ئىدى، ئۇلار «ئومۇملۇقتا يۈندۈگۈچەن ئاساسىي ئورۇندا، پارتىزان ئۇرۇشى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ؛ قىسمەنلىكتە پارتىزان ئۇرۇشى ئاساسىي ئورۇندا، يۈندۈگۈچەن قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ» دېگەن سۆزدىن شۈبھىلەنگەن ئىدى. ئۇلار 8-ئارمىينىڭ: «ئاساسەن پارتىزان ئۇرۇشى قىلىش، لېكىن ئەپلىك شارائىتتا يۈندۈگۈچەننىمۇ قولدىن بەرمەسلىك» دېگەن جەڭلىۋى فاڭجېنىغا

قوشۇلماي، ئۇنى «جىشىبىلىك» قاراش② دەپ ھېساپلاشقان ئىدى.
شاڭخەي ئۇرۇشى ۋاقتىدا بەزىلەر: «پەقەت 3 ئاي ئۇرۇش قىلساقلا
بولىدۇ، خەلقارا ۋەزىيەت جەزمەن ئۆزگىرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى
جەزمەن ئەسكەر چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ھەل بولىدۇ»
دېيىشتى. ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىنى
ئاساسەن چەتئەل ياردىمىگە باغلاپ قويىدى③. تەيئېرجۇاڭ غەلىبىسى-
دىن④ كېيىن بەزىلەر شۈيجۇ جەنىيىسىنىڭ «ھەل قىلغۇچى مان
ئۇرۇش» بولۇشىنى قۇۋەتلەپ، ئىلگىرىكى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان
ئۇرۇش فاڭجېنىنى ئۆزگەرتىش كېرەك، دېيىشتى. ئاللىقانداق
«بۇ ئۇرۇش — دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىشى»، «بىز
يەڭسەك، ياپون جۇنفالىرى روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتىدۇ،
ئۇلارغا مەھشەرگاھنى غىڭ قىلماي كۈتۈشلا قالىدۇ»⑤ دىگەن
سوزلەرنى قىلىشتى. پىڭشىڭگۇەندىكى بىر غەلىبە بەزى كىشىلەرنى
ئىسەنكىرىتىپ قويىدى؛ تەيئېرجۇاڭدىكى يەنە بىر غەلىبە تېخىمۇ كوپ
كىشىلەرنى ئىسەنكىرىتىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ
ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلىش-قىلماسلىقى ئۈستىدە گۇمان پەيدا بولدى.
بىرمۇنچە كىشىلەر: «ناتايىن» دەپ قارىدى؛ بىرمۇنچە كىشىلەر:
«ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ» دەپ قارىدى. بۇنداق گۇمان بارلىق
زور مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىشى مۇمكىن. ئېيتايلى، ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى كۈچلەر يېتەرلىكمۇ-يوق؟ دىگەن سوئالغا يېتەر-
لىك دەپ جاۋاپ بېرىلىشى مۇمكىن، چۈنكى ھازىرقى كۈچلىرىمىز
دۈشمەننى يەنە ھۇجۇم قىلالمايدىغان قىلىپ قويغان تۇرسا، كۈچلەرنى
يەنە كوپەيتىپ نىمە قىلىمىز؟ ئېيتايلى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
مىللىي بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش شوئارى ئاۋالقىدەك

توغرى بولۇپ قېلىۋېرەمدۇ ـ يوق؟ دېگەن سوئالغا ياق دەپ جاۋاپ بېرىلىشى مۇمكىن، چۈنكى بىرلىكسەپ ئۆزىنىڭ هازىرقى هالىتىدە دۈشمەننى چېكىندۈرۈشكە قادىر بولۇپ قالغان تۇرسا، ئۇنى مۇستەهـ كەملەش ۋە كېڭەيتىشنىڭ يەنە نىمە لازىمى بار؟ ئىپتايىلى، خەلقارا ۋەيجياۋنى ۋە خەلقارا تەشۋىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتىش كېرەكمۇ ـ يوق؟ دېگەن سوئالغىمۇ ياق دەپ جاۋاپ بېرىلىشى مۇمكىن. ئىپتايىلى، ئارمىيە تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، سىياسى تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش، ئاممىۋى هەرىكەتنى راۋاجلاندۇرۇش، دولەت مۇداپىسە مائارىپىنى قەتئى يولغا قويۇش، ۋەتەن خائىنلىرىنى ۋە تروتسكىچىلارنى بېسىقتۇرۇش، هەربى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخـ شىلاش بىلەن ئەستايىدىل شۇغۇللىنىش لازىممۇ ـ يوق؟ دېگەن سوئالغىمۇ، ئىپتايىلى، ۋۇخەننى قوغداش، گۇاڭجۇنى قوغداش، شىبېينى قوغداش ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشىنى شىددەتلىك راۋاجلاندۇرۇش شوئارلىرى ئاۋالقىدەك توغرى بولۇپ قېلىۋېرەمدۇ ـ يوق؟ دېگەن سوئالغىمۇ ياق دەپ جاۋاپ بېرىلىشى مۇمكىن. هەتتا بەزىلەر ئۇرۇش ۋەزىيىتى سەل ـ پەل ئوڭشالغان ۋاقىتتا، گومىنداڭ بىلەن كوڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىشنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، سىرتقا قارىتىلغان دىققەت ـ نەزەرنى ئىچكىرىگە بۇراشقا هازىرلىنىدۇ. بۇنداق ئەهۋال، كوپۈنچە، هەر بىر چوڭراق غەلىبىدىن كىيىن ياكى دۈشمەننىڭ هۇجۇمى ۋاقىتىنچە توختاپ قالغان چاغلاردا يۈزبېرىدۇ. بىز يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ هەممە-سىنى سىياسى ۋە هەربى جەهەتتىكى جىنشىيەن دەپ ئاتايمىز. بۇ گەپلەر ئېيتىلماقتا داۋلىلىقتەك قىلىسمۇ، ئەمىلىيەتتە، هېچبىر ئاساسى بولمىغان، توغرىدەك كورۇنگىنى بىلەن ناتوغرى بولغان

سەپسەتىلەر. بۇنىداق سەپسەتىلەرنى سۇپۇرۇپ تاشلاش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىشقا، ئەلۋەتتە، پايدىلىق.

5. شۇنداق قىلىپ، مەسىلە مۇنداق: جۇڭگو مۇنىقەرىز بولامدۇ؟ جاۋاپ: مۇنىقەرىز بولمايدۇ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگونىڭ بولىدۇ. جۇڭگو تېز غەلىبە قازىنالامدۇ؟ جاۋاپ: تېز غەلىبە قازىنالمايدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ.

6. بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي مۇلاھىزىلەرنى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇمۇمىي رەۋىشتە كورسىتىپ ئوتكەن ئىدۇق. 1936 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يەنى شەن ۋەقەسىدىن 5 ئاي، لۇگۇچياۋ ۋەقەسىدىن 12 ئاي ئىلگىرىلا، ئامېرىكا مۇخبىرى سنوۋ ئەپەندى بىلەن قىلغان سوھبىتىمدە جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىگە ئۇمۇمىي رەۋىشتە باھا بەرگەن ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۇرۇشنىڭ تۇرلۇك فاكىجېنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئەسلەتمە بولۇپ قالسۇن ئۇچۇن، توۋەندە ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ئابزاس ئۇزۇندە ئالساق، ئورۇنسىز بولماس:

سۇئال: قانداق شارائىتتا جۇڭگو ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ئەملىي كۈچىنى يېڭەلەيدۇ ۋە يوقىتالايدۇ؟

جاۋاپ: ئۇچ شەرت بولۇشى لازىم: بىرىنچىدىن، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسېپىنىڭ قۇرۇلۇشى؛ ئىككىنچىدىن، خەلقارا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى؛ ئۇچىنچىدىن، ياپونىيە خەلقىنىڭ ۋە ياپونىيە مۇستەملىكىلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىنىڭ كوتۇرۇلۇشى لازىم. جۇڭگو خەلقىنىڭ مەيدانىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇچ شەرتنىڭ ئىچىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ كەڭ

بىرلىشىشى ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ.

سوئال: سىزنىڭچە، بۇ ئۇرۇش قانچىلىك ئۇزاققا سوزۇلار؟

جاۋاپ: بۇ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە ۋە جۇڭگو، ياپونىيە ــ ئىككى مەملىكەتتىكى باشقا بىرمۇنچە ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. بۇ، ئاساسەن جۇڭگونىڭ ئۆز كۈچىگە باغلىق بولغاندىن باشقا، جۇڭگوغا خەلقارادىن بېرىلىدىغان ياردەم بىلەن، ياپونىيىدىكى ئىنقىلاپتىن بېرىلىدىغان ياردەم بىلەنمۇ خېلى مۇناسىۋەتلىك، دېگەن سۆز. ئەگەر جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپى كۈچلۈك راۋاجلىنىدىغان، توغرىسى تەرەپتىنمۇ، ئۇزۇنسى تەرەپتىنمۇ ئۇنۇملۇك تەشكىللىنىدىغان بولسا، ئەگەر ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ خەۋپ سېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كورگەن ھەرقايسى مەملىكەت ھوكۇمەتلىرى ۋە خەلقلىرى جۇڭگوغا زورۇر ياردەملەرنى بېرىدىغان بولسا، ئەگەر ياپونىيىدىكى ئىنقىلاپ تېزدىن كوتۇرۇلسە، ئۇ ھالدا، بۇ ئۇرۇش تېز ئاياقلىشىدۇ، جۇڭگو تېز غەلىبە قازىنىدۇ. ئەگەر بۇ شەرتلەر تېز ۋۇجۇتقا چىقمايدىغان بولسا، ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. لېكىن نەتىجە بەرىبىر ئوخشاش، ياپونىيە جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ، جۇڭگو جەزمەن غەلىبە قازىنىدۇ. پەقەت بېرىلىدىغان قۇربانلار كوپرەك بولىدۇ ۋە ناھايىتى جەۋرى-جاپالىق بىر دەۋرنى باشتىن كوچۇرۇشكە توغرى كېلىدۇ، خالاس.

سوئال: سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىن قارىغاندا، سىز بۇ ئۇرۇش قايسى ئىستىقبالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ دەپ ھېساپلايسىز؟

جاۋاپ: ياپونىيىنىڭ قۇرۇقلۇق سىياسىتى ئېنىق بەلگىلىنىپ بولغان، ھېلىقىدەك، ياپونىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، جۇڭگونىڭ تېررىتورىيە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى يەنە بىرە قۇربان قىلساقلا، ياپونىيىنىڭ ھۇجۇمىنى توختاتقىلى بولىدۇ، دەپ ھېساپلايدىغان كىشىلەرنىڭ ئويى پەقەت بىر خىل خام خىيال. بىز ئېنىق بىلىمىزكى، ياڭزىجياڭ دەرياسىنىڭ

تۆۋەنكى ئىقسىمى ۋە جەنۇپتىكى گاڭكۇلار ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ قۇرۇقلۇق سىياسىتى ئىچىگە ئاللىقاچان كىرگۈزۈلۈپ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيە فىلىپپىننى، سىيامنى، ۋېيتنامنى، مالايا يېرىم ئاردلىنى ۋە گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستاننى بېسىۋېلىپ، باشقا دۆلەتلەرنى جۇڭگودىن ئاجرىتىپ قويۇپ، غەربىي-جەنۇبىي تىنچ ئوكيانىنى يالغۇز ئۆزى ئىگىلىۋېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ. بۇ يەنە ياپونىيىنىڭ دېڭىز-ئوكيان سىياستى. بۇنداق مەزگىلدە جۇڭگونىڭ ئىنتايىن قىيىن ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى شەكسىز. لېكىن كۆپچىلىك جۇڭگولۇقلار بۇنداق قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ؛ پەقەت چوڭ سودا شەھەرلىرىدىكى بايلارلا مەغلۇبىيەتچىلىك قارشىدىكىلەر، چۈنكى ئۇلار ئۆز بايلىقلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن قورقىدۇ. ئۇرغۇن كىشىلەر، جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىلىرى ياپونىيە تەرىپىدىن قامال قىلىنىپ قالسا، جۇڭگو ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. بۇ — بىكار گەپ. ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش تارىخىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەك، ئورۇنسىز بولماس. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا جۇڭگونىڭ ئىگىلەپ تۇرغان ئۈستۈنلۈگى ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئورنىدىن كۆپ ياخشى. جۇڭگو — ناھايىتى چوڭ بىر مەملىكەت، ياپونىيە جۇڭگونىڭ 100 مىليوندىن 200 مىليونغا قەدەر ئاھالە ياشايدىغان رايونىنى بېسىۋالالىغان تەقدىردىمۇ، بىز مەغلۇپ بولۇشتىن ناھايىتى يىراقتا تۇرىمىز، تېخى. بىز ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا ھېلىمۇ ناھايىتى زور كۈچكە ئىگەمىز، ياپونىيە ئۈچۈن بولسا، پۈتۈن ئۇرۇش داۋامىدا ئۆز ئارقا سېپىدە ھەمىشە مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرى كېلىدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ بىرلىككە كەلمىگەنلىگى ۋە تەكشىسىزلىگى، ئەكسىچە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا پايدىلىق. مەسىلەن، شاڭخەي جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىن بۆلۈپ تاشلانغىنىدا جۇڭگو ئۈچۈن بولىدىغان زىيان ھەرگىز نيۇ-يورك ئامېرىكىنىڭ باشقا جايلىرىدىن بۆلۈپ

تاشلانغىنىدا ئامېرىكا ئۈچۈن بولىدىغان زىيانىدەك ئېغىر بولمايدۇ. ياپونىيە جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىلىرىنى قامال قىلغان تەقدىردىمۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب ۋە غەرب قىسىملىرىنى قامال قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى يەنىلا پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىردەك ئۇيۇشقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپ قۇرۇش. بۇنى بىز ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق.

سوئال: مۇبادا ئۇرۇش ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلۇپ قالسا، ياپونىيە تولۇق مەغلۇپ بولمىسا، گۇڭچەنداڭ سۈلھ قىلىشقا قوشۇلۇشى ۋە ياپونىيىنىڭ دۇڭبېيغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

جاۋاب: مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە ئوخشاش، جۇڭگونىڭ بىر سۇڭ يېرىنىمۇ ياپونىيىنىڭ قولىدا قېلىشىغا يول قويمايدۇ.

سوئال: سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، بۇ قېتىمقى ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي جەنلۈي فاڭجېنى قانداق؟

جاۋاب: بىزنىڭ جەنلۈي فاڭجېنىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ناھايىتى ئۇزۇن ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۇرۇش سەپلىرىدە ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. جۇڭگو ئارمىيىسى غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن كەڭ جەڭ مەيدانلىرىدا يۈكسەك يۈندۈڭجەن ئېلىپ بېرىشى، تېز ئىلگىرىلىشى ۋە تېز چېكىنىشى، تېز توپلىنىشى ۋە تېز تارقىلىشى كېرەك. بۇ چوڭقۇر ئاكوپ ـ ئېگىز ئىستىھكاملار، قەۋەت ـ قەۋەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى بولغان ۋە مۇداپىئە گۇڭشىلىرىغىلا تايىنىدىغان جېندىجەن ئەمەس، بەلكى كەڭ كولەمدىكى يۈندۈڭجەن. بۇ، بارلىق مۇھىم ھەربىي پۇنكىتلاردىن ۋاز كېچىش كېرەك، دېگەن سۆز ئەمەس، بۇنداق پۇنكىتلاردا پايدىلىنىشقا بولسا، جېندىجەننى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. لېكىن پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان جەنلۈي فاڭجېنى چوقۇم يۈندۈڭجەندىن ئىبارەت بولىدۇ. جېندىجەن گەرچە

زورۇر بولىدۇ، لېكىن ياردەمچى خاراكتېرلىق ئىككىنچى خىل فاكتېنىغا كىرىدۇ. جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن، ئۇرۇش مەيدانلىرى شۇنچە كەڭكى، يۇندۇگجەننى ناھايىتى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىشىمىز مۇمكىن. ياپونىيە ئارمىيىسى ئارمىيىمىزنىڭ شىددەتلىك ھەرىكەتلىرىگە دۇچ كەلگەندە، ئېھتىيات قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئاپاراتلىرى ناھايىتى كېلەڭسىز، ھەرىكىتى ناھايىتى ئاستا، ئۇنۇمى چەكلىك. ئەگەر بىز ئەسكىرىي كۈچىمىزنى توپلىۋېلىپ، تار بىر جەبھىدە دۈشمەنگە خورىتىش ئۇرۇشى بىلەن قارشىلىق كورسەتىدىغان بولساق، ئارمىيىمىزنى جۇغراپىيىۋى جەھەتتىكى ۋە ئىقتىسادىي تەشكىل جەھەتتىكى ئەۋزەل شەرت-شارائىتتىن مەھرۇم قىلىپ قويۇپ، ھەبەشىستان ئوتكۈزگەن خاتالىقنى ئوتكۈزۈپ قويىمىز. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىز بارلىق چوڭ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلاردىن ساقلىنىشىمىز، ئاۋال يۇندۇگجەن ئارقىلىق دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ روھىنى ۋە جەڭگىۋار كۈچىنى پەيدىن-پەي ۋەيران قىلىپ تاشلىشىمىز كېرەك.

تەلىم ئالغان قوشۇنلارنى يېتىكەپ، يۇندۇگجەن ئېلىپ بارغاندىن باشقا، دېخانلاردىن ناھايىتى كوپ پارتىزان دۈيلىرىنى تەشكىل قىلىشىمىز كېرەك. بىلىش لازىمكى، دۇڭبېي ئۈچ ئولكىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېخانلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىنغانلىقى بولىدىغان يوشۇرۇن كۈچلىرىنىڭ پەقەت كىچىك بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. جۇڭگو دېخانلىرى ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ۋە ئوبدان قوماندانلىق قىلىنىدىغانلا بولسا، ياپونىيە ئارمىيىسىنى كۈن-تۈن يىگىرمە توت سائەت تىنىم تاپقۇزمايدۇ، سوكۇلدىتىپ يۈرۈپ ھالسىرىتىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ جۇڭگودا بولۇۋاتقانلىقىنى ئەستە تۇتۇش كېرەك، بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ياپونىيە ئارمىيىسى ئۇزىگە دۈشمەن بولغان جۇڭگولۇقلارنىڭ پۈتۈنلەي مۇھاسىرىسىدە قالىدۇ؛ ياپونىيە ئارمىيىسى ئۇزىگە ئېھتىياجلىق ھەربى

كېرەك - ياراقلارنى تۇشۇپ كېلىشكە، يەنە كېلىپ، ئۆزى ساقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ؛ ئۇلار ئۈچۈن يىرىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قاتناش يوللىرىنى قوغداشقا ۋە تۈگىمەس زەربىلەردىن ھەمىشە ئېھتىيات بىلەن ساقلىنىشقا توغرى كېلىدۇ؛ بۇلاردىن تاشقىرى، مانجۇرىيىدە ۋە ياپونىيىنىڭ ئۆزىدە چوڭ بىر قىسىم كۈچلەرنى تۇرغۇزۇشقىمۇ توغرى كېلىدۇ.

ئۇرۇش جەريانىدا جۇڭگو ئۇرغۇن ياپون ئەسكەرلىرىنى ئەسىر ئالىدۇ، نۇرغۇن قۇرال - ياراق ۋە ئوق - دورىلارنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى قوراللاندۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەتئەللەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى پەيدىن - پەي كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە جىبھىدىن بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياپونىيە بېسىۋالغان جايلارغا جىبھىلىك ھۇجۇم قىلالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەت خورىتىشى ئارقىسىدا ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادى يىمىرىلىدۇ؛ سان - ساناقسىز جەڭلەرنىڭ خورىتىشى ئارقىسىدا ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشىدۇ. جۇڭگو تەرەپكە كەلسەك، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى كۈندىن - كۈنگە جۇش ئۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەۋېرىدۇ، كۆپلىگەن ئىنقىلاۋىي خەلق ئاممىسى ئۆزىنى ئالدىنقى سەپكە ئۈزلۈكسىز ئېتىپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ. بۇ ھەممە ئامىللار باشقا ئامىللار بىلەن قوشۇلۇپ، ياپونىيىنىڭ بېسىۋالغان جايلاردىكى ئىستىھكاملىرىغا ۋە كېنجۈيدىلىرىگە ئۈزۈل - كېسىل ۋە ئەجەللىك زەربىلەرنى بېرىپ، ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. (سنوۋ: «غەربىي شىمال تەسىراتلىرى»)

## ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 10 ئايلىق تەجرىبىسى يۈزىدا ئېيتىلغان مۇلاھىزىلەرنىڭ توغرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى

ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىسپاتلايدۇ.

7. لۇكوچياۋ ۋەقەسى تۇغۇلۇپ بىر ئايدىن ئوشۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندە، يەنى 1937 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىلا جۇڭگو كوڭچەنداڭ جۇڭياڭى ئۆزىنىڭ «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى قارار»ىدا مۇنۇلارنى ئوچۇق كورسەتكەن ئىدى:

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ لۇكوچياۋدىكى ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە بېيپىڭ ـ تيەنجىننى بېسىۋالغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا كەڭ كولەمدە قىلىدىغان ھۇجۇمىنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت. ياپون قاراقچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتتى بويىچە ئۇرۇش ۋاقتى سەپەرۋەرلىكىنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ «كېڭەيتىشنى خالىمايمىز» دېگەن تەشۋىقاتى ئوز ھۇجۇمىنى يوشۇرىدىغان تۇتەكلىك ئوقتىنىلا ئىبارەت.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى لۇكوچياۋدا باشلانغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جۇڭگونىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولدى.

جۇڭگونىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يېڭى بىر باسقۇچ باشلاندى، ئۇ بولسىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش باسقۇچى. — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ئوتۇپ كەتتى. — بۇ باسقۇچتىكى ئەڭ مەركىزىي ۋەزىپە: بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى باشلىنىپ كەتكەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا راۋاجلاندۇرۇشتا. پەقەت مۇشۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بولغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

هازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا تېخى جىددى ئاجىزلىقلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر، چېكىنىشلەر، ئىچكى بۆلۈنۈشلەر، ئاسىيلىق قىلىشلار، ۋاقىتلىق ۋە قىسمەن مۇرەسسەلىشىشلەرگە ئوخشاش پايدىسىز ئەھۋاللار پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. لېكىن، ئىشىنىمىزكى، باشلىنىپ كەتكەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، پارتىيىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، بارلىق توسالغۇلارنى بوسۇپ ئۆتۈپ، داۋاملىق ئالغا بېسىۋېرىدۇ ۋە راۋاجلىنىۋېرىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 10 ئايلىق تەجرىبىسى، ئوخشاشلا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇلاھىزىلەرنىڭ توغرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىسپاتلايدۇ.

8. ئۇرۇش مەسىلىسىدىكى ۋېيشىنلۇنلۇق ۋە جىشيېلۇنلۇق خاھىشلار — ھەممە خاتا نۇقتەئى نەزەرلەرنىڭ بىلىش نەزىرىيىسى جەھەتتىكى يىلتىزى. ئۇلارنىڭ مەسىلىگە قاراش ئۇسۇلى — جۇگۇەن ۋە بىرتەرەپلىمە. ئۇنداقلار ياكى ھېچبىر ئاساسى بولمىغان ھالدا ۋە نوقۇل جۇگۇەن ھالدا سەپسەتە ساتىدۇ؛ ياكى مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى ۋە بىر ۋاقىتتىكى ئىپادىسىگىلا ئاساسلىنىپ، ئۇنىمۇ جۇگۇەن ھالدا مۇبالىغە قىلىپ، ئۇمۇملۇق دەپ قارايدۇ. لېكىن كىشىلەرنىڭ خاتا نۇقتەئى نەزەرلىرىنى ئىككى خىلغا بۆلۈش مۇمكىن: بىر خىلى تۈپ خاتالىق بولۇپ، ئىزچىل بولىدۇ، بۇنى تۈزىتىش قىيىن؛ يەنە بىر

خىلى تاسادىپى خاتالىق بولۇپ، ۋاقىتلىق بولىدۇ، بۇنى تۈزىتىش ئوڭاي. لېكىن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتا ئىكەن، تۈزىتىش زورۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇش مەسىلىسىدىكى ۋېيشىنلۇنلۇك ۋە جىشىيلۇنلۇك خاھىشلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۇرۇشنى كېڭەيگەن نۇقتەئىنەزەر ۋە ئومۇمىيەت نۇقتەئىنەزىرى بىلەن تەكشۈرگەندىلا، ئۇرۇش مەسىلىسىدە توغرى خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ.

## مەسىلىنىڭ ئاساسى

9. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش نېمە ئۈچۈن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ؟ ئاخىرقى غەلىبە نېمە ئۈچۈن جۇڭگونىڭ بولىدۇ؟ ئاساس نەدە؟

جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشى ھېچقانداق باشقا ئۇرۇش ئەمەس، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېودالىق جۇڭگو بىلەن جاھانگىر ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھاياتماماتلىق ئۇرۇشى. ھەممە مەسىلىنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ يەردە. ئايرىم-ئايرىم ئېيتقاندا، ئۇرۇش قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ تۇۋەندىكىدەك بىر-بىرىگە قارشى بولغان نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى بار.

10. ياپونىيە تەرەپ: بىرىنچىدىن، ئۇ كۈچلۈك جاھانگىر دولەت، ئۇنىڭ ھەربىي كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە سىياسىي-تەشكىلىي كۈچى شەرقتە بىرىنچى دەرىجىلىك، ئۇ دۇنيادىمۇ بەش-ئالتە مەشھۇر جاھانگىر دولەتنىڭ بىرى. بۇ ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ تۈپ شەرتى بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە جۇڭگونىڭ تېز غەلىبە قازىنالمايدىغانلىقى ياپونىيە دولىتىنىڭ ئەنە

شۇ جاھانگىرلىك تۈزۈمى ۋە قۇدرەتلىك ھەربى كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە سىياسى ـ تەشكىلىي كۈچى ئۈستىگە قۇرۇلغان. لېكىن، ئىككىنچىدىن، ياپونىيىنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسادى جاھانگىرلىك خاراكتېرىدا بولغانلىقتىن، ياپونىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ جاھانگىرلىك خاراكتېرى كېلىپ چىققان، ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش ــ ئەكسىيەتچىل ھەم ۋەھشىيانە ئۇرۇش. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ياپون جاھانگىرلىكى ئىچكى ۋە تاشقى زىددىيەتلىرى سەۋەبىدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ مىقياستىكى تەۋەككۈلچىلىك ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يىمىرىلىش ھارپىسىغىمۇ ئاپىرىپ قويىدى. ئىجتىمائى تەرەققىيات جەريانىدىن ئېيتقاندا، ياپونىيە گۈللىنىۋاتقان مەملىكەت ئەمەس، ئۇرۇش ياپونىيىنىڭ ھوكۇمران سىنىپلىرى كۈتكەن گۈللىنىشكە ئېلىپ بارمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ تەتۈرسىگە ــ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھالاكىتىگە ئېلىپ بارىدۇ. ياپونىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنى ئەكسىيەتچىل ئۇرۇش دىگىنىمىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. بۇ ئەكسىيەتچىللىك ئارقىسىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيىنىڭ ھەربى فېئودال خاراكتېردىكى جاھانگىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتى بولغانلىقتىن، ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەھشىيانىلىكى كېلىپ چىققان. شۇنداق قىلىپ، بۇلار ياپونىيىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىقىنى، ياپون مىللىتى بىلەن جۇڭگو مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىقنى ۋە ياپونىيە بىلەن دۇنيادىكى كوپچىلىك دولەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىقنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغىۋېتىدۇ. ياپونىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ئەكسىيەتچىللىكى ھەم ۋەھشىيانىلىكى ــ ياپونىيە ئېلىپ

بېرىلىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىدىكى مۇھىم ئاساس. تېخى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، ئۈچىنچىدىن، ياپونىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش گەرچە ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە سىياسى-تەشكىلىي كۈچى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ تۇغما يېتەرسىزلىكى ئاساسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ياپونىيىنىڭ ھەربىي كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە سىياسى-تەشكىلىي كۈچى زور بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ كۈچلىرى سان جەھەتتىن يېتەرلىك ئەمەس. ياپونىيە—بىرقەدەر كىچىك مەملىكەت، ئۇنىڭ ئادەم كۈچى، ھەربىي كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچى كەملىك قىلىدۇ، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ياپونىيە ھوكۇمرانلىرى بۇ قىيىنچىلىقلارنى ئۇرۇش داۋامىدا ھەل قىلماقچى بولدى، لېكىن، ئوخشاشلا، ئۇلار كۈتكەنلىرىنىڭ تەتۈرسىگە ئېرىشىدۇ، يەنى ئۇلار مۇشۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىغان بولسىمۇ، نەتىجىدە ئۇرۇش سەۋەبىدىن قىيىنچىلىقلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋالىدۇ، ئۇرۇش ھەتتا ئۇنىڭ ئەسلىدە بار نەرسىلىرىنىمۇ خورىتىپ تۈگىتىدۇ. ناھايەت، تۆتىنچىدىن، ياپونىيە گەرچە خەلقارا فاشىست دولەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇزى ئېرىشىدىغان خەلقارا ياردەم كۈچلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان خەلقارا قارشى كۈچلەرگە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ. بۇ كېيىنكى كۈچلەر بارا-بارا ئوسۇپ، ئاخىرى ئالدىنقى ياردەم كۈچلەرنى بېسىپ چۈشۈپلا قالماستىن، بەلكى ياپونىيىنىڭ ئۆزىگىمۇ بېسىم كورسىتىدۇ. بۇ، يولدىن چىققان ياردەمچىسىز قالىدۇ، دىگەن قانۇنىيەت بولۇپ، ياپونىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ تەبىئىتىدىن

كېلىپ چىققان. يىغىپ ئېيتقاندا، ياپونىيىنىڭ ئارتۇقچىلىقى — ئۇنىڭ ئۇرۇش كۈچىنىڭ ئۇستۇنلۇكى، ئۇنىڭ يېتىشسىزلىكلىرى بولسا، ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ئەكسىيەتچىل ھەم ۋەھشىيانە بولۇشى، ئادەم كۇچى ۋە ماددى كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى، خەلقارا ۋەزىيەتتە ياردەمنىڭ ئاز بولۇشى. بۇلار ياپونىيە تەرەپنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى.

11. جۇڭگو تەرەپ: بىرىنچىدىن، بىز — يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېوداللىق مەملىكەت. ئەپيۇن ئۇرۇشى، تەيپىڭ تيەنگو ئۇرۇشى، ۋۇشۇي يېڭىلىقىا كوچۇش ھەرىكىتى⑧ ۋە شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن تارتىپ بېيفا ئۇرۇشىغا قەدەر يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېودالىق ئورۇندىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان بارلىق ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەر ياكى ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ كەلدى، شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېودالىق ئورۇن ئاۋالقىدەكلا ساقلىنىپ قېلىۋەردى. بىز يەنىلا ئاجىز دولەت، بىزنىڭ ھەربىي كۈچ، ئىقتىسادىي كۈچ ۋە سىياسى-تەشكىلىي كۈچ جەھەتلىرىدە دۇشمەنگە يەتمەيدىغانلىقىمىز كورۇنۇپلا تۇرىدۇ. ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە جۇڭگونىڭ تېز غەلىبە قازىنالمايدىغانلىقى مۇشۇ جەھەتتىمۇ ئوز ئاساسىغا ئىگە. لېكىن، ئىككىنچىدىن، جۇڭگونىڭ يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى بۇگۇنكى كۈنگە داۋام قىلىپ كېلىپ، ھەرقانداق تارىخىي دەۋردىكىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ قالدى. تۇرلۇك ئىچكى-تاشقى قارشى كۈچلەر گەرچە ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراتقان بولسىمۇ، ئەينى زاماندا جۇڭگو خەلقىنى چېنىقتۇردى. بۇگۇنكى جۇڭگونىڭ ھەربى ئىشلىرى، ئىقتىسادى، سىياسىي ۋە

مەدەنىيىتى ياپونىيىنىڭكىدەك ئۈستۈن بولمىسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، ھەرقانداق تارىخىي دەۋردىكىدىنمۇ ئىلغار بولغان ئامىللارغا ئىگە بولىدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيە — ئەنە شۇنداق ئىلغار ئامىللارنىڭ ۋەكىلى. جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى ئازاتلىق ئۇرۇشى ئەنە شۇنداق ئىلغارلىق ئاساسىدا ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولۇش ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. جۇڭگو — يېڭى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا ئوخشاش مەملىكەت، بۇ — ياپون جاھان-گىرلىكىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ھالىتىگە نىسبەتەن دەل ئەكس سېلىشتۇرما. جۇڭگو ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش — ئىلغار ئۇرۇش، بۇ ئىلغارلىقتىن جۇڭگو ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ئادالەتلىكلىكى كېلىپ چىققان. بۇ ئۇرۇش ئادالەتلىك ئۇرۇش بولغىنى ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتنى ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىرالايدۇ، دۈشمەن مەملىكىتىدىكى خەلقنىڭ خەيرىخاھلىقىنى قوزغىيالايدۇ ۋە دۇنيادىكى كۆپچىلىك مەملىكەتلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو يەنە ناھايىتى چوڭ مەملىكەت بولۇپ، يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى كۆپ ۋە ئەسكىرى نۇرغۇن، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، بۇ — ياپونىيىگە نىسبەتەن يەنە بىر ئەكس سېلىشتۇرما. ناھايەت، تۆتىنچىدىن، جۇڭگو ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ئىلغارلىقى، ئادالەتلىكلىكى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان كەڭ خەلقارا ياردەم — ياپونىيىنىڭ يولدىن چىقىپ، ياردەمچىسىز قېلىشى-نىڭمۇ دەل ئەكسى. يىغىپ ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ يېتىشسىزلىكى — ئۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بولسا، ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ئىلغارلىقى

ۋە ئادالەتلىكلىكى، ئۇنىڭ چوڭ مەملىكەت بولۇشى ۋە خەلقارا ۋەزىيەتتە كوپ ياردەمگە ئىگە بولۇشى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو-نىڭ خۇسۇسىيەتلىرى.

12. دىمەك، ياپونىيىنىڭ ھەربى كۇچى، ئىقتىسادىي كۇچى ۋە سىياسى-تەشكىلىي كۇچى ئۇستۇن، لېكىن ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش — ئەكسىيەتچىل، ۋەھشىيانە ئۇرۇش، ئۇنىڭ ئادەم ۋە ماددى كۇچلىرىمۇ يېتەرلىك ئەمەس، خەلقارا ۋەزىيەتتە يەنە ئەپسىز ئورۇندا تۇرىۋاتىدۇ. جۇڭگو، بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەربى كۇچ، ئىقتىسادىي كۇچ ۋە سىياسى-تەشكىلىي كۇچلەردە ئاجىزراق، لېكىن ئالغا بېسىش دەۋرىدە تۇرىۋاتىدۇ، ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش — ئىلغار ۋە ئادالەتلىك ئۇرۇش، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ چوڭ مەملىكەت بولۇشتىن ئىبارەت بۇنداق شەرتكىمۇ ئىگە بولۇپ، ئۇزاققا سوزۇ-لىدىغان ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، دۇنيادىكى كوپچىلىك دولەتلەر جۇڭگوغا ياردەم بېرىدۇ. — بۇلار جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ بىر-بىرىگە زىت بولغان تۇپ خۇسۇسىيەتلىرى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئىككى تەرەپنىڭ سىياسى جەھەتتىكى بارلىق سىيا-سەتلىرىنى ۋە ھەربى جەھەتتىكى بارلىق جەڭلۇۋى، جەڭشۇلىرىنى بەلگىلىدى ۋە بەلگىلەۋاتىدۇ، ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنىڭ ياپونىيىگە ئەمەس، بەلكى جۇڭگوغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى ۋە بەلگىلەۋاتىدۇ. ئۇرۇش — ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مۇسابىقىسى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئۇرۇش جەريانىدا ئوز تەبىئىتى بويىچە ئوزگىرىپ تۇرىدۇ ۋە بارلىق نەر-سىلەر ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەتلەر كىشىنى ئالداش ئۇچۇن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتە

مەۋجۇت؛ ئۇرۇشنىڭ تولۇقسىز-كەمتۈك ئۈزۈندىلىرى ئەمەس، بەلكى تولۇق-تۈپ ئامىللىرى؛ بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بارلىق چوڭ-كىچىك مەسىلىلىرىگە ۋە بارلىق ئۇرۇش باسقۇچلىرىغا سىڭگەن نەرسىلەر. جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىنى كۈزەتكەندە، ئەگەر بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئەستىن چىقىرىپ قويۇلسا، خاتالىشىش تۇرغان گەپ؛ بەزى پىكىرلەر خاتا ئەمەستەك كورۇنۇپ، بەزىلەر ئۇنىڭغا بىرمەھەل ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنىڭ جەريانى بۇ پىكىرلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سوزسىز ئىسپاتلايدۇ. بىز ئەمدى ئېيتماقچى بولغان بارلىق مەسىلىلەرنى ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسلىنىپ چۈشەندۈرىمىز.

## مۇنقەرىزچىلىك قارىشىغا رەددىيە

13. مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەر دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈچلۈكلۈك-ئاجىزلىق سېلىشتۇرمىسىدىن ئىبارەت بىر ئامىلغا قاراپلا، ئىلگىرى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلساق، چوقۇم مۇنقەرىز بولىمىز» دېيىشكەن ئىدى، ھازىر بولسا، «يەنە ئۇرۇش قىلساق، چوقۇم مۇنقەرىز بولىمىز» دېيىشىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز، دۈشمەن كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما كىچىك مەملىكەت، جۇڭگو ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما چوڭ مەملىكەت، دەپلا قويساق، ئۇلارنى قايىل قىلالمايمىز. ئۇلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنى يوقاتقانلىقىدىن ئىبارەت تارىخى دەلىللەرنى كوتۈرۈپ چىقىپ، كىچىك، ئەمما كۈچلۈك دولەتنىڭ

چوڭ، ئەمما ئاجىز دۆلەتنى مۇنقەرىز قىلالايدىغانلىقىنى، بەلكى تېخى قالاقلارنىڭ ئىلغارلارنى مۇنقەرىز قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز، بۇ — قەدىمقى ئىش، بۇنىڭغا دەلىل بولالمايدۇ، دېسەك، ئۇلار يەنە ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاننى مۇنقەرىز قىلغانلىقىدىن ئىبارەت فاكتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كىچىك، ئەمما كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ چوڭ، ئەمما ئاجىز ۋە قالاق دۆلەتنى مۇنقەرىز قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭغا باشقا ئاساسلارنىمۇ كەلتۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، بارلىق مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، ئۇلارنى چىندىن قايىل قىلالايمىز، شۇنىڭدەك تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنى تېخى چۈشەنمەي كېلىۋاتقان ۋە تۇراقسىز بولغان كىشىلەرنى قايىل قىلالىغىدەك ھەم ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملىيەلىگىدەك يېتەرلىك نەزەرىيىۋى ئاساسلارغا ئىگە قىلالايمىز.

14. كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بۇ ئاساس نېمە؟ بۇ — دەۋرنىڭ خۇسۇسىيىتى. بۇ خۇسۇسىيەتنىڭ كونكرېت ئىنكاسى — ياپونىيىنىڭ ئەكسىيەتچىللىكى ۋە ئاز ياردەمگە ئىگە ئىكەنلىكى، جۇڭگونىڭ ئىلغارلىقى ۋە كۆپ ياردەمگە ئىگە ئىكەنلىكى.

15. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش ھېچقانداق باشقا ئۇرۇش ئەمەس، جۇڭگو، ياپونىيە — ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش. دۈشمىنىمىز تەرەپ، بىرىنچىدىن، ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان جاھانگىر بولۇپ، ھازىر ئارقىغا چېكىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھىندىستاننى مۇنقەرىز قىلغان مەزگىلدە تېخى كاپىتالىزمنىڭ ئىلغارلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان

ئەنگلىيىگىلا ئوخشىماي قالماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن 20 يىل ئاۋالقى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى ياپونىيىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش دۇنيا جاھانگىرلىكىنىڭ، ھەممىدىن ئاۋال، فاشىست دولەتلەرنىڭ زور يېمىرىلىشىنىڭ ھارپىسىدا قوزغالدى، دۈشمەنمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىنى كوزدە تۇتۇپ، ئاندىن مۇشۇ ئاخىرقى جان تالىشىش خاراكتېرىدىكى تەۋەككۈلچىلىك ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى. شۇڭا، ئۇرۇش نەتىجىسىدە ھالاك بولىدىغىنى جۇڭگو ئەمەس، بەلكى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھوكۇمران گورۇھى، بۇ — قۇتۇلغۇسىز مۇقەررەرلىك. ئىككىنچىدىن، ياپونىيىنىڭ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقتى دەل دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئۇرۇشقا گىرىپتار بولغان ياكى ئۇرۇشقا گىرىپتار بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر چاغ بولۇپ، كوپچىلىك ۋەھشىيانە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ ياكى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ، جۇڭگو ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيادىكى كوپچىلىك ئەللەر ۋە كوپچىلىك خەلقلەر بىلەن پايدا-زىياندا مۇناسىۋەتلىك، مانا بۇ — ياپونىيىنىڭ دۇنيادىكى كوپچىلىك ئەللەر ۋە كوپچىلىك خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغانلىقىنىڭ ۋە تېخىمۇ قاتتىق قوزغايدىغانلىقىنىڭ مەنبەئى.

16. جۇڭگو تەرەپچۇ؟ ئۇ باشقا ھەرقانداق تارىخىي دەۋردىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بولۇپ قالدى. يېرىم مۇستەملىكىلىك ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت — ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، شۇڭا ئاجىز دولەت، دەپ ئاتالغان. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئوز تارىخىدا ئالغا بېسىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ — ياپونىيىنى يېڭىشتە مۇھىم ئاساس. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئىلغار ئۇرۇش دېگەندە، ئۇمۇمىي-ئادەتتىكى ئىلغارلىقنى

ئەمەس، ھەبەشستاننىڭ ئىتالىيە باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى-
نىڭكىدەك ئىلغارلىقنى ئەمەس، تەيپىڭ تيەنگو ياكى شىنخەي ئىنقى-
لاۋىنىڭكىدەك ئىلغارلىقنىمۇ ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ
ئىلغارلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئىلغارلىقى
قەيەردە؟ شۇ يەردىكى، بۈگۈنكى جۇڭگو تولۇق فېئوداللىق مەملىكەت
ئەمەس، ئۇنىڭدا كاپىتالىزم بارلىققا كەلدى، بۇرژۇئازىيە بىلەن
پرولېتارىيات بارلىققا كەلدى، ئويغانغان ياكى ئويغىنىۋاتقان كەڭ
خەلق ئاممىسى بارلىققا كەلدى، گۇڭچەنداڭ بارلىققا كەلدى، سىياسى
جەھەتتىن ئىلغار ئارمىيە، يەنى گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو
قىزىل ئارمىيىسى بارلىققا كەلدى، بىرنەچچە ئون يىللىق ئىنقىلاپنىڭ
ئەنئەنىۋى تەجرىبىلىرى، بولۇپمۇ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى قۇرۇلغاندىن
بۇيانقى 17 يىللىق تەجرىبىلەر بارلىققا كەلدى. بۇ تەجرىبىلەر
جۇڭگو خەلقىنى تەربىيىلىدى، جۇڭگودىكى پارتىيىلەرنى تەربىيىلىدى
ۋە بۈگۈنكى كۈندە دەل ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇشنىڭ ئاساسى بولدى. ئەگەر، روسىيىدە 1905 - يىلنىڭ تەجرى-
بىلىرى بولمىغان بولسا، 1917 - يىلدىكى غەلىبە بولمىغان بولاتتى،
دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بىزمۇ، 17 يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر بولمىغان
بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىمۇ بولمايدۇ،
دەپ ئېيتىشىمىز مۇمكىن. بۇ — ئىچكى شەرت.

خەلقارا شەرتكە كەلسەك، بۇ شەرت ئارقىسىدا جۇڭگو ئۇرۇشتا
يالغۇز ئەمەس، بۇ نۇقتىمۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەھۋال.
تارىختا مەيلى جۇڭگو بولسۇن، مەيلى ھىندىستان بولسۇن، ھەر
ئىككىلىسى ئۇرۇشتا يالغۇز ئىدى. دۇنيادا يۈز بەرگەن ياكى يۈز-
بېرىۋاتقان مىسلىسىز كەڭ ۋە مىسلىسىز چوڭقۇر خەلق ھەرىكەتلىرىنى

ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا كورسىتىدىغان ياردەملىرىنى پەقەت بۇگۈنكى كۈندىلا كورۇۋاتىمىز. روسىيىنىڭ 1917 ـ يىلدىكى ئىنقىلاۋىمۇ دۇنيا ـ نىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، روسىيە ئىشچىلىرى بىلەن دېخانىلىرى شۇ سەۋەپتىن غەلىبە قازانغان ئىدى، لېكىن بۇ ياردەمنىڭ مىقياسى بۇگۈنكىدەك كەڭ بولمىغان، خاراكتېرىمۇ بۇگۈنكىدەك ئېنىق بولمىغان ئىدى. بۇگۈنكى دۇنيادىكى خەلق ھەرىكەتلىرى مىسلىسىز كەڭ كولەمدە ۋە مىسلىسىز چوڭقۇر ھالدا راۋاجلىنىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئوزى ـــ ھازىرقى خەلقارا سىياسىدا ناھايىتى مۇھىم ئامىل، ئۇ مۇقەررەر ھالدا جۇڭگوغا ناھايىتى چوڭ قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ، بۇ ھال بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى پۈتۈنلەي يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ـ نىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم شەرتلەرنى ياراتتى ۋە يارىتىۋاتىدۇ. كوپلىگەن ۋە بىۋاستە ياردەملەر ھازىرقى ۋاقىتتا تېخى بولمىسىمۇ ۋە ئۇنى كۈتۈشكە توغرى كەلسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ئىلغار ۋە چوڭ مەملىكەت بولۇشتەك شەرتلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزاققا سوزالايدۇ، خەلقارا ياردەمنى ئىلگىرىلىتەلەيدۇ ۋە كۈتەلەيدۇ.

17. يۇقۇرىدىكىلەرگە ياپونىيىنىڭ كىچىك مەملىكەت ئىكەنلىگى، يېرى كىچىك، بايلىقى ئاز، ئاھالىسى ئاز، ئەسكىرى ئاز ئىكەنلىگى ـ دىن، جۇڭگونىڭ چوڭ مەملىكەت ئىكەنلىگى، يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى كوپ، ئەسكىرى نۇرغۇن ئىكەنلىگىدىن ئىبارەت مۇشۇ شەرتنى قوشساق، شۇنىڭ بىلەن، كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىق سېلىشتۇرمىسىدىن تاشقىرى، كىچىك مەملىكەت، ئەكسىيەتچى، ئاز ياردەمگە ئىگە ئىكەنلىك بىلەن چوڭ مەملىكەت، ئىلغار، كوپ

ياردەمگە ئىگە ئىكەنلىك سىڭلىشتۇرمىسىمۇ بولغان بولىدۇ، بۇلار
جۇڭگونىڭ ھەرگىز مۇنقەرىز بولمايدىغانلىقىدىكى ئاساس. كۈچلۈك۔
لۈك بىلەن ئاجىزلىق سىڭلىشتۈرمىسى گەرچە ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا
مەلۇم مەزگىل ۋە مەلۇم دەرىجىدە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلالىشىنى،
جۇڭگونىڭ مۇشەققەتلىك بىر يولنى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغانلى۔
قىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تېز ھەل بولىدىغان
ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى
بەلگىلىسىمۇ، لېكىن كىچىك مەملىكەت، ئەكسىيەتچى، ئاز ياردەمگە
ئىگە ئىكەنلىك بىلەن چوڭ مەملىكەت، ئىلغار، كوپ ياردەمگە ئىگە
ئىكەنلىك سىڭلىشتۇرمىسى يەنە ياپونىيىنىڭ ئاخىرغىچە زورلۇق-
زومبۇلۇق قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە مۇقەررەر رەۋىشتە ئۇزۇل-كېسىل
مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ ھەرگىز مۇنقەرىز بول۔
مايدىغانلىقى ۋە ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

18. ھەبەشىستان نىمە ئۈچۈن مۇنقەرىز بولدى؟ بىرىنچىدىن، ئۇ
ئاجىز دولەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىچىك مەملىكەت ئىدى.
ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئىلغارلىقى جۇڭگونىڭكىدەك ئەمەس ئىدى، ئۇ
قەدىمقى قۇلدارلىق جەمىيەت تۈزۈمىدىن نۇكەرنۇ تۈزۈمگە ئوتىۋاتقان
بىر مەملىكەت، ئۇنىڭدا كاپىتالىزىم يوق، بۇرژۇئازىيە پارتىيىلىرى
يوق، گومىنداڭ تېخىمۇ يوق، جۇڭگونىڭكىدەك ئارمىيە يوق،
8-ئارمىيىدەك ئارمىيە تېخىمۇ يوق ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئۇ خەلقارا
ياردەمنى كۈتەلمىگەن ئىدى، ئۇ ئۇرۇشتا يالغۇز ئىدى. تۆتىنچىدىن،
بۇ مۇھىم، ئىتالىيە باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ رەھبەرلىكىدە
خاتالىق بولغان ئىدى. ھەبەشىستان ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن مۇنقەرىز
بولدى. شۇنداقتىمۇ ھەبەشىستاندا تېخى خېلى كەڭ كولەمدە

پارتىزان ئۇرۇشى مەۋجۇت، ئەگەر ئۇلار چىلڭ تۇرالىسا، دۇنيانىڭ كەلگۈسى ئۆزگىرىشلىرىدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

19. ئەگەر مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەر جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مەغلۇبىيەت تارىخىنى كوتۇرۇپ چىقىپ، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلساق، چوقۇم مۇنقەرىز بولىمىز» ۋە «يەنە ئۇرۇش قىلساق، چوقۇم مۇنقەرىز بولىمىز» دىگەنلىرىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا، ئۇ ھالدا، بىزمۇ بىرلا ئېغىز سوز بىلەن، دەۋر ئوخشمايدۇ، دەپ جاۋاپ بېرىمىز. جۇڭگونىڭ ئۆزىمۇ، ياپونىيىنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ ۋە خەلقارا شارائىتمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشمايدۇ. ياپونىيە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيدى، جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ۋە يېرىم فېوداللىق ئورنى يەنىلا ئۆزگەرمىدى، كۈچى يەنىلا خېلى ئاجىز، بۇلار ئېغىر ئەھۋال. ياپونىيە ئۆز مەملىكىتىدىكى خەلقلەرنى ھازىرچە تىزگىنلەپ تۇرالايدۇ، شۇنىڭدەك خەلقارا زىددىيەتلەردىن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنالايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى فاكىت. لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭدا ئەكسىچە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. بۇ نۇقتا ھازىر تېخى فاكىت ئەمەس، لېكىن كەلگۈسىدە فاكىتقا ئايلىنىشى مۇقەررەر. بۇ نۇقتىنى مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەر ئېتىۋارغا ئالماي تاشلىۋەتتى. جۇڭگوچۇ؟ ھازىر ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكىدىن ناھايىتى چوڭ پەرق قىلغان ھالدا، يېڭى كىشىلەر، يېڭى پارتىيە، يېڭى ئارمىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يېڭى سىياسەت بارلىققا كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار مۇقەررەر ئالغا قاراپ

راۋاجلىنىدۇ. گەرچە تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىد- نىڭ كەينى - كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو بۈگۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۇچۇن تېخىمۇ زور كۈچ توپلىيالمىغان بولسىمۇ، — بۇ بەكمۇ ئېچى- نىشلىق تارىخىي ساۋاق، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانىداق ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ئۆزىمىز ناكار قىلماسلىقىمىز كېرەك؛ — لېكىن ھازىر بار ئاساستا يەنە كەڭ كولەمدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان بولسا، چوقۇم پەيدىن - پەي ئىلگىرىلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇق مىللىي بىرلىكسەپ — ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقنىڭ باش يۆنۈلۈشى. خەلقارا ياردەمگە كەلسەك، ھازىر گەرچە كۆپلەپ ۋە بىۋاستە ياردەملەر تېخى كۆرۈلمەيۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خەلقارا ۋەزىيەت ئىلگىرىكىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ قالدى، كۆپلىگەن ۋە بىۋاستە ياردەملەر يېتىلىۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى سان - ساناقسىز ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ كېيىنكى ۋە جۇڭگوەن سەۋەبلىرى بولسىمۇ، ھېچقايسىسىنى بۈگۈنكى ئەھۋالغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ياپون باسقۇنچى- لىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىك ئۇرۇش بولۇشىنى بەلگىلىگەن بىرمۇنچە قىيىنچىلىق شەرتلىرى، مەسىلەن، دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلۈكى، بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز، دۈشمەننىڭ قىيىنچىلىقىنىڭ تېخى ئەمدى باشلانغانلىقى، بىزنىڭ ئىلغارلىقىمىزنىڭ تېخى يېتەرسىزلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەننى يېڭىشنىڭ پايدىلىق شەرتلىرى ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭغا جۇڭگوەن جەھەتتىكى تىرىشچانلىق قوشۇلسىلا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبە قازانغىلى

بولىدۇ. بۇگۈنكىدەك بۇ پايدىلىق شەرتلەر تارىختا ھېچبىر دەۋردە بولمىغان، مانا بۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى مەغلۇپ بولغاندەك ھەرگىز مەغلۇپ بولمايدىغانلىقىنىڭ ئاساسى.

## مۇرەسسەلىشىش كېرەكمۇ ياكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كېرەكمۇ؟ چىرىكلىشىش كېرەكمۇ ياكى ئالغا بېسىش كېرەكمۇ؟

20. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇنقەرىزچىلىك قارىشىنىڭ ئاساسى يوق. ئەمما يەنە نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار مۇنقەرىز-چىلىك قارىشىدىكىلەر ئەمەس، ۋەتەنپەرۋەرلەر، لېكىن ئۇلار ۋەزىيەتتىن قاتتىق قايغۇرىدۇ. ئۇلاردا ئىككى مەسىلە بار: بىرى، ياپونىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىش بولۇپ قالارمىكىن، دەپ قورقۇش، يەنە بىرى، سىياسى ئالغا باسالماسمىكىن، دەپ شۈبھىلىنىش. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككى غەم-قايغۇلۇق مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىنى تاپالمايۋاتىدۇ. بىز ئەمدى بۇ ئىككى مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ ئۆتىمىز.

21. مۇرەسسەچىلىك مەسىلىسىنىڭ ئىجتىمائى مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىجتىمائى مەنبە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، مۇرەسسەچىلىك مەسىلىسىنىڭ تۇغۇلماي قالمايدىغانلىقىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. لېكىن مۇرەسسەچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، يەنىلا ياپونىيە، جۇڭگو ۋە خەلقارادىن

ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن ئاساس ئىزلەشكە توغرى كېلىدۇ. بىرىنچى،
ياپونىيە تەرەپ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى
چاغلىرىدىلا مۇرەسسەچىلىك ھاۋاسى يېتىلىدىغان بىر پەيتنىڭ
يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، يەنى دۈشمەن خۇابېينى ۋە جياڭسۇ، جېجياڭ
ئۆلكىلىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ۋاس-
تىسىنى قوللىنىشى مۇمكىنلىكىنى مولچەرلىگەن ئىدۇق. كېيىنكى
ۋاقىتتا، دەرۋەقە، بۇ ۋاستىسىنى ئىشلەتتى؛ لېكىن ۋېيجى دەرھال
ئوتتۇپ كەتتى، بۇنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى شۇكى، دۈشمەن ئومۇم-
يۈزلۈك ۋەھشىيانە سىياسەت قوللىنىپ، ئوچۇقتىن-ئوچۇق بۇلاڭچىلىق
قىلدى. جۇڭگو تەسلىم بولسا، ھەرقانداق جۇڭگولۇق ۋەتىنى مۇنقەرىز
بولغان قۇل بولۇپ قالاتتى. دۈشمەننىڭ مۇشۇ بۇلاڭچىلىق سىياسىتى،
يەنى جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىش سىياسىتى ماددى ۋە مەنىۋى دىگەن
ئىككى جەھەتكە بولۇنىگەن بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى جۇڭگولۇقلارغا
ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ؛ بۇ سىياسەت تۆۋەن قاتلام ئاممىغىلا
ئەمەس، بەلكى يۇقۇرى قاتلام تەركىپكىمۇ قارىتىلغان، — ئەلۋەتتە،
كېيىنكىسىگە بىرئاز يۈز-خاتىرە قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ پىرىنسىپ
جەھەتتە ئەمەس، پەقەت دەرىجە جەھەتتىلا پەرق قىلىدۇ. ئومۇمەن،
دۈشمەن دۆڭبېي ئۈچ ئۆلكىدە قوللانغان كونا چارىسىنى ئىچكى
ئۆلكىلەرگە كوچۈرۈپ كېلىدۇ. ماددى جەھەتتە، ئاددى خەلقنىڭ
كىيىم-كېچەك، يىمەك-ئىچمەكلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ، كەڭ خەلقنى
ئاچ-يالىڭاچلىقتا زار قاقشىتىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنى
بۇلاپ ئېلىپ، جۇڭگونىڭ مىللى سانائىتىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە
قۇللاشتۇرىدۇ. مەنىۋى جەھەتتە، جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللى ئېڭىنى
ئاياق-ئاستى قىلىدۇ. كۈن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراق ئاستىدا

ھەر بىر جۇڭگولۇق پەقەت ئىتائەتچان يۇقىرا بولۇشى، ئات - ئۇلاق بولۇشلا لازىمكى، ئۇلاردا قىلچە جۇڭگوچە ھېسسىنىڭ بولۇشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ. دۈشمەن بۇ ۋەھشىيانە سىياسىتىنى تېخىمۇ ئىچكىرى بولغان ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ يۈرگۈزىدۇ. دۈشمەننىڭ نەپسى يامان، ئۇرۇشنى توختىتىشنى خالىمايدۇ. 1938 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېلان قىلىنغان ياپونىيە نىيگىبىسىنىڭ خىتابنامىسىدىكى فاگىجىن[7] مۇشۇ كەمگىچە قەتئىي ئىجرا قىلىنماقتا، ئىجرا قىلمايمۇ تۇرالمايدۇ، بۇ ھەممە تەبىقىدىكى جۇڭگولۇقلارنى غەزەپلەندۈردى. بۇ دۈشمەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ئەكسىيەتچىللىكى ھەم ۋەھشىيانىلىكىدىن كېلىپ چىققان، «باشقا كەلگەن بالادىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن»، شۇنىڭ بىلەن مۇتلەق دۈشمەنلىك شەكىللەندى. ئېھتىمال، مەلۇم پەيت يېتىپ كەلگەندە، دۈشمەننىڭ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ۋاسىتىسى يەنە كۆرۈنىدۇ، بەزىبىر مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەر يەنە لومۇلدەشكە باشلايدۇ، بەلكى بەزى خەلقارا تەركىپلەر بىلەن (ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيەلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا شۇنداق كىشىلەر بار، بولۇپمۇ ئەنگلىيەدىكى يۇقۇرى قاتلام ئۇنسۇرلار) تىل بىرىكتۈرۈپ، قارانىيەتلىك بىلەن ئەسكىلىك قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇمۇمى ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى شۇنداقكى، تەسلىم بولۇشالمايدۇ، ياپونىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ قەتئىيلىكى ۋە پەۋقۇلئاددە ۋەھشىيانىلىكى بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنى بەلگىلىگەن.

22. ئىككىنچى، جۇڭگو تەرەپ. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئۈچ ئامىلى بار: بۇلارنىڭ بىرى — گۇڭچەنداڭ، بۇ — خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئىشەنچلىك كۈچ. يەنە بىرى —

گومىنداڭ، ئۇ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا بېقىنغانلىقتىن، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئۇنى تەسلىم بول دېمىسە، ئۇمۇ تەسلىم بولمايدۇ. يەنە بىرى — باشقا پارتىيە-گۇرۇھلار، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇرەسسەچىلىككە قارشى تۇردۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ھىمايە قىلدۇ. بۇ ئۈچى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشقان ئەھۋالدا، كىمكى مۇرەسسەلەشمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ۋەتەن خائىنلىرى تەرىپىدە تۇرغان بولىدۇ، ھەممە ئۇنىڭغا قارشى ۋە نەپرەت ياغدۇرىدۇ. ۋەتەن خائىنى بولۇشنى خالىمايدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاداقىغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرماي قويمايدۇ، مۇرەسسەچىلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئەمەلىيەتتە قىيىن.

23. ئۈچىنچى، خەلقارا تەرەپ. ياپونىيىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ۋە كاپىتالىستىك ئەللەردىكى يۇقۇرى قاتلام ئۇنسۇرلار ئىچىدىكى بەزى تەركىپلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان ھەممىسى جۇڭگونىڭ مۇرەسسەلىشىشىگە ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا پايدىلىق. بۇ ئامىل جۇڭگونىڭ ئۈمىدىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۈگۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدە، خەلقارا كۈچلەر جۇڭگوغا پەيدىن-پەي كۈچلۈك ياردەم بېرىدۇ، دەپ قارايدىغان بىر تۇرلۇك ئۈمىت بار. بۇنداق ئۈمىت قۇرۇق ئۈمىت ئەمەس؛ بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ. مىسلىسىز قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ ھەر قاچان جۇڭگو بىلەن بىللە بولۇپ كەلدى. كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ يۇقۇرى قاتلام تەركىۋىدىكي پايدىغىلا ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ تامامەن ئەكسىچە،

سوۋېت ئىتتىپاقى بارلىق ئاجىز ۋە ئۇششاق مىللەتلەرگە ھەم بارلىق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىدۇ. جۇڭگونىڭ ئۇرۇشتا يالغۇز ئەمەسلىكى ئۇمۇمى رەۋىشتە پۈتۈن خەلقارا ياردەم ئۈستىگىلا قۇرۇلغان بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئالاھىدە رەۋىشتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئۈستىگىمۇ قۇرۇلغان. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن يېقىن، بۇ ھال ياپونىيىنىڭ ۋېيىجىسىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ. جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن يېقىن بولۇشى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. لېكىن جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن يېقىن بولۇشى بولسا، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت.

24. بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن: مۇرەسسەچىلىك ۋېيىجىسى مەۋجۇت، لېكىن ئۇنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى دۈشمەننىڭ سىياستى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگونىڭ ئۆز ئىچىدە مۇرەسسەچىلىكنىڭ ئىجتىمائى مەنبەئى بار، لېكىن مۇرەسسەچىلىككە قارشى تۇرغۇچىلار زور كوپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. خەلقارا كۈچلەرنىڭ بىر قىسمىمۇ مۇرەسسەچىلىكنى قوللايدۇ، لېكىن ئاساسىي كۈچلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قوللايدۇ. بۇ ئۈچ ئامىل بىرلەشتۈرۈلسە، مۇرەسسەچىلىك ۋېيىجىسىنى تۈگىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە قەتئى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

25. ئەمدى ئىككىنچى مەسىلىگە جاۋاپ بېرىمىز. مەملىكەت ئىچىدە

سىياسىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. سىياسى قانچە ياخشىلانسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى شۇنچە قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قانچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلسا، سىياسىنى شۇنچە ياخشىلىغىلى بولىدۇ. لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا تايىنىشقا توغرى كېلىدۇ. گومىنداڭنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە ناچار ھادىسىلەر ئېغىر ھالدا مەۋجۇت، بۇ نامۇۋاپىق ئامىللارنىڭ تارىخىي يىغىندىسى كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ناھايىتى زور غەم ـ قايغۇغا سالماقتا ۋە دىققەت قىلدۇرماقتا. لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو خەلقىنىڭ 10 ئاي داۋامىدىكى ئالغا بېسىشى ئۆتكەن نۇرغۇن يىللار داۋامىدىكى ئالغا بېسىشلارغا تەڭ كېلىدۇ، كىشىنى ئۈمىتسىز-لىككە سالىدىغان ھېچقانداق ئاساس يوق. تارىختىن جۇغلىنىپ كەلگەن چىرىكلىك ھادىسىسى گەرچە خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىگە قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى كېمەيتكەن ۋە ئۇرۇشنى زىيانغا ئۇچراتقان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ، ياپونىيىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئۇمۇمىي ۋەزىيىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالغا باسماسلىقىغا يول قويمايدۇ. ئالغا بېسىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئامىل، يەنى چىرىكلىك ھادىسىسى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئالغا بېسىش ئاستا بولىدۇ. ئالغا بېسىش بىلەن ئالغا بېسىشنىڭ ئاستىلىقى ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ئىككى خۇسۇسىيىتى بولۇپ، كېيىنكى خۇسۇسىيەت ئۇرۇشنىڭ جىددى تەلىپىگە تولىمۇ مۇناسىپ ئەمەس، ۋەتەنپەرۋەرلەرنى تولىمۇ

قايغۇغا سېلىۋاتقان يەر مانا مۇشۇ. لېكىن بىز ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش — زەھەرگە قارشى بىر خىل دورا، ئۇ دۈشمەن سالغان زەھەرنى قايتۇرۇۋېلا قالماي، ئۆزىمىزدىكى كىرلەرنىمۇ يۇيۇۋېتىدۇ. ئادالەتلىك ـ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۈچى ناھايىتى زور بولىدۇ، ئۇ نۇرغۇن شەيئىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ياكى ئۆزگەرتىشكە يول ئېچىپ بېرەلەيدۇ. جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى جۇڭگونىمۇ، ياپونىيىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ؛ جۇڭگو پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە بىرلىك سەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولسا، جەزمەن كونا ياپونىيىنى يېڭى ياپونىيىگە، كونا جۇڭگونى يېڭى جۇڭگوغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، جۇڭگودىكى ۋە ياپونىيىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇرۇش داۋامىدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. بىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش بىلەن باغلاپ قارايمىز، بۇ توغرى. ياپونىيىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدۇ دېگەنلىك، ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى مەغلۇبىيەتكە بارىدۇ، ياپونىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىنى قوزغىشى مۇمكىن، دېگەنلىكتۇر. ياپونىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى غەلىبە قازانغان كۈن ياپونىيىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋاقتى بولىدۇ. بۇ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى بىلەن زىچ باغلانغان، بۇ ئىستىقبالنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.

## مۇنقەرىزچىلىك قارىشى توغرى ئەمەس، تېز غەلىبە قازىنىش قارىشىمۇ توغرى ئەمەس

26. بىز دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈچلۈكلۈك

بىلەن ئاجىزلىق، چوڭلۇق بىلەن كىچىكلىك، ئىلغارلىق بىلەن
ئەكسىيەتچىللىك، كۆپ ياردەمگە ئىگە ئىكەنلىك بىلەن ئاز ياردەمگە
ئىگە ئىكەنلىكتىن ئىبارەت بىر-بىرىگە زىت بىرقانچە تۈپ خۇسۇ-
سىيەتلەرنى سىلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، مۇنقەرىزچىلىك قارشىغا
رەددىيە بەردۇق، نىمە ئۈچۈن مۇرەسسەلىشىش ئاسان بولمايدۇ ۋە
نىمە ئۈچۈن سىياسىنىڭ ئالغا بېسىشى مۇمكىن، دىگەن مەسىلىلەرگە
جاۋاپ بەردۇق. مۇنقەرىزچىلىك قارشىدىكىلەر كۈچلۈكلۈك بىلەن
ئاجىزلىقتىن ئىبارەت بىرلا زىددىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ كېتىپ، ئۇنى
مۇبالىغە قىلىپ، پۈتۈن مەسىلىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى قىلىدۇ، باشقا
زىددىيەتلەرگە بولسا، سەل قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلۈك بىلەن
ئاجىزلىق سىلىشتۇرمىسىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇشى — ئۇلارنىڭ بىرتەرەپ-
لىمىلىكلىكى؛ ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىرتەرەپلىمە نەرسىنى مۇبالىغە قىلىپ
ئۇمۇملۇق دەپ قارىشى يەنە ئۇلارنىڭ جۇگۇەنلىكلىكى. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئۇمۇملۇقتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭكى ئاساسسىز، خاتا. مۇنقە-
رىزچىلىك قارشىدىكىلەردىن بولمىغان، ئىزچىل ئۈمىتسىزلەردىنمۇ
بولمىغان، پەقەت دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈچلۈك-
لۈك-ئاجىزلىقتىن ئىبارەت بىرمەھەللىك ۋە قىسمەن ئەھۋال بىلەن
ياكى مەملىكەت ئىچىدىكى چىرىكلىشىش ھادىسىسى بىلەنلا قايمۇقۇپ
قېلىپ، بىرمەھەل ئۈمىتسىزلىك روھىي ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان
كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارغىمۇ، سىلەرنىڭ كۆز قارىشىڭلارنىڭ
مەنبەئىمۇ بىرتەرەپلىمىلىك ۋە جۇگۇەنلىك خاھىشى، دەپ كۆرسىتىپ
بېرىشىمىز كېرەك. لېكىن ئۇلارنىڭ تۈزىتىشى ئوڭايراق، ئەسلىتىپ
قويساقلا چۈشىنىۋالىدۇ، چۈنكى ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلەر، ئۇلارنىڭ
خاتالىقى بىرمەھەللىك.

27. لېكىن تېز غەلىبە قازىنىش قارىشىدىكىلەرنىڭمۇ توغرى
ئەمەس. ئۇلار ياكى كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىقتىن ئىبارەت زىددى-
يەتنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىپ قويۇپ، پەقەت باشقا زىددىيەت-
لەرنىلا ئەستە تۇتىدۇ؛ ياكى جۇڭگونىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ھەقىقى
ئەھۋالدىن چەتنىگەن ھالدا مۇبالىغە قىلىپ، باشقا بىر ياڭزا قىلىپ
قويىدۇ؛ يا بولمىسا، بىر ۋاقىت ۋە بىر جايدىكى كۈچلۈكلۈك-ئاجىز-
لىق ھادىسىسىنى ئومۇملۇقتىكى كۈچلۈكلۈك-ئاجىزلىق ھادىسىسىنىڭ
ئورنىغا قويىدۇ، بىر تال يوپۇرماق بىلەن كوزى توسۇلۇپ قېلىپ،
تەيشەن تېغىنى كورەلمەيدۇ-دە، ئوزىنىڭكىنىلا راست دەيدۇ. قىسقى-
سى، ئۇلاردا دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلۈگى ۋە بىزنىڭ ئاجىزلىغىمىزدىن
ئىبارەت بۇ ئەملىيەتنى ئېتىراپ قىلغىدەك جۇرئەت يوق. ئۇلار،
كوپۇنچە، بۇنى يوققا چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتنىڭ بىر تەرى-
پىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇلاردا ئوز ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنىڭ چەكلىك
ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلغىدەك جۇرئەتمۇ يوق، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن
ھەقىقەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار
چوڭ ياكى كىچىك خاتالىقلارنى ئوتكۈزىدۇ، بۇمۇ جۇگۇەنىلىك ۋە
بىرتەرەپلىمىلىكنىڭ كاساپىتى. بۇ دوستلىرىمىزنىڭ نىيىتى ياخشى،
ئۇلارمۇ ۋەتەنپەرۋەرلەر. لېكىن «ئەپەندىلەرنىڭ ئارزۇسى زور»
بولغىنى بىلەن ئەپەندىلەرنىڭ قارىشى ناتوغرى، شۇ بويىچە
ئىشلەۋېرىدىغان بولسا، چوقۇم تامغا ئۇسۇۋالىدۇ. چۈنكى مولچەر
ھەقىقى ئەھۋالغا مۇۋاپىق بولماي قالسا، ھەرىكەتتە كوزلىگەن
مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ؛ زورمۇ-زور ھەرىكەت قىلىنىدىغان
بولسا، ئارمىيە مەغلۇپ بولىدۇ، ۋەتەن مۇنقەرىز بولىدۇ، بۇنىڭ
نەتىجىسى مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭكىدىن باشقىچە بولمايدۇ. شۇنىڭ

ئۇچۇن بۇمۇ يارىمايدۇ.

28. بىز مۇنقەرىزلىك خەۋپىنى ئىنكار قىلىمىزمۇ؟ ئىنكار قىلمايمىز. بىز جۇڭگونىڭ ئالدىدا ئازاتلىق ياكى مۇنقەرىزلىكتىن ئىبارەت تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان ئىككى ئىستىقبالنىڭ تۇرغانلىقىنى ۋە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك كۈرەش كېتىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئازاتلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە مۇنقەرىزلىكتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. ئازاتلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شەرتلىرىگە كەلسەك، ئاساسلىقى — جۇڭگونىڭ ئىلغارلىقى، شۇنىڭ بىللە، دۈشمەننىڭ قىيىنچىلىقى ۋە بىزگە بېرىلىدىغان خەلقارا ياردەم. بىز مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەرگە ئوخشىمايمىز، بىز مۇنقەرىزلىك ۋە ئازاتلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئېھتىمالنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كېكۈەن ھالدا، بەلكى ئومۇمى ھالدا ئېتىراپ قىلىمىز، ئازاتلىق ئېھتىمالىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئازاتلىققا ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىمىز ھەم بۇ شەرتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمىز. مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەر بولسا، پەقەت مۇنقەرىز بولۇشتىن ئىبارەت بىرلا ئېھتىمالنى جۇگۈەن ۋە بىرتەرەپلىمە ھالدا ئېتىراپ قىلىپ، ئازاتلىق ئېھتىمالىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئازاتلىقنىڭ شەرتلىرىنى ئەسلا كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ ۋە بۇ شەرتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەسلا تىرىشمايدۇ. بىز مۇرەسسەچىلىك خاھىشى ۋە چىرىكلىك ھادىسىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز، لېكىن يەنە باشقا خاھىشلار ۋە باشقا ھادىسىلەرنىمۇ كۆزدە تۇتىمىز ھەمدە كېيىنكىسىنىڭ ئالدىنقىسىغا قارىغاندا قەدەممۇ-قەدەم ئۈستۈنلۈك قازىنىدىغانلىقىنى، بۇ ئىككىسىنىڭ شىددەتلىك كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز؛

شۇنىڭدەك كىيىنكىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش شەرتلىرىنى كورسىتىپ، مۇرەسسەچىلىك خاھىشىنى يېڭىش ۋە چىرىكلىك ھادىسىسىنى ئوزگەرتىش ئۇچۇن تىرىشىمىز. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىز ئۇمىتسىزلەنمەيمىز، ئۇمىتسىز كىشىلەر بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە.

29. بىزمۇ تېز غەلىبە قازىنىشنى ياخشى كورمەيمىز ئەمەس، «ئالۋاستىلار»نى ئەتە بىر ئەتىسگەندىلا قوغلاپ چىقىرىۋېتىشنى ھەر-كىم ياقلايدۇ. لېكىن بىز شۇنى كورسىتىپ ئوتىمىزكى، ئەگەر مەلۇم شەرتلەر بولمىسا، تېز غەلىبە قازىنىش كاللىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ، كېگۇەن جەھەتتە مەۋجۇت بولمايدۇ، خام خىيالدىن ۋە ساختا داۋلىدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، خالاس. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىز ئوزىمىزنىڭ ۋە دۈشمەننىڭ ھەممە ئەھۋالىنى كېگۇەن ۋە ئۇمۇمى ھالدا مولچەرلەپ، پەقەت جەنلۇپلۇك ئۇزاقتا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشلا ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۇرۇشنىڭ بىردىن-بىر يولى ئىكەنلىگىنى كورسىتىمىز ۋە ھېچبىر ئاساسى بولمىغان تېز غەلىبە قازىنىش قارىشىنى رەت قىلىمىز. بىز ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۇرۇشتە زورۇر بولغان ھەممە شەرتلەرنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن تىرىششنى قۇۋۋەتلەيمىز، بۇ شەرتلەردىن بىرنى بولسىمۇ كوپ تەييارلىساق، بۇ شەرتلەرنى بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇر تەييارلىساق، غەلىبە قازىنىش ئىشەنچى بىر ئۇلۇش بولسىمۇ كوپىيىدۇ، غەلىبە قازىنىش ۋاقتى بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇر بولىدۇ. بىز، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇرۇشنىڭ جەريانىنى قىسقارتقىلى، ئىشنىڭ ئاسىنىنى ئىزلەيدىغان ۋە قۇرۇق سەپسەتىنى ئەۋزەل كورىدىغان تېز غەلىبە قازىنىش قارىشنى رەت قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېساپلايمىز.

# نمه ئۇچۇن ئۇزاقـقا سوزۇلىدىغان ئـۇرۇش بولىدۇ؟

30. ئەمدى بىز ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ ئوتەيلى. «نىمە ئۇچۇن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ» دىگەن مەسىلىگە دۇشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ھەممە سېلىشتۇرمىلاردىكى تۇپ ئامىللارغا ئاساسلانغاندىلا، توغرى جاۋاپ ئالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، دۇشمەن — كۇچلۇك جاھانگىر دولەت، بىز — ئاجىز، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېوداللىق دولەت، دىگەن سوزنىلا دەۋەرسەك، مۇنقەرىزچىلىك قارشىغا پېتىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ. چۇنكى نوقۇل ھالدا كۇچلۇكلۇككە ئاجىزلىق بىلەن قارشى تۇرۇشتىن، مەيلى نەزىرىيىۋى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئەمەلىي جەھەتتە بولسۇن، ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلىدۇ، دىگەن نەتىجە كېلىپ چىقمايدۇ. يالغۇز چوڭلۇق-كىچىكلىك ياكى يالغۇز ئىلغارلىق-ئەكسىيەتچىلىك، كوپ يادەمگە ئىگە ئىكەنلىك-ئاز يادەمگە ئىگە ئىكەنلىكلەردىنمۇ شۇنداق. چوڭ كىچىكنى قوشۇۋالىدىغان، كىچىك چوڭنى قوشۇۋالىدىغان ئىشلار ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ. ئىلغار دولەت ياكى شەيئى ئەگەر قۇدرەتلىك كۇچكە ئىگە بولمىسا، ئۇنىڭ چوڭ ۋە ئەكسىيەتچى دولەت ياكى شەيئى تەرىپىدىن يوقىتىلىشىمۇ ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ. كوپ يادەمگە ئىگە ئىكەنلىك-ئاز يادەمگە ئىگە ئىكەنلىك — مۇھىم ئامىل، لېكىن بېقىندى ئامىل، ئۇنىڭ رولىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى دۇشمەنىنىڭ ۋە بىزنىڭ تۇپ ئامىللىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش — ئۇزاقىقا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش دىگىنىمىز دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزدىكى بارلىق ئامىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدىن كېلىپ چىققان خۇلاسە. دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز، بىزگە مۇنقەرىز بولۇش خەۋپى بار. لېكىن دۈشمەنىنىڭ تېخى باشقا كەمچىلىكلىرىمۇ بار، بىزنىڭ تېخى باشقا ئارتۇقچىلىقلىرىمىزمۇ بار. دۈشمەنىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىزنىڭ تىرىشىشىمىز ئارقىسىدا ئاجىزلاپ بېرىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىمۇ بىزنىڭ تىرىشىشىمىز ئارقىسىدا كېڭىيىپ بېرىشى مۇمكىن. بىز تەرەپ ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمىز ئۆز تىرىشچانلىقىمىز ئارقىسىدا كۈچىيىپ بېرىشى مۇمكىن، كەمچىلىكىمىز بولسا، ئۆز تىرىشچانلىقىمىز ئارقىسىدا تۈگەپ بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئەڭ ئاخىر غەلىبە قازىنىپ، مۇنقەرىز بولۇشتىن ساقلىنالايمىز، دۈشمەن بولسا، ئەڭ ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن جاھانگىرلىك تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىدىن ساقلىنالمايدۇ.

31. دۈشمەنىنىڭ ئارتۇقچىلىقى پەقەت بىرلا بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى كەمچىلىك ئىكەن، بىزنىڭ كەمچىلىكىمىز پەقەت بىرلا بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئارتۇقچىلىق ئىكەن، نىمە ئۈچۈن تەڭپۇڭ نەتىجە كېلىپ چىقماي، ئەكسىچە، ھازىرقى ۋاقىتتا دۈشمەنىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، بىزنىڭ تۆۋەنلىكىمىز كېلىپ چىقتى؟ ناھايىتى روشەنكى، مەسىلىگە بۇنداق شەكلەن قارىغىلى بولمايدۇ. ئەھۋال شۇنداقكى، ھازىرقى ۋاقىتتا دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىق دەرىجىسىدە پەرق ناھايىتى زور، دۈشمەنىنىڭ كەمچىلىكلىرى تېخى ھازىرچە ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈك ئامىللىرىنى يوقىتالىغىدەك زورۇر دەرىجىگە راۋاجلانغىنى يوق ۋە

راۋاجلىنالمايدۇ، بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمىزمۇ هازىرچە ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىق ئامىللىرىمىزنى تۈگىتەلىگىدەك زورۇر دەرىجىگە راۋاجلانغىنى يوق، بەلكى راۋاجلىنالمايدۇ، شۇڭا تەڭپۇڭلۇق كېلىپ چىقماي، تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقتى.

32. دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز، دۈشمەن ئۈستۈن تۇرۇۋاتىدۇ، بىز تۆۋەن تۇرۇۋاتىمىز، بۇنداق ئەھۋال بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقلىرىمىز ئارقىسىدا بىرقەدەر ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تېخى تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇشنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا دۈشمەن مەلۇم دەرىجىلىك غەلىبە قازىنىدۇ، بىز بولساق، مەلۇم دەرىجىلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايمىز. لېكىن دۈشمەنگە مۇشۇ مەلۇم باسقۇچتىكى مەلۇم دەرىجىلىك غالىبىيەت بىلەنلا، بىزگە مۇشۇ مەلۇم باسقۇچتىكى مەلۇم دەرىجىلىك مەغلۇبىيەت بىلەنلا چەكلىنىشكە توغرى كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ، دۈشمەننىڭ پۈتۈنلەي غالىبىيەت قازىنىشى، بىزنىڭ پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز بولغان ئەسلى ئەھۋال مۇتلەق ئەمەس، بەلكى نىسبى؛ ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقلىرىمىز ئارقىسىدا، بۇنداق نىسبىلىك ۋەزىيىتى تېخىمۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئەسلى ئەھۋالدىن ئېيتساق، دۈشمەن گەرچە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۇنىڭ باشقا پايدىسىز ئامىللىرى تەرىپىدىن يوقىتىلماقتا، بىراق بۇ يوقىتىش هازىرقى چاغدا تېخى

دۈشمەننىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بۇزۇپ تاشلىيالىغىدەك زورۇر دەرىجىگە يەتكىنى يوق؛ بىز گەرچە ئاجىز بولساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز باشقا پايدىلىق ئامىللىرىمىز تەرىپىدىن تۈگىتىلىۋاتىدۇ، بىراق بۇ تۈگىتىش هازىرقى چاغدا تېخى بىزنىڭ تۆۋەنلىكىمىزنى ئۆزگەرتەلىگىدەك زورۇر دەرىجىگە يەتكىنى يوق. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ نىسبى كۈچلۈكلۈكى، بىزنىڭ نىسبى ئاجىزلىقىمىز؛ دۈشمەننىڭ نىسبى ئۈستۈنلۈكى، بىزنىڭ نىسبى تۆۋەنلىكىمىز شەكىللەندى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈكلۈك-ئاجىزلىق، ئۈستۈنلۈك-تۆۋەنلىك ئەسلىدىمۇ مۇتلەق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش جەريانىدا بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىكى تىرىشچانلىقلىرىمىز دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئەسلىدىكى كۈچلۈكلۈك-ئاجىزلىق ۋە ئۈستۈنلۈك-تۆۋەنلىك ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ئۆزگەرتەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن مەلۇم باسقۇچتىكى مەلۇم دەرىجىلىك غالىبىيەت بىلەنلا چەكلەندى، بىز مەلۇم باسقۇچتىكى مەلۇم دەرىجىلىك مەغلۇبىيەت بىلەنلا چەكلەندۇق، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقتى.

33. شۇنداقتىمۇ ئەھۋال ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا بىز توغرى ھەربىي ۋە سىياسىي سېلۇپ قوللىنىپ، پرىنسىپلىق خاتالىق ئۆتكۈزمىسەك ۋە كۈچىمىزنىڭ بارىچە ئەڭ ئوبدان تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكلا، دۈشمەننىڭ پايدىسىز ئامىللىرى بىلەن بىزنىڭ پايدىلىق ئامىللىرىمىز ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشىغا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدۇ، دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئەسلىدىكى كۈچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق دەرىجىمىز چەزمەن داۋاملىق ئۆزگىرىپ

بارىدۇ، دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئۇستۇنلۇك ـ تووۋەنلىك ۋەزىيىتى جەزمەن داۋاملىق ئۆزگىرىپ بارىدۇ. مەلۇم بىر يېڭى باسقۇچقا يەتكەندە، كۈچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق دەرىجىسىدە ھەم ئۇستۇنلۇك ۋە تووۋەنلىك ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، دۈشمەن يېڭىلگەن، بىز يەڭگەن نەتىجىگە ئېرىشىمىز.

34. ھازىر دۈشمەن ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈك ئامىلىدىن تېخى زورمۇ-زور پايدىلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن، بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمىز تېخى دۈشمەننى تۈپتىن ئاجىزلاشتۇرغىنى يوق. دۈشمەننىڭ ئادەم ۋە ماددى كۈچ يېتىشمەسلىك ئامىلى ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا توسالغۇ بولالىغىدەك دەرىجىدە ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ھۇجۇمنى مەلۇم دەرىجىگىچە داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بېرىۋاتىدۇ. ياپونىيىنىڭ ئۆز مەملىكىتىدىكى سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىقلارنى ۋە جۇڭگو مىللىتىنىڭ قارشىلىغىنى كۈچەيتىدىغان ئامىل، يەنى ئۇنىڭ ئۇرۇشىنىڭ ئەكسىيەتچىللىگى ھەم ۋەھشىيانىلىگىدىن ئىبارەت ئامىل ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا تۈپتىن توسالغۇ بولالىغىدەك ئەھۋالىمۇ تېخى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىنى يوق. دۈشمەننىڭ خەلقارادا يېتىم قېلىش ئامىلىمۇ ئەمدىلا يېتىلىۋاتىدۇ ۋە ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، ئۇ تېخى تامامەن يېتىم قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىدى. بىزگە ياردەم بېرىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈۋاتقان بىرمۇنچە مەملىكەتلەردە قورال - ياراق كاپىتالىستىلىرى ۋە ئۇرۇش خامئەشياسى كاپىتالىستلىرى پايدىسىغىلا ئىنتىلگەن ھالدا ياپونىيىنى تېخى نۇرغۇن مىقداردا ئۇرۇش ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ[8]، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىمۇ[9] سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە ئەمەلىي چارىلەرنى قوللىنىپ، ياپونىيىنى جازالاشنى خالىمايۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى ئۇرۇشمىزنىڭ تېزدىن غەلىبە قازىنالمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. جۇڭگو تەرەپ ھەربى، ئىقتىسادىي، سىياسى ۋە مەدىنى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىۋاتقان ئاجىزلىق ئامىلىنى تۈگىتىشتە گەرچە 10 ئاي داۋام قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا مەلۇم دەرىجىدە ئالغا باسقان بولسىمۇ، دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىنى توختىتالىغىدەك ۋە ئۆزىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى تەييارلىيالىغىدەك زۆرۈر دەرىجىگە يېتىشتىن تېخى ناھايىتى يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سان جەھەتتىن كېمىيىشلەر بولمايمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ تۈرلۈك پايدىلىق ئامىللىرى گەرچە ئاكتىپ رول ئويناۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئامىللارنىڭ دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىنى توختىتالىغىدەك ۋە بىزنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىمىزنى تەييارلىيالىغىدەك دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى ئۈچۈن، تېخى غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرى كېلىدۇ. ئىچكى جەھەتتە چىرىكلىك ھادىسىسىنى تۈگىتىپ، ئالغا بېسىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش؛ تاشقى جەھەتتە ياپونىيىگە ياردەم بېرىۋاتقان كۈچلەرنى تۈگىتىپ، ياپونىيىگە قارشى كۈچلەرنى كۆپەيتىش تېخى كۆز ئالدىمىزدىكى رېياللىققا ئايلانغىنى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە ئۇرۇشنىڭ تېز غەلىبە قازىنالمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

## ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنىڭ ئۈچ باسقۇچى

35. جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئىكەن، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگوغا مەنسۇپ ئىكەن،

ئۇ ھالدا، مۇۋاپىق پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، بۇنداق ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئۈچ باسقۇچتا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ دۈشمەن جەنلۇبلۇك ھۇجۇم قىلىدىغان، بىز جەنلۇبلۇك مۇداپىە كورىدىغان مەزگىل بولىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ دۈشمەن جەنلۇبلۇك تۇتۇپ تۇرۇشقا ئۆتىدىغان، بىز قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىدىغان مەزگىل بولىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ بىز جەنلۇبلۇك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدىغان، دۈشمەن جەنلۇبلۇك چېكىنىشكە ئۆتىدىغان مەزگىل بولىدۇ. ئۈچ باسقۇچتا بولىدىغان كونكرېت ئەھۋالنى ئالدىن ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن ھازىرقى شەرت-شارائىتتىن قارىغاندا، ئۇرۇشنىڭ يۈزلىنىشىدىكى بەزى چوڭ ئىشلارنى كورسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. كېگوەن رېياللىقنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋەقەلەرگە ناھايىتى باي بولىدۇ ۋە ئەگرى-توقاي بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ «يۇلتۇزنامە»سىنى تۈزۈپ چىقىش ھېچكىمنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ؛ شۇنداقتىمۇ ئۇرۇشنىڭ يۈزلىنىشىنىڭ تەخمىنىي مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقىش جەنلۇبلۇك يېتەكچىلىك ئۈچۈن زورۇر. شۇڭا، سىزىپ چىقىلغان نەرسە كەلگۈسىدىكى ئەمەلىيەتكە تازا مۇۋاپىق كەلمەي قالىدىغان بولسىمۇ ۋە بەلكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشقا بولغان جەنلۇبلۇك يېتەكچىلىكنى قەتئىي ۋە مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، تەخمىنىي مەنزىرىنى سىزىپ چىقىش ئىشى يەنىلا زورۇر.

36. بىرىنچى باسقۇچ ھازىر تېخى ئاياقلاشمىدى. دۈشمەننىڭ قەستى — گۇاڭجۇ، ۋۇخەن ۋە لەنجۇدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىنى بېسىۋېلىش ھەم بۇ ئۈچ نۇقتىنى بىر-بىرىگە باغلاش. دۈشمەن

بۇ مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، كەم دىگەندە، 50 شىتۇەن — تەخمىنەن بىر يېرىم مىليون ئەسكەر چىقىرىشى، بىر يېرىم يىلدىن ئىككى يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىشى، ئون مىلياردتىن كۆپرەك ياپون يۈەنى چىقىم قىلىشى كېرەك. دۈشمەن ئۇنداق ئىچكىرىلەپ كىرىمەن دىگىنى بىلەن ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى پەۋقۇلئاددە زور، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە بولىدۇ. گۇاڭجۇ - خەنكۇ تۆمۈر يولىنى ۋە شەن - لەنجۇ تاشيولىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالماقچى بولغانلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ناھايىتى خەۋپلىك ئۇرۇشلارنى قىلىشقا توغرى كېلىدۇ، بۇ قەستىگە يېتەلىشى ناتايىن. لېكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇرۇش پىلانلىرىمىزدا دۈشمەنىنىڭ شۇ ئۈچ نۇقتىنى ۋە ھەتتا شۇ ئۈچ نۇقتىدىن تاشقىرى بەزى رايونلارنى بېسىۋېلىشىنىڭ مۇمكىنلىگىنى ھەم ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن باغلىشىنىڭمۇ مۇمكىنلىگىنى بىر خىل ئاساس قىلىپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەن ئەنە شۇنداق قىلغان تەقدىردە، ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرەلىشىمىزنىڭ ئامالىنى قىلىپ قويۇشىمىزمۇ كېرەك. بۇ باسقۇچتا بىز قوللىنىدىغان ئۇرۇش شەكلى، ئاساسەن، يۈندۈڭجەن بولىدۇ، پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن جېندىجەن بولسا، ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىنىدۇ. جېندىجەن گەرچە بۇ باسقۇچنىڭ بىرىنچى مەزگىلىدە گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ جۇگۇەن خاتالىقى سەۋەۋىدىن ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، پۈتۈن باسقۇچتىن قارىغاندا، يەنىلا ياردەمچى قىلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا جۇڭگو كەڭ بىرلىكسەپ تۈزدى، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى. دۈشمەن ئۆزىنىڭ تېز ھەل قىلىش پىلانىنى ئانچە زور كۈچ سەرپ قىلماستىنلا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش

قەستىدە تەسلىم بولۇشقا ئۇندەشنىڭ پەسكەش ۋە نومۇسسىز ۋاستىلى-
رىنى قوللانغان ۋە يەنە قوللىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇتمۇشتىكىسى
مەغلۇپ بولدى، بۇنىڭدىن كېيىنكىسىنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى
قىيىن. بۇ باسقۇچتا جۇڭگو خېلى زور چىقىمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ،
لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خېلى زور ئالغا باستى، بۇنداق ئالغا
بېسىش ئىككىنچى باسقۇچتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى
داۋام قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ باسقۇچتا
سوۋېت ئىتتىپاقى مەملىكىتىمىزگە كوپلەپ ياردەم بەردى. دۇشمەن
تەرەپكە كەلسەك، ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈشكە باشلىدى،
دۇشمەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ كەسكىنلىكى بۇ باس-
قۇچنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە يەتمەيدىغان
بولۇپ قالدى، ئاخىرقى مەزگىلدە دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە تېخىمۇ
يېتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. دۇشمەننىڭ مالىيىسىدە ۋە ئىقتىسادىدا
ماغدۇرسىزلىنىش ھالىتى كورۇلۇشكە باشلىدى، خەلق ۋە ئەسكەرلەر
ئىچىدە ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى،
ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان گۇرۇھ ئىچىدە «ئۇرۇشتىن زېرى-
كىش» كورۇلۇشكە باشلىدى، ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىتسىزلىنىش
ئوسمەكتە.

37. ئىككىنچى باسقۇچنى جەنلۇبلۇك تىركىشىش باسقۇچى دەپ
ئاتاش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچنىڭ ئاخىرىدا، دۇشمەننىڭ ئەسكە-
رىي كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە بىزنىڭ قاتتىق قارشىلىق كورسىتى-
شىمىز ئارقىسىدا، دۇشمەن جەنلۇبلۇك ھۇجۇمىنىڭ مەلۇم چەكتىكى
ئاخىرقى نۇقتىسىنى بەلگىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ئاخىرقى نۇقتىغا
يەتكەندىن كېيىنلا، جەنلۇبلۇك ھۇجۇمنى توختىتىپ، بېسىۋالغان

يەرلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. بۇ باسقۇچتا دۈشمەننىڭ قەستى بېسىۋالغان يەرلەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قورچاق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشتەك ئالدامچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇ يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، جۇڭگو خەلقىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىرنىملەرنى شىلىۋېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، لېكىن ئۇ يەنە ناھايىتى قاتتىق پارتىزان ئۇرۇشلىرىغا دۇچ كېلىدۇ. پارتىزان ئۇرۇشى بىرىنچى باسقۇچتا دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىكى بوشلۇقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇمۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىدۇ، نۇرغۇن گېنجۇيدىلەرنى قۇرۇپ، دۈشمەننىڭ بېسىۋالغان يەرلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشىغا ئاساسى جەھەتتىن خەۋپ سالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى باسقۇچتا يەنىلا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ باسقۇچتا بىز قوللىنىدىغان ئۇرۇش شەكلى ئاساسەن پارتىزان ئۇرۇشى بولىدۇ، يۇندۇڭجەن بولسا، ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ قولىدا كۆپلىگەن مۇنتىزىم ئارمىيە بولغان بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ، بىر تەرەپتىن، دۈشمەن ئۆزى بېسىۋالغان چوڭ شەھەرلەردە ۋە چوڭ قاتناش يوللىرىدا جەنلۈبلۈك مۇداپىئەدە تۇرغانلىقتىن، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ تېخنىكا شارائىتى دەرھال مۇكەممەللىشىپ كېتەلمەيدىغان بولغانلىقتىن، دەرھال جەنلۈبلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش قىيىن. ئۇدۇل تەرەپتىن مۇداپىئە كۆرىدىغان قىسىملىرىمىزدىن تاشقىرى، ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە كۆپلەپ ئۆتۈپ، بىرقەدەر تارقاق ھالدا جايلىشىدۇ، تېخى دۈشمەن بېسىۋالمىغان رايونلارغا تايىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە ماسلىشىپ، دۈشمەن بېسىۋالغان جايلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ۋە شىددەتلىك پارتىزان ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، دۈشمەننى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە

يۇندۇگەجەنگە تارتىپ كىرىپ يوقىتىدۇ، مەسىلەن، سەنشىنىڭ ھازىرقى ئەمۇنسىگە ئوخشاش. بۇ باسقۇچتىكى ئۇرۇشلار دەھشەتلىك بولىدۇ، جايلار ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ. لېكىن پارتىزان ئۇرۇشى غەلىبە قازىنالىسا ۋە ئوبدان ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، دۈشمەننى ئۆزى بېسىۋالغان جايلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنىلا تۇتۇپ تۇرالايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش مۇمكىن، ئۇنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمى يەنىلا بىزنىڭ بولىدۇ، بۇ دۈشمەننىڭ زور مەغلۇبىيىتى، جۇڭگونىڭ زور غالىبىيىتى بولىدۇ. ئۇ چاغدا دۈشمەن بېسىۋالغان بارلىق جايلار ئۈچ خىل رايونغا بولۇنىدۇ: بىرىنچى خىلى — دۈشمەننىڭ گېنجۇيدىلىرى، ئىككىنچى خىلى — پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىلىرى، ئۈچىنچى خىلى — ھەر ئىككى تەرەپ تالىشىۋاتقان پارتىزان رايونلىرى. بۇ باسقۇچنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشى دۈشمەن كۈچى بىلەن ئۆز كۈچىمىزنىڭ ئۆسۈش - كېمىيىشتىكى ئۆزگىرىش دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا ۋە خەلقارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق، ئومۇمەن، بىز ئۇزاقراق ۋاقىت چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىپ قويۇشىمىز، بۇ مۇشەق-قەتلىك مۇساپىنى چىدام بىلەن بېسىپ ئۆتۈشىمىز لازىم. بۇ جۇڭگو ئۈچۈن ناھايىتى جاپا - مۇشەققەتلىك مەزگىل بولىدۇ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى ناھا-يىتى چوڭ ئىككى مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. دۈشمەن جۇڭگونىڭ بىرلىك-سېپىنى بۇزۇش ھەرىكىتىنى ھەدەپ ئېلىپ بارىدۇ، بارلىق دۈشمەن بېسىۋالغان جايلاردىكى ۋەتەن خائىنلىرى تەشكىلاتلىرى ئۇلىشىپ، «بىر پۈتۈن ھۆكۈمەت» دېگەن بىر نەرسىنى تەشكىل قىلىشىدۇ. بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزدا، چوڭ شەھەرلەرنىڭ قولدىن كېتىشى ۋە

ئۇرۇش قىيىنچىلىقلىرى سەۋىيىسىدىن، ئارىسالدا ئۇنسۇرلار ئۇزلىرى-
نىڭ مۇرەسسەچىلىك قاراشلىرىنى ھەدەپ تەشەببۇس قىلىشىدۇ،
ئۇمىتسىزلىك كەيپىياتى جىددى ھالدا ئۇسىدۇ. بۇ چاغدا بىزنىڭ
ۋەزىپىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ،
ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۇرۇشنى ھېچبىر تەۋرەنمەستىن قەتئى
داۋاملاشتۇرۇپ، بىرلىكسەپنى كېڭەيتىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، بارلىق
ئۇمىتسىزلىكنى ۋە مۇرەسسەچىلىك قارىشىنى تۈگىتىپ، جاپاغا
چىداپ كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، يېڭى ئۇرۇش ۋاقتى
سىياستىنى ئەمەلگە قويۇپ، بۇ مۇشەققەتلىك مۇساپىنى چىدام بىلەن
بېسىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا پۈتۈن مەملىكەتنى
بىر پۈتۈن ھوكۇمەتنى قەتئى ساقلاش، بولگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش،
ئۇرۇش قىلىش تېخنىكىسىنى پىلانلىق كۈچەيتىش، ئارمىيىنى ئۆزگەر-
تىش، پۈتۈن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييار-
لىنىشقا چاقىرىش لازىم. بۇ باسقۇچتا خەلقارا ۋەزىيەت ياپونىيىگە
تېخىمۇ پايدىسىز بولۇپ ئۆزگىرىدۇ، چېمبېرلېنگە ئوخشاشلارنىڭ
«بولۇپ بولغان ئىش»قا مەيلى دەيدىغان «شيەنشىجۇيى»لىق مۇقاملىرى
ئوتتۇرىغا چىقىشى ئېھتىمال بولىسمۇ، لېكىن ئاساسىي خەلقارا كۈچلەر
جۇڭگوغا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ياردەم بېرىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.
ياپونىيىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىياغا سالىدىغان ۋە سىبىرىيىگە
سالىدىغان تەھلىكىسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ھەتتا
يېڭى ئۇرۇش پارتلايدۇ. دۈشمەن تەرەپ جۇڭگودا پاتقاققا پېتىپ
قالغان بىرقانچە ئون شتۇەننى تارتىپ چىقىرىپ كېتەلمەيدۇ. كەڭ
پارتىزان ئۇرۇشى ۋە خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرد-
كەتلىرى ياپونىيىنىڭ بۇ چوڭ بىر تۇركۇم قوشۇننى ھالسىرىتىپ

قويىدۇ، بىر تەرەپتىن، ئۇنى كوپلەپ خورىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدىكى يۇرتىنى سېغىنىش، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش، ھەتتا ئۇرۇشقا قارشى چىقىش روھىي ھالىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، بۇ قوشۇننى روھىي جەھەتتىن يىمىرىدۇ. ياپونىيە جۇڭگودىكى بۇلاڭچىلىقىدىن بىرە مۇۋەپپەقىيەتكىمۇ مۇتلەق ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كاپىتالىنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە يەنە پارتىزان ئۇرۇشىغا بەنت بولۇپ قېلىشى ئارقىسىدا، ناھايىتى تېز ۋە نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىككىنچى باسقۇچ پۈتۈن ئۇرۇشنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچىدۇر، شۇنداقلا ئەڭ قىيىن مەزگىلمۇ بولغۇسى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇرۇلۇش تۈگۈنىدۇر. جۇڭگونىڭ مۇستەقىل دولەتكە ئايلىنىشى ياكى مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشى بىرىنچى باسقۇچتا چوڭ شەھەرلەرنىڭ قولدىن كېتىش-كەتمەسلىكىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى باسقۇچتا پۈتۈن مىللەتنىڭ تىرىشىش دەرىجىسىگە باغلىق. ئەگەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالىساق، بىرلىكسەپنى ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالىساق، جۇڭگو بۇ باسقۇچتا ئاجىزلىقنى كۈچلۈكلۈككە ئايلاندۇرىدىغان قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئۈچ پەردىلىك ئويۇنىدا بۇ ئىككىنچى پەردە بولىدۇ. پۈتۈن ئارتىستلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا ئەڭ پەيزىلىك ئاخىرقى پەردىنى ناھايىتى ئوبدان ئويناپ چىققىلى بولىدۇ.

38. ئۈچىنچى باسقۇچ قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالىدىغان قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچى بولىدۇ. قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشتا جۇڭگو، ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتا

تەييارلىغان ۋە مۇشۇ باسقۇچتا داۋاملىق ئۇسۇپ بارىدىغان كۈچىگە تايىنىدۇ. لېكىن يالغۇز ئۆزىنىڭلا كۈچى يەنىلا كىپايە قىلمايدۇ، خەلقارا كۈچلەرنىڭ ياردىمىگە ۋە دۈشمەن مەملىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقىمۇ توغرى كېلىدۇ، بولمىسا، غەلىبە قازىنالمايدۇ، شۇڭا جۇڭگونىڭ خەلقارا تەشۋىقات ھەم ۋەيجياۋ خىزمەتلىرىدىكى ۋەزىپىلىرى ئېغىرلىشىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئۇرۇش جەنلۇبىلۇك مۇداپىيە ئۇرۇشى بولىۋەرمەيدۇ، بەلكى جەنلۇبىلۇك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئايلىنىدۇ ۋە كورۇنۇشتە جەنلۇبىلۇك ھۇجۇم بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؛ ئۇرۇش جەنلۇبىلۇك ئىچكى سەپلەردە بولىۋەرمەيدۇ، بەلكى ئاستا ـ ئاستا جەنلۇبىلۇك تاشقى سەپلەرگە كوچىدۇ. بۇ ئۇرۇش تاكى يالۇجياڭ دەرياسى بويىغا يېتىپ بارغاندىلا، ئاياقلاشقان بولىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ ئۆزاقتا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولىدۇ، ئۇرۇشنى ئاداققىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش دېگەنلىك بۇ باسقۇچنىڭ ھەممە مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇ باسقۇچتا بىز قوللىنىدىغان ئاساسىي ئۇرۇش شەكلى يەنىلا يۈندۈگجەن بولىدۇ، لېكىن جېندىجەن مۇھىم ئورۇنغا كوتۈرۈلىدۇ. ئەگەر، بىرىنچى باسقۇچتا جېندىلىق مۇداپىيە شۇ ۋاقىتنىڭ شەرت ـ شارائىتى سەۋەبى بىلەن مۇھىم دەپ قارالمىغان ئىدى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۈچىنچى باسقۇچتا جېندىلىق ھۇجۇم، شەرت ـ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبى بىلەن خېلى مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى پارتىزان ئۇرۇشى يەنىلا يۈندۈگجەنگە ۋە جېندىجەنگە ياردەملىشىپ، ئۆزىنىڭ جەنلۇبىلۇك ماسلىشىش رولىنى ئويناپ، ئىككىنچى باسقۇچتىكى ئاساسىي شەكىل بولۇپ ئۆزگەرگىنىدىن پەرقلىنىدۇ.

39. دىمەك، ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېلىپ چىققان دەھشەتلىكلىكى روشەن. دۈشمەن جۇڭگونى پۈتۈنلەي يۇتۇۋالالمايدۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ بىرمۇنچە جايلىرىنى خېلى ئۇزاق بېسىپ ياتالايدۇ. جۇڭگومۇ ياپون باسقۇنچىلىرىنى تېز قوغلاپ چىقىرالمايدۇ، لېكىن يېرىمىزنىڭ كوپ قىسمى يەنىلا جۇڭگونىڭ قولىدا بولىدۇ. ئەڭ ئاخىر دۈشمەن مەغلۇپ بولىدۇ، بىز غەلىبە قازىنىمىز، لېكىن مۇشەققەتلىك بىر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك.

40. جۇڭگو خەلقى بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە دەھشەتلىك ئۇرۇش داۋامىدا ناھايىتى ئوبدان چېنىقىدۇ. ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيىلەرمۇ چېنىقىدۇ ۋە سىنىلىدۇ. بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم؛ بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ؛ بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا ۋە ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. دەل ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىك مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، غەلىبىنىڭ تۈز يولىغا چىقىمىز، بۇ — ئۇرۇشنىڭ تەبىي لوگىكىسى.

41. ئۈچ باسقۇچتا دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈچ جەھەتتە بولىدىغان ئۆزگىرىش تۆۋەندە كۆرسىتىلىدىغان يول بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ: بىرىنچى باسقۇچتا دۈشمەن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بىز تۆۋەن تۇرىمىز. بىزنىڭ بۇ تۆۋەنلىكىمىزدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن تارتىپ مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرىغىچە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى مولچەرلەش كېرەك. بىرىنچى خىلى — تۆۋەنگە

قاراپ بولىدىغان ئۆزگىرىش. جۇڭگونىڭ بالدۇرقى تۆۋەنلىكى بىرىنچى باسقۇچتىكى خوراش، يەنى يەر، ئاھالە، ئىقتىسادىي كۈچ، ھەربىي كۈچ ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ كېمىيىشى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. بىرىنچى باسقۇچنىڭ ئاخىرىدا بۇنداق كېمىيىش، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كېمىيىش خېلى زور دەرىجىگە يېتىشى ئېھتىمال. بۇ ۋاقىتتىن بەزىلەر مۇنقەرىزچىلىك قارىشى ۋە مۇرەسسەچىلىك قارىشىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. لېكىن ئىككىنچى خىل ئۆزگىرىشنى، يەنى يۇقۇرىغا قاراپ بولىدىغان ئۆزگىرىشنىمۇ كۆرۈش كېرەك. ئۇ بولسىمۇ ئۇرۇشتىكى تەجرىبىلەر، ئارمىيىنىڭ ئالغا بېسىشى، سىياسەتنىڭ ئالغا بېسىشى، خەلقنىڭ سەپەرۋەرلىككە كېلىشى، مەدەنىيەتنىڭ يېڭى يونۇلۇش بويىچە راۋاجلىنىشى، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، خەلقارا ياردەمنىڭ كۆپىيىشى ۋە باشقىلار. بىرىنچى باسقۇچتا تۆۋەنگە قاراپ ئۆزگىرىدىغان نەرسىلەر كونا سان ۋە سۈپەت بولۇپ، ئاساسەن، سان جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. يۇقۇرىغا قاراپ ئۆزگىرىدىغان نەرسىلەر يېڭى سان ۋە سۈپەت بولۇپ، ئاساسەن، سۈپەت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككىنچى خىل ئۆزگىرىش بىزنىڭ ئۇرۇشنى ئۇزاققا سوزالىشىمىزغا ۋە ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قازىنىشىمىزغا ئاساس بولىدۇ.

42. بىرىنچى باسقۇچتا دۈشمەن تەرەپتىمۇ ئىككى خىل ئۆزگىرىش بولىدۇ. بىرىنچى خىلى تۆۋەنگە قاراپ بولىدىغان ئۆزگىرىش بولۇپ، مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرنەچچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە يارىدار بولۇشى، قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلىرىنىڭ خورىشى، ئەسكەرلىرىنىڭ روھىنىڭ چۈشۈشى، مەملىكىتى ئىچىدە خەلقنىڭ نارازى بولۇشى، سودىسىنىڭ كېمىيىشى، ئون مىليارتتىن

ئوشۇق ياپون يەنىنىڭ چىقىم قىلىنىشى، خەلقارا جامائەتچىلىكىنىڭ ئەيىپلىشى ۋە باشقىلار. بۇلارمۇ بىزنىڭ ئۇرۇشنى ئۇزاققا سوزالىشىمىزغا ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىزگە ئاساس بولىدۇ. لېكىن دۈشمەندە بولىدىغان ئىككىنچى خىل ئۆزگىرىشنى، يەنى يۇقۇرىغا قاراپ بولىدىغان ئۆزگىرىشنىمۇ مولچەرلەش كېرەك. ئۇ بولىسىمۇ تېررىتورىيە، ئاھالە ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى كوپەيتىۋېلىشى. بۇ نۆۋەتتە يەنە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمىزنىڭ تېز غەلىبە قىلىدىغان ئۇرۇش بولماي، بەلكى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىغا ئاساس كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ نۆۋەتتىنىمۇ بەزىلەر مۇنىقەرىزچىلىك قارشى ۋە مۇرەسسەچىلىك قارىشىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. لېكىن بىز دۈشمەندە بۇنداق يۇقۇرىغا قاراپ بولىدىغان ئۆزگىرىشنىڭ ۋاقىتلىقلىقى ۋە قىسمەنلىكلىكىنى مولچەرلىشىمىز كېرەك. دۈشمەن — پات ئارىدا يىمىرىلىدىغان جاھانگىر، ئۇنىڭ جۇڭگو يەرلىرىنى بېسىۋېلىشى ۋاقىتلىق. جۇڭگو پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ شىددەتلىك راۋاجلىنىشى دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلارنى ئەمەلىيەتتە تار دائىرە بىلەن چەكلەپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمىنىمىز ياپونىيىنىڭ جۇڭگو يەرلىرىنى بېسىۋېلىشى ئۇنىڭ بىلەن باشقا دولەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغدۇردى ۋە ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن قالسا، دۇڭبېي ئۈچ ئولكىنىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا، ياپونىيە خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە، ئومۇمەن، كاپىتال چىقىم قىلىش مەزگىلىدىلا تۇرىدۇ، ئۇنۇم ئېلىش مەزگىلىدە بولالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مۇنقەرىزچىلىك قارشىنى ۋە مۇرەسسەچىلىك قارشىنى بىت - چىت قىلىپ، ئۇرۇشنى ئۇزاققا سوزۇش قارشىنى ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا

كەلتۈرۈش قارىشىنى تىكلىشىمىزگىمۇ ئاساس بولىدۇ.

43. ئىككىنچى باسقۇچتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۆزگىرىشلىرى داۋاملىق راۋاجلىنىدۇ، كونكرېت ئەھۋال ئۈستىدە ئالدىن ھوكۇم قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن، ئومۇمەن، ياپونىيە داۋاملىق تۆۋەنلەپ بارىدۇ، جۇڭگو داۋاملىق يۇقۇرى ئۆرلەپ بارىدۇ⑩. مەسىلەن، ياپونىيىنىڭ ھەربى كۈچى ۋە مالىيە كۈچى جۇڭگونىڭ پارتىزان ئۇرۇشلىرىدا كوپلەپ خورايدۇ، مەملىكەتتى ئىچىدە خەلق تېخىمۇ نارازى بولىدۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ روھى تېخىمۇ چۈشىدۇ، خەلقارادا ئۇ تېخىمۇ يېتىملىك ھېس قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپتە بولسا، سىياسى، ھەربى، مەدەنى ئىشلار ۋە خەلقنىڭ سەپەرۋەرلىككە كېلىشى تېخىمۇ ئالغا باسىدۇ، پارتىزان ئۇرۇشى تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۇششاق سانائەتكە ۋە كەڭ يېزا ئىگىلىگىگە تايىنىش ئارقىسىدا مەلۇم دەرىجىدە يېڭى تەرەققىياتلار بولىدۇ، خەلقارا ياردەم بارا-بارا كوپىيىدۇ، ئەھۋال ھازىرقىغا قارىغاندا زور دەرىجىدە باشقىچە تۈس ئالىدۇ. بۇ ئىككىنچى باسقۇچ خېلى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىت ئىچىدە دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا بىر-بىرىنىڭ ئەكسىچە بولغان ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ، جۇڭگو پەيدىن-پەي يۇقۇرىغا ئۆرلەيدۇ، ياپونىيە بولسا، پەيدىن-پەي تۆۋەنلەيدۇ. ئۇ چاغدا جۇڭگو تۆۋەنلىكتىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ، ياپونىيە بولسا، ئۈستۈنلۈكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئاۋال تەڭپۇڭلۇق ئورۇنغا، ئاندىن ئۈستۈن-تۆۋەنلىكتە بىر-بىرىنىڭ ئەكسى بولغان ئورۇنغا يېتىپ بېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو، ئومۇمەن، جەڭلۈپلۈك قايتۇرما

ھۇجۇم تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە دۈش-
مەننى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىش باسقۇچىغا يېتىپ بارىدۇ.
تەكرار كورسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى: توۋەنلىكنى ئۈستۈنلۈككە ئايلان-
دۇرۇش ۋە قايتۇرما ھۇجۇم تەييارلىقنى پۈتكۈزۈش دىگىنىمىز
جۇڭگونىڭ ئۆز كۈچلىرىنىڭ ئېشىشى، ياپونىيىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ
ئېشىشى ۋە بىزگە بولىدىغان خەلقارا ياردەمنىڭ ئېشىشىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ كۈچلەرنى جەملىگەندە، جۇڭگونىڭ ئۈستۈنلۈكىنى
شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ، قايتۇرما ھۇجۇم تەييارلىقنى پۈتكۈزگىلى
بولىدۇ.

44. جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ تەكشىسىزلىك
ھالىتىگە ئاساسەن، ئۈچىنچى باسقۇچتىكى جەنلۈبلۈك قايتۇرما ھۇجۇم
ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەملىكەت بويىچە تەپ-تەكشى
ھالەتتە بولماي، بەلكى رايون دائىرىلىك بولغان ۋە بىرۋاراقى
باشلىنىدىغان ھالەتتە بولىدۇ. دۈشمەننىڭ تۈرلۈك بولۇۋېتىش
ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ بىرلىكسېپىنى بۇزۇش قەستى بۇ
باسقۇچتىمۇ ئاجىزلاشمايدۇ، شۇڭا، جۇڭگونىڭ ئىچكى جەھەتتىن
ئىتتىپاقلىشىش ۋەزىپىسى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالىدۇ، ئىچكى
كېلىشەلمەسلىكلەر سەۋەبىدىن جەنلۈبلۈك قايتۇرما ھۇجۇمنى يېرىم
يولدا توختىتىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ مەزگىلدە خەلقارا
ۋەزىيەت جۇڭگو ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.
جۇڭگونىڭ ۋەزىپىسى بۇنداق خەلقارا ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ،
ئۆزىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مۇستەقىل
دېموكراتىك دولەت قۇرۇشتىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيادىكى
فاشىزىمغا قارشى ھەرىكەتلەرگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

45. جۇڭگو نىڭ تۇۋەنلىكتىن تەكشۈكلۈققا، ئاندىن ئۈستۈنلۈككە يېتىشى، ياپونىيىنىڭ ئۈستۈنلۈكتىن تەكشۈكلۈققا، ئاندىن تۆۋەنلىككە چۈشۈشى، جۇڭگو نىڭ مۇداپىئەدىن ئىركىشىشكە، ئاندىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشى، ياپونىيىنىڭ ھۇجۇمدىن تۇتۇپ تۇرۇشقا، ئاندىن چېكىنىشكە چۈشۈشى — مانا بۇلار جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ جەريانى، جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى.

46. شۇنداق قىلىپ، مەسىلە ۋە خۇلاسە مۇنداق: جۇڭگو مۇنقەرىز بولامدۇ؟ جاۋاپ: مۇنقەرىز بولمايدۇ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگو نىڭ بولىدۇ. جۇڭگو تېز غەلىبە قازىنالامدۇ؟ جاۋاپ: تېز غەلىبە قازىنالمايدۇ، ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولۇشى كېرەك. بۇ خۇلاسە توغرىمۇ؟ مېنىڭچە، توغرى.

47. سوز بۇ يەرگە كەلگەندە، مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەر ۋە مۇرەسسەچىلىك قارىشىدىكىلەر يەنە شاپاشلاپ چىقىپ: جۇڭگو تۆۋەنلىكتىن تەكشۈكلۈققا ئۆتۈش ئۈچۈن ياپونىيىنىڭكىگە تەڭ كېلىدىغان ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك؛ تەكشۈكلۈقتىن ئۈستۈنلۈككە ئۆتۈش ئۈچۈن ياپونىيىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك؛ لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان خۇلاسە توغرى ئەمەس، دېيىشى مۇمكىن.

48. بۇ — «قۇرال ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان قاراش[11]، ئۇرۇش مەسىلىسىدىكى جىشىيلۇن، مەسىلىگە جۇگۇەن ۋە بىرتەرەپلىمە قارايدىغان پىكىر. بىزنىڭ پىكرىمىز بۇنىڭ ئەكسىچە، بىز قۇرالنىلا ئەمەس، بەلكى ئادەمنىمۇ كوزدە تۇتىمىز. قۇرال ئۇرۇشتا مۇھىم ئامىل، لېكىن ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس، ھەل قىلغۇچ

ئامىل نەرسە ئەمەس، ئادەم. كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى پەقەت ھەربى كۈچ ۋە ئىقتىسادىي كۈچنىڭ سېلىشتۇرمىسىلا ئەمەس، بەلكى ئادەم كۈچى ۋە كىشىلەر رايىنىڭمۇ سېلىشتۇرمىسى. ھەربى كۈچ ۋە ئىقتىسادىي كۈچنى ئادەم ئىگەللەيدۇ. ئەگەر جۇڭگولۇقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى، ياپونلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەرەپتە تۇرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ياپونىيىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەر زورلۇق بىلەن ئىگەللەپ تۇرغان ھەربى كۈچ ۋە ئىقتىسادىي كۈچنى ئۈستۈنلۈك دەپ ھېساپلىغىلى بولامدۇ؟ بۇنى ئۈستۈنلۈك دەپ ھېساپلىغىلى بولمىسا، ئۇ ھالدا، بىرقەدەر تۆۋەنرەك ھەربى كۈچ ۋە ئىقتىسادىي كۈچنى ئىگەللەپ تۇرغان جۇڭگو ئۈستۈن بولۇپ قالمامدۇ؟ شەك - شۈبھە يوقكى، جۇڭگو ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە بىرلىكسەپنى قەتئى داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ھەربى كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى پەيدىن - پەي ئۆسەلەيدۇ. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز تەرەپتە بولسا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشنىڭ ۋە ئىچكى - تاشقى زىددىيەتلەرنىڭ ئاجىزلىتىشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ ھەربى كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يەنە ئەكسىچە ئۆزگىرىش ياسىشى مۇقەررەر. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ جۇڭگونىڭ ئۈستۈن بولۇشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ھازىرغۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربى كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنى كەڭ تۈردە ۋە ئاشكارا ھالدا ئۆز تەرىپىمىزدىكى كۈچ دەپ ھېساپلىيالمايمىز، كەلگۈسىدىمۇ ھېساپلىيالمايمىزمۇ؟ ئەگەر ياپونىيىنىڭ دۈشمىنى جۇڭگولا بولمىسا، ئەگەر كەلگۈسىدە بىر دۆلەت ياكى بىرنەچچە دۆلەت ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ ھەربى كۈچى

ۋە ئىقتىسادىي كۈچى بىلەن ئاشكارا ھالدا ياپونىيىدىن مۇداپىئەلەنسە ياكى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلسا، بىزگە ئاشكارا ياردەم بەرسە، ئۇ ھالدا، ئۈستۈنلۈك تېخىمۇ بىز تەرەپتە بولمامدۇ؟ ياپونىيە — كىچىك مەملىكەت، ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش — ئەكسىيەتچىل ھەم ۋەھشىيانە ئۇرۇش، ئۇ خەلقارادا بارغانسېرى يېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ؛ جۇڭگو — چوڭ مەملىكەت، ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش — ئىلغار ۋە ئادالەتلىك ئۇرۇش، ئۇ خەلقارادا بارغانسېرى كۆپ ياردەمگە ئېگە ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق مۇددەت راۋاجلىنىش ئارقىلىق دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئۈستۈنلۈك-تۆۋەنلىك ۋەزىيىتىدە جەزمەن ئۆزگىرىش پەيدا قىلمامدۇ؟

49. تېز غەلىبە قازىنىش قارشىدىكىلەر بولسا، ئۇرۇشنىڭ كۈچلەر مۇسابىقىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر بولماي تۇرۇپ، جەڭلۈبلۈك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنى قىلىشنىڭ ۋە ئازاتلىق يولىغا بالدۇرراق چىقماقچى بولۇشنىڭمۇ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسا، جەزمەن تامغا ئۇسۇۋالماي قالمايدۇ ياكى ئۇلار پەقەت قۇرۇق گەپ سېتىپ، ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىپ يۈرىدۇ، ھەقىقى ئىشلەشكە كىرىشمەيدۇ. ئاخىر ئاكىت ئەپەندى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ سەپسەتىۋازلارنىڭ ئۈستىگە بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشنىڭ ئاسىنى ئىزلەيدىغان، ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپ ئۈنۈم ئېلىشقا ئىشلىدىغان سەپسەتىچىلەر ئىكەنلىكىنىلا ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق ئۇ پەسەتچىلىك ئوتمۇشتە بولغان ئىدى، ھازىرمۇ بار، لېكىن تېخى سېتىپ ئەمەس، ئۇرۇش راۋاجلىنىپ تىركىشىش باسقۇچىغا ۋە قايتۇرما

ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتكەندە، كوپىيىشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر بىرىنچى باسقۇچتا جۇڭگونىڭ چېقىمى كوپرەك بولۇپ كەتسە، ئىككىنچى باسقۇچنىڭ ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان بولسا، مۇنقەرىزچىلىك قارىشى ۋە مۇرەسسەچىلىك قارىشى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوت كۈچىمىزنى ئاساسەن مۇنقەرىزچىلىك قارىشى ۋە مۇرەسسەچىلىك قارىشى تەرەپكە قارىتىشىمىز كېرەك، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئوت كۈچىمىز بىلەن بولسا، سەپسەتىچىلىكتىن ئىبارەت بولغان تېز غەلىبە قازىنىش قارىشىغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

50. ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ئېنىق، لېكىن ئۇرۇشنىڭ زادى نەچچە يىل بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئالدىن ھوكۇم قىلالمايدۇ، بۇنىڭدا پۈتۈنلەي دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈچلەرنىڭ ئوزگىرىش دەرىجىسىگە قاراش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، بەلگىلىگىلى بولىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى قىسقارتماقچى بولۇۋاتقان ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن پەقەت ئوز كۈچىنى كوپەيتىپ، دۈشمەن كۈچىنى ئازايتىشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت بىرلا يول بار. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇرۇشتا كوپرەك غەلىبە قازىنىپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنى خورىتىشقا تىرىشىش، پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۈشمەن بېسىۋالغان جايلارنى ئەڭ تار دائىرە بىلەن چەكلەپ قويۇشقا تىرىشىش، بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا تىرىشىش، يېڭى ئارمىيە قۇرۇش ۋە يېڭى ھەربىي سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىش، سىياسىي، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىش، ئىشچىلار، دېخانلار، سودا-سانائەتچىلەر ۋە

زىيالىيلاردىن ئىبارەت ھەر ساھە خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىشقا تىرى-
شىش، دۇشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاش ۋە دۇشمەن ئارمىيىسىدىكى
ئەسكەرلەرنى قولىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش، خەلقارادا تەشۋىقات
ئېلىپ بېرىپ، خەلقارا ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش،
ياپونىيە خەلقىنىڭ ۋە باشقا ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ياردەملىرىنى
قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش يولىلا بار. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى
ئورۇنلىغاندىلا، ئۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى قىسقارتقىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن
باشقا ھەرقانداق ئۇستاتلىق ئىشلىتىش يولىنىڭ بولۇشى مۇمكىن
ئەمەس.

## گىرەلەشكەن ئۇرۇش

51. كېيىن ئېيتالايمىزكى، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولغان
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئىنسانىيەتنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا
شانلىق، ئالاھىدە بىر سەھىپە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. گىرەلەشكەن
ئۇرۇش شەكتەيى ئۇنىڭ خېلى ئالاھىدە بىر نۇقتىسى بولۇپ،
بۇ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ۋەھشىلىكى ۋە ئەسكىرىي كۈچىنىڭ
يېتىشمەسلىكى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىلغارلىقى ۋە يېرىنىڭ كەڭلىكىدىن
ئىبارەت زىت ئامىللار تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان. گىرەلەشكەن
ئۇرۇشلار تارىختىمۇ بولغان، روسىيىنىڭ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن
كېيىنكى 3 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشدا ئەنە شۇنداق ئەھۋال كورۇل-
گەن ئىدى. لېكىن بۇنداق گىرەلەشكەن ئۇرۇشنىڭ جۇڭگودىكى
خۇسۇسىيتى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە كەڭ كولەم-
لىكلىكىدىن ئىبارەت، بۇ تارىختىكى جىلۇنى بۇزۇپ تاشلايدىغان

نەرسە بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق گىرەلىشىش شەكلىنى تۈۋەندىكى بىرقانچە ئەھۋاللاردا ئىپادىلىنىدۇ.

52. ئىچكى سەپ ۋە تاشقى سەپ — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇمۇمى جەھەتتە ئىچكى سەپ ئۇرۇشى ئورنىدا تۇرىدۇ؛ لېكىن ئاساسىي ئارمىيە بىلەن پارتىزان دۈيلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداقكى، ئاساسىي ئارمىيە ئىچكى سەپتە، پارتىزان دۈيلىرى تاشقى سەپتە بولۇپ، دۈشمەننى ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىدىغان ئاجايىپ مەنزىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. پارتىزان رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىمۇ شۇنداق. ھەر بىر پارتىزان رايونى ئۆزىنى ئىچكى سەپ، باشقا رايونلارنى بولسا، تاشقى سەپ قىلىپ، يەنە دۈشمەننى ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىدىغان نۇرغۇن ئوت ئېچىش سەپلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا جەڭلۈك جەھەتتىن ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇنتىزىم ئارمىيە چېكىنىدۇ، لېكىن جەڭلۈك جەھەتتىن تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان پارتىزان دۈيلىرى بولسا، كەڭ تۈردە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە قاراپ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ، ئىككىنچى باسقۇچتا تېخىمۇ شىددەتلىك ئىلگىرىلەپ، چېكىنىش بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ ئاجايىپ شەكلىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

53. ئارقا سەپلىك بولۇش ۋە ئارقا سەپسىز بولۇش — مەملىكەتنىڭ ئۇمۇمى ئارقا سېپىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇش سەپلىرىنى دۈشمەن بېسىۋالغان جايلارنىڭ ئاخىرقى چېگرىسىغىچە سوزۇپ بارىدىغىنى ئاساسىي ئارمىيە بولىدۇ. ئۇمۇمى ئارقا سەپتىن ئايرىلىپ، ئۇرۇش سەپلىرىنى دۈشمەن ئارقا سېپىگىچە سوزۇپ بارىدىغىنى پارتىزان دۈيلىرى بولىدۇ. لېكىن ھەر بىر پارتىزان رايونىدا يەنىلا

ئوزىنىڭ كىچىك كولەملىك ئارقا سېپى بولىدۇ ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ تۇراقسىز ئۇرۇش سەپلىرىنى قۇرىدۇ. بۇلاردىن پەرقلىنىدىغىنى ھەر بىر پارتىزان رايونى شۇ رايوندىكى دۇشمەن ئارقا سېپىدە ۋاقىتلىق ھەرىكەت قىلىش ئۇچۇن ئېۋەتكەن پارتىزان دۇيلىرى بولىدۇ، ئۇلاردا ئارقا سەپ بولمايلا قالماستىن، ئۇرۇش سەپلىرىمۇ بولمايدۇ. «ئارقا سەپسىز ئۇرۇش قىلىش» يېڭى دەۋردە تېرىتورىيىسى كەڭ، خەلقى ئالغا باسقان ھەم ئىلغار پارتىيىسى ۋە ئىلغار ئارمىيىسى بولغان ئەھۋالدىكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ، قورقۇنچلۇق ئەمەس، بەلكى كوپ پايدىلىق، ئۇنىڭدىن گۇمانلانماسلىق، بەلكى ئۇنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

54. مۇھاسىرە ۋە قايتۇرما مۇھاسىرە ــــ پۈتۈن ئۇرۇشتىن قارىغاندا، دۇشمەن جەنلۇبلۇك ھۇجۇم ۋە تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقتىن، بىز جەنلۇبلۇك مۇداپىە ۋە ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىش ئورنىدا تۇرۇۋاتقانلىغىمىزدىن، شۈبھىسىزكى، بىز دۇشمەنىنىڭ جەنلۇبلۇك مۇھاسىرىسىدە تۇرىمىز. بۇ ــ دۇشمەنىنىڭ بىزگە نىسبەتەن بىرىنچى خىل مۇھاسىرىسى. بىز سان جەھەتتىن ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىمىزدىن پايدىلىنىپ، جەنلۇۋىي جەھەتتىكى تاشقى سەپتىن بىرقانچە يونۇلۇشكە بولۇنۇپ بىزگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان دۇشمەنگە قارىتا جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك تاشقى سەپ ئۇرۇشى قاگىجىنىنى قوللانغانلىغىمىز ئۇچۇن، ھەرقايسى يونۇلۇش بويىچە ئىلگىرىلەۋاتقان دۇشمەنىنىڭ بىر يونۇلۇشنى ياكى بىرنەچچە يونۇلۇشنى مۇھاسىرىمىزگە چۈشۈرۈشىمىز مۇمكىن. بۇ ــ بىزنىڭ دۇشمەنگە نىسبەتەن بىرىنچى خىل قايتۇرما مۇھاسىرىمىز. يەنە دۇشمەنىنىڭ ئارقا سېپىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىلىرىدىن قارىغاندا، ھەر بىر

يەككە گېنجۇيدى توت تەرەپتىن ياكى ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدە قالىدۇ، ئالدىنقىسىغا ۋۇتەيشەن رايونى، كېيىنكىسىگە سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونى مىسال بولىدۇ. بۇ ــ دۈشمەننىڭ بىزگە نىسبەتەن ئىككىنچى خىل مۇھاسىرىسى. لېكىن ھەرقايسى پارتىزان گېنجۇيدىلىرىنى چېتىشتۇرۇپ قارىساق ۋە ھەرقايسى پارتىزان گېنجۇيدىلىرىنى مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ جىڭدىلىرى بىلەنمۇ چېتىشتۇرۇپ قارىساق، بىز يەنە نۇرغۇن دۈشمەننى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان بولىمىز، مەسىلەن، سەنشى ئۆلكىسىدە داتۇڭ-پۇجۇ تومۇر يولىنى ئۈچ تەرەپتىن (يولنىڭ شەرق ھەم غەرب تەرىپىدىن ۋە جەنۇبىي بېشىدىن) مۇھاسىرىگە ئالغىنىمىزغا، تەييۈەن شەھىرىنى توت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالغىنىمىزغا ئوخشاش؛ خېبېي ۋە شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىمۇ مۇشۇنداق مۇھاسىرىگە ئېلىشلار كوپ بولىدى. بۇ يەنە بىزنىڭ دۈشمەنگە نىسبەتەن ئىككىنچى خىل قايتۇرما مۇھاسىرىمىز. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن بىلەن بىزدىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئىككى خىل مۇھاسىرىسى ۋېيچى قاتىرى ئويناۋاتقانغا ئۇمۇمەن ئوخشاپ كېتىدۇ، دۈشمەن بىزگە نىسبەتەن، بىز دۈشمەنگە نىسبەتەن ئېلىپ بېرىۋاتقان جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك ئۇرۇشلار ئۇرۇق يېيىشكە ئوخشايدۇ، دۈشمەننىڭ جۇيدىيەنلىرى (مەسىلەن، تەييۈەن) بىلەن بىزنىڭ پارتىزان گېنجۇيدىلىرىمىز (مەسىلەن، ۋۇتەيشەن) بولسا، ۋېيچى كاتەكچىلىرىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر دۇنيا مىقياسىدىكى ۋېيچىنىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە دەپ ھېسابلىساق، ئۇ ھالدا، دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر-بىرىمىزگە نىسبەتەن ئۈچىنچى خىل مۇھاسىرىمۇ بولغان بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تاجاۋۇزچىلىق سېپى بىلەن تېنچلىق سېپى ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەت. دۈشمەن ئالدىنقىسى ئارقىلىق جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، فرانسىيە، چېخوسلوۋاكىيە ۋە باشقا دولەتلەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، بىز كېيىنكىسى ئارقىلىق گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ئىتالىيىنى قايتۇرما مۇھاسىرىگە ئالىمىز. لېكىن بىزنىڭ مۇھاسىرىمىز رۇلەيفونىڭ ئالقىنىغا ئوخشايدۇ، ئۇ، ئالەم ئۈستىدە بىر-بىرىسىگە تۇتاش توغرىسىغا سوزۇلۇپ كەتكەن بەش قاتار تاققا ئايلىنىپ، بۇ بىرنەچچە يېڭىچە سۇن ۋۇكۇڭلارنى — فاشىست تاجاۋۇزچىلارنى ئاخىرى ئومۇرۋايەت قەد كوتۇرەلمەيدىغان قىلىپ، تاغ ئاستىغا باستۇرۇپ قويىدۇ[12]. ئەگەر بىز ۋەيجياۋ جەھەتتىن تىنچ ئوكيان بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپ قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ بىر جەنلۇبلۇك بىرلىك، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە مۇمكىن بولغان باشقا دولەتلەرنىڭمۇ ھەرقايسىسىنىڭ بىردىن جەنلۇبلۇك بىرلىك، ياپونىيىدىكى خەلق ھەرىكەتلىرىنىڭمۇ بىر جەنلۇبلۇك بىرلىك بولۇپ، فاشىست سۇن ۋۇكۇڭلار قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر قاتمۇ-قات چوڭ تور بولۇپ شەكىللەنىشكە مۇۋەپپەق بولالىساق ئىدى، ئۇ دۈشمەننىڭ ھالاك بولۇش ۋاقتى بولغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ياپون جاھانگىرلىكى پۈتۈنلەي يوقىتىلغان كۈن چوقۇم بۇ قاتمۇ-قات چوڭ تورنىڭ ئومۇمەن قۇرۇلۇپ بولغان ۋاقتى بولىدۇ. بۇ زادىلا چاخچاق ئەمەس، بەلكى ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى.

55. چوڭ بولەكلەر ۋە كىچىك بولەكلەر — بىر خىل ئىمكانىيەت شۇكى، دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلار جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تەگدىن تولىسىنى تەشكىل قىلىپ كېتىدۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ساق قالغان رايونلىرى بولسا، تەگدىن ئازراق قىسمىنىلا تەشكىل قىلىپ قالىدۇ. بۇ — بىر خىل ئەھۋال. لېكىن دۈشمەن

بېسىۋالغان ئەنە شۇ تەگدىن تولا جايلاردىن، دۈشمەن ئۈچ ئۆلكە قاتارلىق جايلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئەمەلدە چوڭ شەھەرلەر، مۇھىم قاتناش يوللىرى ۋە بەزى تۈزلەڭلىكلەرلا بېسىۋېلىنغان بولىدۇ، بۇلار، مۇھىملىقىدىن ئېيتقاندا، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، يەر مەيدانى ۋە ئاھالىسىدىن ئېيتقاندا، دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلارنىڭ تەگدىن ئازراغىلا بولۇشى مۇمكىن، ئومۇمىيۈزلۈك يېيىلغان پارتىزان رايونلىرى بولسا، ئەكسىچە، ئۇنىڭ تەگدىن تولىسىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. بۇ — يەنە بىر خىل ئەھۋال. ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى دائىرىسىگە موڭغۇل، شىنجياڭ، چىڭخەي ۋە شىزاڭلارنى قوشۇپ ھېساپلىساق، جۇڭگونىڭ قولدىن كەتمىگەن جايلىرى يەر مەيدانى جەھەتتىن ئاۋالقىدەكلا تەگدىن تولىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلار بولسا، دۆڭبېي ئۈچ ئۆلكىنى قوشقاندىمۇ، پەقەت تەگدىن ئازراغىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. بۇ — يەنە بىر خىل ئەھۋال. ساق قالغان رايونلار ئەلۋەتتە مۇھىم، بۇ جايلارنى زور كۈچ بىلەن باشقۇرۇش لازىم، سىياسى، ھەربى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ باشقۇرۇش زۆرۈر. دۈشمەن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىمىزنى مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان رايونلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى، بىز بولسا مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان رايونلارنى مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىكى كەڭ پارتىزان رايونلىرىنى باشقۇرۇشمۇ ئىنتايىن زۆرۈر، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، جۇڭگودا چوڭ بولەك بولغان يېزىلار ئىلغار ۋە پارلاق رايونلارغا ئايلىنىدۇ،

كىچىك بولەك بولغان دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلار، بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەر ۋاقتىنچە قالاق ۋە زۇلمەتلىك رايونلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

56. دېمەك، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە كەڭ كولەملىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش — ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىي جەھەتلەردە گىرەلەشكەن ئۇرۇش، بۇ ئۇرۇش — ئۇرۇش تارىخىدىكى ئاجايىپ مەنزىرە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇق ھەرىكىتى، جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۇلۇق ئىش. بۇ ئۇرۇش جۇڭگو ۋە ياپونىيىگە تەسىر كورسىتىپ، بۇ ئىككى مەملىكەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ناھايىتى زور تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنياغىمۇ تەسىر كورسىتىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ، ئالدى بىلەن، ھىندىستانغا ئوخشاش ئېزىلگەن ئەللەرنىڭ ئالغا بېسىشىغىمۇ تۈرتكە بولىدۇ. پۈتۈن جۇڭگولۇقلار بۇ گىرەلەشكەن ئۇرۇشقا ئاڭلىق رەۋىشتە قاتنىشىشى لازىم، مانا بۇ — جۇڭخۇا مىللىتى ئوز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشنىڭ شەكلىيى، يېرىم مۇستەملىكە چوڭ مەملىكەتنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 30 ۋە 40 - يىللىرىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئالاھىدە شەكلىيى.

## مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش

57. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى جۇڭگونىڭ ۋە دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇرۇش مەڭگۈلۈك تىنچلىققا يېقىنلاشقان بۈگۈنكىدەك بىرەر تارىخىي دەۋر بولغان

ئەمەس. سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئارقىسىدا، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئىنسانىيەت هاياتى ئۇرۇشلار بىلەن تولغان، هەر بىر مىللەت يا مىللى گۇرۇهلارنىڭ ئۆز ئىچىدە، يا مىللى گۇرۇهلار ئارىسىدا هېساپسىز نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلغان. ئۇرۇش كاپىتالىستىك جەمىيەتنىڭ جاهانگىرلىك باسقۇچىغا كەلگەندە، تولىمۇ كەڭ ۋە تولىمۇ دەهشەتلىك بولىدىغان بولدى. 20 يىلدىن بۇرۇنقى بىرىنچى جاهانگىرلىك ئۇرۇشى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇرۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېخى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش ئەمەس ئىدى. پەقەت هازىر باشلانغان ئۇرۇشلا ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشقا، يەنى ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك تىنچلىقىغا يېقىنلىشىۋاتىدۇ. هازىر دۇنيادا ئاهالىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇرۇشقا كىردى، قاراڭلار، ئىتالىيە — بىر، ياپونىيە — يەنە بىر، هەبەشىستان — بىر، ئىسپانىيە — يەنە بىر، ئاندىن جۇڭگو — يەنە بىر. ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان بۇ مەملىكەتلەردە جەمئى 600 مىليونچە كىشى بار، بۇلار پۈتۈن دۇنيا ئاهالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى دىگەندەك تەشكىل قىلىدۇ. هازىرقى ئۇرۇشنىڭ خۇسۇسىيىتى — ئۈزلۈكسىزلىك ۋە مەڭگۈلۈك تىنچلىققا يېقىنلىشىش خاراكتېرىنى ئالغانلىقى. نىمە ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز بولىدۇ؟ ئىتالىيە هەبەشىستان بىلەن ئۇرۇش قىلغاندىن كىيىن، ئارقىسىدىنلا ئىسپانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلدى، گېرمانىيىمۇ پاي قوشتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ياپونىيە جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئەمدى كىم كىم بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ؟ شەك-شۈبهىسىزكى، ئەمدى گىتلېر چوڭ دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. «فاشىزىم — ئۇرۇش دىمەكتۇر»[13]، بۇ سۆز قىلچىمۇ خاتا ئەمەس. هازىرقى ئۇرۇش راۋاجلىنىپ دۇنيا ئۇرۇشىغا ئايلىنىدۇ، بۇ ئارىلىقتا ئۇرۇش ئۈزۈلۈپ

قالمايدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچرىشى مۇقەررەر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نىمە ئۇچۇن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مەڭگۈلۈك تېچلىققا يېقىنلىشىدۇ، دەيمىز؟ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن باشلانغان دۇنيا كاپىتالىزىمى ئومۇمى ۋەيرانچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا پەيدا بولدى، بۇ ئومۇمى ۋەيرانچى ھەرقايسى كاپىتالىستىك دولەتلەرنى يېڭى ئۇرۇشقا كىرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ئالدى بىلەن ھەرقايسى فاشىست دولەتلەرنى يېڭى ئۇرۇش تەۋەككۈلچىلىگى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بىز بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى ئالدىن كورەلەيمىزكى، كاپىتالىزىم نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى يىمىرىلىشكە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرىكى ئۇرۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك بولىدۇ. ھەممە مىللەت مۇقەررەر ھالدا بۇ ئۇرۇشقا تارتىلىدۇ، ئۇرۇش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلىدۇ، ئىنسانىيەت ناھايىتى زور ئازاپ-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرايدۇ. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئوسۇشى ئارقىسىدا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش داۋامىدا، شۈبھىسىزكى، ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلار مەيدانغا كېلىدۇ، بۇلار بارلىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلارغا قارشى تۇرىدۇ ۋە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى مەڭگۈلۈك تېچلىق ئۇچۇن جەڭ قىلىدىغان خاراكتېرغا ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئۇرۇش مەزگىلى بولۇپ قالىدىغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك تېچلىقى يىراق ئەمەس. ئىنسانىيەت كاپىتالىزىمنى يوقىتىش بىلەنلا مەڭگۈلۈك تېچلىق دەۋرىگە يېتىپ بارىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇرۇش ھەرگىزمۇ كېرەك قىلمايدۇ. ئۇ چاغدا ئارمىيە كېرەك بولمايدۇ، ھەربى كېمىلەرمۇ

كېرەك بولمايدۇ، ھەربى ئايروپلانلار كېرەك بولمايدۇ، زەھەرلك گازلارمۇ كېرەك بولمايدۇ. شۇنگدن كيين ئنسانيەت مەڭگۈ ئۇرۇش كورمەيدۇ. باشلنپ كەتكەن ئنقلاۋي ئۇرۇشلار — مەڭگۈلۇك تېچلق ئۈچۈن جەڭ قلدىغان مۇشۇ ئۇرۇشنڭ بر قسمى. 500 مليوندن ئوشۇق ئاھالگە ئگە جۇڭگو، ياپونيە — ئككى دولەت ئوتتۇرسدكى ئۇرۇش بۇ ئۇرۇشتا مۇھم ئورۇن تۇتدۇ، جۇڭخۇا مللتنڭ ئازاتلغى مۇشۇ ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلدۇ. كەلگۈسدكى ئازات يېڭى جۇڭگونى كەلگۈسدكى ئازات يېڭى دۇنيادن ئايرپ قارىغلى بولمايدۇ. شۇنڭ ئۈچۈن، بزنڭ ياپون باسقۇنچلرغا قارشى ئۇرۇشمز مەڭگۈلۇك تېچلقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەڭ قلش خاراكتېرغا ئگە.

58. تارختا بولۇپ ئوتكەن ئۇرۇشلار ئككى خلغا بولۇندۇ، بر خلى — ئادالەتلك ئۇرۇش، بر خلى — ئادالەتسز ئۇرۇش. بارلق ئلغار ئۇرۇشلارنڭ ھەممسى ئادالەتلك، ئلغارلققا توسقۇنلۇق قلدىغان بارلق ئۇرۇشلارنڭ ھەممسى ئادالەتسز ئۇرۇش. بز كوممۇنستلار ئلغارلققا توسقۇنلۇق قلدىغان بارلق ئادالەتسز ئۇرۇشلارغا قارشى تۇرمز، ئلغار، ئادالەتلك ئۇرۇشلارغا بولسا، قارشى تۇرمايمز. بز كوممۇنستلار بۇ كيينكى ئۇرۇشلارغا قارشى تۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئاكتىپ قاتنشمز. ئالدنقى ئۇرۇشلارغا قەتئى قارشى تۇرمز، مەسلەن، برنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا، ھەر ئككى تەرەپ جاھانگرلك مەنپەئەتلرى ئۈچۈن ئۇرۇش قلغانلقتن، پۈتۈن دۇنيادكى كوممۇنستلار قەتئى قارشى تۇرغان ئدى. قارشى تۇرۇشنڭ ئۇسۇلى ئۇرۇش پارتلاشتن بۇرۇن بارلق كۈچ بلەن ئۇنڭ پارتلشنى توسۇش؛

پارتلىغاندىن كېيىن، ئىمكانىيەتلا بولسا، ئۇرۇشقا ئۇرۇش بىلەن قارشى تۇرۇش، ئادالەتسىز ئۇرۇشقا ئادالەتلىك ئۇرۇش بىلەن قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ياپونىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش — ئىلغارلىققا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئادالەتسىز ئۇرۇش، پۈتۈن دۇنيا خەلقى، جۈملىدىن ياپونىيە خەلقى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشى كېرەك ۋە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ جۇڭگوغا كەلسەك، خەلقتىن تارتىپ ھۆكۈمەت-كىچە، گومىنداڭدىن تارتىپ گوڭچەنداڭغىچە — ھەممىسى بىردەك ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى مىللىي-ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش — مۇقەددەس، ئادالەتلىك، ئىلغار ۋە تىنچلىق ئىزلەيدىغان ئۇرۇش. ئۇ بىر مەملىكەتنىڭلا تىنچلىقىنى ئىزلەپ قالماستىن، بەلكى دۇنيانىڭ تىنچ-لىقىنى ئىزلەيدۇ، بىرمەھەللىك تىنچلىقنىلا ئىزلەپ قالماستىن، بەلكى مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى ئىزلەيدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، جان تىكىپ جەڭ قىلىش كېرەك، ھەرقانداق قۇربانلارنى بېرىشكە تەييار تۇرۇش، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇش، مەقسەتكە يەتمىگىچە ھەرگىز توختاپ قالماسلىق كېرەك. قۇربانلار گەرچە چوڭ، ۋاقىت گەرچە ئۇزاق بولسىمۇ، لېكىن مەڭگۈ تىنچ ۋە مەڭگۈ پارلاق يېڭى دۇنيا توختاپ ئالدىمىزدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. بىزنىڭ ئۇرۇش-لىك بېرىشتىكى ئىشەنچىمىز مانا مۇشۇ مەڭگۈ تىنچ ۋە مەڭگۈ پارلاق توختاپ گوۋە يېڭى دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈش ئۈستىگە قۇرۇلغان. روشەن ۋە جاھانگىرلىك ئۇرۇشنى چەكسىز ئۇزاققا سوزماقچى، بىز مىليون، ئۇرۇشنى يېقىن كەلگۈسىدە ئاياقلاشتۇرماقچىمىز. بۇ مەقسەت ۋۇشنى ئىنسانىيەتنىڭ زور كۆپچىلىكى ناھايىتى زور تىرىشچانلىق لىك تىتىشى كېرەك. 450 مىليون جۇڭگولۇق پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ

تونتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەگەر بىردەك تىرىشىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقاتساق، ئەركىن ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق يېڭى جۇڭگو ياراتساق، پۈتۈن دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوشقان ھەسسىمىز، شۈبھىسىزكى، غايەت ئۇلۇغ بولىدۇ. بۇ ئۈمىت قۇرۇق ئۈمىت ئەمەس، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات جەريانى بۇ نۇقتىغا يېقىنلىشىپ قالدى، ئۇنىڭغا كۆپچىلىكنىڭ تىرىشىشى قوشۇلسىلا، بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدە چوقۇم مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

## ئۇرۇشتا پائالىيەتچانلىق

59. يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى ۋە نىمە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگونىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈستىدە بولدى، ئۇمۇمەن، مەسىلىنىڭ «نىمىدىن ئىبارەتلىكى» ۋە «نىمىدىن ئىبارەت ئەمەسلىكى» ئۈستىدە بولدى. توۋەندە «قانداق قىلىش» ۋە «قانداق قىلماسلىق» مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئۆتىمىز. ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؟ مانا بۇ — توۋەندە جاۋاپ بېرىلىدىغان مەسىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن، توۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئۆز تەرتىۋى بويىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز: ئۇرۇشتا پائالىيەتچانلىق، ئۇرۇش ۋە سىياسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسى سەپەرۋەرلىكى، ئۇرۇشنىڭ مەقسىدى، مۇداپىە داۋامىدىكى ھۇجۇم، ئۇزاققا سوزۇش داۋامىدىكى تېز ھەل قىلىش، ئىچكى سەپ

ئىچىدىكى تاشقى سەپ، جۇدۇگىلۇق، جانلىقلىق، پىلانلىقلىق، يۇن-
دۇگىجەن، پارتىزان ئۇرۇشى، جىبىدىجەن، يوقىتىش ئۇرۇشى، خورى-
تىش ئۇرۇشى، دۇشمەننىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىمكانى-
يەتلىكلىگى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ
ئۇرۇشلار مەسىلىسى، ئەسكەرلەر بىلەن خەلق ـ غالىبىيەتىنىڭ
ئاساسى. ئەمدى بىز سوزنى پائالىيەتچانلىق مەسىلىسىدىن باشلايلى.

60. بىز مەسىلىگە جۇگوەن قاراشقا قارشى تۇرىمىز، بۇ، ئادەمـ
نىڭ ئىدىيىسى كىگوەن ئەمىلىيەتكە ئاساسلانمىسا ۋە ئۇيغۇن كەلمىسە،
قۇرۇق خىيال، ساختا داۋلى بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر شۇ بويىچە ئىش
كورۇلىسە، مەغلۇبىيەت يۈز بىرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش
كىرەك، دىگەنلىكتۇر. لىكىن ھەممە ئىشنى ئادەم ئىشلەيدۇ، ئادەم
ئىشلىمىسە، ئۇزاقچا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشمۇ ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىمۇ
ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ. ئىشلەشتە ئالدى بىلەن ئادەم كىگوەن ئەمەـ
لىيەتكە ئاساسلىنىپ، ئىدىيە، داۋلى، پىكىر ھاسىل قىلىشى، پىلان،
فاڭجىن، سىياسەت، جەڭلۈي ۋە جەنشۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى
كىرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئىدىيە ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاشلار — جۇگوەن نەرسىلەر، ئىشلەش ياكى ھەرىكەت
قىلىش — جۇگوەننىڭ كىگوەندە كورۇنۇشى، ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ
ئالاھىدە پائالىيەتچانلىقى. بۇنداق پائالىيەتچانلىقنى بىز «ئاڭلىق
پائالىيەتچانلىق» دەپ ئاتايمىز، بۇ — ئادەمنىڭ باشقا نەرسىلەردىن
پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيىتى. كىگوەن ئەمىلىيەتكە ئاساسلانغان ۋە
ئۇيغۇن كىلىدىغان ھەممە ئىدىيە — توغرى ئىدىيە، توغرى ئىدىيىگە
ئاساسلانغان ھەممە ئىشلەش ياكى ھەرىكەت قىلىش توغرى ھەرىكەت
قىلىشتۇر. ئەنە شۇنداق ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى جارى قىلدۇرۇشىمىز،

ئەنە شۇنداق ئاكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جاھانگىرلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، كونا جۇڭگونى يېڭى جۇڭگوغا ئايلاندۇرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەرگەندە، مۇنقەرىز بولۇشلا قالىدۇ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولمايدۇ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىمۇ بولمايدۇ.

61. ئاكتىپ پائالىيەتچانلىق — ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى. ئىنسانلار بۇنداق خۇسۇسىيىتىنى ئۇرۇش داۋامىدا كۈچلۈك ئىپادىلەيدۇ. ئۇرۇشتا يېڭىش - يېڭىلىش، ئەلۋەتتە، ئىككى تەرەپنىڭ ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيىۋى شەرتلىرى، ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى ۋە خەلقارا ياردەمگە ئوخشاش شەرتلەرگە باغلىق، لېكىن بۇلارغىلا باغلىق ئەمەس؛ بۇلارنىڭلا بولۇشى پەقەت يېڭىش - يېڭىلىشنىڭ ئىمكانىيىتىنىلا بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزى يېڭىش - يېڭىلىشنى ئايرىپ بەرمەيدۇ. يېڭىش - يېڭىلىشنى ئايرىش ئۈچۈن، بۇلارغا يەنە جۇڭگوەن تىرىشچانلىقنى قوشۇش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش، ئۇ بولسىمۇ ئۇرۇشتىكى ئاكتىپ پائالىيەتچانلىق.

62. ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى كېپكۈەن شەرت - شارائىت يار بەرگەن چەكتىن ئېشىپ ئىزلىسە بولمايدۇ، ئەمما ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى كېپكۈەن شەرت - شارائىت يار بەرگەن چەك ئىچىدە تۇرۇپ، پائالىيەتچانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ۋە لازىم. ئۇرۇش جىرخۇيىۋەنلىرىنىڭ پائالىيەت

سەھنىسى كېڭۈەن شەرت ـ شارائىتىنىڭ يار بېرىشى ئاساسىغا قۇرۇ-لۇشى كېرەك، ئەمما ئۇلار مۇشۇ سەھنىدە نۇرغۇن جانلىق، ھەشە-مەتلىك ئويۇنلارنى كورسىتىشى مۇمكىن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جۇڭخۇيىۈەنلىرى مەۋجۇت كېڭۈەن ماددى ئاساسىتا ئوزلىرىنىڭ قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇتۇن ئارمىيىنى باشلاپ، مىللى دۇشمەننى يوقىتىشى، تاجاۋۇزچىلىققا ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان جەمىيىتىمىز ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ ھالىتىنى ئوزگەرتىشى، ئەركىن ۋە تەلەڭ ھوقۇقلۇق يېڭى جۇڭگونى مەيدانغا كەلتۇرۇشى لازىم، بۇ يەردە بىزنىڭ جۇڭۈەن يېتەكچىلىك قابىلىيىتىمىزنى ئىشلىتىشكە توغرى كېلىدۇ، بەلكى ئىشلىتىش كېرەك. بىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەرقانداق جۇڭخۇيىۈەنىنىڭ كېڭۈەن شارائىتتىن چەتنەپ، قالايمىقان ئۇرۇپ ـ سوقۇپ يۇرىدىغان قاراملاردىن بولۇشنى ياقتۇر-مايمىز، لېكىن بىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەر بىر جۇڭخۇيىۈەنىنىڭ جاسارەتلىك ۋە پاراسەتلىك جياڭجۇنلەردىن بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار دۇشمەننى بېسىپ چۇشىدىغان غەيرەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۇتۇن ئۇرۇش-نىڭ ئوزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىدارە قىلالايدىغان قابىلىيەتكىمۇ ئىگە بولسۇن. جۇڭخۇيىۈەنلەر ئۇرۇش دېڭىزىدا ئۇزگەندە ئوزلىرىنى غەرق قىلىۋەتمەستىن، بەلكى ئوزلىرىنى ئىشەنچلىك ۋە تەدبىرلىك رەۋىشتە ئىككىنچى قىرغاققا يەتكۇزۇشى لازىم. ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش قانۇنىيىتى بولغان جەڭلۇي ۋە جەنشۇ ئۇرۇش دېڭىزىدا ئۇزۇش سەنئىتىدۇر.

# ئۇرۇش ۋە سىياسى

63. «ئۇرۇش — سىياسىنىڭ داۋامى»، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇرۇش سىياسىدۇر، ئۇرۇشنىڭ ئۆزى سىياسى خاراكتېرلىق ھەرىكەتتۇر، سىياسى خاراكتېر ئالمىغان ئۇرۇش قەدىمدىن تارتىپ بولۇپ باقمىغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش — پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى، ئۇنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئۇرۇشنىڭ سىياسى مەقسىدىدىن — ياپون جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقىرىش، ئەركىن ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئايرىلمايدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش ۋە بىرلىكسەپنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت باش فاڭجېندىن ئايرىلمايدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سەپەرۋەرلىككە كېلىشىدىن ئايرىلمايدۇ، جۇنگوەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىكى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلىكى ۋە دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاشقا ئوخشاش سىياسى پىرىنسىپلاردىن ئايرىلمايدۇ، بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ ئوبدان ئىجرا قىلىنىشىدىن ئايرىلمايدۇ، مەدىنى سەپەرۋەرلىكتىن ئايرىلمايدۇ، خەلقارا كۈچلەرنىڭ ۋە دۈشمەن مەملىكىتىدىكى خەلقنىڭ ياردەملىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلاردىن ئايرىلمايدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇرۇش سىياسىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىلەردە ئەگەر سىياسىغا سەل قاراش خاھىشى تۇغۇلۇپ، ئۇلار ئۇرۇشنى يەككە-يىگانە قىلىپ قويۇپ، ئۇرۇش مۇتلەقچىلىرىگە ئايلىنىپ قالسا، ئۇ خاتا بولىدۇ، تۈزىتىش كېرەك.

64. لېكىن ئۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇرۇش ئادەتتىكى سىياسىنىڭ ئۆزى ئەمەس. «ئۇرۇش — سىياسىنىڭ ئالاھىدە ۋاسىتىلەر بىلەن داۋام قىلىشى»⑭. سىياسىي تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە، ئاۋالقىدەك ئالغا باسالماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىياسىنىڭ يولىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇرۇش پارتلايدۇ. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەقىللىق ئورنى ياپون جاھانگىرلىكى سىياسىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن توسالغۇ ئىدى، ياپونىيىگە ئۇنى سۈپۈرۈپ تاشلاش توغرى كەلدى، شۇڭا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. جۇڭگودىچۇ؟ جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمى ئاللىقاچان جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا توسالغۇ بولۇپ قالغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توسالغۇنى يوقىتىش مەقسىتىدە نۇرغۇن قېتىم ئازاتلىق ئۇرۇشلىرى بولدى. ياپونىيە ھازىر ئۇرۇش بىلەن زۇلۇم سېلىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى پۈتۈنلەي توسۇۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن بەل باغلاشقا مەجبۇر بولدۇق. توسالغۇ سۈپۈرۈپ تاشلىنىش بىلەنلا، سىياسىنىڭ مەقسىدى ئورۇنلىنىدۇ، ئۇرۇش ئاياغلىشىدۇ. توسالغۇ پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلانمىسا، ئۇرۇشنى يەنە داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە توغرى كېلىدۇ. مەسىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىپىسى ئورۇنلانماي تۇرۇپ، مۇرەسسەگە ئىنتىلىش بولىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ؛ چۈنكى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن مۇرەسسە بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇرۇش يەنىلا قوزغىلىدۇ، يەڭ خەلق ئاممىسى مۇرەسسەنى چوقۇم تەن ئالمايدۇ، چوقۇم

ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ سىياسى مەقسەدىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېيتىش مۇمكىنكى، سىياسى — قان توكۇلمەيدىغان ئۇرۇش، ئۇرۇش — قان توكۇلىدىغان سىياسى.

65. ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق، ئۇرۇشنىڭ بىر يۇرۇش ئالاھىدە تەشكىلى، بىر يۇرۇش ئالاھىدە ئۇسۇلى ۋە بىر خىل ئالاھىدە جەريانى بولىدۇ. بۇ تەشكىل ئارمىيە ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق ھەممە نەرسىلەردۇر. بۇ ئۇسۇل ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ جەڭلۈيسى ۋە جەڭنۇسىدۇر. بۇ جەريان بىر-بىرىگە دۈشمەن قوشۇنلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ۋە دۈشمەنى ئۈچۈن پايدىسىز بولغان جەڭلۈپ ۋە جەڭنۇنى قوللىنىپ، ھۇجۇم ياكى مۇداپىيە بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائى پائالىيەت شىكلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇشنىڭ تەجرىبىسى ئالاھىدە بولىدۇ. ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر تېپىچ ۋاقىتلاردىكى ئادەتلىرىنى تاشلاپ، ئۇرۇشقا ئادەتلىنىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

## ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسى سەپەرۋەرلىكى

66. بۇنداق ئۇلۇق مىللى-ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك ۋە چوڭقۇر سىياسى سەپەرۋەرلىك بولماي تۇرۇپ غەلىبە قازىنالمايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسى سەپەرۋەرلىكى بولمىدى، بۇ — جۇڭگونىڭ چوڭ كەمچىلىكى، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەندىن بىر

يۇرۇش كىيىن قالدۇق. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلان-
غاندىن كىيىنمۇ سىياسى سەپەرۋەرلىكنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك بولۇشى
ئىنتايىن يېتەرسىز بولدى، چوڭقۇرلىششى توغرىسىدا تېخىمۇ سوز
ئاچقىلى بولمايدۇ. خەلقنىڭ زور كوپچىلىكى ئۇرۇشتىن دۇشمەننىڭ
زەمبىرەك ئوقلىرى ۋە ئايروپىلان، بومبىلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپتى.
بۇمۇ بىر خىل سەپەرۋەرلىك، لېكىن بۇنى بىز ئوزىمىز قىلمىدۇق،
دۇشمەن قىلىپ بەردى. زەمبىرەك ئاۋازلىرى ئاڭلانمىغان يىراق
جايلاردىكى كىشىلەر ھازىرغىچە تىپ-تىنچ كۈن كوچۈرمەكتە. بۇ
ئەھۋالنى ئوزگەرتىش كىرەك، بولمىسا، بۇ ھايات-مامات ئۇرۇشىدا
غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ. دۇشمەندىن يەنە بىر يۇرۇش كىيىن
قېلىشقا ئەسلا بولمايدۇ، ئەكسىچە، دۇشمەننى يېڭىش ئۈچۈن مۇشۇ
بىر يۇرۇشنى كەڭ كولەمدە جارى قىلدۇرۇش لازىم. بۇ بىر يۇرۇش-
نىڭ رولى ئىنتايىن زور؛ قۇرال-ياراق ۋە باشقا جەھەتلەردە
دۇشمەنگە يەتمەسلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ بىر يۇرۇش،
ھەقىقەتەن، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم مەسىلە. پۈتۈن مەملىكەتتىكى
لاۋبەيشىڭلار سەپەرۋەر قىلىنسا، دۇشمەننى غەرق قىلىۋېتىدىغان
بىپايان دېڭىز ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، قۇرال-ياراق ۋە باشقا جەھەت-
لەردىكى يېتىشسىزلىكلەرنى تولدۇرۇشنىڭ شارائىتى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ،
ئۇرۇشنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى
ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. غەلىبە قازىنىمىز دىسەك، ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش، بىرلىكسەپنى قەتئى داۋام-
لاشتۇرۇش، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش
كىرەك. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى لاۋبەيشىڭلارنى سەپەرۋەر
قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ. غەلىبە قازىنىمىز دەپ تۇرۇپ، سىياسى

سەپەرۋەرلىككە ئېتىۋارسىز قاراش «يول بۇياقتا، هارۋا ئۇياقتا» بولىدۇ، نەتىجىدە غەلىبە جەزمەن يوقىقا چىقىدۇ.

67. سىياسى سەپەرۋەرلىك دېگەن نېمە؟ بىرىنچىدىن، ئۇرۇشنىڭ سىياسى مەقسىدىنى ئارمىيە ۋە خەلققە ئېيتىپ بېرىش. هەر بىر ئەسكەر، هەر بىر ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش لازىملىقىنى، ئۇرۇشنىڭ ئۆزى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشىنىدىغان بولسۇن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسى مەقسىدى — «ياپون جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقىرىش، ئەركىن ۋە تەڭ هوقۇقلۇق يېڭى جۇڭگو قۇرۇش»، بۇ مەقسەتنى پۈتۈن ئارمىيەگە ۋە پۈتۈن خەلققە ئېيتىپ بېرىش كېرەككى، شۇنداق قىلغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىزغىن دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، نەچچە يۈز مىليون كىشى بۇ ئۇرۇشقا ئۆزىنىڭ بار-يوقىنى يەكدىللىك بىلەن بېغىشلايدىغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەقسەتنى چۈشەندۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ۋە سىياستىنىمۇ چۈشەندۈرۈش كېرەك، دېمەك، بىر سىياسى گاڭلىڭ بولۇشى كېرەك. هازىر «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماددىلىق گاڭلىڭى» بارلىققا كەلدى، يەنە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش گاڭلىڭى»مۇ بارلىققا كەلدى، بۇلارنى ئارمىيە ۋە خەلق ئىچىدە كەڭ يېيىش هەم بارلىق ئارمىيە ۋە خەلقنى بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. ئېنىق ۋە كونكرېت بىر سىياسى گاڭلىڭ بولماي تۇرۇپ، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن خەلقنى ئاخىرغىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، سەپەرۋەرلىكنى قانداق يۈرگۈزۈش كېرەك؟ ئېغىز تەشۋىقاتىغا،

تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ۋە ئېلانلارغا، گېزىت ۋە كىتاپلارغا، تىياتىر
ۋە كىنولارغا، مەكتەپلەرگە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ۋە كادىرلارغا
تايىنىش كېرەك. بۇلاردىن ھازىر گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى
رايونلاردا بولۇۋاتقانلىرى ــ دېڭىزدىن بىر تامچە، شۇنىڭدەك ئۇلار-
نىڭ ئۇسۇلى خەلق ئاممىسىنىڭ پىسەنتىگە ياقمايدۇ، قىلىقى خەلق
ئاممىسىغا يات، بۇ ئەھۋالنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆزگەرتىش كېرەك.
تۆتىنچىدىن، بىرلا قېتىم سەپەرۋەر قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسىي سەپەرۋەرلىكى دائىملىق
بولۇشى كېرەك. سىياسىي گاڭگىلىقنى لاۋبەيشىڭلارغا يادا ئوقۇپ بېرىش
كېرەك ئەمەس، مۇنداق يادا ئوقۇپ بېرىلسە، ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ؛
ئۇنى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن، ئەسكەرلەر ۋە لاۋبەي-
شىڭلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن باغلاش، ئۇرۇشنىڭ سىياسىي سەپەر-
ۋەرلىكىنى دائىمىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. بۇ ــ غايەت
زور ئىش، ئۇرۇش ھەممىدىن ئاۋال شۇنىڭغا تايىنىپ غەلىبە قىلىدۇ.

## ئۇرۇشنىڭ مەقسىدى

68. بۇ يەردە سوز ئۇرۇشنىڭ سىياسىي مەقسىدى ئۈستىدە بار-
مايدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسىي مەقسىدى
«ياپون جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقىرىش، ئەركىن ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق
يېڭى جۇڭگو قۇرۇش» ئىكەنلىكىنى يۇقۇرىدا سوزلەپ ئۆتتۇق.
بۇ يەردە بىز ئىنسانلارنىڭ قېنىنى توكۇلىدىغان سىياسىي بولغان
ئۇرۇشنىڭ، ئىككى ئارمىيە بىر-بىرىنى قىرىدىغان ئۇرۇشنىڭ
تۇپ مەقسىدى نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز. ئۇرۇشنىڭ

مەقسىدى باشقا ئەمەس، «ئۆزىنى ساقلاش، دۈشمەننى يوقىتىش» (دۈشمەننى يوقىتىش ئۇنى جىسمانى جەھەتتىن پۈتۈنلەي يوقىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى قۇرالسىزلاندۇرۇش، يەنى «دۈشمەننى قارشى-لىق كۆرسىتىش كۈچىدىن مەھرۇم قىلىش»). قەدىمقى زامانىدىكى ئۇرۇشلاردا نەيزە بىلەن قالقان ئىشلىتىلەتتى: نەيزە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن؛ قالقان مۇداپىئە ئۈچۈن، ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن. تا بۈگۈنگىچە قوللىنىلىۋاتقان قۇراللار يەنىلا شۇ ئىككىسىنىڭ داۋامى. بومباردىمانچى ئايروپىلانلار، جىگۈەنچىياڭلار، يىراققا ئاتىدىغان زەمبىرەكلەر، زەھەرلىك گازلار — نەيزىنىڭ داۋامى؛ ھاۋا مۇداپىئەسىدە يوشۇرۇنۇش جايلىرى، پولات قالپاقلار، سېمونت گۆكشىلار، زەھەرلىك گازدىن ساقلىنىش نىقاپلىرى — قالقاننىڭ داۋامى. تانكا — نەيزە بىلەن قالقاننىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان يېڭى قۇرال. ھۇجۇم — دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى، لېكىن مۇداپىئەنىمۇ تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ھۇجۇم توغ-رىدىن - توغرى دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىمۇ ساقلاش ئۈچۈن، چۈنكى دۈشمەننى يوقاتمىساڭ، ئۆزەڭ يوقىتىلىسەن. مۇداپىئە توغرىدىن - توغرى ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۇجۇمغا ياردەم بېرىشنىڭ ياكى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىشنىڭمۇ بىر تۈرلۈك ۋاستىسى. چېكىنىش مۇداپىئە جۈملىسىگە كىرىدۇ، مۇداپىئەنىڭ داۋامى؛ قوغلاپ زەربە بېرىش بولسا، ھۇجۇمنىڭ داۋامى. شۇنى كۆرسىتىش لازىمكى، ئۇرۇش-نىڭ مەقسىدى ئىچىدە دۈشمەننى يوقىتىش ئاساسىي ئورۇندا، ئۆزىنى ساقلاش ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى دۈشمەننى كۆپلەپ يوقاتقاندىلا، ئۆزىنى ئۈنۈملۈك ساقلىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، دۈشمەننى

يوقىتىشىنىڭ ئاساسى ۋاستىسى بولغان ھۇجۇم ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ، دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ياردەمچى ۋاستىسى ۋە ئۆزنى ساقلاشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولغان مۇداپىئە بولسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇرۇش ئەمەلىيىتىدە كوپ ۋاقىتلاردا مۇداپىئە ئاساس، قالغان ۋاقىتلاردا ھۇجۇم ئاساس بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشتىكى ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، ھۇجۇم يەنىلا ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ.

69. ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربانلار بېرىشنىڭ تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇ «ئۆزنى ساقلاش» بىلەن زىت ئەمەسمۇ؟ زىت ئەمەس، بۇلار بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، ئەمما بىر-بىرىگە باغلانغان بولىدۇ. ئۇرۇش — قان توكۇلىدىغان سىياسى، بۇنىڭدا چىقىم تارتىشقا، بەزىدە ناھايىتى زور چىقىم تارتىشقا توغرى كېلىدۇ. قىسمەن ۋە ۋاقىتلىق قۇربانلار بېرىش (ساقلىماسلىق) پۈتۈن ۋە ئەبەدى ساقلاش ئۈچۈندۇر. بىزنىڭ، ئاساسەن دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن بولغان ھۇجۇم ۋاستىسى ئەينى زاماندا ئۆزنى ساقلاش رولىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. مۇداپىئە نوقۇل مۇداپىئەلا بولماي، بەلكى ئەينى زاماندا ھۇجۇممۇ بولۇشى كېرەكلىكىنىڭ داۋلىسىمۇ ئەنە شۇ.

70. ئۇرۇشنىڭ ئۆزنى ساقلاش، دۈشمەننى يوقىتىشتىن ئىبارەت بۇ مەقسىدى — ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى، بارلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسى، بۇ ماھىيەت تېخنىكىلىق ھەرىكەتلەردىن تارتىپ، جەڭلۇبىلۇك ھەرىكەتلەرگىچە بولغان ھەممە ھەرىكەتلەرگە سىڭگەن. ئۇرۇشنىڭ مەقسىدى ئۇرۇشنىڭ توپ پىرىنسىپىدۇر، بارلىق تېخنىكا، جەڭشۇ، جەڭنىي، جەڭلۇپ قائىدە-پىرىنسىپلىرى ئۇنىڭدىن زادى ئايرىلمايدۇ. ئوقۇا تۇتۇش پىرىنسىپىدىكى «ئۆزنى دالدىغا ئېلىش، ئوت كۈچىنى

ئۇلغايتىش» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ ئالدىنقىسى ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن، كېيىنكىسى دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن. ئالدىنقىسىدىن يەر تۈزۈلۈشى ۋە يەردىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىش، تاقلاپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىنى قوللىنىش، سەپنى شالاڭلىتىشقا ئوخشاش ھەرخىل ئۇسۇللار كېلىپ چىقىدۇ. كېيىنكىسىدىن ئوققا تۇتۇش دائىرىسىنى ئېرىتداش، ئوت ئېچىش تورلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئوخشاش ھەرخىل ئۇسۇللارمۇ كېلىپ چىقىدۇ. جەڭدە ھەجەتتىكى زەربىدار قىسىملار، ئىسكەنجىگە ئېلىش قىسىملىرى ۋە ئۆيۈبىيدۈيلەرگە كەلسەك، بۇلارنىڭ بىرىنچى خىلى دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن، ئىككىنچى خىلى ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئۈچىنچى خىلى ئەھۋالغا قاراپ ئىككى مەقسەتكە ئىشلىتىشكە تەييارلاپ قويۇلىدۇ — يا زەربىدار قىسىملارغا ياردەمگە ئېۋەتىلىدۇ، يا قوغلاپ زەربە بېرىش قىسىمى قىلىنىدۇ، مۇنداق قىلىش دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن؛ يا ئىسكەنجىگە ئېلىش قىسىمىغا ياردەمگە ئېۋەتىلىدۇ، يا قوغداش قىسىمى قىلىنىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈندۇر. شۇنداق قىلىپ، بارلىق تېخنىكا، جەڭ، ئۇرۇش ۋە جەڭلىۋى پرىنسىپلىرى؛ بارلىق تېخنىكا، جەڭ، ئۇرۇش ۋە جەڭلىۋى ھەرىكەتلىرى ئۇرۇش مەقسىتىدىن ئايرىلمايدۇ، ئۇ ئۇرۇشنىڭ ھەممە تەرىپىگە ئومۇملاشقان، ئۇرۇشنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن.

71. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەر دەرىجىلىك يېتەكچىلىرى ئۇرۇشقا جۇڭگو، ياپونىيە — ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى ھەرخىل تۈپ ئامىللاردىن ئايرىلغان ھالدا يېتەكچىلىك قىلسا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىدىن ئايرىلغان ھالدا يېتەكچىلىك قىلسىمۇ بولمايدۇ.

ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى ھەر-
خىل تۈپ ئامىللار ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى داۋامىدا قانات يېيىپ،
ئوزىنى ساقلاش ۋە دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ئوزئارا كۈرەش
قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز ھەر بىر جەڭدە چوڭ بولسۇن ـ كىچىك
بولسۇن غەلىبە قازىنىشقا تىرىشىشنى، ھەر بىر جەڭدە دۈشمەننىڭ
بىر قىسمىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ۋە دۈشمەننىڭ بىر قىسىم ئادەم،
قورال ـ ياراقلىرىنى كاردىن چىقىرىشقا تىرىشىشنى كوزدە تۇتىدۇ.
دۈشمەننى يوقىتىشتىكى بۇنداق قىسمەن ئۇتۇقلارنى جۇغلاپ، چوڭ
جەنلۈۋېلۈك غەلىبىگە ئايلاندۇرۇپ، دۈشمەننى مەملىكىتىمىزدىن
تەل ـ توكۇس قوغلاپ چىقىرىش، ۋەتەننى قوغداش ۋە يېڭى جۇڭگو
قۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسى مەقسەتكە يېتىشىمىز لازىم.

## مۇداپىئە داۋامىدىكى ھۇجۇم، ئۇزاققا سوزۇش داۋامىدىكى تېز ھەل قىلىش، ئىچكى سەپ ئىچىدىكى تاشقى سەپ

72. ئەمدى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ كونكرېت
جەنلۈۋ فاڭجېنىنى تەتقىق قىلايلى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشنىڭ جەنلۈۋ فاڭجېنى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئىكەن-
لىگىنى ئېيتىپ ئوتتۇق، شۇنداق، بۇ پۈتۈنلەي توغرى. لېكىن، بۇ
تېخى كونكرېت فاڭجېن ئەمەس، ئومۇمى فاڭجېن. ئۇزاققا سوزۇل-
دىغان ئۇرۇشنى قانداق قىلىپ كونكرېت ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ بىز
ئەمدى مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلە ئەنە شۇ. بىزنىڭ جاۋابىمىز
مۇنداق: بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچلاردا، يەنى دۈشمەن ھۇجۇم

قىلىنىۋاتقان ۋە بېسىۋالغان جايلارنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان باسقۇچلاردا جەنلۇبىلۇك مۇداپىيە داۋامىدىكى جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك ھۇجۇم ئۇرۇشى بولىشى، جەنلۇبىلۇك ئۇزاققا سوزۇش داۋامىدىكى جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك تېز ھەل قىلىغۇچ ئۇرۇش بولىشى، جەنلۇبىلۇك ئىچكى سەپ ئۇرۇشى ئىچىدىكى جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك تاشقى سەپ ئۇرۇشى بولىشى كېرەك. ئۇچىنچى باسقۇچتا جەنلۇبىلۇك قايتۇرما ھۇجۇم ئۇرۇشى بولىشى كېرەك.

73. ياپونىيە كۈچلۈك جاھانگىر دولەت، بىز يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېوداللىق ئاجىز دولەت بولغاچقا، ياپونىيە جەنلۇبىلۇك ھۇجۇم فاڭجېنىنى قوللىنىۋاتىدۇ، بىز بولساق، جەنلۇبىلۇك مۇداپىيە ئورنىدا تۇرۇۋاتىمىز. ياپونىيە جەنلۇبىلۇك تېز ھەل قىلىغۇچ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنىدۇ، بىز ئاڭلىق رەۋىشتە جەنلۇبىلۇك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ياپونىيە جەڭگىۋار كۈچى خېلى ئۈستۈن بىرنەچچە ئون شىتۇەندىن ئىبارەت قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى (ھازىر 30 شىتۇەنگە يېتىپ باردى) ۋە بىر قىسىم دېڭىز ئارمىيىسىنى ئىشلىتىپ، جۇڭگونى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىن بولۇپ ئىككى تەرەپتىن مۇھاسىرە ۋە قامال قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىشلىتىپ، جۇڭگونى بومباردىمان قىلىۋاتىدۇ. ھازىر ياپونىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى باۋتۇدىن خاڭجۇغىچە بولغان ئۇزۇن سەپنى ئىشغال قىلىپ، دېڭىز ئارمىيىسى فۇجيەن ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىگە يېتىپ كېلىپ، كەڭ دائىرىلىك تاشقى سەپ ئۇرۇشنى شەكىللەندۇردى. بىز بولساق، ئىچكى سەپلەردە ئۇرۇش قىلىش ئورنىدا تۇرماقتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلۈگى، بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزدىن ئىبارەت مۇشۇ خۇسۇسىيەت پەيدا قىلغان.

بۇ — بىر تەرەپتىكى ئەھۋال.

74. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىكى ئەھۋال بولسا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ياپونىيە گەرچە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمەيدۇ. جۇڭگو ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن يېرى كەڭ، ئاھالىسى كوپ ۋە ئەسكىرى نۇرغۇن. بۇنىڭدىن ئىككى مۇھىم نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. بىرىنچىدىن، دۈشمەن ئۆزىنىڭ ئاز ئەسكىرى بىلەن چوڭ مەملىكەتكە دۈچ كەلگەچكە، پەقەت بىر قىسىم چوڭ شەھەرلەرنى، مۇھىم قاتناش يوللىرىنى ۋە بەزى تۈزلەڭلىكلەرنىلا بېسىۋالالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېسىۋالغان رايونلاردا ئىشغال قىلىپ تۇرۇشقا چامىسى يەتمەيدىغان كەڭ جايلارنى بوش قالدۇرىدۇ، بۇ ھال جۇڭگونىڭ پارتىزان ئۇرۇشنى كەڭ ھەرىكەتلىنىش زېمىنى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دۈشمەن گۇاڭجۇ-ۋۇخەن-لەنجۇ لىنىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى بېسىۋالغان تەقدىر-دىمۇ، لېكىن بۇلاردىن باشقا جايلارنى بېسىۋېلىشى تەس، بۇ ھال جۇڭگونى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئومۇمى ئارقا سېپى ۋە مەركىزىي تۈگۈن گېنجۇيىدىسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، دۈشمەن ئاز ئەسكىرى بىلەن كوپ ئەسكەرگە دۈچ كەلگەچكە، كوپ ئەسكەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالىدۇ. دۈشمەن يونۇلۇشلەرگە بۆلۈنۈپ بىزگە ھۇجۇم قىلغاندا، جەنلۈبلۈك تاشقى سەپلەردە تۇرىدۇ، بىز جەنلۈبلۈك ئىچكى سەپلەردە تۇرىمىز، دۈشمەن جەنلۈبلۈك ھۇجۇم يۈرگۈزىدۇ، بىز جەنلۈبلۈك مۇداپىەدە تۇرىمىز، قارىماققا بىز ناھايىتى ئەپسىز ئورۇندا تۇرغاندەك قىلىمىز. لېكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىككى ئارتۇقچىلىقىمىز-دىن — يېرىمىزنىڭ كەڭلىكى ۋە ئەسكەرلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىقىدىن

پايدىلىنىپ، ئۇلۇك جېڭ قىلماستىن، جانلىق يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ، دۈشمەننىڭ بىر قانچە تال جېڭىگە ئاز سانلىق ئەسكەرلەر بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇشىمىز، بىر يۆنىلىشتە كۆپ ئەسكەرلەر بىلەن دۈشمەنگە ئۇچرىشىمىز، بىر جەڭدە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىپ، دۈشمەننىڭ پۈتۈن ئالدىنقى سەپ ئىستراتېگىيىلىك قوشۇنلىرىنى ئۆز ئارا ياردەم بېرىشتىن تۇسۇپ، زەربە بېرىشىمىز مۇمكىن.

شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ جەنۇبتىكى ئۇرۇشتىكى تاشقى سەپلىرى ۋە ھۇجۇملىرى جەنۇبىي ۋە جەڭ دائىرىلىك ئۇرۇشلاردا ئىچكى سەپ ۋە مۇداپىئەگە ئايلانمايدۇ. بىزنىڭ جەنۇبتىكى ئۇرۇشتىكى ئىچكى سەپلىرىمىز ۋە مۇداپىئەمىز جەنۇبىي ۋە جەڭ دائىرىلىك ئۇرۇشلاردا تاشقى سەپلەرگە ۋە ھۇجۇمغا ئايلىنىدۇ. دۈشمەننىڭ بىر يۆنىلىشكە قارىتا شۇنداق، باشقا يۆنىلىشلەرگە قارىتامۇ شۇنداق بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى نۇقتا دۈشمەننىڭ كىچىك مەملىكەت بولۇشى ۋە بىزنىڭ چوڭ مەملىكەت بولۇشىمىزدىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتتىن كېلىپ چىققان. يەنە دۈشمەننىڭ ئەسكىرى ئاز بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك (قورال-ياراقلىرى ۋە ئادەملىرىنىڭ تەلىم ئېلىش دەرىجىسى جەھەتتە)، بىزنىڭ ئەسكىرىمىز كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئاجىز (روھىي جەھەتتىن ئەمەس، پەقەت قورال-ياراق ۋە ئادەملەرنىڭ تەلىم ئېلىش دەرىجىسى جەھەتتە) بولغانلىقتىن، جەنۇبىي ۋە جەڭ دائىرىلىك ئۇرۇشلاردا بىز ئاز ئەسكەرگە كۆپ ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىشىمىز، تاشقى سەپلەردىن ئىچكى سەپلەرگە ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك بولۇپلا قالماستىن، تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى فاكچىنىنى قوللىنىشىمىزمۇ كېرەك. تېز ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئومۇمەن، ئورۇنلاشقان دۈشمەنگە ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن دۈشمەنگە

ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك. بىز چوڭ ئەسكىرىي كۈچىمىزنى دۈشمەن
جەزمەن ئۆتىدىغان يوللارنىڭ ياقىسىغا يوشۇرۇن توپلاپ قويۇپ
تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ،
تۇيۇقسىز ئىلگىرىلەپ، ئۇنىڭغا مۇھاسىرىگە ئېلىپ زەربە بېرىپ،
ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەي، جەڭنى تېز ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئوبدان ھۇجۇم قىلىنسا، ئۇنى پۈتۈنلەي ياكى كۆپلەپ
ۋە ياكى قىسمەن يوقىتىش مۇمكىن؛ ئوبدان ھۇجۇم قىلىنمىسىمۇ،
ئۇنىڭغا ئېغىر تالاپەت يەتكۈزۈش مۇمكىن. بىر جەڭدە شۇنداق،
باشقا جەڭلەردىمۇ شۇنداق. كۆپ ئەمەس، ھەر ئايدا بىر قېتىم
پىششىقگۈەن ۋە تەيىنبۇجۇاگدىكىدەك چوڭراق غەلىبە قازىنالىساق،
دۈشمەننىڭ روھىنى قاتتىق چۈشۈرەلىگەن، ئارمىيىمىزنىڭ روھىنى
ئۇستۈرەلىگەن ۋە دۇنيانى مەدەت بېرىشكە چاقىرالىغان بولاتتۇق.
شۇنداق قىلغاندا، بىزنىڭ جەنلۇېلۇك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشىمىز جەڭ مەيدانلىرىدىكى جەڭلەردە تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشىغا
ئايلىنىدۇ. دۈشمەننىڭ جەنلۇېلۇك تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى جەنيى
ۋە جەڭلەردە نۇرغۇن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش ئارقىلىق ئۇزاققا
سوزۇلىدىغان ئۇرۇشقا ئايلانماي قالمايدۇ.

75. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بۇنداق جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك
ئۇرۇش فاڭجېنى، بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، «تاشقى سەپتە
بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى»دىن ئىبارەت. بۇ
بىزنىڭ جەنلۇې فاڭجېنىمىز بولغان «ئىچكى سەپتە بولىدىغان، ئۇزاققا
سوزۇلىدىغان مۇداپىئە ئۇرۇشى»غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ
تەتۈرىسى؛ لېكىن، يەنە دەل مۇشۇنداق جەنلۇې فاڭجېنىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان فاڭجېن. ئەگەر جەنيى ۋە جەڭ

فاڭجېنلىرىمىزمۇ، ئوخشاشلا، «ئىچكى سەپتە بولىدىغان، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان مۇداپىئە ئۇرۇشى» بولىدىغان بولسا، مەسىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىدەك بولىدىغان بولسا، ئۇ دۈشمەننىڭ كىچىك مەملىكەت بولۇشى ۋە بىزنىڭ چوڭ مەملىكەت بولۇشىمىز، دۈشمەننىڭ كۈچلۈك بولۇشى ۋە بىزنىڭ ئاجىز بولۇشىمىزدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەھۋالغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز جەنلۈېلۈك مەقسىدىمىزگە ئېرىشەلمەيمىز، ئومۇمى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشقا ئېرىشەلمەيمىز، بەلكى دۈشمەن تەرىپىدىن تار-مار قىلىنىپ قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز پۈتۈن مەملىكەتنى بويىچە ھەر بىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى دۈشمەننىڭ ھەر بىر دالا ئۇرۇش بىكىتۈەنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئىككى ھەسسە، ئۈچ ھەسسە ياكى توت ھەسسىگە تەڭ بولغان بىرقانچە چوڭ دالا ئۇرۇش بىكتۈەنلىرى تەشكىل قىلىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان فاڭجېننى قوللىنىپ، دۈشمەن بىلەن كەڭ جەڭ مەيدانلىرىدا تۇتۇشۇشنى ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ فاڭجېننى ئۇنتىزىم ئۇرۇشتا قوللانغىلى بولۇپلا قالماستىن، پارتىزان ئۇرۇشىدىمۇ قوللانغىلى بولىدۇ، بەلكى قوللىنىش كېرەك. ئۇ ئۇرۇشنىڭ بىرەر باسقۇچىغىلا مۇۋاپىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. جەنلۈېلۈك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدا بىزنىڭ تېخنىكا شارائىتىمىز كۈچىيىپ، كۈچلۈكلۈككە ئاجىزلىق بىلەن قارشى تۇرۇشتەك ئەھۋال تامامەن تۈگىگەن تەقدىردىمۇ، بىز كوپ ئەسكەر بىلەن تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋېرىدىغان بولساق، تېخىمۇ كوپ ئەسىر ۋە غەنىمەتلەرنى قولغا چۈشۈرەلەيمىز. مەسىلەن، دۈشمەننىڭ

ماشىنىلاشقان بىر شىسىغا ماشىنىلاشقان ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت شى بىلەن تاقابىل تۇرىدىغان بولساق، دۈشمەننىڭ بۇ شىسىنى جەزمەن يوقىتالايمىز. بىرنەچچە پالۋاننى بىر پالۋاننى ئاسان يېڭەلەيدۇ، بۇ — ئاددى ساۋاتقا كىرىدىغان ھەقىقەت.

76. ئەگەر بىز جەڭ مەيدانلىرىدا قىلىنىدىغان «تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى»نى قەتئىي ئېلىپ بارىدىغان بولساق، جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈچلۈكلۈك - ئاجىزلىق ۋە ئۈستۈنلۈك - تۆۋەنلىك ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، بەلكى ئومۇمى ۋەزىيەتنىمۇ پەيدىن - پەي ئۆزگەرتىمىز. جەڭ مەيدانلىرىدا بىز ھۇجۇم قىلىمىز، دۈشمەن مۇداپىئەدە تۇرىدۇ؛ بىز كوپ ئەسكەر بىلەن تاشقى سەپتە تۇرىمىز، دۈشمەن ئاز ئەسكەر بىلەن ئىچكى سەپتە تۇرىدۇ؛ بىز تېز ھەل قىلىمىز، دۈشمەن ئۇزاققا سوزۇپ ياردەم كۈتۈشكە ئۇرۇنىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ؛ شۇ سەۋەپلىك دۈشمەن تەرەپتە كۈچلۈكلۈك ئاجىزلىققا، ئۈستۈنلۈك تۆۋەنلىككە ئايلىنىدۇ؛ ئارمىيىمىز تەرەپتە بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاجىزلىق كۈچلۈكلۈككە، تۆۋەنلىك ئۈستۈنلۈككە ئايلىنىدۇ. جەڭلەردە مۇشۇنداق نۇرغۇن غەلىبىلەرنى قازانغاندىن كېيىن، دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئومۇمى ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ. دېمەك، جەڭ مەيدانلىرىدىكى تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشلىرىنىڭ نۇرغۇن غەلىبىلىرى توپلانغاندىن كېيىن، پەيدىن - پەي ئۆزىمىزنى كۈچەيتىپ، دۈشمەننى ئاجىزلىتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئومۇمى كۈچلۈكلۈك - ئاجىزلىق ۋە ئۈستۈنلۈك - تۆۋەنلىك ۋەزىيىتى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ۋە ئۆزگىرىش

ياسىماي قالمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ باشقا شەرتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئاندىن دۈشمەنىنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە خەلقارادىكى پايدىلىق ۋەزىيەتنى ماسلاشتۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئۇمۇمى ۋەزىيەتنى تەڭپۇڭلۇققا ئېلىپ بارالايمىز، ئاندىن تەڭپۇڭلۇقتىن بىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىمىز ۋە دۈشمەنىنىڭ توۋەنلىكىگە ئېلىپ بارالايمىز. شۇ ۋاقىت بىز قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتۇپ، دۈشمەننى مەملىكىتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان پەيت بولىدۇ.

77. ئۇرۇش — كۈچلەر مۇسابىقىسى، لېكىن كۈچلەر ئۇرۇش جەريانىدا ئەسلى شەكلىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇ يەردە جۇگۇەن تىرىشچانلىق، ئۇرۇشتا كوپلەپ غەلىبە قازىنىش ۋە ئاز خاتالىشىش — ھەل قىلغۇچ ئامىل. كېگۇەن ئامىللاردا بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىمكانىيىتى بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىمكانىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، توغرى فاڭجېن ۋە جۇگۇەن تىرىشچانلىق لازىم بولىدۇ. بۇ چاغدا جۇگۇەن رول ھەل قىلغۇچ بولۇپ قالىدۇ.

## جۇدۇڭلۇق، جانلىقلىق، پىلانلىقلىق

78. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ھۇجۇم قىلىشتا؛ تاشقى سەپ ھۇجۇمنىڭ دائىرىسىنى، تېز ھەل قىلىش بولسا، ھۇجۇمنىڭ ۋاقتىنى كورسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى» دېيىلىدۇ. بۇ — ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ

ئەڭ ئوبدان فاكتىنى، شۇنداقلا يۈز بەرگەن فاكتىنى. لېكىن بۇ فاكتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى جۇدۇڭلۇق، جانلىقلىق ۋە پىلانلىقلىقتىن ئايرىلمايدۇ. بىز ئەمدى مۇشۇ ئۈچ مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ ئۆتىمىز.

79. يۇقۇرىدا ئاكتىلىق پائالىيەتچانلىق توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدۇق، يەنە نىمە ئۈچۈن جۇدۇڭلۇق ئۈستىدە توختىلىمىز؟ ئاكتىلىق پائالىيەتچانلىق ئاكتىلىق پائالىيەت ۋە تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ — ئادەمنىڭ باشقا نەرسىلەردىن پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيىتى، ئادەمنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيىتى ئۇرۇشتا ئالاھىدە كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ھەقتە بىز يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان جۇدۇڭلۇق ئارمىيىنىڭ ھەرىكەت قىلىشتىكى ئەركىنلىك ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ، ئارمىيە مەجبۇرەن ئەركىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنە شۇنىڭ بىلەن پەرقلىنىدۇ. ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكى — ئارمىيىنىڭ جان تومۇرى، بۇنداق ئەركىنلىكنى يوقىتىپ قويسا، ئارمىيە مەغلۇپ بولۇش ياكى يوقىتىلىشقا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. بىر ئەسكەرنىڭ قۇرالسىزلاندۇرۇلۇشى — شۇ ئەسكەرنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىگىنى يوقىتىپ، مەجبۇرەن بېيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىرەر قوشۇننىڭ يېڭىلىشىمۇ شۇنداق. شۇ سەۋەپتىن ئۇرۇشۇۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپ جۇدۇڭلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بېيدۇڭلۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بىز ئوتتۇرىغا قويغان تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشىنى، شۇنىڭدەك بۇ ھۇجۇم ئۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان جانلىقلىق ۋە پىلانلىقلىقنى دۈشمەننى بېيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ، ئۆزىمىزنى ساقلاش ۋە دۈشمەننى يوقىتىش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن جۇدۇڭلۇق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قارىتىلغان، دەپ ئېيتىش

مۇمكىن. لېكىن جۇدۇگلۇق ياكى بېيدۇگلۇق ئۇرۇش كۈچلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈگى ياكى تۆۋەنلىگىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا ئۇ جۇگۇەن يېتەكچىلىكىنىڭ توغرى ياكى خاتا بولۇشىدىنمۇ ئايرىلمايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، دۈشمەننىڭ خاتا تۇيغۇسى ۋە بىخەستەلىگىدىن پايدىلىنىش يولى بىلەنمۇ جۇدۇگلۇقنى قولغا ئالغىلى ۋە دۈشمەننى بېيدۇڭ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىلى بولىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ نۇقتىلارنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

80. جۇدۇگلۇق ئۇرۇش كۈچلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈگىدىن ئايرىلمايدۇ، بېيدۇگلۇق بولسا، ئۇرۇش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەنلىگىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇرۇش كۈچلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈگى ياكى تۆۋەنلىگى — جۇدۇگلۇق ياكى بېيدۇگلۇقنىڭ كېگۇەن ئاساسى. جەنلۈېلۈك جۇدۇڭ ئورۇنى، ئەلۋەتتە، جەنلۈېلۈك ھۇجۇم ئۇرۇشى بىلەن بىرقەدەر ئىگىلىگىلى ۋە جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، لېكىن باشتىن ـ ئاياقىچە سىگگەن ۋە ھەممە جايغا ئومۇملاشقان جۇدۇڭ ئورۇنى، يەنى مۇتلەق جۇدۇگلۇق ھوقۇقىنى پەقەت مۇتلەق تۆۋەنلىككە مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن تاقابىل تۇرغاندىلا، قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. تېنى ساغلام ئادەم بىلەن ئېغىر كېسەل ئادەم ئېلىشقاندا، ئالدىنقىسى مۇتلەق جۇدۇگلۇق ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. ئەگەر ياپونىيىدە يەڭگىلى بولمايدىغان بىرمۇنچە زىددىيەتلەر بولمىغان بولسا ئىدى، مەسىلەن، ئۇ بىرقانچە مىليون، ھەتتا ئون مىليون ئەسكەرنى بىردىنلا چىقىرالىغان ۋە مالىيە مەنبەلىرىنى ھازىرقىدىن بىرنەچچە ھەسسە ئاشۇرالىغان بولسا، خەلق ئاممىسى بىلەن ۋە چەت دۆلەتلەر بىلەن دۈشمەنلەشمىگەن بولسا، ۋەھشىيانە سىياسەت يۈرگۈزۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى قوزغىمىغان بولسا ئىدى، ئۇ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى

ساقلاپ قالالىغان، باشتىن ـ ئاياقىچە سىڭگەن ۋە ھەممە جايغا ئومۇملاشقان مۇتلەق جۇدۇڭلۇق ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولاتتى. لېكىن تارىختا مۇنداق مۇتلەق ئۈستۈنلۈك پەقەت ئۇرۇش ۋە جەنىيەلەرنىڭ ئاخىرىدىلا بولغان، ئۇرۇش ۋە جەنىيەلەرنىڭ باشلىرىدا بولسا، كەم كۆرۈلگەن. مەسىلەن، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە تېز پۈكۈشىنىڭ ھارپىسىدا ئانتانتا دۆلەتلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئۆتتى، گېرمانىيە بولسا، مۇتلەق تۆۋەنلىككە چۈشۈپ قالدى، نەتىجىدە گېرمانىيە مەغلۇپ بولۇپ، ئانتانتا دۆلەتلەر غەلىبە قازاندى، بۇ ـــ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ۋە مۇتلەق تۆۋەنلىكنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا بولىدىغانلىقىنىڭ مىسالى. يەنە مەسىلەن، تەيئېرجۇاڭ غەلىبىسىنىڭ ھارپىسىدا شۇ جايدا يېتىم قالغان ياپونىيە ئارمىيىسى ئېغىر جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مۇتلەق تۆۋەنلىككە چۈشۈپ قالدى، بىزنىڭ ئارمىيىمىز بولسا، مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئۆتتى، نەتىجىدە دۈشمەن مەغلۇپ بولدى، بىز غەلىبە قازاندۇق، بۇ ـــ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ۋە مۇتلەق تۆۋەنلىك جەنىيەنىڭ ئاخىرىدا بولىدىغانلىقىنىڭ مىسالى. ئۇرۇش ياكى جەنىيەنىڭ نىسبىي ئۈستۈنلۈك ۋە تۆۋەنلىك بىلەن ياكى تەڭپۇڭلۇق ھالىتى بىلەن ئاياقلىشىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇرۇشتا مۇرەسسە پەيدا بولىدۇ، جەنىيىدە بولسا، تىركىشىش پەيدا بولىدۇ. لېكىن، ئومۇمەن، يېڭىش ـ يېڭىلىشنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ياكى مۇتلەق تۆۋەنلىك بىلەن ئايرىلىشى كۆپ بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش ياكى جەنىيەنىڭ باشلىرىدا ئەمەس، ئۇرۇش ياكى جەنىيەنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ. جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى، ئالدىن ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى، ياپونىيىنىڭ مۇتلەق تۆۋەنلىك

بىلەن مەغلۇپ بولۇشى، جۇڭگونىڭ مۇتلەق ئۇستۇنلۇك بىلەن غەلىبە قازىنىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ؛ لېكىن ھازىرقى ۋاقىتتا بولسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇستۇنلۇگى ياكى تۆۋەنلىكى مۇتلەق ئەمەس، بەلكى نىسبى. ياپونىيە قۇدرەتلىك ھەربى كۈچ، ئىقتىسادىي كۈچ ۋە سىياسى-تەشكىلىي كۈچلەردىن ئىبارەت مۇشۇ پايدىلىق ئامىللارغا ئىگە بولغانلىقتىن، بىزنىڭ ئاجىز ھەربى كۈچىمىز، ئىقتىسادىي كۈچىمىز ۋە سىياسى-تەشكىلىي كۈچلىرىمىزگە نىسبەتەن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جۇدۇڭگىلۇق ھوقۇقىنىڭ ئاساسى بارلىققا كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەربى كۈچى ۋە باشقىلىرىنىڭ سان جەھەتتىن كوپ بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقا بىرمۇنچە پايدىسىز ئامىللىرىنىڭ بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئۇستۇنلۇگى ئوزىدىكى زىددىيەتلەر تەرىپىدىن كېمەيتىلدى. ئۇ جۇڭگوغا كېلىش بىلەن يەنە جۇڭگونىڭ يېرىنىڭ كەڭلىگى، ئاھالىسىنىڭ كوپلىگى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىقىغا ئوخشاش ئەھۋالغا ھەمدە قۇدرەتلىك مىللى مۇداپىئە ئۇرۇشقا دۇچ كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۇستۇنلۇگى يەنە كېمەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئومۇمى جەھەتتىن ئۇنىڭ ئورنى بىر خىل نىسبى ئۇستۇنلۇككە ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ جۇدۇڭ-لۇق ھوقۇقىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى ۋە ساقلاپ قېلىنىشىمۇ چەكلىمىگە ئۇچراپ، نىسبى نەرسە بولۇپ قالدى. جۇڭگو تەرەپ كۈچلەرنىڭ چىڭدۇلۇغى جەھەتتىن تۆۋەنلىكتە تۇرغان ۋە شۇ سەۋەپتىن جەنلۇبىدە مەلۇم بېسىدۇك ھالەتتە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن جۇغرا-پىيەۋى جەھەتتىن، ئاھالىسى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ سانى جەھەتتىن ھەمدە خەلقى بىلەن ئارمىيىسىنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئۆچمەنلىكى ۋە روھىي-كەيپىياتى جەھەتتىن ئۇستۇنلۇكتە تۇرىدۇ، بۇ ئۇستۇنلۇك

يەنە باشقا پايدىلىق ئامىللار بىلەن قوشۇلۇپ، جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچ، ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتلەردىكى تۆۋەنلىك دەرىجىسىنى كېمەيتىپ، ئۇنى جەنلۇپ جەھەتتىكى نىسبىي تۆۋەنلىككە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىيدۇگلۇق دەرىجىسىمۇ كېمەيدى، ئۇ پەقەت جەنلۇپ جەھەتتىلا نىسبىي بىيدۇڭ ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن بىيدۇگلۇق ھامان پايدىسىز، ئۇنىڭدىن تىرىشىپ قۇتۇلۇش كېرەك. بۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى چارىسى تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشىنى قەتئىي ئېلىپ بېرىش ۋە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشىنى قوزغاش، جەنيي دائىرىلىك يۇندۇگجەن ۋە پارتىزان ئۇرۇشى داۋامىدا دۈشمەننى بېسىپ چۈشىدىغان نۇرغۇن قىسمەن ئۈستۈنلۈكنى ۋە جۇدۇڭ ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەنە شۇنداق نۇرغۇن جەنيلەردىكى قىسمەن ئۈستۈنلۈك ۋە قىسمەن جۇدۇڭ ئورۇن ئارقىلىق پەيدىن - پەي جەنلۇبلۇك ئۈستۈنلۈكنى ۋە جەنلۇبلۇك جۇدۇڭ ئورۇننى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى، جەنلۇبلۇك تۆۋەنلىك ۋە بىيدۇڭ ئورۇندىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. مانا بۇ — جۇدۇگلۇق بىلەن بىيدۇگلۇق ئوتتۇرىسىدىكى، ئۈستۈنلۈك بىلەن تۆۋەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەت.

81. بۇنىڭدىن جۇدۇگلۇق ياكى بىيدۇگلۇق بىلەن جۇڭگوەن يېتەكچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، بىز تۇرغان نىسبىي جەنلۇبلۇك تۆۋەنلىكتىن ۋە جەنلۇبلۇك بىيدۇڭ ئورۇندىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۇسۇلى — بىزنىڭ نۇرغۇن قىسمەن ئۈستۈنلۈكىمىزنى ۋە قىسمەن جۇدۇڭ ئورنىمىزنى سۈنئىي رەۋىشتە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن قىسمەن ئۈستۈنلۈكى ۋە قىسمەن جۇدۇڭ ئورنىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى

تۆۋەنلىككە ۋە بېيدۇڭلۇققا چۈشۈرۈپ قويۇش. بۇنداق نۇرغۇن قىسمەن نەرسىلەرنى توپلىغاندا، بىزنىڭ جەنلۇبلۇك ئۈستۈنلۈكىمىز ۋە جەنلۇبلۇك جۇدۇڭلۇغىمىز، دۈشمەننىڭ جەنلۇبلۇك تۆۋەنلىكى ۋە جەنلۇبلۇك بېيدۇڭلۇغى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇنداق بۇرۇلۇشنىڭ بولۇشى جۈگۇەن جەھەتتىكى توغرى يېتەكچىلىككە باغلىق بولىدۇ. نىمە ئۈچۈن؟ بىزگە ئۈستۈنلۈك ۋە جۇدۇڭلۇق كېرەك، دۈشمەنگىمۇ كېرەك، مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇرۇش ئىككى ئارمىيىنىڭ جىخۇيبۇەنلىرىنىڭ ھەربى كۈچ، مالىيە كۈچى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماددى ئاساسنى زېمىن قىلىپ تۇرۇپ، ئۈستۈنلۈك ۋە جۇدۇڭلۇقنى تالىشىش يولىدىكى جۈگۇەن قابىلىيەتلىرىنىڭ مۇسابىقىسى بولىدۇ. مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى يا يېڭىش، يا يېڭىلىش بولىدۇ، كېگۇەن ماددى شەرتلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېڭىش چوقۇم جۈگۇەن قوماندانلىقنىڭ توغرى بولغانلىقىدىن بولىدۇ، يېڭىلىش چوقۇم جۈگۇەن قوماندانلىقنىڭ خاتا بولغانلىقىدىن بولىدۇ. بىز ئۇرۇش ھادىسىلىرىنىڭ تەكتىگە يېتىش باشقا ھەرقانداق ئىجتىمائى ھادىسىلەرنىڭ تەكتىگە يېتىشكە قارىغاندا تېخىمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئېنىقلىق تېخىمۇ كەم بولىدىغانلىقىنى، يەنى «ئېھتىماللىق» تېخىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. لېكىن ئۇرۇش ئىلاھى نەرسە ئەمەس، بۇ دۇنيادا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر خىل مۇقەررەر ھەرىكەت، شۇنىڭ ئۈچۈن، سۇن زىنىڭ «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزەڭنىمۇ بىلسەڭ، ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن»[15] دېگەن قانۇنى ھېلىمۇ ئىلمىي ھەقىقەت. خاتالىق ئۆزگىنى ۋە ئۆزىنى بىلمىگەنلىكتىن يۈز بېرىدۇ، ئۇرۇشنىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ كىشىلەرگە كۆپ ھاللاردا ئۆزگىنى ۋە ئۆزىنى تولۇق بىلىشكە ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ، شۇڭا ئۇرۇش

ئەھۋالى ۋە ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە ئېنىقسىزلىق تۇغۇلىدۇ، خاتالىق ۋە مەغلۇبىيەت كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن، قانداقلىكى ئۇرۇش ئەھۋالى ۋە ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ تەخمىنىي ئەھۋالىنى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرىنى بىلىش مۇمكىن. ئاۋال ھەرخىل چارلاش ۋاستىلىرى بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن جىژخۇيىۋەنلەرنىڭ چىۋەرلىك بىلەن ئەقلىي يەكۈن ۋە ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن خاتالىقلارنى ئازايتىپ، ئومۇمەن توغرى يېتەكچىلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن. بىز مۇشۇ «ئومۇمەن توغرى يېتەكچىلىك»نى قورال قىلساق، ئۇرۇشتا كۆپلەپ غەلىبە قازىنالايمىز، تۆۋەنلىكنى ئۈستۈنلۈككە، بېيدۇكلۇقنى جۇدۇكلۇققا ئايلاندۇرالايمىز. مانا بۇ — جۇدۇكلۇق ياكى بېيدۇكلۇق بىلەن جۈگۈەن يېتەكچىلىكنىڭ توغرى بولۇشى ياكى توغرى بولماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت.

82. جۈگۈەن يېتەكچىلىكنىڭ توغرى بولۇشى ياكى توغرى بولماسلىقى ئۈستۈنلۈك - تۆۋەنلىك ۋە جۇدۇكلۇق - بېيدۇكلۇقنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، قۇدرەتلىك ئارمىيىنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە زەئىپ ئارمىيىنىڭ ئۇرۇشتا غالىپ بولغانلىقىغا دائىر تارىخىي فاكتلارغا نەزەر سالساق، بۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشىنىمىز. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخىدا بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولغان. جۇڭگودىن مىسال ئالساق، جىن بەگلىكى بىلەن چۇ بەگلىكى ئوتتۇرىسىدا بولغان چېڭپۇ جېڭى[16]، چۇ بەگلىكى بىلەن خەن بەگلىكى ئوتتۇرىسىدا بولغان چېڭگاۋ جېڭى، خەن شىن جاۋ بەگلىكىنى تار - مار قىلغان جەڭ[17]، ۋاڭ ماڭ بىلەن لىيۇ شيۇ ئوتتۇرىسىدا بولغان كۇنياڭ جېڭى، يۈەن شاۋ بىلەن ساۋ ساۋ ئوتتۇرىسىدا بولغان گۈەندۇ جېڭى، ۋۇ بەگلىكى بىلەن ۋېي بەگلىكى

ئوتتۇرىسىدا بولغان چىنى جېڭى، ۋۇ بەگلىگى بىلەن شۇ بەگلىگى ئوتتۇرىسىدا بولغان يىللىق جېڭى، چىن بەگلىگى بىلەن جىن بەگلىگى ئوتتۇرىسىدا بولغان فېيشۇي جېڭى ۋاھاكازالار؛ چەتئەللەردىن مىسال ئالساق، ناپولېئوننىڭ نۇرغۇن جەنىلىرى[18]، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغان ئىچكى ئۇرۇش — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە يەڭگۈچى تەرەپ كۆپچىلىكتە ئازچىلىق بىلەن زەربە بېرىپ، ئۈستۈنلۈككە توۋەنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، غەلىبە قازانغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قىسمەن ئۈستۈنلۈكى ۋە جۇدۇڭلۇغىنى دۈشمەننىڭ قىسمەن توۋەنلىكى ۋە بېيدۇڭلۇغىغا قارشى قويۇپ، بۇنىڭدا بىر ئۇرۇش بىلەنلا غەلىبە قازانغان، ئاندىن قالغانلىرىغا تۇتۇش قىلىپ، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ تار-مار قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئومۇمى ۋەزىيەتتە ئۈستۈنلۈككە ۋە جۇدۇڭلۇققا ئېرىشكەن. ئەسلىدە ئۈستۈنلۈك ۋە جۇدۇڭلۇقنى ئىگىلەپ تۇرغان قارشى تەرەپ ئەكسىچە بولۇپ قالغان؛ ئۆزىنىڭ جۈگۈەن خاتالىقى ۋە ئىچكى زىددىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئوبدان ياكى ئوبدانراق ئۈستۈنلۈكىنى ۋە جۇدۇڭلۇغىنى تامامەن يوقىتىپ، يېڭىلگەن جياڭجۈنلەرگە، دولىتى مۇنقەرىز بولغان خانلارغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇرۇش كۈچلىرىنىڭ ئۈستۈن-توۋەنلىكىنىڭ ئۆزى، ئەلۋەتتە، جۇدۇڭلۇق ياكى بېيدۇڭلۇقنى بەلگىلەيدىغان كېگۈەن ئاساس، لېكىن ئۇ تېخى جۇدۇڭلۇق ياكى بېيدۇڭلۇقتىن ئىبارەت رېيال نەرسە ئەمەس، پەقەت كۈرەش ئارقىلىق ۋە جۈگۈەن قابىلىيەتلەرنىڭ مۇسابىقىسى ئارقىلىقلا ئەمەلىيەتتىكى جۇدۇڭلۇق ياكى بېيدۇڭلۇق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. كۈرەش داۋامىدا جۈگۈەن يېتەكچىلىكنىڭ توغرى ياكى خاتا بولۇشى سەۋەبىدىن، توۋەنلىك

ئۈستۈنلۈككە ئايلىنىشى، بېيدۇكلۇق جۇدۇكلۇققا ئايلىنىشى مۇمكىن؛ ئۈستۈنلۈك تۆۋەنلىككە ئايلىنىشى، جۇدۇكلۇق بېيدۇكلۇققا ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. بارلىق ھوكۇمران خاندانلىقلار ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنى يېڭەلمىگەن، بۇنىڭدىن كورۇنۇپ تۇرۇپتىكى، يالغۇز مەلۇم ئۈستۈنلۈككىلا جۇدۇڭ ئورۇننى بەلگىلىمەيدۇ، بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى بەلگىلىمەيدۇ. جۇدۇكلۇق ۋە غەلىبىنى تۆۋەن ۋە بېيدۇڭ ھالەتتە تۇرغۇچىلار، ھەقىقىي ئەھۋالغا ئاساسەن، جۇگۇەن قابىلىيىتىنى جانلاندۇرۇپ، مەلۇم شەرتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۈستۈن ۋە جۇدۇڭ ھالەتتە تۇرغۇچىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشى مۇمكىن.

83. خاتا تۇيغۇ ۋە بىخەستەلىك ئۈستۈنلۈك ۋە جۇدۇكلۇقنى يوقىتىپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، پىلانلىق رەۋىشتە دۈشمەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بىخەستە تۇرغىندا زەربە بېرىش — ئۈستۈنلۈكنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ۋە جۇدۇكلۇقنى تارتىۋېلىشنىڭ ئۇسۇلى، يەنە كېلىپ مۇھىم ئۇسۇلى. خاتا تۇيغۇ دىگەن نىمە؟ «باگۇگشەن تېغىدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ ئەسكەر بولۇپ كورۇنۇشى»[19] — خاتا تۇيغۇنىڭ بىر مىسالى، «ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش» — دۈشمەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىشنىڭ ئۇسۇلى. ئەۋزەل ئاممىۋى شەرتلەر تەييارلىنىپ، خەۋەرلەر سىرتقا تارالمىغىدەك دەرىجىگە يەتكەن چاغدا، دۈشمەننى ئالداشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇلى قوللىنىلسا، دۈشمەننى خاتا ھوكۇم قىلدۇرغان ۋە خاتا ھەرىكەتلەندۈرگەن مۇشكۇل ئەھۋالغا ئۈنۈملۈك تۇردە دائىم چۈشۈرۈپ قويۇپ تۇرغىلى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۈستۈنلۈك ۋە جۇدۇكلۇقتىن مەھرۇم قىلغىلى بولىدۇ. «ئۇرۇشتا ھىلە ئىشلىتىشتىن زېرىكمە» دىگەن سوز ئەنە شۇ ئىشقا قارىتىلغان.

بىخەستەلىك دېگەن نېمە؟ تەييارلىقسىز تۇرۇش. ئۇستۇنلۇكتە تۇرغان بىلەن تەييارلىقسىز تۇرۇش ھەقىقى ئۇستۇنلۇكتە تۇرغانلىق ئەمەس، ئۇنىڭدا جۇدۇڭلۇقمۇ بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندە، توۋەن ئورۇندا تۇرغان بىلەن تەييارلىقى بولغان قوشۇن كۆپ ۋاقىتلاردا دۈشمەنگە بىخەستە تۇرغىنىدا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇستۇن ئورۇندا تۇرغان بۇ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلالايدۇ. بىز ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ئاسان دەيمىز، بۇنىڭ سەۋەبى — دۈشمەننىڭ بىخەستە، يەنى تەييارلىقسىز تۇرغانلىقى. بۇ ئىككى ئىش — دۈشمەندە خاتا تۈيغۇ پەيدا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بىخەستە تۇرغىنىدا زەربە بېرىش ئۇرۇشتا دۈشمەننى ئېنىقسىزلىقتا قالدۇرۇش، ئۆزىمىزنى بولسا، مۇمكىن قەدەر زور ئېنىقلىق بىلەن تەمىن ئېتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئۇستۇنلۇكى ۋە جۇدۇڭ-لۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۆزىمىزنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. بۇلارنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئالدىنقى ھەل قىلغۇچ شەرت — ئەۋزەل ئاممىۋى تەشكىلاتلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۈشمەنگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق لاۋبەيشىڭلارنى قوزغاپ ۋە بىردەك قوراللاندۇرۇپ، دۈشمەنگە كەڭ كۆلەملىك تۇيۇقسىز زەربە بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەۋەرلەرنى سىرتقا چىقارماسلىق ۋە ئارمىيىمىزنى يوشۇرۇش ئارقىلىق دۈشمەننى ئۆزىگە ئارمىيىمىزنىڭ قەيەردە ۋە قاچان ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدىغان قىلىپ قويۇپ، دۈشمەندە خاتا تۈيغۇ پەيدا قىلىدىغان ۋە ئۇنى بىخەستەلىكتە قالدۇرىدىغان كېڭۈەن ئاساسىنى قۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئىلگىرى يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى دەۋرىدىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى زەئىپ ھەربى كۈچ بىلەن دائىم غەلىبە قازىنىپ تۇرغىنىدا، تەشكىللەنگەن ۋە قوراللانغان

خەلق ئاممىسىدىن ئالغان ياردىمى ئىنتايىن زور بولغان ئىدى. مىللى ئۇرۇش، قائىدە بويىچە، يەر ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىدىكىگە قارىغاندا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمىگە تېخىمۇ ئىگە بولۇشى لازىم ئىدى؛ لېكىن تارىخىي خاتالىقلار[20] سەۋەبىدىن، خەلق ئاممىسى تارقاق بولدى، ئۇلاردىن بىزنىڭ دەرمەھەل پايدىلىنىشىمىز قىيىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كوپ ۋاقىتلاردا دۈشمەن پايدىلىنىپ كەتتى. پەقەت پۈتۈن خەلق ئاممىسىنى قەتئىي ۋە كەڭ كولەمدە قوزغىغاندىلا، ئۇرۇشنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى پۈتمەس-تۈگمەس تەمىنات بىلەن قامدىغىلى بولىدۇ. دۈشمەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ ۋە ئۇنى بىخەستە قالدۇرۇپ، جەڭ قىلىش بىلەنلا غەلىبە قازىنىدىغان ئۇرۇش ئۇسۇلىدىمۇ جەزمەن چوڭ رول ئوينايدۇ. بىز سۇڭ شياڭگۇڭ ئەمەسمىز، بىزگە ئۇنداق ئەخمەقلەرچە مەرتلىك ئەخلاقىنىڭ[21] كېرىكى يوق. بىز دۈشمەنىنىڭ كوز ۋە قۇلىقىنى ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بېرىچە ئېتىپ قويۇپ، ئۇنى قارىغۇ ۋە گاس قىلىپ قويۇشىمىز، ئۇنىڭ جىرخۇيىيۇەنلىرىنىڭ كاللىسىنى ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بېرىچە ئايلاندۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنى ساراڭ قىلىۋېتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۆز غەلىبىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. مانا بۇلارمۇ جۇدۇڭلۇق ياكى بىيدۇڭلۇق بىلەن جۇگۇەن يېتەكچىلىك ئوتتۇردىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت. ياپون باسقۇنچىلىرىنى يېڭىشتە بۇنداق جۇگۇەن يېتەكچىلىك بولمىسا بولمايدۇ.

84. شۇنداق قىلىپ، ياپونىيە ئۆزىنىڭ ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا ھەربى كۈچى زور بولغاچقا ۋە بىزنىڭ جۇگۇەن جەھەتتىكى تارىخىي ۋە ھازىرقى خاتالىقلىرىمىزدىن پايدىلانغاچقا، ئومۇمەن، جۇدۇڭ ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. لېكىن بۇنداق جۇدۇڭلۇق ئۇنىڭ ئۆزىدە

بولغان نۇرغۇن پايدىسىز ئامىللار ۋە ئۇرۇش داۋامىدا ئۆتكۈزگەن
جۇڭگۇەن خاتالىقلىرى (بۇ ھەقتە تۆۋەندە تەپسىلى توختىلىمىز)،
شۇنىڭدەك بىز تەرەپتە بىرمۇنچە پايدىلىق ئامىللارنىڭ بولۇشى
ئارقىسىدا قىسمەن ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. دۈشمەننىڭ تەيئېرجۇاڭدا
مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە سەنشى ئۆلكىسىدە ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالغانلىقى — بۇنىڭ روشەن دەلىلى. بىزنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپ-
دىكى پارتىزان ئۇرۇشىمىزنىڭ كەڭ راۋاجلىنىشى بولسا، ئۇنىڭ
بېسىۋالغان جايلارنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي
بېيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈردى. گەرچە دۈشمەن بۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ
جۇدۇڭلۇق بىلەن ئېلىپ بارىدىغان جەنلۈەلۈك ھۇجۇمنى تېخى داۋام
قىلدۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جۇدۇڭلۇغى ئۇنىڭ جەنلۈەلۈك ھۇجۇمى
توختىشى بىلەنلا تۈگەيدۇ. دۈشمەننىڭ ئەسكىرى كۈچىنىڭ يېتىش-
مەسلىگى ئۇنىڭ چەكسىز ھۇجۇم قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ،
بۇ — ئۇنىڭ جۇدۇڭ ئورۇنىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالماسلىقىنىڭ
بىرىنچى مەنبەئى. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان جەنيى دائىرىلىك ھۇجۇم
ئۇرۇشلىرى، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىكى پارتىزان ئۇرۇشلىرى ۋە
باشقا شەرتلەر — ئۇنىڭ ئۆز ھۇجۇمىنى مەلۇم چەككە يەتكەندە
توختىتىشقا مەجبۇر بولۇشى ۋە جۇدۇڭ ئورۇنىنى داۋاملىق ساقلاپ
قالالماسلىقىنىڭ ئىككىنچى مەنبەئى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇتلىقى
ۋە باشقا خەلقارا ئۆزگىرىشلەر — ئۈچىنچى مەنبەئى. بۇنىڭدىن
كۆرگىلى بولىدۇكى، دۈشمەننىڭ جۇدۇڭ ئورۇنى چەكلىك،
شۇنداقلا ئۇنى بۇزۇپ تاشلاشقىمۇ بولىدۇ. جۇڭگو ئەگەر ئۇرۇش
ئۇسۇلىدا ئاساسىي كۈچلەرنىڭ جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك ھۇجۇم
ئۇرۇشلىرىنى قەتئى داۋاملاشتۇرىدىغان، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىكى

پارتىزان ئۇرۇشلىرىنى شىددەتلىك راۋاجلاندۇرىدىغان بولسا ۋە سىياسى جەھەتتە خەلق ئاممىسىنى زور دەرىجىدە قوزغايدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ جەنلۇبلۇك جۇدۇڭ ئورنىنى پەيدىن-پەي تىكلىۋالالايدۇ.

85. ئەمدى جانلىقلىق ئۈستىدە توختىلىمىز. جانلىقلىق دىگەن نىمە؟ بۇ جۇدۇڭلۇقنى جەڭدە كونكرېت ئىشقا ئاشۇرۇش دىمەكتۇر، بۇ ئەسكىرىي كۈچنى جانلىق ئىشلىتىش دىمەكتۇر. ئەسكىرىي كۈچنى جانلىق ئىشلىتىش — ئۇرۇش قوماندانلىقىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ئاسانلىقچە ئوبدان ئىشلىگىلى بولمايدىغان ئىش. ئۇرۇش ئىشى، قوشۇنلارنى تەشكىللەش ۋە تەربىيلەش، خەلقنى تەشكىللەش ۋە تەربىيلەش قاتارلىقلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، قوشۇنلارنى جەڭگە سېلىشتۇر، ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن. قوشۇنلارنى تەشكىللەش ۋە باشقىلار، دەرۋەقە، قىيىن، لېكىن قوشۇنلارنى ئىشلىتىش تېخىمۇ قىيىن، بولۇپمۇ كۈچلۈكلۈككە ئاجىزلىق بىلەن قارشى تۇرغان ئەھۋالدا. بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتا ناھايىتى زور جۇگۇەن قابىلىيەت لازىم بولىدۇ، ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىدىكى قالايمىقانچىلىق، قاراڭغۇلۇق ۋە ئېنىقسىزلىقلارنى تۈگىتىش ۋە شۇ جەرياندا تەرتىپ، ئايدىڭلىق ۋە ئېنىقلىقنى تېپىش لازىم بولىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، قوماندانلىقتىكى جانلىقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

86. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ تۈپ فاڭجېنى — تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش. بۇ فاڭجېننى ئىجرا قىلىشتا ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈش ۋە توپلاش، بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەش ۋە بىرلىشىپ زەربە بېرىش، ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش،

ئۈشتۈمتۈت زەربە بېرىش ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىش، قورشۇۋېلىش ۋە ئايلىنىپ يۈرۈش، ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىشكە ئوخشاش تۈرلۈك جەڭ شۇ ياكى ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. بۇ جەڭ ئۇسۇللارنى چۈشىنىش ئوڭاي، جانلىق قوللىنىش ۋە ئۆزگەرتىپ تۇرۇش بولسا، ئوڭاي ئەمەس. بۇ يەردە پەيت، ئورۇن ۋە قىسىملاردىن ئىبارەت ئۈچ ھالقا بار. پەيت مۇۋاپىق تاللانمىسا، ئورۇن مۇۋاپىق تاللانمىسا، قىسىملارنىڭ ئەھۋالى مۇۋاپىق ھېساپقا ئېلىنمىسا، غەلىبە قازىنىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، ھەرىكەت ئۈستىدىكى مەلۇم دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتا بالدۇر ھۇجۇم قىلىنسا، ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ قويۇپ، دۈشمەنگە ئالدىن مۇداپىئە كورۇۋېلىش شارائىتى بېرىپ قويۇلىدۇ؛ كېچىكىپ ھۇجۇم قىلىنسا، دۈشمەن توپلىنىپ، ئورۇنلىشىۋالىدۇ ــ دە، قاتتىق سوڭەكنى غاجىلىغاندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ. بۇ ــ پەيت مەسىلىسى. ئۈشتۈمتۈت زەربە بېرىلىدىغان نۇقتا سول قاناتتىن تاللىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ دۈشمەننىڭ نەق ئاجىز نۇقتىسى بولۇپ چىقسا، ئوڭاي غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ؛ ئەگەر ئوڭ قاناتتىن تاللىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ دۈشمەننىڭ كۈچلۈك نۇقتىسى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايدۇ. بۇ ــ ئورۇن مەسىلىسى. مەلۇم بىر ۋەزىپىنى مەلۇم بىر قىسىم بىلەن ئىجرا قىلساق، ئاسان غەلىبە قازىنىمىز؛ خۇددى شۇ ۋەزىپىنى ئىككىنچى بىر قىسىم بىلەن ئىجرا قىلساق، نەتىجە قازىنىشىمىز قىيىن بولىدۇ. بۇ ــ قىسىملارنىڭ ئەھۋالى مەسىلىسى. جەڭ شۇنى قوللىنىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشمۇ كېرەك. ھۇجۇم قىلىشنى مۇداپىئە كورۇشكە ئايلاندۇرۇش، مۇداپىئە كورۇشنى ھۇجۇم قىلىشقا ئايلاندۇرۇش، ئىلگىرىلەشنى چېكىنىشكە ئايلاندۇرۇش، چېكىنىشنى ئىلگىرىلەشكە

ئايلاندۇرۇش، ئىسكەنجىگە ئېلىش دۈيىنى زەربىدار دۈيگە ئايلاندۇرۇش، زەربىدار دۈينى ئىسكەنجىگە ئېلىش دۈيگە ئايلاندۇرۇش، شۇنىڭدەك قورشىۋېلىش، ئايلىنىپ يۈرۈش ۋە باشقىلارنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشنى دۈشمەن قىسىملىرى بىلەن ئۆز قىسىملىرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا، دۈشمەننىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ يەر شارائىتىغا ئاساسلىنىپ، ئۆز ۋاقتىدا ۋە مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىش — جانلىق قوماندانلىقنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. جەڭ قوماندانلىقى شۇنداق بولىدۇ، جەنىي ۋە جەنلۇپ قوماندانلىقىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

87. قەدىمقىلەرنىڭ «تەتبىق قىلىشنىڭ ماھارىتى كوڭۇل قويۇشتا» دىگەن سوزىدىكى «ماھارەت»نى بىز جانلىقلىق دەپ ئاتايمىز، بۇ — ئەقىللىق جىڭخۇييۇەنىڭ مەھسۇلى. جانلىقلىق قارامىلىق ئەمەس، قارامىلىق رەت قىلىنىشى لازىم. جانلىقلىق — ئەقىللىق جىڭخۇييۇەنىڭ كىڭگۇەن ئەھۋال ۋە «پەيتىنى پەملەش، ۋەزىيەتنى كۆزىتىش» (بۇ يەردىكى ۋەزىيەت دۈشمەن ئەھۋالىنى، ئۆز ئەھۋالىمىزنى، يەر شارائىتىنى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسىدا، ۋاقتىدا ۋە مۇۋاپىق بولغان بىرتەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش قابىلىيىتى، يەنى «تەتبىق قىلىشنىڭ ماھارىتى». ئەنە شۇنداق تەتبىق قىلىشنىڭ ماھارىتىگە ئاساسلانغاندا، تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشلىرىدا كوپرەك غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ، دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئۇستۇنلۇك - تۆۋەنلىك ۋەزىيىتىنى ئوزگەرتكىلى بولىدۇ، دۈشمەنگە نىسبەتەن جۇدۇڭلۇق ھوقۇقىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دۈشمەننى بېسىپ چۈشكىلى ۋە تار - مار قىلغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

88. ئەمدى پىلانلىقلىق ئۈستىدە توختىلىمىز. ئۇرۇشتا خاس بولغان ئېنىقسىزلىق ئارقىسىدا، پىلانلىقلىقنى ئۇرۇشتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش باشقا ئىشلاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قارىغاندا كوپ قىيىن بولىدۇ. لېكىن «ھەرقانداق ئىش ئالدىن مولچەرلەنگەن بولسا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، ئالدىن مولچەرلەنمىگەن بولسا، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرايدۇ» دېگەنىدەك، ئالدىن پىلان ۋە ھازىرلىق بولماي تۇرۇپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇرۇشتا مۇتلەق ئېنىقلىق بولمايدۇ، لېكىن مەلۇم دەرىجىدە نىسبىي ئېنىقلىق يوقمۇ ئەمەس. بىزگە ئوز تەرىپىمىز بىرقەدەر ئېنىق بولىدۇ. دۈشمەن تەرەپ ناھايىتى ئېنىقسىز بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ پايىقىغىلى بولىدىغان ئالامەت، تەكشۈرۈشكە بولىدىغان ئىز ـ تىز، پىكىر يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان ئىلگىرى ـ كېيىنكى ھادىسىلەر بولىدۇ. بۇلار مەلۇم دەرىجىدىكى نىسبىي ئېنىقلىقنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنىڭ پىلانلىقلىقى كېگۈەن ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. يېقىنقى زامان تېخنىكىسى (يۈشىيەندىيەن، ۋۈشىيەندىيەن، ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، تومۇر يول، پاراخوت ۋە باشقىلار)نىڭ راۋاجلىنىشى يەنە ئۇرۇشنىكى پىلانلىقلىقنىڭ ئىمكانىيىتىنى ئاشۇردى. لېكىن ئۇرۇش دەرىجىسى خېلى تۆۋەن ھەم ۋاقتى خېلى قىسقا ئېنىقلىققىلا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشنىكى پىلانلىقلىقنىڭ تولۇق ۋە مۇقىم بولۇشى ناھايىتى قىيىن، ئۇ ئۇرۇشنىڭ ھەرىكىتى (ياكى ھەرىكەتلىنىشى، ياكى سىلجىشى)گە ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش كولىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ، ھەرخىل دەرىجىدە بولىدۇ. جەنشۇ پىلانلىرىنى، مەسىلەن، كىچىك بىگتۈەنلەر ۋە كىچىك قىسىملارنىڭ ھۇجۇم ياكى مۇداپىئە پىلانلىرىنى كۈنىگە نەچچە قېتىم

ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. جەنىيى پىلانلىرىنى، يەنى چوڭ بىكتۇەنلەرنىڭ ھەرىكەت پىلانلىرىنى، ئۇمۇمەن، جەنىينىڭ ئاخىردىغىچە يۇرگۇزگىلى بولىدۇ، لېكىن شۇ جەنىيى داۋامىدا قىسمەن ئۆزگەرتىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، پۇتۇنلەي ئۆزگەرتىشمۇ ئاندا-ساندا بولۇپ قالىدۇ. جەنلۇۋى پىلانى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالىغا ئاساسەن تۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدا تېخىمۇ زور مۇقىملىق بولىدۇ، لېكىن بۇمۇ مەلۇم جەنلۇبلۇك باسقۇچىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇرۇش يېڭى باسقۇچقا سىلجىغاندا، جەنلۇۋى پىلانىنى ئۆزگەرتىش كېرەك بولىدۇ. جەنشۇ، جەنىيى ۋە جەنلۇۋى پىلانلىرىنىڭ ئۆز دائىرىسىگە ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئېنىق بەلگىلىنىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى — ئۇرۇش قوماندانلىقىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، شۇنداقلا ئۇرۇشتىكى جانلىقلىقنىڭ كونكرېت ئەمەلگە قويۇلۇشى، ئەمەلىي تەتبىق قىلىشنىڭ ماھارىتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ھەر دەرىجىلىك جىخۇييۇەنلەر بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

89. بەزىلەر ئۇرۇشنىڭ ھەرىكەتچانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئۇرۇش پىلانلىرىنىڭ ياكى ئۇرۇش فاڭجېنلىرىنىڭ نىسبى مۇقىملىقىنى تۇپتىن ئىنكار قىلىپ، بۇنداق پىلان ياكى فاڭجېنلارنى «جىشىيلىك» نەرسە دېيىشىدۇ. بۇنداق پىكىر — خاتا. ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىپ ئۆتۇلگەندەك، بىز تولۇق ئېتىراپ قىلىمىز: ئۇرۇش ئەھۋالىدا پەقەت نىسبى ئېنىقلىقلا بولىدىغانلىقى ۋە ئۇرۇش تېز ئالغا قاراپ ھەرىكەتلىنىدىغانلىقى (ياكى ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، سىلجىيدىغانلىقى) ئۇچۇن، ئۇرۇش پىلانى ياكى فاڭجېنىمۇ پەقەت نىسبى مۇقىملىققىلا ئىگە بولۇشى كېرەك، شۇڭا ئۇلارنى ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە

ئۇرۇشنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا قاراپ، ئۆز ۋاقتىدا يېڭىلاش ياكى ئۆزگەرتىش لازىم، مۇنداق قىلمايدىغان بولساق، جىشىپجۇيىچىلارغا ئايلىنىپ قالىمىز. لېكىن مەلۇم ۋاقىتلىق نىسبىي مۇقىملىققا ئىگە ئۇرۇش پىلانلىرىنىڭ ياكى فاڭجېنلىرىنىڭ بولۇشىنى ھەرگىز ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ؛ بۇنى ئىنكار قىلغانلىق ھەممىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ، ھەتتا ئۇرۇشنىڭ ئۆزىنىمۇ، سۆزلىگۈچى ئۆزىنىمۇ ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇرۇش ئەھۋالى ۋە ھەرىكەتلىرى نىسبىي مۇقىملىققا ئىگە بولغانلىقتىن، شۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىپ چىقىدىغان ئۇرۇش پىلانلىرى ياكى فاڭجېنلىرىمۇ نىسبىي مۇقىملىققا ئىگە قىلىنىشى لازىم. مەسىلەن، خۇابېيدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى ۋە 8 ـ ئارمىيىنىڭ بۆلۈنۈپ ئۇرۇش قىلىش ھەرىكەتلىرى مەلۇم باسقۇچتىكى مۇقىملىققا ئىگە بولغانلىقتىن، شۇ مەلۇم باسقۇچتا 8 ـ ئارمىيىنىڭ «ئاساسەن پارتىزان ئۇرۇشى قىلىش، لېكىن ئەپلىك شارائىتتا يۈندۈڭجەننىمۇ قولدىن بەرمەسلىك» دېگەن جەنلۆېلۈك ئۇرۇش فاڭجېنىنى نىسبىي مۇقىملىققا ئىگە قىلىش پۈتۈنلەي زۆرۈر. جەنيى فاڭجېنىنىڭ مۇۋاپىق كېلىش ۋاقتى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان جەنلۆېلۈك فاڭجېنىنىڭكىگە قارىغاندا قىسقىراق بولىدۇ، جەنشۇ فاڭجېنىنىڭ تېخىمۇ قىسقا بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم ۋاقىتتىكى مۇقىملىققا ئىگە. بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلىندىكەن، ئۇرۇشتا قەيەردىن كىرىشىشنى بىلگىلى بولمايدۇ، بۇ قەتئىي بىر پىكىرگە كېلەلمەيدىغان، بۇمۇ توغرى ئەمەس، ئۇمۇ توغرى ئەمەس ياكى بۇمۇ توغرى، ئۇمۇ توغرى دەيدىغان ئۇرۇش نىسبىيچىلىكى بولۇپ قالىدۇ. ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇكى، مەلۇم بىر مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە مۇۋاپىق بولغان فاڭجېنمۇ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ھەرىكەتلىنىش بولمىسا، بۇ فاڭجېننى تاشلاش ۋە

ئىككىنچى بىر فاكتېنىي قولىلىنىش ئىشى بولمايدۇ. لېكىن بۇنداق ھەرىكەتلىنىش چەكلىك بولىدۇ، يەنى بۇ ھەرىكەتلىنىش شۇ فاكتېن ئىچرا قىلىنىدىغان تۈرلۈك ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ دائىرىسىدە بولىدۇ، ئەمما بۇ شۇ فاكتېندىكى تۈپ خاراكتېرلىق ھەرىكەتلىنىش ئەمەس، يەنى سۈپەت جەھەتتىن ھەرىكەتلىنىش ئەمەس، بەلكى سان جەھەتتىن ھەرىكەتلىنىش. بۇنداق تۈپ خاراكتېردا مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە ھەرگىز ھەرىكەتلىنىش بولمايدۇ، مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدىكى نىسبىي مۇقىملىق دېگىنىمىز مۇشۇ نۇقتىنى كورسىتىدۇ. مۇتلەق ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان پۈتۈن ئۇرۇش ئېقىمىدا ھەرقايسى سىنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىم باسقۇچتىكى نىسبىي مۇقىملىقى بولىدۇ ـــــ بىزنىڭ ئۇرۇش پىلانى ياكى ئۇرۇش فاكتېنىنىڭ تۈپ خاراكتېرى توغرىسىدىكى پىكرىمىز ئەنە شۇنداق.

90. جەنلۇې جەھەتتە ئىچكى سەپتە بولىدىغان، ئۇزاقتا سوزۇلىدىغان مۇداپىئە ئۇرۇشى ۋە جەنيى ھەم جەڭ جەھەتتە تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى توغرىسىدىكى سوزلەپ بولغاندىن كېيىن، شۇنىڭدەك جۇدۇگلۇق، جانلىقلىق ۋە پىلانلىقلىق توغرىلىقمۇ سوزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇمۇملاشتۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز سوز قىلىشىمىز مۇمكىن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پىلانلىق بولۇشى كېرەك. ئۇرۇش پىلانلىرىمىز، يەنى جەنلۇې ۋە جەنشۇلىرىمىزنىڭ كونكرېت قوللىنىلىشى جانلىق بولۇشى، ئۇرۇش ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىشى لازىم. دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، توۋەنلىكنى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى، بېيدۇگلۇقنى جۇدۇگلۇققا ئايلاندۇرۇشنى ھەممە يەردە نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى جەنيى

ۋە جەڭ جەھەتتە تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەنلۇۋې جەھەتتە ئىچكى سەپتە بولىدىغان، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان مۇداپىئە ئۇرۇشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

## يۇندۇڭجەن، پارتىزان ئۇرۇشى، جېندىجەن

91. ئۇرۇشنىڭ مەزمۇنى بولغان جەنلۇۋېلۇك ئىچكى سەپ، جەنلۇۋېلۇك ئۇزاققا سوزۇش ۋە جەنلۇۋېلۇك مۇداپىئە داۋامىدىكى جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى ئۇرۇش شەكلى جەھەتتىن يۇندۇڭجەن ئۇرۇشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. يۇندۇڭجەن — مۇنتىزىم بىڭتۇەنلەرنىڭ ئۇزۇن ئۇرۇش سەپلىرىدە ۋە كەڭ ئۇرۇش رايونلىرىدا جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشىنىڭ شەكلى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئەنە شۇ ھۇجۇم ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن بەزى زورۇر پەيتلەردە يۈرگۈزۈلىدىغان «ھەرىكەتلىك مۇداپىئە»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭدەك ياردەمچىلىك رولىنى ئوينايدىغان جېندى ھۇجۇمى ۋە جېندى مۇداپىئەسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇنداق: مۇنتىزىم بىڭتۇەن، جەنيى ۋە جەڭ جەھەتتە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ، ھۇجۇمچانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىق.

92. جۇڭگونىڭ زېمىنى كەڭ، ئەسكىرى نۇرغۇن، لېكىن ئارمىيىسىنىڭ تېخنىكىسى ۋە تەلىم ئېلىشى يېتەرلىك ئەمەس؛ دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمەيدۇ، لېكىن ئارمىيىسىنىڭ تېخنىكىسى ۋە

تەلىم ئېلىشى بىرقەدەر ياخشى. بۇنداق ئەھۋالدا، شەكسىزكى، ھۇجۇم ئېلىپ بېرىلىدىغان يۇندۇڭچەننى ئاساسىي ئۇرۇش شەكلى قىلىپ، باشقا شەكىللەرنى ياردەمچى قىلىپ، پۈتۈن يۇندۇڭچەننى تەشكىل قىلىش كېرەك. بۇ يەردە «چېكىنىشنىلا بىلىپ، ھۇجۇم قىلىشنى بىلمەيدىغان» قاچقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە «ھۇجۇم قىلىشنىلا بىلىپ، چېكىنىشنى بىلمەيدىغان» جانپىداچىلىقمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك.

93. يۇندۇڭچەننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ھەرىكەت- چانلىقى بولۇپ، يېچەنجۇننىڭ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىگە ۋە چېكىنىشىگە يول قويۇپلا قالماي، بەلكى شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭ خەن فۇجۇيچە قاچقۇنلۇققا[22] ئوخشايدىغان يېرى يوق. ئۇرۇشنىڭ تۈپ تەلىۋى: دۈشمەننى يوقىتىش؛ يەنە بىر تەلىۋى: ئۆزنى ساقلاش. ئۆزنى ساقلاشتىن مەقسەت — دۈشمەننى يوقىتىش؛ دۈشمەننى يوقىتىش بولسا، ئۆزنى ساقلاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇندۇڭچەن خەن فۇجۇيگە ئوخشاشلارغا ھەرگىز بانا بولۇپ بەرمەيدۇ، ئۇ ھەرگىز ئارقىغىلا چېكىنىدىغان، ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغان يۇندۇڭ ئەمەس؛ بۇنداق «يۇندۇڭ» يۇندۇڭچەننىڭ ئاساسى بولغان ھۇجۇمچانلىقنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇ يولغا قويۇلسا، جۇڭگو چوڭ بولسىمۇ، «يۇندۇڭ» بىلەن تۈگەپ كېتىدۇ.

94. لېكىن يەنە بىر خىل ئىدىيە، يەنى ھۇجۇم قىلىشنىلا بىلىپ، چېكىنىشنى بىلمەيدىغان جانپىداچىلىقمۇ توغرى ئەمەس. بىز جەنيى ۋە جەڭ دائىرىلىك تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشلىرىنى مەزمۇن قىلغان يۇندۇڭچەننى قۇۋۋەتلەيمىز،

ئۇ ياردەمچى رول ئوينايدىغان جېندىجەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا «ھەرىكەتلىك مۇداپىيە»نى ۋە چېكىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلار بولمىسا، يۇندۇكجەننى تولۇق ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. جانپىداچىلىق ھەربى جەھەتتىكى جىنشىيەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەئى، كوپيۇنچە، يەرلەر قولدىن كېتىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇش. جانپىداچىلار يۇندۇكجەننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ھەرىكەتچانلىقى بولۇپ، يىجەنجۇننىڭ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىگە ۋە چېكىنىشىگە يول قويۇپلا قالماي، بەلكى شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئىجابى جەھەتتىن ئالغاندا، دۈشمەننى ئۆزىگە پايدىسىز، بىزگە پايدىلىق ئۇرۇشقا تارتىش ئۈچۈن، كوپيۇنچە، دۈشمەننىڭ ھەرىكەتتە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بىزگە پايدىلىق بىرمۇنچە شەرتلەرنىڭ بولۇشى، مەسىلەن، ئەپلىك يەر شارائىتىنىڭ بولۇشى، ھۇجۇم قىلىشىمىزغا ئەپلىك دۈشمەن ئەھۋالىنىڭ بولۇشى، خەۋەرلەرنى سىرتقا چىقارمايدىغان ئاھالىنىڭ بولۇشى، دۈشمەننىڭ ھېرىشى ھەم بىخەستە قېلىشى ۋە باشقىلار تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، قىسمەن يەرلەر ۋاقىتلىق قولدىن كەتسە كەتسۇن. چۈنكى يەرلەرنى ۋاقىتلىق ۋە قىسمەن قولدىن بېرىش — يەرلەرنى پۈتۈنلەي ۋە مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ھەم قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن بەدەل. سەلبى جەھەتتىن ئالغاندا، مەجبۇرەن ئەپسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەربى كۈچىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشىغا تۈپتىن خەۋپ يەتكەن چاغدا باتۇرلۇق بىلەن چېكىنىش لازىم، بۇ ھەربى كۈچنى ساقلاپ قېلىپ، يېڭى پەيتتە دۈشمەنگە قايتا زەربە بېرىش ئۈچۈن. جانپىداچىلار بۇ داۋلىنى بىلمەيدۇ،

ئېنىق پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى روشەن تۇرسىمۇ، بىرەر شەھەر، بىرەر جاينىڭ قولىدا تۇرۇش - تۇرماسلىقى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، نەتىجىدە شەھەرلەرنىمۇ، جايلارنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇپلا قالماي، بەلكى ھەربى كۈچنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ. بىزنىڭ «دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش»نى قۇۋەتلەپ كەلگەنلىك-مىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ — جەنلۇبلۇك مۇداپىئە داۋامىدا كۈچلۈك ئارمىيىگە قارشى ئاجىز ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك ھەربى سىياسەت.

95. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇرۇش شەكىللىرى ئىچىدە ئاساسلىقى يۇندۇگجەن، ئاندىن قالسا، پارتىزان ئۇرۇشى ھېساپلىنىدۇ. بىز، پۈتۈن ئۇرۇش داۋامىدا يۇندۇگجەن ئاساسىي ئورۇندا، پارتىزان ئۇرۇشى ياردەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دېگىنىمىزدە، ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئاساسەن مۇنتىزىم ئۇرۇشقا، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى يۇندۇگجەنگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىشتەك بۇنداق ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى پارتىزان ئۇرۇشى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى كوزدە تۇتىمىز. لېكىن بۇنىڭ-دىن، پارتىزان ئۇرۇشنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى جەنلۇبلۇك ئورنى مۇھىم ئەمەس، دېگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ. پارتىزان ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدىكى جەنلۇبلۇك ئورنى يۇندۇگجەندىنلا كېيىن تۇرىدۇ، چۈنكى پارتىزان ئۇرۇشنىڭ ياردىمىسىز دۈشمەننى يەڭگىلى بول-مايدۇ. بۇنداق دېگىنىمىز پارتىزان ئۇرۇشنىڭ يۇندۇگجەنگە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت جەنلۇبلۇك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك، دەھشەتلىك ئۇرۇش داۋامىدا پارتىزان ئۇرۇشى

ئاۋالقى ئورنىدا تۇرۇۋەرمەيدۇ، ئۇ ئوزىنى يۇندۇگەن دەرىجىسگە كوتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇبلۇك رولى ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ: بىرى — مۇنتىزىم ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش، يەنە بىرى — ئوزىنىمۇ مۇنتىزىم ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇش. پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى داۋا- مىدا مىسلىسىز كەڭ بولىدىغانلىقى ۋە مىسلىسىز ئۇزاققا سوزۇلىدىغان- لىقى جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جەنلۇبلۇك ئورنىغا سەل قارىغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، جۇڭگودا پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ ئوزىدە جەنشۇ مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئالاھىدە جەنلۇي مەسىلىسىمۇ بار. بۇ مەسىلە ئۇستىدە مەن «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇي مەسىلىسى» دېگەن ماقالامدا سوزلەپ ئوتكەن ئىدىم. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتتۇق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئۇچ جەنلۇبلۇك باسقۇچە- دىكى ئۇرۇش شەكىللىرى ئىچىدە بىرىنچى باسقۇچتا يۇندۇگەن ئاساسىي ئورۇندا، پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن جېندىجەن ياردەمچى ئورۇنىدا تۇرىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا پارتىزان ئۇرۇشى ئاساسىي ئورۇنغا كوتۇرۇلىدۇ، يۇندۇگەن بىلەن جېندىجەن بولسا، ياردەمچى قىلىنىدۇ. ئۇچىنچى باسقۇچتا يۇندۇگەن يەنە ئاساسىي شەكىلگە كوتۇرۇلىدۇ، جېندىجەن بىلەن پارتىزان ئۇرۇشى بولسا، ياردەمچى قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئۇچىنچى باسقۇچتىكى يۇندۇگەنىنىڭ ھەم- مىسىنىلا ئىلگىرىكى مۇنتىزىم ئارمىيە ئۇستىگە ئالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى، ئېھتىمال، خېلى مۇھىم بىر قىسمىنى پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتىن يۇندۇگەن ئېلىپ بېرىشقا كوتۇرۇلگەن ئىلگىرىكى پارتىزان قوشۇنلىرى ئۇستىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇچ باسقۇچتىن

قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى ھەرگىز بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئۇرۇش ئەمەس. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا مىسلىسىز ئۇلۇق بىر پەردە ئاچىدۇ. شۇ سەۋەپتىن پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى بىر نەچچە مىليون كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىدىن كەم دېگەندە بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىنى ئاجرىتىپ، دۈشمەن بېسىۋالغان ھەممە جايلارغا تارقىتىش، خەلق ئاممىسىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنى قوزغاپ ۋە ئۇلار بىلەن ماسلىشىپ، پارتىزان ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىش پۈتۈنلەي زۆرۈر. ئاجرىتىلغان قوشۇنلار بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم، چوڭ جەڭلەر ئاز بولىدىكەن، بىر مەزگىل مىللى قەھرىمانلارغا ئوخشاش بولالماي قالىدىكەنمىز، سالاھىيىتىمىز تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن، دەپ ئويلىماسلىقى كېرەك، بۇنداق ئوي خاتا. پارتىزان ئۇرۇشى مۇنتىزىم ئۇرۇشتەك تېز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان ۋە شان ـ شوھرەت كەلتۈرىدىغان ئۇرۇش بولمىسىمۇ، لېكىن «ئات ئۇزۇن يولدا سىنىلار، ئادەم ئۇزاق ئىشتا دېگەندەك»، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە دەھشەتلىك ئۇرۇش داۋامىدا پارتىزان ئۇرۇشى ئۆزىنىڭ ناھايىتى زور قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ، ھەقىقەتەن، ئانچىكى ئىشلاردىن ئەمەس. شۇنىڭدەك مۇنتىزىم ئارمىيە بولۇنۇپ پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بارالايدۇ، توپلىنىپ يۈندۈكچەنمۇ ئېلىپ بارالايدۇ، 8 ـ ئارمىيە ئەنە شۇنداق قىلدى. 8 ـ ئارمىيىنىڭ فاڭجېنى: «ئاساسەن پارتىزان ئۇرۇشى قىلىش، لېكىن ئەپلىك شارائىتتا يۈندۈكچەنمۇ قولدىن بەرمەسلىك.» بۇ فاڭجېن پۈتۈنلەي توغرى، بۇ فاڭجېنغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ نۇقتەئى نەزىرى ناتوغرى.

96. مۇداپىئە كۆرىدىغان ۋە ھۇجۇم قىلىدىغان جېندىجەننى جۇڭگونىڭ ھازىرقى تېخنىكا شارائىتىدا ئۇمۇمەن ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بۇمۇ بىز ئاجىزلىقىمىزنى كۆرسىتىپ قويىدىغان يەر. بۇنىڭدىن تاشقىرى، دۈشمەن جۇڭگونىڭ يېرىنىڭ كەڭلىگىدىن پايدىلىنىپ، بىزنىڭ جېندى ئىنشائاتلىرىمىزدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جېندىجەندىن مۇھىم ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولمايدۇ، ئاساسىي ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىش توغرىسىدا تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچلىرىدا يۈندۈڭجەن دائىرىسىگە كىرىدىغان، جەنيى ئۇرۇشلىرىدا ياردەمچى رول ئوينايدىغان قىسمەن جېندىجەننى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ۋە زۆرۈر. قەدەمدە بىر قارشىلىق كۆرسىتىش يولى بىلەن دۈشمەننى خورىتىش ۋە كەڭتاشا ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە قوللىنىلىدىغان يېرىم جېندىلىق بولغان «ھەرىكەتلىك مۇداپىئە»نىڭ يۈندۈڭجەننىڭ زۆرۈر قىسمى بولۇشى تېخىمۇ ئېنىق. جۇڭگو جەنلۈبىلۈك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدا جېندى ھۇجۇملىرى ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن، يېڭى شەكىلدىكى قۇراللارنى كۆپەيتىشكە تىرىشىشى كېرەك. جەنلۈبىلۈك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدا، شۈبھىسىزكى، جېندىجەننىڭ ئورنى كۆتۈرۈلىدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا دۈشمەن ئۆز جېندىسىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىدۇ، يۈندۈڭجەنگە كۈچلۈك جېندىلىق ھۇجۇم بىلەن ماسلاشمىساق، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۈچىنچى باسقۇچتا يۈندۈڭجەننى ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى قىلىشقا يەنىلا تىرىشىشىمىز لازىم. چۈنكى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتى ۋە ئادەملەرنىڭ جانلىقلىقى بىرىنچى دۇنيا

ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن غەربىي ياۋروپا رايونىدا بولغاندىكىدەك جىددىيجەنگە دۇچ كېلىدىغان بولسا، تەگدىن تولىسى بەربات بولغان بولاتتى. لېكىن زىمىنى كەڭ جۇڭگودا بولۇۋاتقان ئۇرۇشتا ۋە جۇڭگو تەرەپتە تېخىچە ئاجىزلىقى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىنىپ تۇرىدىغان بۇنداق ئەھۋالدا، «ئۇرۇشنى ئاكوپلاردىن ئازات قىلىش» ئىشى تەبىي ھالدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئۇچىنچى باسقۇچتا جۇڭگونىڭ تېخىچە شارائىتى ئوسىدىغان بولسىمۇ، لېكىن دۇشمەنىڭكىدىن ئوتتۇپ كېتەلىشى ناتايىن، بۇنداق ئەھۋالدىمۇ، يۇكسەك يۇندۇگجەنگە تىرىشىپ ئەھمىيەت بېرىشكە مەجبۇر بولىمىز، بۇنداق قىلماي تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۇرۇش مەقسىدىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، پۇتۇن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا جۇڭگو جىددىيجەننى ئاساسىي شەكىل قىلمايدۇ، ئاساسىي ۋە مۇھىم شەكىل يۇندۇگجەن ۋە پارتىزان ئۇرۇشى بولىدۇ. ئۇرۇشنىڭ بۇ شەكىللىرىدە ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتى ۋە ئادەملەرنىڭ جانلىقلىقى تولۇق جارى قىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ، بۇ شۇنداقلا بىزنىڭ بەختىمىزلىگىمىز ئىچىدىكى بەخت!

## خورىتىش ئۇرۇشى، يوقىتىش ئۇرۇشى

97. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتتۇق، ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى، يەنى ئۇرۇشنىڭ مەقسىدى — ئوزنى ساقلاش، دۇشمەننى يوقىتىش. لېكىن بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئۇرۇش شەكلى يۇندۇگجەن، جىددىيجەن ۋە پارتىزان ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۇچ خىل بولىدۇ، بۇلارنىڭ ئەمەلگە

ئاشۇرۇلغان چاغدىكى ئۇنۇمى دەرىجە جەھەتتە پەرقلىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار، ئومۇمەن، خورىتىش ئۇرۇشى ۋە يوقىتىش ئۇرۇشى دېگەنلەرگە بولۇنىدۇ.

98. بىز ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتالايمىزكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خورىتىش ئۇرۇشى، ئەينى ۋاقىتتا يەنە يوقىتىش ئۇرۇشى. نېمە ئۈچۈن؟ دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلۈك ئامىلى تېخى جارى قىلىنىۋاتىدۇ، جەنلۇپ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋە جۇدۇڭلۇغى ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرۇۋاتىدۇ، جەنىي ۋە جەڭ دائىرىلىك يوقىتىش ئۇرۇشى بولماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈك ئامىلىنى ئۈنۈملۈك ۋە تېز يوقاتىقىلى، ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ۋە جۇدۇڭلۇغىنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئاجىزلىق ئامىلىمىز ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرماقتا، جەنلۇپ جەھەتتىكى تۇۋەنلىك ۋە بىيدۇڭلۇقتىن تېخى قۇتۇلۇپ كەتكىنىمىز يوق، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىچكى ۋە خەلقارا شەرت ـ شارائىتنى ياخشىلاش، ئۆزىمىزنىڭ ئەپسىز ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتىشمۇ جەنىي ۋە جەڭ دائىرىلىك يوقىتىش ئۇرۇشى بولماي ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەنىي دائىرىلىك يوقىتىش ئۇرۇشى — جەنلۇپلۇك خورىتىش ئۇرۇشى مەقسىدىگە يېتىشنىڭ ۋاستىسى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يوقىتىش ئۇرۇشىنىڭ ئۆزى — خورىتىش ئۇرۇشى. جۇڭگونىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئېلىپ بارالىشى ئۈچۈن يوقىتىش يولى ئارقىلىق خورىتىشقا يېتىش — ئاساسىي ۋاستە.

99. لېكىن جەنلۇپ جەھەتتىن خورىتىش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلار ئىچىدە يەنە جەنىي دائىرىلىك خورىتىش ئۇرۇشى بار. ئومۇمەن، يۇندۇڭجەن يوقىتىش ۋەزىپىسىنى

ئىجرا قىلىدۇ، جىددىيجەن خورىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ، پارتىزان ئۇرۇشى خورىتىش ۋەزىپىسىنىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئىجرا قىلىدۇ. بۇ ئۇچى بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يوقىتىش ئۇرۇشى خورىتىش ئۇرۇشىغا ئوخشىمايدۇ. جەنىي دائىرىلىك خورىتىش ئۇرۇشى ياردەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇزاقخا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق.

100. نەزەرىيە ۋە ئېھتىياج جەھەتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگو مۇداپىيە باسقۇچىدا يۇندۇگجەننىڭ ئاساسەن يوقىتىش خاراكتېرىدىن ۋە پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ قىسمەن يوقىتىش خاراكتېرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ياردەمچى خاراكتېردىكى جىددىيجەننىڭ ئاساسەن خورىتىش خاراكتېرى ۋە پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ قىسمەن خورىتىش خاراكتېرىدىن پايدىلىنىشنى قوشۇپ، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى كۆپلەپ خورىتىشتىن ئىبارەت جەنلۈبىلۈك مەقسەتكە يېتىشى كېرەك. تىركىشىش باسقۇچىدا پارتىزان ئۇرۇشى ۋە يۇندۇگجەننىڭ يوقىتىش خاراكتېرى ۋە خورىتىش خاراكتېرىدىن داۋاملىق پايدىلىنىپ، دۈشمەننى يەنىمۇ كۆپلەپ خورىتىشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۇزاققا سوزۇپ، دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ۋەزىيەتنى پەيدىن-پەي ئۆزگەرتىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتۇش شەرتىنى تەييارلاش ئۈچۈن. جەنلۈبىلۈك قايتۇرما ھۇجۇم ۋاقتىدا دۈشمەننى ئۇزۇل-كېسىل قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، يوقىتىش يولى ئارقىلىق خورىتىشقا يېتىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

101. لېكىن ئەمەلىيەتتە 10 ئايلىق تەجرىبە شۇ بولدىكى، بىرمۇنچە، ھەتتا كۆپچىلىك يۇندۇگجەن جەنىيلىرى خورىتىش ئۇرۇشىغا

ئايلىنىپ كەتتى؛ پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ تېگىشلىك يوقىتىش رولى بەزى رايونلاردا تېخى تېگىشلىك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگىنى يوق. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ياخشى يېرى شۇكى، مەيلى قانداقلىكى بولسۇن، بىز بەرىبىر دۇشمەننى خوراتتۇق، بۇنىڭ ئۇرۇشنى ئۇزاققا سوزۇش ۋە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئەھمىيىتى بار، بىزنىڭ قېنىمىز بىكار ئاقمىدى. لېكىن كەمچىلىكى: بىرىنچىدىن، بىز دۇشمەننى يېتەرلىك دەرىجىدە خورىتالمىدۇق؛ ئىككىنچىدىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ كۆپرەك چىقىم تارتىشىدىن ساقلىنالمىدۇق، غەنىمەتلىرىمىز ئازراق بولدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلىرىنى، يەنى تېخنىكا جەھەتتە ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم ئېلىش دەرىجىسى جەھەتتە دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پەرقنى ئېتىراپ قىلىش لازىم بولسىمۇ، لېكىن نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە، مەيلى قانداقلىكى بولسۇن، ئاساسىي كۈچلىرىمىزنىڭ بارلىق ئەپلىك ئورۇنلاردا يوقىتىش ئۇرۇشىنى تىرىشىپ ئېلىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. پارتىزان دۈيلىرى گەرچە نۇرغۇن كونكرېت ۋەزىپىلەرنى، مەسىلەن، ۋەيران قىلىش ۋە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشقا ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، نوقۇل خورىتىش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارماي بولمىسىمۇ، لېكىن دۈشمەننى كۆپلەپ خورىتىش ھەم ئۆزىنى كۆپلەپ تولۇقلاش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، جەنۇبىي ۋە جەڭلەردىكى بارلىق ئەپلىك ئورۇنلاردا يوقىتىش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلارنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە تىرىشىپ ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

102. تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى دېگەندىكى تاشقى سەپ، تېز ھەل قىلىش ۋە ھۇجۇم، شۇنىڭدەك يۈندۈگچەن دېگەندىكى يۈندۈك دېگىنىمىز جەڭ شەكىللىرى جەھەتتە،

ئاساسەن، قورشىۋېلىش ۋە ئايلىنىپ يۈرۈش جەنشۇسىنى قوللىنىش دېمەكتۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاشقا توغرى كېلىدۇ. شۇڭا، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، قورشىۋېلىش ۋە ئايلىنىپ يۈرۈش جەنشۇسىنى قوللىنىش — يۈندۈگجەن ئېلىپ بېرىشنىڭ، يەنى تاشقى سەپتە بولىدىغان، تېز ھەل قىلىدىغان ھۇجۇم ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ زورۇر شەرتى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەننى يوقىتىش مەقسىدى ئۈچۈن.

103. ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭ قۇرال - ياراق-لىرىدىلا ئەمەس، يەنە ئۇنىڭ جۈنگۈەن ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ تەلىم ئېلىشى — ئۇلارنىڭ تەشكىللىچانلىقى، ئىلگىرى ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولۇپ باقمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش كەيپى-ياتى، ئۆز تيەنخۇاڭى بىلەن مەبۇتلىرىغا چوقۇنۇشى، مەنمەنلىك غۇرۇرى، جۇڭگولۇقلارنى كوزگە ئىلماسلىقى ۋە باشقا خۇسۇسىيەت-لىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ؛ بۇلار ياپون جۇنفالىرىنىڭ كوپ يىللار داۋامىدا بەرگەن ساموُرايلىق تەربىيىسى ۋە ياپونلارنىڭ مىللى ئورۇپ - ئادەتلىرى ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئارمىيىمىزنىڭ ئۇلار-دىن ئولتۇرگەن ۋە ياردار قىلغانلىرىنىڭ ناھايىتى كوپ، ئەسىر ئالغانلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئاساسى سەۋەبى ئەنە شۇنىڭدا. بۇ نۇقتىنى ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر يېتەرلىك مولچەر-لىمىدى. بۇنداق ئەھۋالنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇزۇن بىر جەريان كېرەك. ئالدى بىلەن بۇ خۇسۇسىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئاندىن كېيىن بۇ خۇسۇسىيەتكە قارىتا سەۋرلىك ۋە پىلانلىق ھالدا سىياسى جەھەتتىن، خەلقارا تەشۋىقات جەھەتتىن ۋە ياپونىيىدىكى خەلق ھەرىكىتى جەھەتتىن بولۇپ كوپ تەرەپتىن ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز

كېرەك؛ ھەربىي جەھەتتىكى يوقىتىش ئۇرۇشىمۇ بۇنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇ يەردە ئۇمىتسىزلەنگۈچىلەر ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىنى ئاساس قىلىپ، مۇنقەرىزچىلىك قارىشىغا باشلىشى مۇمكىن، پاسسىپ ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرمۇ شۇنى ئاساس قىلىپ، يوقىتىش ئۇرۇشىغا قارشى چىقىشى مۇمكىن. بىز بۇنىڭ ئەكسىچە، بىز، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىنى بۇزۇۋېتىشقا بولىدۇ، بەلكى بۇنداق بۇزۇش باشلاندى، دەپ ھېسابلايمىز. بۇزۇش ئۇسۇلى، ئاساسەن، سىياسىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرۈش. ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ غۇرۇرىنى ھاقارەتلىمەي، بەلكى ئۇلارنىڭ بۇنداق غۇرۇرىنى چۈشىنىش ۋە توغرى يولغا باشلاش كېرەك، ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنى ياپونىيە ھوكۇمرانلىرىنىڭ خەلققە قارشى تاجاۋۇزچىلىقىنى چۈشىنىشكە يېتەكلىشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ تىز پۈكمەس روھىنى ۋە باتۇر-قەيسەر جەڭگىۋارلىق كۈچىنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك، يوقىتىش ئۇرۇشى بىلەن زەربە بېرىش ئەنە شۇ. جەڭ قىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، 10 ئايلىق تەجرىبە دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدى، پىڭشىڭگۇەن ۋە تەيئېرجۇاڭ جەڭلىرى — بۇنىڭ روشەن دەلىلى. ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ روھىي جەھەتتىن ئىككىلىنىشكە باشلىغانلىقى، ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنمەسلىكى، جۇڭگو ئارمىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغانلىقى، ھۇجۇمغا ئېتىلىش جاسارىتىنىڭ جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئاجىز بولغانلىقى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يوقىتىش ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا پايدىلىق بولغان كېڭەيگەن شەرتلەر، بۇ شەرتلەر ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا

سوزۇلۇشى بىلەن بىللە كۈنساناپ تەرەققى قىلىپ بارىدۇ. يوقىتىش ئۇرۇشى بىلەن دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش جەھەتتىن ئالغاندا، دۈشمەننى يوقىتىش ئۇرۇش جەريانىنى قىسقارتىپ، ياپون ئەسكەرلىرى ۋە ياپون خەلقىنى بالدۇرراق ئازات قىلىشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ. دۇنيادا پەقەت مۇشۇك بىلەن مۇشۇك دوست بولغان ئىش باركى، مۇشۇك بىلەن چاشقان دوست بولغان ئىش يوق.

104. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، تېخىنكا ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم ئېلىش دەرىجىسى جەھەتتە ھازىر بىز دۈشمەنگە يېتەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەننى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە يوقىتىش، مەسىلەن، ھەممىسىنى ياكى كوپ قىسمىنى ئەسىر ئېلىش ئىشى نۇرغۇن ئورۇنلاردا، بولۇپمۇ تۈزلەڭلىكلەردىكى جەڭلەردە قىيىن بولىدۇ. تېز غەلىبە قازىنىش قارىشىدىكىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپلىرىمۇ ناتوغرىلىققا ياتىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى توغرى تەلەپ مۇنداق بولۇشى كېرەك: مۇمكىن قەدەر يوقىتىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش. ئەپلىك بولغان ھەممە ئورۇنلاردا ھەر بىر جەڭدە ئۈستۈن ئەسكىري كۈچنى توپلاپ، قورشىۋېلىش ۋە ئايلىنىپ يۈرۈش جەنشۇسىنى قوللىنىش — دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى قورشىۋېلىش مۇمكىن بولمىسا، بىر قىسمىنى بولسىمۇ قورشىۋېلىش، قورشىۋېلىنغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئەسىر ئېلىش مۇمكىن بولمىسا، قورشىۋېلىنغىنىنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئەسىر ئېلىش، قورشىۋېلىنغىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئەسىر ئېلىش مۇمكىن بولمىسا، قورشىۋېلىنغىنىنىڭ بىر قىسمىغا بولسىمۇ كوپلەپ تالاپەت يەتكۈزۈش كېرەك. يوقىتىش ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا

ئەپلىك بولمىغان ھەممە ئورۇنلاردا بولسا، خورستىش ئورۇشنى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئالدىنقىسىدا ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش پرىنسىپىنى؛ كېيىنكىسىدە بولسا، ئەسكىرىي كۈچنى بولۇش پرىنسىپىنى قوللىنىش كېرەك. جەنىيىدىكى قوماندانلىق مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئالدىنقىسىدا مەركەزلەشتۈرۈپ قوماندانلىق قىلىش پرىنسىپىنى؛ كېيىنكىسىدە بولسا، تارقاق قوماندانلىق قىلىش پرىنسىپىنى قوللىنىش لازىم. مانا بۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ تۈپ فاڭجېنى.

## دۈشمەننىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىمكانىيەتلىكلىگى

105. دۈشمەننى يېڭىشنىڭ مۇمكىنلىگى دۈشمەننىڭ قوماندانلىغى جەھەتتىنمۇ ئۆز ئاساسىغا ئىگە. خاتالاشمايدىغان جياڭجۈن قەدىمدىن تارتىپ بولۇپ باقمىغان، خۇددى بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭمۇ نۇقساندىن خالى بولۇشىمىز قىيىن بولغاندەك، دۈشمەندىنمۇ نۇقسان تېپىش مۇمكىن، دېمەك، دۈشمەننىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىمكانىيىتى مەۋجۇت. جەنلۈي ۋە جەنيى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۈشمەن 10 ئايلىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ چوڭلىرى — بەش. بىرىنچىسى — ئەسكىرىي كۈچنى كۆپەيتىشنىڭ پەيدىن-پەي بولغانلىغى. بۇ دۈشمەننىڭ جۇڭگونى يېتەرلىك مولچەرلىمىگەنلىگىدىن بولدى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆز ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىك سەۋەبىمۇ بار. دۈشمەن بىزنى كۆزگە ئىلماي كەلدى، دۇڭبېي تۆت ئۆلكىنى بېسىۋېلىپ، نەپ ئېلىپ

قالغاندىن كېيىن، شەرقىي خېبېي ۋە شىمالىي چاخارنى بېسىۋالدى،
بۇلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ جەنلۈبلۈك چارلىشى بولۇپ ھېساپلى-
نىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلار، جۇڭگو بىر سىقىم تارقاق قۇم ئىكەن، دېگەن
خۇلاسىگە كەلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن، جۇڭگونى بىر ئۇرۇشقىمۇ
يارىمايدۇ، دەپ بىلىپ، «تېز ھەل قىلىش» دېگەن پىلاننى تۈزدى،
ئازراقلا ئەسكىرىي كۈچ چىقىرىپ، بىزنى پوپوزا بىلەن تار-مار
قىلىشقا ئۇرۇندى. جۇڭگونىڭ 10 ئاي ئىچىدە بۇنداق ئۇلۇق ئىتتى-
پاقلىققا ۋە بۇنداق زور قارشى تۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى
ئۇلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى، ئۇلار جۇڭگونىڭ ئالغا بېسىش
دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، جۇڭگودا ئىلغار پارتىيە-گۇرۇھلار،
ئىلغار ئارمىيە ۋە ئىلغار خەلقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن
چىقىرىپ قويغان ئىدى. ئاخىرى بولالماي قېلىپ، ئەسكەرلىرىنى
پەيدىن-پەي كۆپەيتىپ، 10 نەچچە شتۇەندىن ئارقىمۇ-ئارقا
30 شتۇەنگە يەتكۈزدى. ئەگەر يەنە ئىلگىرىلىمەكچى بولسا،
يەنە كۆپەيتمەي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
قارىمۇ-قارشى بولغانلىقتىن، يەنە ئادەم ۋە مالىيە جەھەتتىكى تۇغما
يېتىشسىزلىكىدىن، ياپونىيىنىڭ ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ چىقىرىدىغان
ئەسكىرىنىڭ سانى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم ۋاقتىسى مەلۇم چەكلىمىگە
ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئىككىنچىسى — ئاساسىي ھۇجۇم قىلىش يۆنۈ-
لۈشىنىڭ يوقلىقى. تەيئېرجۇاڭ جېڭىدىن ئىلگىرى، دۈشمەن
ئەسكىرىي كۈچىنى خۇاجۇڭ ۋە خۇابېيدا، ئومۇمەن، بولۇپ ئىشلەتتى،
بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ يەنە بولۇپ ئىشلەتتى. مەسىلەن،
خۇابېيدا ئەسكىرىي كۈچىنى تيەنجىن-پۇكۇ، بېيپىڭ-خەنكۇ ۋە
داتۇڭ-پۇجۇدىن ئىبارەت ئۈچ تۆمۈر يولدا بولۇپ ئىشلەتتى،

ھەر بىر يولدا بىر قىسمى ئۇلدى ۋە ياردار بولدى، بىر قىسمنى بېسىۋالغان جايلارنى تۇتۇپ تۇرۇشقا جايلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە ئەسكىرى قالمىدى. تەيئېرجۇاڭدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ساۋاقلىرىنى يەكۇنلەپ، ئاساسىي كۈچىنى شۇيجۇ تەرەپكە توپلاپ، بۇ خاتانى ۋاقتىنچە تۈزىتىۋالغانمۇ بولدى. ئۈچىنچىسى — جەنلۇبىلۇك ھەمكارلىقنىڭ يوقلىقى. دۇشمەننىڭ خۇاجۇڭ ۋە خۇابېيدىكى ئىككى گۇرۇھىنىڭ ھەرقايسىسى ئىچكى قىسمىدا ئۇمۇمەن ھەمكارلاشتى، لېكىن ئىككى گۇرۇھ ئۆزئارا تازا ھەمكارلىشىپ كەتمىدى. تيەنجىن - پۇكۇ تومۇر يولىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكىلىرى شياۋبېڭبۇغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا شىمالىي قىسمىدىكىلىرى قىمىرلىمىدى؛ شىمالىي قىسمىدىكىلىرى تەيئېرجۇاڭغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا جەنۇبىي قىسمىدىكىلىرى قىمىرلىمىدى. ھەر ئىككى جايدا بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئارمىيە داچىنى كېلىپ تەكشۈردى، سەنمۇ زۇڭجاڭى كېلىپ قوماندانلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋاقتىنچە تەڭشەلگەن بولدى. ياپونىيىنىڭ پومېششىكلىرى، بۇرژۇئازىيىسى ۋە جۇنفالىرىنىڭ ئارىسىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا خېلى جىددىي زىددىيەتلەر مەۋجۇت، بۇ زىددىيەتلەر ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، ئۇرۇشتا ھەمكارلاشماسلىق — بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىدىن بىرى. تۆتىنچىسى — جەنلۇبىلۇك پەيتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى. بۇ نۇقتا نەنجىڭ ۋە تەيۈەنلەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىنكى تۇرغۇنلۇقتا ئوچۇق ئىپادىلەندى، بۇنىڭغا، ئاساسەن، ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى، جەنلۇبىلۇك قوغلاپ زەربە بېرىش دۇيلىرىنىڭ يوقلىقى سەۋەب بولدى. بەشىنچىسى — قورشىۋېلىشى كوپ، يوقىتىشى ئاز بولغانلىقى. تەيئېرجۇاڭ جەنىيسىدىن ئىلگىرى، شاڭخەي، نەنجىڭ، ساڭجۇ،

باۋدىڭ، نەنكۇ، شىنكۇ ۋە لىنفېن جەنىپلىرىدە تار-مار قىلىنغانلىرى كوپ، ئەسىر ئالىنغانلىرى ئاز بولدى، بۇ ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىنىڭ دوتلىكىنى كورسەتتى. بۇ بەش نۇقتا — ئەسكىرىي كۇچىنى كوپەيتىشنىڭ پەيدىن-پەي بولغانلىقى، ئاساسىي ھۇجۇم يونىلىشىنىڭ يوقلىقى، جەنلۇبىلۇك ھەمكارلىقىنىڭ يوقلىقى، پەيتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ۋە قورشىۋېلىشى كوپ، يوقىتىشى ئاز بولغانلىقى ياپونىيە قوماندانلىقىنىڭ تەيىبىرجۇاڭ جەنىسىدىن ئىلگىرىكى يارامسىز نۇقتىلىرىدۇر. تەيىبىرجۇاڭ جەنىسىدىن كېيىن بۇلارنى بىر ئاز تۈزىتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسكىرىي كۇچىنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئامىللىرىدىن قارىغاندا، خاتالىقىنى تەكرارلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇنىڭغا ئېرىشسە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن، خۇابېيدىكى ئەسكىرىي كۇچىنى شۇيجۇغا توپلىشى بىلەن خۇابېيدىكى بېسىۋالغان يەرلىرىدە چوڭ بوشلۇق پەيدا قىلىپ، پارتىزان ئۇرۇشىغا دادىل راۋاجلىنىش پۇرسىتىنى بېرىپ قويدى. يۇقۇرىدىكىلەر دۇشمەنىنىڭ ئوزى ئوتكۇزگەن خاتالىقى، بىز سەۋەب بولغان خاتالىقى ئەمەس. بىز تەرەپكە كەلسەك، ئاكتىق تۈردە دۇشمەندە خاتالىق پەيدا قىلىشىمىز، يەنى ئوزىمىزنىڭ چىۋەر ۋە ئۇنۇملۇك ھەرىكەتلىرىمىز بىلەن ھەم تەشكىللەنگەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسى بىلەن دۇشمەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئوز دائىرىمىزگە كىرگۈزۈشىمىز مۇمكىن، مەسىلەن، ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن زەربە بېرىشكە ئوخشاش، بۇ ئىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى يۇقۇرىدا سوزلەپ ئوتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ئۇچۇن، بىز يەنە دۇشمەنىنىڭ قوماندانلىقى جەھەتتىنمۇ

مەلۇم ئاساسلارنى تېپىشمز مۇمكن. شۇنداقتمۇ بز بۇ نۇقتنى جەنلۇبىلۇك پىلانمزنڭ مۇھم ئاساسى قلماسلغمز كېرەك، ئەكسچە، بز پىلانمزنى دۇشمەن ئاز خاتالشدۇ دېگەن پەرەز ئۈستگە قويايلكى، شۇنداق قلشلا ئشەنچلك ئۇسۇل. شۇنڭدەك، بز دۇشمەننڭ يوچۇقلرىدىن پايدىلانغنمزدەك، دۇشمەنمۇ بزنڭ يوچۇقلرمزدىن پايدىلنشى مۇمكن، شۇنڭ ئۈچۈن دۇشمەن پايدىلنپ كېتدىغان يوچۇقلارنى ئازايتشمۇ بزنڭ قوماندانلق جەھەتتكى ۋەزپمز. لېكن دۇشمەن قوماندانلغنڭ خاتالقلرى ئەمەلىيەتتە بولغان، بەلكى يەنە توغۇلدۇ، ئۇنڭ ئۈستگە بزنڭ تىرىششمز بلەنمۇ پەيدا بولۇشى مۇمكن، بۇلارنڭ ھەممسى بزنڭ پايدىلنشمزغا تېگشلك، ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى جياڭجۇنلەر بۇلارنى كۈچنڭ بىرىچە تۇتۇۋېلشى كېرەك. دۇشمەن- نڭ جەنلۇې ۋە جەنيى جەھەتتكى قوماندانلغى نۇرغۇن تەرەپلەردە كارغا كەلمەيدۇ، لېكن ئۇنڭ جەڭ جەھەتتكى قوماندانلغدا، يەنى قسملار جەنشۇسى ۋە ئۇششاق بكتۇەنلەر جەنشۇسدا ئۈستۈن تۇرىدىغان يەرلرى خېلى بار، بۇ نۇقتدا بز ئۇنڭدىن ئۆگنشـ مز لازم.

## ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى ئۇرۇشتكى ھەل قلغۇچ ئۇرۇشلار مەسلسى

106. ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى ئۇرۇشتكى ھەل قلغۇچ ئۇرۇشلار مەسلسنى ئۈچ خلغا بولۇش كېرەك: ئشەنچلك بولغان بارلق جەنيى ۋە جەڭلەردە ھەل قلغۇچ ئۇرۇشلارنى قەتئى ئېلپ

بېرىش كېرەك، ئىشەنچلىك بولمىغان بارلىق جەنىيى ۋە جەڭلەردە ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك، مەملىكەت تەقدىرىنى دو تىكىدىغان جەنلۇپىلۇك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشتىن تۇپتىن ساقلىنىش كېرەك. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ باشقا نۇرغۇن ئۇرۇشلاردىن پەرقلىنىدىغان خۇسۇ-سىيەتلىرى يەنە مۇشۇ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلار مەسىلىسىدىمۇ ئىپادىلى-نىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچتا دۇشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز بولغاچقا، دۇشمەنىنىڭ تەلىۋى بىزنى ئاساسىي كۈچنى توپلاپ، ئۆزى بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنى قىلغۇزۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بىزنىڭ تەلىۋىمىز بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، پايدىلىق شارائىتنى تاللىۋېلىپ، ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، دۇشمەن بىلەن ئىشەنچلىك بولغان جەنىيى ۋە جەڭ دائىرىلىك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش-لارنى قىلىش، مەسىلەن، پىڭشىڭگۇەن، تەيئېرجۇاڭ جەنىيلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن جەڭلەرگە ئوخشاش؛ پايدىسىز شارائىتتىكى ۋە ئىشەنچلىك بولمىغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلاردىن بولسا ساقلىنىش، مەسىلەن، جاڭدې قاتارلىق جايلاردىكى جەنىيلەردە قوللانغان فاڭ-جېنغا ئوخشاش. مەملىكەتنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان جەنلۇپ-لۇك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنى تۇپتىن قىلماسلىق كېرەك، مەسىلەن، يېقىندا شۇيجۇدىن چېكىنگىنىمىزگە ئوخشاش. شۇنداق قىلساق، بىز دۇشمەنىنىڭ «تېز ھەل قىلىش» پىلانىنى بۇزۇپ، ئۇنى بىز بىلەن ئۇزاقغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلىمىز. بۇنداق فاڭجېننى تېررىتورىيىسى كىچىك مەملىكەتتە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، سىياسى جەھەتتىن بەك ئارقىدا قالغان مەملىكەتتىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن. بىز چوڭ مەملىكەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئالغا بېسىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن. ئەگەر بىز جەنلۇبىلۇك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلاردىن ساقلانساق، «جاڭگال بولسا يېنىڭدا، ئوتتۇندىن ھېچ غەم قىلما» دېگەندەك، بىر قانچە يەرلىرىمىزنى قولدىن بېرىپ قويساقمۇ، ئايلىنىپ يۈرۈشكە كەڭ جاي يەنە قالىدۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئالغا بېسىشنى، خەلقارا ياردەمنىڭ كۆپىيىشىنى ۋە دۈشمەننىڭ ئىچكى يېمىرىلىشىنى چاپسان-لىتالايمىز ۋە كۈتۈپ تۇرالايمىز، بۇ — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ياخشى تەدبىرى. ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان تېز غەلىبە قازىنىش قارىشىدىكىلەر ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىك مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈشكە چىدىماي، تېز غەلىبە قازىنىشقا ئۇرۇنىدۇ، ۋەزىيەت سەل ياخشىلىنىشى بىلەنلا، جەنلۇبىلۇك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش توغرىسىدا داۋراڭ سالىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىنىدىغان بولسا، پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش زور زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشمۇ دەپنە قىلىنىپ كېتىدۇ، بىز نەق دۈشمەننىڭ زەھەرلىك قىلتىقىغا چۈشۈپ قالىمىز، بۇ، ھەقىقەتەن، ناچار تەدبىر. ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلمىغاندا، يەرلىرىمىزنى تاشلاپ چىقىش كېرەك، بۇنىڭدا شەك يوق، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋالدىمۇ (پەقەت مۇشۇنداق ئەھۋالدىلا)، يەرلىرىمىزنى باتۇرلارچە تاشلاپ چىقىشقا توغرى كېلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق پەيتكە يەتكەندە، يەرلىرىمىزگە قىلچىلىكمۇ تارتىنىشماسلىق لازىم، بۇ — يەرلىرىمىزنى ۋاقىتقا تېگىشىدىغان توغرى سىياسەت. تارىختا روسىيە ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتىن ساقلىنىش يولى بىلەن باتۇرلارچە چېكىنىپ، بىر مەزگىل تاراقشىغان ناپالېئوننى يەڭگەن ئىدى[23]. جۇڭگومۇ ھازىر شۇنداق

قىلىشى كېرەك.

107. كىشىلەرنىڭ «قارشى تۇرمىدى» دەپ تىللىشىدىن قورقمايدىمىزمۇ؟ قورقمايمىز. زادى ئۇرۇش قىلماي، دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەلىشىش — بۇ قارشى تۇرماسلىق بولىدۇ، بۇنى تىللاش لازىملا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي يول قويماسلىق لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي ئېلىپ بېرىش كېرەك، لېكىن دۈشمەننىڭ زەھەرلىك قىلتىقىدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچىنى دۈشمەننىڭ بىر زەربىسى بىلەنلا يوقىتىپ قويماسلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ داۋاملىشىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، ۋەتەننىڭ مۇنقەرىز بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي زورۇر. بۇ جەھەتتە شەك-شۈبھە تۇغۇلۇشى ئۇرۇش مەسىلىسىدىكى جىنشىيەندۇر، نەتىجىدە بۇ چوقۇم مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەرنىڭ قاتارىغا ئېلىپ بارىدۇ. بىز «ھۇجۇم قىلىشنىلا بىلىپ، چېكىنىشنى بىلمەيدىغان» جانپىداچىلىقنى تەنقىت قىلغان ئىدۇق، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇنداق «جانپىداچىلىق» ئەگەر ئۇمۇمى كەيپىياتقا ئايلىنىپ قالىدىغان بولسا، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرغىلى بولمايتتى، ئاخىرىدا ۋەتەننىڭ مۇنقەرىز بولۇش خەۋپى تۇغۇلغان بولاتتى.

108. مەيلى جەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭ-كىچىك جەنىي دائىرىلىك بولسۇن، بىز پايدىلىق شارائىتتىكى بارلىق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنى قۇۋۋەتلەيمىز، بۇ جەھەتتە ھەرقانداق پاسسىپلىققا يول قويۇلمايدۇ. دۈشمەننى يوقىتىش ۋە خورىتىش مەقسىدىگە پەقەت مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلار بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

ئۇرۇش قىلىشۋاتقان ھەر بىر ھەربىي قەتئىي مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، قىسمەن، خېلى كۆپ قۇربانلارنى بېرىش زۆرۈر، ھەرقانداق قۇربانلارنى بېرىشتىن ساقلىنىش كوز قارىشى — قورقۇنچاقلارنىڭ ۋە ياپونىيىدىن قورقۇش كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانلارنىڭ كوز قارىشى، بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. لى فۇيىڭ ۋە خەن فۇجۇيگە ئوخشاش قاچقۇنلارنىڭ ئولتۇرۇلۇشى ھەق بولدى. ئۇرۇشتا تەشەببۇس قىلىنىدىغان قەھرىمانلارچە قۇربانلار بېرىش، قەھرىمانلارچە ئىلگىرىلەش روھى ۋە ھەرىكىتى — توغرى ئۇرۇش پىلانى ئاستىدا مۇتلەق زۆرۈر نەرسە، ئۇ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشتىن ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىدىن ئايرىلمايدۇ. بىزنىڭ «چېكىنىشنىلا بىلىپ، ھۇجۇمنى بىلمەيدىغان» قاچقۇنلۇقنى قاتتىق ئەيىپلىگەنلىگىمىز ۋە قاتتىق ئىنتىزامنى يولغا قويۇشنى ھىمايە قىلغانلىغىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەقەت توغرى پىلان بويىچە مۇشۇنداق قەھرىمانلارچە ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلغاندىلا، كۈچلۈك دۈشمەننى يەڭگىلى بولىدۇ؛ قاچقۇنلۇق بولسا، مۇنقەرىزچىلىك قارىشىنىڭ بىۋاستە مەدەتكارى.

109. ئاۋال قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، كېيىن يەرلىرىمىزنى تاشلاپ چىقىش بىر-بىرىگە زىت ئەمەسمۇ؟ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغۇچىلارنىڭ قانلىرى بىكار توكۇلگەن بولمامدۇ؟ بۇ — ئىنتايىن نامۇۋاپىق سوئال. ئاۋال تاماق يەپ، كېيىن تەرەت قىلسا، بىكارلا تاماق يېگەن بولمامدۇ؟ ئاۋال ئۇخلاپ، كېيىن ئورنىدىن تۇرسا، بىكارلا ئۇخلىغان بولمامدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى قويۇشقا بولامدۇ؟ مېنىڭچە، بولمايدۇ. تاماقنى تىنماي يەۋېرىمەن دېيىش، ئۇيقىنى تىنماي ئۇخلاۋېرىمەن دېيىش، قەھرىمانلارچە جەڭنى

يالۇجياڭغىچە تىنماي قىلىپ بارىمەن دېيىش — بۇلار جۇگۇەنجۇيىلىق ۋە شەكىلۋازلىق خىيال، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بۇنداق ئەھۋال بولمايدۇ. ھەركىم بىلىدۇكى، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىش ئۈچۈن قان توكۇپ جەڭ قىلىشقا توغرى كېلىدۇ، بەزى يەرلەرنى تاشلاپ چىقىشتىن يەنىلا ساقلانغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ۋاقىت قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، دۈشمەننى يوقىتىش ۋە خورىتىش مەقسىدى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ جەڭ تەجرى- بىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ، قوزغالمىغان خەلق قوزغىلىدۇ، خەلقارا ئورنىمىز ئۆسىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن توكۇلگەن قان بىكار توكۇلگەن بولامدۇ؟ ھەرگىز بىكار توكۇلگەن بولمايدۇ، يەرلىرىمىزنى تاشلاپ چىقىش ھەربىي كۈچنى ساقلاش ئۈچۈن، شۇنداقلا دەل يەرلىرىمىزنى ساقلاش ئۈچۈندۇر؛ چۈنكى ئەپسىز شارائىتتا قىسمەن جايلار تاشلاپ چىقىلماي، قارغۇلارچە ھېچ ئىشەنچ بولمىغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، نەتىجىدە ھەربىي كۈچ قولدىن كېتىدۇ، ئارقىسىدىن پۈتۈن يەرلىرىمىزمۇ چوقۇم قولدىن كېتىدۇ، قولدىن كەتكەن يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا تېخىمۇ سوز ئاچقىلى بولمايدۇ. كاپىتالىستقا ئوقەت قىلىش ئۈچۈن بىگچەن كېرەك، تامامەن سۇنغاندىن كېيىن، ئۇ كاپىتالىست ھېساپلانمايدۇ. قىمار- ۋازغىمۇ قىمار ئوينىش ئۈچۈن پۇل كېرەك، ئەگەر ئۇ ھەممىنى بىر يولى تىكىۋېتىپ، تەلىيى تەتۈر كېلىپ، ئۇتتۇرۇپ قويسا، يەنە ئويناشقا ئىلاجىسىز قالىدۇ. شەيئىلەر توپ-توز يول بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەگرى-توقاي يوللار بىلەن راۋاجلىنىدۇ، ئۇرۇشمۇ شۇنداق، بۇ داۋلى پەقەت شەكىلۋازلارنىڭلا كاللىسىدىن ئوتمەيدۇ.

110. مېنىڭچە، جەنلۇبلۇك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدىكى ھەل

قىلىغۇچ ئۇرۇشمۇ شۇنداق. ئۇ چاغدا گەرچە دۈشمەن توۋەن، بىز ئۈستۈن تۇرساقمۇ، لېكىن «پايدىلىق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىش، پايدىسىز ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلاردىن ساقلىنىش» پرىنسىپى يەنىلا مۇۋاپىق كېلىۋېرىدۇ، تاكى يالۇجياڭ بويىغا جەڭ قىلىپ بارغىچىلىكمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇنداق قىلساق، بىز باشتىن-ئاخىر جۇدۇڭلۇقتا تۇرۇۋېرىمىز، دۈشمەننىڭ ھەرقانداق ئىغۋاگەرچىلىكنى ۋە باشقىلارنىڭ دەيدەيگە سېلىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تاختىنۋېتىغا ئېلىپ قويۇش، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ سەۋىيىدىن قىلچىمۇ تەۋرەنمەسلىك كېرەك. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جياڭجۇنلەردە ئەنە شۇنداق قەتئىيەت بولۇشى كېرەك، ئاندىن جاسارەتلىك ۋە پاراسەتلىك جياڭجۇن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. «تېگە-تەگمەستىن سەكرەپ كېتىدىغان» كىشىلەر تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا بىز مەلۇم دەرىجىدە جەنلۇبلۇك بىيدۇڭلۇقتا تۇرىمىز، لېكىن بارلىق جەنيلەردە جۇدۇڭ بولۇشىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق باسقۇچتىمۇ جۇدۇڭ بولۇشىمىز كېرەك. بىز — ئۇزاققا سوزۇش قارشىدىكىلەر ۋە ئەڭ ئاخىر غەلىبە قازىنىش قارشىدىكىلەرمىز، قىمارۋازلاردەك ھەممىنى بىريولى تىكىۋېتىش قارشىدىكىلەر ئەمەسمىز.

## ئەسكەرلەر بىلەن خەلق — غەلىبىنىڭ ئاساسى

111. ئىنقىلاۋىي جۇڭگونىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ياپون جاھانگىرلىكى ئۇزىنىڭ ھۇجۇمى ۋە بېسقتۇرۇشنى ھەرگىز بوشاشتۇرمايدۇ،

بۇنى ئۇنىڭ جاھانگىرلىك ماھىيىتى بەلگىلىگەن. جۇڭگو قارشىلىق كۆرسەتمىسە، ياپونىيە جۇڭگونى بىر تال ئوقمۇ سەرپ قىلماستىن بىمالال بېسىۋالىدۇ، دۇڭبېي تۆت ئۆلكىنىڭ قولدىن كېتىشى — بۇنىڭغا مىسال. جۇڭگو قارشىلىق كۆرسەتسە، ياپونىيە بۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىگە بېسىم ئىشلىتىدۇ ۋە بۇ بېسىمنى تا ئۆزىنىڭ بېسىم كۈچى جۇڭگونىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندىلا توختىتىدۇ، بۇ — مۇقەررەر قانۇنىيەت. ياپونىيە پومېشچىكلىرى ۋە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قارا نىيىتى ناھايىتى چوڭ، ئۇلار جەنۇپتا مالايا تاقىم ئاراللىرىغا، شىمالدا سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرىدىن بوسۇپ ئۆتۈش فاكجىيىنى قوللىنىپ، ئاۋۋال جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلدى. ياپونىيە خۇابېينى ۋە جياڭسۇ-جېجياڭ تەرەپلەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قانائەتلىنىپ توختاپ قالىدۇ، دەپ قارايدىغانلار تەرەققىي قىلىپ يېڭى باسقۇچقا كىرگەن ۋە ھالاكەت گىرۋىكىگە بېرىپ قالغان ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تارىختىكى ياپونىيىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي كۆرمىگەن. بىزنىڭ، ياپونىيىنىڭ چىقىرىدىغان ئەسكىرىنىڭ سانى ۋە ھۇجۇم نۇقتىسىنىڭ مەلۇم چېكى بار، دېگىنىمىز شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ياپونىيە تەرەپ ئۆز كۈچى ئاساسىدا يەنە باشقا تەرەپلەرگە ھۇجۇم قىلىشى ھەم باشقا تەرەپتىكى دۈشمەنلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، پەقەت مەلۇم دەرىجىدە كۈچ چىقىرىپ، جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە بۇ ھۇجۇمنى ئۆزىنىڭ چامىسى يەتكەن چەككىچە ئېلىپ بېرىپ توختىتىشى مۇمكىن؛ جۇڭگو تەرەپمۇ ئۆزىنىڭ ئىلغارلىقىنى ۋە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇش كۈچىنى كۆرسەتتى، پەقەت ياپونىيىلا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ، جۇڭگو زۆرۈر بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە

ئەمەس، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ياپونىيە پۈتۈن جۇڭگونى بېسىۋالالمايدۇ، لېكىن ئۇ چامىسى يەتكەن ھەممە رايوندا جۇڭگونىڭ قارشىلىقىنى بار كۈچى بىلەن باستۇرۇشقا كىرىشىدۇ، تا ياپونىيىنىڭ ئىچكى - تاشقى شارائىتى ياپون جاھانگىرلىكىنى گورگە ئېلىپ بارىدىغان بىۋاستە ۋېيجىنى تۇغدۇرمىغىچە ئۇ بۇنداق باستۇرۇشنى توختاتمايدۇ. ياپونىيىنىڭ ئىچكى سىياسىتىنىڭ پەقەت ئىككىلا چىقىش يولى بار: ياكى پۈتۈن ھاكىمىيەت بېشىدىكى سىنىپلار تېزدىن يىمىرىلىپ، ھاكىمىيەت خەلققە تاپشۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ئاياقلىشىدۇ، لېكىن ھازىرچە بۇنداق ئىمكانىيەت يوق؛ ياكى پومېشچىكلار بىلەن بۇرژۇئازىيە كۈندىن - كۈنگە فاشىستلىشىپ، ئۇرۇشنى تا ئۆزى تار - مار بولىدىغان كۈنگە قەدەر ئېلىپ بارىدۇ، ياپونىيىنىڭ مېڭىۋاتقىنى دەل مۇشۇ يول. بۇنىڭدىن باشقا ئۈچىنچى يول يوق. ياپونىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ موتىدىل گۇرۇھى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇرۇشنى توختىتىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىش پەقەت بىر تۈرلۈك خام خىيالدىنلا ئىبارەت. ياپونىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ موتىدىل گۇرۇھى پومېشچىكلار ۋە جىنرۇڭ گۇاتۇلارنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغان، بۇ — ياپونىيە سىياسىتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيىتى. ياپونىيە جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، ئەگەر جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ياپونىيىگە ئەجەللىك زەربە بەرمىگەن ۋە ياپونىيە تېخى يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرغان بولسا ئىدى، ئۇ چوقۇم شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىياغا ياكى سىبىرىيىگە، ھەتتا ھەر ئىككىلىسىگە ھۇجۇم قىلغان بولاتتى. ياۋروپا ئۇرۇشى باشلانسىلا، ياپونىيە بۇنى قىلىدۇ؛ ياپونىيە ھوكۇمرانلىرىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسى غايەت چوڭ. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئىمكانىيەتمۇ مەۋجۇت:

سوۋېت ئىتتىپاقى قۇدرەتلىك بولغانلىقتىن ۋە ياپونىيە جۇڭگودىكى ئۇرۇشتا زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقانلىقتىن، ياپونىيە ئەسلىدىكى سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا تۈپلۈك مۇداپىئە كورۇشكە ئۆتىدۇ. لېكىن بۇنداق ئەھۋال يۈزبەرگەندە، ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمى بوشاشمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭ جۇڭگوغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمى كۈچىيىدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا ياپونىيە ئۇچۇن ئاجىزنى يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت بىرلا يول قالىدۇ. ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، بىرلىكسەپنى ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، غەيرەتنى قىلچىلىكمۇ سۇسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

112. بۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگونىڭ ياپونىيىنى يېڭىشىنىڭ ئاساسىي شەرتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئون ھەسسىلەپ، يۈز ھەسسىلەپ ھەر تەرەپلىمە ئالغا بېسىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. جۇڭگو ئالغا بېسىش دەۋرىدە تۇرماقتا ۋە ئۇلۇق ئىتتىپاقلىققا ئېرىشتى، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرقى دەرىجىسى تېخى بەكمۇ كەملىك قىلىدۇ. ياپونىيە بېسىۋالغان جايلارنىڭ شۇنچە كەڭ بولۇشى، بىر تەرەپتىن، ياپونىيىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ ئاجىز بولغانلىقىدىن بولدى؛ بۇنداق ئاجىزلىق تامامەن 100 يىلدىن بۇيانقى، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى تۈرلۈك تارىخىي خاتالىقلارنىڭ جۇغلىنىشىدىن كېلىپ چىققان نەتىجە بولۇپ، بۇ جۇڭگونىڭ ئالغا بېسىش ئامىللىرىنى بۈگۈنكى ھالەتتە چەكلەپ قويغان. ھازىر بۇنداق كۈچلۈك دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت ھەر تەرەپتىن

ئىرىشماي بولمايدۇ. ئىرىشىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كوپ، مەن بۇ يەردە ئەڭ ئاساسلىق بولغان ئىككى تەرەپ: ئارمىيىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

113. ئارمىيە تۈزۈمىنى يېڭىلاش زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئايرىلمايدۇ، تېخنىكا شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك، بۇنىڭسىز دۈشمەننى ياپونىيا گونىڭ نېرىقى تەرىپىگە قوغلاپ چىقارغىلى بولمايدۇ. ئارمىيىنى ئىشقا سېلىشتا ئىلغار، جانلىق جەڭلۈۋى ۋە جەڭنىشۇ بولۇشى كېرەك، بۇنىڭسىزمۇ غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئارمىيىنىڭ ئاساسى ئەسكەرلەردە بولىدۇ، ئارمىيىگە ئىلغار سىياسى روھنى سىڭدۈرمەي ۋە بۇنى ئىلغار سىياسى خىزمەتلەر ئارقىلىق ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، جۇڭگونلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەقىقى بىرلىكىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، جۇڭگونلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بولغان ئەڭ زور قىزغىنلىقىنى قوزغىغىلى بولمايدۇ، بارلىق تېخنىكا ۋە جەڭنىشۇلىرىمىزنىڭ تېگىشلىك ئۈنۈمىنى ئەڭ ئوبدان ئاساسلارغا ئىگە قىلغان ھالدا جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ياپونىيىنىڭ تېخنىكا شارائىتى ئۈستۈن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاخىر جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ دېگىنىمىزدە، بىزنىڭ ئۇنىڭغا يوقىتىش ۋە خورىتىش يولى بىلەن بېرىدىغان زەربىلىرىمىزدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئارمىيىسىنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ ئاخىر بىزنىڭ زەربىمىز ئارقىسىدا تەۋرىنىدىغانلىقىنى، قۇراللىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنىڭ ماسلىشىشىنىڭ پۇختا بولمايدىغانلىقىنى كوزدە تۇتىمىز. بىزدە ئەھۋال ئۇنىڭ تەتۈرسىچە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسى مەقسىدى جەھەتتە جۇڭگونلەر بىلەن ئەسكەرلەر بىردەك. مۇشۇ نۇقتىدا بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

قوشۇنلارنىڭ سىياسى خىزمەتلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىقا كەلدى. ئارمىيە مەلۇم دەرىجىدىكى دېموكراتىيىلەشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ئاساسەن، فېودالىلىق ئۇرۇش-تىلاش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ۋە جۇنگۇەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنى تۇرمۇشتا جاپانىمۇ، هالاۋەتنىمۇ تەڭ كورىدىغان قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلىغاندا، جۇنگۇەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىكى مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ، ئارمىيە جەڭگىۋارلىق كۇچىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە دەھشەتلىك ئۇرۇشقا چىداشلىق بېرەلمەسمىزمىكىن دەيدىغان ئەندىشە قالمايدۇ.

114. ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇق كۇچىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەنبەئى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىدە. ياپونىيىنىڭ بىزنى بوزەك ئېتىشكە پېتىنالىغانلىغىنىڭ ئاساسى سەۋەبى — جۇڭگو خەلق ئاممىسىنىڭ تەشكىلسىز هالەتتە تۇرغانلىغى. بۇ كەمچىلىكنى تۈگەتسەك، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىزنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرغان نەچچە يۈز مىليون خەلقىمىز ئالدىدا خۇددى كويۇۋاتقان ئوت ئالدىغا كېلىپ قالغان ياۋا كالا هالىغا چۈشۈپ قالىدۇ، بىزنىڭ بىرلا ۋاقىراپ قويۇشىمىز بىلەنلا بۇ ياۋا كالا ئۈركۈپ، ئوزىنى ئوتقا ئېتىپ، كويۇپ ئولىدۇ. بىز تەرەپتە ئارمىيە ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ تۇرۇشى كېرەك، هازىر تۆۋەندە قالايمىقان قوللىنىلىۋاتقان «ئەسكەر تۇتۇش چارىسى» ۋە «ئەسكەر سېتىۋېلىش چارىسى»[24] دەرهال مەنئى قىلىنىپ، كەڭ ۋە قىزغىن سىياسى سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈلۈشى لازىم، شۇنداق قىلىغاندا، بىرنەچچە مىليون كىشىنى ئەسكەرلىككە ئېلىشمۇ ئاسان بولىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مالىيىسىدە ئىنتايىن قىيىنچىلىق بولسىمۇ، خەلق ئاممىسى سەپەرۋەر قىلىنسىلا، مالىيە مەسىلىسىمۇ

مەسىلە بولـماي قالـىدۇ، شۇنچە كەڭ يەر ۋە كوپ ئاھالىگە ئىگە بىر دولەت تۇرۇقلۇق مالىيە نامراتلىقىدىن قايغۇرۇشنىڭ نىمە يولى بار، زادى؟ ئارمىيە خەلق ئاممىسى بىلەن شۇنداق ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كېتىشى كېرەككى، خەلق ئاممىسىنىڭ نەزىرىدە ئۆز ئارمىيىسى بولۇپ قالسۇن، بۇنداق ئارمىيە دۇنيادا تەڭداشسىز بولىدۇ، بىرەر ـ يېرىم ياپون جاھانگىرلىكى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس.

115. نۇرغۇن كىشىلەر جۇنگۇەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى يولغا قويۇپ كېتەلمىگەنلىكىنى ئۇسۇلنىڭ ناتوغرى بولغانلىقى دەپ قارىشىدۇ، مەن دائىم ئۇلارغا، توپ پوزىتسىيە (ياكى توپ مەقسەت) مەسىلىسى، دەپ كەلدىم، بۇ پوزىتسىيە ــ ئەسكەرلەرنى ھورمەتلەش ۋە خەلقنى ھورمەتلەش. مۇشۇنداق پوزىتسىيەدە بولغاندا، ئۇنىڭـ دىن ھەرخىل سىياسەت، ئۇسۇل ۋە شەكىللەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇ پوزىتسىيەدىن چەتنىگەندە، سىياسەت، ئۇسۇل ۋە شەكىللەرمۇ چوقۇم خاتا بولىدۇ، جۇنگۇەنلەر بىلەن ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەرگىز ياخشى يولغا قويغىلى بولمايدۇ. ئارمىيىدىكى سىياسى خىزمەتنىڭ ئۈچ چوڭ پرىنسىپى مۇنۇلار: بىرىنچى، جۇنگۇەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىكى، ئىككىنچى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلىكى، ئۈچىنچى، دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاش. بۇ پرىنسىپلاردىن ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەرلەرنى ھورمەتلەش، خەلقنى ھورمەتـ لەش ۋە دۈشمەن ئارمىيىسىدىن قورال تاشلىغان ئەسىرلەرنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى ھورمەتلەشتىن ئىبارەت توپ ـ ئاساسىي

پوزىتسىيىنى ئاساس قىلىش كېرەك. بۇ تۈپ- ئاساسىي پوزىتسىيە مەسىلىسى ئەمەس، تېخنىكا مەسىلىسى، دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ئويى ھەقىقەتەن خاتا، بۇنى تۈزەتكەن ياخشى.

116. ۋۇخەن ۋە باشقا جايلارنى قوغداش جىددى ۋەزىيە بولۇپ تۇرغان ھازىرقى ۋاقىتتا، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ بارلىق ئاكتىپلىقىنى قوزغاش يولى بىلەن ئۇرۇشنى قوللاش — ئىنتايىن جىددى ۋەزىپە. ۋۇخەن قاتارلىق جايلارنى قوغداش ۋەزىپىسىنى، شەك- شۈبھىسىزكى، ئەستايىدىل ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئىجرا قىلىش لازىم. لېكىن زادى جەزمەن قولدىن بەرمەي قوغداپ قالغىلى بولىدىغان- بولمايدىغانلىقى جۈگۈەن ئارزۇغا ئەمەس، بەلكى كونكرېت شەرتلەرگە باغلىق. سىياسى جەھەتتىن پۈتۈن ئارمىيىنى ۋە پۈتۈن خەلقنى كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش — ئەڭ مۇھىم كونكرېت شەرتلەرنىڭ بىرى. ھەممە زۆرۈر شەرتلەر تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلمىسە، ھەتتا زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرى بولىمۇ ھازىرلانماي قالسا، نەنجىڭ قاتارلىق جايلار قولدىن كەتكەندىكىدەك كاتاگىغا چۈشۈپ قېلىش مۇقەررەر. جۇڭگونىڭ مادرىدى قەيەردە ئىكەنلىكى قەيەرلەرنىڭ مادرىد شەرتلىرىنى ھازىرلىغانلىقىغا باغلىق. ئىلگىرى بىرمۇ مادرىد بولمىغان ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، لېكىن بۇ پۈتۈنلەي شەرتلەرنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. بۇ شەرتلەر ئىچىدىكى ئەڭ تۈپ شەرت — پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ كەڭ سىياسى سەپەرۋەرلىككە كېلىشى.

117. بارلىق خىزمەتلەردە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنىڭ باش فاكجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. چۈنكى مۇشۇنداق فاكجېن بولغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئى

داۋاملاشتۇرغىلى ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ، جۇڭگوەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تولۇق ياخشىلىغىلى بولىدۇ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ تولۇق ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، قولدىن كەتمىگەن بارلىق جايلارنى قوغداش ۋە قولدىن كەتكەن بارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جەڭ قىلغىلى بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

118. سىياسىي جەھەتتىن ئارمىيە بىلەن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلە، راستلا، ناھايىتى مۇھىم. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نۇقتىنى ئېرىنمەستىن، تەكرار ـ تەكرار سوزلەپ كېلىۋاتىمىزكى، راستلا، بۇ نۇقتا بولمىسا، غەلىبىمۇ بولمايدۇ. نۇرغۇن باشقا زورۇر نەرسىلەر بولمىسىمۇ، ئەلۋەتتە، غەلىبە بولمايدۇ، لېكىن بۇ نۇقتا — غەلىبىنىڭ ئەڭ تۈپ شەرتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ بىرلىكسېپى، ھەرگىز بىرنەچچە پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ داگۇيلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭلا بىرلىكسېپى ئەمەس؛ پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىرلىكسەپكە قاتناشتۇرۇشلا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ تۈپ ـ ئاساسىي مەقسىدى.

## خۇلاسە

119. خۇلاسە نىمە؟ خۇلاسە مۇنداق: «قانداق شارائىتتا جۇڭگو ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ئەملىي كۈچىنى يېڭەلەيدۇ ۋە يوقىتالايدۇ؟ ئۈچ شەرت بولۇشى لازىم: بىرىنچىدىن، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇن-

چىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپىنىڭ قۇرۇلۇشى؛ ئىككىنچىدىن، خەلقارا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى؛ ئۈچىنچىدىن، ياپونىيە خەلقىنىڭ ۋە ياپونىيە مۇستەملىكىلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىنىڭ كوتۇرۇلۇشى لازىم. جۇڭگو خەلقىنىڭ مەيداندىن ئېيتقاندا، بۇ ئۈچ شەرتنىڭ ئىچىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ كەڭ بىرلىششى ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ.» «بۇ ئۇرۇش قانچىلىك ئۇزاققا سوزۇلار؟ بۇ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىر-لىكسەپىنىڭ ئەمىلىي كۈچىگە ۋە جۇڭگو، ياپونىيە — ئىككى مەملىكەت-تىكى باشقا بىرمۇنچە ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق.» «ئەگەر بۇ شەرتلەر تېز ۋۇجۇتقا چىقمايدىغان بولسا، ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. لېكىن نەتىجە بەرىبىر ئوخشاش، ياپونىيە جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ، جۇڭگو جەزمەن غەلىبە قازىنىدۇ. پەقەت بېرىلىدىغان قۇربانلار كوپرەك بولىدۇ ۋە ناھايىتى جەۋرى-جاپالىق بىر دەۋرنى باشتىن كوچۇرۇشكە توغرى كېلىدۇ، خالاس.» «بىزنىڭ جەنلۇپ فاڭجېنىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ناھايىتى ئۇزۇن ۋە ئوزگىرىپ تۇرىدىغان ئۇرۇش سەپلىرىدە ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. جۇڭگو ئارمىيىسى غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن كەڭ جەڭ مەيدانلىرىدا يۇكسەك يۇندۇگجەن ئېلىپ بېرىشى كېرەك.» «تەلىم ئالغان قوشۇنلارنى يوتكەپ، يۇندۇگجەن ئېلىپ بارغاندىن باشقا، دىخانلاردىن ناھايىتى كوپ پارتىزان دۇيلىرىنى تەشكىل قىلىشىمۇ كېرەك.» «ئۇرۇش جەريانىدا جۇڭگو......جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ قۇرال-جابدۇقلىرىنى پەيدىن-پەي كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە جېنددىجەن بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياپونىيە بېسىۋالغان جايلارغا جېندىلىق ھۇجۇم

قىلالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەت خورىتىشى ئارقىسىدا ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادى يىمرىلىدۇ؛ سان ـ ساناقسىز جەڭلەرنىڭ خورىتىشى ئارقىسىدا ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشىدۇ. جۇڭگو تەرەپتە بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى كۈندىن ـ كۈنگە جۇش ئۇرۇپ يۇقۇرى ئورلەۋېرىدۇ، كوپلىگەن ئىنقىلاۋىي خەلق ئاممىسى ئوزىنى ئالدىنقى سەپكە ئۇزلۇكسىز ئېتىپ، ئەركىنلىك ئۇچۇن جەڭ قىلىدۇ. بۇ ھەممە ئامىللار باشقا ئامىللار بىلەن قوشۇلۇپ، ياپونىيىنىڭ بېسىۋالغان جايلاردىكى ئىستىھكاملىرىغا ۋە گېنجۇيدىلىرىگە ئۇزلۇل ـ كېسىل ۋە ئەجەللىك زەربىلەرنى بېرىپ، ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.» (1936 ـ يىل 7 ـ ئايدا سنوۋ بىلەن قىلىنغان سوھبەت) «جۇڭگونىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يېڭى بىر باسقۇچ باشلاندى،...... بۇ باسقۇچتىكى ئەڭ مەركىزىي ۋەزىپە: بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۇرۇش.» «ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۇرۇشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى باشلىنىپ كەتكەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا راۋاجلاندۇرۇشتا. پەقەت مۇشۇنداق ئومۇميۈزلۈك بولغان، پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بولغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتۇرگىلى بولىدۇ.» «ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا تېخى جىددى ئاجىزلىقلار

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر، چېكىنىشلەر، ئىچكى بولۇنۇشلەر، ئاسىيلىق قىلىشلار، ۋاقىتلىق ۋە قىسمەن مۇرەسسەلىشىشلەرگە ئوخشاش پايدىسىز ئەھۋاللار پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. لېكىن، ئىشىنىمىزكى، باشلىنىپ كەتكەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، پارتىيىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، بارلىق توسالغۇلارنى بوسۇپ ئوتۇپ، داۋاملىق ئالغا بېسىۋېرىدۇ ۋە راۋاجلىنىۋېرىدۇ.» (1937-يىل 8-ئايدا قوبۇل قىلىنغان «جۇڭگۇڭ جۇڭگياڭنىڭ هازىرقى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى قارارى»دىن) — خۇلاسە ئەنە شۇلار. مۇنقەرىزچىلىك قارىشىدىكىلەر دۈشمەننى گويا ئىلاھىدەك، ئۆزىمىزنى بولسا، تېرىقتەك چاغلايدۇ، تېز غەلىبە قازىنىش قارىشىدىكىلەر دۈشمەننى گويا تېرىقتەك، ئۆزىمىزنى بولسا، ئىلاھىدەك چاغلايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا. بىزنىڭ قارىشىمىز ئەكسىچە: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش — ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگونىڭ — بۇلار بىزنىڭ خۇلاسىمىز.

120. مېنىڭ نۇتقۇم مۇشۇ يەردە ئاياقلىشىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇش قانات يېيىۋاتىدۇ، تولۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ناھايىتى كۆپ كىشىلەر تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشنى ئۈمىت قىلىدۇ. مەن پەقەت 10 ئايلىق تەجرىبىلەر ئىچىدىكى ئومۇمى نەرسىلەر ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتتۈم، بۇنى بىر

خۇلاسە دېسىمۇ بولار. بۇ مەسىلە كەڭ تۈردە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ، مەن پەقەت بىر ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتۈم، ھەر بىرىڭلارنىڭ تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، تۈزىتىشىڭلار ۋە تولۇقلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

## ئىزاھلار

① بۇنداق مۇنقەرىزچىلىك قارىشى — گومىنداڭنىڭ پىكرى. ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالىمىدى، كېيىن ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى مەجبۇرىيەت ئاستىدا بولدى. لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن جياڭ جيېشىچىلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا نائىلاج قاتناشتى، ۋاڭ جىڭۋېيچىلار مۇنقەرىزچىلىك قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ياپونىيىگە تەسلىم بولماقچى بولدى، كېيىن، دەرۋەقە، تەسلىم بولدى. لېكىن مۇنقەرىزچىلىك ئىدىيىسى گومىنداڭ ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماي، بەلكى جەمئىيەتنىڭ بەزى ئوتتۇرا قاتلاملىرىدا، ھەتتا بىر قىسىم قالاق ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، گومىنداڭ ھوكۇمىتى چىرىكلىشىپ، قولىدىن ھېچنەرسە كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولدى، ياپونىيە ئارمىيىسى بولسا، سۈرۈپ كېلىۋەردى، بىرىنچى يىلدىلا ۋۇخەن ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم قالاق خەلق ئارىسىدا ئېغىر ئۈمىتسىزلىك كەيپىياتى تۇغۇلدى.

② بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى گوڭچەنداڭ ئىچىدىكى پىكىرلەر. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يېرىم يىلىدا پارتىيە ئىچىدە، ياپونىيە بىر ئۇرۇشقىمۇ يارىمايدۇ، دەپ قاراپ، دۈشمەننى سەل چاغلايدىغان بىر خىل خاھىش مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسى ئۆز كۈچىمىزنى ناھايىتى زور دەپ ھېس قىلىغانلىقى ئەمەس، — ئۇلار

گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ تەشكىللەنگەن كۈچلىرىنىڭ ئۇ چاغلاردا ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، — بەلكى گومىنداڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بولدى، ئۇ ناھايىتى زور كۈچكە ئىگە، گۇڭچەنداڭغا ماسلىشىپ، ياپونىيىگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلەيدۇ، دەپ ھېس قىلغانلىقىدۇر. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇن-چىلىرىغا ۋاقىتىنچە قارشى تۇرۇۋاتقانلىق تەرىپىنىلا كۆرۈپ، گومىنداڭ-نىڭ ئەكسىيەتچىلىك ۋە چىرىكلىك تەرىپىنى ئۇنۇتۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن خاتا مۆلچەرگە كەلگەن.

③ بۇ — جياڭ جيېشى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پىكرى. جياڭ جيېشى گومىنداڭى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا مەجبۇرى قاتناشقان-لىقتىن، ئۇنىڭ ئىس-يادى چەتئەللەرنىڭ تېزرەك ياردەم قىلىشىنى ئۈمىت قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەتتى، ئۆز كۈچىگە ئىشەنمىدى، خەلقنىڭ كۈچىگە تېخىمۇ ئىشەنمىدى.

④ تەيئېرجۇاڭ — شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر شەھەر. 1938-يىل 3-ئايدا جۇڭگو ئارمىيىسى ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى بىلەن تەيئېرجۇاڭ ئەتراپىدا بىر قېتىم تۇتۇشقان ئىدى. 400 مىڭ كىشىلىك جۇڭگو ئارمىيىسى 70-80 مىڭ كىشىلىك ياپونىيە ئارمىيىسىگە قارشى تۇردى، شۇڭا غەلىبە قازاندى.

⑤ بۇ — شۇ چاغدا گومىنداڭ جېڭشۈي گۇرۇھىنىڭ گېزىتى «داگۇڭباۋ»نىڭ بىر باشماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر. ئۇلار تەلەي سىناش روھىي ھالىتىگە ئاساسلىنىپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش داۋامىدا خەلق كۈچلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ كېتىپ، ئۆز سىنىپىمىزنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ يەتمىسۇن دەپ، ياپونىيىنى تەيئېرجۇاڭدىكىگە ئوخشاش بىرقانچە غەلىبىلىك جەڭلەر بىلەن توسۇشنى ئۈمىت قىلىشقان ئىدى. پۈتۈن گومىنداڭدىمۇ شۇ چاغدا ئەنە شۇنداق تەلەي سىناش روھىي ھالىتى بار ئىدى.

⑥ بۇ ۋۇشۈي يىلى (1898-يىل)دا تۇغۇلغان گەيلياڭجۈيلىق

ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرىكەت بىر قىسىم ئەركىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە ئاگىلىق يومىشچىكلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، بۇنىڭغا كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ، تەن سىتۇڭ قاتارلىق كىشىلەر باشچىلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ گۇاڭشۈي خاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى، لېكىن ئاممىۋى ئاساسى يوق ئىدى. شۇ چاغدا قۇراللىق كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرغان يۈەن شىكەي جاھىللارنىڭ باشلىقى سىشى تەيخۇغا يېڭىلىقنى كوچۇش تەرەپدارلىرىنىڭ مەخپىيىتىنى ساتتى، شۇنىڭ بىلەن سىشى تەيخۇ ھاكىمىيەتنى يېڭىۋاشتىن قولغا ئېلىۋېلىپ، گۇاڭشۈي خاننى نەزەربەنت قىلىپ قويدى ھەم تەن سىتۇڭ قاتارلىق 6 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ھەرىكەت پاجىئەلىك رەۋىشتە مەغلۇپ بولدى.

⑦ 1938 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ياپونىيە نېيگېي بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگونى قۇراللىق كۈچ بىلەن مۇنقەرىز قىلىش فاكجېنىنى جاكالىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، گومىنداڭ ھوكۇمىتىگە تەھدىت سېلىپ ۋە ئۇنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ، گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئەگەر «مۇداپىئە ئۇرۇشىنى يەنىلا قوزغايدىغان» بولسا، ياپونىيە ھوكۇمىتى جۇڭگودا يېڭى بىر قورچاق ھاكىمىيەت تىكلەيدىغانلىقىنى، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنى تەنپەننىڭ «قارشى تەرىپى» قىلىۋەرمەيدىغانلىقىنى ئۇختۇردى.

⑧ بۇ يەردە ئاساسەن ئامېرىكا كوزدە تۇتۇلىدۇ.

⑨ بۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىگە ئوخشاش جاھانگىر مەملىكەتلەرنىڭ ھوكۇمەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑩ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ يەردە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تىركىشىش باسقۇچىدا جۇڭگو تەرەپ يۇقۇرىغا قاراپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن، دەپ ئالدىن ئېيتقان سۆزى جۇڭگو كوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئازات رايونلاردا تولۇق ئەمەلگە ئاشتى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا بولسا، جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى ھوكۇمران گۇرۇھ ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇپ،

گوڭچەنداڭغا ۋە خەلققە ئاكتىپ قارشى تۇرغانلىقتىن، يۇقۇرىغا قاراپ ئۆزگىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى تۆۋەنلەپ كەتتى. لېكىن مۇشۇنداق بولۇشى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى ۋە ئۇلارنى ئويغاتتى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە مانا بۇ بارلىق فاكتلار توغرىسىدا قىلىنغان تەھلىلگە قارالسۇن.

⑪ «قۇرال ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان قاراش — جۇڭگونىڭ قۇراللىرى ياپونىيىنىڭكىگە يەتمەيدۇ، شۇڭا ئۇرۇشتا جۇڭگو جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ دېگەن مۇقام. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كاتتىۋاش-لىرى (جۇملىدىن جياڭ جيېشى)دا مۇشۇنداق قاراش بار ئىدى.

⑫ رۇلەيفو — بۇددا دىنىنىڭ ئىجاتچىسى ساكيامۇنىنى كۆرسىتىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭ — جۇڭگونىڭ 16 - ئەسىردە يېزىلغان ئەپسانىۋى رومانى «شىيۇجى»دىكى قەھرىمان. بۇ ئەپسانىدە ئېيتىلىشىچە، سۇن ۋۇكۇڭ ئەسلىدە بىر مايمۇن بولۇپ، ئۇ بىر موللاق ئاتسا، تۈمەن مىڭ لى يەرگە بېرىپ چۈشىدىكەن، لېكىن ئۇ رۇلەيفونىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەرقانچە موللاق ئېتىپمۇ ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ، ئەكسىچە، رۇلەيفو ئالقىنىنى دۈم قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭ بەش بارمىقى بىر - بىرىگە تۇتاش بەش تاققا ئايلىنىپ، سۇن ۋۇكۇڭنى بېسىۋاپتۇ.

⑬ 1935 - يىل 8 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىو-نالنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا يولداش دىمىتروۋ «ئۇرۇشقا ۋە فاشىزىمغا قارشى كۈرەشتە نۆۋەتتىكى مەسىلىلەر» دېگەن دوكلاتىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «فاشىزىم — ئەيمەنمەي زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىغان مىللىي تاجاۋۇز-چىلىق ۋە قاراقچىلىق ئۇرۇشى دېمەكتۇر.» 1937 - يىل 7 - ئايدا يولداش دىمىتروۋ يەنە «فاشىزىم — ئۇرۇش دېمەكتۇر» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

⑭ لېنىننىڭ «سوتسىيالىزىم ۋە ئۇرۇش» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بابىغا ۋە لېنىننىڭ «ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ھالاكىتى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 3 - بۆلۈمىگە قارالسۇن.

⑮ «سۇنزى»، 3 ـ توم «هۇجۇمغا تەييارلىنىش» قىسمىغا قارالسۇن.

⑯ چېڭپۇ هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى جۈەنچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. مىلادىدىن 632 يىل بۇرۇن جىن بەگلىكى بىلەن چۇ بەگلىكى بۇ يەردە قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدە چۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. جىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى 90 لى ئارقىغا چېكىنىپ، چۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ كۈچى ئاجىز بولغان ئوڭ ۋە سول قانىتىنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىدۇ، نەتىجىدە چۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

⑰ مىلادىدىن 204 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ جىياڭگىلىكى خەن شىن ئۆز قىسمىلىرىنى باشلاپ، جىڭشىڭ دىگەن جايدا جاۋشيې بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. 200 مىڭ كىشىلىك دەپ نام ئالغان جاۋشيې قوشۇنى سان جەھەتتىن خەن سۇلالىسى قوشۇنىدىن بىرنەچچە ھەسسە ئۇشۇق بولىدۇ. خەن شىن دەريا تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ سەپ تۈزىدۇ ۋە ئۆز قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاۋشيې قوشۇنىنىڭ مۇداپىئەسى ئاجىز بولغان ئارقا سېپىنى تۇيۇقسىز هۇجۇم بىلەن بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ، نەتىجىدە جاۋشيې قوشۇنى ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن بېرىلگەن زەربىلەر ئارقىسىدا قاتتىق تار ـ مار بولىدۇ.

⑱ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا فرانسىيىلىك ناپولېون ئەنگلىيە، پروسسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە روسىيە بىلەن، شۇنىڭدەك ياۋروپادىكى باشقا بىرمۇنچە دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى. نۇرغۇن جەڭلەردە ناپولېون قىسىملىرى سان جەھەتتىن ئۆز دۈشمەنلىرىگە يەتمەسمۇ، لېكىن غەلىبە قازانغان ئىدى.

⑲ مىلادىنىڭ 383 ـ يىلى چىن سۇلالىسىنىڭ ھوكۈمدارى فۇجيەن جىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرىنى سەل چاغلاپ، ئەسكەر چىقىرىپ جىن بەگلىكىگە هۇجۇم قىلىدۇ، جىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنى ئەنخۇي تول-

كىسىنىڭ شۇياڭ ناھىيىسىدىكى لۇجيەن دېگەن جايدا چىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى مەغلۇپ قىلىدۇ، ئاندىن قۇرۇقلۇق ھەم سۇ يولى بىلەن ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. فۇجيەن شۇياڭ شەھىرىنىڭ سېپىلىگە چىقىپ قارىغىنىدا، جىن بەگلىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەيۋەت بىلەن سەپ تارتىپ تۇرغانلىقىنى كورىدۇ، ئاندىن باگۇڭشەن تېغىغا قاراپ، تاغدىكى ئوت - چوپ ۋە دەل - دەرەخلەرنىمۇ جىن بەگلىكىنىڭ ئەسكەرلىرى دەپ بىلىدۇ، ئۇ، كۈچلۈك دۈشمەنگە ئۇچراپ قاپتىمەن، دەپ قورقۇنچقا چۈشىدۇ. مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 - تومىدىكى «جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ جەڭلۈۋىي مەسىلىسى»نىڭ⑳ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑳ بۇ جياڭ جيېشى ۋە ۋاڭ جىڭۋېيلارنىڭ 1927 - يىلى گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مىللى - دېموكراتىك بىرلىك-سېپىگە ئاسىيلىق قىلىپ، خەلققە قارشى 10 يىل ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو خەلقىغە كەڭ كولەمدە تەشكىللىنىش ئىمكانىيىتى بەرمىگەنلىگى-دىن ئىبارەت فاكتىنى كورسىتىدۇ. بۇ تارىخىي خاتالىققا جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جاۋاپكار.

㉑ سۇڭ شياڭگۇڭ — مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇن جۇنچيۇ دەۋرىدىكى سۇڭ بەگلىكىنىڭ بېگى. مىلادىدىن 638 يىل بۇرۇن سۇڭ بەگلىگى قۇدرەتلىك چۇ بەگلىگى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، سۇڭ بەگلىكىنىڭ ئەسكەرلىرى سەپ تارتىپ بولغاندا، چۇ بەگلىكىنىڭ ئەسكەرلىرى تېخى دەريادىن ئوتۇۋاتقان بولىدۇ. سۇڭ بەگلىكىنىڭ بىر ئەمەلدارى، چۇ بەگلىكىنىڭ ئەسكەرلىرى كوپ، سۇڭ بەگلىكىنىڭ ئەسكەرلىرى ئاز دەپ، چۇ بەگلىكىنىڭ ئەسكەرلىرى دەريادىن ئوتۇپ بولمىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، لېكىن سۇڭ شياڭگۇڭ: «بولمايدۇ، چۈنكى ئالىيجاناپ ئادەم باشقىلارغا ئۇلار قىيىنچىلىقتا قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلمايدۇ» دەيدۇ. چۇ بەگلىكىنىڭ ئەسكەر-لىرى دەريادىن ئوتۇپ بولۇپ، تېخى سەپ تارتىپ بولمىغان چاغدا سۇڭ بەگلىكىنىڭ ئەمەلدارى ھۇجۇم قىلىشنى يەنە ئىلتىماس قىلىدۇ،

سۇڭ شياڭگۇڭ يەنە: «بولمايدۇ، چۈنكى ئالىجاناپ ئادەم سەپ تارتىپ بولمىغان قوشۇنغا ھۇجۇم قىلمايدۇ» دەيدۇ. تاكى چۇ بەگلىكىنىڭ ئەسكەرلىرى تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن سۇڭ شياڭگۇڭ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. نەتىجىدە سۇڭ بەگلىكى قاتتىق يېڭىلىدۇ، سۇڭ شياڭگۇڭنىڭ ئۆزىمۇ يارىدار بولىدۇ. بۇ ھېكايە توغرىسىدا «زوجۇەن»دىكى شىگۇڭنىڭ 22-يىلىغا قارالسۇن.

㉒ 1937-يىلى ياپونىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى بېيپىڭ-تيەنجىننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تيەنجىن-پۇكۇ تۆمۈر يولىنى بويلاپ جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ، شەندۇڭ ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلدى، گومىنداڭنىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىدە ئۇزاق يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان جۇنفاسى خەن فۇجۈي جەڭ قىلماستىن قاچقان پېتى شەندۇڭدىن توپ-توغرى خېنەنگە بېرىۋالدى.

㉓ 1812-يىلى ناپولېئون 500 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىلەن روسىيىگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. روسىيە قوشۇنى موسكۋانى تاشلاپ چىقىپ ۋە كۆيدۈرۈۋېتىپ، ناپولېئون ئارمىيىسىنى ئاچ-يالىڭاچلىق ئازاۋىدا قالغان، ئارقا يوللىرى پاراكەندە بولغان، ئەسكەرلىرى مۇھاسىرىدە قالغان ھالاكەتلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇنى ئۆز قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. روسىيە قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ناپولېئون قوشۇنىدىن ئاران 20 نەچچە مىڭ كىشىلا قېچىپ كېتەلىگەن ئىدى.

㉔ گومىنداڭنىڭ ئارمىيىسىنى كېڭەيتىش چارىسى تۇش-تۇشقا ئەسكەر ۋە ساقچى ئەۋەتىپ، خەلقنى ئەسكەرلىككە تۇتۇش، ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنى گۇناھكارلارغا ئوخشاش ئاغامچا بىلەن باغلاپ قويۇش ئىدى. بىر ئاز پۇلى بار كىشىلەر گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا پارا بېرىپ، ئۆزىگە چۈشكەن ئادەم ئورنىغا ئادەم سېتىۋېلىپ بېرەتتى.

# جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ مىللىي ئۇرۇشتىكى ئورنى*

**(1938 - يىل 10 - ئاي)**

يولداشلار! بىز پارلاق ئىستىقبالغا ئىگىمىز؛ بىز ياپون جاھان-گىرلىكىنى يېڭىشىمىز كېرەك، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشىمىز كېرەك، شۇنىڭدەك بۇ مەقسەتلەرگە چوقۇم يېتەلەيمىز. لېكىن ھازىردىن تارتىپ بۇ پارلاق ئىستىقبالغا يېتىپ بارغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇشەققەتلىك بىر مۇساپە تۇرۇپتۇ. پارلاق جۇڭگو ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى باسقۇچلۇق ھالدا ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشى لازىم؛ ئۇنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن بولسا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشنى باش-تىن ئۆتكۈزۈشكىلا توغرى كېلىدۇ. بۇ ئۇرۇشقا دائىر ھەر تەرەپلىمە مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ سۆزلىدۇق. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇيانقى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپمۇ چىقتۇق؛ ھازىرقى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپمۇ ئالدۇق؛ پۈتۈن مىللەتنىڭ جىددىي

ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغىمۇ قويىدۇق؛ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا
ئۇزاق مۇددەتلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ
بىلەن بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئاساسلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈ-
رۈپمۇ ئوتتۇق؛ خەلقارا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپمۇ چىقتۇق. ئۇنداق
بولسا، يەنە نىمە مەسىلە بار؟ يولداشلار، يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ
بولسىمۇ جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ مىللى ئۇرۇشتا قانداق ئورۇندا
تۇرىدىغانلىقى مەسىلىسى، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنى قانداق
چۈشەنگەندە، ئۆزلىرىنى قانداق كۆچەيتكەندە ۋە ئۆزلىرىنى قانداق
ئىتتىپاقلاشتۇرغاندا، ئاندىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى مەغلۇبىيەتكە
ئۇچراتماي، غالىبىيەتكە ئېلىپ بارالايدىغانلىقى مەسىلىسىدۇر.

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ پارتىيە 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيۈەن-
خۈيىنىڭ 6 - ئومۇمىيىغىنىدا قىلغان دوكلات. بۇ قېتىمقى يىغىن يولداش
ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى داڭجۇڭياڭ جىڭجۈجۈينىڭ لۇشيەنىنى تەس-
تىقلىدى ۋە ناھايىتى مۇھىم بىر يىغىن بولدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ
دوكلاتتا «جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ مىللى ئۇرۇشتىكى ئورنى» دىگەن
مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى پارتىيە-
مىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتىكى
زور تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بىلىدىغان ۋە بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ
ھۆددىسىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن چىقىدىغان قىلىش ئۈچۈن ئىدى.
ئومۇمىيىغىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنى قەتئى داۋاملاش-
تۇرۇش فاڭجېنىنى ئېنىق بەلگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرلىك-
سەپتە ئىتتىپاقلىقمۇ ۋە كۈرەشمۇ بولىدىغانلىقىنى، «ھەممە بىرلىكسەپ
ئارقىلىق بولسۇن» دىيىشنىڭ جۇڭگو ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان-
لىقىنى كورسەتتى، شۇنداق قىلىپ، بىرلىكسەپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى
چيەنجىيۇجۈيى خاتالىقىنى پىپەن قىلدى؛ يولداش ماۋزېدۇڭ خۇلاسە

# ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىونالىزىم

ئىنتېرناتسىونالىزىمچى گۇڭچەنداڭ ئەزاسى ئەينى ۋاقىتتا يەنە ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بىزنىڭچە، مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت مەزمۇنى تارىخى شارائىتلارنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋە گىتلېرنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىكى» بار، بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىز بار. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋە گىتلېرنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەن نەرسىگە گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى قەتئى قارشى تۇرىدۇ. ياپونىيە كوممۇنىستلىرى ۋە گېرمانىيە كوممۇنىستلىرى — ئۆز دۆلەتلىرى قىلىۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆزلىگۈچىلەر. ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ۋە گىتلېر قىلىۋاتقان ئۇرۇشلارنى ھەممە چارىلەر بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بېرىش — ياپونىيە

---

چىقارغاندا ئېيتقان «بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق - ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق مەسىلىسى» ئەنە شۇنىڭغا دائىر مەسىلە. ئۇمۇمىيەن شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە پۈتۈن پارتىيىنىڭ خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۆرەشكە ئويۇشتۇرۇشقا كىرىشىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈردى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ئۇرۇش رايونلىرىغا ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىگە قارىتىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، ياپون قاراقچىلىرىنى يېڭىش ئۈمىدىنى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە باغلاش ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدىكى قانۇنىي ھەرىكەتلەرگە باغلاشقا ئوخشاش خاتا ئىدىيىلەرنى پېپەن قىلدى؛ يولداش ماۋزېدۇڭ خۇلاسە چىقارغاندا ئېيتقان «ئۇرۇش ۋە جەڭلىۋى مەسىلىسى» ئەنە شۇنىڭغا دائىر مەسىلە.

خەلقى ۋە گېرمانىيە خەلقىنىڭ مەنپەئەتى؛ مەغلۇبىيەتكە قانچىكى تەل-توكۇس ئېلىپ بېرىلسا، شۇنچە ياخشى. ياپونىيە كوممۇنىستلىرى ۋە گېرمانىيە كوممۇنىستلىرى شۇنداق قىلىشى لازىم، ئۇلار شۇنداقمۇ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ۋە گىتلېر قىلىۋاتقان ئۇرۇشلار دۇنيا خەلقىگە زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى ئۆز مەملىكەتلىرىنىڭ خەلقلىرىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. جۇڭگودا بولسا، ئەھۋال باشقىچە، جۇڭگو — تاجاۋۇز قىلىنغۇچى مەملىكەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئىنتېرناتسىونالىزىمنى بىرلەشتۈرۈشى لازىم. بىز — ئىنتېرناتسىونالىزىمچىلارمىز، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلەرمىز، بىزنىڭ شوئارىمىز — ۋەتەننى قوغداش، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىش. بىز ئۈچۈن، مەغلۇبىيەتچىلىك — جىنايەت، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش — باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت. چۈنكى ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلغاندىلا، تاجاۋۇزچىلارنى يېڭىپ، مىللەتنى ئازاتلىققا چىقارغىلى بولىدۇ. پەقەت مىللەت ئازاتلىققا چىققاندىلا، پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنى ئازاتلىققا چىقىرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. جۇڭگو غەلىبە قازانسا، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان جاھانگىرلار يوقىتىلسا، بۇ ئەينى زاماندا چەتئەل خەلقلىرىگە ياردەم قىلغانلىقمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنتېرناتسىونالىزىمنىڭ مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇشتا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدۇر. شۇ سەۋەپتىن، ھەر بىر كوممۇنىست ئەزاسى ئۆزىنىڭ بارلىق ئاكتىپلىقىنى جارى قىلىشى، قەھرىمانلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇشنىڭ جەڭ مەيدانىغا بېرىشى، قۇراللىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا

قارشى لازىم. شۇ سەۋەپتىن، بىزنىڭ پارتىيىمىز 18 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن باشلاپ، مىللى قوغدىنىش ئۇرۇشى بىلەن ياپون تاجاـ ۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش چاقىرىغىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ كىيىن يەنە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، قىزىل ئارمىيىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى ـ ئىنقىلاۋى ئارمىيە قىلىپ قايتا تۈزۈپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۆز ئەزالىرىنى ياپون باسقۇنـ چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغىچە ۋەتەننى قوغداشقا بۇيرۇدى. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى توغرى، ھەممىسى ئىنتېرناتسىونالىزىمنىڭ دەل جۇڭگودا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى بولۇپ، ئىنتېرناتسىونالىزىمغا قىلچىلىكمۇ خىلاپ كەلمەيدۇ. پەقەت سىياسى جەھەتتە گالۋاڭ كىشىلەر ياكى يامان غەرەزدىكى كىشىلەرلا بىزنى توغرى قىلمىدى، ئىنتېرناتسىونالىزىمدىن ۋازكەچتى دەپ ۋالاقلىشى مۇمكىن.

## گوڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ مىللى ئۇرۇشتىكى نەمۇنىلىك رولى

يۇقۇرىدىكى سەۋەپلەرگە ئاساسەن، گوڭچەنداڭ ئەزالىرى مىللى ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئاكتىپلىقىنى كۆرسىتىشى كېرەك؛ بەلكى بۇنداق ئاكتىپلىقنى ھەممە جەھەتتە كونكرېت ئىپادىلىشى، يەنى ھەممە جەھەتتە شىيەنفېڭلىق ۋە نەمۇنىلىك رول ئوينىشى لازىم. بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز قىيىن شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. كەڭ خەلق

ئاممىسىدە مىللىي ئاڭ-سېزىم، مىللىي غۇرۇر ۋە ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلمىغانلىقى، ھەربىي كۈچلەرنىڭ قۇدرەتلىك بولمىغانلىقى، ئىقتىساتنىڭ قالاق بولغانلىقى، سىياسىنىڭ دېموكراتىك بولمىغانلىقى، چىرىكلىك ھادىسىلىرى ۋە ئۈمىتسىزلىك كەيپىياتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، بىرلىكسەپنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاق بولمىغانلىقى، مۇستەھكەم بولمىغانلىقى ۋە باشقىلار ئەنە شۇ قىيىن شارائىتنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەرخىل ناچار ئەھۋاللارنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت زور مەسئۇلىيەتنى ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆز ئۈستىگە ئالماي بولمايدۇ. بۇ يەردە گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ شيەنفېڭلىق رولى ۋە نەمۇنىلىك رولى ئىنتايىن مۇھىم. گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيە ئىچىدە قەھرىمانانە جەڭ قىلىشتا نەمۇنە بولۇشى، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتا نەمۇنە بولۇشى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتا نەمۇنە بولۇشى، سىياسىي خىزمەتتە نەمۇنە بولۇشى ۋە ئىچكى بىرلىك-ئىتتىپاقلىقتا نەمۇنە بولۇشى لازىم. گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى دوست پارتىيە ۋە دوست ئارمىيەلەر بىلەن ئالاقە قىلغان چاغدا ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىكسەپ گاڭلىڭىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتا نەمۇنە بولۇشى لازىم؛ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ھەرىكىتىدە نەتىجە كۆرسىتىپ، تەكەببۇرلۇق قىلماي، چىن كۆڭۈل-سەمىمىي نىيەتتە دوست پارتىيە ۋە دوست ئارمىيەلەر بىلەن مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ ۋە خىزمەتتە ھەمكارلىشىپ، بىرلىكسەپتىكى

ھەرقايسى پارتىيىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىدە نەمۇنە بولۇشى لازىم. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ھوكۇمەت خىزمىتىدە ئىنتايىن پاك بولۇشتا، ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا تارتماسلىقتا، كوپ ئىشلەش ۋە ئاز ھەق ئېلىشتا نەمۇنە بولۇشى لازىم. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ئاممىۋى ھەرىكەتتە ئاممىنىڭ باشلىغى ئەمەس، ئاممىنىڭ دوستى بولۇشى، گۆرنلياۋجۇيىچى سىياسەتۋاز ئەمەس، كىشىلەرگە ھارماي ـ تالماي تەربىيە بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولۇشى لازىم. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى، قانداق ۋاقىت ۋە قانداق جايدا بولسۇن، شەخسى مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇندا قويماسلىغى، بەلكى شەخسى مەنپەئەتنى مىللەتنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەخسى مەنپەئەتكە بېرىلىش، پاسسىپلىق ـ ھورۇنلۇق قىلىش، خىيانەتچىلىك ـ چىرىكلىشىش، شوھرەتپەرەسلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ئەڭ يىرگىنچىلىك؛ شەخسى مەنپەئەتكە بېرىلمەي ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كوزلەش، ئاكتىپ ـ تىرىشچان بولۇش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئۇمۇم ئۈچۈن ئىشلەش، ئۆزىنى كورسەتمەي جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھىلا ھورمەتكە لايىق. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى پارتىيە تېشىدىكى بارلىق ئىلغارلار بىلەن بىردەك ھەمكارلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەرخىل ناچار ئەھۋاللارنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. چۈشىنىش كېرەككى، گوڭچەنداڭ ئەزالىرى پۈتۈن مىللەتنىڭ كىچىك بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت، پارتىيە تېشىدا يەنە كەڭ ئىلغارلار ۋە ئاكتىپلار بار، بىز ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىمىز لازىم. پەقەت ئۆزەملا ياخشى، باشقىلار يارىمايدۇ، دەپ ئويلاش پۈتۈنلەي توغرى ئەمەس. گوڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ قالاق كىشىلەرگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى

ئۇلارنى كەمسىتمىگەن، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان پوزىتسىيە بولماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىدىغان، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىغان، ئۇلارنى قايىل قىلىدىغان، ئۇلارنى ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئىلهاملاندۇرىدىغان پوزىتسىيە بولۇشى لازىم. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى خىزمەتتە خاتالاشقان كىشىلەرگە قارىتا، قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغانلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنى تۇتماستىن، بەلكى نەسىھەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى تېز ۋە تولۇق ئۆزگىرىدىغان، كونىلىقنى تاشلاپ، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان قىلىشى لازىم. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتە نەمۇنە بولۇشى، شۇنىڭدەك يىراقنى كۆرۈشتە نەمۇنە بولۇشى لازىم. چۈنكى پەقەت ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەندىلا، بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ؛ پەقەت يىراقنى كۆرگەندىلا، ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىسى يوقىتىپ قويۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ئۆگىنىشتىمۇ نەمۇنە بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشى، لېكىن يەنە ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ بولۇشى لازىم. پەقەت ئاممىدىن ئۆگەنگەن، مۇھىتتىن ئۆگەنگەن، دوست پارتىيە ۋە دوست ئارمىيەلەردىن ئۆگەنگەن ۋە ئۇلارنى چۈشەنگەندىلا، خىزمەت ئۈستىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئىستىقبال ئۈستىدە يىراقنى كۆرۈش مۇمكىن. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشتا ۋە ئېغىر شارائىتتا، گوڭچەنداڭ ئەزالىرى دوست پارتىيە ۋە دوست ئارمىيەلەر ھەم خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى بارلىق ئىلغارلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆزىنىڭ شەيئىلىك ۋە نەمۇنىلىك رولىنى يۇقۇرى دەرىجىدە جارى قىلغاندىلا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ھەممە جانلىق كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى

تۇگىتىش، دۇشمەننى يېڭىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ.

## پۈتۈن مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە مىللەت ئىچىدىكى جاسۇسلارغا قارشى تۇرۇش

قىينچىلىقلارنى تۈگىتىش، دۇشمەننى يېڭىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكـسەپنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشكە، پۈتۈن مىللەت ئىچىدىكى بارلىق جانلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىشقا توغرى كېلىدۇ، بۇـ بىردىن ـ بىر قائىدىدۇر. لېكىن بىزنىڭ مىللى بىرلىكسەپىمىزدە بۇزغۇنـچىلىق رولىنى ئوينايدىغان جاسۇسلار مەۋجۇت، ئۇلار ۋەتەن خائىنلىرى، تروتسكىچىلار ۋە ياپونپەرەسلەر. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ئەنە شۇ جاسۇسلارغا ھەر قاچان دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەتـلىرىنى ھەقىقى دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن پاش قىلىشى، خەلقنى ئۇلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتمەسلىككە ئۈندىشى لازىم. گوڭچەنـداڭ ئەزالىرى مىللى جاسۇسلارغا قارىتا سىياسى ھوشيارلىقنى يۇقۇرى كوتۇرۇشى لازىم. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى چۈشىنىشى لازىمكى، جاسۇسلارنى پاش قىلىش ۋە ئارىدىن سىقىپ چىقىرىشنى مىللى بىرلىكسەپنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. پەقەت بىر تەرەپنىلا كوزدە تۇتۇپ، ئىككىنچى تەرەپنى ئۇنۇتۇپ قىلىش پۈتۈنلەي خاتا.

# گوڭچەنداڭنى كېڭەيتىش ۋە جاسۇسلارنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش

قىسىنچىلىقلارنى تۈگىتىش، دۈشمەننى يېڭىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن، گوڭچەنداڭ ئۆز تەشكىلىنى كېڭەيتىشى، ئىنقىلاپقا چىن قەلبىدىن بېرىلىدىغان، پارتىيە مەسلىكىگە ئىشىنىدىغان، پارتىيە سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدىغان ھەمدە ئىنتىزامغا بويسۇنۇشنى ۋە تىرىشىپ ئىشلەشنى خالايدىغان كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئاكتىپ ياشلارغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ، پارتىيىنى ئاممىۋىلىققا ئىگە ئۇلۇق پارتىيىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. بۇ يەردە گۇرۇھچىلىك خاھىشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاسۇسلارنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن ھوشيار بولۇشىمۇ مۇتلەق زۆرۈر. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى پارتىيىمىزنى بۇزۇشقا ھەر ۋاقىت ئۇرۇنىدۇ، يوشۇرۇنۇۋالغان ۋەتەن خائىنلىرى، تروتسكىچىلار، ياپونپەرەسلەر، چىرىك ئۇنسۇرلار ۋە پۇرسەتپەرەسلەرنى ئاكتىپلار قىياپىتىدە بېزەپ، پارتىيىمىزگە كىرگۈزۈشكە ھەر ۋاقىت ئۇرۇنىدۇ. مۇنداق ئۇنسۇرلاردىن ھوشيار بولۇش ۋە قاتتىق ساقلىنىشنى بىردەممۇ بوشاشتۇرماسلىق لازىم. جاسۇسلار كىرىۋالارمىكىن دەپ، پارتىيىمىزنىڭ ئىشىگىنى تاقاپ قويغىلى بولمايدۇ، پارتىيىمىزنى دادىل راۋاجلاندۇرۇش — بىزنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەن فاڭجېنىمىز. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دادىل راۋاجلاندۇرىمىز دەپ، جاسۇسلار ۋە پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ پۇرسەت تېپىپ كىرىۋېلىشىغا بولغان سەزگۈرلۈكىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. پەقەت بىر

تەرەپنىلا كوزدە تۇتۇپ، ئىككىنچى تەرەپنى ئۇنۇتۇپ قالساق، خاتالاشىمىز. «دادىل راۋاجلاندۇرۇش، لېكىن بىرمۇ بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ كىرىۋېلىشىغا يول قويماسلىق»لا توغرى فاڭجېن.

## بىرلىكسەپنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش ۋە پارتىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قەتئى ساقلاش

مىللى بىرلىكسەپنى قەتئى داۋاملاشتۇرغاندىلا، قىيىنچىلىقلارنى تۈگەتكىلى، دۈشمەننى يەڭگىلى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭدا قىلچە شەك-شۈبھە يوق. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرلىكسەپكە كىرگەن ھەرقانداق پارتىيە-گۇرۇھنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاش لازىم، مەيلى گومىنداڭ بولسۇن، گۇڭچەنداڭ بولسۇن، باشقا پارتىيە-گۇرۇھلار بولسۇن، ھەممىسى شۇنداق. سەنمىنجۇيىدىكى خەلق ھوقۇقى مەسىلىگى، پارتىيە-گۇرۇھلار مەسىلىسىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىگە يول قويۇش، پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ يول قويۇشتۇر. ئەگەر بىرلىككىلا تەكىتلىنىپ، مۇستەقىللىق ئىنكار قىلىنسا، خەلق ھوقۇقى مەسىلىگىدىن ۋازكەچكەنلىك بولىدۇ، بۇنىڭغا بىز گۇڭچەنداڭ تۈگۈل، ھەرقانداق پارتىيە-گۇرۇھلارمۇ قوشۇلالمايدۇ. سۆزسىزكى، بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق مۇتلەق ئەمەس، پەقەت نىسبى بولىدۇ؛ ئەگەر مۇتلەق دەپ قارىلىدىغان بولسا، بۇ ھال ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش دېگەن ئومۇمى فاڭجېننى بۇزىدۇ. لېكىن

بۇنداق نىسبى مۇستەقىللىقنى ھەرگىز يوقىتا چىقارغىلى بولمايدۇ، مەيلى ئىدىيە جەھەتتە بولسۇن، سىياسى جەھەتتە بولسۇن، تەشكىلى جەھەتتە بولسۇن، ھەر بىر پارتىيىنىڭ نىسبى مۇستەقىللىقى، يەنى نىسبى ئەركىنلىك ھوقۇقى بولۇشى لازىم. ئەگەر بۇنداق نىسبى ئەركىنلىك ھوقۇقى كىشىلەر تەرىپىدىن يوقىتا چىقىرىلسا ياكى پارتىيىلەر ئۆزى ئۆزىنىڭدىن ۋازكەچسە، بۇمۇ ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش دىگەن ئومۇمى فاكىتىنى بۇزىدۇ. بۇنى ھەر بىر كوممۇنىست، شۇنىڭدەك دوست پارتىيىلەرنىڭ ھەر بىر ئەزاسى چۈشىنىشى كېرەك.

سىنىپىي كۈرەش بىلەن مىللى كۈرەشنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنداق. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ھەممە ئىش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشى لازىم، بۇ — ئېنىق بەلگىلەنگەن پىرىنسىپ. شۇڭا، سىنىپىي كۈرەش مەنپەئەتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشى كېرەك، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەنپەئەتىگە خىلاپ كەلسە بولمايدۇ. ئەمما سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەۋجۇتلىقى — ئەملىيەت؛ بەزىلەر بۇ ئەملىيەتنى ئىنكار قىلىدۇ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، بۇ خاتا. سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇش نەزىرىيىسى پۈتۈنلەي خاتا نەزىرىيە. بىز سىنىپىي كۈرەشنى ئىنكار قىلمايمىز، بەلكى ئۇنى تەڭشەيمىز. بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ئۆزئارا يول قويۇش سىياسىتى پارتىيە - گۇرۇھلار مۇناسىۋىتىگىلا ئەمەس، بەلكى سىنىپلار مۇناسىۋىتىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، سىنىپلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان

مۇۋاپىق بىر سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ سىياسىي ۋە تۇرمۇش جەھەتتىن كاپالەتسىز قېلىشىغىمۇ يول قويماسلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بايلارنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ كۆزدە تۇتۇش، شۇنداق قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشىش لازىم. پەقەت بىر تەرەپنىلا كۆزدە تۇتۇپ، ئىككىنچى تەرەپنى كۆزدە تۇتماسلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىسىز.

## ئۇمۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇش، كوپچىلىكنى كۆزدە تۇتۇش ۋە ئىتتىپاقداشلار بىلەن بىللە ئىشلەش

گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ئاممىنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلغان چاغدا ئۇمۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇش، كوپچىلىكنى كۆزدە تۇتۇش ۋە ئىتتىپاقداشلار بىلەن بىللە ئىشلەش نۇقتەئىنەزىرىدە بولۇشى لازىم. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى قىسمەن ئېھتىياجنى ئۇمۇمىي ئېھتىياجغا بويسۇندۇرۇش دېگەن داۋلىنى چۈشىنىشى كېرەك. ئەگەر مەلۇم بىر پىكىر قىسمەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاقىدىغان بولۇپ، ئۇمۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاقمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، قىسمەنلىكنى ئۇمۇملۇققا بويسۇندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق، قىسمەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاقمايدىغان بولۇپ، ئۇمۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاقىدىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ قىسمەنلىكنى ئۇمۇملۇققا بويسۇندۇرۇش لازىم. ئۇمۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇش نۇقتەئىنەزىرى دېگەن شۇنداق. گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ھەرگىز

ئاممىنىڭ كۆپچىلىكىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى، كۆپچىلىك كىشىلەر-
نىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتماي، ئاز ساندىكى ئىلغارلار قوشۇننى
باشلاپ، يەككە ھالدا قارغۇلارچە ئىلگىرىلەۋەرمەسلىكى كېرەك؛
ئىلغارلار بىلەن كەڭ ئاممە ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە ئورنىتىشقا
دىققەت قىلىشى لازىم. كۆپچىلىكنى كۆزدە تۇتۇش نۇقتەئى نەزىرى
ئەنە شۇنداق. بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان دېموكراتىك
پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە دېموكراتىك زاتلار بار ھەممە جايلاردا
گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇلار بىلەن بىللە مەس-
لىھەتلىشىش ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشى
لازىم. ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئىتتىپاقداشلار بىلەن كارى بولماسلىق
پوزىتسىيىسى توغرى ئەمەس. ياخشى گۇڭچەنداڭ ئەزاسى ئۇمۇملۇقنى
كۆزدە تۇتۇشقا ماھىر بولۇشى، كۆپچىلىكنى كۆزدە تۇتۇشقا ماھىر
بولۇشى ۋە ئىتتىپاقداشلار بىلەن بىللە ئىشلەشكە ماھىر بولۇشى لازىم.
بىزدە ئىلگىرى بۇ جەھەتلەردە ناھايىتى زور كەمچىلىك بولغان ئىدى،
ئۇنى تۈزىتىشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

## كادىرلار سىياسىتى

جۇڭگو گۇڭچەنداڭى — بىرنەچچە يۈز مىليون نوپۇسلۇق چوڭ
مىللەت ئىچىدە ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان
پارتىيە، ئۇ ھەم قابىلىيەتلىك، ھەم ئەخلاقلىق نۇرغۇن رەھبىرىي
كادىرلار بولماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيال-
مايدۇ. 17 يىلدىن بۇيان پارتىيىمىز نۇرغۇن رەھبىرىي خادىملارنى
يېتىشتۈردى، ھەربىي، سىياسىي ساھەلەر، مەدەنىيەت، پارتىيە

ئىشلىرى ۋە ئاممىۋى ھەرىكەت ساھەلىرىدە تايانچلىرىمىز بار بولۇپ قالدى، بۇ — پارتىيىنىڭ شان-شەرىپى، شۇنداقلا پۈتۈن مىللەتنىڭ شان-شەرىپى. لېكىن، ھازىر بار تايانچلار كۈرەشنىڭ زور بىناسىغا تىرەك بولۇشقا تېخى يېتىشمەيدۇ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يەنە كەڭ تۈردە يېتىشتۈرۈش كېرەك. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇق كۈرەشلىرىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئاكتىپلار مەيدانغا كەلدى ۋە داۋاملىق مەيدانغا كەلمەكتە، بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئۇلارنى يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنى ئاسراش ۋە ئۇلارنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولۇشتىن ئىبارەت. سىياسىي لۇشيەن ئېنىق بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ①. شۇڭا، پىلانلىق رەۋىشتە كۆپلەپ يېڭى كادىر يېتىشتۈرۈش — بىزنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىمىز.

پارتىيىنىڭ كادىرلارغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماستىن، پارتىيىسىز كادىرلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. پارتىيە سىرتىدا نۇرغۇن ئىختىساسلىق كىشىلەر بار، گۇڭچەنداڭ ئۇلارنى دىققەت-ئېتىۋارىنىڭ سىرتىدا قالدۇرسا بولمايدۇ. ھاكاۋۇرلۇق ئادىتىنى تاشلاپ، پارتىيىسىز كادىرلار بىلەن بىللە ئىشلەشكە ماھىر بولۇش، ئۇلارغا چىن كۆڭۈل-سەمىمىي نىيەت بىلەن ياردەم بېرىش، ئۇلارغا قىزغىن ۋە يولداشلارچە پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەم ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇق ئىشقا قارىتىش — ھەر بىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسىنىڭ مەسئۇلىيىتى.

كادىرلارنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. كادىرنىڭ بىرەر ۋاقىت، بىرەر ئىشتىكى ئىپادىسىگىلا قارىماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پۈتۈن تارىخىغا ۋە پۈتۈن خىزمىتىگە قاراش كېرەك، بۇ — كادىرلارنى

چۈشىنىشىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى.

كادىرلارنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، يىغىپ ئېيتقاندا، ئاساسەن ئىككى ئىشتىن: ئەقىل كۆرسىتىش ۋە كادىرلارنى ئىشقا سېلىشتىن ئىبارەت. بارلىق پىلان، قارار، بۇيرۇق، يوليورۇق ۋە باشقىلار «ئەقىل كۆرسىتىش»كە كىرىدۇ. ئەنە شۇ كۆرسىتىلگەن ھەممە ئەقىللەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كادىرلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم، بۇلار «كادىرلارنى ئىشقا سېلىش»قا كىرىدۇ. كادىرلارنى ئىشقا سېلىش مەسىلىسىدە مىللىتىمىزنىڭ تارىخىدا بۇرۇندىن تارتىپ بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى لۇشيەن بولۇپ كەلدى: بىرى — «ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇش» لۇشيەنى، يەنە بىرى — «يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇش» لۇشيەنى. ئالدىنقىسى — توغرى لۇشيەن، كېيىنكىسى — ناتوغرى لۇشيەن. گوڭچەنداڭنىڭ كادىرلار سىياسىتى پارتىيە لۇشيەنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، پارتىيە ئىنتىزامىغا بويسۇنۇش، ئاممە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇش، مۇستەقىل خىزمەت قىلىش قابىلىيىتى بولۇش، ئاكتىپ بېرىلىپ ئىشلەش ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىكنى ئۆلچەم قىلىشى لازىم، بۇ — «ياخشىلار-نىلا ئىشقا قويۇش» لۇشيەنى. ئىلگىرى جاڭ گوتاۋ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان كادىرلار سىياسىتىنى قوللاندى، «يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇش»نى يولغا قويۇپ، ئۆز تەرەپدارلىرىنى يېنىغا تارتىپ، كىچىك گۇرۇھ ئۇيۇشتۇردى، ئاقىۋەت پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كەتتى، بۇ — بىر چوڭ ساۋاق. جاڭ گوتاۋ ۋەقەسى ۋە جاڭ گوتاۋ ۋەقەسىگە ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، كادىرلار سىياسىتى مەسىلىسىدە توغرى ۋە گۇڭداۋ ئىستىلدا چىڭ تۇرۇش،

توغرى بولمىغان ۋە گۇڭداۋ بولمىغان ئىستىلغا قارشى تۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش ــ جۇڭگيا ڭنىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى.

كادىرلارنى ئاسراشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ئاسراشنىڭ چارىسى: بىرىنچى، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش. يەنى ئۇلارنى دادىل ئىشلەشكە قويۇپ بېرىپ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان قىلىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئۆز ۋاقتىدا يوليورۇق بېرىپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ سىياسى لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز ئىجاتچانلىقىنى جارى قىلالايدىغان قىلىش. ئىككىنچى، ئۇلارنى ئۇستۇرۇش. يەنى ئۇلارغا ئۆگىنىش پۇرسىتى بېرىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ، نەزىرىيە ۋە خىزمەت قابىلىيىتى جەھەتتە بىر بالداق ئۇستۇرۇش. ئۈچىنچى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىشىگە، ئۇتۇقلىرىنى كېڭەيتىشىگە ۋە خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىش. خىزمەت تاپشۇرۇپلا قويۇپ، تەكشۈرۈپ تۇرماسلىق، ئېغىر خاتالىق سادىر بولغاندا، ئاندىن دىققەت قىلىش كادىرلارنى ئاسراشنىڭ چارىسى ئەمەس. تۆتىنچى، خاتالىق ئۆتكۈزگەن كادىرلارغا قارىتا ئومۇمەن قايىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش. پەقەت ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېتەكچىلىكنى قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەرگىلا كۈرەش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. بۇ يەردە سەۋرچانلىق زۆرۈر؛ كىشىلەرگە يېنىكلىك بىلەن «جىخۇيجۇيى» قالپىقىنى كىيدۈرۈش، يېنىكلىك بىلەن «كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش توغرى ئەمەس. بەشىنچى، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا ئېتىۋار بېرىش. كادىرلاردىن كېسەلى،

تۇرمۇش ۋە ئائىلە قىيىنچىلىقلىرى بارلىرىغا، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە، كۆڭۈل قويۇپ ئېتىۋار بېرىش كېرەك. بۇلار كادىرلارنى ئاسراش ئۇسۇلى.

## پارتىيە ئىنتىزامى

جاڭ گوتاۋنىڭ ئىنتىزامنى قاتتىق بۇزغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيە ئىنتىزامنى قايتا تەكىتلەش زۆرۈر: (1) شەخس تەشكىلاتقا بويسۇنۇش؛ (2) ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش؛ (3) تۆۋەن يۇقۇرىغا بويسۇنۇش؛ (4) پۈتۈن پارتىيە جۇڭياڭغا بويسۇنۇش. كىمكى بۇ ئىنتىزامنى بۇزسا، ئۇ پارتىيىنىڭ بىرلىكىنى بۇزغان بولىدۇ. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئىنتىزامنى بۇزغان بەزى كىشىلەر پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن بۇزدى؛ ئىنتىزامنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن بۇزغۇچى بەزى كىشىلەر، مەسىلەن، جاڭ گوتاۋ بولسا، نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەنە شۇنداق چۈشەنمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەككارلىقىنى بازارغا سالدى. شۇڭا، پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنى ھەم ئۆزلىرى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، ھەم پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭمۇ ئىنتىزامغا بىرلىكتە رىئايە قىلىشى ئۈستىدىن نازارەت قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، جاڭ گوتاۋ ۋەقەسىنىڭ قايتا تۇغۇلۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرى يولغا سېلىش ئۈچۈن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەڭ مۇھىم تۆت ئىنتىزامدىن باشقا، پارتىيە ئىچىدە يەنە تەپسىلىرەك ئىچكى قائىدە - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر

دەرىجىلىك رەھبەرىي ئورۇنلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم.

## پارتىيە دېموكراتىيىسى

ئۇلۇق كۈرەش ئۈستىدە تۇرغان جۇڭگو گۇڭچەنداڭى پارتىيىنىڭ ھەممە رەھبەرىي ئورگانلىرىدىن، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەزالىرى ۋە كادىرلىرىدىن ئۆز ئاكتىپلىقىنى يۇكسەك دەرىجىدە جارى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاكتىپلىقنى جارى قىلغاندىلا، غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ. ئاكتىپلىقنى جارى قىلىش رەھبەرىي ئورگانلارنىڭ، كادىرلارنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتلىرىدە، مەسئۇلىيەتچانلىق روھىدا ۋە خىزمەتتىكى جانلىقلىقىدا، مەسىلە قويۇش، پىكىر بايان قىلىش، كەمچىلىكلەرنى تەنقىت قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى ۋە ماھىر بولۇشىدا، شۇنىڭدەك رەھبەرىي ئورگانلار ۋە رەھبەرىي كادىرلارغا ئاسراش نۇقتەئى نەزىرىدە تۇرۇپ نازارەت قىلىشدا كونكرېت ئىپادىلىنىشى كېرەك. بۇلار بولمىسا، ئاكتىپلىق قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئاكتىپلىقنىڭ جارى قىلىنىشى پارتىيە تۇرمۇشىنىڭ دېموكراتىيىلەشتۈرۈلۈشىگە باغلىق. پارتىيە ئىچىدە دېموكراتىك تۇرمۇش كەم بولسا، ئاكتىپلىقنى جارى قىلىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولمايدۇ. كۆپلىگەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىمۇ پەقەت دېموكراتىك تۇرمۇشتىلا مۇمكىن بولىدۇ. مەملىكىتىمىز — ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدىكى ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مەملىكەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا

ھازىرغىچە تېخى دېموكراتىك تۇرمۇش يوق، شۇڭا، بۇ ئەھۋال پارتىيىمىز ئىچىدە ئەكس ئېتىپ، دېموكراتىك تۇرمۇش تولۇق بولماسلىق ھادىسىسى پەيدا بولدى. بۇ ھادىسە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاكتىپلىقىنىڭ تولۇق جارى قىلىنىشىغا توسقۇن بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرلىكسەپتە ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتتە دېموكراتىك تۇرمۇشنىڭ تولۇق بولماسلىقىغىمۇ سەۋەپ بولۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، پارتىيە ئىچىدە دېموكراتىك تۇرمۇشقا دائىر تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا دېموكراتىك تۇرمۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، دېموكراتىيە تۈزۈمى بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋە دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بىر تەرەپتىن، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشنى ھەقىقى رەۋىشتە كېڭەيتكىلى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلىشىش ۋە ئىنتىزامنى بۇزىدىغان ئەركىنلىك يولىغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۇستۇرۇش، ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئارمىيىمىزدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىمۇ زورۇر بولغان دېموكراتىك تۇرمۇشنى كۆپەيتىشى كېرەك. لېكىن ئارمىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا بولىدىغان دېموكراتىيە جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا بولىدىغان دېموكراتىيىدىن ئاز بولۇشى لازىم. مەيلى ئارمىيىدە بولسۇن ياكى جايلاردا بولسۇن، پارتىيە دېموكراتىيىسى ئىنتىزام ۋە جەڭگىۋارلىقنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ئىنتىزامنى مۇستەھكەملەش ۋە جەڭگىۋارلىقنى كۈچەيتىشنى كۆزدە تۇتۇشى لازىم.

پارتىيە دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىشنى پارتىيىنى مۇستەھكەملەش ۋە پارتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زورۇر تەدبىرى، پارتىيىنى ئۇلۇق كۇرەشلەردە جانلىق - تېتىك بولىدىغان، ئوز ۋەزىپىسىنىڭ هوددىسدىن بىمالال چىقىدىغان، يېڭى كۈچلەرنى ئوستۇرىدىغان ۋە ئۇرۇشنىڭ قىيىن ئوتكەللىرىنى بوسۇپ ئوتىدىغان قىلىشنىڭ مۇھىم بىر قۇرالى دەپ قاراش كېرەك.

# بىزنىڭ پارتىيىمىز ئىككى سەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كۇرەشتە مۇستەھكەملەندى ۋە زورايدى

17 يىلدىن بۇيان بىزنىڭ پارتىيىمىز، ئومۇمەن، ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق ئىدىيىۋى كۇرەش قۇرالىدىن پايدىلىنىشنى ئۇگىنىۋېلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىلەرگە ئىككى سەپ بويىچە قارشى تۇرۇپ كەلدى: بىر تەرەپتىن، ئوڭچىل جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن، «سول»چىل جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇردى.

پارتىيە 6 - نوۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 5 - ئومۇمىيغىنىچە② پارتىيىمىز چېن دۇشيۇنىڭ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىسىغا ۋە يولداش لى لىسەنىڭ «سول»چىل جىخۇيجۇيىسىغا قارشى تۇردى. پارتىيە ئىچىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق كۇرەشنىڭ غەلىبىسى پارتىيىمىزنى ئۇلۇق تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇردى. 5 - ئومۇمىيغىنىدىن كېيىن، يەنە پارتىيە ئىچىدە ئىككى قېتىم تارىخىي ئەھمىيەتلىك كۇرەش، يەنى زۇنيى يىغىنىدىكى كۇرەش ۋە جاڭ گوتاۋنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىش كۇرىشى بولۇپ ئوتتى.

زۇنيى يىغىنى بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقتىش»قا قارشى كۈرەشتە ئوتتۇلگەن «سول»چىل جىخۇيجۇيى خاراكتېرىدىكى ئېغىر پىرىنسىپلىق خاتالىقنى تۈزەتتى، پارتىيىنى ۋە قىزىل ئارمىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن داڭجۇڭياڭ ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ئۇزۇن سەپەرنى غەلىبىلىك تاماملاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدى ئىلگىرىلەش جېنىدىسىغا يوتكىلىپ كېلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپلىك يېڭى سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. باشى يىغىنى③ ۋە يەنئەن يىغىنى④ (جاڭ گوتاۋ لۇشيەنىگە قارشى كۈرەش باشى يىغىنىدا باشلىنىپ، يەنئەن يىغىنىدا ئاياقلاشتى) جاڭ گوتاۋنىڭ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇرغانلىقى ئارقىسىدا، پۈتۈن قىزىل ئارمىيە توپلىنىپ، پۈتۈن پارتىيە تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش ئېلىپ باردى. بۇ ئىككى تۈرلۈك جىخۇيجۇيى خاتالىقىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش داۋامىدا تۇغۇلدى، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۇرۇش داۋامىدىكى خاتالىق بولغانلىقىدۇر.

پارتىيە ئىچىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق كۈرەشتىن ئېلىنغان ساۋاقلار نىملەردىن ئىبارەت؟ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلىرىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنى چۈشەنمىگەنلىكتىن تۇغۇلغان ۋە بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقتىش»قا قارشى كۈرەشتە ئىپادىلەنگەن ئېغىر پىرىنسىپلىق خاتالىقلار جۇڭگوەن ۋە كېڭگوەن شارائىتنى كوزدە تۇتمايدىغان «سول»چىل ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلى خاھىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى، بۇنداق خاھىش ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىسىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرقانداق ئىنقىلاۋىي

ھەرىكەتلەرگىمۇ پايدىسىز. (2) جاڭ گوتاۋنىڭ جىنخۇيجۇيىسى بولسا، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتىكى ئوڭچىل جىنخۇيجۇيى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە جاڭ گوتاۋنىڭ چېكىنىش لۇشيەنى، جۇنفاجۇيىسى ۋە پارتىيىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىدى. پەقەت ئۇنى تۈگەتكەندىلا، قىزىل ئارمىيىنىڭ 4-فاڭمىيەنجۈندىكى سۈپەت جەھەتتىن ناھايىتى ئوبدان ۋە ئۇزاق مۇددەت قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان كەڭ كادىرلارنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى جاڭ گوتاۋ جىنخۇيجۇيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلىپ، جۇڭياڭنىڭ توغرى لۇشيەنى تەرەپكە ئۆتكۈزۈش مۇمكىن بولدى. (3) 10 يىللىق يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئۇلۇق تەشكىلىي خىزمەتلەر، مەيلى ھەربى قۇرۇلۇش خىزمىتىدە بولسۇن، ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولسۇن، ئاممىۋى خىزمەتتە بولسۇن ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە بولسۇن، زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى، بۇنداق تەشكىلىي خىزمەتلەر ئالدىنقى سەپلەردە قەھرىمانلارچە ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلمىغان بولسا، جياڭ جيېشىغا قارشى شۇ چاغدىكى دەھشەتلىك كۈرەشكە بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن بولماس ئىدى. لېكىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتى ۋە تەشكىلىي سىياسىتى جەھەتتە ئېغىر پىرىنسىپلىق خاتالىقلار يۈز بەردى، بۇ مەزھەپچىلىك خاھىشىدا، جازاپەرەسلىكتە ۋە ئىدىيىۋى كۈرەشتىكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش سىياسىتىدە ئىپادىلەندى. بۇ — ئىلگىرىكى لىسەن لۇشيەنىنىڭ قالدۇقلىرى تېخى تولۇق سۈپۈرۈپ تاشلانمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنىڭدەك شۇ چاغدا سىياسى جەھەتتە يۈز بەرگەن پىرىنسىپلىق خاتالىقلارنىڭ نەتىجىسى. بۇ خاتالىقلارمۇ زۇنيى يىغىنىدا تۈزىتىلگەنلىكتىن، پارتىيە توغرى كادىرلار سىياسىتى ۋە توغرى تەشكىلىي

پىرىنسىپ تەرىپىگە ئۆتتى. جاڭ گوتاۋنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى بولسا، گوڭچەنداڭنىڭ بارلىق پىرىنسىپلىرىدىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كەتتى، پارتىيە ئىنتىزامىنى بۇزدى، گۇرۇھپىچىۋازلىق ھەرىكىتىدىن راۋاجلىنىپ، پارتىيىگە قارشى، جۇڭگوغا قارشى، ئىنتېرناتسونالغا قارشى ھەرىكەتلەرگىچە بېرىپ يەتتى. جۇڭگو جاڭ گوتاۋنىڭ جىنايى لۇشيەن خاتالىقىنى ۋە پارتىيىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، مۇمكىن بولغان ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە جاڭ گوتاۋنىڭ ئۆزىنىمۇ قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلدى. لېكىن جاڭ گوتاۋ ئۆز خاتالىقىنى تۈزىتىشنى ئەسلا خالىماي، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، كېيىن پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقان چاغدا پارتىيىمىز ئۇنى پارتىيىدىن قەتئىي قوغلاپ چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭغا بۇ جازانىڭ بېرىلىشى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللىي ئازاتلىق ئىشىغا سادىق بارلىق كىشىلەرنىڭمۇ ھىمايىسىگە ئېگە بولدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسونالمۇ بۇ جازانىڭ بېرىلىشىنى تەستىقلىدى ھەمدە جاڭ گوتاۋنى قاچقۇن ۋە خائىن دەپ كۆرسەتتى.

بۇ ساۋاقلار ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر بىزنى بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن پارتىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىكى بىرلىكىنى مۇستەھكەملەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىشنىڭ زورۇر ئالدىنقى شەرتى بىلەن تەمىن ئەتتى. پارتىيىمىز ئىككى سەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشتە مۇستەھكەملەندى ۋە زورايدى.

# نوۋەتتىكى ئىككى سەپ بويىچە كۇرەش

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيىتىدە ئۇلۇغ ئۇمۇمىلىكتە سىياسى جەھەتتىن قارشى تۇرۇش بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ؛ لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «سول» ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلىگە قارشى تۇرۇشقىمۇ ئاۋالقى دەكلا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىرلىكسەپ مەسىلىسىدە، پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەسىلىسىدە ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسىلىسىدە «سول» گۇمىنجۇيى خاھىشىغا داۋاملىق قارشى تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان پارتىيە - گۇرۇھلار بىلەن ھەمكارلىشىش، گوڭچەنداڭنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەرتسىز ھەمكارلىشىش ۋە شەرتسىز راۋاجلاندۇرۇشتەك ئوڭچىل جىخۇيىجۇيى خاھىشىغىمۇ قارشى تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، ھەمكارلىشىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، تەسلىمچىلىك ئاساسىدىكى ھەمكارلىشىشقا ۋە پىرىنسىپسىز راۋاجلاندۇرۇشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىككى سەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىدىيىۋى كۇرەش كونكرېت دۇيشياڭنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىشى لازىم، مەسىلىگە ھەرگىز جۇگۇەن ھالدا قارىماسلىق كېرەك، ئوتمۇشتىكى «كەلسە - كەلمەس قالپاق كىيدۇرۇش»تەك يامان ئادەتلەرنى ھەرگىز داۋاملاشتۇرماسلىق كېرەك.

خاتا خاھىشلارغا قارشى كۇرەشتە ئىككى يۈزلىمىلىككە قارشى

تۇرۇش — قاتتىق دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش. چۈنكى ئىككى يۈزلىمىلىكنىڭ ئەڭ چوڭ خەۋپى شۇنىڭدىكى، ئۇ راۋاجلىنىپ گۇرۇپپىۋازلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىشى مۇمكىن؛ جاڭ گوتاۋنىڭ تارىخى — بۇنىڭ دەلىلى. كورۇنۇشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلىش، تىلى تۇزۇك، دىلى بۇزۇق بولۇش، ئالدىدا چىرايلىق سوزلەرنى قىلىپ، كەينىدە ئەسكىلىك قىلىش — مانا بۇلار ئىككى يۈزلىمىلىكنىڭ ئىپادىلىرى. كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىككە بولغان دىققەت - ئېتىۋارىنى كۈچەيتىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيە ئىنتىزامىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

## ئۆگىنىش

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، مەلۇم تەتقىقات قابىلىيىتىگە ئىگە بارلىق كۈچچەنداڭ ئەزالىرى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشى، مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشى، ھازىرقى ھەرىكەتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلىشى كېرەك؛ شۇنىڭدەك ئۇلار ئارقىلىق مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش لازىم. ئالاھىدە ئېيتقاندا، كادىرلار بۇلارنى ئېتىۋار بىلەن تەتقىق قىلىشى كېرەك، بولۇپمۇ جۇڭياڭ ۋېيىۋەنلەر ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىشى كېرەك. ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان پارتىيە ئەگەر ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىگە ئىگە بولمىسا، تارىخ بىلىمىگە ئىگە بولمىسا، ئەمەلىي ھەرىكەتلەر توغرىسىدا چۇڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسا، غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ نەزەرىيىسى — «دۇنيا-
نىڭ ھەممىلا يېرىگە باپ كېلىدىغان» نەزەرىيە. ئۇلارنىڭ نەزەرىيە-
سىنى جىياۋتىياۋ دەپ قارىماي، ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى دەپ قاراش
كېرەك. ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىشتە سوز - ئىبارىلەر بىلەن
چەكلەنمەسلىك لازىم، ئۇنى ئىنقىلاۋىي پەن دەپ ئۆگىنىش كېرەك.
ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ كەڭ ھەقىقىي تۇرمۇش ۋە
ئىنقىلاۋىي تەجرىبىلەرنى تەتقىق قىلىپ چىقارغان ئومۇمىي قانۇنىيەت-
لەر توغرىسىدىكى خۇلاسىلىرىنىلا چۈشىنىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ
مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى مەيدانى ھەم
ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزىم-
لىق تەربىيىلىنىشىدە ھازىر بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىرقەدەر ئىلگىرىلەش
بولدى، لېكىن تېخى ئومۇملاشمىدى ۋە چوڭقۇرلاشمىدى. بىزنىڭ
ۋەزىپىمىز بىرنەچچە يۈز مىليون نوپۇسلۇق چوڭ مىللەتكە رەھبەرلىك
قىلىپ، مىسلى كورۈلمىگەن ئۇلۇق كۈرەشنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.
شۇڭا، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر
تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى — بىز ئۈچۈن جىددى ھەل قىلىشقا تېگىش-
لىك بولغان ۋە ئالاھىدە كۈچ چىقارغاندىلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان
زور مەسىلە. مەن جۇڭياڭنىڭ بۇ قېتىمقى ئومۇمىيغىنىدىن كېيىن،
پۈتۈن پارتىيە بويىچە ئۆگىنىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ
بىرەر نەرسىنى ھەقىقىي ئۆگەنگەنلىكىنى، كىمنىڭ تېخىمۇ كوپرەك
ۋە ئوبدانراق ئۆگەنگەنلىكىنى كورۈپ بېقىشنى ئۈمىت قىلىمەن.
ئاساسىي رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئالغانلىقىمىز نۇقتەئىي
نەزىرىدىن ئېيتقاندا، ئەگەر پارتىيىمىزدە ماركسىزم - لېنىنىزمنى
چالا - بۇلا ئەمەس، بەلكى شىتۇڭلۇق، قۇپ - قۇرۇق ئەمەس، بەلكى

ئەمەلىي ئۆگەنگەن 100 دىن 200 گىچە يولداش بولسا ئىدى، پارتىيىمىزنىڭ جەڭگىۋار كۈچى زور دەرىجىدە ئاشقان ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنى يېڭىش ئىشىمىز چاپسانلىغان بولاتتى.

تارىخىي مىراسلىرىمىزنى ئۆگىنىپ، ماركسىزىملىق ئۇسۇل بىلەن پىپەنلىك خۇلاسە چىقىرىش — ئۆگىنىشىمىزنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى. بىزنىڭ مىللىتىمىز بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بار، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك نەرسىلىرى بار. بۇلار توغرىسىدا بىز تېخى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. بۈگۈنكى جۇڭگو — تارىختىكى جۇڭگونىڭ راۋاجى؛ بىز — ماركسىزىمچە لىشجۇيىچىلارمىز، بىز تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بىز كۇڭزىدىن تارتىپ سۇن جۇڭشەنگىچە بولغان دەۋردىكى قىممەتلىك مىراسلارنى خۇلاسىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. بۇ ھازىرقى ئۇلۇق ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا مۇھىم ياردەم بېرىدۇ. گۈڭچەنداڭ ئەزالىرى — ئىنتېرناتسىونالىزمچى ماركسىزىمچىلار، لېكىن ماركسىزىم مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرلەشكەندىلا ۋە مەلۇم مىللىي شەكىل ئالغاندىلا، ئەمەلگە ئاشىدۇ. ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ ئۇلۇق كۈچى ھەر بىر مەملىكەتنىڭ كونكرېت ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيىتى بىلەن باغلانغانلىقىدا. جۇڭگو گۈڭچەنداڭى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ماركسىزىم-لېنىنىزىم نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت شارائىتىغا تەتبىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك دېمەكتۇر. ئۇلۇق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ۋە بۇ مىللەت بىلەن خۇددى قان بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىدەك باغلانغان گۈڭچەنداڭ ئەزالىرى جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قايرىپ قويۇپ، ماركسىزىمدىن سۆز ئاچىدىغان بولسا،

مۇنداق ماركسىزىم ئابستراكت، پۇچەك ماركسىزىم بولىدۇ، خالاس. شۇڭا، ماركسىزىمنى جۇڭگودا كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىپادىسىگە زورۇر بولغان جۇڭگو خۇسۇسىيەتلىرىنى سىڭدۈرۈش، يەنى ئۇنى جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە قوللىنىش پۈتۈن پارتىيە جىددى چۈشىنىشكە ۋە جىددى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. چەتئەل باگۇسى[5] بىكار قىلىنىشى، پۇچەك، ئابستراكت مۇقاملار ئازراق ئېيتىلىشى، جياۋتياۋجۇيى دەم ئېلىشى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يېڭى، جانلىق، جۇڭگو لاۋبەيشىڭلىرى ياقتۇرىدىغان جۇڭگو ئۇستىلى ۋە جۇڭگو ئۇسلۇبى ئېلىشى كېرەك. ئىنتېرناتسونالىزىملىق مەزمۇننى مىللى شەكىلدىن ئايرىۋېتىش — ئىنتېرناتسونالىزىمنى قىلچىمۇ چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى، بىز بۇ ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىدە قوشۇنىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بەزىبىر ئېغىر خاتالىقلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تۈگىتىشىمىز كېرەك.

ھازىرقى ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيىتى قانداق؟ ئۇ قانداق قانۇنىيەتلەرگە ئىگە؟ بۇ ھەرىكەتكە قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي مەسىلىلەر. مۇشۇ كەمگىچە بىز ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تېخى چۈشىنىۋالغىنىمىز يوق، جۇڭگونىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىمۇ تېخى چۈشىنىۋالغىنىمىز يوق. ھەرىكەت راۋاجلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى نەرسىلەر ئالدىمىزدا تۇرماقتا، يېڭى نەرسىلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش — ھەر سائەت - ھەر مىنۇت دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك زور ئىش. كىمكى بۇلارنى ئەستايىدىل ۋە پۇختا تەتقىق قىلىشتىن

باش تارتىدىكەن، ئۇ ماركسىزمچى بولماي قالىدۇ.

ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى ــ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، بىرەر نەرسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىكتىن باشلاش كېرەك. بىز ئۆزىمىزگە قارىتا «زېرىكمەي ئۆگىنىش» پوزىتسىيىسىنى، باشقىلارغا قارىتا «هارماي ئۆگىتىش» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشىمىز كېرەك.

## ئىتتىپاقلىق ۋە غەلىبە

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەتتىنچى قۇرۇلتىيىدا ⊙ ...

جۇڭگو كۆكچەنداكىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ــ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنىڭ ئەڭ تۈپ شەرتى. 17 يىللىق چېنىقىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن جۇڭگو كۆكچەنداكى ئۆزىنى قانداق ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالدى ۋە خېلى كۆپ پىشىپ قالدى. شۇڭا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىچىدە مۇستەھكەم خىشىن شەكىللەندۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرالايمىز. يولداشلار، بىز ئىتتىپاقلاشساقلا، بۇ مەقسەتكە چوقۇم يېتەلەيمىز.

## ئىزاھلار

① 1934 - يىل 1 - ئايدا ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقى كۆكچەنداكى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى)نىڭ 17 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان دوكلادىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «توغرى سىياسى لۇشيەن بەلگىلىنىپ بولغاندىن كېيىن،

تەشكىلىي خىزمەت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، جۇملىدىن سىياسى لۇشيەنىنىڭ تەقدىرىنى، يەنى سىياسى لۇشيەنىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنىمۇ ھەل قىلىدۇ.» ستالىن بۇ يەردە «ئىختىساسلىق كىشىلەرنى توغرى تاللاش» مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان. 1935 - يىل 5 - ئايدا ستالىن كرېملدا ئوتكۇزۇلگەن قىزىل ئارمىيە شۇيۈەنى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سوزلىگەن نۇتقىدا «كادىر ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دىگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە چۈشەندۈرۈپ ئوتكەن ئىدى. يەنە ستالىننىڭ 1939 - يىل 3 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى گۇڭچەنداڭى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى)نىڭ 18 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان دوكلادىغا قارالسۇن. ستالىن بۇ دوكلادىدا مۇنداق دىگەن ئىدى: «ئەمىلىيەت داۋامىدا سىنالغان توغرى سىياسى لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كىيىن، پارتىيە كادىرلىرى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىگى ۋە دولەتنىڭ رەھبەرلىگى جەھەتلىرىدە ھەل قىلغۇچ كۈچ بولۇپ قالىدۇ.»

② بۇ پارتىيە 5 - نوۋەتلىك مەركىزىي ۋېيۈەنخۇيى جىگجىجۇيىنىڭ 1927 - يىل 8 - ئايدىكى جىددى يىغىنىدىن پارتىيە 6 - نوۋەتلىك مەركىزىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ 1934 - يىل 1 - ئايدىكى 5 - ئومۇمىيىغىنىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى كورسىتىدۇ.

③ باشى يىغىنى — جۇڭگو گۇڭچەنداڭ جۇڭياڭ جىگجىجۇيىنىڭ 1935 - يىل 8 - ئايدا باشىدا ئوتكۇزۇلگەن يىغىنى. باشى سىچۈەن ئولكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى بىلەن گەنسۇ ئولكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇپ قىسمى تۇتاشقان جايدىكى بىر يەر بولۇپ، سىچۈەن ئولكىسى سۇڭپەن ناھىيىسىنىڭ ناھىيە شەھرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. بۇ چاغدا جاڭ گوتاۋ قىزىل ئارمىيىنىڭ بىر قىسمىنى باشلاپ جۇڭياڭدىن بولۇنۇپ چىقتى، جۇڭياڭنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمىدى ھەمدە جۇڭياڭغا زىياندا شلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. جۇڭياڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا بۇ خەتەرلىك رايوندىن كېتىشنى قارار قىلدى ھەم قىزىل ئارمىيىنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنغان قىسمىنى باشلاپ شىمالىي شەنشىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. جاڭ گوتاۋ بولسا،

قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۆزىگە ئالدانغان قىسمىنى باشلاپ، جەنۇپ تەرەپكە — تيەنچۈەن، لۇشەن، داجىنچۈەن، شياۋجىنچۈەن ۋە ئابا رايونلىرىغا كەتتى، ئايرىم «جۇڭيالىڭ» قۇرۇپ، پارتىيىگە قارشى ئاسىيلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

④ يەنئەن يىغىنى — جۇڭگو جۇڭيالىڭ جېڭجىجۈيىنىڭ 1937 - يىل 4 - ئايدا يەنئەندە ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەيتىلگەن يىغىنى. بۇ ۋاقىتتىچە قىزىل ئارمىيىنىڭ جاڭ گوتاۋ باشلاپ ماڭغان قىسمىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە جەڭچىلەر جاڭ گوتاۋنىڭ ئالدامچىلىقىنى چۈشىنىپ، شىمال تەرەپكە — شەنشى - گەنسۇ چېگرا رايونىغا قاراپ ماڭدى، لېكىن بىر قىسمى يېرىم يولغا كەلگەندە، يەنە خاتا رەھبەرلىك ئاستىدا غەرپ تەرەپكە — گەنجۇ، لياڭجۇ، سۇجۇ رايونلىرىغا ماڭدى، ئۇلارنىڭ تەگدىن تولىسى دۈشمەن تەرىپىدىن يوقىتىلدى، قالغان ئازغىنا بىر قىسمى شىنجياڭغا باردى، كېيىن يەنە قايتىپ، شەنشى - گەنسۇ چېگرا رايونىغا كەلدى؛ شىمالغا ماڭغان قىسمى بولسا، ئالىلقاچان شەنشى - گەنسۇ چېگرا رايونىغا يېتىپ كېلىپ، جۇڭيالىڭ قىزىل ئارمىيىسىگە قوشۇلغان ئىدى. جاڭ گوتاۋنىڭ ئۆزىمۇ شىمالىي شەنشىگە كېلىپ، مۇشۇ قېتىمقى يەنئەن يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يىغىن جاڭ گوتاۋنىڭ جىخۇيجۇيسى ۋە پارتىيىگە ئاسىيلىق ھەرىكىتى ئۈستىدە شىتۇگلۇق خۇلاسە چىقاردى. جاڭ گوتاۋ بۇنىڭغا كورۇنۇشتە بويسۇنغان بولسىمۇ، ئەمىليەتتە پارتىيىگە ئۈززۈل - كېسىل ئاسىيلىق قىلىشقا تەييارلاندى.

⑤ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3 - تومىدىكى «پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرايلى» دېگەن ئەسەردە چەتئەل باگۇسى توغرىسىدا بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشكە قارالسۇن.

# بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق مەسىلىسى*

**(1938 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)**

## ياردەم قىلىش ۋە يول قويۇش ئاكتىپ بولسۇن، پاسسىپ بولمىسۇن

ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىشىش ئۈچۈن، بىرلىكسەپتىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئۆزئارا ياردەملىشىشى ۋە ئۆزئارا يول قويۇشى زۆرۈر، لېكىن بۇ پاسسىپ ئەمەس، ئاكتىپ بولۇشى لازىم. بىز پارتىيىمىزنى ۋە ئارمىيىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە كېڭەيتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە دوست پارتىيىلەر ۋە دوست ئارمىيىلەرنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە كېڭىيىشىنىمۇ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىمىز لازىم؛ خەلق ھۆكۈمەتتىن ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەلەپلىرىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەتكە ئىمكانىيەت يار بەرگەن ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق

ياردەملىرىنى بېرىشى لازىم؛ ئىشچىلار زاۋۇت ئىگىلىرىدىن تەمىناتە-
نىڭ ياخشىلىنىشىنى تەلەپ قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاكتىپ ئىشلىشى
لازىم؛ پومېشچىكلار ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشى، شۇنىڭ بىلەن
بىللە دېخانلارمۇ ئىجارە ۋە ئۆسۈم تاپشۇرۇشى لازىم، شۇنداق قىلىپ،
ئىتتىپاقلىشىپ تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كېرەك. بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ پرىنسىپى ۋە فاكتېنى، بۇ
پاسسىپ ۋە بىرتەرەپلىمە فاكتېن ئەمەس، ئاكتىپ فاكتېن. ئۆزئارا

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيە 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيۈەنخۇيە-
نىڭ 6 - ئومۇمىيغىنىدا چىقارغان خۇلاسىنىڭ بىر قىسمى. بىرلىكسەپتىكى
مۇستەقىللىق - ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق مەسىلىسى شۇ چاغدا يولداش
ماۋ زېدۇڭ بىلەن يولداش چېن شاۋيۈي ئوتتۇرىسىدا ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى بىرلىكسەپ مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر ئىختىلاپلىرى
بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ماھىيەتتە پرولېتا-
رىياتنىڭ بىرلىكسەپتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسى ئىدى.
بۇنداق پىكىر ئىختىلاپلىرى توغرىسىدا يولداش ماۋ زېدۇڭ 1947 - يىل
12 - ئايدىكى دوكلادى («ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپە-
مىز»)دا تۆۋەندىكى قىسقىچە خۇلاسىنى چىقارغان ئىدى: «ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە پارتىيىمىز ئەنە شۇنداق
تەسلىمچىلىك ئىدىيىسىگە (ئىزاھات: بۇ بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي
ئۇرۇش دەۋرىدە كورۇلگەن چېن دۇشيۇنىڭ تەسلىمچىلىك ئىدىيىسىنى
كورسىتىدۇ.) ئوخشاپ كېتىدىغان ئىدىيىلەرگە، يەنى گومىنداڭنىڭ
خەلققە قارشى سىياسىتىگە يول قويۇش، گومىنداڭغا خەلق ئاممىسىگە
ئىشەنگەندىنمۇ ئارتۇق ئىشىنىش، ئاممىۋى كۈرەشنى دادىل قوزغاشقا
جۈرئەت قىلالماسلىق، ياپون باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغان رايونلاردا
ئازات رايونلارنى ۋە خەلق قوشۇنلىرىنى كېڭەيتىشكە جۈرئەت

يول قويۇشمۇ شۇنداق. بىر ـ بىرىگە ئۇرا كولىماسلىق، بىر ـ بىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ئارمىيىسى ئىچىدە مەخپىي جىبۇ تەشكىل قىلماسلىق كېرەك؛ بىز تەرەپ گومىنداڭنى خاتىرجەم قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئىچىدە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ھەم ئارمىيىسى ئىچىدە مەخپىي جىبۇ تەشكىل قىلمايمىز. «بەزى ئىشلارنى قىلماي قويۇپ تۇرساڭ، كېيىن خېلى ئىشلارنى قىلالايسەن»① دېگەن گەپ دەل ئەنە شۇنداق ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. قىزىل ئارمىيە قايتا تۈزۈلمىگەن، قىزىل رايون تۈزۈمى ئۆزگەرتىلمىگەن، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش

---

قىلالماسلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى گومىنداڭغا سۇڭلى قىلىش ئىدىيىلىرىگە قارشى تۇردى. پارتىيىمىز مۇنداق زەئىپ ـ بوشاڭ، چىرىك ۋە ماركسىزم ـ لېنىنىزم پرىنسىپلىرىغا خىلاپ ئىدىيىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى، «تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، جاھىل كۈچلەرنى يىتىم قالدۇرۇش»تىن ئىبارەت سىياسىي لۇشيەننى قەتئىي ئىجرا قىلدى، ئازات رايونلارنى ۋە خەلق جيېفاڭجۈننى قەتئىي كېڭەيتتى. شۇنداق قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ياپون جاھانگىرلىكى تاجاۋۇز قىلغان دەۋردە ياپون جاھانگىرلىكىنى يېڭەلىشىگە كاپالەت بېرەلىپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن جياڭ جيېشى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئېلىپ بارغان مەزگىلدە جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىغا خەلق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى بىلەن قارشى تۇرۇش يولىغا ئۆتكۈشلۈك ۋە زىيان ـ زەخمەتسىز ئۆتەلىشىگە ھەمدە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇلۇق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىگىمۇ كاپالەت بېرەلىدى. بۇ تارىخىي ساۋاقلارنى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى لازىم.»

سىياسىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان بولسا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى
بولمايتتى. ئالدىنقىسىدا يول قويۇپ، كېيىنكىسىگە ئىرىشتۇق، پاسسىپ
تەدبىرلەر بىلەن ئاكتىپ مەقسەتكە يەتتۇق. «تېخىمۇ ئوبدان سەك-
رەش ئۈچۈن ئارقىغا داجىش»[2] دەل لېنىنىزىمدۇر. يول قويۇشنى
ساپ پاسسىپ نەرسە دەپ قاراشقا ماركسىزىم-لېنىنىزىم رۇخسەت
قىلمايدۇ. ساپ پاسسىپ يول قويۇش بولۇپ ئۆتكەن، ئۇ بولسىمۇ
ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئەمگەك بىلەن كاپىتال ھەمكارلىقى
نەزەرىيىسى[3] بولۇپ، ئۇنىڭدا سىنىپمۇ، ئىنقىلاپمۇ ئۇتتۇنۇۋېتىلگەن.
جۇڭگودا ئاۋال چېن دۇشيۇ، كېيىن جاڭ گوتاۋ چىقتى، بۇلارنىڭ
ھەر ئىككىلىسى تەسلىمچى؛ بىز تەسلىمچىلىككە كەڭ تۈردە قارشى
تۇرۇشىمىز لازىم. بىز ئۆزىمىزنىڭ يول قويۇشىمىز، چېكىنىشىمىز،
مۇداپىئەلىنىشىمىز ياكى توختاپ تۇرۇشىمىزنى، مەيلى ئىتتىپاقچىلارغا
ياكى دۈشمەنگە نىسبەتەن بولسۇن، پۈتۈن ئىنقىلاۋىي سىياسەتنىڭ
بىر قىسمى دەپ قارايمىز، ئومۇمى ئىنقىلاپ لۇشيەنىگە باغلاپ تۇرۇپ،
كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقا دەپ قارايمىز، ئەگرى سىزىقلىق
ھەرىكەتنىڭ بىر بولىكى دەپ قارايمىز. بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيت-
قاندا، ئۇ ئاكتىپتۇر.

# مىللى كۆرەش بىلەن سىنىپىي كۆرەشنىڭ بىردەكلىكى

ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىق بىلەن
بەرداشلىق بېرىش، يەنى سىنىپىي كۆرەشنى بۈگۈنكى ياپون باسقۇن-

چىلىرىغا قارشى مىللى كۈرەشكە بويسۇندۇرۇش — بىرلىكسەپنىڭ تۈپ پىرىنسىپى. بۇ پىرىنسىپ بويىچە، پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە سىنىپلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاش، بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىقنى ساقلاش؛ ھەمكارلىق ۋە بىرلىكنى دەپ، پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە سىنىپلارنىڭ زۆرۈر ھوقۇقلىرىنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىك، ئەكسىچە، پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە سىنىپلارنىڭ مەلۇم دائىرىلىك ھوقۇقلىرىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك؛ شۇنداق قىلغاندىلا، ھەمكارلىق ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ ۋە شۇنداق قىلغاندىلا، ھەمكارلىق بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، ھەمكارلىق قېتىش ـ قوماچ بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ، بىرلىكسەپ مۇقەررەر قۇربان قىلىۋېتىلىدۇ. مىللى كۈرەشتە سىنىپىي كۈرەش مىللى كۈرەش شەكلى بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ، بۇنداق شەكىل بۇ ئىككىسىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر تەرەپتىن، سىنىپلارنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي تەلەپلىرى مەلۇم تارىخىي دەۋردە ھەمكارلىقنى بۇزماسلىقنى شەرت قىلىشى كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سىنىپىي كۈرەشنىڭ بارلىق تەلەپلىرى مىللى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىنى (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن) چىقىش نۇقتىسى قىلىشى كېرەك. ئەنە شۇنداق قىلغاندا، بىرلىكسەپتىكى بىرلىك بىلەن مۇستەقىللىقنى، مىللى كۈرەش بىلەن سىنىپىي كۈرەشنى بىردەكلىككە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

## «ھەممە بىرلىكسەپ ئارقىلىق بولسۇن» دېگەن شۇئار توغرى ئەمەس

گومىنداڭ — ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيە، ئۇ شۇ كەمگىچە

بىرلىكسەپتىن ئىبارەت تەشكىلىي شەكىلنىڭ بولۇشىغا يول قويماي كېلىۋاتىدۇ. دۈشمەن ئارقا سېپىدە «ھەممە ئارقىلىق بولسۇن»غا ئىمكانىيەت يوق، پەقەت گومىنداڭ رۇخسەت قىلغان نەرسىگە (مەسىلەن، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش گائىلىگى»غا) ئاساسلىنىپ، مۇستەقىل ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئىش كورۈشكىلا توغرى كېلىدۇ ياكى گومىنداڭ رۇخسەت قىلار دىگەن مولچەر بىلەن ئاۋال ئىشلەپ، كېيىن مەلۇم قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. مەسىلەن، مەمۇرى جۇەنيۈەنلەر قويۇش، شەندۇڭغا ئەسكەر ئېۋەتىشكە ئوخشاش ئىشلار ئاۋال «ئارقىلىق» بولغان بولسا، ئىشقا ئاشمىغان بولاتتى. ئاڭلىشىمىزچە، فرانسىيە كوڭچەنداڭى مۇشۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئېھتىمال، كوڭچەنداڭ بۇ شوئارنى ئۆزىنى چۈشەپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى فرانسىيەدە ھەرقايسى پارتىيەلەرنىڭ ئورتاق ۋېيىۈەنخۇيى بار تۇرسىمۇ، شېخۇيداڭ تەرەپ بىرلىكتە قارار قىلىنغان كائىلىك بويىچە ئىشلەشنى خالىماي، يەنىلا ئۆزىچە ئىش ئېلىپ بېرىۋەرگەنلىكتىن، شېخۇيداڭنى چەكلەش زورۇرىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولسا كېرەك. جوڭگودا ئەھۋال شۇنداقكى، گومىنداڭ ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان، ئۇ ھەرقايسى پارتىيەلەرنى ئۆزىنىڭ بىر پارتىيىسىنىڭلا بۇيرۇغىغا بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. بىز بۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەگەر گومىنداڭدىن «ھەممە»نىڭ بىزنىڭ رازىلىقىمىز «ئارقىلىق» بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بولساق، ئاقمىغان ۋە كۈلكىلىك بولغان بولاتتى. ئەگەر بىز قىلماقچى بولغان «ھەممە»دە ئاۋال گومىنداڭنىڭ رازىلىقىنى ئالىمىز دىسەك، ئۇ رازى بولمىسا، قانداق قىلاتتۇق؟ گومىنداڭنىڭ فاكچېنى بىزنىڭ راۋاجلىنىشىمىزنى

چەكلەش تۇرسا، بىز بۇ شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويساق، بۇ پەقەت ئۆز پۇت ـ قولىمىزنى ئۆزىمىز چۈشەپ قويغانلىق بولىدۇ، بۇ تامامەن ئورۇنسىز. هازىرقى ۋاقىتتا بەزى ئىشلاردا ئاۋال گومىنداڭنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك، مەسىلەن، 3 شىنى 3 جۈنگە كېڭەيتىپ، فەنخاۋىسىنى ئۆزگەرتكىنىمىزگە ئوخشاش، بۇ ئاۋال مەلۇم قىلىپ، كېيىن ئىشلەش بولىدۇ. بەزى ئىشلاردا ئاۋال ئىشنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇشقا توغرى كېلىدۇ، مەسىلەن، ئارمىيىگە 200 مىڭدىن ئوشۇق كىشى قوبۇل قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، بۇ ئاۋال ئىشلەپ، كېيىن مەلۇم قىلىش بولىدۇ. بەزى ئىشلاردا بولسا، ۋاقىتىنچە، ئىشلەش، ئەمما مەلۇم قىلماسلىققا توغرى كېلىدۇ، بۇنىڭدا گومىنداڭنىڭ هازىر قوشۇلمايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، مەسىلەن، چېگرا رايون كېڭەشىنى چاقىرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. بەزى ئىشلاردا بولسا، ۋاقىتىنچە، هەم ئىشلىمەسلىككە، هەم مەلۇم قىلماسلىققا توغرى كېلىدۇ، مەسىلەن، ئەگەر قىلىپ قويۇلسا، ئومۇمى ۋەزىيەتكە دەخلى يېتىدىغان ئىشلاردا. قىسقىسى، بىز بىرلىكسەپنى زادى بۇزماسلىقىمىز كېرەك، لېكىن يەنە ئۆز پۇت ـ قولىمىزنى ئۆزىمىز چۈشەپ قويۇشقىمۇ زادى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «هەممە بىرلىكسەپ ئارقىلىق بولسۇن» دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق كېرەك. «هەممە بىرلىكسەپكە بويسۇنسۇن» دېگەن شۇئار ئەگەر «هەممە» جياڭ جيېشى ۋە يەن شىشەنگە «بويسۇنسۇن» دەپ چۈشەندۈرۈلسە، بۇمۇ خاتا بولىدۇ. بىزنىڭ فاڭجېنىمىز — بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق، هەم بىرلىك، هەم مۇستەقىللىق.

## ئىزاھلار

① بۇ سوز توغرىسىدا «مېڭزى»غا قارالسۇن. ئەينى مۇنداق: «كىشىلەر بەزى ئىشلارنى قىلماي تۇرسا، كېيىن خېلى ئىشلارنى قىلالايدۇ.»

② لېنىن. «پەلسەپە خاتىرىلىرى»: «گېگېلنىڭ «پەلسەپە تارىخى توغرىلىق لېكسىيىلەر» دېگەن كىتاۋىدىن ئۈزۈندىلەر»دىن ئېلىنغان.

③ «ئەمگەك بىلەن كاپىتال ھەمكارلىقى نەزەرىيىسى» — ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالنىڭ كاپىتالىستىك ئەللەردە پۈرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى قۇۋۋەتلەيدىغان، بۇرژۇئازىيە ھوكۇمرانلىقىنى ئىنقىلاپ يولى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشقا قارشى تۇرىدىغان ئەكسىيەتچىل نەزەرىيىسى.

# ئۇرۇش ۋە جەنلۆې مەسىلىسى*

**(1938-يىل 11-ئاينىڭ 6-كۈنى)**

## 1. جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش

ئىنقىلاپنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ۋە ئەڭ يۇقىرى شەكلى — ھاكىمىيەتنى قوراللىق كۈچ بىلەن تارتىۋېلىش، مەسىلىنى ئۇرۇش بىلەن ھەل قىلىش. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ بۇ ئىنقىلاۋىي پرىنسىپى ھەممە ئۈچۈن توغرى، جۇڭگو ئۈچۈنمۇ، چەتئەللەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا توغرى.

لېكىن پرىنسىپ بىر بولسىمۇ، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ تۈرلۈك شارائىتلاردا بۇ پرىنسىپنى ئىجرا قىلىشىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىپادىلىرى شارائىتنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا ئاساسەن بىردەك بولمايدۇ. كاپىتالىستىك ئەللەرنى ئالساق، فاشىزم ۋە ئۇرۇش بولمىغان دەۋرلەردە ئۇ يەرلەرنىڭ شەرت-شارائىتى مۇنداق بولىدۇ: ئىچكى جەھەتتە فېوداللىق تۈزۈم بولماي، بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيە

تۇزۇمى بولىدۇ؛ تاشقى جەھەتتە مىللى زۇلۇم بولماي، ئۆز مىللىتى باشقا مىللەتلەرگە زۇلۇم سېلىۋاتقان بولىدۇ. مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسەن، كاپىتالىستىك ئەللەردىكى پرولېتارىيات پارتىيىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇزاق مۇددەتلىك قانۇنىي كۇرەشلەر ئارقىلىق ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ، كۈچ يىغىپ، كاپىتالىزمنى ئۇزۇل-كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ھازىرلىق كورۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ يەرلەردە ئۇزاق مۇددەتلىك قانۇنىي كۇرەشلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ، يىغىۋي مۇنبەرلىرىدىن پايدىلىنىلىدۇ، ئىقتىسادىي ۋە سىياسى ئىش تاشلاشلار ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەشكىل قىلىنىدۇ ۋە ئىشچىلارغا تەربىيە بېرىلىدۇ. ئۇ يەرلەردىكى تەشكىلىي شەكىل قانۇنىي بولىدۇ، كۇرەش شەكلى قان توكۇلمەيدىغان (ئۇرۇشسىز) بولىدۇ. ئۇرۇش مەسىلىسىدە ئۇ يەرلەردىكى كومپارتىيىلەر ئۆز دولىتىنىڭ جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىغا قارشى تۇرىدۇ؛ ئەگەر بۇنداق ئۇرۇش تۇغۇلۇپ قالسا، پارتىيىنىڭ سىياسىتى ئۆز دولىتىنىڭ ئەك-

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيە 6-نوۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەن-خۇيىنىڭ 6-ئومۇمىيىغىنىدا چىقارغان خۇلاسىنىڭ بىر قىسمى. يولداش ماۋ زېدۇڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۆي مەسىلىسى» ۋە «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئىككى كىتاۋىدا پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلغان ئىدى. ۋاڭمىڭ جىخۇيجۇيى خاتالىقىنى ئوتكۇزگەن يولداشلار بىرلىكسەپتىكى مۇستەقىللىق-ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىقنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىنىڭ ئۇرۇش ۋە جەنلۆي مەسىلىسىدىكى فاگجېنىغىمۇ گۇمانلىنىش ۋە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. پارتىيە ئىچىدىكى بۇنداق ئوڭچىل جىخۇيجۇيىنى تۈگىتىپ، پۈتۈن پارتىيىنى ئۇرۇش ۋە جەنلۆي

سىيەتچى ھوكۇمىتىنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇزلىرىگە كېرەكلىك ئۇرۇش پەقەت تەييارلىنىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇشلا بولىدۇ[①]. لېكىن بۇرژۇئازىيە ھەقىقى ئىقتىدارسىز ئەھۋالغا چۇشمىگەن چاغدا، پرولېتارىياتىنىڭ زور كوپچىلىكى قۇراللىق قوزغىلاڭ كوتۇرۇشكە ۋە ئۇرۇش قىلىشقا بەل باغلىمىغان چاغدا، دېھقانلار ئاممىسى پرولېتارىياتقا ئۇز ئىختىيارى بىلەن ياردەم بېرىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن چاغدا بۇنداق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلماسلىقى، يەنى قوزغىلاڭ كوتۇرۇلمەسلىگى ۋە ئىچكى ئۇرۇش قىلىنماسلىقى كېرەك بولىدۇ. قوزغىلاڭ كوتۇرۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇش قىلىش پەيتى يېتىپ كەلگەندىمۇ، ئاۋال شەھەرلەر ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن يېزىلارغا ھۇجۇم قىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستىك ئەللەردىكى گۇڭچەندىڭلار تەرىپىدىن شۇنداق قىلىنغان ۋە روسىيىنىڭ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدا ئىسپاتلانغان.

جۇڭگو بولسا باشقىچە. جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيىتى مۇنداق: ئۇ مۇستەقىل، دېموكراتىك دولەت ئەمەس، بەلكى يېرىم مۇستەملىكە،

مەسلىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋى مەسلىسىدىكى مۇھىم ئورنى ئۇستىدە تېخىمۇ ئېنىق چۇشەنچىگە ئىگە قىلىش ۋە پۇتۇن پارتىيىنى بۇ ئىش بىلەن ئەستايىدىل شۇغۇللىنىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۇچۇن، يولداش ماۋ زېدۇڭ 6 ـ نوۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 6 ـ ئومۇمىيىغىنىدا بۇ مەسىلىنى يەنە جۇڭگونىڭ سىياسى كۇرىشىنىڭ تارىخىي جەھەتتىن ئالاھىدە چۇشەندۇرۇپ ئوتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزنىڭ ھەربى خىزمەتلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەنلۇي فاڭجېنىمىزنىڭ كونكرېت ئوزگىرىش يولىنىمۇ چۇشەندۇرۇپ ئوتتى، بۇنىڭ بىلەن پۇتۇن پارتىيىدە رەھبەرلىك ئىدىيىسى جەھەتتىكى ۋە خىزمەت جەھەتتىكى بىرلىك قولغا كەلتۇرۇلدى.

يېرىم فېئوداللىق دۆلەت؛ ئىچكى جەھەتتە دېموكراتىيە تۈزۈمىگە ئىگە ئەمەس، بەلكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ كەلمەكتە؛ تاشقى جەھەتتە مىللىي مۇستەقىللىققا ئىگە ئەمەس، بەلكى جاھانگىر-لىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ كەلمەكتە. شۇ سەۋەپتىن، پايدىلىنىش ئۈچۈن يىغىن يوق، ئىشچىلارنى ئىش تاشلاشقا ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن قانۇنىي ھوقۇق يوق. بۇ يەردە گۇڭچەنداڭنىڭ ۋەزىپىسى، ئاساسەن، ئۇزاق مۇددەتلىك قانۇنىي كۈرەش ئارقىلىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ۋە ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقا ئۆتۈش ئەمەس، شۇنىڭدەك ئاۋال شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن يېزىلارنى ئېلىشمۇ ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان يول بىلەن يۈرۈش.

جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئۈچۈن، جاھانگىرلار قۇراللىق ھۇجۇم قىلمىغان چاغدا، يا بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىكتە جۇنفالار (جاھان-گىرلارنىڭ غالچىلىرى)غا قارشى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرى كېلىدۇ، مەسىلەن، 1924 - يىلىدىن 1927 - يىلىغىچە بولغان گۇاڭدۇڭ ئۇرۇشى② ۋە بېيفا ئۇرۇشىغا ئوخشاش؛ يا بولمىسا، دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، پومېشچىكلار سىنىپى ۋە مەيبەن بۇرژۇئازىيە (بۇلارمۇ جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرى)گە قارشى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرى كېلىدۇ، مەسىلەن، 1927 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە بولغان يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىغا ئوخ-شاش. جاھانگىرلار قۇراللىق ھۇجۇم قىلغان چاغدا بولسا، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان مەملىكەت ئىچىدىكى بارلىق سىنىپلار ۋە تەبىقىلەر بىلەن بىرلىشىپ، تاشقى دۈشمەنگە قارشى مىللىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرى كېلىدۇ، مەسىلەن، ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئوخشاش.

بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ كاپىتالىستىك ئەللەرگە ئوخشاش ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگودا ئاساسىي كۈرەش شەكلى — ئۇرۇش، ئاساسىي تەشكىلىي شەكىل بولسا ئارمىيە. باشقا ھەممە شەكىللەر، مەسىلەن، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئاممىۋى كۈرەشلەر ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم، كەم بولسا زادى بولمايدۇ، ئۇلارغا ھەرگىز ئېتىۋارسىز قارىغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇرۇش پارتىلىغانغا قەدەر، بارلىق تەشكىلاتلار ۋە كۈرەشلەر ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، مەسىلەن، 4 ـ ماي ھەرىكىتى (1919 ـ يىل)دىن 30 ـ ماي ھەرىكىتى (1925 ـ يىل)گىچە بولغان مەزگىلدىكىگە ئوخشاش. ئۇرۇش پارتىلىغاندىن كېيىن بولسا، بارلىق تەشكىلاتلار ۋە كۈرەشلەر ئۇرۇشقا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق رەۋىشتە ماسلىشىدۇ، مەسىلەن، بېيفا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ ئارقا سېپىدىكى بارلىق تەشكىلاتلار ۋە كۈرەشلەر ئۇرۇشقا بىۋاستە رەۋىشتە ماسلاشقان ئىدى، بېيياڭ جۇنفالار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايون-لاردىكى بارلىق تەشكىلاتلار ۋە كۈرەشلەر ئۇرۇشقا ۋاستىلىق رەۋىشتە ماسلاشقان ئىدى. يەنە مەسىلەن، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى دەۋرىدە قىزىل رايونلار ئىچىدىكى بارلىق تەشكىلاتلار ۋە كۈرەشلەر ئۇرۇشقا بىۋاستە رەۋىشتە ماسلاشقان ئىدى، قىزىل رايونلارنىڭ سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلار ۋە كۈرەشلەر ئۇرۇشقا ۋاستىلىق رەۋىشتە ماسلاشقان ئىدى. يەنە مەسىلەن، ھازىرقى ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيىنىڭ ئارقا سېپىدىكى ۋە دۈشمەن ئارمىيىسى بېسىۋالغان جايلاردىكى بارلىق تەشكىلاتلار ۋە كۈرەشلەرمۇ، ئوخشاشلا، ئۇرۇشقا

بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق رەۋىشتە ماسلاشماقتا.

«جۇڭگودا قوراللىق ئىنقىلاپ قوراللىق ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى تۇرماقتا. بۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى.»③ يولداش ستالىننىڭ بۇ ھوكمى پۈتۈنلەي توغرى؛ بېيىغا ئۇرۇشى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، بۈگۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ توغرى. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش، بۇ ئۇرۇش-لارنىڭ قارشى تۇرغان دۈشمىنى — ئەكسىلئىنقىلاپ، بۇ ئۇرۇش-لارغا قاتناشقان ئاساسىي كۈچ — ئىنقىلاۋىي خەلق؛ بۇ ئۇرۇشلارنىڭ پەرقى ئۇلارنىڭ ياكى ئىچكى ئۇرۇش بولغانلىقى، ياكى مىللىي ئۇرۇش بولغانلىقىدا؛ ياكى گۇڭچەنداڭ ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارغان ئۇرۇش بولغانلىقى، ياكى گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇش بولغانلىقىدا، خالاس. ئەلۋەتتە، بۇ پەرقلەر مۇھىم. بۇلار ئۇرۇش جۈتىسىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشىدىن ئىبارەت پەرقنى (ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ بىرلىشىشى ياكى ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ بىرلىشىشىنى)، ئۇرۇش دۈشمىنىنىڭ ئىچكى ياكى تاشقى دۈشمەن بولۇشىدىن ئىبارەت پەرقنى (ئىچكى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ياكى تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى؛ ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭمۇ بېيياڭ جۇنفالار ياكى گومىنداڭ دەپ بولۇنۇشىنى) كورسىتىدۇ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ ئۆز تارىخىي يولىدىكى ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەرخىل مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكىنى كورسىتىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى قوراللىق ئىنقىلاپنىڭ قوراللىق ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى تۇرۇشى، ھەممىسى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلار،

ھەممىسى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى كورسىتىدۇ. ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش — «جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى» دىگەن ھوكۇم جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كىلىدۇ. جۇڭگو پۈرولىتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە دەسلەپتىلا دىگەندەك دۈچ كەلگەن ۋەزىپىسى مۇمكىن قەدەر كوپ بولغان ئىتتىپاقچىلار بىلەن بىرلىشىپ قۇراللىق كۇرەش ئۇيۇشتۇرۇش، ئەھۋالغا قاراپ، ئىچكى ياكى تاشقى قۇراللىق ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ ۋە جەمىيەتنىڭ ئازاتلىغىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن كۇرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. جۇڭگودا قۇراللىق كۇرەشتىن ئايرىلغاندا، پۈرولىتارىياتنىڭ ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ئورنى بولمايدۇ، ھىچقانداق ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ.

بىزنىڭ پارتىيىمىز 1921-يىلى قۇرۇلغىنىدىن تارتىپ 1926-يىلى بېيفا ئۇرۇشىغا قاتناشقىنىغا قەدەر بولغان 5 ـ 6 يىل ئىچىدە بۇ نۇقتىنى يېتەرلىك تونۇمىدى. ئۇ چاغدا قۇراللىق كۇرەشنىڭ جۇڭگودا ئىنتايىن مۇھىملىغىنى چۈشەنمىدى، ئۇرۇشقا ھازىرلىق كورۇشكە ۋە ئارمىيە تەشكىل قىلىشقا ئەستايىدىللىق بىلەن كىرىشمىدى، ھەربىي جەنلۇۋ ۋە جەنشۇنى تەتقىق قىلىشقا ئېتىۋار بەرمىدى. بېيفا جەريانىدا ئارمىيىنى قولغا كەلتۇرۇشكە ئېتىۋارسىز قارىدى، بىرتەرەپلىمە ھالدا ئاممىۋى ھەرىكەتلەرگىلا ئەھمىيەت بىرىپ كەتتى، نەتىجىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىك قىلىشى بىلەنلا بارلىق ئاممىۋى ھەرىكەتلەر بەربات بولدى. 1927 ـ يىلدىن كىيىنكى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە نۇرغۇن يولداشلار پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى

ئاۋالقىدەكلا شەھەرلەردە قوزغىلاڭ ھازىرلاش ۋە ئاق رايون خىزمىتى تەرىپىگە قارىتىپ كەلدى. بەزى يولداشلارنىڭ بۇ مەسىلىدە توپتىن بۆرۈلۈش ياسىشى 1931 ـ يىلى دۈشمەن قوزغىغان ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن بولدى. شۇنداقتىمۇ تېخى پۈتۈن پارتىيە بويىچە بۆرۈلۈش بولمىغان ئىدى، بەزى يولداشلار يەنىلا بىز ھازىر ئويلىغاندەك ئويلىمايتتى.

تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، جۇڭگو مەسىلىسىنى قۇراللىق كۈچتىن ئايرىپ تۇرۇپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى بىلىش بۇنىڭدىن كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پايدىلىق. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئومۇمخەلق قۇراللىنىپ قارشى تۇرۇشتەك كونكرېت فاكتلار پۈتۈن پارتىيىگە بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشقا، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنى قۇراللىنىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىش ئۈچۈن ھەر دائىم تەييار تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىمىز يەنە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ئۇرۇش رايونلىرى ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىدە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەپ، بىزنى يەنىمۇ روشەن فاكتېنغا ئىگە قىلدى. بۇ ــ بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمەتلىرىنى ئىشلەشنى ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەشنىلا خالاپ، ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىشنى ۋە ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى خالىماسلىقى، بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار ئۈچۈن كېسەلگە يارىشا بېرىلگەن شىپالىق دورا. جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ كوپ قىسمىدا پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمەتلىرى ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتلەر خىزمىتى قۇراللىق

كۆرەشكە بىۋاستە باغلانغان بولۇپ، ئايرىم، يەككە - يېگانە پارتىيە خىزمىتى ياكى ئاممىۋى ھەرىكەتلەر بولمىغان ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇرۇش رايونلىرىدىن يىراقىراق بولغان بىر قىسىم ئارقا سەپلەر (مەسىلەن، يۇننەن، گۇيجۇ، سىچۇەنلەر) ۋە دۈشمەن چاڭگىلىدىكى بىر قىسىم جايلار (مەسىلەن، بېيپىڭ، تيەنجىن، نەنجىڭ، شاڭخەيلەر) دىمۇ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتلەر ئۇرۇشقا ماسلاشقان، ئۇلار پەقەت ئالدىنقى سەپنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇنۇشى مۇمكىن ۋە لازىم. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، پۈتۈن پارتىيە ئۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىشى، جەڭ قىلىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك.

## 2. جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش تارىخى

بىز ئەمدى گومىنداڭنىڭ تارىخىنى، ئۇنىڭ ئۇرۇشقا قانداق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى، بۇنداق قىلىش پايدىلىق.

سۇن جۇڭشەن كىچىك بىر ئىنقىلاۋىي تەشكىلات قۇرغىنىدىن تارتىپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى بىرقانچە قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كوتۇردى[4]. تۇڭمېڭخۇي دەۋرىگە كەلگەندە، قوراللىق قوزغىلاڭ كوتۇرۇش ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى[5]، شىنخەي ئىنقىلاۋىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى قوراللىق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. جۇڭخۇا گېمىڭداڭ دەۋرىدە يۈەن شىكەيگە قارشى قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلدى[6]. ئۇنىڭدىن كېيىن دېڭىز ئارمىيىسى جەنۇپقا يۈرۈش قىلدى[7]، گۇيلىندە بېيفاغا تەييارلىق قىلىندى[8] ۋە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىۋى قۇرۇلدى[9]، بۇلار سۇن جۇڭشەننىڭ ئۇرۇشقا دائىر ئىشلىرى.

جياڭ جېيشى سۇن جۇڭشەننىڭ ئورنىنى باسقاندىن كېيىن، گومىن-داڭنىڭ تازا ئەۋج ئالغان ھەربىي ئىشلار دەۋرىنى ياراتتى. ئۇ ئارمىيىنى ئۆزىنىڭ جېنىدەك كۆردى، بېيفا ئۇرۇشى، ئىچكى ئۇرۇش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۆتكەن 10 يىلدىكى جياڭ جېيشى ئەكسىلئىنقىلابچى جياڭ جېيشىدۇر. ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ناھايىتى زور «مەركەز ئارمىيىسى»نى قۇردى. ئارمىيە بولسىلا، ھاكىمىيەت بولىدۇ، ئۇرۇش ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دېگەن بۇ ئاساسىي نۇقتىنى ئۇ ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ كەلدى. بۇ نۇقتىدا بىز ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىدا سۇن جۇڭشەنمۇ، جياڭ جېيشىمۇ بىزگە ئۇستاز.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، بارلىق جۇنفاللار ئارمىيىنى ئۆز جېنىدەك كۆرۈپ كەلدى، ئۇلار «ئارمىيە بولسىلا، ھاكىمىيەت بولىدۇ» دېگەن پرىنسىپقا ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلدى.

تەن يەنكەي[10] ئەقىللىق گۇەنلياۋ ئىدى، ئۇ خۇنەندە بىرقانچە قېتىم ئىش بېشىغا چىققان ۋە بىرقانچە قېتىم ئۆرۈلگەن ئىدى، ئۇ دۇجۇن، قوشۇمچە شىڭجاڭ بولمەن دەپ، ئەزەلدىن قۇرۇق شىڭجاڭ بولۇشقا ئۇنىماي كەلدى. كېيىن ئۇ گۇاڭدۇڭ ۋە ۋۇخەندە گومىن-جېڭفۇ جۇشىسى بولغاندىمۇ، يەنىلا 2-جۇننىڭ جۇنجاڭلىقىنى قوشۇمچە قىلدى. جۇڭگودا بۇنداق جۇنفاللار ناھايىتى كۆپ، ئۇلار جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىدۇ.

جۇڭگودا ئارمىيە تۇتۇشنى لازىم تاپمايدىغان پارتىيىلەرمۇ بولغان، ئۇلاردىن ئاساسلىق بىرى — جىنبۇداڭ[11]، لېكىن ئۇمۇ بىرەر جۇنفاغا تايانغاندىلا، ئەمەل تۇتۇش مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى. يۈەن شىكەي، دۈەن چىرۇي[12] ۋە جياڭ جېيشى (جياڭ جېيشىغا ئەگەشكەنلەر

جىنبۇداڭدىن ئايرىلىپ چىققان بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان جىڭشۇي گۇرۇھى⑮ ئىدى) ئۇنىڭ يولەنچۇكى بولدى.

تارىخى ئۇزۇن بولمىغان بىرقانچە ئۇششاق پارتىيىلەر، مەسىلەن، چىڭنىيەنداڭغا⑭ ئوخشاشلارنىڭ ئارمىيىسى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلار ھېچنىمىنى باشقا چىقىرالمىدى.

چەتئەللەردە بۇرژۇئا پارتىيىلىرى ئۈچۈن، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىۋاستە بىر بولەك ئارمىيە تۇتۇش ھاجەت ئەمەس. جۇڭگودا بولسا، ئەھۋال باشقىچە، فېودالىق بولۇنۇش سەۋەبىدىن، يومبىشكىلار ياكى بۇرژۇئازىيىنىڭ گۇرۇھلىرى ياكى پارتىيىلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ مىلتىقى بولسا، شۇنىڭ كۈچى بار، قايسىسىنىڭ مىلتىقى كوپ بولسا، شۇنىڭ كۈچى زور. بۇنداق شارائىتتا تۇرۇۋاتقان پرولېتارىيات پارتىيىسى مەسىلىنىڭ مەركىزىنى ئېنىق كورۇۋېلىشى لازىم.

گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى شەخس ئۈچۈن ئارمىيە تۇتۇش ھوقۇقىنى تالاشماسلىقى كېرەك (تالاشقا ھەرگىز بولمايدۇ، جاڭ گوتاۋنى ئەسلا دورىماسلىق كېرەك)، لېكىن پارتىيە ئۈچۈن ئارمىيە تۇتۇش ھوقۇقىنى، خەلق ئۈچۈن ئارمىيە تۇتۇش ھوقۇقىنى تالىشىشى لازىم. ھازىر مىللى مۇداپىئە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، مىللەت ئۈچۈنمۇ ئارمىيە تۇتۇش ھوقۇقىنى تالىشىشى كېرەك. ئارمىيە تۇتۇش ھوقۇقى مەسىلىسىدە بالىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىنسا، چوقۇم ھېچنەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ئالداش ۋە قورقىتىشتەك ھىلە-مىكىرلىرىگە ئۇچراپ كەلگەن ئەمگەكچى خەلق ئۆز قولىدا مىلتىق بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ئاسانلىقچە سېزەلمەيدۇ. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ

زۇلمى ۋە پۈتۈن مىللەت ئېلىپ بارىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەمگەكچى خەلقنى ئۇرۇش سەھنىسىگە چىقاردى، گوڭچەنداڭ ئەزالىرى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاڭلىق رەھبەرلىرى بولۇشى كېرەك. ھەر بىر گوڭچەنداڭ ئەزاسى «مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ» دېگەن بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىۋېلىشى لازىم. بىزنىڭ پىرىنسىپىمىز شۇكى، پارتىيە مىلتىققا قوماندانلىق قىلىدۇ، مىلتىقنىڭ پارتىيىگە قوماندانلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. لېكىن مىلتىققا ئىگە بولغاندا، ئاندىن ھەقىقەتەن پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، 8 ـ ئارمىيە خۇابېيدا پارتىيىنىڭ زور بىر تەشكىلاتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. يەنە كادىرلارنى، مەكتەپلەرنى، مەدەنىيەتنى ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. يەنئەندىكى ھەممە نەرسىنى مىلتىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. مىلتىقتىن ھەممە نەرسە چىقىدۇ. ماركسىزمنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتى نۇقتىئىي نەزىرىدىن قارىغاندا، ئارمىيە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي تەركىۋىي قىسمى ھېساپلىنىدۇ. كىمكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى ۋە ئۇنى تۇتۇپ تۇرماقچى بولىدىكەن، ئۇ قۇدرەتلىك ئارمىيىگە ئىگە بولۇشى لازىم. بەزىلەر بىزنى «ئۇرۇش ھەممىگە قادىر» دەيدىغان قاراشتىكىلەر دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ، توغرى، بىز — ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ھەممىگە قادىر دەپ قارىغۇچىلارمىز، بۇ يامان قاراش ئەمەس، ياخشى ۋە ماركسىزمچە قاراش. روسىيە گوڭچەنداڭى مىلتىق بىلەن بىر سوتسىيالىزمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بىز دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىمىز. جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى سىنىپىي كۈرەشلەرنىڭ تەجرىبىسى بىزگە شۇنى كورسەتتىكى، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسى قۇراللىق بۇرژۇئازىيە ۋە

يومبشىكىلارنى پەقەت مىلتىقنىڭ كۈچى بىلەنلا يېڭەلەيدۇ؛ بۇ مەنىدە، ئېيتىشىمىز مۇمكىنكى، پۈتۈن دۇنيانى پەقەت مىلتىق بىلەنلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. بىز — ئۇرۇشنى يوقىتىش قارىشىدىكىلەرمىز، بىزگە ئۇرۇش كېرەك ئەمەس؛ لېكىن ئۇرۇشنى پەقەت ئۇرۇش ئارقىلىقلا يوقىتىش مۇمكىن، مىلتىقنى تاشلاش ئۈچۈن، مىلتىقنى قولغا ئېلىش لازىم.

## 3. جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش تارىخى

پارتىيىمىز 1921 - يىل (جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغان)دىن 1924 - يىل (گومىنداڭنىڭ 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى) غىچە بولغان 3 - 4 يىل داۋامىدا بىۋاستە ئۇرۇشقا ھازىرلىنىش ۋە ئارمىيە تەشكىل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيتتى؛ 1924 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلگىچە يەنىلا يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەنمەيتتى؛ لېكىن 1924 - يىلى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىگە قاتنىشىشتىن باشلاپ، يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، ھەربىي ئىشلارنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشكە باشلىدى. گومىنداڭ ئېلىپ بارغان گۇاڭدۇڭ ئۇرۇشىغا ۋە بېيفا ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق پارتىيىمىز بىر قىسىم ئارمىيىگە⑮ ئىگە بولدى. ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن ئاچچىق ساۋاق ئالدى، شۇنىڭ بىلەن نەنچاڭ قوزغىلىڭى، كۈزلۈك ھوسۇل قوزغىلىڭى ۋە گۇاڭجۇ قوزغىلىڭىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قىزىل ئارمىيە قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇ دەۋر پارتىيىمىز ئارمىيىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەنگەن ئىنتايىن مۇھىم دەۋر بولدى. بۇ دەۋردىكى قىزىل ئارمىيە

ۋە ئۇ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار بولمىغان بولسا، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر گۇڭچەنداڭ چېن دۇشيۇنىڭ چۇيشياۋجۇيى-سىنى قوللانغان بولسا، بۈگۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭغا ئۇزاق مۇددەت بەرداشلىق بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

داگېجۇگياڭنىڭ 1927 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن جىددىي يىغىنى سىياسىي جەھەتتىكى ئوڭچىل جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇرۇپ، پارتىيىمىزنى زور بىر قەدەم ئالغا باستۇردى. 6 ـ نوۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇينىڭ 1931 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 4 ـ ئومۇمىيغىنى نامدا سىياسىي جەھەتتىكى «سول»چىل جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «سول»چىل جىخۇيجۇيى خاتالىقىنى تەكرارلىدى. بۇ ئىككى يىغىننىڭ مەزمۇنى ۋە تارىخىي رولى ئوخشاش بولمىدى، لېكىن بۇ ئىككى يىغىننىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇرۇش ۋە جەڭلۈك مەسىلىسى ئۈستىدە ئالاھىدە توختالمىدى، بۇ ـ ئۇ چاغدا پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى تېخى ئۇرۇش مەسىلىرى ئۈستىگە قويۇلمىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى. 1933 ـ يىلى پارتىيە-نىڭ جۇڭياڭى قىزىل رايونغا يوتكەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى، لېكىن ئۇرۇش مەسىلىسىدە (شۇنىڭدەك بارلىق ئاساسىي مەسىلىلەردە) پىرىنسىپلىق خاتالىقلار يەنە سادىر بولۇپ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنى ئېغىر زىيانلارغا ئۇچراتتى⑯. 1935 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن زۈنيى يىغىنى، ئاساسەن، ئۇرۇش جەھەتتىكى جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇرۇش مەسىلىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى، بۇ ـ ئۇرۇش شارائىتىنىڭ ئىنكاسى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىزكى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى

17 يىللىق كۇرەش داۋامىدا مۇستەھكەم بىر ماركسىزىمچە سىياسى لۇشيەنىنلا تاۋلاپ چىقىش بىلەن قالماستىن، بەلكى مۇستەھكەم بىر ماركسىزىمچە ھەربى لۇشيەنىنمۇ تاۋلاپ چىقتى. بىز سىياسى مەسلەلەرنى ماركسىزىمنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنىلا بىلىپ قالماي، بەلكى ئۇرۇش مەسلىلىرىنى ماركسىزىمنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنىمۇ بىلىۋالدۇق؛ پارتىيىنى ۋە دولەتنى باشقۇرۇشنى بىلىدىغان كوپلىگەن كۈچلۈك تايانچلارنىلا تەييارلىۋېلىپ قالماي، بەلكى ئارمىينى باشقۇرۇشنى بىلىدىغان كوپلىگەن كۈچلۈك تايانچلارنىمۇ تەييارلىۋالدۇق. بۇ سانسىز ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن سۇغۇرۇپ ئۇستۇرۇلگەن ئىنقىلاپ گۈللىرى بولۇپ، جۇڭگو كۇكچەنداكى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭلا شان ـ شەرىپى بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيا كۇكچەنداكلىرى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭمۇ شان ـ شەرىپى. دۇنيا مقياسىدا پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو ۋە ئىسپانىيىدىن ئىبارەت ئۈچ مەملىكەت كۇكچەنداكلىرى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئۈچ ئارمىيىلا پۇرولىتارىياتقا ۋە ئەمگەكچى خەلققە مەنسۇپ، باشقا مەملىكەتلەر كۇكچەنداكلىرىدا تېخى ھەربى تەجرىبە يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئارمىيىمىز ۋە ھەربى تەجرىبىلىرىمىز ئالاھىدە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

بۇگۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، 8 ـ ئارمىينى، يېڭى 4 ـ ئارمىينى ۋە پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىگىدىكى بارلىق پارتىزان دۈيلىرىنى كېڭەيتىش ھەم مۇستەھكەملەش ئىنتايىن مۇھىم. مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە، پارتىيە ئەڭ ياخشى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى ئالدىنقى سەپكە يېتەرلىك ساندا ئېۋەتىشى لازىم. ھەممە ئالدىنقى سەپنىڭ غەلىبىسى

ئۈچۈن بولسۇن، تەشكىلىي ۋەزىپىلەر سىياسىي ۋەزىپىلەرگە بويسۇنۇشى كېرەك.

## 4. ئىچكى ئۇرۇش ۋە مىللىي ئۇرۇشتا پارتىيىنىڭ ھەربىي جەنلۇبىسدىكى بۇرۇلۇشلار

پارتىيىمىزنىڭ ھەربىي جەنلۇبىسدىكى ئۆزگىرىش مەسىلىسى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇنى ئىچكى ئۇرۇش ۋە مىللىي ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەريانغا بۆلۈپ سۆزلەيمىز.

ئىچكى ئۇرۇش جەريانىنى ئومۇمەن ئالدىنقى ۋە كېيىنكى دېگەن ئىككى جەنلۇبىلۇك مەزگىلگە بۆلۈش مۇمكىن. ئالدىنقى مەزگىلدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغىنى پارتىزان ئۇرۇشى بولدى؛ كېيىنكى مەزگىلدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغىنى مۇنتىزىم ئۇرۇش بولدى. لېكىن مۇنتىزىم ئۇرۇش دېگىنىمىز جۇڭگوچە بولۇپ، ئۇ پەقەت ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، يوندۇگىجەن قىلىشتا ۋە قوماندانلىق قىلىش بىلەن ئۇيۇشتۇرۇشتىكى مەلۇم دەرىجىلىك مەركەزلىشىش ۋە پىلانلىقلىق جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، باشقا جەھەتلەردە بولسا، يەنىلا پارتىزانلىق خاراكتېرىدا ۋە تۆۋەن دەرىجىدە بولىدۇ، ئۇنى چەتئەل ئارمىيىلىرىنىڭكى بىلەن بىر قاتارغا قويغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭكىدىنمۇ سەل پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق مۇنتىزىم ئۇرۇش، مەلۇم مەنىدە ئېيتقاندا، يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن پارتىزان ئۇرۇشىدۇر.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىنىمۇ، پارتىيىمىزنىڭ

ھەربىي ۋەزىيەتلەردىن ئېيتقاندا، ئۇمۇمەن ئىككى جەنلۇۋېلۇك مەزگىلگە بولۇش مۇمكىن. ئالدىنقى مەزگىلدە (بۇ جەنلۇۋېلۇك مۇداپىيە ۋە جەنلۇۋېلۇك تىركىشىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى پارتىزان ئۇرۇشى بولىدۇ؛ كېيىنكى مەزگىلدە (جەنلۇۋېلۇك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدا) ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى مۇنتىزىم ئۇرۇش بولىدۇ. ئەمما ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى پارتىزان ئۇرۇشى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى پارتىزان ئۇرۇشىدىن مەزمۇن جەھەتتە كوپ پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ مۇنتىزىم خاراكتېردىكى (مەلۇم دەرىجىدە) 8-ئارمىيىنىڭ پارتىزانلىق ۋەزىپىنى بولۇنۇپ ئىجرا قىلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى مۇنتىزىم ئۇرۇشمۇ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى مۇنتىزىم ئۇرۇشتىن پەرقلىنىدۇ، بۇ، ئارمىيە يېڭى شەكىلدىكى قۇراللار بىلەن قۇراللاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئارمىيىدە ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىشىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى پەرەز قىلىپ ئېيتىلغان. ئۇ ۋاقىتتىكى ئارمىيە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشكە ۋە تەشكىللىچانلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ، ئۇرۇش قىلىشى يۇكسەك مۇنتىزىملىققا ئىگە بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭ پارتىزانلىق خاراكتېرى زور دەرىجىدە كېمىيىدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇرۇش يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇرۇشقا ئايلىنىدۇ، جۇڭگوچە ئۇرۇش دۇنياچە ئۇرۇشقا ئايلىنىدۇ. بۇلار جەنلۇۋېلۇك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدا بولىدىغان ئىشلار.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىچكى ئۇرۇش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەريان ۋە توت جەنلۇۋېلۇك مەزگىل

ئارىلىقىدا جەمئى ئۈچ جەنلۈېلۈك بۇرۇلۇش مەۋجۇت. بىرىنچىسى، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى مۇنتىزىم ئۇرۇش ئارىلىقىدىكى بۇرۇلۇش؛ ئىككىنچىسى، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى مۇنتىزىم ئۇرۇش بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى بۇرۇلۇش؛ ئۈچىنچىسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدىكى مۇنتىزىم ئۇرۇش ئارىلىقىدىكى بۇرۇلۇش.

ئۈچ بۇرۇلۇش ئىچىدە بىرىنچى بۇرۇلۇش ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بۇنىڭدا ئىككى ۋەزىپە بار ئىدى. بىر تەرەپتىن، پارتىزانلىقتا يېپىشىۋېلىپ، مۇنتىزىملىققا بۇرۇلۇشنى خالىمايدىغان ئوڭ مەھەللىۋازلىق خاھىشى ۋە پارتىزانچىلىق خاھىشىغا قارشى تۇرۇشقا توغرى كەلدى، بۇلار كادىرلارنىڭ دۈشمەن ئەھۋالىدا ھەم ۋەزىپىلەردە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى يېتەرلىك مولچەرلىمىگەنلىكىدىن تۇغۇلغان ئىدى. بۇ جەھەتتە مەركىزىي قىزىل رايوننى ئالساق، مۇشەققەتلىك تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنلا، بۇ خاھىشلار پەيدىن-پەي تۈزىتىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، مۇنتىزىملاشتۇرۇشقا تولىمۇ بېرىلىپ كەتكەن «سول» مەركەزچىلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇشقا توغرى كەلدى، بۇلار قىسمەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دۈشمەن ئەھۋالىنى ھەم ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ مولچەرلىگەنلىكىدىن، شۇنىڭدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىماي، چەتئەل تەجرىبىلىرىنى ئولۇك ھالدا قوللانغانلىقىدىن تۇغۇلغان ئىدى. بۇ جەھەتتە، مەركىزىي قىزىل رايوندا 3 يىللىق ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە (زۇنيى يىغىنىغىچە) ناھايىتى چوڭ

قۇربانلار بېرىلدى، كېيىن قانلىق ساۋاقلار داۋامىدىلا بۇ خاھىشلار تۈزىتىلدى. بۇلارنىڭ تۈزىتىلىشى — زۇنيى يىغىنىنىڭ نۇتۇغى.

ئىككىنچى بۇرۇلۇش بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇرۇش جەريانى ئارلىقىدا بولىدى، بۇ — 1937-يىل كۈزدىكى (لۇگۇچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىنكى) ئىش. بۇ چاغدا دۇشمەن يېڭى دۇشمەن، يەنى ياپون جاھانگىرلىكى بولدى، دوست ئارمىيە ئىلگىرىكى دۇشمەنىمىز گومىنداڭ بولدى (ئۇ يەنىلا بىزگە دۇشمەنلىك ساقلاپ كەلمەكتە)، ئۇرۇش مەيدانى يېرى كەڭ خۇابېي بولدى (بۇ ھازىرچە ئارمىيىمىزنىڭ ئۇدۇل تەرىپى، لېكىن كوپ ئوتمەيلا، دۇشمەنىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئارقا سېپىگە ئايلىنىدۇ). بىزنىڭ جەنلۇپلۇك بۇرۇلۇشىمىز ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ناھايىتى جىددى بۇرۇلۇش بولدى. بۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ئىلگىرىكى مۇنتىزىم ئارمىيىنى ۋە يۇندۇگجەننى پارتىزان قوشۇنىغا (بۇ يەردە سوز ئۇنىڭ تەشكىلچانلىغى ۋە ئىنتىزامچانلىغى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنى بولۇپ ئىشلىتىش ئۇستىدە بارىدۇ) ۋە پارتىزان ئۇرۇشىغا ئايلاندۇرۇش لازىم ئىدى، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنى دۇشمەن ئەھۋالىغا ھەم ۋەزىپىلەرگە ماسلاشتۇرغىلى بولاتتى. لېكىن بۇنداق بۇرۇلۇش كورۇنۇشتە ئارقىغا چېكىنگەن بۇرۇلۇش بولۇپ ئىپادىلىنەتتى، شۇڭا بۇ بۇرۇلۇش ئىنتايىن قىيىن بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. بۇ چاغدا توغۇلۇشى ئېھتىمال بولغىنى، بىر تەرەپتىن، دۇشمەننى سەل چاغلاش خاھىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ياپون جاھانگىرلىگىدىن قورقۇش كېسىلى ئىدى، گومىنداڭدا ھەر ئىككىلىسى توغۇلدى. گومىنداڭ ئىچكى ئۇرۇش مەيدانىدىن مىللى ئۇرۇش مەيدانىغا بۇرۇلغان چاغدا، ئۇنىڭدا ئاساسەن دۇشمەننى سەل چاغلاش

بولغانلىقتىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ياپون جاھانگىرلىگىدىن قورقۇش كېسىلى (بۇنىڭغا خەن فۇجۇي، ليۇ جژلار⑰ ۋەكىللىك قىلىدۇ) مەۋ-جۇت بولغانلىقتىن، ناھايىتى نۇرغۇن ئۇرۇنسىز زىيانلارغا ئۇچرىدى. لېكىن بىز بۇ بۇرۇلۇشنى خېلى ئۇڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇردۇق، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىمايلا قالماي، ئەكسىچە، ناھايىتى زور غەلىبە قازاندۇق. گەرچە بۇ ھەقتە جۇڭگىياڭ بىلەن قىسمەن ھەربىي كادىرلار ئوتتۇرىسىدا جىددىي مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بۇرۇلۇش كەڭ كادىرلارنىڭ جۇڭيانگنىڭ توغرى يېتەك-چىلىكىنى ئۆز ۋاقتىدا قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئەھۋالنى جانلىق كۆزەتكەنلىكى ئارقىسىدا قولغا كەلدى. بۇ بۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ قەتئىي داۋام قىلىشىغا، راۋاجلىنىشىغا ۋە غەلىبە قازىنىشىغا بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن زور ئىكەنلىكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىزان ئۇرۇشنىڭ جۇڭگو مىللىي ئازاتلىقىنىڭ تەقدىرى جەھەتتىكى تارىخىي ئەھمىيىتى ئويلاپ بېقىلسىلا مەلۇم بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى، ئۆزى-نىڭ ئالاھىدە كەڭ كولەملىكلىكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، شەرقتىلا مىسلىسىز بولۇپ قالماستىن، ئېھتىمال، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ مىسلىسىزدۇر.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدىكى مۇن-تىزىم ئۇرۇشقا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۇچىنچى بۇرۇلۇشقا كەلسەك، بۇ، ئۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسىگە مەنسۇپ، ئۇ چاغدا يەنە يېڭى

ئەھۋال ۋە يېڭى قىينچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېھتىمال، ھازىر ئۇ توغرىلىق سوزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ.

## 5. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇپلۇك ئورنى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇمۇمىيىتىدىن ئېيتقاندا، مۇنتىزىم ئۇرۇش ئاساسىي ئورۇندا، پارتىزان ئۇرۇشى ياردەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ، چۇنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى پەقەت مۇنتىزىم ئۇرۇشلا ھەل قىلالايدۇ. مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ پۇتۇن جەريانىدىكى ئۇچ جەنلۇپلۇك باسقۇچ (مۇداپىە كورۇش، تىركىشىش، قايتۇرما ھۇجۇم)نىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ئىككى باسقۇچىدا مۇنتىزىم ئۇرۇش ئاساس، پارتىزان ئۇرۇشى ياردەمچى قىلىندۇ. ئوتتۇرىدىكى باسقۇچتا، دۇشمەن ئۇزى بېسىۋالغان جايلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۇچۇن، بىز قايتۇرما ھۇجۇمغا ھازىرلىق كورسەكمۇ، لېكىن قايتۇرما ھۇجۇمنى تېخى ئېلىپ بارالمايدىغان ئەھۋالدا تۇرغانلىقىمىز ئۇچۇن، پارتىزان ئۇرۇشى ئاساسىي شەكىلدە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، مۇنتىزىم ئۇرۇش بولسا، ياردەمچى بولىدۇ؛ گەرچە بۇ باسقۇچنىڭ ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولۇشى ئېھتىمال بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پۇتۇن ئۇرۇش داۋامىدا ئۇچ باسقۇچنىڭ پەقەت بىرىلا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇمۇمىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇنتىزىم ئۇرۇش ئاساسىي ئورۇندا، پارتىزان ئۇرۇشى ياردەمچى ئورۇندا

تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ، مۇنتىزىم ئۇرۇش ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا، شۇنىڭدەك مۇنتىزىم ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەي تۇرۇپ، ياپونىيىنى يەڭگىلى بولمايدۇ. بۇ — بىر تەرەپ.

لېكىن پارتىزان ئۇرۇشى پۈتۈن ئۇرۇش داۋامىدا مۇھىم جەڭلىۋېلىك ئورۇن تۇتىدۇ. پارتىزان ئۇرۇشى بولمىسا، پارتىزان دۈيلىرى ۋە پارتىزان قوشۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئېتىۋارسىز قارىلىدىغان، پارتىزان ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئېتىۋارسىز قارىلىدىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ياپونىيىنى يەڭگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جۇڭگونىڭ تەگدىن تولىسى دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئەگەر ئەڭ كەڭ كولەملىك ۋە ئەڭ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلىدىغان پارتىزان ئۇرۇشى بولماي، دۈشمەنگە بېسىۋالغان جايلارغا بېخارامان جايلىشىۋېلىپ، ئارقا سېپىدىن قىلچە غەم قىلمايدىغان ئىمكانىيەت بېرىپ قويۇلىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئۇدۇل تەرەپلەردىكى ئاساسىي كۈچلىرىمىزنىڭ ئۇچرايدىغان زىيان - زەخمەتلىرى چوقۇم چوڭ بولىدۇ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى چوقۇم تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ، تىركىشىش ۋەزىيىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى تەس بولىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئىككىلىنىش پەيدا بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، بىز تەرەپنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم كۈچىنىڭ يېتەرلىك تەييارلانماسلىقى، قايتۇرما ھۇجۇم ۋاقتىدا ماسلىشىشنىڭ بولماسلىقى، دۈشمەن تەرەپنىڭ ئۆز چىقىملىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوڭۇشسىز ئەھۋاللارمۇ تۇغۇلىدۇ.

ئەگەر بۇنداق ئەھۋال يۇزبېرىدىغان بولسا ھەم ئۇ كەڭ كولەملىك ۋە قەتئى داۋاملاشتۇرۇلىدىغان پارتىزان ئۇرۇشىنى ئۇز ۋاقتىدا راۋاجلاندۇرۇش بىلەن تۇگىتىلمەيدىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ياپونىـ يىنى يەڭگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، پارتىزان ئۇرۇشى گەرچە ئۇرۇشنىڭ ئۇمۇمىيىتىدە ياردەمچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئەمەلىـ يەتتە ناھايىتى مۇھىم جەنلۇپلۇك ئورۇن تۇتىدۇ. ياپون باسقۇنچىـ لىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان تۇرۇقلۇق پارتىزان ئۇرۇشىغا ئېتىۋارسىز قاراش، شەك ـ شۇبھىسىزكى، ئىنتايىن خاتا. بۇ ـــ يەنە بىر تەرەپ.

پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى پەقەت چوڭ مەملىـ كەت بولۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ شەرت بولسىلا مەۋجۇت بولىدۇ، شۇڭا قەدىمقى زاماندىمۇ پارتىزان ئۇرۇشلىرى بولغان. لېكىن پارـ تىزان ئۇرۇشىنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش پەقەت گۇڭچەنداڭ رەھبەرـ لىكى ئاستىدىلا مۇمكىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ قەدىمقى زاماندىكى پارتىزان ئۇرۇشلىرىنىڭ تولىسى مەغلۇبىيەتلىك پارتىزان ئۇرۇشلىرى بولغان، پەقەت ھازىرقى زاماندا گۇڭچەنداڭ بولغان چوڭ مەملىكەتـ لەردىلا، مەسىلەن، ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە جۇڭگوغا ئوخشاش مەملىكەتلەردىلا، غەلىبىلىك پارتىزان ئۇرۇشلىرى بولىدىغان بولدى. ئۇرۇش مەسىلىسىدە گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭـ نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئىش تەقسىماتىغا كەلـ سەك، ھازىرقى ۋە ئۇمۇمى شەرت ـ شارائىتتىن ئېيتقاندا، گومىنداڭنىڭ ئۇدۇل تەرەپلەردە مۇنتىزىم ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى ئۇستىگە ئېلىشى، گۇڭچەنداڭنىڭ دۇشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشنى ئۇستىگە ئېلىشى زورۇر ۋە مۇۋاپىق، شۇنداقلا ئۇزئارا ئېھتىياجدىن چىقىش، ئۇزئارا ماسلىشىش ۋە ئۇزئارا ياردەملىشىشتۇر.

بۇنىڭدىن پارتىيىمىزنىڭ ھەربىي جەنلۇيې فاڭجېنىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مۇنتىزىم ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشتىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئايلانغانلىقىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ۋە زورۇر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇمۇملاشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك 18 خىل پايدىسى بار: (1) دۈشمەن ئارمىيىسى بېسىۋالغان جايلارنى تارايتقىلى بولىدۇ؛ (2) ئارمىيىمىزنىڭ گېنجۇيدىلىرىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ؛ (3) مۇداپىئە باسقۇچىدا ئۇدۇل تەرەپلەردىكى ئۇرۇشقا ماسلىشىپ، دۈشمەننى ئارقىغا تارتىپ تۇرغىلى بولىدۇ؛ (4) تىركىشىش باسقۇچىدا دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى گېنجۇيدىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇدۇل تەرەپلەردە ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرغىلى بولىدۇ؛ (5) قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدا ئۇدۇل تەرەپلەرگە ماسلىشىپ، قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؛ (6) ئارمىيىنى ئەڭ چاپسان ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك كېڭەيتكىلى بولىدۇ؛ (7) گۇڭچەنداڭنى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر بىر يېزىدا جىزبۇ قۇرغىلى بولىدۇ؛ (8) ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، دۈشمەن جۈيدىيەنلىرىدىكىدىن باشقا، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پۈتۈن خەلقنى تەشكىللىگىلى بولىدۇ؛ (9) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەتنى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك قۇرغىلى بولىدۇ؛ (10) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەدىنىي-مائارىپنى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ؛ (11) خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىغىلى بولىدۇ؛ (12) دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاشقا ئەڭ كۆپ ئوڭايلىق تۇغدۇرغىلى بولىدۇ؛ (13) پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىگە

ئەڭ ئۇمۇمىيۇزلۇك ۋە ئەڭ ئۇزاقىقچە تەسىر كورسەتكىلى، پۇتۇن مەملىكەتىنىڭ جەڭگىۋار روھىنى ئۇستۇرگىلى بولىدۇ؛ (14) دوست ئارمىيە ۋە دوست پارتىيىلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەڭ ئۇمۇمىيۇزلۇك تۇرتكە بولغىلى بولىدۇ؛ (15) دۇشمەن كۇچلۇك، بىز ئاجىز بولغان شارائىتتا مۇۋاپىقلىشىپ، ئوزىمىزنى ئاز زىيان تارتىپ، كوپ غەلىبە قازىنىدىغان قىلغىلى بولىدۇ؛ (16) دۇشمەن كىچىك، بىز چوڭ بولغان شارائىتتا مۇۋاپىقلىشىپ، دۇشمەننى كوپ زىيان تارتىپ، ئاز غەلىبە قازىنىدىغان قىلغىلى بولىدۇ؛ (17) ئەڭ تېز ۋە ئەڭ ئۇنۇملۇك رەۋىشتە نۇرغۇن رەھبەرىي كادىر يېتىشتۇرگىلى بولىدۇ؛ (18) تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەڭ كوپ ئوڭايلىق تۇغدۇرغىلى بولىدۇ.

ئۇزاق مۇددەتلىك كۇرەشلەردە پارتىزان دۇيلىرى ۋە پارتىزان ئۇرۇشى ئەسلىدىكى ئورنىدا توختاپ قالماستىن، يۇقۇرى باسقۇچقا راۋاجلىنىپ، بارا-بارا مۇنتىزىم ئارمىيىگە ۋە مۇنتىزىم ئۇرۇشقا ئايلىنىشى لازىم، بۇنىڭدىمۇ شەك-شۇبھە يوق. بىز پارتىزان ئۇرۇش-لىرى ئارقىلىق كۇچ توپلاپ، ئوزىمىزنى ياپون جاھانگىرلىگىنى تار-مار كەلتۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىللاردىن بىرى قىلىپ چىقىمىز.

## 6. ھەربى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش

ئىككى ئارمىيىنىڭ دۇشمەنلىشىشىگە دائىر ھەممە مەسىلە ئۇرۇش ئارقىلىق ھەل بولىدۇ، جۇڭگونىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى مۇنقەرىز بولۇشى ئۇرۇشتا يېڭىش ياكى يېڭىلىشكە باغلىق. شۇنىڭ ئۇچۇن، ھەربى ئىشلار نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشنى، جەنلۇپ ۋە

جەنشۈنى تەتقىق قىلىشنى، ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتىنى تەتقىق قىلىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. جەنشۈنى تەتقىق قىلىش گەرچە يېتەرلىك بولمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن 10 يىلدىن بېرى ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان يولداشلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن نەتىجىلىرى بار، جۇڭگونىڭ شارائىتىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن يېڭى نەرسىلىرى بار، كەمچىلىك ئەنە شۇلارنىڭ يەكۈن- لەنمىگەنلىكىدە. جەنلۈي مەسىلىسىنى ۋە ئۇرۇش نەزەرىيىسى مەسە- لىسىنى تەتقىق قىلىش بۈگۈنكىچە ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭلا خىزمىتى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. سىياسىي خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى دەرىجىلىك نەتىجىلەرگە ئىگە بولدۇق، تەجرىبىنىڭ موللۇقى، يېڭىلىقلارنىڭ كۆپلىكى، بەلكى ياخشىلىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالسىلا، بىز ھېساپلىنىمىز، لېكىن كەمچىلىك ئەنە شۇلارنى ئۇمۇملاشتۇرۇش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتقاندا، ھەربىي بىلىمنى ئاممىباپلاشتۇرۇش جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بۇنىڭدىن كېيىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئۇرۇش ۋە جەنلۈي نەزەرىيىسى بولسا، ھەممىنىڭ غولى. ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا ھەۋەس قوزغاش ۋە پۈتۈن پارتىيىنى ھەربىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرىش، مېنىڭچە، زۆرۈر.

## ئىزاھلار

① لېنىننىڭ «ئۇرۇش ۋە روسىيە شېخۇي-مىنجۇداڭى»، «روسىيە شېخۇي-مىنجۇ گۇڭداڭىنىڭ چەتئەل جىزبۇلىرى ۋەكىللەر كېڭىشى»،

«جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدا ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى توغرىسىدا»، «روسىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە ئىنقىلاپ ۋېيجىسى» دېگەن ئەسەرلىرىگە قارالسۇن. لېنىن بۇ ئەسەرلىرىنى 1914 — 1915 - يىللاردا شۇ چاغدىكى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارىتىپ يازغان ئىدى. يەنە «سوۋېت ئىتتىپاقى گۇڭچەنداڭى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، VI باب، 3 - بۆلۈم «بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئۇرۇش، تىنچلىق ۋە ئىنقىلاپ مەسىلىلىرىدىكى نەزەرىيىسى ۋە سېلۇبىي»گە قارالسۇن.

② 1924 - يىلى سۇن جۇڭشەن گۇڭچەنداڭ بىلەن ۋە ئىنقىلاۋىي ئىشچى - دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ، شۇ چاغدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ گۇاڭجۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان مەيىبەنلەر، تۇخاۋ - لىيېشېنلارنىڭ قۇراللىق كۈچى —— «شاڭتۇەن»نى مەغلۇپ قىلدى. 1925 - يىلىنىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ - گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىدىكى ئىنقىلاۋىي ئارمىيە گۇاڭجۇدىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، جۇنفا چېن جيۇڭمىڭنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، ئاندىن يەنە گۇاڭجۇغا قايتىپ كېلىپ، گۇاڭجۇنى بېسىپ ياتقان يۈننەن - گۇاڭشى جۇنفالىرىنى يوقاتتى. شۇ يىلى كۈزدە گومىنداڭ - گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىدىكى ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ئىككىنچى قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىپ، چېن جيۇڭمىڭنىڭ قوشۇنىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتتى. گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى بۇ جەنىلەردە قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. بۇ جەنىلەر گۇاڭدۇڭنىڭ شۇ چاغدىكى بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى ۋە بېيفا ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىنى قۇردى.

③ ستالىن. «جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا»دىن ئېلىنغان.

④ 1894 - يىلى سۇن جۇڭشەن ھونولۇلۇدا «شىڭجۇڭخۇي» ناملىق كىچىك بىر ئىنقىلاۋىي تەشكىلات قۇردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى

1895 ـ يىلى جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سۈن جۇڭشەن خەلق ئارىسىدا بۇرۇندىن بار بولغان مەخپىي تەشكىلات «خۇي ـ داڭ»لارغا تايىنىپ، گۇاڭدۇڭ دائىرىسىدە ئىككى قېتىم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، يەنى 1895 ـ يىلدىكى گۇاڭجۇ ئۇرۇشىنى، 1900 ـ يىلدىكى خۇيجۇ ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى.

⑤ 1905 ـ يىلى شىڭجۇڭخۇي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى باشقا ئىككى تەشكىلات — خۇاشىڭخۇي ۋە گۇاڭفۇخۇيلار بىلەن بىرلىشىپ تۇڭمېڭخۇي بولدى (بۇ شۇ ۋاقىتتىكى بۇرژۇئازىيە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە چىڭ سۇلالىسىگە قارشى بىر قىسىم شېنشىلارنىڭ بىرلەشمە سەپ تەشكىلاتى ئىدى)، «دالۇ (چىڭ سۇلالىسىنى كورسىتىدۇ)نى قوغلاپ چىقىرىش، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىنگو قۇرۇش، يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش»تىن ئىبارەت بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ سىياسىي گاڭلىڭىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۇڭمېڭخۇي دەۋرىدە سۈن جۇڭشەن «خۇي ـ داڭ»لار ۋە يېڭى ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى نۇرغۇن قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كوتۈردى. بۇلارنىڭ چوڭراقلىرى — 1906 ـ يىلدىكى پىڭشياڭ، ليۇياڭ، لىلىڭ ئۇرۇشلىرى، 1907 ـ يىلدىكى چاۋجۇنىڭ خۇاڭگاڭ دېگەن يېرىدە بولغان ئۇرۇش، چىنجۇ ئۇرۇشى ۋە جېننەنگۇەن (ھازىرقى گۇاڭشى يۈيىگۇەن) ئۇرۇشى، 1908 ـ يىلى يۈننەن ئۆلكىسىدىكى خېكۇدا بولغان ئۇرۇش، 1911 ـ يىلدىكى گۇاڭجۇ ئۇرۇشى ۋە ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى.

⑥ 1912 ـ يىلى تۇڭمېڭخۇي گومىنداڭغا ئۆزگەرتىلىپ، شۇ چاغدىكى بېيياڭ جۇنفا يۈەن شىكەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن مۇرەسسە قىلىشتى. 1913 ـ يىلى يۈەن شىكەي قوشۇنى جەنۇپقا بېرىپ، جياڭشى، ئەنخۇي، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدە شىنخەي ئىنقىلاۋى ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن كۈچلەرنى قىستى، سۈن جۇڭشەن قوراللىق قارشىلىق كورسەتكەن بولسىمۇ، ئۇزاق ئوتمەي مەغلۇپ بولدى. 1914 ـ يىلى سۈن جۇڭشەن مۇرەسسە قىلىشنىڭ سەۋەنلىك بولۇپ قالغانلىقىنى كوزدە تۇتۇپ، ياپونىيىنىڭ

توكيو شەھرىدە باشقىدىن جۇڭخۇا گېمىڭدالى قۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى گومىنداڭدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كورسەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر قىسىم ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بىر قىسىم بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسى ۋەكىللىرىنىڭ يەپەن شىكەيگە قارشى ئىتتىپاقى ئىدى. سۇن جۇڭشەن بۇ ئىتتىپاقىقا تايىنىپ، 1914 ـ يىلى شاڭخەيدە كىچىك كولەملىك بىر قوزغىلاڭ كوتۇردى. 1915 ـ يىلى يۈەن شىكەي ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى، سەي ئې قاتارلىق يۈەن شىكەيگە قارشى كۈچلەر يۈننەن ئولكىسىدە يۈەن شىكەيگە قارشى جازا يۇرۇشى ئۇرۇشىنى قوزغىدى، سۇن جۇڭشەنمۇ شۇ ۋاقىتتا يۈەن شىكەيگە قۇراللىق قارشى تۇرۇشتا ئاكتىپ تەرغىباتچى ۋە پائالىيەتچى ئىدى.

⑦ 1917 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن ئوز تەسىرى ئاستىدىكى دېڭىز ئارمىيىسىنى شاڭخەيدىن گۇاڭجۇغا باشلاپ كېلىپ، گۇاڭدۇڭنى گېنجۇيدى قىلىپ، بېيياڭ جۇنفا دۈەن چىرۈيگە قارشى بولغان شۇ ۋاقىتتىكى غەربىي جەنۇپ جۇنفالىرى بىلەن بىرلىشىپ، دۈەن چىرۈيگە قارشى ھەربى ھوكۇمەت تەشكىل قىلدى.

⑧ 1921 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن گۈيلىندە بېيفاغا تەييارلىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چېن جيۇڭمىڭ بېيياڭ جۇنفالار بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ ئىسيان كوتۇرگەنلىكتىن، بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىدى.

⑨ 1924 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، گومىنداڭنى ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلغاندىن كېيىن، گۇاڭجۇنىڭ يېنىدىكى خۇاڭپۇ دېگەن جايدا ھەربى مەكتەپ، يەنى خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنى قۇردى. 1927 ـ يىلى جياڭ جيېشى ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ مەكتەپ گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىدىكى مەكتەپ ئىدى. كوممۇنىستلاردىن جۇ ئېنلەي، يې جيەنيىڭ، يۈن دەيىڭ، شياۋ چۇنۈي ۋە باشقا نۇرغۇن يولداشلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بۇ مەكتەپتە ھەرخىل مەسئۇل خىزمەت ـ

لەرنى ئوتكەن ئىدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرىمۇ گوڭچەنداڭ ئەزاسى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇلار بۇ مەكتەپتە ئىنقىلاۋىي تايانچ بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى.

⑩ تەن يەنكەي — خۇنەنلىك، چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا خەنلىن بولغان، ئۇ دەسلەپتە خانلىق - شيەنفالىق تۈزۈمنى قۇۋۋەتلىگەن، كېيىن يەنە 1911 - يىلىدىكى ئىنقىلاپ (شىنخەي ئىنقىلاۋى) سېپىگە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن كىرىۋالغان. ئۇنىڭ كېيىنكى چاغدا گومىنداڭ لاگېرىغا قاتناشقانلىقى خۇنەندىكى يەرلىك پومېشچىك كۈچلەر بىلەن بېيياڭ جۈنفاللار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈردى.

⑪ «جىنبۇداڭ» — مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا لياڭ چىچاۋ قاتارلىق بىر گۇرۇھ كىشىلەر يۈەن شىكەيگە تايىنىپ تەشكىل قىلغان پارتىيە.

⑫ دۈەن چىرۇي — يۈەن شىكەينىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن كونا ئادىمى، بېيياڭ جۈنفاللىرى ئەنخۇي گۇرۇھىنىڭ باشلىقى. يۈەن شىكەي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى بىرقانچە قېتىم ئۆز قولىدا تۇتقان ئىدى.

⑬ جېڭشۆي گۇرۇھى — 1916 - يىلى بىر قىسىم جىنبۇداڭچىلار ۋە بىر قىسىم گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ئۇچىغا چىققان ئوڭچىل سىياسى گۇرۇھ، ئۇلار جەنۇبىي جۈنفاللار بىلەن شىمالىي جۈنفاللار ئوتتۇرىسىدا پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئىگە بولۇۋالغان. 1926 - يىلىدىن 1927 - يىلىغىچە داۋام قىلغان بېيفا ئۇرۇشى ۋاقتىدا جېڭشۆي گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ بىر قىسمى، مەسىلەن، ياپونپەرەس خۇاڭ فۇ، جاڭ چۈن، ياڭ يۈڭتەيگە ئوخشاشلار جياڭ جيېشى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسى تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە باشلىدى.

⑭ «چىڭنيەنداڭ» — «گوجا جۇيىچىلار» دېيىلگەن «جۇڭگو چىڭنيەن-

داگى». مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل»نىڭ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑮ بۇ يەردە ئاساسەن بېيفا ئۇرۇشى ۋاقتىدا گوڭچەنداڭ ئەزاسى يې تىڭ جياڭجۇن باشچىلىق قىلغان مۇستەقىل تۈەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جىڭگاڭشەندىكى كۈرەش»نىڭ ⑮ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑯ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈې مەسىلىسى»گە قارالسۇن.

⑰ خەن فۇجۈي — ئەسلىدە شەندۇڭ ئۆلكىسىدە تۇرغان گومىنداڭ جۈنفاسى. لىيۇ جىۋ جياڭ جېيشىنىڭ ئۆز گۇرۇھىدىكى جۈنفالاردىن بولۇپ، ئەسلىدە خېنەن ئۆلكىسىدە تۇرغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، خېبېي ئۆلكىسىدىكى باۋدىڭ سېپىنى مۇداپىئە قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان. ياپون قاراقچىلىرى هۇجۇم قىلغاندا، بۇ ئىككى جۈنفا ئۇرۇش قىلماي قېچىپ كەتكەن ئىدى.

# 4 - ماي ھەرىكىتى*

**(1939 - يىل 5 - ئاي)**

بۈگۈندىن 20 يىل ئاۋالقى 4 - ماي ھەرىكىتى جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېڭى بىر باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى. 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ مەدەنىيەت يېڭىلاش ھەرىكىتى بولۇشى پەقەت جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر خىل ئىپادە شەكلىدىنلا ئىبارەت. ئۇ دەۋردە يېڭى ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئۆسكەنلىكى ۋە راۋاجلانغانلىقى ئارقىسىدا، جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدا بىر زورايغان لاگېر، يەنى جۇڭگونىڭ ئىشچىلار سىنىپى، ئوقۇغۇچىلار ئاممىسى ۋە يېڭى ئۆسكەن مىللىي بۇرژۇئازىيىسىدىن تەركىب تاپقان لاگېر مەيدانغا كەلدى. «4 - ماي» دەۋرىدە قەھرىمانلىق بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغانلار بولسا، نەچچە يۈز مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار بولدى. بۇ — 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ شىنخەي ئىنقىلاۋىغا قارىغاندا

بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن يېرى.

جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ جەريانى، ئەگەر ئۇنىڭ تەييارلىق دەۋرىدىن تارتىپ ھېساپلايدىغان بولساق، ئەپيۇن ئۇرۇشى، تەيپىڭ تيەنگو ئۇرۇشى، جياۋۇ جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشى[1]، ۋۇشۇي يېڭىلىققا كوچۇش ھەرىكىتى، يىخېتۇەن ھەرىكىتى، شىنخەي ئىنقىلاۋى، 4-ماي ھەرىكىتى، بېيفا ئۇرۇشى، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى قاتارلىق بىرقانچە تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. بۈگۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش — ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر يېڭى باسقۇچ، شۇنداقلا ئەڭ ئۇلۇق، ئەڭ جانلىق، ئەڭ قىزىغان بىر باسقۇچ. تاكى سىرتقى جاھانگىر كۈچلەر ۋە ئىچكى فېودال كۈچلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ۋە مۇستەقىل دېموكراتىك دولەت قۇرۇلغان چاغدىلا، بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ، ئىنقىلاپنىڭ ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچى ئۆزىگە خاس بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق ئۇلارنىڭ گۇڭچەنداڭ مەيدانىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولغانلىقىدا. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۇمۇمىيىتىدىن قارىغاندا، ھېچقايسىسى بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ خاراكتېرىنى ئالماي قالمىغان. بۇنداق دېموكراتىك ئىنقىلاپ جۇڭگو تارىخىدا كورۇلۇپ باقمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم، يەنى دېموكراتىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەكتى — فېودالىزىملىق جەمئىيەت (يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە يېرىم

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ 4-ماي ھەرىكىتىنىڭ 20 يىللىقىغا بېغىشلاپ يەنئەن گېزىتلىرى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن ماقالا.

مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېوداللىق جەمىيەتكە ئايلاندى)، ئۇنىڭ كەل- گۈسى — سوتسىيالىستىك جەمىيەت. ئەگەر، كوممۇنىزىمچى نىمە ئۈچۈن ئاۋال بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىجتىمائى تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئاندىن سوتسىيالىستىك ئىجتىمائى تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ، دەپ سورالسا، بۇنىڭ جاۋاۋى مۇنداق: تارىخنىڭ مۇقەررەر يولىدىن مېڭىش كېرەك.

جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋى مەلۇم ئىجتىمائى كۈچلەرگە تايىنىپ ئورۇنلىنىدۇ. بۇنداق ئىجتىمائى كۈچلەر: ئىشچىلار سىنىپى، دىخانلار سىنىپى، زىيالىلار ۋە تەرەققىپەرۋەر بۇرژۇئازىيە، يەنى ئىنقىلاۋى ئىشچىلار، دىخانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىلار ۋە سودا- سانائەتچىلەر، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈپ-ئاساسى ئىنقىلاۋى كۈچ — ئىشچى-دىخانلار، ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلغۇچى سىنىپ — ئىشچىلار سىنىپى. مۇشۇ تۈپ-ئاساسى ئىنقىلاۋى كۈچتىن ئايرىلىپ قېلىنىدىكەن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىپ قېلىنى- دىكەن، جاھانگىرلىككە ۋە فېوداللىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە ئىنقىلاپنىڭ تۈپ-ئاساسى دۈشمىنى — ياپون جاھانگىرلىكى ھەم ۋەتەن خائىن- لىرى، ئىنقىلاپنىڭ تۈپ-ئاساسى سىياسىتى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ، بۇ بىرلىكسەپنى تەشكىل قىلغان تەركىبلەر — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق ئىشچىلار، دىخانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىلار ۋە سودا-سانائەتچىلەر. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئىشچىلار، دىخانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىلار ۋە سودا-سانائەتچىلەردىن تەركىب تاپقان بىرلىكسەپ زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەنگەن ۋە كېڭەيگەن چاغدا

قولغا كېلىدۇ.

جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ ھەرىكىتىدە زىيالىيلار ھەممىدىن
بۇرۇن ئويغانغان تەركىپ بولدى. بۇ شىنخەي ئىنقىلاۋىدىمۇ،
4 ـ ماي ھەرىكىتىدىمۇ ئوچۇق كۆرۈلدى، 4 ـ ماي ھەرىكىتى دەۋرى-
دىكى زىيالىيلار بولسا، شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى زىيالىيلارغا
قارىغاندا تېخىمۇ نۇرغۇن ۋە تېخىمۇ ئاڭلىق ئىدى. لېكىن زىيالىيلار
ئىشچى ـ دېخانلار ئاممىسى بىلەن بىرلەشمىسە، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا
چىقىرالمايدۇ. بىر زىيالىينىڭ ئىنقىلاپچى ياكى ئىنقىلاپچى ئەمەسلى-
كىنى ۋە ياكى ئەكسىلئىنقىلاپچى ئىكەنلىكىنى ئايرىيدىغان ئەڭ
ئاخىرقى چەك ئۇنىڭ ئىشچى ـ دېخانلار ئاممىسى بىلەن بىرلىشىشنى
خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن ئەمەلدە بىرلەشكەن ـ
بىرلەشمىگەنلىكىدىن ئىبارەت. ئۇنى ئايرىيدىغان ئەڭ ئاخىرقى
چەك پەقەت ئەنە شۇنىڭدا، ئۇنىڭ سەنمىنجۇيى ياكى ماركسىزىمنى
ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ يۈرۈشىدە ئەمەس. ھەقىقى ئىنقىلاپچى
جەزمەن ئىشچى ـ دېخانلار ئاممىسى بىلەن بىرلىشىشنى خالايدۇ
ۋە ئۇلار بىلەن ئەمەلدە بىرلىشىدۇ.

4 ـ ماي ھەرىكىتىدىن ھازىرغىچە 20 يىل ئۆتتى، ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقىمۇ 2 يىل بولۇپ قالدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى
ياشلار ۋە مەدەنىيەتچىلەر دېموكراتىك ئىنقىلاپتا ۋە ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. مەن
ئۇلارنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچىنى چۈشىنىپ، ئۆز خىزمىتىنى ئىشچى ـ دېخانلار ئاممىسى بىلەن
بىرلەشتۈرۈشنى، ئىشچى ـ دېخانلار ئاممىسى ئارىسىغا بېرىپ،
ئىشچى ـ دېخانلار ئاممىسىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى ۋە تەشكىلاتچىلىرىغا

ئايلىنىشنى ئۈمىت قىلىمەن. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كۈرەشكە بىردەك ئاتلانغان كۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىش پەيتى بولىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت ياشلىرى، تىرىشىڭلار!

## ئىزاھ

① بۇ 1894 - يىلى يۈز بەرگەن جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگوچە يىل ھېساۋى بويىچە، 1894 - يىل جياۋۇ يىلى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جياۋۇ ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان. بۇ ئۇرۇش ياپونىيىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ھەم جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيىسىگە قارىتا ئىغۋاگەرچىلىك يۈرگۈزگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئۇرۇشتا جۇڭگو ئارمىيىسى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان ئىدى، ئەمما چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىكى ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش تەييارلىقىنىڭ بولمىغانلىقى ئارقىسىدا، جۇڭگو تەرەپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياپونىيە بىلەن ئاھانەتلىك ماگۇەن شەرتنامىسىنى تۈزۈپ، تەيۋەننى ۋە پېڭخۇ تاقىم ئارالLIرىنى كېسىپ بېرىشنى، ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن 200 مىليون سەر كۈمۈچ تۆلەشنى ئۈستىگە ئالدى، ياپونلارنىڭ جۇڭگودا زاۋۇت قۇرۇشىغا، شاشى، چۇڭچىڭ، سۇجۇ ۋە خاڭجۇلارنى سودا گاڭكۇسى قىلىپ ئېچىشقا ماقۇل بولدى ھەم چاۋشيەننىڭ ياپونىيىنىڭ تەسىر كۈچى چاڭگىلىدىكى بېقىندى دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

# ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى

**(1939 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى)**

بۈگۈن — 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 20 يىللىق خاتىرە كۈنى، بىزنىڭ يەنئەندىكى بارلىق ياشلىرىمىز بۇ يەردە بۇ خاتىرە يىغىنىنى ئۆتكۈز- مەكتە، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن جۇڭگو ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشىگە ئائىت بىرنەچچە مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي.

بىرىنچى، ھازىر 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگونىڭ ياشلار بايرىمى قىلىپ بەلگىلەندى، بۇ ناھايىتى توغرى بولدى[1]. «4 - ماي»غا ھازىر 20 يىل بولدى، بۇ يىلغىنا مەملىكىتىمىز بويىچە ياشلار بايرىمى قىلىپ بەلگىلەندى، بۇ ئىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنى بۇ مەملىكىتىمىز جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ پات يېقىندا بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، بۇ ئەھۋالدا ھازىر بۇرۇلۇش بولىدۇ، ئەمدى مەغلۇبىيەت بولمايدۇ، بەلكى غالىبىيەت تەرەپكە

بۇرۇلۇش بولىدۇ. ھازىر جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. تارىختا كۆرۈلگەن كۆپ قېتىملىق مەغلۇپ بولۇش ئەھۋالى ئەمدى داۋاملاشسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ داۋاملىشىشىغىمۇ ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، بەلكى ئۇنى غەلىبىگە بۇراشقا توغرى كېلىدۇ. ئۇنداق بولسا، ھازىر بۇرۇلۇش بولىدىمۇ؟ ياق. بۇ بۇرۇلۇش تېخى بولمىدى، بىز تېخى غەلىبە قازانمىدۇق. لېكىن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە ئۆتۈشتەك بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا تىرىشىپ يېتىمىز. 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ قارشى تۇرغىنى ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەت، جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مىللى مەنپەئەتنى ساتقان ھۆكۈمەت، خەلقنى ئەزگەن ھۆكۈمەت ئىدى. بۇنداق ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش كېرەكمىدى؟ ئەگەر قارشى تۇرۇش كېرەك بولمىسا، ئۇ ھالدا، 4 - ماي ھەرىكىتى خاتا بولغان بولاتتى. بۇ ناھايىتى ئېنىق، ئۇنداق ھۆكۈمەتكە چوقۇم قارشى تۇرۇش كېرەك ئىدى، ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش لازىم ئىدى. قاراڭلار، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى 4 - ماي ھەرىكىتىدىن بۇرۇنلا، شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت ئالدىدا ئاسىي ئىدى، ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردى ۋە ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرىمىدى؟ مېنىڭچە، ناھايىتى توغرى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قارشى تۇرغىنى جاھانگىرلارغا قارشى تۇرغان ھۆكۈمەت

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەن ياشلىرىنىڭ 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ نۇتۇقىدا جۇڭگو ئىنقىلاۋى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى راۋاجلاندۇردى.

ئەمەس، بەلكى جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ھوكۇمەت ئىدى، ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاپنى باستۇرغان ھوكۇمەت ئىدى. 4 ـ ماي ھەرىكىتى دەل ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمەتكە قارشى ئىش قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ـــ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت. پۈتۈن جۇڭگو ياشلىرى 4 ـ ماي ھەرىكىتىنى ئەنە شۇنداق تونۇشى لازىم. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئاتلانغان ھازىرقى ۋاقىتتا، ھەممەيلەن ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلاپلارنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەرنى كوزدە تۇتۇپ، ياپون جاھانگىرلىگىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلىشقا بەل باغلىدى، ئەمدى ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنىڭ يەنە بولۇشىغا يول قويمايدۇ، ئىنقىلاپ-نىڭ يەنە مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويمايدۇ. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ياشلار، بىر قىسمىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھەممىسى ئويغاندى ۋە مۇشۇنداق چوقۇم غەلىبە قازىنىش نىيىتىگە كېلىشتى، «4 ـ ماي»نىڭ ياشلار بايرىمى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىگى ئەنە شۇنى كورسىتىدۇ. بىز غەلىبە يولى بىلەن ئالغا قاراپ ماڭماقتىمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەڭ تىرىشسىلا، جۇڭگو ئىنقىلاۋى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ.

ئىككىنچى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قارشى تۇرىدىغىنى نىمە؟ ئىنقىلاپنىڭ دۈشمىنى نىمە؟ ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇنىڭ بىرى ـــ جاھانگىرلىك، بىرى ـــ فېئودالىزىم. ئىنقىلاپنىڭ ھازىرقى دۈشمىنى نىمە؟ بىرى ـــ ياپون جاھانگىرلىگى، يەنە بىرى ـــ ۋەتەن خائىنلىرى. ئىنقىلاپ قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ياپون جاھانگىرلىگىنى چوقۇم يوقىتى-شىمىز، ۋەتەن خائىنلىرىنى چوقۇم يوقىتىشىمىز كېرەك. ئىنقىلاپنى كىم قىلىدۇ؟ ئىنقىلاپنىڭ جۈتىسى كىم؟ بۇ ـــ جۇڭگو لاۋبەيشىڭلىرى.

ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى — پۇرولېتارىيات، دىخانلار سىنىپى، شۇنىڭدەك باشقا سىنىپلاردىن جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان ھەممە كىشىلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى ئىنقىلاۋىي كۈچلەر. لېكىن بۇ ئورغۇن كىشىلەر ئىچىدە كىملەر تۈپ-ئاساسىي كۈچ، كىملەر ئىن-قىلاپنىڭ تايانچلىرى؟ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئاھالىنىڭ 90 پىرسەن-تىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىشچىلار ۋە دىخانلار. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرى قانداق؟ بىزنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنىمىز قانداق ئىنقىلاپ؟ بىزنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنىمىز — بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ، بىز قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ھېچبىرى بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ھازىر ئادەتتىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقاتماستىن، جاھانگىرلىك ۋە فېودال-ىزمنى يوقىتىش كېرەك، بۇ، بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ، دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىنقىلاپنى ئورۇنلاش بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنى پۇرولېتارىيات ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. بۇ ئىنقىلاپ-نىڭ كۆزلىگەن مەقسىتى نېمە؟ ئۇنىڭ مەقسىتى — جاھانگىرلىكنى ۋە فېودالىزمنى يوقىتىپ، خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش. بۇنداق خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىلىق جۇمھۇرىيەتتۇر. ئۇ ھازىرقى مۇشۇنداق يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېوداللىق ھالەتتىن پەرق قىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىنمۇ پەرق قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمدە كاپىتالىستلارنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ بۇ خەلق دېموكراتى-يىسى تۈزۈمدە بولسا، كاپىتالىستلارنىڭ مەۋجۇت تۇرۇشىغا يول

قويۇش كېرەك. جۇڭگودا كاپىتالىستلارنىڭ بولۇشىغا مەڭگۈ يول قويۇلامدۇ؟ ياق، كەلگۈسىدە چوقۇم يول قويۇلمايدۇ. جۇڭگودىلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن دۇنيادىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەنگلىيىدىمۇ، ئامېرىكىدىمۇ، فرانسىيىدىمۇ، ياپونىيىدىمۇ، گېرمانىيىدىمۇ، ئىتالىيىدىمۇ كەلگۈسىدە كاپىتالىستلارنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، جۇڭگودىمۇ بۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى — سوتسىيالىزم قۇرغان مەملىكەت، كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ، بۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوق. جۇڭگو كەلگۈسىدە چوقۇم تەرەققىي قىلىپ سوتسىيالىزمغا بارىدۇ، بۇنداق قانۇنىيەتنى ھېچكىم بۇزالمايدۇ. لېكىن بىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ۋەزىپىمىز سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇش ئەمەس، بەلكى جاھانگىرلىكنى ۋە فېئودالىزمنى يوقىتىپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ياشلار بۇ يولدا تىرىشىشى لازىم.

ئۈچىنچى، ئۆتمۈشتىكى جۇڭگو ئىنقىلابلىرىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى نىمىلەردىن ئىبارەت؟ بۇ مەسىلىمۇ ياشلارنىڭ چۈشىنىۋېلىشى لازىم بولغان مۇھىم بىر مەسىلە. جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلابى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ پائالىيىتىدىن باشلانغان ئىدى، ھازىر ئۇنىڭغا 50 يىلدىن ئاشتى؛ كاپىتالىستىك چەتئەللەرنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغىنىغا بولسا، 100 يىل بولاي دەپ قالدى. 100 يىلدىن بۇيان جۇڭگودا كۆرەشلەر بولۇپ تۇردى، دەسلەپتە ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئەپيۇن ئۇرۇشى بولدى، كېيىن

تەيپىڭ تيەنگو ئۇرۇشى، جياۋۇ ئۇرۇشى، ۋۇشۇي يىگىلىقلا كوچۇش
ھەرىكىتى، يىخېتۇەن ھەرىكىتى، شىنخەي ئىنقىلاۋى، 4 ـ ماي ھەرە-
كىتى، بېيفا ئۇرۇشى ۋە قىزىل ئارمىيە ئۇرۇشى بولدى، ئۇلارنىڭ
ئەھۋالى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى تاشقى دۈشمەنگە
قارشى تۇرۇش ياكى مەۋجۇت ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بولدى.
ئەمما سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ پائالىيىتىدىن باشلاپ، ئاندىن
بىرقەدەر ئېنىق بولغان بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاپ مەيدانغا
كەلدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ پائالىيىتىدىن باشلانغان ئىنقىلاپ-
نىڭ 50 يىلدىن بۇيان غەلىبە قازانغان يەرلىرى بار، مەغلۇپ
بولغان يەرلىرىمۇ بار. قاراڭلار، شىنخەي ئىنقىلاۋى خاننى قوغلى-
ۋەتتى، بۇ غەلىبە قازانغانلىقى ئەمەسمۇ؟ ئۇنى مەغلۇپ بولدى
دېگىنىمىزدە شۇنى كوزدە تۇتىمىزكى، شىنخەي ئىنقىلاۋى پەقەت
بىرلا خاننى قوغلىۋەتكىنى بىلەن جۇڭگو يەنىلا جاھانگىرلىكنىڭ
ۋە فېودالىزمىنىڭ زۇلمى ئاستىدا قېلىۋەردى، ئىنقىلاپنىڭ جاھان-
گىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلانمىدى.
4 ـ ماي ھەرىكىتى نېمە قىلماقچى ئىدى؟ ئۇمۇ جاھانگىرلىككە ۋە فېو-
دالىزمغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى، لېكىن ئۇمۇ مەغلۇپ
بولدى، جۇڭگو يەنىلا جاھانگىرلىك بىلەن فېودالىزمنىڭ ھوكۇمە-
رانلىقى ئاستىدا قېلىۋەردى. بېيفا ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئىنقىلاپمۇ
شۇنداق بولدى، ئۇ غەلىبە قازاندى، لېكىن يەنە مەغلۇپ بولدى.
گومىنداڭ كوڭچەنداڭغا قارشى تۇرغاندىن[2] تارتىپ، جۇڭگو يەنە
جاھانگىرلىك بىلەن فېودالىزمنىڭ دۇنياسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ
بىلەن 10 يىللىق قىزىل ئارمىيە ئۇرۇشىنى قىلماي بولمىدى. لېكىن
بۇ 10 يىللىق كۈرەشمۇ ئىنقىلاپنىڭ قىسمەن ۋەزىپىسىنىلا ئورۇنلىدى.

ئىنقىلاپنىڭ مەملىكەت بويىچە ۋەزىپىسىنى تېخى ئورۇنلىمىدى.
ئەگەر بىز ئۆتكەن بىرقانچە ئون يىل مابەينىدىكى ئىنقىلاپلارنى يەكۈنلەيدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن پەقەت ۋاقىتلىق ۋە قىسمەن غەلىبىلەرنىڭلا قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى، مەڭگۈلۈك ۋە مەملىكەتلىك غەلىبىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلمىگەنلىكىنى كورىمىز. خۇددى سۇن جوڭشەن ئەپەندى ئېيتقانىدەك: «ئىنقىلاپ تېخى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىدى، يولداشلار يەنە تىرىشىشى لازىم.» ئەمدى شۇنداق بىر سوئال قويۇلۇشى مۇمكىن: جوڭگو ئىنقىلاۋى بىرقانچە ئون يىل داۋام قىلىپ، نېمە ئۈچۈن مازىرغىچە مەقسىدىگە يېتەلمىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار: بىرىنچى، دۈشمەن كۈچىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى؛ ئىككىنچى، ئۆز كۈچىمىزنىڭ ناھايىتى ئاجىز بولغانلىقى. بىرى كۈچلۈك، يەنە بىرى ئاجىز كېلىپ قالدى، شۇڭا، ئىنقىلاپ غەلىبە قازانمىدى. دۈشمەن كۈچىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى دېگىنىمىز جاھانگىرلىك (بۇ ئاساسلىقى) بىلەن فېودالىزمنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقىنى كورسىتىدۇ. ئۆز كۈچىمىزنىڭ ناھايىتى ئاجىز بولغانلىقى دېگىنىمىز ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە ئىپادىلەنگەن ئاجىزلىقىمىزنى كورسىتىدۇ، لېكىن مۇھىمى شۇكى، مەملىكەت بويىچە ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىشچى-دېخان ئەمگەكچىلەر ئاممىسى تېخى سەپەرۋەر قىلىنمىغان ئىدى، شۇڭا ئاجىزلىق ئىپادىلەندى، شۇڭا جاھانگىرلىك ۋە فېودالىزمغا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش مۇمكىن بولمىدى. ئەگەر بىرقانچە ئون يىل مابەينىدىكى ئىنقىلاپلارنى يەكۈنلەيدىغان بولساق، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تولۇق سەپەرۋەر قىلىنمىغانلىقى، شۇنىڭدەك

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇنداق سەپەرۋەرلىككە ھەر دائىم قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى بۇزۇپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، جاھانگىرلىكنى ۋە فېئوداللىزىمنى يوقىتىش پەقەت مەملىكەت بويىچە ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىشچى ـ دىخانلار ئاممىسى سەپەرۋەر قىلىنغان ۋە ئۇيۇشتۇرۇلغاندىلا مۇمكىن بولىدۇ. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىدە: «مەن خەلق ئىنقىلاۋى ئۈچۈن 40 يىل تىرىشتىم، بۇنىڭدىن مەقسەت جۇڭگونىڭ ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكىنى ئىزلەش ئىدى. 40 يىللىق تەجرىبەمدە، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، خەلقنى ئويغىتىپ، دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەندىم» دېگەن ئىدى. بۇ ھورمەتلىك زاتنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 10 نەچچە يىل بولدى، بۇنىڭغا ئۇ ئېيتقان 40 يىل قوشۇلسا، 50 نەچچە يىل بولىدۇ، بۇ 50 نەچچە يىللىق ئىنقىلاپنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، «خەلقنى ئويغىتىش» دېگەن داۋلىدىن ئىبارەت. بۇنى سىلەر ئوبدان تەتقىق قىلىشىڭلار لازىم، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ياشلىرى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىشى لازىم. ياشلار چوقۇم بىلىشى كېرەككى، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىشچى ـ دىخانلار ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلغاندىلا، جاھانگىرلىكنى يەڭگىلى بولىدۇ، فېئوداللىزىمنى يەڭگىلى بولىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى ـ دىخانلار ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلماي تۇرۇپ، ھازىرقى ۋاقىتتا ياپونىيىنى يېڭىش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش مەقسىدىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس.

توتىنچى، ئەمدى يەنە ياشلار ھەرىكىتى ئۈستىدە توختىلىمەن.

بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان ۋە تارىختا 4-ماي ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان زور ۋەقە جۇڭگودا يۈز بەردى، بۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھەرىكەت ئىدى. «4-ماي»دىن بېرى جۇڭگو ياشلىرى قانداق رول ئويناپ كەلدى؟ مەلۇم شيەنفېڭدۈيلۈك رول ئويناپ كەلدى، بۇنى مەملىكەت بويىچە جاھىل ئۇنسۇرلاردىن باشقا ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدۇ. شيەنفېڭدۈيلۈك رول دېگەن نېمە؟ باشلامچىلىق قىلىش، ئىنقىلاۋىي قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مېڭىشتۇر. جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى خەلق قوشۇنىدا جۇڭگونىڭ زىيالىي ياشلىرى بىلەن ئوقۇغۇچى ياشلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر ئارمىيە بار. بۇ ئارمىيە خېلى زور، ۋاپات بولغانلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھازىر ئۇنىڭدا بىرنەچچە مىليون كىشى بار. بۇ بىرنەچچە مىليون كىشىلىك ئارمىيە — جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشتا بىر فاڭمىيەنجۈن، بەلكى مۇھىم بىر فاڭمىيەنجۈن. لېكىن يالغۇز بۇ فاڭمىيەنجۈننىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يالغۇز بۇنىڭ بىلەنلا دۈشمەننى يەڭگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ تېخى ئاساسىي ئارمىيە ئەمەس. ئاساسىي ئارمىيە كىم؟ ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى. جۇڭگونىڭ زىيالىي ياشلىرى ۋە ئوقۇغۇچى ياشلىرى چوقۇم ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئارىسىغا بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك. ئىشچى-دېھقانلاردىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ئارمىيە بولماي تۇرۇپ، يالغۇز زىيالىي ياشلار ۋە ئوقۇغۇچى ياشلاردىن ئىبارەت بۇ ئارمىيىنىڭ بولۇشى بىلەنلا جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن

پۈتۈن مەملىكەتتىكى زىيالىي ياشلار ۋە ئوقۇغۇچى ياشلار چوقۇم كەڭ ئىشچى-دېخانلار ئاممىسى بىلەن بىرلىشىشى، ئۇلار بىلەن بىر جان-بىر تەن بولۇپ كېتىشى لازىم، شۇ چاغدىلا قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولغان بىر ئارمىيە بولۇپ چىقالايدۇ. بۇ بىرنەچچە يۈز مىليون كىشىلىك ئارمىيە-دە! مۇشۇنداق زور ئارمىيە بولغاندىلا، دۈشمەننىڭ مۇستەھكەم جېندىلىرىنى بۆزۈپ تاشلىغىلى بولىدۇ، دۈشمەننىڭ ئاخىرقى قورغىنىنى بۆزۈپ تاشلىغىلى بولىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ياشلار ھەرىكىتىنى مۇشۇ نۇقتەئىي نەزەردىن كۆزەتكەندە بىر خىل خاتا خاھىشنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۆتكەن بىرقانچە ئون يىللىق ياشلار ھەرىكىتى داۋامىدا بىر قىسىم ياشلار ئىشچى-دېخانلار ئاممىسى بىلەن بىرلىشىشنى خالىمىدى، ئىشچى-دېخانلار ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى، بۇ ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئېقىمىدىكى بىر تەتۈر ئېقىم ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئەقىلسىزلىق قىلدى، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىشچى-دېخانلار ئاممىسى بىلەن بىرلەشمىدى، بەلكى ئىشچى-دېخانلارغا تۈپتىن قارشى تۇردى. بۇنداق ئېقىم ياخشىمىدى؟ مېنىڭچە، ياخشى ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىشچى-دېخانلارغا قارشى تۇرغانلىقى ئىنقىلاپقا قارشى تۇرغانلىقى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ياشلار ھەرىكىتىدىكى تەتۈر ئېقىم دەيمەن. بۇنداق ياشلار ھەرىكىتىدە ياخشى ئاقىۋەت يوق. مەن بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر قىسقا ماقالا[3] يازغان ئىدىم، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «بىر زىيالىينىڭ ئىنقىلاپچى ياكى ئىنقىلاپچى ئەمەسلىكىنى ۋە ياكى ئەكسىلئىنقىلاپچى ئىكەنلىكىنى ئايرىيدىغان ئەڭ ئاخىرقى چەك ئۇنىڭ ئىشچى-دېخانلار ئاممىسى بىلەن بىرلىشىشنى خالايدىغان-خالىماي-

دىغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن ئەمەلدە بىرلەشكەن ـ بىرلەشمىگەنلىكىدىن ئىبارەت.» مەن بۇ يەردە بىر ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، بۇنى بىردىن ـ بىر ئۆلچەم دەپ ھېساپلايمەن. بىر ياشنىڭ ئىنقىلاپچى ئىكەنلىكى ياكى ئىنقىلاپچى ئەمەسلىكىنى كۆزىتىشتە نىمىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك؟ ئۇنى نىمە بىلەن ئايرىش كېرەك؟ بۇنىڭ پەقەت بىرلا ئۆلچىمى بار، ئۇ بولسىمۇ شۇ ياشنىڭ كەڭ ئىشچى ـ دىخانلار ئاممىسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقى ۋە ئەمەلدە بىرلەشكەن ـ بىرلەشمىگەنلىكىگە قاراشتىن ئىبارەت. ئىشچى ـ دىخانلار بىلەن بىرلىشىشنى خالىغانلار ۋە ئەمەلدە بىرلەشكەنلەر ئىنقىلاپچى، ئۇنداق قىلمىغانلار ئىنقىلاپچى ئەمەس ياكى ئەكسىل ئىنقىلاپچى. ئۇ بۈگۈن ئىشچى ـ دىخانلار بىلەن بىرلىشىدىكەن، بۈگۈن ئىنقىلاپچى؛ لېكىن ئەتە بىرلەشمەيدىكەن ياكى بىرلىشىشنىڭ ئەكسىچە، لاۋبەيشىڭلارنى ئېزىدىكەن، ئۇ ئىنقىلاپچى ئەمەس ياكى ئەكسىلئىنقىلاپچى بولۇپ قالىدۇ. بەزى ياشلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ سەنمىنجۇيىغا ئىشەنچ قىلىدىغانلىقى ياكى ماركسىزىمغا ئىشەنچ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ ساتىدۇ، بۇنىسى ھېساپقا ئۆتمەيدۇ. قاراڭلار، گىتلېرمۇ «سوتسىيالىزىمغا ئىشەنچ قىلىمەن» دەۋاتامدۇ؟ مۇسسولىنىمۇ 20 يىل ئىلگىرى تېخى بىر «سوتسىيالىست» ئىدىغۇ! ئۇلارنىڭ «سوتسىيالىزىمى» زادى قانداق نىمە؟ نەق فاشىزىمنىڭ ئۆزى! چېن دۇشيۇمۇ ماركسىزىمغا «ئىشەنچ قىلغان» ئەمەسمىدى؟ ئۇ كېيىن نىمە قىلدى؟ ئەكسىلئىنقىلاپ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. جاڭ گوتاۋمۇ ماركسىزىمغا «ئىشەنچ قىلغان» ئەمەسمىدى؟ ئۇ ھازىر نەگە كەتتى؟ ئۇ قاچقان پېتى پاتقاقلىققا پېتىپ كەتتى. بەزىلەر ئۆزىنى «سەنمىنجۇيىنىڭ ئىشەنچىسى» دەپ ئاتىۋالىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار لوپەيزى

سەنمىنجۇيىچى ئىمىش، لېكىن ئۇلار نىمە قىلدى؟ ئەسلىدە ئۇلارنىڭ مىللى مەسلىگى جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ئىكەن؛ ئۇلار-نىڭ خەلق ھوقۇقى مەسلىگى لاۋبەيشىڭلارنى ئېزىش ئىكەن؛ ئۇلار-نىڭ خەلق تۇرمۇشى مەسلىگى بولسا، لاۋبەيشىڭلارنىڭ قېنىنى قانچە كوپ ئىچسە شۇنچە ياخشى دېيىش ئىكەن. ئۇلار تىلى تۇزۇك، دىلى بۇزۇق سەنمىنجۇيىچىلار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشىنى كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ كەڭ ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىغا قارىساقلا، جا سەنمىنجۇيىچى ياكى جىڭ سەنمىنجۇيىچى، جا ماركسىزمچى ياكى جىڭ ماركسىزمچى ئىكەنلىگى تولۇق ئايدىڭ-لىشىدۇ. بۇنى ئايرىشنىڭ پەقەت مۇشۇ بىرلا ئولچىمى بار، ئىككىنچى ئولچىمى يوق. مەن پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ياشلىرىدىن ھېلىقىدەك جاھالەتلىك تەتۈر ئېقىمغا چۈشۈپ قالماسلىقنى ئەسلىرىدە مەھكەم تۇتۇشنى، ئىشچى-دېھقانلار ئۆزىنىڭ دوستى ئىكەنلىگىنى ئېنىق تونۇپ، پارلاق ئىستىقبالغا قاراپ يۈرۈش قىلىشنى ئۈمىت قىلىمەن.

بەشىنچى، ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچى، يەنە كېلىپ، ئەڭ ئۇلۇق، ئەڭ قىزىغان، ئەڭ جانلىق يېڭى باسقۇچى. ياشلار بۇ باسقۇچتا زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. مەملىكىتىمىز جۇڭگونىڭ بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرى نۇرغۇن كۆرەش باسقۇچ-لىرىنى بېسىپ ئۆتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتەك كەڭ كولەملىك بولمىغان. بىز، ھازىرقى جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئۇ مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە يۈرۈلىدۇ، دەپ قارىغىنىمىزدا، جۇڭگودىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالغا باسقانلىقىنى كۆزدە

تۇتىمىز، ياشلارنىڭ ئالغا باسقانلىقى — بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ، غەلىبە قازانماي قويمايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تۈپ-ئاساسىي سىياسىتى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ، ئۇنىڭ مەقسىدى — ياپون جاھانگىرلىكىنى، ۋەتەن خائىنلىرىنى يوقىتىپ، كونا جۇڭگونى يېڭى جۇڭگوغا ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن مىللىتىمىزنى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئورنىدىن ئازات قىلىش. ھازىرقى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ ياشلار ھەرىكىتىدە بىرلىك بولمىغانلىقى زور بىر كەمچىلىك. سىلەر بىرلىكنى داۋاملىق تەلەپ قىلىشىڭلار لازىم، چۈنكى بىرلىك بولغاندىلا، كۈچ بولىدۇ. سىلەر شۇنداق قىلىشقا تىرىشىڭلاركى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ياشلىرى ھازىرقى ۋەزىيەتنى چۈشەنسۇن، ئىتتىپاقلاشسۇن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئاخىرغىچە قارشى تۇرسۇن.

ئاخىرىدا، ئالتىنچى، يەنئەندىكى ياشلار ھەرىكىتى ئۈستىدە توختىلىمەن. يەنئەندىكى ياشلار ھەرىكىتى — پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ نەمۇنىسى. يەنئەندىكى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يونۇلۇشى — پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يونۇلۇشى. نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يەنئەندىكى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يونۇلۇشى توغرى. قاراڭلار، بىرلىك جەھەتتە، يەنئەن ياشلىرى بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەلكى ناھايىتى ئوبدان ئەمەلگە ئاشۇردى. يەنئەن ياشلىرى ئىتتىپاقلاشقان ۋە بىرلىككە كەلگەن. يەنئەندىكى زىيالىي ياشلار، ئوقۇغۇچى ياشلار، ئىشچى ياشلار، دېھقان ياشلار — ھەممىسى ئىتتىپاق. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى

جايلىرىدىن، ھەتتا چەتئەللەردىكى خۇاچياۋلار ئىچىدىن كۆپلىگەن
ئىنقىلاۋىي ياشلار يەنئەنگە كېلىپ بىلىم ئېلىۋاتىدۇ. بۈگۈن مۇشۇ
يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى مىڭ-تۈمەن لى يىراقلىق-
تىكى جايلاردىن كەلگەن، پالانى بولسۇن-پۇستانى بولسۇن، ئەر
بولسۇن-ئايال بولسۇن، ئىشچى بولسۇن-دىخان بولسۇن، ھەممەي-
لەنىڭ نىيىتى بىر. بۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نەمۇنە ھېساپلان-
مامدۇ؟ يەنئەن ياشلىرى ئۆزلىرىلا ئىتتىپاق بولۇپ قالماي، بەلكى
ئىشچى-دىخانلار ئاممىسى بىلەنمۇ بىرلەشتى، بۇ تەرىپى — پۈتۈن
مەملىكەت بويىچە تېخىمۇ نەمۇنە. يەنئەن ياشلىرى نېمە ئىشلارنى
قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار ئىنقىلاپ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ داۋلى ۋە
ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى
ئېلىپ بېرىپ، مىڭ مولاپ، تۈمەن مولاپ بوز يەر ئېچىۋاتىدۇ. بوز
يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى كۇڭ فۇزىمۇ قىلىپ باقمىغان ئىدى.
كۇڭ فۇزى مەكتەپ ئاچقان چاغدا، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئاز
ئەمەس ئىدى، «تالىپلىرى ئۈچ مىڭ، دانىشمەن چىققانلىرى يەتمىش»
بولۇپ، تازا ئەۋج ئالغان دىيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوقۇغۇچى-
لىرى يەنئەندىكىلەرگە قارىغاندا كۆپ ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى دىگەننى ياقتۇرمايتتى. كۇڭ فۇزىنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭدىن تېرىلغۇنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ
بېرىشنى ئىلتىجا قىلغاندا، ئۇ: «بىلمەيمەن، دىخانلارغا يەتمەيمەن»
دەپتىكەن. ئۇنىڭدىن كۆكتاتنىڭ قانداق تېرىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا،
ئۇ يەنە: «بىلمەيمەن، كۆكتات تېرىغۇچىلارغا يەتمەيمەن» دەپتىكەن.
جۇڭگونىڭ قەدىمقي دەۋرىدە ئەۋلىيالاردا ئوقۇغان ياشلار ئىنقىلاپ

نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئەمگەك بىلەنمۇ شۇغۇللانمايتتى. ھازىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئىنقىلاب نەزەرىيىسى كۆپ سۆزلەنمەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىمۇ ئېلىپ بېرىلمايدۇ. پەقەت بىزنىڭ يەنئەندىكى ياشلىرىمىز ۋە دۈشمەن ئارقا سەپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەردىكى ياشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى تامامەن باشقىچە، ئۇلار، ھەقىقەتەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ شىيەنفېڭى، چۈنكى ئۇلارنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى توغرى، ئىش ئۇسۇلىمۇ توغرى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن، يەنئەندىكى ياشلار ھەرىكىتى—پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ نەمۇنىسى، دەيمەن.

بۈگۈنكى يىغىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولدى. مەن سۆزلىمەكچى بولغانلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتتۈم. كۆپچىلىكنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشى جايلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خاتالىرىنى تاشلىۋېتىشىنى، پۈتۈن مەملىكەت ياشلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىنى، ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە بۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پۈتۈن مەملىكەت ياشلىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قوزغالغان، ئۇيۇشقان ۋە ئىتتىپاقلاشقان كۈن ياپون جاھانگىرلىكى يوقىتىلغان كۈن بولىدۇ. ھەر بىر ياش بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ھازىر ھەر بىر ياش ئىلگىرىكىدىن باشقىچە بولۇشى كېرەك، چوقۇم بەلنى مەھكەم باغلاپ، پۈتۈن مەملىكەت ياشلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرۇشى، ياپون جاھانگىرلىكىنى چوقۇم يوقىتىشى، كونا جۇڭگونى چوقۇم يېڭى جۇڭگو قىلىپ ئۆزگەرتىشى لازىم. مېنىڭ سىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم ئەنە شۇلار.

# ئىزاھلار

① 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈننى جۇڭگو ياشلار بايرىمى قىلىشنى ئەسلىدە شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايوندىكى ياشلار تەشكىلاتى بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ چاغدا گومىنداڭمۇ كەڭ ياشلار ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك دولقۇنىنىڭ بېسىمى ئاستىدا بۇ بەلگىلىمىگە قوشۇلغان ئىدى. كېيىن گومىنداڭ ياشلارنىڭ ئىنقىلاۋىيلىشىپ كېتىشىدىن تەشۋىش قىلىپ، بۇ بەلگىلىمىنى ناھايىتى خەۋپلىك دەپ بىلىپ، بولەكتىن 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى (1911 ـ يىل گۇاڭجۇنىڭ خۇاڭخۇاگاڭ دىگەن يېرىدە قۇربان بولغان ئىنقىلاپ قۇربانلىرى خاتىرە كۈنى)نى ياشلار بايرىمى قىلىپ بەلگىلىدى. ئەمما گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدە ـ لەردە بولسا، 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يەنىلا ياشلار بايرىمى بولۇپ قېلىۋەردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا مەركىزىي خەلق ھوكۇمىتى جېڭۋۇيۇەنى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈننى جۇڭگو ياشلار بايرىمى قىلىپ رەسمى جاكالىدى.

② بۇ 1927 ـ يىلى جياڭ جېيشىنىڭ شاڭخەي، نەنجىڭلاردا ۋە ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋۇخەندە قوزغىغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي جېڭبيەننى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇ «4 ـ ماي ھەرىكىتى» دىگەن ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ.

# تەسلىمچىلىك ھەرىكىتىگە قارشى تۇرايلى

**(1939 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)**

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا دۇچ كەلگەن جۇڭخۇا مىللىتى ئالدىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئەڭ بىرىنچى زور مەسىلە — ئۇرۇش قىلىش ياكى ئۇرۇش قىلماسلىق مەسىلىسى. «18 - سېنتەبىر»دىن لۇگۇچياۋ ۋەقەسىگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى قاتتىق تالاش - تارتىشلار بولدى. «ئۇرۇش قىلساق، مەۋجۇت تۇرىمىز، ئۇرۇش قىلمىساق، مۇنقەرىز بولىمىز» — بۇ بارلىق ۋەتەنپەرۋەر پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلارنىڭ خۇلاسىسى؛ «ئۇرۇش قىلساق، مۇنقەرىز بولىمىز، ئۇرۇش قىلمىساق، مەۋجۇت تۇرىمىز» — بۇ بارلىق تەسلىمچىلەرنىڭ خۇلاسىسى. لۇگۇچياۋدا باشلانغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بۇ تالاش - تارتىشنى ۋاقىتىنچە ھەل قىلدى. ئۇ: بىرىنچى خۇلاسە توغرى، ئىككىنچى خۇلاسە خاتا، دەپ جاكالىدى.

لېكىن لۇگوچياۋدىكى زەمبىرەك ئاۋازى نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلالماي، پەقەت ۋاقىتىنچە ھەل قىلدى؟ بۇنىڭغا ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش سىياسىتى، خەلقارا تەسلىمچىلەرنىڭ① مۇرەسسەچىلىك قەستى ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سېپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئارىسالدىلىقى سەۋەپ بولدى. ھازىرقى ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ مەسىلىنى سۆزلىرىنى ئانچە-مۇنچە ئۆزگەرتىپ، «سۈلھى ياكى ئۇرۇش مەسىلىسى» قىلىپ، يەنە ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر بىلەن سۈلھى قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش باشلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرى ئاۋالقىدەك قېلىۋەردى: «ئۇرۇش قىلساق، مەۋجۇت تۇرىمىز، سۈلھى قىلساق، مۇنقەرىز بولىمىز»—— بۇ ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەرنىڭ خۇلاسىسى؛ «سۈلھى قىلساق، مەۋجۇت تۇرىمىز، ئۇرۇش قىلساق، مۇنقەرىز بولىمىز»——بۇ سۈلھى قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەرنىڭ خۇلاسىسى. لېكىن، ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر بارلىق ۋەتەنپەرۋەر پارتىيە-گۇرۇھلارنى، بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلارنى، پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ زور كۆپچىلىگىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ سۈلھى قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر، يەنى تەسلىم-چىلەر بولسا، كىشى سانى بويىچە ئېيتقاندا، پەقەت ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى سەپتىكى بىر قىسىم ئارىسالدا ئۇنسۇرلاردىنلا ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۈلھى قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر ئۆزلىرى-نىڭ ئالدامچىلىق تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىدى، ھالبۇكى، بۇنىڭ بىرىنچىسى، گوگۇچەنداگىغا قارشى تۇرۇش بول-دى. شۇنىڭ بىلەن «گوگۇچەندا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ»،

«8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيە ئۇرۇش قىلماي ئايلىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ، قوماندانلىققا قۇلاق سالمايۋاتىدۇ»، «شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى گېجۇي بولۇۋالدى، چەتكە قاراپ كېڭىيىۋاتىدۇ»، «گۇڭچەنداڭ ھوكۇمەتنى ئاغدۇرۇشنى قەستلەۋاتىدۇ»، ھەتتا «سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشنى قەستلەۋاتىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش يالغان خەۋەرلەر، يالغان دوكلاتلار، يالغان ھوججەتلەر ۋە يالغان قارارلارنى ساماندەك كوپلەپ ياساپ چىقىپ، بۇنىڭ بىلەن فاكتنىڭ ھەقىقەتىنى يوشۇرۇپ، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ سۈلھ قىلىش، يەنى تەسلىم بولۇش مەقسىدىگە يېتىشكە ئۇرۇندى. سۈلھ قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر، يەنى تەسلىمچىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇكى، گۇڭچەنداڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرغۇچىسى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرمىغاندا، گومىنداڭ - گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى بۇزۇش مۇمكىن ئەمەس، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى بولۇش مۇمكىن ئەمەس، تەسلىم بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىسى، ئۇز ئۈمىدىنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ يول قويۇشىغا باغلاش بولدى. ئۇلار، ياپونىيە بولالماي قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۈپ ئاساسىي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىدۇ، خۇاجۇڭ، خۇانەن، ھەتتا خۇابېيدىن ئۆزلىگىدىن چىقىپ كېتىدۇ، جۇڭگو ئەمدى ئۇرۇش قىلمايمۇ غەلىبە قازىنىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئۈچىنچىسى، ئۆز ئۈمىدىنى خەلقئارا بېسىمغا باغلاش بولدى. نۇرغۇن سۈلھ قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچى ئۇنسۇرلار سۈلھ قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ياپونىيىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ياپونىيىنى يول قويۇشقا مەجبۇر قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ قالماستىن،

بەلكى ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋەتلىگۈچىلەرگە: «قاراڭلار، خەلقارا ھاۋا ئەنە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، پەقەت سۇلھ قىلىشلا قالدى!» «تېچ ئۇكيان خەلقارا يىغىنى② جۇڭگوغا پايدىلىق، بۇ ھېچبىر مىيۇنخېن③ ئەمەس، بۇ ــ جۇڭگونى گۇللەندۇرۇش يولىدا تاشلانغان قەدەم!» دېيىش ئۈچۈن، ھەرقايسى دولەتلەرنىڭ جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ يەلكە- سىدىن بېسىشىنىمۇ ئۈمىت قىلىدى. جۇڭگودىكى سۇلھ قىلىشنى قۇۋەتلىگۈچىلەر، يەنى تەسلىمچىلەرنىڭ بىر پۈتۈن نۇقتەئى نەزىرى، بىر پۈتۈن ئۇسۇلى ۋە بىر پۈتۈن سۇئىقەستى④ ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت. بۇ ئىشلەرنى يالغۇز ۋاڭ جىڭۋېيلا ئويناپ چىقىش بىلەن قالمىدى، تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان يەنە نۇرغۇنلىغان جاڭ جىڭۋېي، لى جىڭۋېي- لارمۇ ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن ئىچى- تېشىدىن ماسلاشقان ھالدا ئويناپ چىقماقتا، بەزىلىرى شۇاڭخۇاڭ ئويۇنىنى⑤ ئويىنىماقتا، بەزىلىرى يۈزىگە قىزىل، بەزىلىرى ئاق گىرىم قىلىپ⑥ سەھنىگە چىقماقتا.

بىز كوممۇنىستلار مۇنۇلارنى ئوچۇق جاكالايمىز: بىز باشتىن- ئاخىر ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋەتلىگۈچىلەر تەرەپتە تۇرىمىز، بىز سۇلھ قىلىشنى قۇۋەتلىگۈچىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بىز پەقەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر پارتىيە- گۇرۇھلار ھەم ۋەتەنپەر- ۋەر قېرىنداشلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىشنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەشنى، گومىن- داڭ- گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەشنى، سەنمىنجۇيىنى يولغا قويۇشنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇشنى، يالۇجياڭ دەرياسىغىچە ئۇرۇش قىلىپ بېرىپ، بارلىق قولدىن كەتكەن يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشنىلا⑦ خالايمىز،

باشقىنى بىلمەيمىز. بىز ئاشكارا ۋاڭ جىڭۋېي ۋە يوشۇرۇن ۋاڭ
جىڭۋېيچىلارنىڭ گوڭچەنداڭغا قارشى ھاۋا پەيدا قىلىش، گومىنداڭ
بىلەن گوڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش⑧ پەيدا قىلىش، ھەتتا
گومىنداڭ بىلەن گوڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم ئىچكى
ئۇرۇش قوزغاشقا ئۇرۇنۇش سۇيىقەستىنى قەتئىي ئەيىپلەيمىز. بىز
ئۇلارغا مۇنداق دەيمىز: سىلەرنىڭ بۇنداق بولغۇنچىلىك سۇيىقەسـ
تىڭلارنىڭ ماھىيىتى تەسلىم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇڭلارنىڭ
تەييارلىق قەدىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، سىلەرنىڭ تەسلىمچىلىك
سىياسىتىڭلار ۋە بولغۇنچىلىك سىياسىتىڭلار بولسا، مىللىي مەنپەـ
ئەتنى ساتىدىغان، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى
كوزلەيدىغان بىر پۈتۈن پىلانىڭلارنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە
ئەمەس؛ خەلقنىڭ كوزى بار، خەلق سىلەرنىڭ سۇيىقەستىڭلارنى
ئېچىپ تاشلايدۇ. بىز، تىچ ئوكيان يىغىنى شەرق ميۇنخىنى ئەمەس،
دىگەن بىمەنە سوزلەرنى قەتئىي ئەيىپلەيمىز. تىچ ئوكيان يىغىنى
دىگەن نىمە شەرق ميۇنخىندۇر، جۇڭگونى چېخوسلوۋاكىيىگە
ئايلاندۇرۇشقا تەييارلىنىشتۇر. بىز، ياپون جاھانگىرلىگى ئىسنى
تېپىۋېلىشى ۋە يول قويۇشى مۇمكىن، دەپ ھىساپلايدىغان سەپسەـ
تىلەرنى قەتئىي ئەيىپلەيمىز. ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگونى
مۇنقەرىز قىلىشتىن ئىبارەت توپ فاڭجىنى ھەرگىز ئوزگەرمەيدۇ.
ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ۋۇخەنىي بىسىۋالغاندىن كىيىن تارقاتقان
شىرىن سوزلىرى، مەسىلەن، ئوزىنىڭ «گومىنجىڭفۇنى تەنپەنىنىڭ
قارشى تەرىپى قىلماسلىق» دىگەن فاڭجىندىن ۋازكېچىپ⑨، گومىنـ
جىڭفۇنى تەنپەنىنىڭ قارشى تەرىپى دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى،
مەسىلەن، خۇاجۇڭ ۋە خۇانەندىن ئەسكەرلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ

كېتىشىنىڭ شەرتلىرى دېگەن نىمىلىرى بىلىقىنى ئالداپ قارماققا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئاندىن كاۋاپ قىلىشنى مەقسەت قىلغان سۈيىقەستلىك سىياسىتى، كىمىكى قارماققا ئىلىنىشنى خالايدىكەن، ئۇ كاۋاپ بولۇشقا تەييار تۇرسۇن. خەلقارا تەسلىمچىلەرنىڭ جۇڭگونى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشمۇ، ئوخشاشلا، ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىك سىياسىتى. ئۇلار ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىغا يول قويۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرى بولسا، «تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يولۋاس تالىشىنى تاماشا قىلىپ» تۇرۇپ، پۇرسەت يېتىپ كەلگەن ھامان تېچ ئوكيان كېلىشتۈرۈش يىغىنى دېگەن نىمىنى تەييارلاپ، ئىككى ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنداق سۈيىقەستچىلەرگە ئۈمىت باغلىنىدىكەن، بۇمۇ، ئوخشاشلا، راسا قىلتاققا چۈشۈش بولىدۇ.

ئۇرۇش قىلىش ياكى ئۇرۇش قىلماسلىق مەسىلىسى بۈگۈنكى كۈندە ئۇرۇش قىلىش ياكى سۈلھە قىلىش مەسىلىسىگە ئۆزگەردى، لېكىن خاراكتېرى يەنىلا ئوخشاش، بۇ — ھەممە مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى چوڭ مەسىلە، ئەڭ تۈپ مەسىلە. يېرىم يىلدىن بۇيان ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش سىياسىتىنىڭ جىددى ئىجرا قىلىنىشى، خەلقارا تەسلىمچىلەرنىڭ پائال ھەرىكەتلىنىشى، ئاساسەن جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سېپىدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ ئارسالدا بولۇشى ئارقىسىدا، سۈلھە ياكى ئۇرۇش مەسىلىسى دېگەن نەرسە ئۈستىدە ئالا-تۇۋا كوتۇرۇلۇپ، تەسلىم بولۇش ئېھتىمالى ھازىرقى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ ئاساسى خەۋپ بولۇپ قالدى؛ گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش، يەنى گومىنداڭ-گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىتتىپاقلىققا بۆلگۈنچىلىك سېلىش بولسا، ئەنە شۇ

تەسلىمچىلەرنىڭ تەسلىم بولۇشقا ھازىرلىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم قەدىمى بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ۋەتەن-پەرۋەر پارتىيە-گۇرۇھلار، بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلار كوزىنى يوغان ئېچىپ، ئەنە شۇ تەسلىمچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ بېرىشى لازىم، ھازىرقى ۋەزىيەتتە تەسلىم بولۇشنىڭ ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكى ۋە كۆكچەنداگغا قارشى تۇرۇشنىڭ تەسلىم بولۇشقا ھازىرلىنىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي خۇسۇس-يەتنى چۈشىنىپ، تەسلىمچىلىككە ۋە بولگۈنچىلىككە بارلىق تىرىش-چانلىقلار بىلەن قارشى تۇرۇشى لازىم. پۈتۈن مىللەتنىڭ كۈش ۋە قېنى بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغىنىغا ئىككى يىل بولغان ئۇرۇشتا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئارسالدا بولۇشى ۋە ساتقىنلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. پۈتۈن مىللەتنىڭ تىرى-شىشى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇزۇشىغا ۋە بولۇپ تاشلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى داۋام قىلدۇرۇش،
— جۇڭگو چوقۇم مەۋجۇت تۇرۇش دېمەكتۇر.

سۇلھە قىلىشنى داۋام قىلدۇرۇش، بولۇنۇشنى داۋام قىلدۇرۇش،
— جۇڭگو چوقۇم مۇنقەرىز بولۇش دېمەكتۇر.

قايسىنى قوبۇل قىلىپ، قايسىنى رەت قىلىش كېرەك؟ ۋەتەن-داشلار تېزلىكتە تاللىۋېلىشى لازىم.

بىز كوممۇنىستلار چوقۇم ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرىمىز، ئىتتىپاقلىقنى داۋام قىلدۇرىمىز.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر پارتىيە-گۇرۇھلار،

بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلارمۇ چوقۇم ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرىدۇ، ئىتتىپاقلىقنى داۋام قىلدۇرىدۇ.

تەسلىمچىلەرنىڭ تەسلىمچىلىك سۇيىقەستى ۋە بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستى بىرمەھەل دەۋر سۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاخىر خەلق تەرىپىدىن پاش قىلىنىدۇ ۋە جازاغا تارتىلىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، تەسلىمچىلەر بۇنىڭ تەتۈرسىگە ماڭماقچى، مەيلى ئۇلار قانچىلىك دەۋر سۈرسۇن، دۇنيادا «ھېچكىم ماڭا خەۋپ يەتكۈزەلمەيدۇ» دەپ قانچىلىك كېرىلىپ خۇشال بولۇشسۇن، لېكىن ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئاخىر چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جازاسىغا تارتىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

تەسلىمچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ، بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلارنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىسى ئەنە شۇ.

پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ۋە ئىتتىپاقلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، تەسلىمچىلىك سۇيىقەستى ۋە بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىنى باستۇرۇۋېتەيلى!

## ئىزاھلار

① خەلقارا تەسلىمچىلەر شۇ چاغدا ياپونىيە بىلەن كېلىشىش، جۇڭگونى قۇربان قىلىشنى قەستلىگەن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

② بۇ شۇ چاغدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيە جاھانگىرلىرى

بىلەن جۇڭگودىكى سۇلھ قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەرنىڭ «تىنچ ئوكيان خەلقارا يىغىنى» ئارقىلىق ياپون قاراقچىلىرى بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، جۇڭگونى سېتىۋېتىشنى قەستلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدا جامائەتچىلىك بۇنى يىراق شەرق ميۇنخېنى سۇيىقەستى دەپ ئاتىغان ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ ئەسەردە ئەيىپلىگەن تىنچ ئوكيان يىغىنى شەرق ميۇنخېنى ئەمەس دەپ ھېساپلايدىغان بىمەنە سۆزلەر جياڭ جيېشىنىڭ شۇ چاغدىكى سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

③ 1938-يىل 9-ئايدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن دېگەن يېرىدە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ميۇنخېن كېلىشىمىنى تۈزدى، بۇ كېلىشىمدە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى شەرتى بىلەن چېخوسلوۋاكىيىنى گېرمانىيىگە ساتقان ئىدى. 1938 ۋە 1939-يىللىرى ئەنگلىيە-ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جۇڭگونى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن مۇرەسسەلىشىش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم ئورۇنۇپ كۆردى. 1939-يىل 6-ئايدا، يەنى يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇشۇ ئەسەرنى يازغان چاغدا، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە يەنە تەنپەن ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇنداق سۇيىقەستنى يېڭىۋاشتىن تەييارلىماقچى ئىدى. بۇ سۇيىقەست ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ ميۇنخېندىكى سۇيىقەستىگە ئوخشايتتى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «شەرق ميۇنخېنى» دەپ ئاتىغان ئىدى.

④ يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە ئېيتقان «جۇڭگودىكى سۇلھ قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر، يەنى تەسلىمچىلەرنىڭ بىر پۈتۈن نۇقتىئى نەزىرى، بىر پۈتۈن ئۇسۇلى ۋە بىر پۈتۈن سۇيىقەستى» جياڭ جيېشىنىڭ نۇقتىئى نەزىرى، ئۇسۇلى ۋە سۇيىقەستىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدا ۋاڭ جىڭۋېي ئاشكارا تەسلىمچىلەرنىڭ ئاساسىي باشلىقى ئىدى، جياڭ جيېشى بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان تەسلىمچىلەرنىڭ ئاساسىي باشلىقى، يەنى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقان «يوشۇرۇن

ۋاڭ جىڭۋېي» ياكى «جاڭ جىڭۋېي، لى جىڭۋېي» ئىدى.

⑤ يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەتلەردە شۇئاڭخۇاڭ ئويۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭكىگە ئوخشاش مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئىشارە قىلىدۇ.

⑥ شۇ چاغدا جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئىچىدىكى سۈلھە قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر ئىككى يۈزلىمىلىك ھەرىكەتلەرنى قىلدى، بىر تەرەپتىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرخىل شەكىللەر بىلەن تەسلىمچىلىك ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئېلىپ باردى، بۇ جۇڭگونىڭ كىلاسسىك تىياتىرلىرىدا ئارتىستلارنىڭ بەزىلىرى يۈزىگە قىزىل گىرىم قىلىپ، بەزىلىرى ئاق گىرىم قىلىپ چىققىنىغا ئوخشايتتى.

⑦ 1939 ـ يىل 1 ـ ئايدا جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ 5 ـ ئومۇمىيىغىنىدا ئۆزىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇش دېگىنىدىكى «ئاخىرغىچە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «لۇگۇچياۋ ۋەقەسىدىن ئىلگىرىكى ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ئىكەنلىكىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئېيتقان ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇشنىڭ تەبىرى «يالۇجياڭ دەرياسىغىچە ئۇرۇش قىلىپ بېرىپ، بارلىق قولدىن كەتكەن يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش» ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ تەسلىمچىلىك سىياسىتىگە قارشى تۇردى.

⑥ «سۈركىلىش» شۇ چاغدا تارقالغان سۆز بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى بۇزۇش، كوممۇنىستلارغا ۋە تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑨ 1937 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ياپونىيە ئارمىيىسى نەنجىڭنى بېسىۋالدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى 1938 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

خىتابنامە ئېلان قىلىپ، «بۇنىڭدىن كېيىن گومىنجېڭفۇنى تەنپەنىڭ قارشى تەرىپى قىلمايمىز، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن ئىدى. شۇ يىل 10 - ئايدا ياپونىيە ئارمىيىسى گۇاڭجۇ بىلەن ۋۇخەننى بېسىۋالدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئارسالدىلىقىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش فاڭجېنىنى قوللاندى، شۇنىڭ بىلەن 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە خىتابنامە ئېلان قىلدى، بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «گومىنجېڭفۇغا كەلسەك، مۇبادا ئۇزىنىڭ قوللىنىپ كەلگەن خاتا سىياسىتىدىن ۋازكېچىپ، يېڭىلىق بەرپا قىلىش ۋە تەرتىپ ساقلاش ئىشلىرىغا باشقا ئادەملەرنى قويسا، دېگويىمىز ئۇنى رەت قىلمايدۇ.»

# ئەكسىيەتچىلەرنى جازالاش كېرەك*

**(1939 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)**

بۈگۈن — 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بىز بۇ يەردە تەزىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. نېمە ئۈچۈن مۇنداق تەزىيە يىغىنى ئۆتكۈزىمىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەكسىيەتچىلەر ئىنقىلاۋىي يولداشلارنى ئۆلتۈردى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭچىلەرنى ئۆلتۈردى. ھازىرقى ۋاقىتتا قانداق كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىدى؟ ۋەتەن خائىنلىرىنى، ياپون جاھانگىرلىرىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىدى. لېكىن، جۇڭگو بىلەن ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ، تېخى يېڭىش - يېڭىلىش بىرتەرەپ بولمىدى. ۋەتەن خائىنلىرى ھېلىمۇ ناھايىتى قۇتراپ يۈرىدۇ، ئۇلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلىرىمۇ ناھايىتى ئاز. ئىنقىلاۋىي يولداشلار، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭچىلەر بولسا ئۆلتۈرۈلدى. قانداق ئادەم ئۆلتۈردى؟ ھەربىلەر ئۆلتۈردى. ھەربىلەر نېمە ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭچىلەرنى ئۆلتۈردى؟ ھەربىلەر بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى، بىراۋ ھەربىلەرگە ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈزدى. ھەربىلەرگە

ئۇلارنى قانداق ئادەم ئۆلتۈرگۈزدى؟ ئەكسىيەتچىلەر ئۆلتۈرگۈزدى[1]. يولداشلار! داۋلى بويىچە ئېيتقاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭچىلەرنى قانداق ئادەملەر ئۆلتۈرىدۇ؟ بىرىنچىدىن، ئۇلارنى ياپون جاھانگىرلىرى ئۆلتۈرىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئۇلارنى ۋاڭ جىڭۋېي قاتارلىق ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار ئۆلتۈرىدۇ. ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى شاڭخەيدە، بېيپىڭدا، تيەنجىندە، نەنجىڭدا ئەمەس، ياپون قاراقچىلىرى ھەم ۋەتەن خائىنلىرى بېسىۋالغان جايلاردا ئەمەس، بەلكى پىڭجياڭ دېگەن يەردە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىدە يۈز بەردى، ئۆلتۈرۈلگەنلەر — يېڭى 4-ئارمىيە پىڭجياڭ تۇڭشۇنچۇسىدىكى مەسئۇل يولداشلاردىن تۇ جېڭكۇن، لو زىمىڭ ۋە باشقىلار. ناھايىتى روشەنكى، بۇلارنى جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆلتۈرگەن. بۇ ئەكسىيەتچىلەر تەسلىم بولۇشقا ھازىرلىنىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلار ياپونلار بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇيرۇقىنى پەرمانبەردارلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئالدى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئەڭ قەتئىي قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. بۇ ئانچىكى بىر ئىش ئەمەس، بىز بۇنىڭغا چوقۇم قارشى تۇرىمىز، بىز بۇنىڭغا چوقۇم ئېتىراز بىلدۈرىمىز!

ھازىر پۈتۈن مەملىكەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەن خەلقىنىڭ پىڭجياڭ پاجىئەسىدە قۇربان بولغان قەھرىمانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق.

نىشانىسى ئاستىدا بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەكسىيەتچىلەر ۋە تەسلىمچىلەردۇر. ئۇلار نىمە قىلىۋاتىدۇ؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى بوغۇۋاتىدۇ، ياپون قاراقچىلىرى ھەم ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋاتىدۇ، تەسلىم بولۇشقا ھازىرلىنىۋاتىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يولداشلارنى ئۆلتۈرۈشتەك مۇشۇنداق زور ۋەقەنى كىم سۈرۈشتۈرۈپ كوردى؟ 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كىيىن سائەت 3 تە يۈز بەرگەن بۇ قاتىللىقنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ـــ 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە بىرەر كىشىنىڭ سۈرۈشتۈرگەنلىكىنى كوردۇقمۇ؟ ياق. بۇ ۋەقەنى كىم سۈرۈشتۈرۈشى لازىم ئىدى؟ جۇڭگونىڭ قانۇنى سۈرۈشتۈرۈشى لازىم ئىدى، فاگۇەنى سۈرۈشتۈرۈشى لازىم ئىدى. ئەگەر شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونىدا مۇنداق ئىش توغۇلسا، بىزنىڭ يۇقۇرى فايۈەنىمىز ئاللىقاچان سۈرۈشتۈرگەن بولاتتى. ئەمما، پىڭجياڭ پاجەسىگە 2 ئاي بولۇپ قالدى، قانۇن ۋە فاگۇەن سۈرۈشتۈرگىنى يوق. بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى ـــ جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلمىگەنلىكى②.

جۇڭگو بىرلىككە كېلىشى كېرەك، بىرلىككە كەلمىسە، غەلىبە قازىنالمايدۇ. لېكىن بىرلىككە كېلىش دىگەن نىمە؟ بىرلىككە كېلىش ھەممەيلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ھەممەيلەن ئىتتىپاقلىشىش، ھەممەيلەن ئالغا بېسىش ۋە مۇكاپاتىمۇ، جازامۇ بولۇش دىمەكتۇر. قانداق كىشىلەرنى مۇكاپاتلاش كېرەك؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى مۇكاپاتلاش كېرەك،

ئىتتىپاقلاشقان كىشلەرنى مۇكاپاتلاش كېرەك، ئالغا باسقان كىشى-
لەرنى مۇكاپاتلاش كېرەك. قانداق كىشلەرنى جازالاش كېرەك؟
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا، ئىتتىپاقلىشىشقا ۋە ئالغا
بېسىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان ۋەتەن خائىنلىرىنى ۋە ئەكسىيەتـ-
چىلەرنى جازالاش كېرەك. هازىر بىرلىككە كېلىندىمۇ؟ ياق. پىكىجياڭ
ۋاقىسى — بۇنىڭ دەلىلى. بۇ ئىشتىن بىرلىككە كېلىشكە تېگىشلىك
ئىشلاردا بىرلىككە كېلىنمىگەنلىگىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ. بىز پۈتۈن
مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئاللىقاچان تەلەپ قىلغان ئىدۇق.
بۇ، بىرىنچىدىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى
ئاساس قىلغان بىرلىككە كېلىش ئىدى. هازىر تۇجېڭكۇن، لو زىمىڭ
قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يولداشلار مۇكاپاتلىنىش
بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە پاجىەلىك رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلدى؛ هېلىقى
ئەبلەخلەر بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇ-
ۋاتىدۇ، تەسلىم بولۇشقا هازىرلىنىۋاتىدۇ ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ،
شۇنداق بولسىمۇ جازاغا تارتىلغىنى يوق. بۇ — بىرلىككە كەلمىگەن-
لىك. بىز بۇ ئەبلەخلەرگە قارشى تۇرۇشىمىز، بۇ تەسلىمچىلەرگە
قارشى تۇرۇشىمىز، بۇ قاتىللارنى تۇتۇشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن،
ئىتتىپاقلىشىشنى ئاساس قىلغان بىرلىككە كېلىش ئىدى. ئىتتىپاقلىقنى
ياقلىغۇچىلار مۇكاپاتلىنىشى كېرەك، ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇچىلار جازا-
لىنىشى كېرەك. لېكىن هازىر ئىتتىپاقلىقنى ياقلىغۇچى تۇجېڭكۇن،
لو زىمىڭ قاتارلىق يولداشلار، ئەكسىچە، جازاغا تارتىلىپ، پاجىە-
لىك رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلدى؛ ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇچى هېلىقى بۇزۇقلار
بولسا، هېچبىر جازاغا تارتىلغىنى يوق. بۇ — بىرلىككە كەلمىگەنلىك.
ئۈچىنچىدىن، ئالغا بېسىشنى ئاساس قىلغان بىرلىككە كېلىش ئىدى.

پۈتۈن مەملىكەت ئالغا بېسىشى، ئارقىدا قالغانلار ئالغا باسقانلارغا تەڭلىشىشى كېرەك، ئالغا باسقانلارنى ئارقىغا تارتىپ، ئارقىدا قالغانلارغا تەڭلەشتۈرۈشكە ئەسلا بولمايدۇ. پىڭجياڭ پاجەسىنىڭ جاللاتلىرى ئالغا باسقان كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ھەم ۋەتەنپەرۋەرلەر بىرقانچە ئون، بىرقانچە يۈزگە يەتتى، پىڭجياڭ پاجەسى پەقەت يېقىنقىلا بىر ۋەقە. مۇشۇنداق بولىۋەرسە، جۇڭگونىڭ ئەھۋالى خاراپ بولىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلار تامامەن قىرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى نىمىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىپ، تەسلىم بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئالدى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىلەرنى قىرىۋاتقانلىقىنى، ئالدى بىلەن گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنى قىرىۋاتقانلىقىنى، ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلەرنى قىرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئىشلار چەكلەنمىسە، جۇڭگو ئەنە شۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قولىدا مۇنقەرىز بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىش — پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىشى، ناھايىتى زور ئىش، بىز گومىنجېڭفۇدىن بۇ ئەكسىيەتچىلەرنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم.

يولداشلار شۇنىمۇ بىلىشى لازىمكى، يېقىندىن بېرى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى، خەلقارا جاھانگىرلىكنىڭ ياپونىيەگە ياردەم بېرىشىمۇ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى[3]، جۇڭگونىڭ ئىچىدىكى ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ،

ئاشكارا ۋاڭ جىڭۋېي ۋە يوشۇرۇن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق سىلىشى، ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق سىلىشى ۋە ئارقىغا چېكىنىشمۇ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇلار جۇڭگونىڭ كوپ قىسمىنى تەسلىم قىلدۇرماقچى، ئىچكى بولۇنۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇش تۇغدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر مەملىكىتىمىزدە قانداقتۇ «يات پارتىيەلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى»④ دىگەن بىر مەخپى چارە تارقالدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئەكسىيەتچىل بولۇپ، ئۇ ياپون جاھانگىرلىگىگە ياردەم بېرىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پايدىسىز، ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز، ئالغا بېسىشقا پايدىسىز. «يات پارتىيەلەر» دىگەن نىمە؟ ياپون جاھانگىرلىگى — يات پارتىيە، ۋاڭ جىڭۋېي — يات پارتىيە، ۋەتەن خائىنلىرى — يات پارتىيە. گوڭچەنداڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق پارتىيە-گورۇھلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلار «يات پارتىيەلەر»مۇ؟ ھازىر نەق ھېلىقى تەسلىمچىلەر، ئەكسىيەتچىلەر، جاھىللار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار قوشۇنىدا سۈركىلىش پەيدا قىلىۋاتىدۇ، بولۇنۇش پەيدا قىلىۋاتىدۇ، مۇنداق قىلىقلار توغرىمۇ؟ پۈتۈنلەي توغرى ئەمەس (مەيداندا ئالقىشلار). «چەكلەش»، ھازىر قانداق كىشىلەرنى چەكلەش لازىم؟ ياپون جاھانگىرلىرىنى چەكلەش لازىم، ۋاڭ جىڭۋېينى چەكلەش لازىم، ئەكسىيەتچىلەرنى چەكلەش لازىم، تەسلىمچىلەرنى چەكلەش لازىم (مەيداندا ئالقىشلار). نىمە ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئەڭ قەتئى قارشى تۇرۇۋاتقان، ئەڭ ئىنقىلاۋىي، ئەڭ ئىلغار گوڭچەنداڭنى چەكلەش كېرەك ئىكەن؟ بۇ پۈتۈنلەي توغرى ئەمەس. بىز

يەنئەن خەلقى بۇنىڭغا قەتئى قارشى تۇرىمىز، قەتئى ئېتىراز بىلدۈرىمىز (مەيداندا ئالقىشلار). بىز «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى» دېگەن نەرسىگە قارشى تۇرىمىز. بۇ چارە — ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ مەنبەئى. بۈگۈن بۇ يىغىننى ئۆتكۈزۈشىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش، داۋاملىق ئىتتىپاقلىشىش، داۋاملىق ئالغا بېسىش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك، تەسلىمچىلەرنى، ئەكسىيەتچىلەرنى جازالاش كېرەك، بارلىق ئىنقىلابىي يولداشلارنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان يولداشلارنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان خەلقنى قوغداش كېرەك (قىزغىن ئالقىشلار ۋە ئۇزۇنلۇك شۇئارلار).

## ئىزاھلار

① 1939-يىل 6-ئاينىڭ 12-كۈنى گومىنداڭنىڭ 27-جىتۇەنجۈنى جياڭ جيېشىنىڭ مەخپىي بۇيرۇغى بويىچە ئەسكەر ئېۋەتىپ، يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ خۇنەننىڭ پىڭجياڭ دېگەن جايىدىكى تۇگشۇنچۇسىنى قورشىۋېلىپ، يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ سەنيىسى يولداش تۇ جېڭكۈن، 8-ئارمىيىنىڭ شاۋشياۋ فۇگۇەنى يولداش لو زىمىڭ قاتارلىق 6 كىشىنى پاجىئەلىك رەۋىشتە ئۆلتۈردى. بۇ پاجىئە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۇيدىلەردىكى خەلقنىڭ ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى ھەققانىي كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي غەزىپىنى قوزغىدى. بۇ پاجىئە جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولغان ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ نۇتۇقدا دەككىسىنى بەرگەن ئەكسىيەتچىلەر — جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى.

② يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە چۈشەندۈرگەن «بىرلىك» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «بىرلىك» دېگەن نام بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلىرىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۈيدىلىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش سۇيىقەستىگە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ يېڭىۋاشتىن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغان كۈندىن تارتىپ، گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭغا زەربە بېرىشتە پايدىلانغان ئاساسىي قورالى مۇشۇ «بىرلىك» شوئارى بولدى، گومىنداڭچىلار، گۇڭچەنداڭ غەيرى يول تۇتۇپ، بىرلىككە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ، دەپ تۆھمەت قىلدى. 1939 - يىل 1 - ئايدا گومىنداڭ 5 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۈيىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى جياڭ جيېشى ئوتتۇرىغا قويغان «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى»نى ماقۇللىغاندىن كېيىن، بۇنداق ئەكسىيەتچىل ۋالاقلاشلار تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە «بىرلىك» دېگەن بۇ شوئارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن تارتىۋېلىپ، ئىنقىلابىي شوئارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى، مىللەتكە قارشى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرىدۇ.

③ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «تەسلىمچىلىك ھەرىكىتىگە قارشى تۇرايلى» دېگەن ئەسىرىدىكى تەھلىلگە قارالسۇن. 1938 - يىل 10 - ئايدا ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ياپون قاراقچىلىرى گومىنداڭنى سىياسىي يول بىلەن تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشنى ئاساس قىلدى، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا ئوخشاش خەلقارا جاھانگىرلارمۇ جياڭ جيېشىنىڭ سۈلھىگە كېلىشىگە ئۈزلۈكسىز ئىشارە بېرىپ تۇردى، ئەنگلىيىنىڭ چېمبېرلېنى «يىراق شەرق قۇرۇلۇشى»غا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1939 - يىلى ياپون قاراقچىلىرى ۋە خەلقارا جاھانگىرلارنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ جىددىيلەشتى. ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودىكى داشىي كېر 4 - ئايدا جياڭ جيېشى بىلەن ياپونلار ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرۈپ،

سۈلھىگە كەلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلدى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياپون قاراقچىلىرى جۇڭگودا پەيدا قىلغان «ئەمەلىي ۋەزىيەت»نى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلماقچى بولدى.

④ 1939 ـ يىلى گومىنداڭ جۇڭياڭى «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى»نى مەخپىي تارقاتتى، بۇنىڭدا گومىنداڭنىڭ ۋە بارلىق تەرەققىپەرۋەرلەرنىڭ ئىدىيە، سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق چەكلەش، ياپونغا باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق خەلق تەشكىلاتلىرىنى بىر ئىلاج قىلىپ بۇزۇش بەلگىلەنگەن. گومىنداڭ خەلقنىڭ پائالىيەتلىرىنى ھەردائىم نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش ئۈچۈن، ئۆزى «گۇڭچەنداڭنىڭ پائالىيىتى ئەڭ كۈچلۈك بولغان رايونلار» دەپ ھېسابلىغان جايلاردا «ئۇمۇمىي كېپىللىك ۋە ئۆزئارا جاۋابكارلىق قانۇنى»نى ئەمەلگە قويۇشنى، شۇنىڭدەك باۋ ـ جيا تەشكىلاتلىرىدا «ئاخبارات تورى»نى، يەنى ئىنقىلابقا قارشى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇشنى بەلگىلىگەن ئىدى.

# يېڭى خەلقارا ۋەزىيەت توغرىسىدا «شىنخۇا رىباۋ» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بىلەن سوھبەت

**(1939 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)**

مۇخبىرنىڭ سوئالى: سوۋېت - گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلگەنلىكى① قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟

ماۋ زېدۇڭنىڭ جاۋابى: سوۋېت - گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم كۈچىنىڭ ئۆسكەنلىكىنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ كېلىشىم چېمبېرلېن، دالادى قاتارلىق خەلقارا ئەكسىيەتچى بۇرژۇئازلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قوزغاش سۇيىقەستىنى بىت - چىت قىلىپ تاشلىدى، گېرمانىيە - ئىتالىيە - ياپونىيە كوممۇنىزىمغا قارشى گۇرۇھىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان مۇھاسىرىسىنى بىت - چىت قىلىپ تاشلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى تېچلىقنى مۇستەھكەملىدى، سوۋېت ئىتتىپا-قىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈردى. شەرقتە بولسا، ياپونىيىگە زەربە بەردى، جۇڭگوغا مەدەت بەردى، جۇڭگودىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋۋەت-لىگۈچىلەرنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىدى، جۇڭگودىكى تەسلىمچىلەرگە زەربە بەردى. مانا مۇشۇلارنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىشنىڭ ئاساسىنى ئورناتتى. سوۋېت-گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمىنىڭ پۈتۈن سىياسى ئەھمىيىتى ئەنە شۇ.

سوئال: كىشىلەر سوۋېت-گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى ئەنگلىيە-فرانسىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى تەنپەنىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، ئەكسىچە، ئەنگلىيە-فرانسىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى تەنپەنىنىڭ بۇزۇلغانلىقى سوۋېت-گېرمان كېلىشىمىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىماقتا. ئەنگلىيە-فرانسىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى تەنپەنىنىڭ نىمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز ئىكەن.

جاۋاپ: ئەنگلىيە، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت تەنپەنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇشى تامامەن ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سەممىيەتسىزلىكىدىن بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۇنيا ئەكسىيەتچى بۇرژۇئازىيىسى، ئالدى بىلەن ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ ئەكسىيەتچى بۇرژۇئازىيىسى گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارىتا بىر خىل ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى، يەنى ئاتالمىش «ئارىلاشماسلىق» سىياسە-تىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كەلدى. بۇ سىياسەتنىڭ مەقسىدى

تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا يول قويۇپ، ئۆزلىرى ئۇتتۇرىدىن پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەقىقى سەپ تەشكىل قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىنى تۈپتىن رەت قىلىپ، «ئارىلاشماسلىق» مەيدانىنى تۇتتى، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا يول قويۇپ، ئۆزلىرى بىر چەتتە قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ مەقسىدى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنى بىر ـ بىرىگە خوراتقۇزۇش، ئاندىن ئۆزلىرى مەيدانغا چۈشۈپ ئارىلىشىش ئىدى. ئۇلار بۇ ئەكسيەتچىل سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا جۇڭگونىڭ يېرىمىنى ياپونىيىگە قۇربان قىلىپ بەردى، پۈتۈن ھەبەشستان، پۈتۈن ئىسپانىيە، پۈتۈن ئاۋستىرىيە ۋە پۈتۈن چېخوسلوۋاكىيىنى گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىگە قۇربان قىلىپ بەردى[2]. بۇ قېتىم يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇربان قىلماقچى بولدى. بۇنداق سۇيىقەست بۇ قېتىمقى ئەنگلىيە، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دولەت تەنپەنىدە ئوچۇق پاش بولۇپ چىقتى. بۇ تەنپەن 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە 4 ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بارلىق سەۋرچانلىقلارنى كورسەتتى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە بولسا، تەڭ ـ باراۋەرلىك ۋە ئوزئارا مەنپەئەتدارلىق پىرىنسىپىغا باشتىن ـ ئاخىر قوشۇلمىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆزلىرىنىڭلا بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئۇنىمىدى، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى كىچىك مەملىكەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئۇنىمىدى، شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئەسكەر كىرگۈزۈشىگە كاۋاك

قالدۇرماقچى بولدى ھەمدە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ پولشىدىن ئۆتۈپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشىغا يول قويمىدى. بۇ — تەنپەننىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبى. مۇشۇ ئارىلىقتا گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى توختىتىشقا رازى بولدى، «كوممۇنىزمدىن ساۋلىنىش كېلىشىمى»③ دېگەن نىمىدىن ۋازكېچىشكە رازى بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىنىڭ دەخلىسىزلىگىنى ئېتىراپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت-گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى تۈزۈلدى. خەلقارا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ، ئالدى بىلەن ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇنداق «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتى «تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يولۋاس تالىشىنى تاماشا قىلىش» سىياسىتى، تامامەن باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېساۋىغا ئۆزى پايدا ئېلىشتەك جاھانگىرلىك سىياسىتىدۇر. بۇ چېمبىرلېن ھاكىمىيىتى بېشىغا چىقىش بىلەن باشلانغان ئىدى، بۇلتۇر 9-ئايدا ميۇنخېن كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن تەرەققى قىلىپ ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يەتتى، بۇ قېتىمقى ئەنگلىيە-فرانسىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى تەنپەنىدە بولسا، ئۈزۈل-كېسىل ۋەيران بولدى. كەلگۈسىدە ئۇ ئەنگلىيە-فرانسىيە بىلەن گېرمانىيە-ئىتالىيىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ جاھانگىرلىك گۇرۇھى بىۋاستە توقۇنۇشىدىغان ۋەزىيەتنى پەيدا قىلماي قالمايدۇ. مەن جۇڭگو گوڭچەنداڭ 6-نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 1938-يىل 10-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 6-ئومۇمىي يىغىنىدا: «ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش — چېمبىرلېن سىياسىتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى» دېگەن ئىدىم. چېمبىرلېن ئەسلى باشقىلارغا زىيان سېلىشتىن باشلاپ، ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈش بىلەن ئاياقلاشتۇردى. بۇ — بارلىق ئەكسىيەتچىل سىياسەتلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى.

سوئال: سىزنىڭچە، ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: ھازىرقى خەلقارا ۋەزىيەت يېڭى ئەھۋالدا تۇرماقتا. ئاللىقاچان باشلانغان ئىككىنچى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدىكى بىرتەرەپلىمىلىك ھالەتنىڭ، يەنى «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان، بىر تەرەپ ھۇجۇم قىلسا، بىر تەرەپ قاراپ ئولتۇردىغان ۋەزىيەتنىڭ ئورنىنى، ياۋروپا تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن كېيىن مۇقەررەر ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئالىدۇ. ئىككىنچى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى يېڭى باسقۇچقا كىردى.

ياۋروپا تەرەپتە، گېرمانىيە-ئىتالىيە جاھانگىرلىك گۇرۇھى بىلەن ئەنگلىيە-فرانسىيە جاھانگىرلىك گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرى ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش يولىدىكى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپتۇ. ئۇرۇش داۋامىدا خەلقنى ئالداش، جامائەت پىكرىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئۇرۇشقۇچى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنى ئادالەتلىك، قارشى تەرەپنى ئادالەتسىز دەپ شەرمەندىلەرچە جاكالايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ پەقەت بىر خىل ئالدامچىلىق. چۈنكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەقسىدى — جاھانگىرلىك مەقسەت، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆزلەيدىغىنى — مۇستەملىكىلەر، يېرىم مۇستەملىكىلەر ۋە تەسىر دائىرىلىرى ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئېلىپ بارىدىغىنى — بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش. ھازىر پولشىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، بالقان يېرىم ئارىلىنى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشىۋاتىدۇ. بۇنداق ئۇرۇش

ھەرگىز ئادالەتلىك ئۇرۇش ئەمەس. دۇنيادا پەقەت بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدا بولمىغان، ئازاتلىقنى كۆزلەيدىغان ئۇرۇشلا ئادالەتلىك ئۇرۇش. گومىنداڭ ھەرقانداق بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشنى ھەرگىز قوللىمايدۇ. گومىنداڭ بارلىق ئادالەتلىك بولغان، بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدا بولمىغان، ئازاتلىقنى كۆزلەيدىغان ئۇرۇشلارنى بولسا، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ قوللايدۇ ۋە كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرىدۇ. ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالغا مەنسۇپ شېخۇي - مىنجۇداڭلار چېمبېرلېن ۋە دالادىنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا پارچىلانماقتا، بۇنىڭدىكى بىر قىسىم يۇقۇرى قاتلام ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى مەغلۇبىيەت كاتىكى بىلەن مېڭىپ، يېڭى جاھانگىرلىك ئۇرۇشنى قوللىماقچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن يەنە بىر قىسمى بولسا، گومىنداڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا ۋە فاشىزىمغا قارشى خەلق سېپى قۇرىدۇ. ھازىر چېمبېرلېن ۋە دالادىيې گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنى دوراپ، قەدەممۇ - قەدەم ئەكسىيەتچىلىشىۋاتىدۇ، ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەت تەشكىلاتلىرىنى فاشىستلاشتۇرۇۋاتىدۇ، ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنى ئۇرۇشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، ئىككى چوڭ جاھانگىرلىك گۇرۇھى تەلۋىلىك بىلەن ئۇرۇش تەييارلاۋاتىدۇ، چوڭ قىرغىنچىلىق خەۋپى مىليونلىغان خەلقنىڭ بېشىغا چۈشمەكتە. بۇ ئەھۋال كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنى شەك - شۈبھىسىز قوزغايدۇ. مەيلى گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىدە بولسۇن، مەيلى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدە بولسۇن، مەيلى ياۋروپادا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن، خەلق ئەگەر جاھانگىرلارنىڭ زەمبىرەكلىرىگە يەم بولۇشنى خالىمايدىكەن، دېمەك، ئۇلار چوقۇم قوزغىلىپ، ھەرخىل يوللار

بىلەن جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى تۇرىدۇ.

كاپىتالىزم دۇنياسىدا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى چوڭ گۇرۇھتىن باشقا، يەنە بىر ئۈچىنچى گۇرۇھمۇ بار، بۇ — ئامېرىكا باشچىلىغىدىكى، ئوتتۇرا ھەم جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن دولەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۇرۇھ. بۇ گۇرۇھ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھازىرچە ئۇرۇشقا قاتناشماي تۇرۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا جاھانگىرلىگى كەلگۈسىدە مەيدانغا چۈشۈپ ھەرىكەتلىنىش، كاپىتالىزم دۇنياسىدا رەھبەرلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىتەرەپلىك نامى ئاستىدا، ئۇرۇش قىلىۋاتقان تەرەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ھازىرچە قاتناشماي تۇرۇشنى پەملەۋاتىدۇ. ئامېرىكا بۇرژۇئازىيىسى مەملىكەت ئىچىدە دېموكراتىك سىياسەتنى ۋە تىنچ ۋاقىتلاردىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى ھازىرچە تېخى ئەمەلدىن قالدۇرمايدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ — دۇنيانىڭ تىنچلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن پايدىلىق.

ياپون جاھانگىرلىگى سوۋېت-گېرمان كېلىشىمىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ كېلەچىگى تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋەيجىياۋ سىياسىتى ئۈستىدە ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا كۈرەش كېتىۋاتىدۇ. جۇنفالىرى گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جۇڭگونى ئۆزى يالغۇز بېسىۋېلىش، شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىنى شەرقتىن سىقىپ چىقىرىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ؛ لېكىن بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولسا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىگە يول قويۇش، نىشانىنى جۇڭگونى بۇلاشقا مەركەزلەشتۈرۈشنى قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ. ھازىر ئەنگلىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە بولغان ئىنتىلىش ناھايىتى كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. ئەنگلىيە ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگونى

بىللە بولۇۋېلىش ھەم ياپونىيىگە مالىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىش شەرتى بىلەن ياپونىيىنىڭ ئەنگلىيە مەنپەئەتىنىڭ شەرقتىكى پايلاقچى ئىشتى بولۇشىغا، جۇڭگونىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى تۇتۇپ تۇرۇشىغا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، مەيلى قانداقلا بولسۇن، ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىش دېگەن تۈپ مەقسىدى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا ئۇدۇل تەرەپتىن كەڭ كۆلەمدە ھەربىي ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتى، ئېھتىمال، ئانچە چوڭ بولماس؛ لېكىن، ئۇ «جۇڭگولۇقلارنى جۇڭگولۇقلار بىلەن بويسۇندۇرۇش» تىن[4] ئىبارەت سىياسىي ھۇجۇمىنى ۋە «ئۇرۇشنى ئۇرۇش بىلەن تەمىنلەش»تىن[5] ئىبارەت ئىقتىسادىي تاجاۋۇزىنى تېخىمۇ جىددىي ئېلىپ بارىدۇ، بېسىۋالغان رايونلاردا بولسا، غالجىرانە ھەربىي «تازىلاش»نى[6] داۋام قىلدۇرىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئەنگلىيە ئارقىلىق جۇڭگونى تەسلىم بولۇشقا قىستىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ياپونىيە ئۆزى ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان مەلۇم پەيتتە شەرق مىيۇنخېنىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مەلۇم چوڭراق يول قويۇشنى قارماق يېمى قىلىپ تۇرۇپ، جۇڭگونى ئىلاجسىز سۈلھە تۈزۈشكە قىزىقتۇرىدۇ ۋە قىستايدۇ ھەم شۇ يول بىلەن جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولىدۇ. ياپونىيىنىڭ بۇنداق جاھانگىرلىك مەقسىدى، ياپونىيە ھۆكۈمران سىنىپلىرى مەيلى قانداقلىكى نېيىكابىلارنى ئالماشتۇرسۇن، ياپونىيە خەلق ئىنقىلاۋى كۆتۈرۈلمىگىچە ئۆزگەرمەي قېلىۋېرىدۇ.

پۈتۈن كاپىتالىزم دۇنياسىدىن بولەك، باشقا بىر پارلاق دۇنيامۇ بار، ئۇ بولسىمۇ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى. سوۋېت ـ گېرمان كېلىشىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنياۋى تېچلىق ھەرىكىتىگە ياردەم

بېرىش ئىمكانىيىتىنى ئاشۇردى، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتىنى ئاشۇردى.

مېنىڭ خەلقارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى مولچەرلىرىم ئەنە شۇلار.

سۇئال: بۇنداق ۋەزىيەتتە جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: جۇڭگونىڭ ئالدىدا ئىككى ئىستىقبال بار: بىرى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ئالغا بېسىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئىستىقبالى، بۇ — گۈللىنىش ئىستىقبالى. يەنە بىرى — مۇرەسسەلىشىش، بولۇنۇش، ئارقىغا چېكىنىش ئىستىقبالى، بۇ — مۇنقەرىز بولۇش ئىستىقبالى.

يېڭى خەلقارا ۋەزىيەتتە، ياپونىيە تېخىمۇ قىينچىلىقتا قالغان ۋە مەملىكىتىمىز ھەرگىز مۇرەسسەلەشمەيدىغان بولغان شەرت ئاستىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبلۇك چېكىنىش باسقۇچى ئاياقلاشتى، جەنۇبلۇك تىركىشىش باسقۇچى يېتىپ كەلدى، دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. جەنۇبلۇك تىركىشىش باسقۇچى دىگىنىمىز — قايتۇرما ھۇجۇمغا ھازىرلىنىش باسقۇچى.

لېكىن، ئۇدۇل تەرەپتىكى تىركىشىش بىلەن دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى تىركىشىش تەتۈر تاناسىپ ھاسىل قىلىدۇ، ئۇدۇل تەرەپتىكى تىركىشىش ۋەزىيىتى مەيدانىغا كېلىش بىلەن دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى كۈرەش ۋەزىيىتى كەسكىنلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن باشلانغان، دۈشمەن قولىمىزدىن كەتكەن رايونلاردا (ئاساسەن خۇابېيدا) ئېلىپ بارغان كەڭ كولەملىك ھەربىي «تازىلاش»لار بۇنىڭدىن كېيىن داۋام قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنىمۇ جىددىيلىشىدۇ. بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ

ھازىرقى ئاساسىي سىياسىتى «جۇڭگولۇقلارنى جۇڭگولۇقلار بىلەن بويسۇندۇرۇش»تىن ئىبارەت سىياسىي ھۇجۇم ۋە «ئۇرۇشنى ئۇرۇش بىلەن تەمىنلەش»تىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تاجاۋۇز بولغانلىقتىن، ئەنگلىيىنىڭ شەرققە قاراتقان سىياسىتى يىراق شەرق ميۇنخېنى بولغانلىقتىن، بۇ ھال جۇڭگونىڭ كۆپ قىسمىدا تەسلىم بولۇش خەۋپى ۋە ئىچكى بۆلۈنۈش خەۋپىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ كۈچىنى دۈشمەننىڭكىگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، پەرق يەنىلا ناھايىتى زور، پۈتۈن مەملىكەت بىرلىكتە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلماي تۇرۇپ، قايتۇرما ھۇجۇم ئېلىپ بېرىشقا كۈچ تەييارلاش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىپە، بۇنىڭغا ھەرگىز قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىق كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، جۇڭگو ھازىرقى پەيتنى ئەسلا قولدىن بەرمەسلىكى، ھەرگىز خاتا مەسلىھەتكە كېلىپ قالماسلىقى، بەلكى قەتئىي سىياسىي مەيدان تۇتۇشى لازىم.

دېمەك: بىرىنچىدىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقانداق مۇرەسسەلىشىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش لازىم. مەيلى ئاشكارا ۋاڭ جىڭۋېي بولسۇن، مەيلى يوشۇرۇن ۋاڭ جىڭۋېي بولسۇن، ھەممىسىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. مەيلى ياپونىيىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بولسۇن، مەيلى ئەنگلىيىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بولسۇن، ھەممىسىنى قەتئىي رەت قىلىش كېرەك، جۇڭگو شەرق ميۇنخېنىغا ھەرگىز قاتناشماسلىقى لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئىتتىپاقلىشىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقانداق

بولۇنۇش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. بۇنداق ھەرىكەتكە، خاھى ياپون جاھانگىرلىكى تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلسۇن، خاھى باشقا چەتئەللەر تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلسۇن، خاھى ئىچكى تەسلىمچىلەر تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلسۇن، تولۇق پەخەس بولۇش كېرەك. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پايدىسىز بولغان ھەرقانداق ئىچكى سۈركىلىشلەرنى قەتئى پوزىتسىيە بىلەن توختىتىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئالغا بېسىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقانداق ئارقىغا چېكىنىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. مەيلى ھەربىي جەھەتتە بولسۇن، سىياسىي جەھەتتە بولسۇن، مالىيە ـ ئىقتىسات جەھەتتە بولسۇن، پارتىيە ئىشلىرى جەھەتتە بولسۇن، مەدەنىي ـ مائارىپ جەھەتتە ۋە ئاممىۋى ھەرىكەت جەھەتتە بولسۇن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پايدىسىز بولغان بارلىق ئىدىيە، تۈزۈم ۋە چارىلەرنى يېڭىۋاشتىن ئويلىنىپ كۆرۈپ ۋە ھەقىقى تۈردە ئۆزگەرتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پايدىلىق قىلىش كېرەك.

مۇشۇنداق قىلالىساق، جۇڭگو قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش كۈچلىرىنى ئوبدان تەييارلىيالايدۇ.

ھازىردىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت «قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىش»نى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ باش ۋەزىپىسى قىلىشى لازىم.

ھازىرقى ۋاقىتتا، پەيت كەلگەن ھامان، پۈتۈن كۈچىمىزنى سېلىپ، كەڭ كولەمدە قايتۇرما ھۇجۇم ئېلىپ بېرىپ، قولدىن كەتكەن يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ئۇدۇل تەرەپتىكى مۇداپىئەدە قاتتىق تۇرۇش، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇشقا

كۈچلۈك ياردەم بېرىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسىي ئىسلاھات، ھەربىي ئىسلاھات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، غايەت زور كۈچ توپلاش كېرەك.

## ئىزاھلار

① سوۋېت ـ گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى 1939 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تۈزۈلگەن.

② ئىتالىيە 1935 ـ يىل 10 ـ ئايدا ھەبەشىستانغا قوراللىق تاجاۋۇز باشلىدى، 1936 ـ يىل 5 ـ ئايدا ھەبەشىستاننى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى. 1936 ـ يىل 7 ـ ئايدا گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە بىرلىكتە ئىسپانىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوراللىق ئارىلىشىپ، فاشىست فرانكونىڭ ئىسپانىيە خەلق فرونتى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشىنى قوللىدى، خەلق فرونتى ھۆكۈمىتى گېرمانىيە ـ ئىتالىيە مۇداخىلىچى ئارمىيىسىگە ۋە فرانكونىڭ ئىسيانچى ئارمىيىسىگە قارشى ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش ئېلىپ باردى، كېيىن 1939 ـ يىل 3 ـ ئايدا مەغلۇپ بولدى. گېرمانىيە 1938 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئەسكەر چىقىرىپ، ئاۋستىرىيىنى بېسىۋالدى، شۇ يىل 10 ـ ئايدا يەنە ئەسكەر چىقىرىپ، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ سۇدېت رايونىنى بېسىۋالدى، 1939 ـ يىل 3 ـ ئايدا بولسا، چېخوسلوۋاكىيىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى. گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ بۇ غالجىرانە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شۇ چاغدا يۈرگۈزگەن «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنىڭ يول قويۇشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلدى ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

③ 1936 ـ يىل 11 ـ ئايدا ياپونىيە بىلەن گېرمانىيە «كوممۇنىزىمدىن ساقلىنىش كېلىشىمى» تۈزدى؛ 1937 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئىتالىيە بۇ كېلىشىمگە قوشۇلدى.

④ «جۇڭگولۇقلارنى جۇڭگولۇقلار بىلەن بويسۇندۇرۇش» ـــ ياپون

جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتا قوللانغان بىر خىل سۇئىقەست-لىك زەھەرلىك تەدبىرى. ئۇزاقتىن بىرى ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونى ئىچكى جەھەتتىن بۇلۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ھامان جۇڭگودا ئۆزىنىڭ پايدىلىنىشىغا مۇمكىن بولغان كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ كەلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋاڭ جىڭ-ۋېيچىلاردىن بولغان ئاشكارا ياپونپەرەسلەردىن پايدىلىنىپلا قالماي، بەلكى جياڭ جيېشىچىلارنىڭ كۈچىدىنمۇ پايدىلىنىپ، ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئەڭ قەتئىي بولغان كۇڭچەنداڭنى قىسىپ كەلدى. 1939 - يىلدىن باشلاپ، ياپونىيىنىڭ جياڭ جيېشى قوشۇنلىرىغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمنى توختىتىپ، سىياسىي جەھەتتە جياڭ جيېشىنى كۇڭچەنداڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى دەل «جۇڭگولۇقلارنى جۇڭگولۇقلار بىلەن بويسۇندۇرۇش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى ئىدى.

⑤ ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگودا ئۆزى بېسىۋالغان رايونلاردا دەھشەتلىك بۇلاڭچىلىق يۈرگۈزۈپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى تەمىنلىدى. ياپون جۇنفالىرى بۇ سىياسەتنى «ئۇرۇشنى ئۇرۇش بىلەن تەمىنلەش» دەپ ئاتاشقان ئىدى.

⑥ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا ياپون قاراقچى-لىرى بىزنىڭ خەلق ئازات رايونلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەڭ ۋەھشىيانە بولغان كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش، قىرىپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىشتىن ئىبارەت «ئۈچ تۈگىتىش سىياسىتى»نى يۈرگۈزدى، دۈشمەن بۇنى «تازىلاش» دەپ ئاتىغان ئىدى.

# جۇڭياڭشېنىڭ ۋە «ساۋداڭباۋ»، «شىنمىنباۋ»[1] گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن سوھبەت

(1939-يىل 9-ئاينىڭ 16-كۈنى)

مۇخبىرلارنىڭ سوئالى: بىرنەچچە مەسىلىنى سوراشقا رۇخسەت قىلسىڭىز. بۈگۈن بىز «شىنجۇڭخۇا باۋ» گېزىتىدىن ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىمنىڭ 9-ئاينىڭ 1-كۈندىكى سوھبىتىنى ئوقۇدۇق، بۇنىڭدا بەزى مەسىلىلەر بايان قىلىنىپتۇ، ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىمنىڭ يەنە بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە قوشۇمچە قىلىشىنى سورايمىز. مەسىلىلەرنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، قەغەز يۈزىدە ئىزھار قىلدۇق، بىر-بىرلەپ جاۋاپ بېرىلسە.

ماۋ زېدۇڭنىڭ جاۋاۋى: ئەپەندىلەرنىڭ قويغان مەسىلىلىرىگە ئۆز رېتى بويىچە ئايرىم-ئايرىم جاۋاپ بېرەي.

ئەپەندىلەر، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تىركىشىش باسقۇچى يېتىپ كەلدىمۇ، دىگەن مەسىلىنى قويۇپتۇ. مېنىڭچە،

تىركىشىش باسقۇچى شەرتلىك ھالدا يېتىپ كەلدى. يەنى يېڭى خەلقارا ۋەزىيەتتە، ياپونىيە تېخىمۇ قىيىنچىلىقتا قالغان ۋە جۇڭگو قەتئىي مۇرەسسەلەشمەيدىغان بولغان شەرت ئاستىدا، بۇ باسقۇچنى يېتىپ كەلدى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە مەن دۈشمەننىڭ تېخى چوڭراق جەنيى دائىرىلىك ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلمايمەن، مەسىلەن، بېيخەي، چاڭشالارغا، ھەتتا شەنگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. دۈشمەننىڭ كەڭ كۆلەملىك جەنلۇبلۇك ھۇجۇمى ۋە بىزنىڭ جەنلۇبلۇك چېكىنىشىمىز مۇئەييەن شارائىتتا ئاساسىي جەھەتتىن توختىدى دېگىنىمىز بارلىق ھۇجۇم ئېھتىمالى ۋە بارلىق چېكىنىش ئېھتىمالى تۈگىدى دېگەنلىك ئەمەس. يېڭى باسقۇچنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا كەلسەك، ئۇ قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىش بولۇپ، بۇ ئۇقۇم ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، جۇڭگو كەلگۈسىدىكى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن، تىركىشىش باسقۇچىدا بارلىق كۈچنى تەييارلاپ قويۇشى لازىم. قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييار-لىنىش دېگىنىمىز دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش دېگەنلىك ئەمەس، شەرت-شارائىت يېتەرلىك بولماي تۇرۇپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە سۆز جەنيى دائىرىلىك قايتۇرما ھۇجۇم ئۈستىدە ئەمەس، جەنلۇبلۇك قايتۇرما ھۇجۇم ئۈستىدە بولۇ-ۋاتىدۇ. جەنيى دائىرىلىك قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ، مەسىلەن، دۈشمەن-نىڭ سەنشىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىي قىسمىدا ئېلىپ بارغان ھەربىي «تازىلاش»لىرىغا تاقابىل تۇرۇپ، دۈشمەننى چېكىندۈرگەنلىكىمىزگە ئوخشاش جەنيى دائىرىلىك قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى تامامەن زۆرۈر. لېكىن جەنلۇۋى جەھەتتە كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش مەزگىلى ھازىر تېخى

يېتىپ كەلمىدى، ھازىر ئەنە شۇنداق كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئاكتىپ تەييارلىنىش مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە يەنە ئۇدۇل تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ قوزغاش ئېھتىمالى بولغان بەزىبىر جەنۇبىي دائىرىلىك ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ.

ئەگەر يېقىنقى ياسقۇچتىكى ۋەزىپىلەرنى ئايرىم-ئايرىم ئېيتىپ ئۆتىدىغان بولساق، ئۇلار دۈشمەن ئارقا سېپىدە چوقۇم پارتىزان ئۇرۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەننىڭ «تازىلاش»لىرىنى تار-مار قىلىش، دۈشمەننىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزىنى بىت-چىت قىلىپ تاشلاش؛ ئۇدۇل تەرەپتە چوقۇم ھەربىي مۇداپىئەنى چىڭىتىپ، دۈشمەننىڭ قوزغاش ئېھتىمالى بولغان جەنۇبىي دائىرىلىك ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈش؛ كەڭ ئارقا سەپتە ئاساسەن سىياسىي پائال ئۆزگەرتىش. بۇلارنىڭ ھەممىسى قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى.

ئىچكى سىياسىينى ئۆزگەرتىش شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمكى، دۈشمەن ھازىرقى ۋاقىتتا ئاساسەن سىياسىي ھۇجۇم ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بىزمۇ سىياسىي قارشىلىقنى ئالاھىدە كۈچەيتىشىمىز لازىم. دېمەك، دېموكراتىك سىياسىي مەسىلىسى تېزرەك ھەل قىلىنىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندila، سىياسىي جەھەتتىن قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنى كۈچەيتەلەيمىز، ھەربىي كۈچ تەييارلىيالايمىز. جۇڭگو ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئاساسەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى لازىم. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئۆتمۈشتىمۇ تەكىتلەنگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا، يېڭى خەلقارا شارائىتتا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش تېخىمۇ مۇھىم. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى دېموكراتىك سىياسەتتۇر.

سۇئال: ھېلى ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىم، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، دېموكراتىك سىياسى زورۇر، دېدى، ئۇنداق بولسا، ھازىرقى شارائىتتا بۇ تۈزۈمنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك؟

جاۋاپ: جۇنجېڭ، شۇنجېڭ، شيەنجېڭ دېگەن ئۈچ دەۋرگە ئايرىشنى② ئەسلىدە سۈن جۇڭشەن ئەپەندى ئېيتقان ئىدى. لېكىن سۈن جۇڭشەن ئەپەندى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئېلان قىلغان «شىمالغا بېرىش خىتاپنامىسى»دە③ بۇ ئۈچ دەۋرنى تىلغا ئالمىغان، جۇڭگودا دەرھال گومىنخۇيىي چاقىرىش زورۇرلىگىنى ئېيتقان ئىدى. بۇنىڭ-دىن سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئۆز تەشەببۇسىنى ئاللىقاچان ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرتكەنلىگىنى كورگىلى بولىدۇ. ھازىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بولۇۋاتقان مۇنداق جىددى ۋەزىيەتتە ۋەتەن مۇنقەرىز بولۇشتەك پاجىئەلىك ئاپەتتىن ساقلىنىش ۋە دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، گومىنداخۇيىنى تېزرەك چاقى-رىش، دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇ مەسىلە ئۈستىدە خىلمۇ-خىل گەپ-سوزلەر بار. بەزىلەر: لاۋبەيشىڭلار بىلىمسىز، دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ توغرى ئەمەس. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا لاۋبەيشىڭلارنىڭ ئالغا بېسىشى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەھبەرلىك ۋە فاڭجېن بار، دېموكراتىك سىياسىنى چوقۇم يولغا قويغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، خۇابېيدا دېموكراتىك سىياسى يولغا قويۇلدى. ئۇ يەردە چۈيجاڭ، شياڭجاڭ، باۋجاڭ، جياجاڭلار-نىڭ كوپچىلىگىنى خەلق سايلىدى. شيەنجاڭلارنىڭمۇ بەزىلىرىنى

خەلق سايلىدى، نۇرغۇن ئىلغار كىشىلەر ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ياشلار شىيەنجاڭلىقتا سايلاندى. مۇنداق مەسىلىلەر كوپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇلۇشى كېرەك.

ئەپەندىلەر قويغان مەسىلىلەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش» دىگەن نىمە توغرىسىدا، يەنى جايلاردىكى سۇركىلىشلەر توغرىسىدا بىر سۇئال بار. ئەپەندىلەرنىڭ بۇ ئىشتا كوكۇل بولىگەنلىكى ناھايىتى توغرى. بۇ ئىش ئۇستىدە يېقىندىن بىرى ئەھۋال بىرقەدەر ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن تۇپ ـ ئاساسى جەھەتتە ھېچقانداق ئوزگىرىش كورۇلگىنى يوق.

سۇئال: گوڭچەنداڭ بۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى مەركىزي ھوكۇمەتكە بىلدۇرۇپ ئوتكەنمۇ؟

جاۋاپ: بىز ئېتىراز بىلدۇرگەن ئىدۇق.

سۇئال: قانداق ئۇسۇل بىلەن؟

جاۋاپ: 7 ـ ئايدىلا پارتىيىمىزنىڭ ۋەكىلى يولداش جۇ ئېنلەي بۇ ھەقتە جياڭ ۋېيۇەنجاڭغا خەت يازغان ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى يەنە يەنئەندىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر جياڭ ۋېيۇەنجاڭغا ۋە گومىنجېڭفۇغا مەخپى رەۋىشتە تارقىتىلىپ جايلاردىكى سۇركىلىشنىڭ مەنبەئى بولۇپ قالغان «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى» دىگەن نىمىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىپ ديەنباۋ يوللىدى.

سۇئال: مەركىزي ھوكۇمەت جاۋاپ قايتۇردىمۇ؟

جاۋاپ: جاۋاپ قايتۇرمىدى. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ نەرسىگە گومىنداڭنىڭ ئىچىدىمۇ بەزى كىشىلەر قوشۇلمايدىكەن. سىلەرگە مەلۇم، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئارمىيىلەر دوست

ئارمىيە دەپ ئاتىلىدۇ، «يات ئارمىيە» دەپ ئاتالمايدۇ، ئۇنىداق بولغاندىن كېيىن، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان پارتىيە ـ گۇرۇھلارمۇ «يات پارتىيە» ئەمەس، دوست پارتىيىلەر بولىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كۆپلىگەن پارتىيە ـ گۇرۇھلار قاتناشتى، ئۇلار كۈچ جەھەتتىن ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىيلەن بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئۆزئارا ئىتتىپاق بولۇش لازىم، ھەرگىز بىر ـ بىرىنى «چەكلەش»كە بولمايدۇ. يات پارتىيە دېگەن نىمە؟ ياپونىيىنىڭ غالچىسى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ خائىنلار پارتىيىسى ــ يات پارتىيە، چۈنكى ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن سىياسى جەھەتتە قىلچىمۇ ئورتاقلىق يېرى يوق، بۇنداق پارتىيىنى چەكلەش لازىم. گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەندانىڭ سىياسى جەھەتتە ئورتاقلىق يېرى بار، ئۇ بولسىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى مەسىلە پۈتۈن كۈچنى توپلاپ گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش، گۇڭچەنداڭدىن ساقلىنىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ پۈتۈن كۈچنى توپلاپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىدىن ساقلىنىش ۋە ۋاڭ جىڭۋېيغا قارشى تۇرۇش، ۋاڭ جىڭۋېيدىن ساقلىنىش مەسىلىسىدۇر. شۇئار پەقەت مانا شۇنداق قويۇلۇشى لازىم. ھازىر ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئۈچ شۇئارى بار: جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇش، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش، ياپونىيە بىلەن دوست بولۇش. ۋاڭ جىڭۋېي ــ گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. گۇڭچەنداڭ گومىنداڭنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، گومىنداڭمۇ گۇڭچەنداڭنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، ئۇلار

بىر - بىرىگە قارشى تۇرماسلىقى، بىر-بىرىنى «چەكلەش»كە ئۇرۇن-ماسلىقى، بەلكى ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشى لازىم. بىزنىڭ شۇئارىمىز ۋاڭ جىڭۋېينىڭ شۇئارىدىن چوقۇم پەرقلە-نىشى كېرەك، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ شۇئارىغا چوقۇم قارىمۇ-قارشى بولۇشى كېرەك، ھەرگىز ئۇنىڭكىگە ئوخشاپ قالمىسۇن. ئۇ جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرىدىكەن، بىز جياڭ جيېشىنى ھىمايە قىلىشىمىز لازىم؛ ئۇ گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرىدىكەن، بىز گوڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىشىمىز لازىم؛ ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن دوست بولىدىكەن، بىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى بىز ھىمايە قىلىشىمىز لازىم؛ دۈشمەن ھىمايە قىلغانلىكى نەرسىگە بىز قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ھازىر بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ماقالىلىرىدا «دوستۇڭنى خاپا قىلما، دۈشمىنىڭنى خوش» دىگەن سوز كوپ ئۇچرايدۇ. بۇ سوزنى شەرقىي خەن سۇلالىسى زامانىسىدا ليۇ شيۇنىڭ جۇفۇ دىگەن جياڭجۇنى ئېيتقان، ئۇنىڭ يۈيياڭ ۋىلايە-تىنىڭ تەيشۇسى پېڭ چۇڭغا يازغان بىر خېتىدە: «ئوز ئىشلىرىڭدا دوستۇڭنى خاپا قىلما، دۈشمىنىڭنى خوش قىلما» دىيىلگەن. جۇفۇنىڭ بۇ سوزىدە ئېنىق بىر سىياسى پىرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بىز ئۇنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

ئەپەندىلەرنىڭ قويغان مەسىلىلىرى ئىچىدە گوڭچەنداڭنىڭ سۈركىلىش دىيىلگەن نىمىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىمۇ سورالغان ئىكەن. مەن سىلەرگە توپ-توغرىلا ئېيتايكى، بىز ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى پارتىيە-گورۇھلار ئارىسىدا ئۇنداق بىر-بىرىنىڭ كۈچىنى خورىتىدىغان سۈركىلىشنىڭ بولۇشىغا تۈپتىن قارشىمىز. ليكىن، ھەرقانداق تەرەپ ئەگەر جەزمەن زورلۇق-زومبۇلۇق

قىلىدىكەن، ئەگەر كىشىنى تولىمۇ بوزەك ئېتىدىكەن، ئەگەر زۇلۇم سالىدىكەن، ئۇ ھالدا، گۇڭچەنداڭ بۇنىڭغا ئەلۋەتتە جىددىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ پوزىتسىيە مۇنداق: باشقىلار بىزگە چېقىلمىسا، بىز ئۇلارغا چېقىلمايمىز؛ باشقىلار بىزگە چېقىلسا، بىزمۇ ئۇلارغا چېقىلىمىز. لېكىن بىز قەتئىي بولغان قوغدىنىش مەيدانىدا تۇرىمىز، ھەرقانداق گۇڭچەنداڭ ئەزاسىنىڭ قوغدىنىش پرىنسىپىدىن تاشقىرى چىقىپ كېتىشىگە يول قويمايمىز.

سۇئال: خۇابېيدىكى سۈركىلىش مەسىلىسى قانداق مەسىلە؟

جاۋاپ: ئۇ يەردىكى جاڭ يىنۋۇ ۋە چېن چىرۇڭلار — سۈركىلىش مۇتەخەسسىسلىرى. جاڭ يىنۋۇ خېبېيدا، چېن چىرۇڭ شەندۇڭدا تازىمۇ قانۇنسىزلىق - يولسىزلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋەتەن خائىنلىرىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى ئاز، 8 - ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى كۆپ. جاڭ يىنۋۇنىڭ 8 - ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىلىق ئۆز قوشۇنلىرىغا چۈشۈرگەن بۇيرۇقىغا ئوخشاش نۇرغۇن پولاتتەك دەلىل - ھوججەتلەرنى جياڭ ۋېيپۇ ئەپەندىگە ئېۋەتىپ بەردۇق.

سۇئال: يېڭى 4 - ئارمىيە تەرەپلەردە سۈركىلىش بارمۇ - يوقمۇ؟

جاۋاپ: ئۇ تەرەپلەردىمۇ بار، پىڭجياڭ پاجىئەسى — پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن زور ۋەقە.

سۇئال: بەزىلەر، بىرلىكسەپ مۇھىم، لېكىن بىرلىك بويىچە چېگرا رايون ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك، دەيدۇ. بۇنىڭغا ئەپەندىم قانداق قارايدىكىن؟

جاۋاپ: ھەرخىل تۈترۇقسىز - يوقىلاڭ گەپلەر ھەممە يەردە بولۇۋاتىدۇ، چېگرا رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش دىگەن نىمە ئەنە

شۇنىڭ بىر مىسالى. شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكىراتىك گېنجۇيدى، مەملىكەت بويىچە سىياسى جەھەتتە ئەڭ ئىلغار رايون، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا نېمە ئاساس بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، چېگرا رايوننى جياڭ ۋېيبۇەنجاڭ ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغان، گومىنجېڭفۇنىڭ شىڭجېڭيۇەنمۇ مىنگونىڭ 26 ـ يىلى قىشتىلا رەسمى ماقۇللىغان. جۇڭگو بىرلىككە كېلىشكە راستىلا مۇھتاج، لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئاساس قىلغان بىرلىككە كېلىشى، ئىتتىپاقلىشىشنى ئاساس قىلغان بىرلىككە كېلىشى، ئالغا بېسىشنى ئاساس قىلغان بىرلىككە كېلىشى كېرەك. ئەگەر بىرلىككە كېلىش بۇلارنىڭ تەتۈرسى تەرەپلەردە بولسا، جۇڭگو مۇنقەرىز بولىدۇ.

سۇئال: بىرلىككە كېلىشنى چۈشىنىشنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ بولۇنۇپ كېتىش ئېھتىمالى بارمۇ؟

جاۋاپ: ئەگەر سىز ئېھتىماللىق توغرىسىدىلا بارىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئىتتىپاقلىشىشنىڭمۇ، بولۇنۇشنىڭمۇ ئېھتىمالى بار، بۇ گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا، بولۇپمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. بىز گۇڭچەنداڭ تەرەپ ھەمكارلىشىش توغرىسىدىكى فاڭجېنىمىزنى ئاللىقاچان ئېيتقانىمىز، بىز ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىشىشنى ئۈمىت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇنداق ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئاڭلىشىمىزچە، جياڭ ۋېيبۇەنجاڭمۇ گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 5 ـ ئۇمۇمىيغىنىدا، ئىچكى مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دەپتۇ. ئالدىمىزدا چوڭ دۈشمەن تۇرۇپتۇ،

ئۇنىڭ ئۇستىگە گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوتمۇشنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئىگە، ھەممىيلەن چوقۇم ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىشىدۇ، چوقۇم بولۇنۇشتىن ساقلىنىدۇ. لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىقىا سىياسىي كاپالەت تېپىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، بولۇنۇش ئېھتىمالىدىن ئۇزۇل - كېسىل ساقلانغىلى بولىدۇ، بۇنداق سىياسىي كاپالەت — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىر-غىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش. ئەگەر مۇشۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىتتى-پاقلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، بولۇنۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىرلىكتە تىرىشىشقا توغرى كېلىدۇ ۋە چوقۇم شۇنداق تىرىشىدۇ. «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش - تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش»، «ئىتتىپاقلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش - بولۇنۇشكە قارشى تۇرۇش»، «ئالغا بېسىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش - ئارقىغا چېكىنىشكە قارشى تۇرۇش» — بۇلار پارتىيىمىز بۇ يىلقى «7 - ئىيۇل خىتاپ-نامىسى»دە ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ چوڭ سىياسىي شوئار. بىزنىڭچە، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، جۇڭگونى مۇنقەرىزلىكتىن ساقلاپ قالغىلى ۋە دۈشمەننى قوغلاپ چىقارغىلى بولىدۇ؛ بۇنىڭدىن بولەك ماڭىدىغان ئىككىنچى يول يوق.

## ئىزاھلار

① جۇڭگيا گىي — گومىنداڭنىڭ تۇڭگۇنشېسى. «ساۋداگىباۋ» — گومىنداڭ ھوكۇمىتى ھەربىي شتۇڭنىڭ گېزىتى. «شىنمىنباۋ» — مىللىي بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر گېزىت.

② سۇن جۇڭشەن ئۆزى يازغان «دۆلەت قۇرۇش داگاڭى»دا «دۆلەت قۇرۇش» تەرتىۋىنى ئۈچ دەۋرگە ئايرىغان ئىدى: بىرىنچى — «جۈنجېڭ دەۋرى»، ئىككىنچى — «شۈنجېڭ دەۋرى»، ئۈچىنچى — «شيەنجېڭ دەۋرى». جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي دىكتاتۇرىنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنى پۈتۈن ئەركىنلىكلەردىن مەھرۇم قىلىشنىڭ بانىسى سۈپىتىدە سۇن جۇڭشەننىڭ ئەنە شۇ «جۈنجېڭ»، «شۈنجېڭ» دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇزاقتىن بېرى پايدىلىنىپ كەلگەن ئىدى.

③ 1924-يىل قىشتا، ئىككىنچى قېتىملىق جىلى-فېڭتيەن ئۇرۇشى ۋاقتىدا بۇرۇن جىلى گۇرۇھىغا مەنسۇپ بولغان فېڭ يۈشياڭ ئالدىنقى سەپتىن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن جىلى گۇرۇھىدىكى جۇنفا ۋۇ پېيفۇ تەختتىن يىقىلدى. فېڭ يۈشياڭ سۇن جۇڭشەننى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىپ دېيەنباۋ يوللىدى، سۇن جۇڭشەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، 11-ئاينىڭ 12-كۈنى شىمالغا قاراپ يولغا چىقتى. گۇاڭجۇدىن يولغا چىقىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى سۇن جۇڭشەن «شىمالغا بېرىش خىتابنامىسى» ئېلان قىلدى، خىتابنامىدە جاھانگىرلىككە ۋە جۇنفالارغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى قايتا تەكىتلەنگەن، گومىنخۇيىي ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت ئالدىدىكى چوڭ ئىشلارنى ھەل قىلىش چاقىرىقى قىلىنغان ئىدى. بۇ خىتابنامە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

# سوۋېت ئىتتىپاقى مەنپەئەتىنىڭ ئىنسانىيەت مەنپەئەتى بىلەن بىرلىگى

**(1939 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)**

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ 22 يىللىقى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، جۇڭگو - سوۋېت مەدىنىيەت جەمىيىتى مەندىن بىر پارچە ماقالا يېزىپ بېرىشنى سورىغان ئىدى. مەن ئۆز كۆزىتىشلىرىمگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ ۋە جۇڭگوغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن. چۈنكى بۇ مەسىلىلەر ھازىر جۇڭگونىڭ كەڭ خەلقى ئارىسىدا مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ ھەقتە تېخى ئېنىق خۇلاسە ھاسىل قىلىنمىغاندەك تۇرىدۇ. ياۋروپا ئۇرۇشىغا ۋە جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، مەن مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، شۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا بىرئاز پىكىر بايان قىلىپ ئۆتسەم، بەلكىم، پايدىسىز بولماس، دەپ ئويلايمەن.

بەزىلەر: سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىدىن

مەنپەئەتدار، دۇنيا تىنچلىقىنىڭ داۋام قىلىشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ؛ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىش شەرتنامىسى تۈزمەستىن، گېرمانىيە بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزگەنلىكىدىن بولدى، دېيىشمەكتە. بۇنداق پىكىر، مېنىڭچە، توغرى ئەمەس. چۈنكى ئۆتكەن ئۇزاق ۋاقىتلار داۋامىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتى ئىزچىل تىنچلىق سىياسىتى بولۇپ كەلدى، بۇ تىنچلىق سىياسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانىيەتنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزئارا باغلىغان. ئوتتۇرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆزىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىنچلىق زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچ مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تۇغۇلۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمەسلىك زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن؛ بەلكى فاشىست دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇش ۋە ئاتالمىش دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توسۇشمۇ زۆرۈر ئىدى، جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى مۇمكىن قەدەر كېچىكتۈرۈش ۋە دۇنيا مىقياسىدىكى تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ زۆرۈر ئىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيانىڭ تىنچلىق ئىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەسىلەن، ئۇ خەلقئارا ئىتتىپاققا كىردى①، فرانسىيە بىلەن ۋە چېخوسلوۋاكىيە بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىش كېلىشىمى تۈزدى②، ئەنگلىيە بىلەن ۋە تىنچلىقنى خالىغۇچى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن خەۋپسىزلىكنى تەمىن ئېتىش شەرتنامىسى تۈزۈشكە كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشتى. گېرمانىيە

بىلەن ئىتالىيە ئىسپانىيىگە بىرلىشىپ تاجاۋۇز قىلغان، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىلەر نامدا «ئارىلاشماسلىق»، ئەمەلدە گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا يول قويۇش سىياسىتىنى قوللانغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسپانىيە ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيە-ئىتالىيىگە قارشى تۇرۇشىغا ئاكتىپ ياردەم بەردى ھەم ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىلەرنىڭ «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىگە قارشى تۇردى. ياپونىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىلەر ئەنە شۇنداق «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنى قوللانغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈپلا قالماي، بەلكى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ئاكتىپ ياردەم بەردى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئاۋسترىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيىنى قۇربان قىلىپ، گىتلېرنىڭ تاجاۋۇزىغا يول قويغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى مىيۇنخېن سىياسىتىنىڭ قارا پەردىسىنى بارلىق كۈچى بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە تاجاۋۇزچىلىقنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ يىل ئەتىياز ۋە يازدا پولشا مەسىلىسى كەسكىنلىشىپ، دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى قىلىنىڭ ئۈستىدە قالغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە-فرانسىيە-سوۋېت ئۆزئارا ياردەملىشىش شەرتنامىسى تۈزۈپ، ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىنى توسۇش مەقسىدىدە، چېمبېرلېن ۋە دالادىېنىڭ نەقەدەر سەممىيەتسىزلىك قىلىشىغا قارىماي، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە بىلەن 4 ئايدىن ئارتۇق تەنپەن ئۆتكۈزدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ جاھانگىرلىك سىياسىتىنىڭ، ئۇرۇشقا يول قويۇش، ئۇرۇش پەيدا قىلىش ۋە ئۇرۇشنى كېڭەيتىش سىياسىتىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى،

شۇنىڭ بىلەن دۇنيا تېچلىقى ئىشى ئۈزۈل - كېسىل ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچراپ، جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىر پارتلىدى. ئەنگلىيە،
ئامېرىكا ۋە فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىنى توسۇشقا
سەممىيەت كورسەتمىدى؛ ئەكسىچە، ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىنى ئىلگىرى
سۈردى. چۈنكى ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇرەسسەلىشىشنى رەت
قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەقىقى ئۇنۇملۇك بولغان، تەڭ-
باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا مەنپەئەتدارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۆزئارا
ياردەملىشىش شەرتنامىسى تۈزۈشنى رەت قىلدى، بۇلار ئۇلارنىڭ
پەقەت ئۇرۇشنىلا خالاپ، تېچلىقنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.
ھەممىگە مەلۇمكى، ھازىرقى دۇنيادا سوۋېت ئىتتىپاقىنى رەت قىلغانلىق
تېچلىقنى رەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنى ئەنگلىيىنىڭ لويد جورجىدەك
مانا شۇنداق بۇرژۇئازىيە ۋەكىلىمۇ بىلىدۇ[3]. مۇشۇنداق ئەھۋالدا،
مۇشۇ ۋاقىتتا گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى توختىتىشقا،
«كوممۇنىزىمدىن ساقلىنىش كېلىشىمى»دىن ۋازكېچىشكە ۋە سوۋېت
ئىتتىپاقى چېگرىسىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا رازى
بولدى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت - گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق
شەرتنامىسى تۈزۈلدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيەلەرنىڭ پىلانى:
گېرمانىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى
«تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يولۋاس تالىشىنى تاماشا قىلىش»، سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئۇرۇشۇپ ھالسىزلانغاندىن كېيىن، ئۆز-
لىرى مەيدانغا چىقىپ، ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.
بۇ سۇيىقەستنى سوۋېت - گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق
شەرتنامىسى تار - مار كەلتۈردى. ۋەتەنداشلىرىمىز بۇ سۇيىقەستكە
دىققەت قىلمىدى، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە جاھانگىرلىرىنىڭ ئۇرۇشقا

يول قويۇش، ئۇرۇش پەيدا قىلىش ۋە دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش سۇيىقەستلىرىگە دىققەت قىلمىدى، ئۇلار ھەقىقە-تەنمۇ ئەنە شۇ سۇيىقەستچىلەرنىڭ شىرىن تەشۋىقاتلىرىغا ئالدانغان ئىدى. بۇ سۇيىقەستچىلەر ئىسپانىيە مەسىلىسىدە، جۇڭگو مەسىلىسىدە، ئاۋسترىيە ۋە چېخوسلوۋاكىيە مەسىلىسىدە قىلچە تاجاۋۇزچىلىقنى توسۇش نىيىتىدە بولمايلا قالماستىن، بەلكى، ئەكسىچە، تاجاۋۇز-چىلىققا يول قويدى، ئۇرۇش پەيدا قىلدى، كىشىلەرنى بىلىقچى قۇش بىلەن مەرۋايىت قۇلۇلىسىدەك تۇتۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى بىلىق-چىدەك پايدا ئالماقچى بولدى، بۇنى بىزەپ «ئارىلاشماسلىق» دەپ ئاتىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ «تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يولۋاس تالىشىنى تاماشا قىلىش» ئىدى. دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەر چېمبىر-لىيننىڭ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ شىرىن نۇتۇقلىرى بىلەن غەپلەتتە قالدى، ئۇلارنىڭ خەنجەر يوشۇرۇنغان كۈلكىسىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمىدى، شۇنىڭدەك چېمبىرلىين بىلەن دالادى سوۋېت ئىتتىپاقىنى رەت قىلىشقا ۋە جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلى-شىغا يول قويۇشقا بەل باغلىغان چاغدىلا، سوۋېت-گېرمان ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلگەنلىكىنى بىلمىدى؛ ئەمدى بۇ كىشىلەر ئويغىنىشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا تېچلىقىنى ئاخىرقى مىنۇتقىچە ئەنە شۇنداق ساقلاپ كەلدى، مانا بۇ — سوۋېت ئىتتىپاقى مەنپەئەتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانى-يەتنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. مەن توختالماقچى بولغان بىرىنچى مەسىلە ئەنە شۇ.

بەزىلەر: ئىككىنچى جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان ئىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئېھتىمال، ئۇرۇشقۇچى تەرەپلەرنىڭ بىرىگە

قوشۇلىدۇ، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى گېرمانىيە جاھانگىرلىك سېپىگە قاتنىشىدىغاندەك تۇرىدۇ، دېيىشمەكتە. بۇنداق پىكىر، مېنىڭچە، توغرى ئەمەس. ھازىر پارتىلىغان ئۇرۇش، مەيلى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە تەرەپتىن ياكى گېرمانىيە تەرەپتىن ئالايلى، بەربىر ئادالەتسىز ئۇرۇش، بۇلاڭچىلىق ۋە جاھانگىرلىك ئۇرۇشى. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر گۇڭچەنداڭلىرى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى بۇنداق ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشى لازىم، ھەر ئىككى تەرەپ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ جاھانگىرلىك خاراكتېرىنى، يەنى دۇنيا خەلقلىرىگە زىيىنلا بار، قىلچىلىكمۇ پايدىسى يوقلىقىدىن ئىبارەت خاراكتېرىنى ئېچىپ تاشلىشى لازىم، شېخۇي-مىنجۇداڭلارنىڭ جاھانگىرلىك ئۇرۇشنى ھىمايە قىلىپ، پرولېتارىيات مەنپەئەتىگە ئاسىيلىق قىلغان جىنايى ھەرىكەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىشى لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقى ــ سوتسىيالىستىك دولەت، گۇڭچەنداڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان دولەت، ئۇنىڭ ئۇرۇشقا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى، مۇقەررەركى، مۇنداق روشەن ئىككى خىل پوزىتسىيىدىن ئىبارەت: (1) ئادالەتسىز ئۇرۇش، بۇلاڭچىلىق ۋە جاھانگىرلىك ئۇرۇشقا قەتئى قاتناشماسلىق، ئۇرۇشقۇچى ئىككى تەرەپكە نىسبەتەن قەتئى بىتەرەپ تۇرۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى جاھانگىرلىك سېپىگە ھەرگىز پىرىنسىپسىز ھالدا قاتناشمايدۇ. (2) ئادالەتلىك بولغان، بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدا بولمىغان، ئازاتلىقنى كۆزلەيدىغان ئۇرۇشلارغا ئاكتىپ ياردەم بېرىش. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ بېيفا ئۇرۇشىغا ياردەم بەردى؛ بىر يىل ئىلگىرى ئىسپانىيە خەلقىنىڭ گېرمانىيە ـ ئىتالىيە باسقۇنچىلىرىغا قارشى

ئۇرۇشىغا ياردەم بەردى؛ ئىككى يىلدىن بۇيان جۇڭگو خەلقىنىڭ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ؛ بىرنەچچە
ئايدىن بۇيان موڭغۇلىيە خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ؛ شۇنىڭدەك كەلگۈسىدە باشقا مەملىكەت-
لەردە پەيدا بولۇشى ۋە باشقا مىللەتلەر ئېلىپ بېرىشى ئېھتىمال
بولغان خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى ۋە مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشلىرىغىمۇ
چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، تىنچلىقنى قوغداشقا پايدىلىق بولغان ئۇرۇش-
لارغىمۇ چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. بۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتكەن
22 يىللىق تارىخى ئىسپاتلىدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىمۇ داۋام-
لىق ئىسپاتلايدۇ. بەزىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت-گېرمان
سودا كېلىشىمىگە ئاساسەن، گېرمانىيە بىلەن تىجارەت قىلىشقانلىقىنى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە سېپىگە قاتناشقانلىق ھەرىكىتى دەپ
قاراۋاتىدۇ، بۇنداق پىكىرمۇ توغرى ئەمەس، بۇ سودا ئالاقىسىنى
ئۇرۇشقا قاتنىشىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن كېلىپ چىققان.
سودا ئالاقىسىنى ئۇرۇشقا قاتنىشىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى
بولمايلا قالماستىن، ياردەم قىلىش بىلەنمۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى
بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىسپانىيە ئۇرۇشى داۋامىدا سوۋېت ئىتتىپاقى
گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇردى، لېكىن
كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە-ئىتالىيىنىڭ ئىسپانىيىگە تاجاۋۇز
قىلىشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ دېمەستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى
ئىسپانىيىنىڭ گېرمانىيە-ئىتالىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشىغا
ياردەم بېرىۋاتىدۇ دېيىشكەن ئىدى، بۇنىڭ سەۋەبى — سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئىسپانىيىگە ھەقىقى ياردەم بەرگەنلىكى. يەنە ئالايلۇق،
جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشى داۋامىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە بىلەنمۇ

سودا ئالاقىسى قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىمۇ كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ دىمەستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ دېيىشمەكتە، بۇنىڭ سەۋەبى — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ھەقىقى ياردەم بەرگەنلىكى. ھازىر دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسى بار، بۇ فاكتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە ياردەم بەرگەنلىكى دىگىلى بولمايدۇ، ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى دىگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرگەن، مەلۇم بىر دولەت ياكى بىرنەچچە دولەتنىڭ ئۇرۇشى مۇئەييەن ۋە زورۇر ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كوچۈرگەندىن كىيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە دۇنيا خەلقلىرىگە پايدىلىق بولۇپ قالغان چاغدا، ئەنە شۇ چاغدىلا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىشى ياكى ئۇرۇشقا قاتنىششى مۇمكىن؛ ئۇنداق بولمىسا، بۇنداق مۇمكىنچىلىك يوق. ئۇرۇش قىلىۋاتقان دولەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش بولۇشىغا قاراپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچۇن ئۇلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى ئاز-كوپ، ياكى قويۇق-شالاڭ قىلىشقا توغرى كېلىدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسىلىسى ئەمەس، ئۇرۇش قىلىۋاتقان دولەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى مەسىلىسى. لېكىن مەلۇم بىر دولەت ياكى بىرنەچچە دولەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پوزىتسىيە تۇتقان تەقدىردىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلماي، ۋەيجياۋ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا

شەرتنامىسى تۈزۈشنى خالايدىغانلا بولسا، مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگە قەدەر قىلغىنىدەك قىلسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلار بىلەنمۇ سودا ئالاقىسىنى ئۈزمەيدۇ. بۇنداق سودا ئالاقىسى ياردەم بەرگەنلىك بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىق بولـمايدۇ، بۇنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش كېرەك. مەن توختالماقچى بولغان ئىككىنچى مەسىلە ئەنە شۇ.

مەملىكەت ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پولشىغا ئەسكەر كىرگۈزگەنلىكى④ مەسىلىسىدە گاڭگىراپ قېلىشتى. پولشا مەسىلىسىگە بىرقانچە تەرەپتىن — گېرمانىيە تەرەپتىن، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە تەرەپتىن، پولشا ھۆكۈمىتى تەرەپتىن، پولشا خەلقى تەرەپتىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن قاراش كېرەك. گېرمانىيە تەرەپ، ئۇ پولشا خەلقىنى بۇلاش ئۈچۈن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە جاھانگىرلىك سېپىنىڭ بىر قانىتىنى سۇندۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئۇرۇش — جاھانگىرلىك خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشقا بولمايدۇ، قارشى تۇرۇش لازىم. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە تەرەپ، ئۇلار پولشىنى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە مالىيە كاپىتالىنىڭ بۇلاش دۆيشىياگلىرىدىن بىرى قىلدى، ئۇزلىرىنىڭ ئولجىلىرىنى گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنىڭ يېڭىۋاشتىن بولمەكچى بولغانلىقىنى دۇنيا مىقياسىدا رەت قىلىش ئۈچۈن پولشىدىن پايدىلاندى، پولشىنى ئۆزلىرىنىڭ جاھانگىرلىك سېپىنىڭ بىر قانىتى دەپ قارىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش — جاھانگىرلىك ئۇرۇشى، ئەنگلىيە ـ فرانسىيىنىڭ پولشىغا ياردەم قىلمىز دېگىنى گېرمانىيىدىن پولشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولۇشتىن باشقا نەرسە

ئەمەس، بۇنىڭغىمۇ، ئوخشاشلا، ھىمايە قىلىشقا بولمايدۇ، قارشى تۇرۇش لازىم. پولشا ھۆكۈمىتى تەرەپ، ئۇ ــ فاشىست ھۆكۈمەت، پولشا پومېشچىكلىرى ۋە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى، ئۇ پولشا ئىشچىلىرى ۋە دېھقانلىرىنى دەھشەتلىك رەۋىشتە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاتىدۇ، پولشا دېموكراتلىرىنى ئېزىۋاتىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇ ــ چوڭ پولەكچىلىك ھۆكۈمىتى، چۈنكى ئۇ پولەك مىللىتىدىن باشقا بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدە، يەنى ئۇكرائىنلار، بېلورۇسلار، يەھۇدىلار، گېرمانلار، لىتۋانلار ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئاھالىسى 10 مىليوندىن كۆپرەك بولغان، پولەكلەردىن بولمىغان مىللەتلەر ئۈستىدە دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزۈۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۆزى جاھانگىر ھۆكۈمەت. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پولشا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى پولشا خەلقىنى ئەنگلىيە - فرانسىيە مالىيە كاپىتالى ئۈچۈن زەمبىرەك يېمى قىلىپ بېرىشنى راۋا كۆردى، خەلقارا مالىيە كاپىتالىنىڭ ئەكسىيەتچى سېپىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولۇشنى راۋا كۆردى. 20 يىلدىن بېرى پولشا ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلدى، ئەنگلىيە - فرانسىيە - سوۋېت تەنپەندە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىنى قەتئىي رەت قىلدى. يەنە كېلىپ، بۇ ھۆكۈمەت ــ ناھايىتى قابىلىيەتسىز ھۆكۈمەت، ئۇنىڭ بىر يېرىم مىليوندىن كۆپرەك كىشىدىن تەركىب تاپقان زور ئارمىيىسى بىر زەربىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، پەقەت ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا ئۆز دۆلىتىنى دەپنە قىلىپ، پولشا خەلقىنى گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئاياق - ئاستىدا قالدۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايىتى، ئەگەر بىز بۇنداق ھۆكۈمەتكە ھىمايىلىق قىلىدىغان بولساق، توغرى بولمايدۇ. پولشا خەلقى تەرەپ، ئۇلار قۇربان قىلىنغۇچى، ئۇلار

قوزغىلىپ، گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇشى، ٴۇز ٴىچىدىكى ٴەكسىيەتچى پومېشچىك-بۇرژۇٴازىيىگە قارشى تۇرۇشى، مۇستەقىل ۋە ٴەركىن پولشا دېموكراتىك دولىتى قۇرۇشى لازىم. قىلچە شەك-شۈبھە يوقكى، بىزنىڭ ھىسداشلىغىمىز پولشا خەلقى تەرەپكە قارىتىلىشى لازىم. سوۋېت ٴىتتىپاقى تەرەپكە كەلسەك، ٴۇ تامامەن ٴادالەتلىك ھەرىكەت قوللانىدى. ٴۇ چاغدا سوۋېت ٴىتتىپاقى ٴالدىدا تۇۋەندىكى ٴىككى مەسىلە تۇراتتى. بىرىنچى مەسىلە: پۈتۈن پولشىنى گېرمانىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ٴاستىدا قالدۇرۇش كېرەكمۇ ياكى شەرقي پولشىدىكى ٴاز سانلىق مىللەتلەرنى ٴازاتلىققا ٴېرىشتۈرۈش كېرەكمۇ؟ بۇ مەسىلىدە سوۋېت ٴىتتىپاقى ٴىككىنچى يولنى تاللىۋالدى. بېلورۇس ۋە ٴۇكراٴىن مىللەتلىرى ياشايدىغان چوڭ بىر پارچە زېمىننى 1918-يىلى برېست شەرتنامىسى تۈزۈلگەن چاغدىلا، شۇ چاغدىكى گېرمانىيە جاھانگىرلىگى ياش سوۋېت ٴىتتىپاقىنىڭ قولىدىن زورلۇق بىلەن بۇلىۋالغان ٴىدى، كېيىن يەنە ۋېرسال شەرتنامىسى بويىچە پولشا ٴەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ٴاستىغا مەجبۇرى تاشلاپ بېرىلدى. سوۋېت ٴىتتىپاقى ھازىر بۇرۇن قولىدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ٴېزىلگەن بېلورۇس ۋە ٴۇكراٴىن مىللەتلىرىنى ٴازات قىلماقچى ۋە ٴۇلارنى گېرمانىيىنىڭ زۇلمىدىن ساقلاپ قالماقچى، خالاس. مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك دېيەنىۋ خەۋەرلىرىدە بۇ ٴاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىزىل ٴارمىيىنى قانچىلىك دەرىجىدە نازۇ نېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالغانلىغى، قىزىل ٴارمىيىنى ٴۇزلىرىنىڭ نىجات يۇلتۇزى دەپ قارىغانلىغى كۆرسىتىلگەن؛ گېرمانىيە ٴارمىيىسى بېسىۋالغان غەربي پولشا يەرلىرىدىن، فرانسىيە

ئارمىيىسى بېسىۋالغان غەربىي گېرمانىيە يەرلىرىدىن بولسا، قىلچىمۇ بۇنداق خەۋەرلەر يوق. مانا بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشنىڭ ئادالەتلىك بولغان، بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدا بولمىغان، ئازاتلىقنى كۆزلەيدىغان ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئاجىز مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقىغا ياردەم بېرىدىغان، خەلقنىڭ ئازاتلىقىغا ياردەم بېرىدىغان ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. گېرمانىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش، ئەنگلىيە-فرانسىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش بولسا، ئادالەتسىز ئۇرۇش، بۇلاڭچىلىق ۋە جاھانگىرلىك ئۇرۇشى، باشقا ئەللەردىكى مىللەتلەرنى ۋە باشقا ئەللەردىكى خەلقلەرنى ئېزىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش. بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىككىنچى مەسىلە: چېمبېرلېيننىڭ ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كونا سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى. چېمبېرلېيننىڭ سىياسىتى: بىر تەرەپتىن، گېرمانىيىنىڭ غەرپ تەرىپىنى قاتتىق قامال قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا بېسىم ئىشلىتىش؛ بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ، ئىتالىيىنى، ياپونىيىنى ۋە شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆز تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ، گېرمانىيىنى يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پولشىنى سوغا قىلىپ، ھەتتا ۋېنگرىيە بىلەن رۇمىنىيىنىمۇ سوغا قىلماقچى بولۇپ، گېرمانىيىنى قىزىقتۇرۇش. قىسقىسى، تەھدىت سېلىش ۋە قىزىقتۇرۇشقا ئوخشاش تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن گېرمانىيىنى سوۋېت-گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىدىن ۋازكېچىشكە كۈشكۈرتۈش، مىلتىغىنىڭ ئۇچىنى بۇراپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق سۇيىقەست ئۆتمۈشتە مەۋجۇت بولغان، ھازىر مەۋجۇت تۇرۇۋاتقان بولۇپلا قالماي، بەلكى

كەلگۈسىدىمۇ يەنە داۋاملىشىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ پولشىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كىرىشى — ئۇز زىمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش، ئاجىز مىللەتلەرنى ئازات قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە گېرمانىيە تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشىنى توسۇش ۋە چېمبىرلېيىنىڭ سۇئىقەستىنى تار ـ مار قىلىش ئۇچۇن كورۇلگەن كونكرېت تەدبىر. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ فاكىتىنى ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. مانا بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى مەنپەئەتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانىيەتنىڭ زور كوپچىلىگىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىر ئىكەنلىگىنىڭ، پولشا ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى ئېزىلگەن خەلقلەر مەنپەئەتى بىلەن بىر ئىكەنلىگىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. مەن توختالماقچى بولغان ئۇچىنچى مەسىلە ئەنە شۇ.

سوۋېت ـ گېرمان ئوزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈلگەندىن كېيىنكى پۈتۈن ۋەزىيەت زور دەرىجىدە ياپونىيىگە زەربە بەردى، جۇڭگوغا ياردەم بەردى، جۇڭگودىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەرنىڭ ئورنىنى كۈچەيتتى، تەسلىمچىلەرگە زەربە بەردى. جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇ كېلىشىمنى ئالقىشلىغانلىغى ناھايىتى توغرى. ئەمما نومېنگەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى[5] تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا تۈگشۈنچىلىرى ياپون ـ سوۋېت ئوزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى يېقىن ئارىدا تۈزۈلمەكچى دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەرلەر تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا بىر خىل ئەندىشە پەيدا بولدى، بەزىلەر، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم قىلماسلىغى ئېھتىمال، دەپ قارىدى. بۇنداق قاراش، مېنىڭچە، توغرى ئەمەس. نومېنگەن

ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭ خاراكتېرى ئىلگىرىكى جاڭگاۋفېڭ
ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭگە⑥ ئوخشاش، يەنى ياپونىيىنىڭ
تىز پۈكۈشى ئارقىسىدا، ياپون جۇنفالىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە
موڭغۇلىيە چېگرىلىرىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇنداق
ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگوغا بولغان
ياردىمىنى كۆپەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇكى، ئۇنىڭ ياردى-
مىنى كېمەيتمەيدۇ. ياپون - سوۋېت ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق
شەرتنامىسى دېگەن نىمىگە كەلسەك، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭدىن
كۆپ يىللار ئىلگىرى ياپونىيىدىن مۇشۇنداق بىر شەرتنامە ئىمزالاشنى
تەلەپ قىلغان، ياپونىيە بۇنى باشتىن - ئاخىر رەت قىلىپ كەلگەن
ئىدى. ھازىر ياپونىيە ھوكۇمران سىنىپلىرىنىڭ بىر گورۇھى سوۋېت
ئىتتىپاقىدىن ئەنە شۇنداق شەرتنامە تۈزۈشنى تەلەپ قىلماقتا، لېكىن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق شەرتنامە تۈزۈشنى خالايدىغان ياكى
خالىمايدىغانلىقى مۇنۇ تۈپ پرىنسىپقا، يەنى بۇ شەرتنامىنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقى مەنپەئەتى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانىيەتنىڭ
زور كۆپچىلىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىش - كەلمەسلىكىگە
باغلىق. كونكرېت ئېيتقاندا، بۇ شەرتنامىنىڭ جۇڭگو مىللىي ئازاتلىق
ئۇرۇشىنىڭ مەنپەئەتىگە توقۇنۇشىدىغان - توقۇنۇشمايدىغانلىقىغا
باغلىق. مېنىڭچە، ستالىننىڭ بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سوۋېت
گۇڭچەنداڭىنىڭ 18 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان دوكلادىغا قارىغاندا،
مولوتوۋنىڭ بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي
سوۋېتىنىڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى
ئۆزىنىڭ بۇ تۈپ پرىنسىپىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ياپون - سوۋېت
ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈش ئېھتىمالى

بولغان تەقدىردىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ شەرتنامىدە ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلىش ھەربىكەتلىرىنى ھەرگىز چەكلەپ قويمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن جۇڭگو مىللى ئازاتلىقىنىڭ مەنپەئەتى ھەرگىز بىر - بىرىگە توقۇنۇش كەلمەيدۇ، بەلكى مەڭگۈ بىر. بۇنىڭدا، مىنىڭچە، زادىلا شەك - شۇبھە يوق. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قوسىغىدا غۇمى بار كىشىلەر نومىگەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلگەنلىكى ۋە ياپون - سوۋېت ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى توغرىسىدىكى سوز - چوچەكلەردىن پايدىلىنىپ، ئوت قۇيرۇغلىق قىلىپ، جۇڭگو، سوۋېت — ئىككى ئۇلۇق ئەل ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇھەببىتىگە بولگۇنچىلىك سېلىۋاتىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىدىكى سۇئىقەستچىلەر ئارىسىدىمۇ، جۇڭگودىكى تەسلىمچىلەر ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت، بۇ جىددى بىر خەۋپ، ئۇنىڭ قارا پەردىسىنى تولۇق ئېچىپ تاشلاش كېرەك. جۇڭگونىڭ ۋەيجياۋ سىياسىتى، ناھايىتى روشەنكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەيجياۋ سىياسەت بولۇشى كېرەك. بۇ سىياسەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇشنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولغان بارلىق تاشقى ياردەملەردىن ۋازكەچمەيدۇ. ھالبۇكى، تاشقى ياردەم جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان ئەھۋالدا، ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن كېلىدۇ: (1) سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىدىن؛ (2) دۇنيادىكى ھەرقايسى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى خەلقلەردىن؛ (3) دۇنيادىكى ھەرقايسى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى ئېزىلگەن مىللەتلەردىن. پەقەت مۇشۇلارلا ئىشەنچلىك ياردەم بەرگۈچىلەر. بۇلارنىڭكىدىن باشقا تاشقى ياردەملەرنى، ئىمكانىيەتلىك بولغان

تەقدىردىمۇ، قىسمەن ھەم ۋاقىتلىق ياردەم دەپلا قاراش مۇمكىن.
ئەلۋەتتە، بۇ قىسمەن ھەم ۋاقىتلىق تاشقى ياردەملەرنىمۇ قولغا
كەلتۈرۈش كېرەك، لېكىن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئارتۇقچە يولىنىۋالغىلى
بولمايدۇ، ئىشەنچلىك ياردەم دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. جاھانگىرلىك
ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەرگە قارىتا جۇڭگو قەتئىي بىتەرەپ
تۇرۇشى، ھېچقايسى تەرەپكە قاتناشماسلىقى لازىم. جۇڭگونىڭ
ئەنگلىيە ـ فرانسىيە جاھانگىرلىك سېپىگە قاتنىشىشنى قۇۋۋەتلەيدىغان
پىكىرلەر ــ تەسلىمچىلەرنىڭ پىكرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇشقا ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەم ئازاتلىقىغا پايدىسىز
بولغان پىكىر، ئۇلارنى تۈپتىن رەت قىلىش كېرەك. مەن
توختالماقچى بولغان تۆتىنچى مەسىلە ئەنە شۇ.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مەسىلەر ــ ھازىرقى ۋاقىتتا ۋەتەنداشلىرىمىز قىزغىن مۇھاكىمە قىلىشىۋاتقان مەسىلەر. ۋەتەنداشلىرىمىز
خەلقارا مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا، جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى
بىلەن جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىگە كۆڭۈل
بۆلۈۋاتىدۇ، بۇ ــ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنى كۆزلىگەنلىك، بۇ ــ ناھايىتى ياخشى
ئەھۋال. مەن يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مەسىلەر ئۈستىدىكى
بەزىبىر تۈپ كۆز قاراشلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتتۈم، نامۇۋاپىق يەرلىرى
بولسا، كىتاپخانلارنىڭ مەرھەمەت قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىت
قىلىمەن.

## ئىزاھلار

① خەلقارا ئىتتىپاق ــ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ۋە ئۆز ئارىلىرىدىكى زىددىيەتلەرنى ۋاقىتلىق كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان تەشكىلات. 1931 ـ يىلى ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ دۇڭبېينى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كېڭەيتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، 1933 ـ يىلى خەلقارا ئىتتىپاقتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى جاكالىدى؛ 1933 ـ يىلى گېرمانىيە، فاشىستلار پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى تەييارلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، خەلقارا ئىتتىپاقتىن چىقىپ كەتتى. فاشىستىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ خەۋپى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى 1934 ـ يىلى خەلقارا ئىتتىپاققا كىردى؛ شۇنداق قىلىپ، خەلقارا ئىتتىپاقنى جاھانگىرلارنىڭ دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىلىق مەسلىھەتلىشىدىغان قورالىدىن تېچلىققا پايدا يەتكۈزىدىغان قورالغا ئايلاندۇردى، 1935 ـ يىلى ئىتالىيە ھەبەشستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن خەلقارا ئىتتىپاقتىن چىقىپ كەتتى.

② سوۋېت ـ فرانسىيە ۋە سوۋېت ـ چېخوسلوۋاكىيە ئۆزئارا ياردەملىشىش كېلىشىملىرى 1935 ـ يىلى تۈزۈلگەن.

③ لويد جورج ــ ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى زىيۇداگىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ـ سوۋېت تەنپەنى ۋاقتىدا ئۇ يىغىندا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلىش تېچلىقنى رەت قىلىش بىلەن باراۋەر» دېگەن ئىدى.

④ 1939 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيە پولشىغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، پولشىنىڭ كوپ قىسىم يېرىنى بېسىۋالدى، 17 ـ كۈنى پولشا ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى چەتئەلگە قېچىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى

ئۆز تېررىتورىيىسىنى قايتۇرۇۋېلىش، ئېزىلگەن ئۇكرائىن ۋە بېلورۇس مىللەتلىرىنى ئازات قىلىش ۋە گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ شەرققە بولغان تاجاۋۇزىنى توسۇش ئۈچۈن 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پولشىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئەسكەر كىرگۈزدى.

⑤ 1939 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ ياپونىيە - «مانجۇرىيە» (قورچاق مانجۇگو) ئارمىيىسى «مانجۇرىيە» - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى نومېنگەن دېگەن جايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. سوۋېت - موڭغۇلىيە ئارمىيىسىنىڭ قەھرىمانلارچە قوغدىنىشى نەتىجىسىدە ياپونىيە - «مانجۇرىيە» ئارمىيىسى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. 9 - ئايدا موسكۋادا نومېنگەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1) ھەر ئىككى تەرەپ دەرھال ئۇرۇش توختىتىش؛ 2) ياپونىيە - «مانجۇرىيە» تەرەپ بىلەن سوۋېت - موڭغۇلىيە تەرەپ ئىككىدىن ۋەكىل تەيىنلەپ، ۋېيىۋەنخۇي تەشكىل قىلىپ، «مانجۇرىيە» بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ توقۇنۇش پەيدا بولغان جايدىكى چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ بەلگىلەش.

⑥ 1938 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا ياپونىيە ئارمىيىسى جۇڭگو - سوۋېت - چاۋشيەن چېگرىسى تۇتاشقان جايدىكى جاڭگاۋفېڭ دېگەن يەردە سوۋېت ئارمىيىسىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربىسى ئارقىسىدا ياپونىيە مەغلۇپ بولۇپ، سۈلھى تەلەپ قىلدى. 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى موسكۋادا جاڭگاۋفېڭ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى، بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپ دەرھال ئۇرۇش توختىتىش، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئايرىش ئىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئىككى ۋەكىلى بىلەن ياپونىيە - «مانجۇرىيە» تەرەپنىڭ ئىككى ۋەكىلىدىن تەشكىل قىلىنغان ئارىلاشما ۋېيىۋەنخۇي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش بەلگىلەنگەن.

# «گۇڭـچەنداڭرېن» ژۇرنلـنڭ نەشر قلنشغا بېغشلما

(1939 ـ يل 10 ـ ئاينڭ 4 ـ كۈنى)

جۇڭـياڭ پارتـيـەسـدە بر ئچـكى ژۇرنال نەشر قلشنى خېـلى بۇرۇندن پلانلاپ كەلگەن ئدى، هازر بۇ پلان ئەمەلگە ئاشقان بولدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭنى پۈتۈن مەملكەت دائرلـك، كەڭ ئاممۋلققا ئگە، ئدېيۋى، سـياسى ۋە تەشكلي جەهەتـلەردە پۈتۈنلەي مۇستەهكەملەنگەن ۋە بولشېۋكلاشقان پارتيە قلپ قۇرۇپ چقش ئۈچۈن، مۇشۇنـداق بر ژۇرنالـنڭ بولۇشى زورۇر ئدى. هازرقى پەيتتە بۇ زورۇرىـيەت تېخمۇ روشەنلشۋاتـدۇ. هازرقى پەيتنڭ خۇسۇسيەتلرى شۇكى، بر تەرەپتن، ياپون باسقۇنچلرغا قارشى مللى برلكسەپتە تەسلمچلك خەۋپى، بولۇنۇش خەۋپى ۋە ئارقىغا چېكنـش خەۋپى كۈندن ـ كۈنگە كۈچېيۋاتدۇ؛ يەنە بر تەرەپـتن، پارتـيـمز تار دائـردن چقـپ، پۈتۈن مەملـكەت مقياسدكى چوڭ پارتـيگە ئايلاندى. پارتـينڭ ۋەزپسى بولسا،

ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تەسلىمچىلىك خەۋپى، بولۇپمۇ خەۋپى ۋە ئارقىغا چېكىنىش خەۋپىنى يېڭىش ھەم تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جاۋاپ بېرىشكە تەييار تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ۋە ئىنقىلاپنى تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپىي ۋەقەلەردە كۆتۈلمىگەن زىيانلارغا ئۇچراتماسلىقتىن ئىبارەت. مۇنداق پەيتتە پارتىيىدە مۇشۇنداق بىر ئىچكى ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى، ھەقىقەتەن، ناھايىتى زورۇر ئىدى.

پارتىيىنىڭ بۇ ئىچكى ژۇرنىلىغا «گۇڭچەنداڭرېن» دەپ نام بېرىلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى نىمە؟ ئۇنىڭغا نىمىلەر يېزىلىدۇ؟ ئۇنىڭ پارتىيىمىزنىڭ باشقا گېزىت-ژۇرناللىرىدىن قانداق پەرقى بار؟

ئۇنىڭ ۋەزىپىسى: جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك، كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە، ئىدېيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن ۋە بولشېۋىكلاشقان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ياردەم بېرىش. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، پارتىيىمىزنى ئەنە شۇنداق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىنتايىن زورۇر، ئەنە شۇنداق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ جۇڭگۇەن ۋە كېڭگۇەن شەرت-شارائىتلىرىمۇ ئۇمۇمەن ھازىرلاندى، شۇنىڭدەك بۇ ئۇلۇق قۇرۇلۇش ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئۇلۇق قۇرۇلۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ياردەم بېرىش ئادەتتىكى پارتىيە گېزىتلىرى ئۈستىگە ئالالايدىغان ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس پارتىيە ژۇرنىلى بولۇشى كېرەك، «گۇڭچەنداڭرېن» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

مەلۇم دەرىجىدە ئېيتقاندا، بىزنىڭ پارتىيىمىز مەملىكەت مىقياسىدىكى بىر پارتىيە بولۇپ قالدى، ئاممىۋىلىققا ئىگە بىر پارتىيىمۇ

بولۇپ قالدى؛ شۇنىڭدەك ئۇنىڭ رەھبەرلىك تايانچلىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ مەلۇم تەركىۋىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ زۇڭلۇشيەنىدىن ئېيتقاندا ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي خىزمىتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە مۇستەھكەملەنگەن ۋە بولشېۋىكلاشقان پارتىيىمۇ بولۇپ قالدى.

ئۇنداق بولسا، ھازىر يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزنىڭ سەۋەۋى نەدە؟

بۇنىڭ سەۋەۋى شۇ يەردىكى، ھازىر بىزدە نۇرغۇن يېڭى پارتىيە ئەزالىرىدىن تەركىپ تاپقان ناھايىتى كوپ يېڭى تەشكىلاتلار بار، بۇ يېڭى تەشكىلاتلارنى تېخى كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە تەشكىلات دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلار ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە تېخى مۇستەھكەملەنگەن ئەمەس، تېخى بولشېۋىكلاشقان ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كونا پارتىيە ئەزالىرى ئالدىدىمۇ سەۋىيىنى يۇقۇرى كوتۇرۇش مەسىلىسى تۇرۇۋېتۇ، كونا تەشكىلاتلار ئالدىدىمۇ ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىن يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىش ۋە يەنىمۇ بولشېۋىكلىشىش مەسىلىسى تۇرۇۋېتۇ. پارتىيىمىز تۇرۇۋاتقان شارائىت ۋە پارتىيىمىز ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپە ھازىر ئوتمۇشتىكى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىدىكىدىن ناھايىتى زور پەرق قىلىدۇ، ھازىرقى شارائىت ئوتمۇشتىكىدىن كوپ مۇرەككەپ، ھازىرقى ۋەزىپە ئوتمۇشتىكىدىن كوپ قىيىن.

ھازىر مىللىي بىرلىكسەپ دەۋرى، بىز بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىكسەپ تۇزدۇق؛ ھازىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى، پارتىيىمىزنىڭ قۇراللىق كۈچلىرى ئالدىنقى سەپتە دوست ئارمىيە بىلەن ماسلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى دەھشەتلىك ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ؛

ھازىر پارتىيىمىز راۋاجلىنىپ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى چوڭ پارتىيىگە ئايلانىغان دەۋر، پارتىيىمىز ئەمدى ئىلگىرىكى ھالەتتە ئەمەس. ئەگەر بۇ ئەھۋاللار بىر-بىرىگە باغلاپ قارالسا، بىز ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭگو كۇڭچەنداڭنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىدىلىك، كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە، ئىدىيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن ۋە بولشېۋىكلاشقان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» ۋەزىپىسىنىڭ قانداق شەرەپلىك ۋە قانداق جىددى ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بىز ھازىر پارتىيىمىزنى ئەنە شۇنداق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىشىنى زادى قانداق ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك؟ بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدىن، پارتىيىمىزنىڭ 18 يىللىق كۈرەش تارىخىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ تارىخىغا، ئۇنىڭ 1921-يىلدىكى مەملىكەتلىك 1-قۇرۇلتىيىدىن تارتىپ ھازىرغىچە توپ-توغرى 18 يىل بولدى. بۇ 18 يىل ئىچىدە پارتىيىمىز نۇرغۇن ئۇلۇق كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. پارتىيە ئەزالىرى، پارتىيە كادىرلىرى، پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ ئۇلۇق كۈرەشلەردە ئۆزلىرىنى چېنىقتۇردى. ئۇلار ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇق غەلىبىلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى، ئىنقىلابنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتلىرىنىمۇ بېشىدىن كەچۈردى. پارتىيىمىز بۇرژۇئازىيە بىلەن مىللى بىرلىكسەپ تۈزدى، كېيىن بۇ بىرلىكسەپنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن چوڭ بۇرژۇئازىيىگە ھەم ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىغا قارشى جىددى قوراللىق كۈرەشلەر ئېلىپ باردى. يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان يەنە بۇرژۇئازىيە بىلەن مىللى بىرلىكسەپ تۈزۈلگەن دەۋردە تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئۆزىنىڭ

تەرەققىيات يولىنى جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى بىلەن بولغان ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەردە بېسىپ ئۆتتى. بۇ بىر تارىخىي خۇسۇ-سىيەت، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر ئىنقىلاپلىرى جەريانىغا خاس خۇسۇسىيەت بولۇپ، ھېچقانداق كاپىتالىستىك ئەللىڭ ئىنقىلاپ تارىخىدا بولمىغان. ئاندىن قالسا، جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېودااللىق مەملىكەت بولغانلىقى، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە تەرەققىياتى تەكشى بولمىغان مەملىكەت بولغانلىقى، يېرىم فېودااللىق ئىقتىسات ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرى كەڭ مەملىكەت بولغانلىقى جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ بولىدىغانلىقىنى، ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي دۈي-شىلىرى جاھانگىرلىك ۋە فېوداالىزىم بولىدىغانلىقىنى، ئىنقىلاپنىڭ تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى پرولېتارىيات، دېھقانلار سىنىپى ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئىنقىلاپقا مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭمۇ مەلۇم دەۋردە، مەلۇم دەرىجىدە قاتنىشىدىغانلىقىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي كۈرەش شەكلى قوراللىق كۈرەش بولىدىغانلىقىنىمۇ بەلگىلىدى. پارتىيىمىز-نىڭ تارىخىنى قوراللىق كۈرەش تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. يولداش ستالىن: «جۇڭگودا قوراللىق ئىنقىلاپ قوراللىق ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى تۇرماقتا. بۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى»[1] دېگەن ئىدى. بۇ سۆز ئىنتايىن توغرى ئېيتىلغان. بۇ خۇسۇسىيەت، يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگوغا خاس بۇ خۇسۇسىيەتمۇ كاپىتالىستىك ئەللەردە كوممۇنىستلار رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاپلار تارىخىدا

بولمىغان ياكى ئۇ ئەللەرنىڭكىدىن پەرق قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ:
(1) پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىنقىلاۋىي مىللىي بىرلىك-
سەپ تۈزۈشى ياكى بۇ بىرلىكسەپتىن مەجبۇرى بولۇنۇپ چىقىشى،
(2) ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي شەكلى قوراللىق كۈرەش بولۇشى، —
جۇڭگو بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋى جەريانىدىكى ئىككى توپ
خۇسۇسىيەت بولۇپ قالدى. بۇ يەردە پارتىيىمىزنىڭ دېخانلار سىنىپى
بىلەن ۋە پارتىيىمىزنىڭ شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىنى توپ خۇسۇسىيەت دەپ ھېسابلىمىدۇق، بۇنىڭ
سەۋەۋى: بىرىنچىدىن، بۇنداق مۇناسىۋەت دۇنيادىكى ھەرقايسى
ئەللەر كوممۇنىستلىرى ئۈچۈن پرىنسىپ جەھەتتىن ئوخشاش؛
ئىككىنچىدىن، جۇڭگودا قوراللىق كۈرەش ئېغىزغا ئېلىنىدىكەن، ئۇ،
ماھىيەتتە، دېخانلار ئۇرۇشىدۇر، پارتىيىمىزنىڭ دېخانلار ئۇرۇشى
بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتى پارتىيىمىزنىڭ دېخانلار بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىدۇر.

بۇ ئىككى توپ خۇسۇسىيەت سەۋەبىدىن، دەل ئەنە شۇ توپ
خۇسۇسىيەتلەر سەۋەبىدىن پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى، پار-
تىيىمىزنىڭ بولشېۋىكلىشىش جەريانى ئالاھىدە ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ.
پارتىيىمىزنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە غەلىبە قازىنىشى، پارتىيىمىزنىڭ
ئارقىغا چېكىنىشى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشى، پارتىيىمىزنىڭ تارىيىشى
ۋە كېڭىيىشى، پارتىيىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى —
ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە،
پارتىيىمىزنىڭ قوراللىق كۈرەش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە
باغلانماي قالمايدۇ. پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي لۇشيەنى بۇرژۇئازىيە
بىلەن بىرلىكسەپ تۈزۈش ياكى بۇ بىرلىكسەپتىن مەجبۇرى بولۇنۇپ

چىقىش مەسىلىسىنى توغرى بىرتەرەپ قىلغاندا، پارتىيىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە بولشېۋىكلىشىشى بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ؛ ئەگەر بۇرژۇئازىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ناتوغرى بىرتەرەپ قىلغاندا، پارتىيىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە بولشېۋىكلىشىشى بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىدۇ. شۇنىڭدەك، پارتىيىمىز ئىنقىلاۋىي قۇراللىق كۈرەش مەسىلىسىنى توغرى بىرتەرەپ قىلغاندا، پارتىيىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە بولشېۋىكلىشىشى بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ؛ ئەگەر بۇ مەسىلىنى ناتوغرى بىرتەرەپ قىلسا، ئۇ چاغدىمۇ پارتىيىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە بولشېۋىكلىشىشى بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىدۇ. 18 يىل مابەينىدە پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى، پارتىيىمىزنىڭ بولشېۋىكلىشىش جەريانى پارتىيىمىزنىڭ سىياسى لۇشيەنى بىلەن ئەنە شۇنداق زىچ باغلىنىپ كەلدى، پارتىيىمىزنىڭ بىرلىكسەپ مەسىلىسىنى ۋە قۇراللىق كۈرەش مەسىلىسىنى توغرى ياكى ناتوغرى بىرتەرەپ قىلغانلىقى بىلەن ئەنە شۇنداق زىچ باغلىنىپ كەلدى. بۇ ھوكۇم پارتىيىمىزنىڭ 18 يىللىق تارىخى بىلەن ناھايىتى روشەن ئىسپاتلاندى. ئىككىنچى تەرىپىنى ئېيتقاندا، پارتىيىمىز تېخىمۇ بولشېۋىكلاشسا ۋە پارتىيىمىز تېخىمۇ بولشېۋىكلاشقاندىلا، ئۇزىنىڭ سىياسى لۇشيەنىنى تېخىمۇ توغرى بىرتەرەپ قىلالايدۇ، بىرلىكسەپ مەسىلىسى بىلەن قۇراللىق كۈرەش مەسىلىسىنى تېخىمۇ توغرى بىرتەرەپ قىلالايدۇ. بۇ ھوكۇممۇ پارتىيىمىزنىڭ 18 يىللىق تارىخى بىلەن ناھايىتى روشەن ئىسپاتلاندى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرلىكسەپ مەسىلىسى، قۇراللىق كۈرەش مەسىلىسى، پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى پارتىيىمىز ئۈچۈن جۇڭگو

ئىنقىلاۋىدىكى ئۈچ تۈپ مەسىلە ئىدى. بۇ ئۈچ مەسىلىنى ۋە بۇلار-
نىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى توغرى چۈشەنگەنلىك پۈتۈن جۇڭگو
ئىنقىلاۋىغا توغرى رەھبەرلىك قىلغانلىق بىلەن تەڭ بولاتتى.
پارتىيىمىزنىڭ 18 يىللىق تارىخى داۋامىدا ئۆزىمىزنىڭ مول تەج-
رىبىلىرىمىزگە، مەغلۇپ بولۇش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئارقىغا
چېكىنىش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش، تارىيىش ۋە راۋاجلىنىش داۋامىدا
ھاسىل قىلغان چوڭقۇر ۋە مول تەجرىبىلىرىمىزگە بىنائەن، بىز بۇ
ئۈچ مەسىلە ھەققىدە توغرى خۇلاسە چىقىرالايدىغان بولۇپ قالدۇق.
يەنى بىرلىكسەپ مەسىلىسىنى توغرى بىرتەرەپ قىلالايدىغان، قۇرال-
لىق كۈرەش مەسىلىسىنىمۇ توغرى بىرتەرەپ قىلالايدىغان، پارتىيە
قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنىمۇ توغرى بىرتەرەپ قىلالايدىغان بولۇپ
قالدۇق. دېمەك، 18 يىللىق تەجرىبە بىزگە شۇنى چۈشەندۈردىكى،
بىرلىكسەپ، قۇراللىق كۈرەش، پارتىيە قۇرۇلۇشى — جۇڭگو
گۇڭچەنداڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىدا دۈشمەننى يېڭىشنى تەمىن
ئېتىدىغان ئۈچ ئەنگۈشتەر، ئۈچ ئاساسى ئەنگۈشتەر. بۇ — جۇڭگو
گۇڭچەنداڭنىڭ ئۇلۇق ئۇتۇقى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭمۇ ئۇلۇق
ئۇتۇقى.

ئەمدى بىز بۇ ئۈچ ئەنگۈشتەر، ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە ئايرىم-
ئايرىم ۋە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

18 يىل داۋامىدا جۇڭگو پۇرولېتارىياتىنىڭ جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى
ۋە باشقا سىنىپلار بىلەن بولغان بىرلىكسەپى ئۆز تەرەققىياتىدا ئوخ-
شاش بولمىغان ئۈچ خىل ئەھۋالنى، ئوخشاش بولمىغان ئۈچ باسقۇچ-
نى بېشىدىن كەچۈردى، بۇلار 1924-يىلدىن 1927-يىلغىچە بولغان
بىرىنچى ئۇلۇق ئىنقىلاپ باسقۇچى، 1927-يىلدىن 1937-يىلغىچە

بولغان يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى باسقۇچى ۋە بۇگۈنكى كۈندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ باسقۇچنىڭ تارىخى توۋەندىكى قانۇنىيەتلەرنى ئىسپاتلىدى: (1) جۇڭگودا ئەڭ ئېغىر زۇلۇم مىللى زۇلۇم بولغانلىقتىن، جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسى جاھانگىرلىككە ۋە فېودال-جۇنفالارغا قارشى كۆرەشكە مەلۇم دەۋردە ۋە مەلۇم دەرىجىدە قاتنىشىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، پرولېتارىيات بۇنداق مەلۇم دەۋردە مىللى بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىكسەپ تۈزۈشى ۋە بۇ بىرلىكسەپنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلاپ قېلىشى لازىم. (2) يەنە جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە ئاجىز بولغانلىقىدىن، ئىككىنچى بىر خىل تارىخىي شارائىتتا ئىككىلىنىدۇ، ئاينىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي بىرلىكسېپىنىڭ مەزمۇنى باشتىن-ئاخىرغىچە بىردەك بولىۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەلۇم دەۋردە مىللى بۇرژۇئازىيە ئۇنىڭغا قاتناشقان بولىدۇ، ئىككىنچى بىر دەۋردە بولسا، مىللى بۇرژۇئازىيە قاتناشمىغان بولىدۇ. (3) جۇڭگونىڭ مەيبەنلىك خاراكتېر ئالغان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى — جاھانگىرلارغا بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان ۋە ئۇلار بېقىپ ئۆستۈرگەن سىنىپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ مەيبەنلىك خاراكتېر ئالغان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى بۇرۇندىن ئىنقىلاپنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەلدى. لېكىن، جۇڭگونىڭ مەيبەنلىك خاراكتېر ئالغان چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھى بولەك-بولەك جاھانگىرلارنى ئۆزىگە ئارقا تىرەك قىلغانلىقتىن، جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكەن چاغدا، ئىنقىلاپنىڭ تىغى ئاساسەن مەلۇم بىر جاھانگىرغا قارىتىلغان چاغدا، باشقا جاھانگىرلار شىتوگىغا تەۋە چوڭ بۇرژۇئازىيە گۇرۇھلىرىمۇ

ئەنە شۇ مەلۇم جاھانگىرغا قارشى كۈرەشكە مەلۇم دەرىجىدە ۋە مەلۇم دەۋردە قاتنىشىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق مەلۇم دەۋردە، جۇڭگو پرولېتارىياتى دۈشمەننى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق چوڭ بۇرژۇئازىيە گۇرۇھلىرى بىلەن مۇمكىن بولغان بىرلىكسەپنى تۈزسە ۋە بۇ بىرلىكسەپنى ئىنقىلاپقا پايدىلىق مەلۇم شەرت ئاستىدا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلاپ قالسا بولىدۇ. (4) مەيىەنلىك خاراكتېر ئالغان چوڭ بۇرژۇئازىيە بىرلىكسەپكە قاتناشقان ۋە پرولېتارىيات بىلەن بىرلىكتە ئورتاق دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان چاغدىمۇ ناھايىتى ئەكسىيەتچى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، پرولېتارىياتنىڭ ھەم ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە راۋاجلىنىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئۇلارنى چەكلەيدۇ، ئالدامچىلىق، ئىزىقتۇرۇش، «ئېرىتىش»، زەربە بېرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بۇزغۇنچىلىق سىياسەتلىرىنى قوللىنىدۇ ھەمدە بۇ سىياسەتلەرنى ئۆزىنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشى ۋە بىرلىكسەپنى پارچىلىشىنىڭ تەييارلىقى قىلىدۇ. (5) پرولېتارىياتنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقچىسى دېھقانلاردۇر. (6) شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىمۇ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچى. بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ توغرىلىقى بىرىنچى ئۇلۇق ئىنقىلاپ دەۋرىدە ۋە يەر ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئىسپاتلىنىپلا قالماي، بەلكى ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىمۇ ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پرولېتارىياتنىڭ پارتىيىسى بۇرژۇئازىيە بىلەن (بولۇپمۇ چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن) بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى سەپ بويىچە قەتئىي ۋە جىددىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشى لازىم. بىر تەرەپتىن، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە

مەلۇم دەۋردە ۋە مەلۇم دەرىجىدە قاتنىشىشىنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئېتىۋارسىز قارايدىغان خاتالىققا قارشى تۇرۇشى لازىم. بۇنداق خاتالىق جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنى كاپىتالىستىك ئەللەر بۇرژۇئازىيىسى بىلەن ئوخشاش دەپ قاراشتا، شۇ سەۋەپتىن بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىكسەپ تۈزۈش ۋە بۇ بىرلىكسەپنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلاپ قېلىش سىياسىتىگە ئېتىۋارسىز قاراشتا ئىپادىلىنىدۇ، بۇ — «سول»چىل گۇمىنجۇيىلىق. يەنە بىر تەرەپتىن، پۇرولېتارىياتنىڭ گاگالىكى، سىياسىتى، ئىدىيىسى، ئەمەلىيىتى ۋە باشقىلىرىنى بۇرژۇئازىيىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بىر نەرسە دەپ قارايدىغان، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىرىنسىپلىق پەرقلەرگە ئېتىۋارسىز قارايدىغان خاتالىققا قارشى تۇرۇشى لازىم. بۇنداق خاتالىق بۇرژۇئازىيىنىڭ (بولۇپمۇ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ) ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە دېھقانلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى پۇرولېتارىيات بىلەن گۇڭچەنداڭغىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، پۇرولېتارىيات بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى يوقىتىشقا كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇنىدىغانلىقى، پۇرولېتارىيات بىلەن گۇڭچەنداڭنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پارتىيىلىرىنىڭ قۇيرۇغىغا ئايلاندۇرۇشقا كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇنىدىغانلىقى، ئىنقىلاپ مېۋىسىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆز گۇرۇھىغا قارىتىۋېلىشقا كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت فاكتقا ئېتىۋارسىز قاراشتا؛ ئىنقىلاپ بۇرژۇئازىيىنىڭ (بولۇپمۇ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ) ئۆز گۇرۇھىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتلىرىگە توقۇنۇشۇپ قالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت فاكتقا ئېتىۋارسىز قاراشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر

بۇ تەرەپكە ئېتىۋارسىز قارىلىدىكەن، بۇ ئۇكچىل جىخۇيجۇيىلىق بولىدۇ. پرولېتارىياتنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆز گۇرۇھىنىڭ خۇسۇسى مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش — ئوتمۇشتىكى چېن دۇشيۇ ئوكچىل جىخۇيجۇيىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى، شۇنداقلا بىرىنچى ئۇلۇق ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىغىنىڭ جۇڭگوەن سەۋەبى. جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى بۇنداق ئىككى ياقلىملىقلىغىنىڭ جۇڭگو كوكچەنداكىنىڭ سىياسى لۇشيەنىگە ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىغا بولغان تەسىرى پەۋقۇلئاددە زور، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بۇنداق ئىككى ياقلىملىقلىغىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، جۇڭگو كوكچەنداكىنىڭ سىياسى لۇشيەنىنى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو كوكچەنداكىنىڭ سىياسى لۇشيەنىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى — بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىشىش ھەم ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت سىياسى لۇشيەن. جۇڭگو كوكچەنداكىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى شۇكى، جۇڭگو كوكچەنداكى بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىشىش ھەم ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا راۋاجلانغان ۋە چېنىققان. بۇ يەردە ئېيتىلغان بىرلىشىش — بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىكەپ تۈزۈش. كۈرەش قىلىش بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلەشكەن چاغدا ئۇنىڭغا قارشى ئىدېيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىن «تىنچ»، «قان تۆكۈلمەيدىغان» كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش؛ بۇرژۇئازىيە بىلەن مەجبۇرى بۆلۈنگەن چاغدا قوراللىق كۈرەشكە ئۆتۈشتۇر. ئەگەر پارتىيىمىز مەلۇم دەۋردە بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىشىشنى بىلمىسە، پارتىيە ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ئىنقىلاپ راۋاجلىنالمايدۇ؛ ئەگەر پارتىيىمىز بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلەشكەن چاغدا، يەنە ئۇنىڭغا قارشى قەتئى

ۋە جىددى «تېچ» كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىشنى بىلمىسە، پارتىيە ئىدېيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پارچىلىنىدۇ، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئەگەر پارتىيىمىز بۇرژۇئازىيە بىلەن مەجبۇرى بولۇنگەن چاغدا، بۇرژۇئازىيىگە قارشى قەتئى ۋە جىددى قوراللىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارمىسا، ئۇ ھالدىمۇ پارتىيە پارچىلىنىدۇ، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن 18 يىللىق تارىختا ئىسپاتلانغان.

جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ قوراللىق كۈرىشى — پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى. ئۇنىڭ تارىخىنىمۇ ئۈچ باسقۇچقا بولۇش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ — بېيفا ئۇرۇشىغا قاتنىشىش. بۇ چاغدا پارتىيىمىز قوراللىق كۆرەشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى تېخى تەل-توكۇس چۈشەنمەيتتى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي كۆرەش شەكلى قوراللىق كۆرەش ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشەنمەيتتى. ئىككىنچى باسقۇچ — يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى. بۇ چاغدا پارتىيىمىز مۇستەقىل قوراللىق قوشۇن قۇرۇۋالغان، مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنى ئۆگىنىۋالغان، خەلق ھاكىمىيىتى ۋە گېنجۇيدىلەر قۇرۇۋالغان ئىدى. پارتىيىمىز ئاساسىي كۆرەش شەكلى بولغان قوراللىق كۆرەشنى باشقا نۇرغۇن زورۇر كۆرەش شەكىللىرى بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ماسلاشتۇرالايدىغان، يەنى قوراللىق كۆرەشنى ئىشچىلار كۈرىشى بىلەن، دېھقانلار كۈرىشى بىلەن (بۇ ئاساسلىقى)، ياشلارنىڭ، ئاياللارنىڭ ۋە بارلىق خەلقنىڭ كۆرەشلىرى بىلەن، ھاكىمىيەت كۈرىشى بىلەن، ئىقتىسادىي سەپتىكى كۆرەش، خائىنلارنى يوقىتىش سېپىدىكى كۆرەش، ئىدېيىۋى سەپتىكى كۆرەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش

كۆرەش شەكىللىرى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ماسلاشتۇرالايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق قۇراللىق كۆرەش دېھقانلارنىڭ پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى يەر ئىنقىلاۋى كۆرىشى ئىدى. ئۈچىنچى باسقۇچ — ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ئۆتكەن بىرىنچى باسقۇچتىكى، بولۇپمۇ ئىككىنچى باسقۇچتىكى قۇراللىق كۆرەشلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنالايمىز، قۇراللىق كۆرەش شەكلىنى باشقا ھەرخىل زورۇر كۆرەش شەكىللىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇش تەجرىبىسىدىن پايدىلىنالايمىز. قۇراللىق كۆرەش دېگەن ئۇمۇمى ئۇقۇم ھازىرقى ۋاقىتتا پارتىزان ئۇرۇشى دېگەن مەنىنى بىرىدۇ②. پارتىزان ئۇرۇشى دېگەن نېمە؟ ئۇ — قالاق ئەللەردە، يېرىم مۇستەملىكە چوڭ ئەللەردە خەلق قۇراللىق قوشۇنلىرىنىڭ قۇراللىق دۈشمەننى يېڭىش، ئۆز جېندىسىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتكىچە تايىنىشى زورۇر بولغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەڭ ياخشى بولغان كۆرەش شەكلى. پارتىيىمىزنىڭ سىياسى لۇشيەنى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى تا ھازىرغىچە مۇشۇ كۆرەش شەكلى بىلەن زىچ باغلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. قۇراللىق كۆرەشتىن ئايرىلىپ تۇرۇپ، پارتىزان ئۇرۇشىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ، سىياسى لۇشيەنىمىزنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىنىمۇ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ سىياسى لۇشيەنىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى — قۇراللىق كۆرەش. 18 يىلدىن بۇيان پارتىيىمىز قۇراللىق كۆرەشنى پەيدىن-پەي ئۆگىنىۋالدى ۋە قەتئى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بىز شۇنى چۈشەندۇقكى، جۇڭگودا قۇراللىق كۆرەشتىن ئايرىلىپ قالغاندا، پرولېتارىياتنىڭ ئورنى بولمايدۇ، خەلقنىڭ ئورنى بولمايدۇ، گوڭچەنداڭنىڭ ئورنى

بولمايدۇ، ئىنقىلاپىنىڭ غەلىبىسى بولمايدۇ. 18 يىلدىن بۇيان پارتىيىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە بولشېۋىكلاشتۇرۇش ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش داۋامىدا ئېلىپ بېرىلدى، قۇراللىق كۈرەش بولمىغاندا، بۈگۈنكى گۆكچەنداڭ بولمىغان بولاتتى. قان بەدىلىگە كەلگەن بۇ تەجرىبىنى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئەستىن چىقارماسلىقى لازىم.

پارتىيە قۇرۇلۇشى جەريانى، پارتىيىنىڭ راۋاجلىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە بولشېۋىكلىشىش جەريانىمۇ، ئوخشاشلا، ئۈچ باسقۇچلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بىرىنچى باسقۇچ — پارتىيىنىڭ گودەكلىك دەۋرى. بۇ باسقۇچنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە پارتىيىنىڭ لۇشيەنى توغرى بولدى، پارتىيە ئەزالىرى ئاممىسىنىڭ ۋە پارتىيە كادىرلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقى ناھايىتى يۇقۇرى بولدى، شۇڭا بىرىنچى ئۇلۇق ئىنقىلاپىنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن بۇ چاغدىكى پارتىيە، ھەرھالدا، گودەك پارتىيە ئىدى، بىرلىكسەپ، قۇراللىق كۈرەش ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ توپ مەسىلىدە تەجرىبىسىز پارتىيە ئىدى، جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئانچە كوپ بىلمەيدىغان پارتىيە ئىدى، ماركسىزىم-لېنىنىزىم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىيىتى ھەققىدە تېخى مۇكەممەل، بىر پۈتۈن چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان پارتىيە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىدا ھوكۇمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغانلار بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، بۇ باسقۇچنىڭ جىددىي پەيتىدە پۈتۈن پارتىيىنى ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەشكە باشلاپ

ماگالمىدى، بۇرژۇئازىيىگە ئالدىنىپ كېتىپ، ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. بۇ باسقۇچتا پارتىيە تەشكىلاتلىرى راۋاجلاندى، ئەمما مۇستەھكەملەنمىدى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە كادىرلىرى ئىدىيىۋى، سىياسى جەھەتلەردىن قەتئىيلەشتۇرۇلمىدى. يېڭى پارتىيە ئەزالىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى، لېكىن ئۇلارغا تېگىشلىك ماركسىزىم-لېنىنىزىملىق تەربىيە بېرىلمىدى. خىزمەت تەجرىبىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، لېكىن ئوبدان خۇلاسىلانمىدى. پارتىيىگە نۇرغۇن پۇرسەتپەرەسلەر كىرىۋالغان ئىدى، لېكىن ئۇلار تازىلىنىۋېتىلمىدى. پارتىيىمىز دۈشمەنلەرنىڭ ۋە ئىتتىپاقچىلارنىڭ سۇيىقەست ۋە ھىلە-مىكىرلىرى مۇھاسىرىسىدە تۇراتتى، لېكىن ھوشيارلىق بولمىدى. پارتىيە ئىچىدە نۇرغۇن ئاكتىپلار مەيدانغا چىققان ئىدى، لېكىن پارتىيىنىڭ مۇستەھكەم تايانچلىرىدىن بولۇپ يېتىشىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. پارتىيىمىزنىڭ قولىدا بىر تۈركۈم ئىنقىلاۋىي قوراللىق كۈچلەر بار ئىدى، ئەمما تۇتۇپ تۇرالمىدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى تەجرىبىسىزلىكتىن، ئىنقىلاپ توغرىسىدا چوڭقۇر تونۇش كەم بولغانلىقتىن، ماركسىزىم-لېنىنىزىم نەزەرىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تېخى ماھىر بولمىغانلىقتىن يۈز بەردى. بۇ — پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. ئىككىنچى باسقۇچ — يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى باسقۇچى. بىرىنچى باسقۇچنىڭ تەجرىبىلىرى بولغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ تارىخي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائى ئەھۋالى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچە يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقتىن، كادىرلىرىمىز ماركسىزىم-لېنىنىزىم نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ كۆپ ئۆزلەشتۈرگەن، ماركسىزىم-لېنىنىزىم نەزەرىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ

ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تېخىمۇ كۆپ ئۆگىنىۋالغانلىقتىن، پارتىيىمىز 10 يىللىق يەر ئىنقىلاۋى كۈرىشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ باردى. بۇرژۇئازىيە ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىمىز دۈشمەنلەرگە چىڭ يۆلىنىپ تۇرالىدى. پارتىيە تەشكىلاتلىرى يېڭى-ۋاشتىن راۋاجلىنىپلا قالماي، بەلكى مۇستەھكەملەندى. دۈشمەنلەر ھەركۈنى پارتىيىمىزگە يوشۇرۇن زىياندا شلىق قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىمىز بۇنداق يوشۇرۇن زىيانداشلىق قىلغۇچى ئۇنسۇر-لارنى قوغلاپ چىقاردى. پارتىيە ئىچىدە نۇرغۇنلىغان كادىرلار يېڭىۋاشتىن مەيدانغا چىقتى، بەلكى ئۇلار پارتىيىنىڭ ئاساسىي تايانچىلىرى بولۇپ قالدى. پارتىيىمىز خەلق ھاكىمىيىتى يولىنى ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش-خەلقنى خاتىرجەم قىلىش سەنئىتىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. پارتىيىمىز قۇدرەتلىك قۇراللىق قوشۇن قۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش سەنئىتىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ زور تەرەققىياتى ۋە زور مۇۋەپ-پەقىيىتى. لېكىن، بىر قىسىم يولداشلار بۇ ئۇلۇق كۈرەش داۋامىدا جىخۇيىجۇيى ئازگىلىغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى ياكى چۈشۈپ چىقتى، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەرنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆزلەشتۈرمىگەنلىكى، جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، جۇڭگو ئىنقىلا-ۋىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكى، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىيىتى ھەققىدە بىر پۈتۈن چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغانلىقىدىن بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر مۇشۇ پۈتۈن بىر باسقۇچ جەريانىدا توغرى سىياسى لۇشيەن ۋە تەشكىلىي لۇشيەننى

ئىگەللەپ بارالمىدى. پارتىيە ۋە ئىنقىلاب بىر مەزگىلدە يولداش
لى لىسەننىڭ «سول»چىل جىنخۇيجۇيىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى، يەنە
بىر مەزگىلدە بولسا، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتىكى «سول»چىل جىنخۇيجۇيى-
نىڭ ۋە ئاق رايون خىزمىتىدىكى «سول»چىل جىنخۇيجۇيىنىڭ زىيىنىغا
ئۇچرىدى. پەقەت زۇنيى يىغىنى (1935 - يىل 1 - ئايدا گۇيجۇ ئۆل-
كىسىنىڭ زۇنيى شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭيياڭ جېڭجۈجۈي يىغىنى)
دىن كېيىنلا، پارتىيىمىز بولشېۋىكلىشىش يولىغا ئۇزۇل - كېسىل قەدەم
قويدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا جاڭ گوتاۋنىڭ ئوڭچىل جىنخۇيجۇيىسىنى
يېڭىشنىڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش-
نىڭ ئاساسىنى ئورناتتى. بۇ — پارتىيىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ
ئىككىنچى باسقۇچى. پارتىيىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئۈچىنچى
باسقۇچى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ باسقۇچى.
بۇ باسقۇچنىڭ باشلانغىنىغا 3 يىل بولدى، بۇ 3 يىللىق كۈرەش
ئىنتايىن ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىمىز ئۆتكەنكى ئىككى
ئىنقىلاب باسقۇچىدىكى تەجرىبىلەرگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ تەشكىلىي
كۈچى ۋە قۇراللىق كۈچىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى
ئارىسىدىكى يۈكسەك سىياسىي ئىناۋىتىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ماركس-
ىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى
ھەققىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ بىر پۈتۈن چۈشەنچىسىگە تايىنىپ،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى قۇرۇش بىلەنلا
قالماي، بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇشنىمۇ ئېلىپ
باردى. پارتىيىمىز تەشكىلىي جەھەتتە تار دائىرىدىن چىقىپ، پۈتۈن
مەملىكەت مىقياسىدىكى چوڭ پارتىيىگە ئايلاندى. پارتىيىمىزنىڭ
قۇراللىق كۈچلىرىمۇ ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە يېڭىۋاشتىن

زورايدى ۋە يەنىمۇ كۈچەيدى. پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىچىدىكى تەسىرى تېخىمۇ كېڭەيدى. بۇلار ئۇلۇق مۇۋەپپەقىيەتلەر. لېكىن، كوپلىگەن يېڭى پارتىيە ئەزالىرى تېخى تەربىيىلەنمىدى، نۇرغۇن يېڭى تەشكىلاتلار تېخى مۇستەھكەملەنمىدى، ئۇلار بىلەن كونا پارتىيە ئەزالىرى ۋە كونا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا تېخى ناھايىتى چوڭ پەرق بار. كوپلىگەن يېڭى پارتىيە ئەزالىرى ۋە يېڭى كادىرلار تېخى يېتەرلىك ئىنقىلاب تەجرىبىسىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلار جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېخى چۈشەنمەيدۇ ياكى ئانچە چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىيىتى ھەققىدە تولۇق ۋە بىر پۈتۈن چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىغا تېخى خېلى بار. ئىلگىرى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە، جۇڭياڭ گەرچە: «دادىل راۋاجلاندۇرۇش، لېكىن بىرمۇ بۇزۇق ئونسۇرنىڭ كىرىۋېلىشىغا يول قويماسلىق» شوئارىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما، ئەمەلىيەتتە، پارتىيىگە بىرمۇنچە پۇرسەتپەرەسلەر ۋە دۈشمەن ئېۋەتكەن يوشۇرۇن زىيانداشلىق قىلغۇچى ئونسۇرلار كىرىۋالدى. گەرچە بىرلىكسەپ قۇرۇلغان ۋە 3 يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇرژۇئازىيە، بولۇپمۇ چوڭ بۇرژۇئازىيە ھەر سائەت-ھەر مىنۇت پارتىيىمىزگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ؛ چوڭ بۇرژۇئازىيە تەسلىمچىلىرى ۋە جاھىللىرى قوماندانلىق قىلغان جىددى سۈركىلىشلەر كۈرىشى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بولۇۋاتىدۇ؛ گۇڭچەنداڭغا قارشى سۇرەن-شاۋقۇنلار داۋاملىق كوتىرىلىۋاتىدۇ. چوڭ بۇرژۇئازىيە تەسلىمچىلىرى ۋە جاھىللىرى

ئەنە شۇلارنى ياپون جاھانگىرلىگىگە تەسلىم بولۇش، بىرلىكسەپنى بولۇپ تاشلاش ۋە جۇڭگونى ئارقىغا چېكىندۇرۇشنىڭ تەييارلىقى قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىدىيە جەھەتتىن كوممۇ-نىزىمنى «ئېرىتىش»كە، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن كوممۇنىستلاردىن كۆكچەنداڭنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، چېگرا رايونلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، پارتىيىمىزنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنى ئەمەلدىن قال-دۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، شۈبھىسىزكى، ئەنە شۇنداق تەسلىمچىلىك، بولۇنۇش ۋە ئارقىغا چېكىنىش خەۋپىنى تۈگىتىپ، مىللىي بىرلىكسەپنى، گومىنداڭ - گۇڭ-چەنداڭ ھەمكارلىقىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلاپ قېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى، ئىتتىپاقلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنى ۋە ئالغا بېسىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈ-رۈشتىن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جاۋاپ بېرىشكە تەييار تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ۋە ئىنقىلاپنى تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپىي ۋەقەلەردە كۆڭۈل-مىگەن زىيانلارغا ئۇچراتماسلىقتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تەسلىمچىلىككە قارشى، بولۇنۇشكە قارشى ۋە ئارقىغا چېكىنىشكە قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىنىشى پۈتۈن پارتىيىنىڭ تىرىشىشىغا، بارلىق پارتىيە ئەزالى-رىنىڭ، پارتىيە كادىرلىرىنىڭ ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىگىلىمەي - پۇكۇلمەي، تىنىمسىز زور غەيرەت بىلەن كۈرەش قىلىشىغا باغلىق. ئىشىنىمىزكى، 18 يىللىق

تەجرىبىگە ئىگە جۇڭگو گۇڭچەندانگى ئۇزىنىڭ تەجرىبىلىك كونا ئەزالىرى، كونا كادىرلىرى بىلەن يېڭى ھاياتىي كۈچكە ۋە كوتۇرەڭگۈ روھقا ئىگە يېڭى ئەزالىرى، يېڭى كادىرلىرى بىرلىكتە كۈچ چىقىردۇاتقان ئەھۋالدا، ئۇزىنىڭ بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كوچۇرگەن ۋە بولشېۋىكلاشقان جۇڭگو بىلەن يەرلىك تەشكىلاتلىرى بىرلىكتە كۈچ چىقىرىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇزىنىڭ قۇدرەتلىك قۇراللىق كۈچلىرى بىلەن ئىلغار خەلق ئاممىسى بىرلىكتە كۈچ چىقىرىۋاتقان ئەھۋالدا، بۇ مەقسەتكە يېتىشى مۇمكىن.

پارتىيىمىز 18 يىل ئىچىدە باشتىن كوچۇرگەن ئاساسىي سەرگۇزەشتىلەر ۋە دۇچ كەلگەن ئاساسىي مەسىلىلەر ئەنە شۇلار.

18 يىللىق تەجرىبە بىزگە شۇنى كورسەتتىكى، بىرلىكسەپ بىلەن قۇراللىق كۇرەش — دۇشمەننى يېڭىشنىڭ ئىككى تۇپ قۇرالى. بىرلىكسەپ — قۇراللىق كۇرەش ئېلىپ بارىدىغان بىرلىكسەپ. پارتىيە تەشكىلاتى بولسا، بىرلىكسەپ بىلەن قۇراللىق كۇرەشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى قۇرالنى ئۇز قولىدا تۇتۇپ، دۇشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان قەھرىمان جەڭچى. بۇ ئۇچىنىڭ ئۇزئارا مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق.

بۇگۇنكى كۇندە بىز پارتىيىمىزنى قانداق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك؟ قانداق قىلغاندا «جۇڭگو گۇڭچەنداڭنى پۇتۇن مەملىكەت دائىرىلىك، كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە، ئىدېيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۇتۇنلەي مۇستەھكەملەنگەن ۋە بولشېۋىكلاشقان پارتىيە قىلىپ» قۇرۇپ چىقىقىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى پارتىيىمىزنىڭ تارىخىنى كوزدىن كوچۇرسەكلا چۇشىنىۋالالايمىز؛ پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى بىرلىكسەپ مەسىلىسى بىلەن، قۇراللىق

كۈرەش مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىشىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىش مەسىلىسى بىلەن، 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيە قەتئىي داۋام قىلدۇرۇۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى مەسىلىسى بىلەن ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيىدىلەر قۇرۇش مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساقلا چۈشىنەلەيمىز.

ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى ھەققىدىكى بىر پۈتۈن چۈشەنچىگە ئاساسەن، 18 يىللىق تەجرىبىلەرنى ۋە ھازىرقى يېڭى تەجرىبىلەرنى توپلاپ پۈتۈن پارتىيىگە يەتكۈزۈپ، پارتىيىنى پولاتتەك چىڭىتىپ، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ــــ بۇلار بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

## ئىزاھلار

① ستالىن. «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا» دىن ئېلىنغان.

② يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە، جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى قوراللىق كۈرەش دىگەن ئومۇمى ئۇقۇم پارتىزان ئۇرۇشى دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ، دەپ تەرىپلەپ، ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشتىن تارتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىچە ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەيدۇ. ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى پارتىزان ئۇرۇشى ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا قىزىل ئارمىيە كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، پارتىزان ئۇرۇشى پارتىزانلىق خاراكتېر ئالغان يۆنىلىشتىكى ھەرىكەتچان ئۇرۇش،

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تەبىرى بويىچە، يۇقۇرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن پارتىزان ئۇرۇشىدۇر). لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، دۈشمەن ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، پارتىزانلىق خاراكتېر ئالغان بۇ يۇندۇڭچەن يەنە پارتىزان ئۇرۇشىغا ئايلاندى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پارتىيە ئىچىدە ئوڭچىل جىخۇيجۇيىلىق خاتالىقىنى ئوتكۈزگەن يولداشلار پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان پارتىزان ئۇرۇشىغا سەل قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەڭ قىلىشىغا باغلىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ جەڭلىۋى مەسىلىسى»، «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «ئۇرۇش ۋە جەڭلىۋى مەسە-لىسى» دېگەن ئەسەرلىرىدە ئۇنداق قاراشقا رەددىيە بەردى، بۇ ئەسەردە بولسا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قوراللىق كۈرىشى ئۇزاق ۋاقىتقىچە پارتىزان ئۇرۇشى شەكلىنى ئالغانلىقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى نەزىرىيىۋى جەھەتتىن يەكۈنلىدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق كۈرەش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە، بولۇپمۇ ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىگە يەتكەندە، ئىنقىلاپ كۈچلىرىدە يېڭى ئوسۇشلەر ۋە دۈشمەن ئەھۋالىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى پارتىزان ئۇرۇشىدىن مۇنتىزىم ئۇرۇشقا ئايلاندى؛ ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا بولسا، تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، نۇرغۇن ئېغىر قوراللارنى ئىشلىتىدىغان ۋە مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ بىڭتۇەنلەر ئۇرۇشىغا ئايلاندى.

# هازرقى ۋەزيەت ۋە پارتييىنڭ ۋەزىپىسى*

**(1939-يل 10-ئاينڭ 10-كۈنى)**

1. جاهانگرلك دۇنيا ئۇرۇشنڭ پارتلشغا جاهانگر دولەت-لەرنڭ يېڭى ئقتسادي ۋېيجى ۋە سياسى ۋېيجىدن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغانلغى سەۋەپ بولدى. ئۇرۇش خاراكتېر جەهەتتن، گېرما-نيە تەرەپتە بولسۇن ياكى ئەنگليە-فرانسيە تەرەپتە بولسۇن، ئادالەتسز ئۇرۇش، بۇلاڭچلق ۋە جاهانگرلك ئۇرۇشدۇر. پۈتۈن دۇنيادكى گۇڭچەنداڭلار بۇنداق ئۇرۇشقا قەتئي قارشى تۇرۇشى، شېخۇي-منجۇداڭلارنڭ بۇنداق ئۇرۇشنى همايە قلپ، پۈرولېتارياتنى ساتقان جنايى هەركتگە قارشى تۇرۇشى كېرەك. سوتسيالستك سوۋېت ئتتپاقى ئۆزنڭ تېچلق سياستنى ئاۋال-قدەكلا قەتئي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇرۇشقۇچى هەر ئككى تەرەپكە قارتا قەتئي بتەرەپ تۇردى، پولشغا ئەسكەر كرگۈزۈش هەركتى بلدن گېرمانيە تاجاۋۇزچى كۈچلرنڭ شەرققە قاراپ كېڭيشنى

توستى، شەرقىي ياۋروپانىڭ تېچلىقىنى مۇستەھكەملىدى، پولشا ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئېزىلگەن غەربىي ئۇكرائىنا ۋە غەربىي بېلوروسىيەدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنى ئازات قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، خەلقارا ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلۈشى ئېھتىمال بولغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆز ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن تۈرلۈك شەرتنامىلەرنى تۈزدى ۋە دۇنيا تېچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتىدۇ.

2. ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ يېڭى خەلقارا ۋەزىيەتتىكى سىياسىتى، كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ خەلقارادىكى تەۋەككۇلچىلىك ھەرىكەتلىرىنى كېڭەيتىشكە ھازىرلىق كۆرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قەستىدە قوللانغان فاڭجېنى مۇنداق:

1) بېسىۋالغان رايونلارغا قاراتقىنى — بۇ رايونلارنى مەھكەم ساقلاپ، ئۇنى پۈتۈن جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىشنىڭ تەييارلىقى قىلىش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان گېنجۈيدىلىرىنى «تازىلاش»قا، ئىقتىسادىي بايلىقلارنى ئېچىش ۋە قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇشقا، جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي روھىنى يوقىتىشقا توغرى كېلىدۇ.

2) بىزنىڭ ئارقا سېپىمىزگە قاراتقىنى — سىياسىي ھۇجۇمنى ئاساس قىلىش، ھەربىي ھۇجۇمنى ياردەمچى قىلىش. سىياسىي ھۇجۇم دىققەت-ئېتىۋارنى كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھۇجۇم يۈرگۈزۈشكە قاراتماستىن

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان جۇڭگو جۇڭيانىڭ قارارى.

بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنى بولۇۋېتىشكە، گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى بۇزۇشقا ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشقا قارىتىلغان ئىبارەت.

ھازىرقى مەزگىلدە دۈشمەن جۇڭگونىڭ ئۆتكەن ئىككى يىلدىن ئۇشۇقراق ۋاقىت ئىچىدە قەھرىمانلىق بىلەن ئېلىپ بارغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ۋە مالىيە كۈچى يېتىشمەيۋاتقاچقا، ئۇنىڭ ئوتتۇرىدا ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلغىنىغا ئوخشاش كەڭ كولەملىك جەنلۇبىلۇك ھۇجۇم ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئىمكانىيىتى ئانچە قالمىدى. مۇشۇ مەنىدە ئېيتقاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جەنلۆبىلۇك تىركىشىش باسقۇچى ئاساسىي جەھەتتىن يېتىپ كەلدى. بۇنداق جەنلۇبىلۇك تىركىشىش باسقۇچى قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىش باسقۇچى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بىرىنچىدىن، تىركىشىش ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن يېتىپ كەلدى، دېگىنىمىزدە دۈشمەننىڭ يەنە بەزى جەنىيى دائىرىلىك ھۇجۇملارنى قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز؛ دۈشمەن ھازىر چاڭشاغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە يەنە باشقا بىرقانچە جايلارغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ئۇدۇل تەرەپتە تىركىشىش ئىمكانىيىتى كۆپەيگەنسېرى، دۈشمەن بىزنىڭ پارتىزان گېنجۇيدىلىرىمىزگە قاراتقان «تازىلاش» ئۇرۇشىنى كۈچەيتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەگەر جۇڭگو دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلارنى بۇزۇپ تاشلىيالمىسا، دۈشمەننىڭ ئۆزى بېسىۋالغان رايونلارنى مەھكەم ساقلاپ قېلىش، ئۆزى بېسىۋالغان رايونلارنى باشقۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە يول قويسا؛ شۇنىڭدەك ئەگەر جۇڭگو دۈشمەننىڭ سىياسىي ھۇجۇمىنى چېكىندۈرەلمىسە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئالغا بېسىشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق قايتۇرما ھۇجۇمغا كۈچ ھازىرلىيالمىسا ياكى گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئۆزلىكىدىن تەسلىم بولسا؛ ئۇ ھالدا، كەلگۈسىدە دۈشمەننىڭ كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى يەنىلا بولىدۇ. دېمەك، يېتىپ كەلگەن ئىركىنىش ۋەزىيىتىنىڭ دۈشمەن ۋە تەسلىمچىلەر تەرىپىدىن بۇزۇلۇش ئېھتىمالى يەنىلا بولىدۇ.

3. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپتىكى تەسلىمچىلىك خەۋپى، بولۇنۇش خەۋپى ۋە ئارقىغا چېكىنىش خەۋپى ھېلىمۇ ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى ئەڭ زور خەۋپ، ھازىرقى ۋاقىتتا يۈزبېرىۋاتقان گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ھادىسىسى ۋە ئارقىغا چېكىنىش ھادىسىسى ھېلىمۇ چوڭ پومېشچىك-چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسلىم بولۇشقا ھازىرلىنىش يولىدىكى قەدىمى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھېلىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ «7-ئىيۇل خىتابنامىسى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش-تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش»، «ئىتتىپاقلىقنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش-بولۇنۇشكە قارشى تۇرۇش»، «ئالغا بېسىشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش-ئارقىغا چېكىنىشكە قارشى تۇرۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسى شوئارنى ھەقىقى رەۋىشتە ئىجرا قىلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا كۈچ ھازىرلاش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەننىڭ «تازىلاش»لىرىنى يېڭىش، دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلارنى بۇزۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەڭ خەلق ئاممىسىغا پايدىلىق

بولغان كەسكىن سىياسى ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈش لازىم. ئۈدۈل تەرەپتە ھەربىي مۇداپىئەلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ يۈرگۈزۈنى ئېھتىمال بولغان ھەرقانداق جەڭنى دائىرىلىك ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈش لازىم. ئۆزىمىزنىڭ ئارقا سېپىمىزدە سىياسى ئىسلاھاتنى تېزلىك بىلەن ۋە ئىخلاس بىلەن يۈرگۈزۈپ، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئاياقلاشتۇرۇش، خەلق ئىرادىسىگە ھەقىقى ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە ھاكىمىيەت كۈچىگە ئىگە بولغان گومىنداخۇينى چاقىرىش، شىيەنفا تۈزۈپ چىقىش ۋە شىيەنجىڭنى يولغا قويۇش لازىم. بۇنىڭ ئەكسى بولغان ھەرقانداق فاڭجېن، ھەرقانداق ئارىسالدىلىق ۋە سورەلمىلىك — ھەممىسى مۇتلەق خاتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرى ۋە بارلىق يولداشلار، تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان، جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا زىيان يەتكۈزىدىغان تاسادىپى ۋەقەلەرگە جاۋاپ بېرىشكە تەييار تۇرۇپ، پارتىيە ۋە ئىنقىلاپنى تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپى ۋەقەلەردە كۈتۈلمىگەن زىيانلارغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، ھازىرقى ۋەزىيەتكە بولغان ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ، پارتىيىمىزنى، پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى ئارمىينى ۋە ھاكىمىيەتنى ئىدىيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلى جەھەتلەردە پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇستەھكەملىشى كېرەك.

# زىيالىلارنى كوپلەپ جەلپ قىلىش توغرىسىدا*

**(1939 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)**

1. ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە دەھشەتلىك مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇشتا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشتە گۇڭچەندانىڭ زىيالىلارنى جەلپ قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇشنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرالايدۇ، مىليونلىغان دىخانلار ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرالايدۇ، ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ۋە ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپنى راۋاجلاندۇرالايدۇ. زىيالىلار قاتناشمىسا، ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

2. ئۈچ يىلدىن بۇيان پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىز زىيالىلارنى جەلپ قىلىش جەھەتتە خېلى تىرىشچانلىق كورسەتتى، كوپلىگەن ئىنقىلاۋىي زىيالىلارنى پارتىيىگە، ئارمىيىگە، ھوكۇمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋە ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ باردى، بىرلىكسەپنى راۋاجلاندۇردى، بۇ — چوڭ بىر ئۇتۇق. لېكىن

ئارمىيىدىكى بىرمۇنچە كادىرلار زىيالىيلارنىڭ مۇھىملىقىغا تېخى ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ، ئۇلاردا زىيالىيلاردىن قورقىدىغان، ھەتتا زىيالىيلارنى چەتكە قاقىدىغان روھىي ھالەت تېخى مەۋجۇت. بىز قۇرغان بىرمۇنچە مەكتەپلەر ياش ئوقۇغۇچىلارنى دادىللىق بىلەن كۆپلەپ قوبۇل قىلىشقا تېخى جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. بىرمۇنچە يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى زىيالىيلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشنى تېخى خالىمايۋاتىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى زىيالىيلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلار ئۈچۈن مۇھىملىقىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى زىيالىيلار بىلەن كاپىتالىستىك ئەللەردىكى زىيالىيلارنىڭ پەرقىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، پومېشچىكلار ۋە بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن ئىشلەيدىغان زىيالىيلار بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان زىيالىيلارنىڭ پەرقىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، بۇرژۇئا پارتىيىلىرىنىڭ زىيالىيلارنى بىز بىلەن جان تىكىپ تالىشىۋاتقانلىقىنىڭ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭمۇ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن جۇڭگو زىيالىيلىرىنى سېتىۋېلىۋاتقان ۋە بىخۇتلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، بولۇپمۇ پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ مۇستەھكەم تايانچىلارنى يېتىشتۈرۈپ ئالغانلىقى ۋە زىيالىيلارنى باشقۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت پايدىلىق شەرت - شارائىتلارنى چۈشەنمىگەنلىكتىن بولغان.

3. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنۇلارغا دىققەت قىلىش لازىم: (1) پارتىيىمىزنىڭ بارلىق ئۇرۇش رايونلىرىدىكى تەشكىلاتـ

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يازغان جۇڭگو جۇڭيائىنىڭ قارارى.

لىرى ۋە پارتىيىمىزنىڭ بارلىق قوشۇنلىرى زىيالىيلارنى ئارمىيىمىزگە، مەكتەپلىرىمىزگە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە كۆپلەپ جەلپ قىلىشى لازىم. پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان، بىرقەدەر سادىق ۋە بىرقەدەر چىداملىق بولغانلىكى زىيالىيلارنى ھەر تەرەپتىن جەلپ قىلىپ ۋە تەربىيىلەپ، ئۇرۇش داۋامىدا ۋە خىزمەت داۋامىدا چېنىقتۇرۇپ، ئارمىيە ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۈچۈن، ئاممە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك ھەمدە كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، پارتىيىگە كىرىش شەرتىنى ھازىرلىغان بىر قىسىم زىيالىيلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش لازىم. پارتىيىگە كىرەلمەيدىغان ياكى پارتىيىگە كىرىشنى خالىمايدىغان بىر قىسىم زىيالىيلار بىلەنمۇ ئوبدان ئورتاق خىزمەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۇلارنى بىز بىلەن بىللە ئىشلەشكە باشلاش لازىم. (2) بۇنداق كۆپلەپ جەلپ قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەندە، شەك ـ شۈبھىسىزكى، دۈشمەن ۋە بۇرژۇئا پارتىيىلىرى كىرگۈزمەكچى بولغان ئۇنسۇرلارنى رەت قىلىشقا، سادىق بولمىغان ئۇنسۇرلارنى رەت قىلىشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنداق ئۇنسۇرلارنى رەت قىلىشتا جىددى پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم. بۇنداق ئۇنسۇرلارنىڭ پارتىيىمىزگە، ئارمىيىمىزگە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمىزغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغانلىرىنى بولسا، ھەقىقى دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ، قەتئى ۋە پەرقلىق ھالدا قوغلاپ چىقىرىش لازىم. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بىرقەدەر سادىق بولغان زىيالىيلاردىن گۇمانلانماسلىق كېرەك؛ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ياخشى ئادەملەرگە زىيانداشلىق قىلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. (3) ئازدۇر ـ كۆپتۇر كېرەكلىك بولغان ۋە بىرقەدەر سادىق بولغان بارلىق زىيالىيلارغا مۇۋاپىق خىزمەت بېرىش، ئۇلارنى ئوبدان تەربىيىلەش، ئۇلارنى

باشلاپ مېڭىش لازىمكى، ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى ئاستا ـ ئاستا تۈگىتىپ، ئىنقىلاۋىلاشسۇن ۋە ئاممىۋىلاشسۇن، كونا پارتىيە ئەزالىرى ۋە كونا كادىرلار بىلەن ئۆز بولۇشۇپ كەتسۇن، ئىشچى ـ دېخان پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئۆز بولۇشۇپ كەتسۇن. (4) زىيالىلارنى خىزمەتكە قاتناشتۇرۇشقا قارشى تۇرىدىغان بىر قىسىم كادىرلارغا، بولۇپمۇ ئاساسىي قوشۇنلاردىكى بەزى كادىرلارغا ھەقىقى رەۋىشتە چۈشەنچە بېرىپ، ئۇلارنى زىيالىلارنى خىزمەتكە قاتناشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىدىغان قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشچى ـ دېخان كادىرلارنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەقىقى تۈردە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئىشچى ـ دېخان كادىرلارنى زىيالىلاشتۇرۇش بىلەن زىيالىلارنى ئىشچى ـ دېخانلاشتۇرۇش بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى لازىم. (5) گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلار بىلەن ياپون قاراقچىلىرى بېسىۋالغان رايونلارغىمۇ يۇقۇرىدىكى پىرىنسىپلار ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋاپىق كېلىدۇ، لېكىن زىيالىلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ساداقەتلىك دەرىجىسىگە تېخىمۇ كۆپ دىققەت قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تېخىمۇ پۇختا بولۇشىنى تەمىن ئېتىش لازىم. بىزگە خەيرىخاھلىق قىلغۇچى پارتىيە سىرتىدىكى كەڭ زىيالىلارغا كەلسەك، ئۇلار بىلەن مۇۋاپىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە دېموكراتىيە يولىدىكى ئۇلۇق كۈرەشلەرگە، مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ۋە بىرلىكسەپ خىزمىتىگە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك.

4. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار چۈشىنىشى كېرەككى، زىيالىلار ھەققىدىكى توغرى سىياسەت ــ ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ

مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى. پارتىيىمىز يەر ئىنقىلاۋى ئېلىپ بارغان
مەزگىلدە بىرمۇنچە جايلار ۋە بىرمۇنچە قوشۇنلارنىڭ زىياللارغا
تۇتقان ناتوغرى پوزىتسىيىسى بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز تەكرارلانماس-
لىقى لازىم؛ پۇرولېتارىياتنىڭ ئۆز زىيالىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى
جەمىيەتتە بۇرۇندىن بار بولغان زىياللارنىڭ ياردىمىدىن پايدىلى-
نىشتىنمۇ ھەرگىز ئايرىلمايدۇ. جۇڭگو ھەر دەرىجىلىك داڭۈيلار-
دىن ۋە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلاردىن بۇ مەسىلىگە جىددى
ئەھمىيەت بېرىشنى ئۈمىت قىلىدۇ.

# جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى*

**(1939-يىل 12-ئاي)**

## بىرىنچى باپ

## جۇڭگو جەمئىيىتى

### 1- بۆلۈم جۇڭخۇا مىللىتى

بىزنىڭ جۇڭگو — دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەملىكەتلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسى پۈتۈن ياۋروپانىڭ يەر مەيدانىغا باراۋەر دېگۈدەك كېلىدۇ. بۇ كەڭ تېررىتورىيەدە كەڭ مۇنبەت يەرلەر بار، بىزنى كىيىم-كېچەك ۋە ئوزۇق-تۈلۈك مەنبەئى بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ پۈتۈن مەملىكەتنى ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن چوڭ-كىچىك تاغ تىزمىلىرى بار، بىزگە كەڭ ئورمانلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ، مول كان بايلىقلىرىنى ساقلاپ ياتىدۇ؛ نۇرغۇن دەريالار ۋە

كوللەر بار، بىزنىڭ كېمە قاتناش ۋە يەر سۇغۇرۇش ئىشلىرىمىزغا ئوڭايلىق بېرىدۇ؛ ئۇزۇنغا سوزۇلغان دېڭىزقىرغاقلىرى بار، چەتئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشىمىزغا ئوڭايلىق بېرىدۇ. قەدىم-قەدىم زامان-لاردىن تارتىپ، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى مۇشۇ كەڭ زېمىندا ئەمگەك قىلغان، تىرىكچىلىك قىلغان ۋە ئاۋۇغان.

هازىر جۇڭگونىڭ دولەت چېگرىسى تۇۋەندىكىدەك: شەرقىي شىمال تەرىپى، غەربىي شىمال تەرىپى ۋە غەربىنىڭ بىر قىسمى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمهۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ شىمال تەرىپى موڭغۇلىيە خەلق جۇمهۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ غەرپ تەرىپىنىڭ بىر قىسمى ۋە غەربىي جەنۇپ تەرىپى ئافغانىستان، هىندىستان، بوتان ۋە نېپاللار بىلەن تۇتىشىدۇ؛ جەنۇپ تەرىپى بېرما ۋە ۋېيتناملار بىلەن تۇتىشىدۇ؛ شەرق تەرىپى چاۋشيەن بىلەن تۇتىشىدۇ هەم ياپونىيە ۋە فىلىپپىنگە يېقىن. جۇغراپىيىۋى جەھەتتىكى بۇ خەلقارا مۇھىت جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋى ئۈچۈن هەم پايدىلىق، هەم قىيىن تاشقى شارائىت پەيدا قىلغان. پايدىلىق شارائىت: مەمل-كىتىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتىشىدىغانلىقى، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ئاساسىي جاھانگىر دولەتلەردىن يىراقراق بولغانلىقى

* «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى» — 1939-يىل قىشتا يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەندىكى بىرقانچە يولداشلار بىلەن بىرلىكتە يازغان دەرسلىك. بىرىنچى باپ — «جۇڭگو جەمىيىتى»نى باشقا بىرقانچە يولداشلار تەييارلىغان، يولداش ماۋ زېدۇڭ تۈزەتكەن. ئىككىنچى باپ — «جۇڭگو ئىنقىلاۋى»نى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆزى يازغان. ئۈچىنچى باپ قىلىپ «پارتىيە قۇرۇلۇشى» يېزىلماقچى ئىدى، يېزىشنى ئۈستىگە ئالغان يولداشلار يېزىپ بولالمىغانلىقتىن توختىلىپ

ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ ئەتىراپىدىكى ئەللەرنىڭ بىرمۇنىچىسىنىڭ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر بولغانلىقى. قىسىن شارائىت: ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ئۇزىنىڭ جۇڭگوغا يېقىن جايلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەر ۋاقىت جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقى.

بىزنىڭ جۇڭگو ھازىر 450 مىليون ئاھالىگە ئىگە، بۇ پۈتۈن دۇنيا ئاھالىسىنىڭ توتتىن بىرىنى دىگىدەك تەشكىل قىلىدۇ. بۇ 450 مىليون ئاھالىنىڭ ئوندىن توققۇزىدىن ئوشۇقىراغى خەنزۇلار. بۇنىڭدىن باشقا، موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، مىياۋزۇ، يىزۇ، جۇاڭزۇ، بۇيىزۇ، چاۋشيەنزۇ قاتارلىق جەمئى بىرقانچە ئون ئاز سانلىق مىللەتمۇ بار، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ھەممىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. جۇڭگو — نۇرغۇن مىللەتتىن تەركىپ تاپقان، ناھايىتى كوپ ئاھالىگە ئىگە بىر مەملىكەت.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى (بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى ئاساسەن خەنزۇلارنىڭ تەرەققىياتى)، دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا، نەچچە تۈمەن يىللىق سىنىپسىز ئىپتىدائىي گۇڭشې

---

قالغان. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىككى باپ، بولۇپمۇ ئىككىنچى باپ جۇڭگو گۇڭچەنداڭىدا ۋە جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا يەنىلا ناھايىتى زور تەربىيۋى رول ئوينىدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مۇشۇ كىتاۋىنىڭ ئىككىنچى بابىدا بايان قىلغان يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدىكى نۇقتەئى نەزىرى ئۇنىڭ 1940 - يىل 1 - ئايدا يازغان «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دىگەن ئەسىرىدە زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلغان.

تۇرمۇشنى بىسىپ ئۆتتى. ئىپتىدائىي گۇڭشې يىمىرىلىپ، جەمئىيەت تۇرمۇشى سىنىپىي تۇرمۇشقا كىرگەن دەۋردىن تارتىپ، قۇللۇق جەمئىيىتى ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنى بىسىپ ئۆتتى، ھازىرغا كەلگىچە تەخمىنەن 4 مىڭ يىل بولدى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەرىپەت تارىخىدا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن داڭ چىقارغان دىخانچىلىق ۋە قول سانائىتى بولغان، نۇرغۇن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلەر، ئالىملار، كەشپىياتچىلار، سىياسىيونلار، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، ئەدىپلەر ۋە سەنئەتكارلار ئۆتكەن، مول مەدەنىي يادىكارلىقلار بار. جۇڭگودا ناھايىتى بۇرۇنلا كومپاس كەشپ قىلىنغان①. بۇنىڭدىن 1 مىڭ 800 يىل ئىلگىرى قەغەزچىلىك ئۇسۇلى كەشپ قىلىنغان②. 1 مىڭ 300 يىل ئىلگىرى ئويما مەتبەئە كەشپ قىلىنغان③. 800 يىل ئىلگىرى يەنە مىق مەتبەئە كەشپ قىلىنغان④. مىلتىق دورىسىنىڭ ئىشلىتىلىشمۇ⑤ ياۋروپالىقلاردىن بۇرۇن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو — دۇنيادا مەدەنىيىتى ئەڭ بالدۇر تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەرنىڭ بىرى، جۇڭگو يازما خاتىرىلەر ئاساسى بولغان سەل كەم 4 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە.

جۇڭخۇا مىللىتى — ئۆزىنىڭ چىداملىقلىقى ۋە ئەمگەكچانلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئەركىنلىكنى بەكمۇ سۆيىدىغان، ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە باي مىللەت. خەنزۇلارنىڭ تارىخىنى ئالساق، جۇڭگو خەلقىنىڭ قارا كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىش مەقسىدىگە ھەر قېتىم ئىنقىلاب ۋاستىسى بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش مۈمكىن. خەنزۇلارنىڭ بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا

يومپىشكىلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زۇلمەتلىك ھوكۇمرانلىقىغا قارشى نەچچە يۈز قېتىم چوڭ ـ كىچىك دېخانلار قوزغىلىڭى بولۇپ ئۆتكەن. كۆپچىلىك سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشى بولسا، دېخانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ كۈچى بىلەنلا ۋۇجۇتقا چىققان. جۇڭخۇا مىللىتى تەركىبىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەت مىللەتلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇنداق زۇلۇمدىن قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاستىسى بىلەن قۇتۇلۇپ كەلگەن. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئېزىشنى ياقلىمايدۇ، بەلكى باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىشنى ياقلايدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا نۇرغۇن مىللى قەھرىمانلار ۋە ئىنقىلاۋىي داھىلار چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللىتى يەنە شانلىق ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ۋە ئېسىل تارىخىي مىراسقا ئىگە مىللەت.

## 2- بولۇم قەدىمقى زاماندىكى فېوداللىق جەمىيەت

جۇڭگو گەرچە ئۇلۇق مىللى دولەت بولسىمۇ، گەرچە يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، تارىخى ئۇزاق ھەم يەنە ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ۋە ئېسىل مىراسقا باي مەملىكەت بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ قۇلدارلىق تۈزۈمىدىن قۇتۇلۇپ، فېودالىق تۈزۈمگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسى ۋە مەدەنىي تەرەققىياتى ئۇزاق مۇددەت سۇسلىشىپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇ فېودالىق تۈزۈم جۇ، چىن سۇلالىلىرىدىن تارتىپ 3 مىڭ يىلچە داۋام قىلدى.

جۇڭگونىڭ فېودالىزم دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە سىياسى تۈزۈمى تۆۋەندىكى ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەردىن تەركىپ تاپقان ئىدى:

1. ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تەبىي ئىگىلىك ئاساسىي ئورۇننى تۇتاتتى. دېخانلار ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتـ

لىرىنىلا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن قالماي، بەلكى ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق قول سانائەتتى بۇيۇملىرىنىڭ كوپ قىسمىنمۇ ئىشلەپچىقىراتتى. پومېشىكلار ۋە ئاقسوڭەكلەرمۇ دېخانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىن تاپقان يەر ئىجارىسنى ئالماشتۇرۇشقا سالماستىن، ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ راھەت-پاراغىتى ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى. ئۇ چاغدا ئالماشتۇرۇش تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئىقتىساتتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمايتتى.

2. فېودال ھوكۇمران سىنىپ — پومېشىكلار، ئاقسوڭەكلەر ۋە خانلار يەرنىڭ ئەڭ كوپ قىسمىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى، دېخانلاردا بولسا، يەر ناھايىتى ئاز ياكى پۈتۈنلەي يوق ئىدى. دېخانلار ئۆز سايمانلىرى بىلەن پومېشىكلارنىڭ، ئاقسوڭەكلەرنىڭ ۋە خان جەمەتىنىڭ يەرلىرىنى تېرىيتتى ۋە ھوسۇلنىڭ ئوندىن 4، 5، 6، 7، ھەتتا 8 ئۈلۈشىدىن ئوشۇقراغىنى پومېشىكلار، ئاقسوڭەكلەر ۋە خان جەمەتىنىڭ راھەت-پاراغىتى ئۈچۈن سۇنۇپ تۇراتتى. بۇنداق دېخانلار، ئەمىلىيەتتە، نوكەرلار ئىدى.

3. پومېشىكلار، ئاقسوڭەكلەر ۋە خان جەمەتىلا دېخانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىن تاپقان يەر ئىجارىسىگە تايىنىپ كۈن كوچۈرۈش بىلەن قالماستىن، بەلكى پومېشىكلار سىنىپىنىڭ دولىتىمۇ دېخانلاردىن زورلۇق بىلەن سېلىق ئېلىپ ۋە دېخانلارنى زورلۇق بىلەن ھەقسىز ئىشلىتىپ، زور بىر تۈركۈم دولەت ئەمەلدارلىرىنى باقاتتى ۋە ئاساسەن دېخانلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قوشۇنلىرىنى باقاتتى.

4. بۇنداق فېوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قوغدايدىغان ھاكىمىيەت ئورگىنى پومېشىكلار سىنىپىنىڭ فېودالىق دولىتى ئىدى.

ئەگەر، چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋر — ھەرقايسى بەگلىكلەر مەلۇم جايلارنى كېجۇي قىلىۋېلىپ ھوكۇم سۇرگەن فېوداللىق دولەتلەر دەۋرى، دېيىلىدىكەن، چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۇرگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت مەركەزگە توپلانغان مۇستەبىت فېوداللىق دولەت قۇرۇلدى؛ ئەينى زاماندا، فېودالىق كېجۇي ھالىتى مەلۇم دەرىجىدە كونا پېتىچە ساقلىنىپ قېلىۋەردى. فېودالىق دولەتتە خان چەكسىز يۇقۇرى ھاكىمىيەت ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، جايلارغا ھەربى ئىشلار، ئەدلىيە، غەزنە، پاراق ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنى قوياتتى ھەم پومېشچىكلار بىلەن شېنشىلارغا پۈتۈن فېودال ھوكۇمرانلىقنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە تاينىاتتى.

جۇڭگونىڭ زامان-زامانلاردىن بۇيانقى دېخانلىرى ئەنە شۇنداق فېودالىق ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە فېودالىق سىياسى زۇلۇم ئاستىدا يوقسۇللۇق-مۇشەققەتلىكتە قۇللارچە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. دېخانلار فېودالىق تۇزۇمنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا جىسمانى ئەركىنلىككە ئىگە ئەمەس ئىدى. پومېشچىكلاردا دېخانلارنى خالىغىنىچە ئۇرۇش-تىللاش، ھەتتا ئولتۇرۇش ھوقۇقى بار ئىدى، دېخانلاردا ھېچقانداق سىياسى ھوقۇق يوق ئىدى. پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيسى ۋە زۇلمى تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان دېخانلارنىڭ ئىنتايىن نامراتلىقى ۋە قالاقلىقى — جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىل ئىقتىساتتا ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇشتا ئىلگىرى سىلجىماي توختاپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى.

فېودالىق جەمىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت — دېخانلار سىنىپى بىلەن پومېشچىكلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت.

ھالبۇكى، بۇنداق جەمىيەتتە پەقەت دېخانلار ۋە قول سانائىتى

ئىشچىلىرىلا بايلىق ياراتقۇچى ۋە مەدەنىيەت ياراتقۇچى ئاساسىي سىنىپلاردۇر.

پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە سىياسىي زۇلمى دېھقانلارنى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى نۇرغۇن قېتىملاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. چىن سۇلالىسى ۋاقتىدىكى چېن شېڭ، ۋۇ گۇاڭ، شياڭ يۈي، ليۇ باڭ[6] قوزغىلاڭلىرىدىن تارتىپ، ئارىلىقتا ئۆتكەن خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىكى شىنشى، پىڭلىن، قىزىل قاشلىقلار، تۇڭما[7] ۋە سېرىق ياغلىقلىقلار[8] قوزغىلاڭلىرى، سۇي سۇلالىسى ۋاقتىدىكى لى مى ۋە دۇ جيەندې[9] قوزغىلاڭلىرى، تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى ۋاڭ شيەنجى، خۇاڭ چاۋ[10] قوزغىلاڭلىرى، سۇڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى سۇڭ جياڭ، فاڭ لا[11] قوزغىلاڭلىرى، يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدىكى جۇ يۈەنجاڭ[12] قوزغىلىڭى، مىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى لى زىچېڭ[13] قوزغىلىڭىدىن تاكى چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى تەيپىڭ تيەنگو[14] قوزغىلىڭىغىچە بولغان جەمئىي بىرقانچە يۈز چوڭ-كىچىك قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئىدى، ھەممىسى دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇشلىرى ئىدى. جۇڭگو تارىخىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشلىرى كۆلىمىنىڭ زورلۇقى جەھەتتە دۇنيا تارىخىدا كەم ئۇچرايدۇ. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدە دېھقانلارنىڭ ئەنە شۇنداق سىنىپىي كۈرەشلىرى، ئەنە شۇنداق قوزغىلاڭلىرى ۋە ئەنە شۇنداق ئۇرۇشلىرىلا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان ئىدى. چۈنكى ھەر قېتىمقى چوڭراق دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە شۇ چاغدىكى

فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئاز-تولا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولمىغانلىقى، يېڭى سىنىپىي كۈچلەر بولمىغانلىقى، ئىلغار پارتىيىلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا بۇنداق دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشلىرى ھازىرقى پرولېتا-رىيات ۋە گوڭچەنداڭنىڭكىدەك توغرى رەھبەرلىككە ئېرىشەلمىگەن ئىدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ چاغلاردىكى دېھقانلار ئىنقىلابلىرى ھامان مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كەلگەن، ئىنقىلاب داۋامىدا ۋە ئىنقىلابتىن كېيىن، ھامان پومېشچىكلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن سۇلالە ئالماشتۇرۇش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېتىلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ھەر قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى توختىغاندىن كېيىن گەرچە جەمئىيەتتە ئاز-تولا ئىلگىرى-لەشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن فېئودالىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە فېئودالىق سىياسىي تۈزۈم ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا داۋاملىشىۋەردى.

بۇنداق ئەھۋال يېقىنقى 100 يىل مابەينىدىلا يېڭى ئۆزگىرىش ياسىدى.

## 3- بۆلۈم ھازىرقى زاماندىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودالىق جەمئىيەت

جۇڭگونىڭ ئۆتكەن 3 مىڭ يىلدىن بۇيانقى جەمئىيىتىنىڭ فېئودالىق جەمئىيەت بولۇپ كەلگەنلىكىنى يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنداق بولسا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى جەمئىيىتى يەنىلا تولۇق فېئودال-لىق جەمئىيەتمۇ؟ ياق، جۇڭگو ئۆزگەردى. 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن

ئۇرۇشىدىن⑮ كېيىن، جۇڭگو جەمىيىتى قەدەممۇ-قەدەم يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. 1931-يىل 18-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن باشلاپ، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو جەمىيىتى يەنە مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئەمدى بىز بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەريانىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

ئىككىنچى بۆلۈمدە بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمىيىتى 3 مىڭ يىلچە داۋام قىلدى. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەنلا بۇ جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمىيىتىدىكى شاڭپىن ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى كاپىتالىزىم تورەلمىسىگە ھامىلە ئىدى، چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ تەسىرى بولمىغاندىمۇ، جۇڭگو ئاستا-ئاستا كاپىتالىستىك جەمىيەتكە تەرەققىي قىلىپ باراتتى. چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بۇ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. چەتئەل كاپىتالىزمى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا قارىتا ناھايىتى زور پارچىلاش رولىنى ئوينىدى، بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تەبىي ئىگىلىكنىڭ ئاساسىنى ۋەيران قىلدى، شەھەرلەردىكى قول سانائىتى ۋە دېھقانلارنىڭ ئائىلە قول سانائىتىنى ۋەيران قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، جۇڭگونىڭ شەھەر ۋە يېزا شاڭپىن ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ ئەھۋال جۇڭگونىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادىي ئاساسىنى پارچىلاش

رولىنى ئوينىيالمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەزى كېڭەيتىش شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەرنىمۇ ياراتتى. چۈنكى، تەبىئىي ئىگىلىكنىڭ ۋەيران بولۇشى كاپىتالىزمغا تاۋار بازىرى يارىتىپ بەرگەن بولسا، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ سۇنۇشى يەنە كاپىتالىزمغا ئەمگەك كۈچى بازىرى يارىتىپ بەردى.

ئەمەلىيەتتە، چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ۋە فېئوداللىق ئىقتىسادىي تۈزۈلۈشنىڭ قىسمەن بۇزۇلۇشى ئارقىسىدا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىلا، بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرىلا بىر قىسىم سودىگەرلەر، پومېشچىكلار ۋە گۇمەنلىياۋلار يېڭىچە سانائەتلەرگە كاپىتال سېلىشقا باشلىغان ئىدى. ئەنە شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى جۇڭگو مىللىي كاپىتالىزمى دەسلەپكى تەرەققىياتقا قەدەم قويدى. بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، يەنى بىرىنچى جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىگە كەلگەندە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى جاھانگىر دۆلەتلەر ئۇرۇش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، جۇڭگوغا قىلىۋاتقان زۇلمىنى ۋاقىتىنچە بوشاشتۇرغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ مىللىي سانائىتى، ئاساسەن توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە ئۇن سانائىتى يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

جۇڭگو مىللىي كاپىتالىزمىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىش جەريانى جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى ۋە پرولېتارىياتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىش جەريانى بولدى. ئەگەر بىر قىسىم سودىگەرلەر، پومېشچىكلار ۋە گۇمەنلىياۋلار جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەكتى بولىدىغان بولسا، بىر قىسىم دېھقانلار ۋە قول سانائەت ئىشچىلىرى

جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ تەكتىدۇر. جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى بىلەن پرولېتارىياتىنى ئىككى ئالاھىدە ئىجتىمائىي سىنىپ دەپ قارىغاندا، ئۇلار يېڭىدىن پەيدا بولغان، جۇڭگو تارىخىدا بولۇپ باقمىغان سىنىپلاردۇر. ئۇلار فېئوداللىق جەمئىيەتتىن تۇغۇلۇپ، يېڭى ئىجتىمائىي سىنىپنى تەشكىل قىلدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە باغلانغان، شۇنداقلا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى ئىككى سىنىپ، ئۇلار جۇڭگونىڭ كونا جەمئىيىتى (فېئوداللىق جەمئىيىتى) تۇغقان قوشكېزەكلەر. لېكىن، جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى بىلەنلا بىللە بولۇپ قالماي، بەلكى جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگودا بىۋاستە رەۋىشتە كارخانىلار قۇرۇشى بىلەنمۇ بىللە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر قىسمى جۇڭگو بۇرژۇئا-زىيىسىگە قارىغاندا ياش قۇرامى ۋە سالاھىيەت جەھەتتە پىشقەدەمرەك ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي كۈچى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى زورراق.

ئىراق، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئۆزگىرىش جاھانگىرلىك جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن يۈزبەرگەن ئۆزگىرىش-لەرنىڭ پەقەت بىر تەرىپىلا. بۇ ئۆزگىرىش بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ ۋە بۇ ئۆزگىرىشكە توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر تەرەپمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى فېئودال كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققى-ياتىنى بوغۇشى.

كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش-

تىن مەقسىدى ھەرگىز فېودالىق جۇڭگونى كاپىتالىستىك جۇڭگوغا ئايلاندۇرۇش ئەمەس. كۇچلۇك جاھانگىر دولەتلەرنىڭ مەقسىدى بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسى ۋە مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى.

كۇچلۇك جاھانگىر دولەتلەر بۇ مەقسەت ئۇچۇن جۇڭگوغا قارىتا ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردىن تۇۋەندىكىدەك ئېزىش ۋاستىلىرىنى قوللاندى، بەلكى داۋاملىق قوللانماقتا ۋە شۇ يول بىلەن جۇڭگونى قەدەممۇ-قەدەم يېرىم مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكىگە ئايلاندۇردى:

1. جۇڭگوغا نۇرغۇن قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يۈرگۈزدى، مەسىلەن، 1840-يىلى ئەنگلىيە قوزغىغان ئەپيۇن ئۇرۇشى، 1857-يىلى ئەنگلىيە-فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى قوزغىغان ئۇرۇش[16]، 1884-يىلى جۇڭگو-فرانسىيە ئۇرۇشى[17]، 1894-يىلى جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشى، 1900-يىلى سەككىز دولەت بىرلەشمە قوشۇنى قوزغىغان ئۇرۇش[18] بولدى. جۇڭگونى ئۇرۇش بىلەن مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، كۇچلۇك جاھانگىر دولەتلەر جۇڭگونىڭ ئەتراپىدىكى ئىلگىرى جۇڭگونىڭ ھامىيلىقىدا بولۇپ كەلگەن بىرمۇنچە مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى جۇڭگونىڭ بىر قىسىم تېررىتورىيىسىنىمۇ تارتىۋالدى ياكى «ئىجارە»گە ئېلىۋالدى. مەسىلەن، ياپونىيە تەيۋەننى ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى بېسىۋالدى، لۈيشۈننى «ئىجارە»گە ئېلىۋالدى، ئەنگلىيە شياڭگاڭنى بېسىۋالدى، فرانسىيە گۇاڭجۇ قولتۇقىنى «ئىجارە»گە ئېلىۋالدى. يەر بېسىۋېلىش-نىڭ سىرتىدا، كۇچلۇك جاھانگىر دولەتلەر يەنە زور مىقداردا ئۇرۇش چىقىمى تۆلىتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى چوڭ فېودال

دىگو بولغان جۇڭگوغا قاتتىق زەربە بەردى.

2. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونى مەجبۇر قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامىلەر تۈزدى، بۇ تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامىلەرگە بىنائەن، جۇڭگودا دېڭىز ئارمىيىسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى تۇرغۇزۇش هوقۇقىغا، لىڭشىلارنىڭ هوكۇم چىقىرىش هوقۇقىغا[19] ئىگە بولۇۋالدى ھەمدە پۈتۈن جۇڭگونى بىرقانچە جاھانگىر دۆلەتنىڭ تەسىر دائىرىلىرى قىلىپ بۆلۈشۈۋالدى[20].

3. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامىلەرگە بىنائەن، جۇڭگونىڭ بارلىق مۇھىم سودا گاڭگۇلىرىنى تىزگىنلىۋالدى ھەم نۇرغۇن سودا گاڭگۇلىرىدا بىر قىسىم يەرلەرنى ئاجرىتىپ، ئۆزلىرى بىۋاستە باشقۇرىدىغان زۇجيې قىلىۋالدى[21]. ئۇلار جۇڭگونىڭ خەيگۈەنى ۋە تاشقى سودىسىنى تىزگىنلىۋالدى، جۇڭگونىڭ قاتناش ئىشلىرىنى (دېڭىز، قۇرۇقلۇق، ئىچكى دەريا ۋە ھاۋا قاتنىشىنى) تىزگىنلىۋالدى. شۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇلار جۇڭگودا ئۆز شاڭپىنلىرىنى كوپلەپ سېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرىغا ئايلاندۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى جاھانگىرلىكنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇردى.

4. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ خام‌ئەشياسى ۋە ئەرزەن ئەمگەك كۈچىدىن بىۋاستە پايدىلىنىش ئۈچۈن، جۇڭگودا نۇرغۇن يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەت كارخانىلىرى قۇردى ھەم شۇ يول بىلەن جۇڭگونىڭ مىللى سانائىتىگە بىۋاستە ئىقتىسادىي بېسىم ئىشلەتتى، جۇڭگونىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە توسقۇنلۇق قىلدى.

5. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە پۇل قەرز بېرىش ۋە جۇڭگودا بانكىلار ئېچىش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى ۋە مالىيىسىنى لۇڭدۇۋەن قىلىۋالدى. شۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇلار شاڭپىن رىقابىتى جەھەتتىلا جۇڭگونىڭ مىللىي كاپىتالىزىمىنى بېسىپ كېتىش بىلەن قالماي، بەلكى پۇل مۇئامىلىسى ۋە مالىيە جەھەتتىمۇ جۇڭگونىڭ گېلىنى بوغۇۋالدى.

6. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر كەڭ جۇڭگو دىخانلىرىنى ۋە باشقا خەلق ئاممىسىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ سودا شەھەرلىرىدىن تارتىپ تا كەمبەغەل يېزا-چەت كەنتلىرىگە قەدەر مەيبەنلىك ۋە سودا جازانىخورلىقى ئېكس-پىلاتاتسىيىسى تورلىرىنى قۇردى، جاھانگىرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەيبەنلەر سىنىپىنى ۋە سودا جازانىخورلىرى سىنىپىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

7. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر، مەيبەنلەر سىنىپىدىن تاشقىرى، جۇڭگونىڭ فېئودال-پومېشچىكلار سىنىپىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ تىرىگىگە ئايلاندۇردى. ئۇلار «ئالدى بىلەن ئىلگىرىكى ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى بىلەن —— فېئودال-پومېشچىكلار بىلەن، سودا ۋە جازانىخورلۇق بۇرژۇئازىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، زور كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان خەلققە قارشى تۇردى. جاھانگىرلىك كاپىتالىزىمنىڭ دەسلەپكى بارلىق ئېكسپىلا-تاتسىيە شەكىللىرىنى ھەممە يەردە (بولۇپمۇ يېزىلاردا) ساقلاپ قېلىشقا ۋە ئۇلارنى ئەبەدىلەشتۈرۈشكە تىرىشتى، بۇ شەكىللەر بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسى ئىدى.»[22]

«جاھانگىرلىك ۋە ئۇنىڭ جۇڭگودىكى پۈتۈن مالىيە ۋە ھەربى

كۈچى — فېودالىزىمنىڭ قالدۇقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن گۇەنلىياۋ- جۇنفالىق ئۈستقۇرۇلمىسىنى قوللاۋاتقان، ئىلھاملاندۇرۇۋاتقان، ئۇستۇرۇۋاتقان ۋە ساقلاپ كېلىۋاتقان كۈچ.»[23]

8. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگو جۇنفاللىرى ئوتتۇرىسىدا يېڭى پەيدا قىلىش ۋە جۇڭگو خەلقىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو- نىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنى كۆپلىگەن ھەربىي قورال-ياراقلار ۋە نۇرغۇن ھەربىي گۇۋېنلار بىلەن تەمىنلىدى.

9. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەممە چارىلەردىن تاشقىرى، جۇڭگو خەلقىنى روھىي جەھەتتىن زەھەرلەش تەربىيىسىنىمۇ بوشاشتۇرمىدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەت- تىكى تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى. دىن تارقىتىش، دوختۇرخانا ئېچىش، مەكتەپ ئېچىش، گېزىت چىقىرىش ۋە جۇڭگولۇقلارنى ئوز دۆلىتىگە چىقىپ ئوقۇشقا جەلپ قىلىشقا ئوخشاشلار ئەنە شۇ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ ئەمەلىگە ئاشۇرۇلۇشى ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسىدى ئوزلىرىگە بويسۇنىدىغان زىيالىي كادىرلارنى تەييارلاش ۋە كەڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ كوزىنى بوياش ئىدى.

10. 1931-يىلدىكى «18-سېنتەبىر»دىن كېيىن ياپون جاھانگىر- لىكىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشى يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ بولغان جۇڭگونىڭ چوڭ بىر پارچە يېرىنى ياپونىيىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىپ قويدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار — جاھانگىرلىك جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى يېڭى ئوزگىرىشلەرنىڭ يەنە بىر تەرىپى، فېودالىق جۇڭگونى يېرىم فېودالىق، يېرىم مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكە جۇڭگوغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنىڭ قانلىق مەنزىرىسى.

بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەت-لەرنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى، بىر تەرەپتىن، جۇڭگو فېودالىلىق جەمىيىتىنىڭ پارچىلىنىشىنى، جۇڭگودا كاپىتالىزىم ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، فېودالىلىق جەمىيەتنى يېرىم فېودالىلىق جەمىيەتكە ئايلاندۇردى؛ لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار يەنە جۇڭگوغا دەھشەتلىك ھالدا ھوكۇمرانلىق قىلىپ، مۇستەقىل جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكە جۇڭگوغا ئايلاندۇردى.

بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى يىغىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ بۇ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېودالىلىق جەمىيىتىمىز تۆۋەندىكى بىرقانچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. فېودالىلىق دەۋردىكى ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىكنىڭ ئاساسى ۋەيران بولدى؛ لېكىن، فېودالىلىق ئېكسپىلا-تاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ھۇلى — پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلار ئۈستى-دىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسى كونا پېتىچە ساقلىنىپلا قالماي، بەلكى مەيبەن كاپىتالى ۋە جازانىخورلۇق كاپىتالىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى بىلەن قوشۇلۇپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسات ھاياتىدا روشەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

2. مىللىي كاپىتالىزىم بەزىبىر تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ۋە جۇڭگو-نىڭ سىياسى، مەدەنىي ھاياتىدا خېلى چوڭ رول ئوينىدى؛ لېكىن، ئۇ جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي شەكلى بولمىدى، ئۇنىڭ كۈچى بەك ئاجىز، ئۇنىڭ كوپ قىسمى چەتئەل جاھانگىرلىكى بىلەن ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى فېودالىزىم بىلەن ئازدۇر-كوپتۇر باغلانغان.

3. خان ۋە ئاقسوڭەكلەرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى،

ئۇنىڭ ئورنىغا ئاۋال يومېشىكلار سىنىپىنىڭ جۇڭغا - گوّمىنداڭلىق ھوكۇمرانلىقى، كېيىن يومېشىكلار سىنىپى بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىتتىپاقىنىڭ دىكتاتۇرىسى دەسسىدى. قولدىن كەتكەن رايونلاردا بولسا، ياپون جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ قورچاقلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقى دەسسىدى.

4. جاھانگىرلىك جۇڭگونىڭ مالىيە ۋە ئىقتىسادىي جان تومۇرلىرىنىلا چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش بىلەن قالماي، بەلكى جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچلىرىنىمۇ چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. قولدىن كەتكەن رايونلاردا بولسا، ھەممىنى ياپون جاھانگىرلىكى يالغۇز ئىگىلىۋالدى.

5. جۇڭگو نۇرغۇن جاھانگىر دولەتلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقى ياكى يېرىم ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا تۇرغانلىقتىن، جۇڭگو ئەمەلىيەتتە ئۇزاق مۇددەت بىرلىككە كەلمىگەن ھالەتتە تۇرغانلىقتىن ۋە يەنە جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ بولغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن تەكشىسىزلىك كورۇلدى.

6. جاھانگىرلىك ۋە فېودالىزىمنىڭ قوش زۇلمى، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، كەڭ جۇڭگو خەلقى، بولۇپمۇ دېخانلىرى كۈندىن - كۈنگە نامراتلاشماقتا ۋە ھەتتا كوپلەپ ۋەيران بولماقتا، ئۇلار ئاچ - يالىڭاچ ۋە قىلچە سىياسىي ھوقۇقىسىز تۇرمۇش كوچۇرمەكتە. جۇڭگو خەلقىدىكىگە ئوخشاش نامراتلىق ۋە ئەركىسىزلىك دۇنيادا كەم ئۇچرايدۇ.

مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېودالىق جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

بۇ ئەھۋالنى كەلتۇرۇپ چىقارغانلار ئاساسەن ياپون جاھانگىرلىكى

ۋە باشقا جاھانگىرلىك كۈچلەر بولۇپ، بۇ ــ چەتئەل جاھانگىرلىگىنىڭ مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى فېودالىزىم بىلەن بىرلەشكەنلىگىنىڭ نەتىجىسى.

جاھانگىرلىك بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، فېودالىزىم بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يېقىنقى زامان جۇڭگو جەمىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەردۇر. ئەلۋەتتە، يەنە باشقا زىددىيەتلەر، مەسىلەن، بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرمۇ بار. ئەمما جاھانگىرلىك بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەرخىل زىددىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئاساسىي زىددىيەت. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ كۈرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى كۈنساناپ راۋاجلىنىدىغان ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەي قالمايدۇ. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئۇلۇق جۇڭگو ئىنقىلاپلىرى ئەنە شۇ نېگىزلىك زىددىيەتلەر ئاساسىدا پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان.

## ئىككىنچى باپ

# جۇڭگو ئىنقىلاۋى

### 1- بۆلۈم 100 يىلدىن بۇيانقى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەر

جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگو فېودالىزىمى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇش جەريانى جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا قارشىلىق

كورستىشىنىڭمۇ جەريانى بولدى. ئەپيۇن ئۇرۇشى، تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى، جۇڭگو - فرانسىيە ئۇرۇشى، جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى، ۋۇشۇي جىڭبيەنى، يىخېتۇەن ھەرىكىتى، شىنخەي ئىنقىلاۋى، 4 - ماي ھەرىكىتى، 30 - ماي ھەرىكىتى، بېيفا ئۇرۇشى، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىدىن تاكى ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقىچە — ھەممىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا باش ئەگمەيدىغان قەيسەرانە قارشىلىق كورستىش روھىنى ئىپادىلىدى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ 100 يىلدىن بۇيان ئېگىلمەي - پۈكۈلمەي، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت بىلەن قەھرىمانانە كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە جاھانگىرلىك تا ھازىرغىچە جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلالمىدى ۋە مەڭگۈ مۇنقەرىز قىلالمايدۇ.

ھازىر، گەرچە ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بولسىمۇ، گەرچە جۇڭگودا نۇرغۇنلىغان پومېشچىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار، مەسلەن، ئاشكارا ۋاڭ جىڭۋېيلار ۋە يوشۇرۇن ۋاڭ جىڭۋېيلار دۈشمەنگە تەسلىم بولغان ياكى تەسلىم بولماقچى بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قەھرىمان جۇڭگو خەلقى جەزمەن پىداكارانە جەڭ قىلىۋېرىدۇ. ياپون جاھانگىرلىكىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىپ، جۇڭگونى تولۇق ئازاتلىققا ئېرىشتۈرمىگىچە، بۇ پىداكارانە جەڭ ھەرگىز توختىمايدۇ.

جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللى - ئىنقىلاۋى كۈرىشى، 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ ھېساپلىغاندا، توپ - توغرى 100 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى؛ 1911 - يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن تارتىپ ھېساپلىغاندىمۇ، 30 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. بۇ ئىنقىلاپنىڭ جەريانى ھازىر تېخى ئاياقلاشمىدى؛ بۇ ئىنقىلاپنىڭ

ۋەزىپىسى تېخى كورۇنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمىدى، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدىن، ئالدى بىلەن جۇڭگو گۇڭچەنداڭىدىن قەتئىي كۈرەش قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنداق بولسا، بۇ ئىنقىلاپنىڭ دۇيشياڭى زادى كىم؟ بۇ ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىسى زادى نېمە؟ بۇ ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نېمە؟ بۇ ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېرى قانداق؟ شۇنىڭدەك بۇ ئىنقىلاپنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟ بۇلار بىز تۆۋەندە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدىغان مەسىلىلەر.

## 2- بۆلۈم   جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۇيشياڭى

بىرىنچى باپنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدىكى تەھلىلدىن بىز جۇڭگونىڭ ھازىرقى جەمىيىتى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېوداللىق خاراكتېردىكى جەمىيەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغاندىلا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۇيشياڭىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالى ۋە بۇرۇلۇشىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق چۈشىنىش، يەنى جۇڭگونىڭ دولەت ئەھۋالىنى ئېنىق چۈشىنىش — ئىنقىلاپنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ئېنىق چۈشىنىشنىڭ تۈپ ئاساسى.

جۇڭگونىڭ ھازىرقى جەمىيىتىنىڭ خاراكتېرى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېودالىلىق خاراكتېر ئىكەن، ئۇنداق بولسا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي دۇيشياڭى

ياكى ئاساسىي دۈشمىنى زادى كىم؟

باشقىسى ئەمەس، جاھانگىرلىك بىلەن فېودالىزم، يەنى جاھانگىر مەملىكەتلەردىكى بۇرژۇئازىيە بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى پومېشچىكلار سىنىپى. چۈنكى، ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو جەمئىيىتىدە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى بېسىپ تۇرغان ۋە توسۇپ تۇرغان ئاساسىي نەرسە باشقىسى ئەمەس، دەل ئەشۇ ئىككىسى. بۇ ئىككىسى ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىنى زۇلۇم سالدى، ۋاھالەنكى، جاھانگىرلىكنىڭ مىللىي زۇلمى — ئەڭ ئېغىر زۇلۇم، شۇڭا جاھانگىرلىك — جۇڭگو خەلقىنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ ياۋۇز دۈشمىنى.

ياپونىيە جۇڭگوغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي دۈشمىنى ياپون جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئاشكارا تەسلىم بولغان ياكى تەسلىم بولماقچى بولۇۋاتقان بارلىق ۋەتەن خائىنلىرى ھەم ئەكسىيەتچىلەر بولۇپ قالدى.

جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىمۇ ئەسلىدە جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچ-رىغان، ئۇمۇ ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلغان، ئاساسىي رەھبەرلىك رولىنى ئوينىغان ئىدى، مەسىلەن، شىنخەي ئىنقىلاۋىدا؛ ئىنقىلاۋىي كۈرەشكىمۇ قاتناشقان ئىدى، مەسىلەن، بېيفا ئۇرۇشىغا ۋە ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا. لېكىن، بۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقۇرى قاتلام قىسمى، يەنى گومىنداڭ-نىڭ ئەكسىيەتچىل گۇرۇھىنى ۋەكىل قىلغان تەبىقىسى 1927 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە بولغان ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا جاھانگىرلىك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھەم پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن ئەكسىيەتچىل

ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزىگە ياردەم قىلغان دوستلىرىغا ــــ كومپارتىيىگە، پرولېتارىياتقا، دېھقانلار سىنىپىغا ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە ئاسىيلىق قىلدى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا ئاسىيلىق قىلدى، ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ چاغدا ئىنقىلاۋىي خەلق ۋە ئىنقىلاۋىي پارتىيە (كومپارتىيە) ئەنە شۇ بۇرژۇئا ئۇنسۇرلارنى ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا چوڭ پومېششىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋاڭ جىڭۋېينى ۋەكىل قىلغان بىر قىسمى ئاسىيلىق قىلدى، ۋەتەن خائىنلىرىغا ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان خەلقمۇ مىللىي مەنپەئەتكە ئاسىيلىق قىلغان بۇ چوڭ بۇرژۇئا ئۇنسۇرلارنى ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇنىڭدىن شۇنىمۇ چۈشىنىش مۇمكىنكى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۈشمىنى تولىمۇ كۈچلۈك. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۈشمىنى كۈچلۈك جاھانگىرلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى كۈچلۈك فېئودال كۈچلەر، شۇنىڭدەك مەلۇم دەۋرلەردە جاھانگىرلىك ۋە فېئودال كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنقىلاۋىي جۇڭگو خەلقىنىڭ دۈشمىنىنىڭ كۈچىنى سەل چاغلايدىغان نۇقتەئىنەزەر توغرى ئەمەس.

ئالدىمىزدا مۇشۇنداق دۈشمەن تۇرغانلىقتىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە دەھشەتلىكلىكى كېلىپ چىقتى. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز تولىمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، ئىنقىلاپ كۈچلىرى ئۇزاق مۇددەت بولماي تۇرۇپ دۈشمەننى ئۇزۇل ـ كېسىل يېڭىشكە قادىر كۈچ بولۇپ توپلىنىشى ۋە چېنىقىشى مۇمكىن ئەمەس. دۈشمەننىڭ جۇڭگو

ئىنقىلاۋنى بېسقىتۇرۇشى تولىمۇ دەھشەتلىك بولغاچقا، ئىنقىلاپ كۈچلىرى ئۆزىنىڭ قەيسەرلىگىنى تاۋلىمىسا ۋە جارى قىلدۇرمىسا، ئۆز جېنىدىسىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشى ۋە دۈشمەن جېنىدىسىنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاپ كۈچلىرىنى ھەش-پەش دىگىچە ئۇيۇشتۇرغىلى بولىدۇ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي كۆرىشى بىردەمدىلا غەلىبە قازىنالايدۇ، دەپ قارايدىغان نۇقتەئى نەزەر توغرى ئەمەس.

ئالدىمىزدا مۇشۇنداق دۈشمەن تۇرغانلىقتىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي شەكلى تىنچ يول بولماي، بەلكى قوراللىق كۆرەش يولى بولۇشى كېرەكلىگىمۇ بەلگىلەندى. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز جۇڭگو خەلقىغە تىنچ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بەرمەيۋاتقاچقا، جۇڭگو خەلقى سىياسى جەھەتتىن ھېچقانداق ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ستالىن مۇنداق دىگەن ئىدى: «جۇڭگودا قوراللىق ئىنقىلاپ قوراللىق ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى تۇرماقتا. بۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى.»[24] بۇ تامامەن توغرى ھۆكۈم. شۇنىڭ ئۈچۈن، قوراللىق كۆرەشكە سەل قارايدىغان، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا سەل قارايدىغان، پارتىزان ئۇرۇشىغا سەل قارايدىغان، ئارمىيە خىزمىتىگە سەل قارايدىغان نۇقتەئى نەزەر توغرى ئەمەس.

ئالدىمىزدا مۇشۇنداق دۈشمەن تۇرغانلىقتىن، ئىنقىلاۋىي گېنجۈيى-دى مەسىلىسىمۇ كېلىپ چىقتى. كۈچلۈك جاھانگىرلىك ۋە ئۇنىڭ-جۇڭگودىكى ئەكسىيەتچىل ئىتتىپاقچىلىرى جۇڭگونىڭ مەركىزى شەھەرلىرىنى ھامان ئۇزاق مۇددەت ئىگىلەپ تۇرىدىغانلىقتىن، ئەگەر

ئىنقىلاپنىڭ قوشۇنى جاھانگىرلىك ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بىلەن مۇرەسسەلەشىشنى خالىماي، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرماقچى بولسا، ئەگەر ئىنقىلاپنىڭ قوشۇنى ئۆز كۈچلىرىنى توپلىماقچى ۋە چېنىقتۇرماقچى بولسا، شۇنىڭدەك كۈچى يېتىشمەي تۇرغان چاغدا كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن يېڭىش-يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان جەڭلەرنى قىلىشتىن ساقلانماقچى بولسا، قالاق يېزىلارنى ئىلغار ۋە مۇستەھكەم گېنجۇيدى قىلىپ چىقىشى، ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي جېندى قىلىپ چىقىشى، بۇنىڭ بىلەن يېزا رايونلىرىغا شەھەرلەردىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ياۋۇز دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشى، بۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەردە ئىنقىلاپنىڭ تولۇق غەلىبىسىنى پەيدىن-پەي قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. بۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى (بىر پۈتۈن كاپىتالىستىك ئىقتىسات ئەمەسلىكى)، جۇڭگونىڭ يېرىنىڭ كەڭلىكى (ئىنقىلاپ كۈچلىرى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى)، جۇڭگونىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي لاگېرىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ بىرلىككە كەلمىگەنلىكى ۋە ھەرخىل زىددىيەتلەر بىلەن تولغانلىقى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي ئارمىيىسى بولغان دېھقانلارنىڭ كۈرىشىنىڭ پرولېتارىيات پارتىيىسى بولغان گوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقى — مانا بۇلار، بىر تەرەپتىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى ئاۋال يېزا رايونلىرىدا غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، ئىنقىلاپنىڭ تەكشىسىزلىك ھالىتىنى پەيدا قىلىپ، ئىنقىلاپنىڭ تولۇق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشىنى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك قىلىپ قويدى. بۇنىڭدىن شۇنىمۇ چۈشىنىش مۇمكىنكى،

مۇنداق ئىنقىلاۋىي گېنىجۇيدىلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەر ئاساسەن دىخانلارنىڭ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، يېزا رايونلىرىنى ئىنقىلاۋىي گېنىجۇيدى قىلىشقا ئېتىۋارسىز قارايدىغان نۇقتەئى نەزەر، دىخانلار ئارىسىدا جاپا ـ مۇشەققەتلىك خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئېتىۋارسىز قارايدىغان نۇقتەئى نەزەر، پارتىزان ئۇرۇشىغا ئېتىۋارسىز قارايدىغان نۇقتەئى نەزەر — ھەممىسى توغرى ئەمەس.

لېكىن قۇراللىق كۈرەشنى تەكىتلىگەنلىك باشقا شەكىلدىكى كۈرەشلەرنى تاشلاپ قويىسمۇ بولىدۇ دىگەنلىك ئەمەس؛ ئەكسىچە، قۇراللىق كۈرەشتىن باشقا ھەرخىل شەكىلدىكى كۈرەشلەرنىڭ ماسلىشىشى بولمىسا، قۇراللىق كۈرەش غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يېزا گېنىجۇيدىلىرى خىزمىتىنى تەكىتلىگەنلىك شەھەر خىزمىتىنى ۋە تېخىچە دۈشمەننىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان باشقا كەڭ يېزىلاردىكى خىزمەتلەرنى تاشلاپ قويىسمۇ بولىدۇ دىگەنلىك ئەمەس؛ ئەكسىچە، شەھەر خىزمىتى ۋە باشقا يېزا خىزمىتى بولمىسا، يېزا گېنىجۇيدىلىرى يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىنقىلاپنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى دۈشمەننىڭ ئاساسىي گېنىجۇيدىسى بولغان شەھەرلەرنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت، تولۇق شەھەر خىزمىتى بولمىسا، بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنىسمۇ چۈشىنىش مۇمكىنكى، ئىنقىلاپنى يېزا ۋە شەھەرلەردە غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۇچۇنىمۇ، دۈشمەننىڭ خەلققە قارشى كۈرەش قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئاساسىي قۇرالىنى، يەنى دۈشمەننىڭ ئارمىيىسىنى بىت ـ چىت قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ.

شۇڭا، ئۇرۇشتا دۈشمەن ئارمىيىسىنى يوقىتىشتىن تاشقىرى، دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاش خىزمىتىمۇ مۇھىم خىزمەت بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنىمۇ چۈشىنىش مۇمكىنكى، دۈشمەن ئۇزاق مۇددەت ئىشغال قىلىپ تۇرغان ئەكسىيەتچىل-زۇلمەتلىك شەھەرلەردە ۋە ئەكسىيەتچىل-زۇلمەتلىك يېزىلاردا گۇڭچەنداڭنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى ۋە تەشكىلىي خىزمىتىنى ئىلىپ بېرىشتا ئالدىراڭغۇلۇق-تەۋەككۇلچىلىك فاڭجېننى قوللانغىلى بولمايدۇ، يوشۇرۇن بولۇش-خىل بولۇش، كۈچ توپلاش، پەيت كۈتۈش فاڭجېننى قوللىنىش لازىم. گۇڭچەنداڭنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى سىياسىتى بارلىق پايدىلىنىشقا بولىدىغان، ئوچۇق-قانۇنىي بولغان، قانۇن، بۇيرۇق ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلەر يول قويغان دائىرىدىن پايدىلىنىپ، يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك بولۇش نۇقتەئىي نەزىرىنى ئاساس قىلىپ، قەدەممۇ-قەدەم ۋە پۇختا ئورۇنلىشىپ، پۇختا ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشلەشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەككى، ۋاقىراش-جاقىراش ۋە ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇرۇنۇش-سوقۇنۇش يولى بىلەن ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ.

## 3- بۆلۈم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى

ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۈشمىنى، ئاساسەن، جاھانگىرلىك بىلەن فېئودال-پومېشچىكلار سىنىپى ئىكەن، ئۇنداق بولسا، ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

قىلچە شەك-شۈبھە يوقكى، ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەنە شۇ ئىككى دۈشمەنگە زەربە بېرىش، يەنى چەتكە قارىتا جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان مىللىي ئىنقىلاپنى ۋە مەملىكەت

ئىچىگە قارىتا فېودال - پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاي-دىغان دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن، ئەڭ ئاساسى ۋەزىپىسى بولسا، جاھانگىرلىكنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان مىللى ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بۇ ئىككى چوڭ ۋەزىپىسى ئۆز ئارا باغلانغان. ئەگەر جاھانگىرلىكنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانمىسا، فېودال - پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ، چۈنكى جاھانگىرلىك — فېودال - پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئاساسى قوللىغۇچىسى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، فېودال - پومېشچىكلار سىنىپى جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگوغا ھوكۇمرانلىق قىلىشىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائى ئاساسى بولغاچقا، دېھقانلار بولسا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسى ئارمىيىسى بولغاچقا، ئەگەر دېھقانلارنىڭ فېودال - پومېشچىكلار سى-نىپىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىغا ياردەم بېرىلمىسە، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تۈدرەنلىك قوشۇنىنى قۇرۇپ، جاھانگىرلىكنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللى ئىنقىلاپ بىلەن دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى تۈپ ۋەزىپە ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، شۇنداقلا بىرلىكمۇ بار.

جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى مىللى ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى، ئاساسەن، ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپرىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ئۇرۇش-نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنلىنىشى لازىم بولغان ۋەزىپە بولۇپ، بۇ ئىككى ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىسى بىر - بىرىگە باغلىنىپ كەتكەن. مىللى ئىنقىلاپ بىلەن دېموكراتىك ئىنقىلاپنى بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدىغان ئىككى ئىنقىلاۋى باسقۇچقا

بولۇۋاتقانلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا نەزەر توغرى ئەمەس.

## 4- بۆلۈم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى

ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى تەھلىل ۋە ھۆكۈمگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نىمە؟

جۇڭگو جەمئىيىتى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ئىكەن، جۇڭگو ئىنقىلاۋى قارشى تۇرىدىغان دۈشمەنلەر، ئاساسەن، چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى فېئوداللىزىم ئىكەن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى مۇشۇ ئىككى ئەزگۈچىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىكەن، ئۇ ھالدا، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى سىنىپلار ۋە ھەرقايسى تەبىقىلەردىن قايسى سىنىپلار ۋە قايسى تەبىقىلەر جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزىمغا قارشى تۇرىدىغان كۈچ بولالايدۇ؟ بۇ — ھازىرقى باسقۇچتا جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسى. ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغاندىلا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تۈپ سىياسىي مەسىلىسىنى توغرى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو جەمئىيىتىدە قانداق سىنىپلار بار؟ پومېشچىكلار سىنىپى بار، بۇرژۇئازىيە بار؛ پومېشچىكلار سىنىپى، بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام قىسمى — ھەر ئىككىلىسى جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار. يەنە پرولېتارىيات بار، دېھقانلار

سىنپى بار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ دېخانلاردىن باشقا ھەرخىل تەركىپلىرى بار؛ بۇ ئۈچ سىنىپ — بۇگۈنكى جۇڭگونىڭ ئەڭ كەڭ تېرىتورىيىسىدە يەنىلا ھوكۇمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار.

بۇ سىنىپلارنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە مەيدانىنىڭ قانداق بولۇشى پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىساتتا ئىگىلىگەن ئورنىغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجتىمائى ئىقتىساتنىڭ خاراكتېرى ئىنقىلاپنىڭ دۈيشياڭنى ۋە ۋەزىپىنىلا بەلگىلەش بىلەن قالماي، ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىمۇ بەلگىلەيدۇ.

بىز ئەمدى جۇڭگو جەمىيىتىدىكى سىنىپلارنى تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى.

## 1. پومېشچىكلار سىنىپى

پومېشچىكلار سىنىپى — جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگوغا ھوكۇمرانلىق قىلىشىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائى ئاساسى، دېخانلارنى فېودالىزىم تۈزۈمى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە ئېزىدىغان سىنىپ، جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ ئالغا بېسىشىغا سىياسى جەھەتتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋە مەدەنىي جەھەتتىن توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە قىلچە ئىلغارلىق رولى يوق سىنىپ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىنىپ سۈپىتىدە ئېيتقاندا، پومېشچىكلار سىنىپى ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئەمەس، ئىنقىلاپنىڭ دۈيشياڭى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا بىر قىسىم چوڭ پومېشچىكلار بىر قىسىم چوڭ بۇرژۇئازلار (تەسلىمچىلەر)نىڭ كەينىگە

كىرىپ، ياپون قاراقچىلىرىغا تەسلىم بولۇپ، ۋەتەن خائىنى بولۇپ كەتتى؛ يەنە بىر قىسىم چوڭ پومېشچىكلارمۇ يەنە بىر قىسىم چوڭ بۇرژۇئازلار (جاھىللار)نىڭ كەينىگە كىرىپ، گەرچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى لاگېردا قالغان بولسىمۇ، ئىنتايىن ئىككىلەنمەكتە. ئەمما ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق پومېشچىكلاردىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن كەيمىلىك شېنشىلار، يەنى بىرقەدەر كاپىتالىستىك تۈس ئالغان پومېشچىكلار ھېلىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىقىغا ئىگە، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ھېلىمۇ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا توغرى كېلىدۇ.

## 2. بۇرژۇئازىيە

بۇرژۇئازىيە مەيبەنلىك خاراكتېر ئالغان چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

مەيبەنلىك خاراكتېر ئالغان چوڭ بۇرژۇئازىيە — جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ كاپىتالىستلىرىغا بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان ۋە شۇلار بېقىپ ئوستۇرگەن سىنىپ، ئۇنىڭ يېزىلاردىكى فېئودال كۈچلەر بىلەن ئىرماش-چىرماش مۇناسىۋىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاپ تارىخىدا مەيبەنلىك خاراكتېر ئالغان چوڭ بۇرژۇئازىيە ئەزەلدىن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەلگەن.

لېكىن، جۇڭگونىڭ مەيبەنلىك خاراكتېر ئالغان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىرقانچە جاھانگىر دۆلەتكە مەنسۇپ بولغانلىقتىن، بۇ بىرقانچە جاھانگىر دۆلەت ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر ئۆتكۈر قارىمۇ-قارشىلاشقان چاغلاردا، ئىنقىلاپ ئاساسەن مەلۇم بىر

جاھانگىر دولەتكە قارشى تۇرغان چاغلاردا باشقا جاھانگىر دولەتلەر شىتۇڭغا مەنسۇپ مەيبەنلەر سىنىپى نوۋەتتىكى جاھانگىرلىككە قارشى سەپكە مەلۇم دەرىجىدە ۋە مەلۇم ۋاقىتتا قاتنىشىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرغان ھامان، ئۇلارمۇ دەرھال ئىنقىلاپقا قارشى تۇرىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ياپونپەرەس چوڭ بۇرژۇ-ئازلار (تەسلىمچىلەر) تەسلىم بولدى ياكى تەسلىم بولماقچى بولۇۋاتىدۇ. ياۋروپا-ئامېرىكاپەرەس چوڭ بۇرژۇئازلار (جاھىللار) مۇ، گەرچە تېخى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى لاگېردا قالغان بولسىمۇ، ئىنتايىن ئىككىلەنمەكتە، ئۇلار ھەم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان، ھەم گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىك كىشىلەر. بىزنىڭ چوڭ بۇرژۇئازىيە تەسلىمچىلىرىگە قاراتقان سىياسىتىمىز — ئۇلارنى دۈشمەن دەپ قاراپ، قەتئىي يوقىتىش. چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ جاھىللىرىغا بولسا، ئىنقىلاۋىي ئىككى بىلىق سىياسەت بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز، يەنى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار بىلەن بىرلىشىمىز، چۈنكى ئۇلار تېخى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار بىلەن ياپون جاھانگىرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ھېلىمۇ پايدىلىنىشىمىز كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمىز، چۈنكى ئۇلار ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ۋە ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان، گوڭچەنداڭغا ۋە خەلققە قارشى بولغان قاتتىق بېسىم سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە، كۈرەش قىلمىساق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئىتتىپاق-لىققا زىيان يېتىدۇ.

مىللىي بۇرژۇئازىيە — ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە سىنىپ.

بىر تەرەپتىن، مىللىي بۇرژۇئازىيە جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىماقتا، فېئودالىزمنىڭ ئاسارىتىگىمۇ ئۇچرىماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار. مۇشۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇ ــ ئىنقىلاپ كۈچلىرىنىڭ بىرى. جۇڭگونىڭ ئىنقىلاپ تارىخىدا ئۇمۇ جاھانگىرلىككە ۋە گۇەنلياۋ ـ جۇنفا ھۆكۈمەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتا مەلۇم ئاكتىپلىق كۆرسەتكەن.

لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى زەئىپلىكى، جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى تولۇق ئۈزمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا ئۈزۈل ـ كېسىل قارشى تۇرۇش جاسارىتىگە ئىگە ئەمەس. بۇنداق ئەھۋال بولۇپمۇ خەلق ئامىمىسىنىڭ ئىنقىلاۋى كۈچلىرى زورايغان چاغلاردا ناھايىتى روشەن كۆرۈنىدۇ.

مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇنداق ئىككى ياقلىملىقلىقى ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە گۇەنلياۋ ـ جۇنفا ھۆكۈمەتلىرىگە قارشى ئىنقىلاپقا مەلۇم دەۋردە ۋە مەلۇم دەرىجىدە قاتنىشىش مۇمكىنلىكىنى، ئىنقىلاپنىڭ بىر خىل كۈچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بەلگىلىگەن. ئەمما ئىككىنچى بىر دەۋردە ئۇنىڭدا چوڭ مەيبەن بۇرژۇئازىيىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇپ قېلىش خەۋپى بار.

جۇڭگودىكى مىللىي بۇرژۇئازىيە، ئاساسەن، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە گەرچە 1927 ـ يىلدىن كېيىن ۋە 1931 ـ يىلدىن (18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن) ئىلگىرى چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئىنقىلاپقا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇپ باقمىدى، بەلكى ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان

چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە ئۇ چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيە تەسلىمچىلىرىدىنلا پەرقلىنىپ قالماي، بەلكى چوڭ بۇرژۇئازىيە جاھىللىرىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا بىزنىڭ بىرقەدەر ياخشى ئىتتىپاقچىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللى بۇرژۇئازىيىگە ئېھتىياتلىق سىياسەت قوللىنىش پۈتۈنلەي زۆرۈر.

### 3. ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ دېھقانلاردىن باشقا ھەرخىل تەركىپلىرى

ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ دېھقانلاردىن باشقا ھەرخىل تەركىپلىرى كەڭ زىيالىيلار، ئۇششاق سودىگەرلەر، قول سانائەتچىلەر ۋە ئەركىن كەسىپتىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەنە شۇ تەركىپلىرىنىڭ ئورنى دېھقانلار سىنىپى ئىچىدىكى ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئورنىغا قىسمەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلىكنىڭ، فېودالىزمنىڭ ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ، كۈندىن ـ كۈنگە ۋەيرانلىق ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتماقتا.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ تەركىپلىرى — ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىدىن بىرى، پرولېتارىياتنىڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچىسى. ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ تەركىپلىرىمۇ پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئازاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ.

ئەمدى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھەرخىل تەركىپلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى.

بىرىنچى، زىيالىيلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار. زىيالىيلار ۋە ياش

ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپ ياكى بىر تەبىقە ئەمەس. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سىياسى مەيدانىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان جۇڭگو زىيالىلىرى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كوپچىلىگىنى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە فەنچۇسىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن. بىرنەچچە ئون يىلدىن بېرى جۇڭگودا زور بىر تۇركۇم زىيالىلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار، جاھانگىرلىككە ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىگە يېقىن بولغان ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغان ھەم خەلق ئاممىسىگە قارشى تۇرىدىغان بىر قىسىم زىيالىلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن، جاھانگىرلىك، فېودالىزىم ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىماقتا، ئىشسىز ۋە ئوقۇشسىز قېلىش تەھدىدىگە ئۇچرى-ماقتا. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلار ناھايىتى زور ئىنقىلاۋىلىققا ئىگە. ئۇلار كاپىتالىستىك پەننى بىلىملەرگە ئازدۇر-كوپتۇر ئىگە، سىياسى تۇيغۇغا باي، ئۇلار ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىدا كوپۇنچە شيەنفېڭلىق ۋە كوۋرۇكلۇك رول ئوينىماقتا. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن بولغان چەتئەللەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى، 1919-يىلدىكى 4-ماي ھەرىكىتى، 1925-يىلدىكى 30-ماي ھەرى-كىتى، 1935-يىلدىكى 9-دېكابىر ھەرىكىتى — بۇنىڭ روشەن دەلىللىرى. بولۇپمۇ كەڭ كولەملىك كەمبەغەلرەك زىيالىلارنىڭ ئىشچىلار ۋە دېھقانلار بىلەن بىللە ئىنقىلاپقا قاتنىشىشى ۋە ئىنقىلاپنى ھىمايە قىلىشى مۇمكىن. ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگودا كەڭ تارقىلىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى ئالدى بىلەن زىيالىلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بولدى. ئىنقىلاپ كۈچلىرىنىڭ ئويۇشتۇ-رۇلۇشى ۋە ئىنقىلاپ ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنقىلاۋي زىيالىلارنىڭ

قاتنىشىشسىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ. لېكىن، زىيالىيلار ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۇرىشىگە قويۇق ئارىلاشمىغان، ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ۋە ئاممە بىلەن بىرلىشىشكە قەتئىي بەل باغلىمىغان چاغلاردا، كۆپۈنچە جۇگۇەنجۇيىلىق ۋە شەخسىيەتچىلىك خاھىشىدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى كۆپۈنچە قۇرۇق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى كۆپۈنچە تۇراقسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ كەڭ ئىنقىلاۋىي زىيالىيلىرى گەرچە شېيەنفېڭلىق ۋە كۆۋرۈكلۈك رولغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ زىيالىيلارنىڭ ھەممىسىلا ئاخىرغىچە ئىنقىلاپ قىلالايدىغانلاردىن بولىۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىنقىلاپنىڭ جىددىي پەيتىگە كەلگەندە، ئىنقىلاپ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ، پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتىدۇ؛ بۇلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى ئىنقىلاپنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. زىيالىيلارنىڭ بۇ كەمچىلىكىنى پەقەت ئۇزاق مۇددەتلىك ئاممىۋى كۈرەشلەر داۋامىدىلا تۈگەتكىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇششاق سودىگەرلەر. ئۇلار ئومۇمەن دۇكان خىزمەتچىسى ياللىماي ياكى ئاز ياللاپ، كىچىك كولەملىك دۇكان ئاچىدۇ. جاھانگىرلار، چوڭ بۇرژۇئازلار ۋە جازانىخورلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئۇلارنى ۋەيران بولۇش تەھدىدى ئاستىدا قالدۇرغان.

ئۈچىنچى، قول سانائەتچىلەر. ئۇلار — كەڭ ئاممە. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە، ئىشچى ياللىمايدۇ، يا بولمىسا، بىر - ئىككىلا شاگىرت ياكى ئىشكار ياللايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنى ئوتتۇرا دېخانلارنىڭكىگە ئوخشاش.

تۆتىنچى، ئەركىن كەسىپتىكىلەر. ئەركىن كەسىپتىكىلەر ھەرخىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دوختۇرلار ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

ئەركىن كەسىپتىكىلەر باشقىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلمايدۇ ياكى باشقىلارنى يېنىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنى ئۇششاق سانائەتچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە تەركىپلىرى كەڭ ئاممىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپقا قاتنىشىشى ۋە ئىنقىلاپنى ھىمايە قىلىشى ئۇمۇمەن مۇمكىن، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىتتىپاقچىسى، شۇڭا ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ۋە قوغدىشىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، بەزىلىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىگە ئاسانلا بېرىلىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنقىلاۋي تەشۋىقات خىزمىتى ۋە تەشكىلىي خىزمەت ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

### 4. دېھقانلار سىنىپى

دېھقانلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇمۇمى ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلار ھازىر جۇڭگو خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي كۈچى.

دېھقانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەسكىن بولۇنۇش جەريانى داۋام قىلماقتا.

بىرىنچى، باي دېھقان. باي دېھقانلار يېزا ئاھالىسىنىڭ 5 پىرسەنتچىسىنى تەشكىل قىلىدۇ (پومېشچىكلار بىلەن قوشۇلۇپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ 10 پىرسەنتچىسىنى تەشكىل قىلىدۇ)، يېزا بۇرژۇئازىيىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگو باي دېھقانلىرىنىڭ تولىسى بىر قىسىم يېرىنى ئىجارىگە بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە جازانىخورلۇق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ياللانما دېھقانلار ئۇستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىمۇ

ناھايىتى دەھشەتلىك بولىدۇ، يېرىم فېودالىلىق خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. لېكىن باي دېھقانلار ئۆزلىرى ئەمگەككە ئۇمۇمەن قاتنىشىدۇ، مۇشۇ جەھەتتە ئۇلار يەنە دېھقانلارنىڭ بىر قىسمى. باي دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى مەلۇم مەزگىلدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. باي دېھقانلار، ئۇمۇمەن، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىدە بىر ئۇلۇش كۈچ قوشۇشى مۇمكىن، يومبېشىلارغا قارشى يەر ئىنقىلاۋى كۈرىشىدە بىتەرەپ تۇرۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، باي دېھقانلارنى پومېشچىكلاردىن پەرقسىز سىنىپ دەپ قارىماسلىقىمىز، باي دېھقاننى يوقىتىش سىياسىتىنى تولا بالدۇر قوللانماسلىقىمىز لازىم.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا دېھقان. ئوتتۇرا دېھقانلار جۇڭگو يېزا ئاھالىسىنىڭ 20 پىرسەنتچىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتتۇرا دېھقانلار، ئۇمۇمەن، باشقىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلمايدۇ، ئىقتىسادتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلەيدۇ (ئەمما هوسۇل ئوبدان بولغان يىللىرى سەل-پەل ئېشىنالايدۇ؛ بەزىدە يالللانما ئەمگەكتىنمۇ ئاز-تولا پايدىلىنىدۇ ياكى ئۆسۈمگە ئازراق قەرز تارقىتىدۇ)، لېكىن جاھانگىرلىكنىڭ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايدۇ. ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ھەممىسى سىياسى هوقۇقتا ئىگە ئەمەس. بىر قىسىم ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ يېرى يېتىشمەيدۇ، پەقەت بىر قىسىم ئوتتۇرا دېھقانلار (ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلار)نىڭلا ئاز-تولا ئارتۇق يېرى بولىدۇ. ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلاپقا ۋە يەر ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىشى مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىزمنى قوبۇل قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن ئوتتۇرا دېھقانلار پرولېتارىياتنىڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچىسى بولىدۇ، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ مۇھىم بىر

قىسمى. ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى ئىنقىلاپنىڭ يېڭىش-يېڭىلىشىنى بەلگىلەيدىغان بىر ئامىل، بولۇپمۇ يەر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئوتتۇرا دېھقانلار يېزىلاردا زور كۆپچىلىك بولۇپ قالغان چاغدا شۇنداق.

ئۈچىنچى، كەمبەغەل دېھقان. جۇڭگونىڭ كەمبەغەل دېھقانلىرى يالانما دېھقانلار بىلەن قوشۇلۇپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ 70 پىرسەنتچىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. كەمبەغەل دېھقانلار — يېرى يوق ياكى يېرى يېتىشمەيدىغان كەڭ دېھقانلار ئاممىسى، يېزىلاردىكى يېرىم پۇرولېتارىيات، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەڭ زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، پۇرولېتارىياتنىڭ تەبىي ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچىسى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ئارمىيىسى. كەمبەغەل دېھقانلار بىلەن ئوتتۇرا دېھقانلار پەقەت پۇرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىگىدىلا ئازاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ؛ شۇنىڭدەك پۇرولېتارىياتمۇ پەقەت كەمبەغەل دېھقانلار ۋە ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاق تۈزگەندىلا، ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېلىپ بارالايدۇ، ئۇنداق قىلمىسا، مۇمكىن ئەمەس. دېھقان دېگەن ئىسىمنىڭ مەزمۇنى، ئاساسەن، كەمبەغەل دېھقان بىلەن ئوتتۇرا دېھقاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5. پۇرولېتارىيات

جۇڭگو پۇرولېتارىياتى ئىچىدە تەخمىنەن 2 مىليون 500 مىڭدىن 3 مىليونغىچە ھازىرقى زامان سانائەت ئىشچىسى بار، تەخمىنەن 12 مىليون شەھەر ئۇششاق سانائىتى ۋە قول سانائىتى يالانما ئەمگەكچىلىرى ھەم دۇكان خىزمەتچىلىرى بار، يەنە ناھايىتى كۆپ ساندا يېزا پۇرولېتارلىرى (يەنى يالانما دېھقانلار) ۋە باشقا شەھەر-يېزا

پرولېتارلىرىمۇ بار.

جۇڭگو پرولېتارىياتى، ئۇمۇمى پرولېتارىياتنىڭ تۈپ ئارتۇقچە-لىقلىرىدىن، يەنى ئەڭ ئىلغار ئىگىلىك شەكلى بىلەن باغلانغانلىقى، تەشكىللەشچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىقتا بايلىقى، خۇسۇسى ئىگىدارچىل-قىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بولمىغانلىقىدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

جۇڭگو پرولېتارىياتى قانداق ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە؟

بىرىنچىدىن، جۇڭگو پرولېتارىياتى ئۈچ تۈرلۈك زۇلۇم (جاھان-گىرلىكنىڭ زۇلمى، بۇرژۇئازىيىنىڭ زۇلمى ۋە فېودال كۈچلەرنىڭ زۇلمى)غا ئۇچراپ كەلمەكتە، ھالبۇكى، بۇ زۇلۇم ئېغىرلىقى ۋە دەھشەتلىكلىكى جەھەتتىن دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە كەم ئۇچرايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو پرولېتارىياتى ئىنقىلاۋىي كۈرەش-لەردە باشقا ھەرقانداق سىنىپقا قارىغاندا قەتئى ۋە ئۈزۈل - كېسىل كېلىدۇ. مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگودا ياۋروپادىكىگە ئوخشاش ئىجتىمائى گەيلىياگجۇيىلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى يوق، شۇڭا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى گۇگزېيلاردىن باشقا، پۈتۈن پرولېتا-رىيات ئەڭ ئىنقىلاۋىي سىنىپ.

ئىككىنچىدىن، جۇڭگو پرولېتارىياتى ئىنقىلاپ سەھنىسىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ئۆز سىنىپىنىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى — جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو جەمئىيىتىدە بىرقەدەر ئەڭ ئاڭلىق سىنىپ بولۇپ كەلمەكتە.

ئۈچىنچىدىن، ۋەيران بولغان دېخانلاردىن كېلىپ چىققانلىرى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغانلىقتىن، جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ كەڭ

دېخانىلار بىلەن بىر خىل تەبىي باغلىنىشى بار، بۇ ھال ئۇنىڭ دېخانلار بىلەن زىچ ئىتتىپاق تۈزۈشىگە ئوڭايلىق بېرىدۇ.

شۇڭا، گەرچە جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ بەزى مۇقەررەر ئاجىز-لىقلىرى بولسىمۇ، مەسىلەن، سانى ئازراق (دېخانلارغا نىسبەتەن)، يېشى كىچىكرەك (كاپىتالىستىك ئەللەردىكى پرولېتارىياتقا نىسبە-تەن)، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك (بۇرژۇئازىيىگە نىسبەتەن) بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئاخىر جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەڭ تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قالىدۇ. جۇڭگو ئىنقىلاۋى، پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، چوقۇم غەلىبە قازىنالمايدۇ. يىراقتىكىلەردىن شىنخەي ئىنقىلاۋىنى ئالساق، ئۇ چاغدا تېخى پرولېتارىياتنىڭ ئاڭلىق قاتنىشىشى بولمىغانلىقتىن، ئۇ چاغدا تېخى كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغانلىقتىن ۋۇجۇتقا چىقمىدى. يېقىنقىلاردىن 1924 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپنى ئالساق، بۇ چاغدا پرولېتارىياتنىڭ ئاڭلىق قاتنىشىشى ۋە رەھبەرلىكى بولغانلىقتىن، بۇ چاغدا كوممۇنىستىك پارتىيە بار بولغانلىقتىن بىر مەزگىل ناھايىتى زور غەلىبىلەرگە ئېرىشەلىدى؛ لېكىن يەنە چوڭ بۇرژۇئا-زىيە كېيىنچە ئۆزى بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاققا، ئورتاق ئىنقىلاپ گاڭگىگا ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ چاغدا جۇڭگو پرولېتارىياتى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى تېخى باي ئىنقىلاۋى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولمىغانلىقتىن يەنە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، پرولېتارىيات بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپكە رەھبەرلىك قىلغانلىقتىن، پۈتۈن مىللەتنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇشنى قوزغىدى

ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرماقتا.

جۇڭگو پرولېتارىياتى شۇنى چۈشىنىشى كېرەك: ئۇ ئۆزى گەرچە ئەڭ ئاڭلىق ۋە ئەڭ تەشكىللەنگەن بىر سىنىپ بولسىمۇ، ئەمما يالغۇز ئۆز سىنىپىنىڭلا كۈچىگە تايىنىدىغان بولسا، غەلىبە قازىنالمايدۇ. غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئەھۋالدا، ئىتتىپاقلىشىشقا مۇمكىن بولغان بارلىق ئىنقىلاۋىي سىنىپ ۋە تەبىقىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىشى لازىم. جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار ئىچىدە دېھقانلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقچىسى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىمۇ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچىسى، مىللىي بۇرژۇئازىيە بولسا، ئۇنىڭ مەلۇم دەۋردىكى ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى ئىتتىپاقچىسى، بۇ — ھازىرقى زامان جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخى ئىسپاتلىغان تۈپ قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى.

## 6. سەرگەردانلار

جۇڭگونىڭ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشى جۇڭگونىڭ يېزا ۋە شەھەرلىرىدە كەڭ ئىشسىزلار توپىنى پەيدا قىلدى. بۇ توپتىكىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى تىرىكچىلىكنىڭ ھېچقانداق توغرى يولىنى تاپالماي، ناتوغرى كەسىپلەر بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، بۇ ھال — باسمىچىلار، لۈكچەكلەر، دىۋانىلەر، پاھىشە ئاياللار ۋە نۇرغۇن خۇراپىي كەسىپتىكىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ مەنبەئى. بۇ تەبىقە — تۇراقسىز تەبىقە؛ ئۇنىڭ بىر قىسمى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە ئاسانلا سېتىلىپ كېتىدۇ، يەنە بىر قىسمىدا بولسا، ئىنقىلاپقا قاتنىشىش ئېھتىمالى بولىدۇ. ئۇلاردا ئىجابىيلىق كەم، ئىجابىيلىق كەم بولغاننىڭ ئۈستىگە بۇزغۇنچىلىق

ئېشىپ-تېشىپ ياتىدۇ، ئىنقىلاپقا قاتناشقانىدىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئىنقىلاپنىڭ قوشۇنىدا لىيۇكوجۇيىنىڭ ۋە باشباشتاقلىق ئىدىيىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ مەنبەئى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆزگەر-تىشكە ماھىر بولۇش، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى توسۇشقا دىققەت قىلىش لازىم.

يۇقۇرىدىكىلەر — بىزنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى توغرىسىدىكى تەھلىلىمىز.

## 5-بولۇم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرى

بىز جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى، يەنى جۇڭگونىڭ ئالاھىدە دولەت ئەھۋالىنى چۈشىنىۋالدۇق، بۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا ئەڭ تۇپلۇك ئاساس. بىز يەنە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۈيشىياڭىنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى چۈشىنىۋالدۇق، بۇلار جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى ۋە جۇڭگونىڭ ئالاھىدە دولەت ئەھۋالى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان، ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈپ مەسىلىلەر. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، ئەمدى بىز ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يەنە بىر تۈپ مەسىلىسىنى، يەنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالايمىز.

ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋى زادى قانداق خاراكتېردىكى ئىنقىلاپ؟ بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپمۇ ياكى پرولېتار-سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپمۇ؟ روشەنكى، كېيىنكىسى ئەمەس، ئالدىنقىسى.

جۇڭگو جەمئىيىتى يەنىلا مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم
فېوداللىق جەمئىيەت ئىكەن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۇشمىنى، ئاساسەن
يەنىلا جاھانگىرلىك ۋە فېودال كۈچلەر ئىكەن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ
ۋەزىپىسى ئەنە شۇ ئىككى ئاساسىي دۇشمەننى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى
مەقسەت قىلغان مىللىي ئىنقىلاپ بىلەن دېموكراتىك ئىنقىلاپنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەن؛ شۇنىڭدەك بۇ ئىككى دۇشمەننى ئاغدۇ،
رۇپ تاشلايدىغان ئىنقىلاپقا بەزى چاغلاردا بۇرژۇئازىيىمۇ قاتنىشى،
دىكەن، چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئىنقىلاپنىڭ
دۇشمىنى بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئىنقىلاپنىڭ تىغى ئادەتتىكى
كاپىتالىزمغا ۋە كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈككە ئەمەس، بەلكى
جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارىتىلىدىكەن — ئەھۋال ئەنە
شۇنداق ئىكەن، شۇڭا، ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ
خاراكتېرى پرولېتار - سوتسىيالىستىك ئەمەس، بەلكى بۇرژۇئا -
دېموكراتىكتۇر[25].

لېكىن، جۇڭگونىڭ ھازىرقى بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋى
كونىچە، ئادەتتىكى بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئەمەس، —
بۇنداق ئىنقىلاپنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، — بەلكى يېڭىچە،
ئالاھىدە بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاپ. بۇنداق ئىنقىلاپ جۇڭگودا
ۋە بارلىق مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردە راۋاجلىنىۋاتىدۇ،
بىز بۇنداق ئىنقىلاپنى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەپ ئاتايمىز.
مۇنداق يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ — دۇنيا پرولېتار - سوتسىيا-
لىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى، ئۇ جاھانگىرلىككە، يەنى خەلقارا
كاپىتالىزمغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئۇ، سىياسىي جەھەتتە، بىرقانچە
ئىنقىلاۋىي سىنىپلار بىرلىشىپ، جاھانگىرلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرى

ۋە ئەكسىيەتچىلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزىدىغان دىكتاتۇرا بولۇپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنى بۇرژۇئا دىكتاتۇرىلىقىدىكى جەمئىيەت قىلىپ قويۇشقا قارشى تۇرىدۇ. ئۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە، جاھانگىرلارنىڭ ھەم ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زور كاپىتاللىرىنى ۋە چوڭ كارخانىلىرىنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزىۋالىدۇ، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى دېھقانلارغا مۈلۈك قىلىپ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەتتىكى خۇسۇسىي كاپىتالىستىك كارخانىلارنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە باي دېھقان ئىگىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق يېڭىچە دېموكراتىك ئىنقىلاپ، گەرچە بىر تەرەپتىن كاپىتالىزم ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت يارىتىپمۇ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىنقىلاپ باسقۇچى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە خاتىمە بېرىش بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ جەريانىدۇر. بۇ جەريان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا بارلىققا كەلگەن، جۇڭگودا بولسا، 1919 ـ يىلىدىكى 4 ـ ماي ھەرىكىتىدىن باشلاندى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دېگىنىمىز ـــ پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدە بولغان، خەلق ئاممىسى قاتناشقان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلاپ. جۇڭگو جەمئىيىتى مۇشۇ ئىنقىلاپنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە راۋاجلىنىشى مۇمكىن، ئۇنداق قىلمىسا، مۇمكىن ئەمەس.

بۇنداق يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ تارىختا ياۋروپا ـ ئامېرىكا ئەللىرىدە بولۇپ ئۆتكەن دېموكراتىك ئىنقىلاپلاردىن زور دەرىجىدە

پەرقلىنىدۇ، ئۇ بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەيدۇ، بەلكى ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى بىرلىكسېپىنىڭ دىكتاتۇرىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەردە قۇرۇلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەت ئەنە شۇنداق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر سىنىپ دىكتاتۇرىسىمۇ ئەمەس، پرولېتارىياتنىڭ بىر سىنىپ دىكتاتۇرىسىمۇ ئەمەس، بەلكى پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى بىرقانچە ئىنقىلاۋىي سىنىپلار بىرلىشىپ يۈرگۈزىدىغان دىكتاتۇرا. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ۋە دېموكراتىيىنى ياقلايدىغانلىكى كىشىلەر، قايسى پارتىيە، قايسى گۇرۇھقا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە.

بۇنداق يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپتىنمۇ پەرقلىنىدۇ، ئۇ جاھانگىرلارنىڭ ھەم ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنىلا ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشقا قاتنىشىشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق كاپىتالىستىك تەركىبنى بۇزمايدۇ.

بۇنداق يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ سۇن جۇڭشەن 1924-يىلى تەشەببۇس قىلغان سەنمىنجۇيىلىق ئىنقىلاپ بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىر. سۇن جۇڭشەن شۇ يىلى ئېلان قىلغان «جۇڭگو گومىنداڭىنىڭ 1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاپنامىسى»دە مۇنداق دېگەن ئىدى: «يېقىنقى زامان دۆلەتلىرىدە خەلق ھوقۇقى تۈزۈمى دەپ ئاتالغان تۈزۈم، كۆپۈنچە، بۇرژۇئازىيىگە خاس بولۇپ، ئاددى

خەلقنى ئېزىش قۇرالىغا ئايلىنىپ قالدى. گومىنداڭنىڭ خەلق ھوقۇقى مەسىلىگى بولسا، ئۇمۇمى ئاددى خەلققە ئورتاق بولۇپ، ئازچىلىق ئادەملەر ئىگىلەپ خۇسۇسى قىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس.» يەنە مۇنداق دىگەن ئىدى: «جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ كارخانىلىرىدىن ياكى لۇڭدۇەن خاراكتېردىكىلىرى، ياكى كولىمى بەك كەڭ بولۇپ خۇسۇسىلارنىڭ باشقۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىرى، مەسىلەن، بانكا، تومۇر يول، ھاۋا قاتنىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار دولەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلىدۇ ۋە ئىدارە قىلىنىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن خۇسۇسى كاپىتال تۈزۈمى، خەلق تۇرمۇشىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋا- لالمايدىغان بولىدۇ، كاپىتالنى چەكلەشنىڭ ئاساسى مەنىسى ئەنە شۇ.» سۇن جۇڭشەن يەنە ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىدە «خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ ۋە دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كورىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىش لازىم» دەپ، ئىچكى ئىشلار ھەم ۋەيجىياۋغا دائىر توپ پىرىنسىپنى كورسىتىپ بەرگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كونا خەلقارا ۋە ئىچكى شارائىتقا مۇۋاپىق بولغان كونا دېموكراتىك سەنمىنجۇيىنى يېڭى خەلقارا ۋە ئىچكى شارائىتقا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېڭى دېموكراتىك سەنمىنجۇيى قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىققان ئىدى. جۇڭگو گوڭچەنداڭى 1937 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، «سەنمىنجۇيى بۇگۇنكى جۇڭگو ئۈچۈن زورۇر، پارتىيىمىز ئۇنى تەل - توكۇس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ» دىگىنىدە، باشقا ھېچقانداق سەنمىنجۇيىنى ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق سەنمىنجۇيىنى كوزدە تۇتقان ئىدى. بۇ سەنمىنجۇيى — سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ چوڭ سىياسىتىنى، يەنى روسسىيە بىلەن بىرلىشىش، گوڭچەنداڭ بىلەن

بىرلــىشىش ۋە دېخان ـ ئىشچىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش سىياســتىنى ئاساس قىلغان سەنمىنجۇيى. يېڭى خەلقارا ۋە ئىچكى شارائىتتا بۇ ئۈچ چوڭ سىياسەتتىن چەتنىگەن سەنمىنجۇيى ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيى ئەمەس (كوممۇنىزىم بىلەن سەنمىنجۇيى دېموكراتىك ئىنقىلاپىنىڭ تۈپ سىياسى گائىلىكى جەھەتــتىلا بىر ـ بىرىگە ئوخشايــدىغانلىقى، باشقا ھەممە جەھەتلەردە بولــسا، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانــلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا بۇ يەردە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز).

دېمەك، جۇڭگونىڭ بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنــقىلاۋى، مەيلى كۆرەش سېپى (بىرلىكسەپ) جەھەتــدىن ئېيتايلى، مەيــلى دولەت تۈزۈلۈشى جەھەتىدىن ئېيتايلى، پرولېتارىياتنىڭ، دېخانلار سىنىپىـ نىڭ ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيــنىڭ ئورنىغا ئېتىۋارسىز قارىــسا بولمايدۇ. كىمكى جۇڭگو پرولېتارىياتىنى، دېخانلار سىنىپــىنى ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنى چەتكە قايرىپ قويماقچى بولىدىكەن، جۇڭـخۇا مىللىتىنــىڭ تەقدىرىنى چوقۇم ھەل قىلالمايدۇ، جۇڭگونىڭ ھېچقانداق مەسىلىسىنى چوقۇم ھەل قىلالمايدۇ. جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنــقىلاۋى ۋۇجۇتقا كەلــتۈرىدىــغان دېموكراتىــك جۇمھۇرىيەت جەزمەن ئىشچىلار، دېخانــلار ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇـ ئازلار مۇئەيــيەن ئورۇن تۇتىدىغان ۋە مۇئەيــيەن رول ئوينايدىغان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولۇشى كېرەك. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشچىلار، دېخانلار، شەھەر ئۇشــشاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ھەم جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزىمــغا قارشى تۇرغۇچى باشقا بارلىق كىشلەرنىڭ ئىنــقىلاۋىي ئىتتىپاقىــنىڭ دېموكراتىك جۇمــھۇرىيىتى بولــۇشى كېرەك. بۇنــداق جۇمھۇرىيەتــنىڭ تەل ـ توكۇس ۋۇجۇتــقا كېلىشى پەقەت پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىلا مۇمكىن بولىدۇ.

## 6- بولۇم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالى

ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ خاراكتېرى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۈشمىنى، ۋەزىپىسى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە خاراكتېرىدىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىلەرنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسىنى، يەنى جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ پرولېتار-سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى مەسىلىسى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھازىرقى باسقۇچىنىڭ كەلگۈسى باسقۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى مەسىلىسىنىمۇ ئاسان چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

چۈنكى ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ئادەتتىكى، كونىچە بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە، يېڭىچە دېموكراتىك ئىنقىلاپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ئىنقىلاۋى 20-ئەسىرنىڭ 30 ۋە 40-يىللىرىدىكى يېڭى خەلقارا شارائىتتا تۇرغان ئىكەن، يەنى سوتسىيالىزم يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان، كاپىتالىزم تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان خەلقارا شارائىتتا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئىنقىلاپ دەۋرىدە تۇرغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاخىرقى ئىستىقبالىنىڭ كاپىتالىزم ئەمەس، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم بولىدىغانلىقىدىمۇ شەك-شۈبھە قالمايدۇ.

سۆزسىزكى، ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋى ھازىرقى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتلىك ئورۇننى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يەنى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئىنقىلاپ غەلىبە

قازانغاندىن كېيىن، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققى قىلىش يولىدىكى توسقۇنلۇقلار سۈپۈرۈپ تاشلانغان بولغانلىقتىن، كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتىدە خېلى دەرىجىدە راۋاجلىنىدىغانلىقى — تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان، شۇنداقلا ئەجەبلەنمىسمۇ بولىدىغان ئىش. كاپىتالىزمنىڭ خېلى دەرىجىدە راۋاجلىنىدىغانلىقى — ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغان جۇڭگودا دېموكراتىك ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن كورۇلىدىغان مۇقەررەر نەتىجە. لېكىن بۇ پەقەت جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىرلا تەرەپتىكى نەتىجىسى، ئۇنىڭ ئۇمۇمى نەتىجىسى ئەمەس. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇمۇمى نەتىجىسى مۇنداق: بىر تەرەپتىن، كاپىتالىستىك ئامىللار راۋاجلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك ئامىللار راۋاجلىنىدۇ. بۇنداق سوتسىيالىستىك ئامىللار قايسىلار؟ ئۇلار پرولېتارىيات بىلەن گوڭچەنداڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى سىياسى كۈچلەر ئىچىدە تۇتقان سالمىقىنىڭ ئۆسۈشى، دېخانلار، زىيالىلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ پرولېتارىيات بىلەن گوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ياكى ئېتىراپ قىلىشىنىڭ مۇمكىنلىكى، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ دولەت ئىگىلىكى ۋە ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ كوپېراتىپ ئىگىلىكى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك ئامىل. بۇلارغا خەلقارا شارائىتنىڭ پايدىلىقلىقى قوشۇلسا، جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىدە كاپىتالىستىك ئىستىقبالدىن ساقلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىستىقبالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى زور ئىمكانىيەتكە ئىگە بولماي قالمايدۇ.

## 7- بۆلۈم جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قوش ۋەزىپىسى ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى

بۇ باپنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدە ئېيتىلغانلارنى يەكۈنلىگەندە، شۇنى چۈشىنىشىمىز مۇمكىنكى، پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلاۋى قوش ۋەزىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى جۇڭگو ئىنقىلاۋى بۇرژۇئا-دېموكراتىك خاراكتېردىكى ئىنقىلاپ (يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ) ۋە پرولېتار-سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى ئىنقىلاپتىن — ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلاپ ۋە كەلگۈسى باسقۇچتىكى ئىنقىلاپتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، ئىنقىلاپنىڭ بۇ قوش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ پارتىيىسى — جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ زىممىسىدە، جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ رەھبەرلىگىدىن ئايرىلغاندا، ھەرقانداق ئىنقىلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋى (يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ)نى ئورۇنلاش ۋە ھەممە زۆرۈر شەرتلەر ھازىرلانغان چاغدا ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ باسقۇچىغا كۆچۈرۈشكە تەييارلىنىش — بۇلار جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ بىر پۈتۈن ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىسى. ھەر بىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسى بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، ھەرگىز ئۇنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويماسلىقى لازىم. بەزى گوداك گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى، بىزنىڭ ئالدىمىزدا پەقەت ھازىرقى باسقۇچتىكى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋەزىپىسىلا بار، كەلگۈسى باسقۇچتىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋەزىپىسى يوق، دەپ قارايدۇ، يا بولمىسا، ھازىرقى ئىنقىلاپ ياكى يەر ئىنقىلاۋىنىڭ

ئۆزى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ، دەپ قارايدۇ. تەكىتلەپ كۆرسىتىش كېرەككى، بۇ نۇقتەئى نەزەرلەر خاتا. ھەر بىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسى بىلىشى كېرەككى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلاۋى ھەرىكىتى — دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت؛ بۇلار خاراكتېرى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئىنقىلاپ جەريانى، پەقەت ئالدىنقى ئىنقىلاپ جەريانىنى ئورۇنلىغاندىلا، كېيىنكى ئىنقىلاپ جەريانىنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلاپ — سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ زۆرۈر تەييارلىقى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ — دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. بارلىق كوممۇنىزمچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى بولسا، سوتسىيالىستىك جەمىيەت ۋە كوممۇنىستىك جەمىيەتنى تىرىشىپ، ئۇزۇل-كېسىل ۋۇجۇتقا چىقىرىشتىن ئىبارەت. پەقەت دېموكراتىك ئىنقىلاپ بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ پەرقىنى ئېنىق چۈشەنگەندىلا، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ ئىككىسىنىڭ باغلىنىشىنى ئېنىق چۈشەنگەندىلا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا توغرى رەھبەرلىك قىلغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئىككى ئۇلۇغ ئىنقىلاپنىڭ تەل-تۆكۈس ئورۇنلىنىشىغا رەھبەرلىك قىلىشنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭدىن باشقا ھېچقانداق پارتىيە (مەيلى بۇرژۇئا پارتىيىسى بولسۇن ياكى ئۇششاق بۇرژۇئا پارتىيىسى بولسۇن) ئۈستىگە ئالالمايدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بولسا، ئۆزى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا ئەنە شۇ قوش ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ كەلدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن

توپ ـ توغرى 18 يىل جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلدى.

بۇنداق ۋەزىپە ـــ ئىنتايىن شەرەپلىك، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىپە. پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك، كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە، ئىدېيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن ۋە بولشېۋىكلاشقان جۇڭگو كومپارتىيەسى بولمىسا، بۇنداق ۋەزىپىنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، كومپارتىيەنى پائال رەۋىشتە ئەنە شۇنداق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ـــ ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ مەسئۇلىيىتى.

## ئىزاھلار

① كومپاسنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، جۇڭگو رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، خېلى بۇرۇنلا بولغان. مىلادىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرىكى جەنگو دەۋرىدە يېزىلغان «لۈيشىنىڭ يىلنامىسى»دە «ماگنىت تۆمۈرنى تارتىدۇ» دېگەن سۆز بار، بۇنىڭدىن شۇ چاغلاردا جۇڭگولۇقلارنىڭ ماگنىتنىڭ تۆمۈرنى تارتىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ۋاڭ چۇڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «لۈنخېڭ»دا ماگنىت قوشۇقنىڭ سېپى جەنۇبنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېيتىلغان، بۇنىڭدىن شۇ چاغلاردا ماگنىتنىڭ قۇتۇپنى كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى تېپىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مىلادى 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خۇيزۇڭ زامانىدا جۇ يۈي تەرىپىدىن يېزىلغان «پىڭجۇ رىۋايەتلىرى» ۋە شۈي جىڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «شۈەنخې يىللىرىدا كورىيەگە ئەلچى بولۇپ بېرىش خاتىرىسى»دە دېڭىز قاتنىشىدا كومپاستىن پايدىلىنىلغانلىقى بايان قىلىنغان، بۇلاردىن شۇ چاغلاردا كومپاستىن پايدىلىنىشنىڭ ناھايىتى ئۇمۇمىي بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

② شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەرەمئاغىسى سەي لۈن دەرەخ

قوۋزىغى، چىگە، ئەسكى ـ تۇسكى لاتا ۋە كېرەكسىز بىلىق تورلىرىدىن قەغەز ياساشنى كەشىپ قىلغان. مىلادىنىڭ 105 ـ يىلى، يەنى خەن سۇلالىسىنىڭ خانى خېدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سەي لۇن بۇ كەشپىياتنى خانىغا تەقدىم قىلغان، شۇ چاغدىن تارتىپ بۇ قەغەز كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ۋە «خۇجۇي سەي لۇن قەغىزى» دەپ ئاتالغان.

③ جۇڭگو مەتبەئەچىلىكى سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە، تەخمىنەن مىلادىنىڭ 600 ـ يىللىرىدا ئىجات قىلىنغان.

④ سۇڭ سۇلالىسى رېنزۇڭ خانىنىڭ چىڭلى يىلىدا (مىلادىنىڭ 1041 ـــ 1048 ـ يىللىرىدا) بى شېڭ مىق مەتبەئە كەشىپ قىلغان.

⑤ جۇڭگودا مىلتىق دورىسى، راۋايەتلەرگە قارىغاندا، مىلادى 9 ـ ئەسىردە كەشىپ قىلىنغان. مىلادى 11 ـ ئەسىردە جۇڭگودا مىلتىق دورىسى ئىشلىتىلىدىغان توپ ياسىلىپ، ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلگەن.

⑥ بۇ ـــ جۇڭگودا بىرىنچى قېتىم كوتۇرۇلگەن كەڭ كولەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى. مىلادىدىن 209 يىل ئاۋال، چىن II نىڭ بىرىنچى يىلىدا چېن شېڭ، ۋۇ گۇاڭلار چېگرا مۇداپىيە ئورنىغا كېتىۋېتىپ، چىشيەن دىگەن جايغا (هازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ سۇشيەن ناهىيىسىگە) يېتىپ كەلگەندە، ئۇزلىرى بىلەن بىللە ماڭغان چېگرا ساقلىغۇچى 900 ئەسكەرنى باشلاپ قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ، چىن سۇلالىسىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرىدۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. شياڭ يۈي ئۇز تاغىسى شياڭ لياڭ بىلەن بىللە ۋۇ دىگەن جايدىن (هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشيەن ناهىيىسىدىن) ئەسكەر تارتىپ چىقىدۇ، ليۇ باڭ ۋۇ پېي دىگەن جايدىن (هازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پېيشيەن ناهىيىسىدىن) ئەسكەر تارتىپ چىقىدۇ. شياڭ يۈي قوشۇنى چىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىدۇ، ليۇ باڭ قوشۇنى ئالدى بىلەن گۇەنجۇڭنى ۋە چىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنى ئالىدۇ. كىيىن ليۇ باڭ بىلەن شياڭ يۈي ئوتتۇرىسىدا جاڭجال كوتۇرۇلۈپ، شياڭ يۈي هالاك

بولدۇ. ليۇ باڭ چىن سۇلالىسى خانىنىڭ ئورنىغا خانلىققا ئولتۇردۇ، ئۇ — خەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى.

⑦ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ھەممە يەردە دېخانلار توپىلاڭلىرى ۋە پارچە- پۇرات دېخانلار قوزغىلاڭلىرى بولدۇ. مىلادىنىڭ 8- يىلى ۋاڭ ماڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا خانلىققا ئولتۇردۇ ۋە بەزىبىر ئىسلاھات چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېخانلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى پەسەيتىشكە ئۇرۇندۇ. بۇ چاغدا جەنۇپتا قاتتىق ئاچارچىلىق يۈزبەرگەن ئىدى، ئاچارچىلىققا ئۇچرىغانلار شىنشى (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جىڭشەن ناھىيىسى)لىق ۋاڭ كۇاڭ ۋە ۋاڭ فېڭلارنى سەردار قىلىپ، قوزغىلاڭ كوتۈردۇ. كېيىن بۇ دېخانلار قوشۇنى نەنياڭغا يېتىپ باردۇ ۋە «شىنشى ئەسكەرلىرى» دەپ ئاتالدۇ. پىڭلىن (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى سۈيشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا)لىق چېن مۇ باشلىق 1000 دىن ئوشۇق كىشى قوزغىلاڭ كوتۈردۇ ۋە «پىڭلىن ئەسكەرلىرى» دەپ ئاتالدۇ. قىزىل قاشلىقلار ۋە تۇڭمالارمۇ ۋاڭ ماڭ زامانىدا قوزغىلاڭ كوتۈرگەن دېخانلار قوشۇنلىرىدۇر، تۇڭما قوزغىلىڭى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولغان، قىزىل قاشلىقلار قوزغىلىڭى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولغان. قىزىل قاشلىقلارنىڭ رەھبىرى فەن چۇڭ دېگەن كىشى بولغان، قوزغىلاڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى قاشلىرىنى قىزىل بويىۋالغانلىقتىن، «قىزىل قاشلىقلار قوشۇنى» دەپ ئاتالغان، بۇ شۇ چاغدا دېخانلارنىڭ ئەڭ چوڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى بولغان.

⑧ مىلادىنىڭ 184- يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ لىڭدى زامانىدا جاڭ جياۋ دېخانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كوتۈرگەن، بۇ قوزغىلاڭچىلار بەلگە ئۈچۈن باشلىرىغا سېرىق ياغلىق چىگىۋالغان.

⑨ مىلادى 7- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دېخانلار ئارقا- ئارقىدىن قوزغىلاڭ كوتۈردۇ، لى مى ۋە دۇ جيەندېلەر — شۇ چاغدا قوزغىلاڭ كوتۈرگەن كىشىلەر.

لى مى خېنەندە، دۇ جيەندې خېبېيدا قوزغىلاڭ كوتۇرگەن، بۇلار رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇنلار شۇ چاغدا ھەيۋەتى ناھايىتى زور قوشۇنلار بولغان.

⑩ ۋاڭ شيەنجى مىلادىنىڭ 874 - يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىزۇڭ خان زامانىدا) شەندۇڭدا قوزغىلاڭ كوتۇردۇ، ئىككىنچى يىلى خۇاڭ چاۋ ئادەم توپلاپ، ۋاڭ شيەنجىگە قوشۇلدۇ. مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەر-نىڭ 1 - تومىدىكى «پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا»نىڭ② ئىزاھىغا قاراڭسۇن.

⑪ سۇڭ جياڭ ۋە فاڭ لا — مىلادى 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرى سۇڭ سۇلالىسى خۇيزۇڭ خانىنىڭ شۈەنخې يىللىرىدا شىمال ھەم جەنۇپ ئىككى تەرەپتە كوتۇرۇلگەن دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەردار-لىرى. سۇڭ جياڭ شەندۇڭ، خېبەن ۋە جياڭسۇلار تۇتاشقان جايلاردا، فاڭ لا بولسا، جېجياڭ ۋە ئەنخۈي تەرەپلەردە قوزغىلاڭ كوتۇرگەن.

⑫ مىلادىنىڭ 1351 - يىلى، يۈەن سۇلالىسى شۇندى خانىنىڭ جىجېڭ 11 - يىلىدا ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق قوزغىلاڭ كوتۇردۇ. ئەنخۈي فېڭياڭلىق جۇ يۈەنجاڭ گو زىشىڭنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا قوشۇلدۇ؛ گو زىشىڭ ئولگەندىن كېيىن، جۇ يۈەنجاڭ بۇ قوشۇننىڭ سەردارى بولدۇ، ئۇ ئاخىر موڭغۇل خاندانلىقىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى خانى بولدۇ.

⑬ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 - تومىدىكى «پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا»نىڭ③ ئىزاھىغا قاراڭسۇن.

⑭ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 - تومىدىكى «ياپون جاھانگىرلى-گىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا»نىڭ㉝ ئىزاھىغا قاراڭسۇن.

⑮ 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، بىرنەچچە ئون يىل داۋامىدا ئەنگلىيە جۇڭگوغا بارغانسىرى كوپلەپ ئەپيۇن كىرگۈزدى. ئەپيۇننىڭ كىرگۈزۈلۈشى بىلەن جۇڭگو خەلقى قاتتىق زەھەرلەندى ھەمدە جۇڭگونىڭ كۈمۈچلىرى كوپلەپ تالان - تاراج قىلىندى. ئەپيۇن

سودىسى جۇڭگونىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1840 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى سودىنى مۇھاپىزەت قىلىش بانىسى بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلدى. جۇڭگو ئارمىيىسى لىن زېشۈينىڭ رەھبەرلىكىدە قارشى ئۇرۇش قىلدى. گۇاڭجۇ خەلقى ئۆزلىكىدىن «پىڭيىڭتۇەن» تەشكىل قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە ناھايىتى قاتتىق زەربە بەردى. چىرىكلەشكەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1842 ـ يىلى ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن «نەنجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى، ئۇنىڭدا ئۇرۇش چىقىمى تۆلەش ۋە شياڭگاڭنى كېسىپ بېرىش بەلگىلەنگەنىڭ سىرتىدا، شاڭخەي، فۇجۇ، شيامېن، نىڭبو ۋە گۇاڭجۇ شەھەرلىرىنى سودا گاڭكۇسى قىلىپ ئېچىپ بېرىش، جۇڭگوغا كىرگۈزۈلگەن ئەنگلىيە ماللىرىدىن ئېلىنىدىغان باجنى جۇڭگو، ئەنگلىيە ــ ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەشمۇ توختام قىلىنغان.

⑯ 1856 ــ 1860 ـ يىللىرى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە بىرلىشىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى، ئامېرىكا بىلەن پادىشا روسىيىسى ئۇلارغا چەتتە تۇرۇپ ياردەم بەردى. ئۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەيپىڭ تيەنگو دېخانلار ئىنقىلاۋىنى بېسىقتۇرۇۋاتقاچقا، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارىتا پاسسىپ قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى ئىلگىرى ـ ئاخىر گۇاڭجۇ، تيەنجىن، بېيجىڭ قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى بېسىۋالدى، بېيجىڭدىكى يۈەنمىڭيۈەن بېغىنى تالان ـ تاراج قىلدى ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى مەجبۇر قىلىپ «تيەنجىن شەرتنامىسى» ۋە «بېيجىڭ شەرتنامىسى»نى تۈزدى. بۇ شەرتنامىلەردە، ئاساسەن، تيەنجىن، نيۇجۇاڭ، دېڭجۇ، تەيۋەن، دەنشۈي، چاۋجۇ، چيۇڭجۇ، نەنجىڭ، جېنجياڭ، جيۇجياڭ، خەنكۇ قاتارلىق جايلارنى سودا گاڭكۇسى قىلىپ ئېچىپ بېرىش؛ چەتئەللىكلەرگە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ساياھەت قىلىش ۋە دىن تارقىتىش ئىمتىيازلىرى بېرىش، جۇڭگونىڭ ئىچكى دەريالىرىدا قاتناش ئىمتىياز-

لىرى بېرىش بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ چەتئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرى جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى ئۆلكىلىرىگە كېڭەيدى ۋە ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىردى.

⑰ 1884 ــ 1885 ـ يىللىرى فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋيېتنامغا، گۇاڭشى، فۇجيەن، تەيۋەن ۋە جېجياڭ قاتارلىق جايلارغا قوراللىق بېسىپ كىردى. جۇڭگو ئارمىيىسى فېڭ زىسەي ۋە ليۇ يۇڭفۇ قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە ئۈستى-ئۈستىگە غەلىبە قازاندى. لېكىن چىرىكلەشكەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىپ تۇرۇقلۇق، ئەكسىچە، ھاقارەتلىك «تيەنجىن شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ، فرانسىيىنىڭ ۋيېتنامنى بېسىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە فرانسىيە تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ خۇانەن رايونىغا كىرىشىگە يول قويدى.

⑱ 1900 ـ يىلى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە، روسىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، ئاۋىستىرىيىدىن ئىبارەت 8 جاھانگىر دۆلەت، جۇڭگو خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى يىخېتۇەن ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، بىرلىشىپ ئەسكەر چىقىرىپ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلدى، جۇڭگو خەلقى بۇلارغا قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى. سەككىز دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنى داگۇغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تيەنجىن، بېيجىڭلارنى بېسىۋالدى. 1901 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەككىز جاھانگىر دۆلەت بىلەن «شىنچۇ شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى، بۇنىڭدا، ئاساسەن، جۇڭگونىڭ ئەشۇ دۆلەتلەرگە 450 مىليون سەر كۈمۈچ ئۇرۇش چىقىمى تۆلەيدىغانلىقى، جاھانگىر دۆلەتلەردە بېيجىڭدا ۋە بېيجىڭدىن تيەنجىن، شەنخەيگۇەنلەرگە بارىدىغان جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇشتەك قانۇنسىز ئىمتىيازلار بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

⑲ لىڭشىلارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ــ جاھانگىر دۆلەتلەر كونا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە مەجبۇرىي تاڭغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەردە بەلگىلەنگەن ئىمتىيازلاردىن بىرى، ئۇ 1843 ـ يىلى تۈزۈلگەن جۇڭگو-

ئەنگلىيە خىيانەتچى شەرتنامىسى ۋە 1844 ـ يىلى تۈزۈلگەن جۇڭگو ـ ئامېرىكا
ۋاڭشيا شەرتنامىسى بىلەن باشلانغان. بۇ ئىمتىياز شۇنىڭدىن ئىبارەتكى،
جۇڭگودا لىگشىلارنىڭ ھوكۇم چىقىرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى
دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق مۇھاجىرلىرى ھەق ـ تەلەپ دەۋاسى ۋە
جىنايى ئىشلار دەۋاسى بىلەن جاۋابكار بولۇپ قالغان چاغلاردا ئۇلارغا
جۇڭگونىڭ قاتتىقلىرى ھوكۇم چىقىرىشقا ھوقۇقسىز، پەقەت ئۆز دۆلىتى-
نىڭ لىگشىلىرىلا ھوكۇم چىقىرىدۇ.

⑳ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن جاھانگىر دۆلەتلەر 19 ـ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي
ۋە ھەربىي كۈچلىرىگە قاراپ، جۇڭگونىڭ مەلۇم رايونلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ
تەسىر دائىرىسى قىلىپ بۆلۈۋېلىشتى. مەسىلەن، شۇ چاغلاردا چاڭجياڭ-
نىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئۆلكىلەر ئەنگلىيىنىڭ تەسىر
دائىرىسى قىلىپ بولۇنغان، يۈننەن، گۇاڭدۇڭ ۋە گۇاڭشى ئۆلكىلىرى
فرانسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسى قىلىپ بولۇنغان، شەندۇڭ ئۆلكىسى
گېرمانىيىنىڭ تەسىر دائىرىسى قىلىپ بولۇنغان، فۇجيەن ئۆلكىسى
ياپونىيىنىڭ تەسىر دائىرىسى قىلىپ بولۇنغان؛ دۇڭبېي ئۈچ ئۆلكە
ئەسلىدە پادىشا روسىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى قىلىپ بولۇنغان ئىدى،
1905 ـ يىلدىكى ياپونىيە ـ روسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇڭبېي ئۈچ ئۆل-
كىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ياپونىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلاندى.

㉑ جاھانگىر دۆلەتلەر چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنى زورلاپ،
دەريا ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى بەزى جايلارنى سودا گاڭكۇسى دەپ
ئېتىراپ قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئۆزلىرى لايىق كۆرگەن
جايلاردىكى بەزى رايونلارنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە
«زۇجيې» قىلىۋالدى. بۇنداق «زۇجيې»لەردە جۇڭگونىڭ مەمۇرىي
شتۇقى ۋە قانۇن تۈزۈملىرىدىن پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولغان باشقا بىر
خىل ھوكۇمرانلىق تۈزۈمى، يەنى جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە تۈزۈمى
يۈرگۈزۈلدى. جاھانگىرلار بۇنداق «زۇجيې»لەر ئارقىلىق جۇڭگودىكى

فېودال ۋە مەيبەن بۇرژۇئازىيە ھوكۇمرانلىقىنى سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق رەۋىشتە ئۇز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپتا ئىنقىلاۋىي ئاممە جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە زۇجىيېلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى ۋە 1927 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خەنكۇ، جيۇجياڭ-لاردىكى ئەنگلىيە زۇجىيېلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. لېكىن جياڭ جيېشى ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زۇجىيېلىرى يەنە داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىۋەردى.

㉒ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ 6 ـ قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان «مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەر توغرىسىدا تىگاڭ»دىن ئېلىنغان.

㉓ 1927 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۇنى ستالىننىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونال ئىجرائىيە ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا سوزلىگەن نۇتقى ـــ «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ ۋەزىپىسى»دىن ئېلىنغان.

㉔ ستالىن. «جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا»دىن ئېلىنغان.

㉕ لېنىن. «شېخۇي ـ مىنجۇداڭنىڭ يەر گاڭلىڭى»غا قارالسۇن.

# ستالىن — جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستى

**(1939 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)**

بۇ يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى — يولداش ستالىن 60 ياشقا تولغان خاتىرە كۈن. بۇ خاتىرە كۈن، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، پۈتۈن دۇنيادا بۇنىڭدىن خەۋەردار ھەم ئىنقىلاۋىي بولغانلىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە سەمىمى ۋە قىزغىن تەبرىك تۇيغۇلىرىنى قوزغايدۇ.

ستالىننى تەبرىكلەش رەسمىيەت ئۈچۈنلا قىلىندىغان بىر ئىش ئەمەس. ستالىننى تەبرىكلەش ستالىننى ھىمايە قىلىش، ستالىننىڭ ئىشىنى ھىمايە قىلىش، سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى ھىمايە قىلىش، ستالىن ئىنسانىيەتكە كۆرسىتىپ بەرگەن يونۇلۇشنى ھىمايە قىلىش، ئۆزىنىڭ سەمىمى دوستىنى ھىمايە قىلىش دېمەكتۇر. چۈنكى ھازىر پۈتۈن دۇنيادا ئىنسانىيەتنىڭ زور كۆپچىلىكى ئازاپ - ئوقۇبەت چېكىۋاتقانلاردۇر، پەقەت ستالىن كۆرسەتكەن يونۇلۇشلا، پەقەت

ستالىننىڭ ياردىمىلا ئىنسانىيەتنى بالايى ـ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرالايدۇ.

بىز جۇڭگو خەلقى تارىختا ئەڭ ئېغىر بالايى ـ ئاپەتكە دۇچ كېلىۋاتىمىز، كىشلەرنىڭ ياردىمىگە تازا مۇھتاج بولۇۋاتىمىز. «شىجىڭ»دا: «ئۇچار ـ قۇشلار سايرىشاتتى ئىزلەپ دوستلۇق سادايى» دېگەن بىر مىسرا بار. بىز دەل ئەنە شۇنداق ۋاقىتتا تۇرىۋاتىمىز.

لېكىن، كىملەر بىزنىڭ دوستىمىز؟

ئاللىقانداق بىر خىل دوستلار باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستى دەپ ئاتىشىدۇ؛ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بەزىلەر ئۇلارنى ھېچ ئويلاپ باقماستىنلا دوست دەپ ئاتىشىدۇ. لېكىن بۇنداق دوستلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى لىنفۇ① جۈملىسىگە كىرىدۇ. لى لىنفۇ تاڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن بىر ۋەزىر بولۇپ، «تىلى ھەسەل، ئىچى زەھەر» دېگەن نام بىلەن داڭقى چىققان ئادەم ئىدى. ھازىر بۇ «دوست» دىيىلىۋاتقانلارمۇ خۇددى شۇنداق «تىلى ھەسەل، ئىچى زەھەر» دوستلار. بۇلار كىملەر؟ بۇلار ئاغزىدا جۇڭگوغا خەيرىخاھمىز دەپ يۈرگەن جاھانگىرلار.

يەنە بىر خىل دوستلار بولسا، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار بىزگە ھەقىقى خەيرىخاھلىق قىلىدۇ، ئۇلار بىزنى ئۆز قېرىنداشىدەك كۆرىدۇ. بۇلار كىملەر؟ بۇ ـــ سوۋېت خەلقى، بۇ ـــ ستالىن.

ھېچبىر دولەت جۇڭگودىكى ئىمتىيازلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىنى يوق، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا ئەمەلدىن قالدۇردى.

بىرىنچى ئۇلۇق ئىنقىلاپ دەۋرىدە بارلىق جاھانگىرلار بىزگە قارشى تۇردى، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا بىزگە ياردەم بەردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان،

جاھانگىر دولەتلەر ھوكۇمەتلىرىدىن ھېچقايسىسى بىزگە ھەقىقى ياردەم بەرگىنى يوق، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا بىزگە ھاۋا ئارمىيىسى ۋە ماددى ئەشيالار بىلەن ياردەم بەردى.

بۇ يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشىنىشلىك ئەمەسمۇ؟

جۇڭخۇا مىللىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشىغا پەقەت سوتسىيالىزىم دولىتى، سوتسىيالىزىم داھىسى، سوتسىيالىزىم خەلقى، سوتسىيالىزىم مۇتەپەككۇرلىرى، سىياسىيونلىرى ۋە ئەمگەكچىلىرىلا ھەقىقى ياردەم بېرىدۇ؛ ھالبۇكى، بىزنىڭ ئىشىمىز ئۇلارنىڭ ياردىمىسىز ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ستالىن — جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئىشىنىڭ سادىق دوستى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ستالىنغا بولغان مۇھەببىتى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان دوستلۇق تۇيغۇسى تامامەن چىن قەلبىدىن چىققان، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئارىغا بولگۇنچىلىك سېلىشى، پىتنە تېرىپ بوھتان چاپلىشى، بەرىبىر، ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيدۇ.

## ئىزاھ

① لى لىنفۇ — مىلادى 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى شۈەنزۇڭ خانىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. ئۇ توغرىسىدا «زىجىڭ تۇڭجيەن»دە مۇنۇلار يېزىلغان: «لى لىنفۇ ۋەزىر چېغىدا قابىلىيىتى ۋە توھپىسى ئۆزىنىڭكىدىن ئارتۇق بولغانلارنى ھەم پادىشا ئالدىدا ئىناۋەت قازىنىپ، مەرتىۋە جەھەتتىن ئۆزىگە يېقىنلاپ قالغانلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن چەتكە قاقاتتى. بولۇپمۇ بىلىم ئەھلىلىرىگە ھەسەت قىلاتتى. كىشىلەرگە ئالدىدا ياخشىلىق قىلغان بولۇپ، چىرايلىق سۆزلەرنى قىلاتتى، ئارقىسىدىن ئورا كولايتتى. لى لىنفۇنىڭ زاماندāشلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە، تىلىدىن ھەسەل تامغىنى بىلەن ئىچىدە زەھەر قايناپدۇ، دېيىشەتتى».

# بېتيۇننى خاتىرلەيمىز

**(1939 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى)**

يولداش بېتيۇن① كانادا كۈڭچەنداڭىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، يېشى 50 تىن ئاشقان، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كانادا كۈڭچەنداڭى ۋە ئامېرىكا كۈڭچەن- داڭىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن، ئارىلىقنى يىراق كورمەي، جۇڭگوغا كەلگەن. ئۇ بۇلتۇر ئەتىيازدا يەنئەنگە كېلىپ، كېيىن ۋۇتەيشەنگە خىزمەتكە بارغان ئىدى، بەختكە قارشى، خىزمەت يولىدا قۇربان بولدى. بىر چەتئەللىك قىلچىمۇ ئوز مەنپەئەتىنى كوزلىمەي، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشىنى ئوز ئىشى دەپ بىلدى، بۇ قانداق روھ؟ بۇ — ئىنتېرناتسىونالىزىملىق روھ، بۇ — كوممۇنىستىك روھ، جۇڭگو كۈڭچەنداڭىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى مۇشۇنداق روھنى ئۈگىنىشى كېرەك. لېنىنىزىم: كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ پۇرولېتارىياتى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىنى ھىمايە قىلىشى كېرەك، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ پۇرو- لېتارىياتى كاپىتالىستىك ئەللەر پۇرولېتارىياتىنىڭ ئازاتلىق

كۆرشىنى ھىمايە قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، دۇنيا ئىنقىلاۋى غەلىبە قازىنىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ②. يولداش بېتيۇن بۇ لېنىنىزىم لۇشيەنىگە ئەمەل قىلدى. بىز جۇڭگو كۇڭچەنداڭى ئەزالىرىمۇ بۇ لۇشيەنگە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. بىز بارلىق كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ پرولېتارىياتى بىلەن بىرلىشىشىمىز لازىم، ياپونىيىنىڭ، ئەنگلىيىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ، گېرمانىيىنىڭ، ئىتالىيىنىڭ ۋە باشقا بارلىق كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ پرولېتارىياتى بىلەن بىرلىشىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، جاھانگىرلىكنى يوقىتىپ، مىللىتىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى ئازات قىلغىلى، دۇنيادىكى مىللەتلەرنى ۋە خەلقلەرنى ئازات قىلغىلى بولىدۇ. بۇ — بىزنىڭ ئىنتېرناتسىونالىزىمىمىز، بۇ — بىزنىڭ تار مىللەتچىلىككە ۋە تار ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارشى قويغان ئىنتېرناتسىونالىزىمىمىز.

يولداش بېتيۇننىڭ قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كوزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كوزلەش روھى ئۇنىڭ خىزمەتكە بولغان چەكسىز مەسئۇلىيەتچانلىقىدا، يولداشلارغا ۋە خەلققە بولغان چەكسىز قىزغىنلىقىدا كورۇلىدۇ. ھەر بىر كۇڭچەنداڭ ئەزاسى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشى كېرەك. بىرمۇنچە كىشىلەر خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدۇ، ئىشنىڭ يېنىكىنى تاللاپ، ئېغىرىدىن قاچىدۇ، يۈكنىڭ ئېغىرىنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ، يېنىكىنى ئۆزى كوتۈرىدۇ. بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئۆزىنى، ئاندىن باشقىلارنى كوزدە تۇتىدۇ. ئازغىنا كۈچ چىقىرىپ قويسىلا، قالتىس ئىش قىلدىم دەپ بىلىپ، ماختىنىشنى ياخشى كورىدۇ، باشقىلار بىلمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. يولداشلارغا ۋە خەلققە قىزغىن مۇئامىلە قىلماي، سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ، كويۇنمەيدۇ، بىپەرۋالىق قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر،

ئەملىيەتتە، گوڭچەنداڭ ئەزاسى ئەمەس، ھېچبولمىغانــدا، ئۇلارنى ساپ گوڭچەنــداڭ ئەزاسى دەپ ھېساپلىغىــلى بولمايدۇ. ئالدىنــقى سەپــتىن قايتىپ كېلىپ بېتــيۇن ھەققىدە سوزلىگەنلەردىن ئۇنىڭــغا ئاپىرىن ئوقۇمىغنى، ئۇنىڭ روھىدىن تەسىرلەنمىگنى يوق. سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونىدىكى ئارمــيە ۋە خەلقــتىن دوختۇر بېتيۇنــنىڭ قولىدا داۋالانــغان ياكى ئۇنىڭ خىزمىتــىنى ئوز كوزى بىلەن كورگەنلەرنىڭ ئۇنىڭدىن تەسىرلەنمىگنى يوق. ھەر بىر گوڭ-چەنداڭ ئەزاسى يولداش بېتيۇننىڭ ھەقىقى كوممۇنىزىمچىلارغا خاس بۇنداق روھنى جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەك.

يولداش بېتــيۇن دوختۇر ئىــدى، ئۇ داۋالاش ئىشــنى كەسىپ قىلغان بولۇپ، تېخنىكــىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشاتتى؛ 8-ئارمىيــنىڭ پۈتۈن تىببى ئىشلار شتۇگى بويىچە ئۇنىڭ دوختۇر-لۇق تېخنىكــىسى ناھايىتى ئۈسىتۈن ئىدى. بۇــ شاختىن شاققا قونۇپ يۈرىدىغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ، تېخنىكا خىزمىتىنى ھېچنىمــگە ئەرزىد-مەيــدۇ، ئىستىقبالــى يوق، دەپ كەمستىدىــغان كىشىلەر ئۈچۈنــمۇ ناھايىتى ئوبدان تەربىيە.

مەن يولداش بېتيۇن بىلەن بىر قېتىملا كورۇشكەن ئىدىم. كېيىن ئۇ ماڭــا نۇرغۇن خەت يازدى. بىراق مەن ئالــدىراش بولغانــلىقىم ئۈچۈن ئاران بىرلا قېتىم خەت يازدىم، ئۇنىڭ تاپشۇرۇپ ئالغان-ئالمىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا مەن قاتتىق ئېچىنىمەن. ھازىر ھەممىمىز ئۇنى خاتىرىلەۋاتىمىز، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ روھــنىڭ بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقى چىقىــپ تۇرىدۇ. بىز ھەممــمىز ئۇنىڭ شەخــسى مەنپەئەت بىلەن قىلــچە ھېساپلاشماســلىق روھــنى ئۆگىنىشــمىز كېرەك. ئەنە شۇ روھــنى ئىگەللىگەندە، خەلقــقە زور

پايدا يەتكۈزىدىغان ئادەم بولۇپ چىققىلى بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئۈستۈن بولۇشى مۇمكىن، تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئەنە شۇ روھنى ئىگەللىسىلا، ئالىيجاناب ئادەم، ساپ ئادەم، ئەخلاقلىق ئادەم، پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن خالىي ئادەم، خەلققە پايدىلىق ئادەم بولىدۇ.

## ئىزاھلار

① نورمان بېتيۇن — كانادا گۇڭچەنداڭىنىڭ ئەزاسى، مەشھۇر دوختۇر. 1936-يىلى گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىست باندىتلىرى ئىسپانىيىگە تاجاۋۇز قىلغان چاغدا، ئۇ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، فاشىزمغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئىسپانىيە خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ بىر داۋالاش دۇيىنى باشلاپ، 1938-يىلنىڭ باشلىرىدا جۇڭگوغا كەلگەن، شۇ يىل 3 ۋە 4-ئايلاردا يەنئەنگە كەلگەن، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە شەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونىغا بارغان ئىدى. يولداش بېتيۇن يۈكسەك ئىنتېرناتسىونالىق روھ ۋە پىداكارانە خىزمەت قىزغىنلىقى بىلەن 8-ئارمىيىدىكى يارىدارلار ئۈچۈن ئىككى يىلغا يېقىن خىزمەت قىلغان. ئۇ بىر قېتىم يارىدار ئۈستىدە جىددىي ئوپېراتسىيە ئۆتكۈزۈۋاتقىنىدا زەھەرلىنىپ قېلىپ، داۋادىن شىپا تاپماي، 1939-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تاڭشيەن ناھىيىسىدە ۋاپات بولغان ئىدى.

② ستالىن. «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا»، 6-قىسىم «مىللىي مەسىلە»گە قارالسۇن.

# يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە

**(1940-يىل 1-ئاي)**

## 1. جۇڭگو نەگە بارىدۇ

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدە بىر خىل كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات پەيدا بولغان، كۆپچىلىك نىجات يولى تېپىلدى دەپ بىلگەن، مەيۈسلۈك-غەمكىنلىك ھالىتى بىردىنلا يوقالغان ئىدى. لېكىن يېقىندىن بۇيان پەيدا بولغان مۇرەسسەچىلىك ھاۋاسى ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى غوغا ئۇشتۇمتۇت يەنە ئەدەپ كېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يەنە دىمىق قاپاققا سولاپ قويدى. بولۇپمۇ مەدنىيەتچىلەر ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار سەزگۈر بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ھەممىدىن ئاۋۋال شۇلارغا قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نېمە قىلىش كېرەكلىكى، جۇڭگونىڭ نەگە بارىدىغانلىقى يەنە مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «جۇڭگو ۋېنخۇا»[1] ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن

جۇڭگو سىياسىي ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشى مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتسەك، بەلكىم، پايدىلىق بولار. مەدەنىيەت مەسىلىسىدە مەن كەسىپ ئەھلى ئەمەسمەن، بۇنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنى ئويلاپ كەلگەن بولسامۇ، ئۇنىڭغا ئەمدىلا كىرىشمەكچىمەن. ھېلىمۇ ياخشى، يەنئەندىكى نۇرغۇن يولداشلارنىڭ بۇ توغرىدا تەپسىلى ماقالىلىرى بار، مېنىڭ بۇ يۈزە نەرسەم پەقەت بىر مۇقەددىمە بولۇپ قالسۇن. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىلغار مەدەنىيەت خادىملىرى ئالدىدا بىزنىڭ بۇ نەرسىمىز پەقەت ئۈنچە-مارجان ئېلىپ چىقىدىغان قۇم-شېغىل ۋە نۇرغۇن مۇلاھىزىلەردىن توغرى چىقىپ قالغان بىر مۇلاھىزە بولۇپ قالار، بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ، توغرى خۇلاسە ھاسىل قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئۈمىت قىلىمەن. ئىلمىي پوزىتسىيە «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش»تۇر، «ئۆزىنىڭكىنىلا راست ھېساپلاش» ۋە «باشقىلارغا ئۇستازلىق قىلىشنى ياخشى كۆرۈش»تەك ھاكاۋۇرلۇق پوزىتسىيىسى بىلەن ھەرگىز مەسىلە ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئۈستىدىكى بالايى-ئاپەت ئىنتايىن ئېغىر، پەقەت ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەتچان روھلا مىللىتىمىزنى ئازاتلىق يولىغا باشلىيالايدۇ. ھەقىقەت پەقەت بىرلا، ھەقىقەتنى زادى كىم تاپقان بولسا، ئۇ جۇگوۋەن ماختانچاقلىقى ئەمەس، كېگوۋەن ئەمەلىيەتكە تايانغان بولىدۇ. پەقەت مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيىتىلا ھەقىقەتنى سىنايدىغان ئۆلچەم. مېنىڭچە، بۇنى «جۇڭگو ۋېنخۇا» ژۇرنىلىنى نەشىر قىلىشتىكى پوزىتسىيە دەپ ھېساپلاش مۇمكىن.

## 2. بىز يېڭى جۇڭگو قۇرىمىز

بىز كوممۇنىستلار كوپ يىللاردىن بۇيان جۇڭگونىڭ سىياسى ئىنقىلاۋى ۋە ئىقتىسادىي ئىنقىلاۋى ئۇچۇنلا كۇرەش قىلىپ قالماي، بەلكى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ئۇچۇنمۇ كۇرەش قىلىپ كېلىۋاتىمىز؛ بۇلاردىن مەقسەدىمىز — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى جەمىيىتىنى ۋە يېڭى دولىتىنى قۇرۇش. بۇ يېڭى جەمىيەتتە ۋە يېڭى دولەتتە يېڭى سىياسى ۋە يېڭى ئىقتىساتلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يېڭى مەدەنىيەتمۇ بولىدۇ. دىمەك، بىز سىياسى جەھەتتە ئېزىلگەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان جۇڭگونى سىياسى جەھەتتە ئەركىن ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە گۇللەنگەن جۇڭگوغا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى كونا مەدەنىيەت ھوكۇمرانلىق قىلغان ھەم شۇ سەۋەپتىن نادانلىقتا ۋە ئارقىدا قالغان جۇڭگونى يېڭى مەدەنىيەت ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان ھەم شۇ سەۋەپتىن مەدەنى ۋە ئىلغار بولغان جۇڭگوغا ئايلاندۇرىمىز. بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، بىز يېڭى جۇڭگو قۇرىمىز. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش — بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەقسىدىمىز.

## 3. جۇڭگونىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى

بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىمىز، لېكىن بۇنداق يېڭى مەدەنىيەت زادى قانداق مەدەنىيەت بولىدۇ؟

مۇئەييەن مەدەنىيەت (ئىدېيە شەكلىدىكى ھېساپلىنىدىغان مەدەنىيەت) — مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىنكاسى، ئۇ يەنە مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىغا ۋە ئىقتىسادىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە تۈرتكە بولىدۇ؛ ھالبۇكى، ئىقتىسات — بازىس، سىياسىي بولسا، ئىقتىساتنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى[2]. بۇ — بىزنىڭ مەدەنىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم سىياسىنىڭ ئىقتىسات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىي نەزىرىمىز. شۇنداق ئىكەن، مۇئەييەن شەكىلدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسات ئاۋۋال ئەنە شۇ مۇئەييەن شەكىلدىكى مەدەنىيەتنى بەلگىلەيدۇ؛ ئاندىن ئەنە شۇ مۇئەييەن شەكىلدىكى مەدەنىيەت مۇئەييەن شەكىلدىكى سىياسىغا ۋە ئىقتىساتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە تۈرتكە بولىدۇ. ماركس: «كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى ئۇلارنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ»[3] دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە: «ئىلگىرىكى پەيلاسوپلار دۇنيانى ھەرخىل ئىزاھلاپ كەلدى، لېكىن گەپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە»[4] دېگەن ئىدى. بۇ — ئاڭنىڭ مەۋجۇدىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ئىنسانىيەت تارىخى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم توغرى ھەل قىلغان ئىلمىي ھۆكۈم، كېيىنرەك لېنىن تەرىپىدىن چوڭقۇر جارى قىلدۇرۇلغان پائالىيەتچان ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ نۇقتىئىي نەزىرى. جۇڭگو مەدەنىيىتى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا، بۇ تۈپ نۇقتىئىي نەزەرنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

دېمەك، مەسىلە ناھايىتى ئايدىڭ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كونا مەدەنىيىتىدىكى بىز چىقىرىپ تاشلىماقچى بولغان ئۇنداق ئەكسىيەتچىل

تەركىبلەر جۇڭگۇۋا مىللىتىنىڭ كونا سىياسىي ۋە كونا ئىقتىسادىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ جۇڭگۇۋا مىللىتىنىڭ بىز بەرپا قىلماقچى بولغان بۇنداق يېڭى مەدەنىيىتىگە كەلسەك، بۇمۇ جۇڭگۇۋا مىللىتىنىڭ يېڭى سىياسىي ۋە يېڭى ئىقتىسادىدىن ئايرىلالمايدۇ. جۇڭگۇۋا مىللىتىنىڭ كونا سىياسىي ۋە كونا ئىقتىسادى — جۇڭگۇۋا مىللىتىنىڭ كونا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى؛ جۇڭگۇۋا مىللىتىنىڭ يېڭى سىياسىي ۋە يېڭى ئىقتىسادى بولسا، جۇڭگۇۋا مىللىتىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى.

جۇڭگۇۋا مىللىتىنىڭ كونا سىياسىي ۋە كونا ئىقتىسادى دىگەن نىمە؟ شۇنىڭدەك جۇڭگۇۋا مىللىتىنىڭ كونا مەدەنىيىتى دىگەن نىمە؟

جۇ ۋە چىن سۇلالىلىرىدىن تارتىپ، جۇڭگو جەمىيىتى فېوداللىق جەمىيەت ئىدى، ئۇنىڭ سىياسىي فېوداللىق سىياسى، ئۇنىڭ ئىقتىسادى فېودالىلىق ئىقتىسات ئىدى. بۇنداق سىياسى بىلەن ئىقتىساتنىڭ ئىنكاسى بولغان ۋە ھوكۇمرانلىق ئورۇنىدا تۇرۇپ كەلگەن مەدەنىيەت بولسا، فېودالىلىق مەدەنىيەت ئىدى.

چەتئەل كاپىتالىزمى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جۇڭگو جەمىيىتىدە يەنە كاپىتالىستىك ئامىللار پەيدىن-پەي ئۇسۇشكە باشلىغاندىن تارتىپ، جۇڭگو جەمىيىتى پەيدىن-پەي مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېودالىلىق جەمىيەتكە ئايلاندى. ھازىرقى جۇڭگودا ياپونىيە ئىشغال قىلىپ تۇرغان رايونلار — مۇستەملىكە جەمىيەت؛ گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا يېرىم مۇستەملىكە جەمىيەت؛ مەيلى ياپونىيە ئىشغال قىلىپ تۇرغان رايونلار بولسۇن، مەيلى گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلار بولسۇن، ھەممىسى فېودالىلىق ۋە يېرىم فېودالىلىق تۈزۈم ئۈستۈنلۈك قىلىپ تۇرغان جەمىيەتلەر. بۇلار

هازىرقى جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ خاراكتېرى، بۇلار هازىرقى جۇڭگونىڭ دولەت ئەهۋالى. هوكۇمرانلىق قىلغۇچى نەرسە سۇپىتىدە ئالغاندا، بۇنداق جەمىيەتنىڭ سىياسىسى ـــ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق سىياسى، ئۇنىڭ ئىقتىسادى ـــ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق ئىقتىسات، بۇنداق سىياسى بىلەن ئىقتىساتنىڭ ئىنكاسى بولغان ۋە هوكۇمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن مەدەنىيەت بولسا، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق مەدەنىيەت.

بۇ هوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسى، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت شەكىللىرى ـــ ئىنقىلاۋىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى. بىزنىڭ چىقىرىپ تاشلىماقچى بولغىنىمىز ـــ ئەنە شۇ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودالىق كونا سىياسى، كونا ئىقتىسات ۋە مۇشۇنداق كونا سىياسىغا، كونا ئىقتىساتقا خىزمەت قىلىدىغان كونا مەدەنىيەت. بىزنىڭ بەرپا قىلماقچى بولغىنىمىز بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان نەرسىلەر، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى سىياسىسى، يېڭى ئىقتىسادى ۋە يېڭى مەدەنىيىتى.

ئۇنداق بولسا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى سىياسىسى، يېڭى ئىقتىسادى دېگەن نىمە، شۇنىڭدەك جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتى دېگەن نىمە؟

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخي جەريانىنى ئىككى قەدەمگە بولۇش كېرەك، ئۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى دېموكراتىك ئىنقىلاپ، ئىككىنچى قەدىمى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ بولۇپ، بۇلار خاراكتېرى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئىنقىلاپ جەريانى. هالبۇكى، دېمو-كراتىزىم دېگىنىمىز هازىرقى ۋاقىتتا كونا فەنچۈدىكى دېموكراتىزىم

ئەمەس، كونا دېموكراتىزم ئەمەس، بەلكى يېڭى فەنچۇدىكى دېموكراتىزم، يېڭى دېموكراتىزم.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى سىياسىي دېگىنىمىز — يېڭى دېموكراتىك سىياسىي؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى ئىقتىسادى دېگىنىمىز — يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسات؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتى دېگىنىمىز — يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت.

بۇلار ھازىرقى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى. جۇڭگودا ئىنقىلاب بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق پارتىيە - گۇرۇھلاردىن، بارلىق كىشىلەردىن كىمكى بۇ تارىخىي خۇسۇسىيەتنى بىلمىسە، ئۇ بۇ ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ ۋە بۇ ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېلىپ بارالمايدۇ، ئۇ خەلق تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلىنىپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا نالە - زار قىلىپ يۈرىدىغان بىچارىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 4. جۇڭگو ئىنقىلابى — دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى

جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى — ئۇنىڭ دېموكراتىزم ۋە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى قەدەمگە بۆلۈنگەنلىكى، ئۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولسا، ھازىرقى ۋاقىتتا ئادەتتىكى دېموكراتىزم ئەمەس، بەلكى جۇڭگوچە، ئالاھىدە، يېڭىچە دېموكراتىزم بولغانلىقى، يېڭى دېموكراتىزم بولغانلىقى. ئۇنداق بولسا، بۇ تارىخىي خۇسۇسىيەت قانداق شەكىللەنگەن؟ ئۇ 100 يىلدىن تارتىپلا

بارمىدى ياكى كېيىن پەيدا بولغانمۇ؟

جۇڭگونىڭ ۋە دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلساقلا، بۇ تارىخىي خۇسۇسىيەتنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپلا بولغان ئەمەسلىكىنى، بەلكى كېيىنرەك، بىرىنچى جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شەكىللەنگەنلىكىنى بىلىمىز. بىز ئەمدى مۇشۇ شەكىللىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىپ ئوتەيلى.

ناھايىتى ئېنىقكى، جۇڭگونىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق خاراكتېر ئىكەن، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىككى قەدەمگە بولۇنۇشى لازىملىقىنى بەلگىلەيدۇ. بىرىنچى قەدەمدە بۇ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت شەكلىنى ئوزگەرتىلىپ، مۇستەقىل، دېموكراتىك جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە ئىنقىلاپ ئالغا راۋاجلاندۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇلىدۇ. جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىنقىلاۋى بىرىنچى قەدەمدە كېتىۋاتىدۇ.

بۇ بىرىنچى قەدەمنىڭ تەييارلىق باسقۇچى 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپلا، يەنى جۇڭگو جەمئىيىتى فېئودال لىق جەمئىيەتتىن يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئاي-لىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا باشلانغان. بۇ ئارىلىقتا تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى، جۇڭگو - فرانسىيە ئۇرۇشى، جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى، ۋۇشۇي جېڭبيەنى، شىنخەي ئىنقىلاۋى، 4 - ماي ھەرىكىتى، بېيفا ئۇرۇشى، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى ۋە تاكى بۈگۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئوخشاش ئەنە شۇنداق كوپلىگەن ئايرىم باسقۇچلار بېسىپ ئوتۇلدى، توپ - توغرى 100 يىل ۋاقىت كەتتى، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىرىنچى

قەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە جۇڭگو خەلقى تۈرلۈك ۋاقىتتا ۋە تۈرلۈك دەرىجىدە مۇشۇ بىرىنچى قەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇردى، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۇردى، مۇستەقىل، دېموكراتىك جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى، بىرىنچى ئىنقىلاپنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. شىنخەي ئىنقىلاۋى بولسا، بۇ ئىنقىلاپنىڭ تېخىمۇ تولۇقراق مەنىدە باشلىنىشى بولدى. بۇ ئىنقىلاپ، ئىجتىمائى خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، پرولېتار - سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئەمەس، بەلكى بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاپ. بۇ ئىنقىلاپ ھازىر تېخى ئورۇنلىنىپ بولمىدى، تېخى نۇرغۇن كۈچ چىقىرىشقا توغرى كېلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى — بۇ ئىنقىلاپنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ تا ھازىرغىچە تېخى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى «ئىنقىلاپ تېخى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىدى، يولداشلار يەنە تىرىشىشى لازىم» دېگىنىدە، مۇشۇ بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاپنى كۆزدە تۇتقان ئىدى.

لېكىن جۇڭگو بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋى 1914 - يىلى بىرىنچى جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان ۋە 1917 - يىلى روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى يەر شارىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىدا سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن ئۆزگىرىش ياسىدى.

شۇنىڭغىچە جۇڭگو بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋى كونا دۇنيا بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋى فەنچۇسىغا كىرەتتى، كونا دۇنيا بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ئۆزگىرىپ، يېڭى بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاپ فەنچۇسىغا

كىردى، ئىنقىلاپ سىپىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بولسا، دۇنيا پرولې-
تار - سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋنىڭ بىر قىسمى بولدى.

نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرىنچى جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى ۋە بىرىنچى بولۇپ غەلىبە قىلغان سوتسىيالىستىك ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى پۈتۈن دۇنيا تارىخىنىڭ يونىلىشىنى ئۆزگەرتتى، پۈتۈن دۇنيا تارىخىنىڭ دەۋرىنى بولدى.

دۇنيا كاپىتالىزىم سىپىي يەر شارىنىڭ بىر بولىگىدە (بۇ بولەك پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ) يىمىرىلگەن، قالغان بولەكلىرىدە بولسا، ئۆزىنىڭ چىرىكلىكىنى تولۇق ئاشكارا قىلىپ قويغان دەۋردە، كاپىتالىزىمنىڭ تېخى ساقلىنىپ قالغان بۇ قىسىملىرى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرگە تېخىمۇ كوپرەك يولەنمىسە ياشىيالماس بولۇپ قالغان دەۋردە، سوتسىيالىستىك دولەت قۇرۇلغان ھەم ئۇ بارلىق مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرنىڭ ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىگە يار - يولەك بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى جاكالىغان دەۋردە، كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ پرولېتارىياتى سوتسىيال - جاھانگىرلىك بولغان شېخۇي - مىنجۇداڭ-لارنىڭ تەسىرىدىن كۈندىن - كۈنگە قۇتۇلۇپ چىقىۋاتقان ھەم مۇس-تەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرنىڭ ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىگە مەدەت بېرىدىغانلىقىنى جاكالىغان دەۋردە — ئەنە شۇنداق بىر دەۋردە قانداقلىكى بىر مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەتتە ئەگەر جاھانگىرلىككە قارشى، يەنى خەلقارا بۇرژۇئازىيىگە، خەلقارا كاپىتا-لىزىمغا قارشى ئىنقىلاپ پەيدا بولسا، ئۇ ئەمدى كونا دۇنيا بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋى قەنچۇسىغا كىرمەيدۇ، بەلكى يېڭى قەنچۇغا كىرىدۇ؛ ئۇ ئەمدى كونا بۇرژۇئا ۋە كاپىتالىستىك دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ

بىر قىسمى بولماستىن، بەلكى يېڭى دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى، يەنى پۇرولېتار ـ سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. مۇنداق ئىنقىلاۋىي مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرنى دۇنياۋى كاپىتالىستىك ئەكسىلئىنقىلاپ سېپىنىڭ ئىتتىپاقچىسى ھېساپلىغىلى بولمايدۇ، ئۇلار دۇنياۋى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ سېپىنىڭ ئىتتىپاقچىسىغا ئايلاندى.

بۇنداق مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەر ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، بىرىنچى قەدىمى، ئۇزىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى بويىچە، ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك بولۇپ قېلىۋەرسىمۇ، ئۇنىڭ كېڭگۈەن تەلىۋى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئىنقىلاپ ئەمدى كونا، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان، كاپىتالىستىك جەمىيەت قۇرۇشنى ۋە بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىغىدىكى دولەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىنقىلاپ ئەمەس، بەلكى يېڭى، پۇرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، بىرىنچى باسقۇچتا يېڭى دېموكراتىك جەمىيەت قۇرۇشنى ۋە ھەرقايسى ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىلىغىدىكى دولەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىنقىلاپ بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، بۇنداق ئىنقىلاپ يەنە دەل سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئىنقىلاپ ئۇزىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى داۋامىدا، دۈشمەن ئەھۋالى ۋە ئىتتىپاقچىلارىدىكى ئۆزگىرىشلەر سەۋەۋىدىن، يەنە بىرقانچە باسقۇچلارغا بولۇنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۈپ خاراكتېرى ئۆزگەرمەستىن قېلىۋېرىدۇ.

بۇنداق ئىنقىلاپ جاھانگىرلىككە ئۇزۇل ـ كېسىل زەربە بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا جاھانگىرلار يول قويمايدۇ، بەلكى قارشى

تۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا سوتسىيالىزىم يول قويىدۇ، سوتسىيالىستىك دولەت ۋە سوتسىيالىستىك خەلقارا پرولېتارىيات ياردەم بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئىنقىلاپ پرولېتار - سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانماي قالمايدۇ.

«جۇڭگو ئىنقىلاۋى — دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن بۇ توغرى ھوكۇم جۇڭگونىڭ 1924 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە داۋام قىلغان بىرىنچى بۈيۈك ئىنقىلاۋى دەۋرىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. بۇ ھوكۇم جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شۇ چاغدا جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزىمغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان بارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ماقۇل كورۈلگەن ئىدى. لېكىن ئۇ چاغدا بۇ نەزەرىيىنىڭ مەنىسى تېخى يېشىپ بېرىلمىگەن ئىدى، شۇ سەۋەپتىن كىشىلەر بۇ مەسىلىنى پەقەت مۇجمەللا چۈشىنەتتى.

بۇنداق «دۇنيا ئىنقىلاۋى» ئەمدى كونا دۇنيا ئىنقىلاۋى ئەمەس، — كونا بۇرژۇئا دۇنيا ئىنقىلاۋى ئاللىقاچان تۈگىگەن؛ ئۇ — يېڭى دۇنيا ئىنقىلاۋى، سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلاۋى. شۇنىڭدەك بۇنداق «بىر قىسىم» ئەمدى كونا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى يېڭى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ بىر قىسمى. بۇ — غايەت زور ئۆزگىرىش، بۇ — دۇنيا تارىخى ۋە جۇڭگو تارىخىدا تەڭداشسىز زور ئۆزگىرىش.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بۇ توغرى ھوكۇمنى ستالىننىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان.

ستالىن 1918 - يىلى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇغ دۇنياۋى ئەھمىيىتى ئاساسەن مۇنۇ- لاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئۇ مىللى مەسىلىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئۇنى ياۋروپادىكى مىللى زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى قىسمەن مەسىلىدىن ئېزىلگەن مىللەتلەرنى، مۇستەملىكىلەرنى ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرنى جاھانگىرلىكتىن ئازات قىلىش توغرىسىدىكى ئومۇمى مەسىلىگە ئايلاندۇردى؛ ئىككىنچى، ئۇ مانا شۇنداق ئازاتلىق ئۇچۇن كەڭ ئىمكانىيەت تۇغدۇردى ۋە ئەمەلىي يول ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن غەرپ ۋە شەرقتىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق ئىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى جاھانگىرلىككە قارشى غەلىبىلىك كۈرەشنىڭ ئۇلۇغ ئېقىمىغا تارتتى؛ ئۈچىنچى، ئۇ بۇ ئارقىلىق سوتسىيا- لىستىك غەرپ بىلەن قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن شەرق ئوتتۇرىسىغا كوۋرۈك سېلىپ، غەرپ پرولېتارلىرىدىن تارتىپ، روسىيە ئىنقىلاۋى ئارقىلىق، تا شەرقتىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرگىچە دۇنيا جاھانگىرلىكىگە قارشى يېڭى ئىنقىلاۋىي سەپ قۇردى.»⑤

بۇ ئەسەردىن كېيىن، ستالىن مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملى- كىلەردىكى ئىنقىلاپلارنىڭ كونا فەنچۇدىن چىقىپ، پرولېتار- سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى نەزىرىيىنى نۇرغۇن قېتىملاپ جارى قىلدۇردى. بۇ ستالىننىڭ 1925-يىل 6-ئاينىڭ 30-كۈنى ئېلان قىلىنغان، شۇ چاغدىكى يۇگوسلاۋىيە مىللەتچىلىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشقان ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر جاڭ جۇڭشى تەرجىمە قىلغان «ستالىن مىللى مەسىلە توغرىسىدا» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ مەۋزۇسى «يەنە مىللى مەسىلە توغرىسىدا». ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ئابزاس بار:

«سېمىچ ستالىن تەرىپىدىن 1912-يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان

«ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» دىگەن كىتاپچىنىڭ بىر يېرىنى دەلىل
قىلىپ كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدا: «يۈكسىلىۋاتقان كاپىتالىزم شارائىتىدا
مىللەتلەر كۈرىشى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزئارا كۈرىشىدۇر» دېيىلگەن.
روشەنكى، سىمىچ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ھازىرقى تارىخىي شارائىتتىكى
مىللىي ھەرىكەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە بەرگەن تەبىرىنى توغرى
دەپ ئىما ـ ئىشارە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن، ستالىننىڭ بۇ كىتاپچىسى
جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى يېزىلغان، ئۇ چاغدا مىللىي مەسىلە
ماركسىزمچىلار نەزىرىدە تېخى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە
ئەمەس ئىدى، ئۇ چاغدا ماركسىزمچىلارنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى
ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى توغرىسىدىكى تۈپ تەلىۋى پرولېتارىيات
ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارالماي، بەلكى بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك
ئىنقىلاپىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلاتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ خەلقارا
ۋەزىيەت تۈپتىن ئۆزگەردى، ئۇرۇش ۋە روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى
مىللىي مەسىلىنى بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ بىر قىسمى بولۇشتىن
پرولېتار ـ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى، ــ
بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرمەسلىك تولىمۇ كۈلكىلىك بولاتتى. لېنىن
1916 ـ يىلىنىڭ 10 ـ ئېيىدىلا ئۆزىنىڭ «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى
ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ يەكۈنى»
دىگەن ئەسىرىدە، مىللىي مەسىلىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى
بەلگىلەش ھوقۇقى توغرىسىدىكى تۈپ نۇقتىسى ئومۇم دېموكراتىك
ھەرىكەتنىڭ بىر قىسمى بولۇشتىن قالدى، ئۇ ئەمدى ئومۇم پرولېتار ـ
سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىغا ئايلاندى، دىگەن
ئىدى. مەن لېنىننىڭ، شۇنىڭدەك روسىيە كوممۇنىزمىنىڭ باشقا
ۋەكىللىرىنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدا كېيىن يازغان ئەسەرلىرى
توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ھازىر، يېڭى تارىخىي شارائىت
سەۋەبىدىن يېڭى دەۋرگە ــ پرولېتار ئىنقىلاۋى دەۋرىگە كىرگەن
ۋاقتىمىزدا، سىمىچنىڭ ستالىن تەرىپىدىن روسىيە بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك

> ئىنقىلاۋى دەۋرىدە يېزىلغان كىتاپچىنىڭ بىر يېرىنى ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسىدىن كېيىن دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭ پەقەت شۇنداق بىرلا ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىنكى، سېمىچ بۇنى زامان ۋە ماكاندىن چەتلىشىپ، جانلىق تارىخىي شارائىتقا قارىماي دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىيەنجېڭفانىڭ ئەڭ تۆپ تەلۋىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، مەلۇم بىر تارىخىي شارائىتتا توغرى بولغان نەرسىنىڭ باشقا بىر تارىخىي شارائىتتا ناتوغرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىگى بىلەن ھېساپلاشمايدۇ.»

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىككى خىل دۇنيا ئىنقىلاۋى بار، بىرىنچى خىلى — بۇرژۇئازىيە ۋە كاپىتالىزىم فەنچۇسىغا كىرىدىغان دۇنيا ئىنقىلاۋى. بۇنداق دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ 1914 - يىلى بىرىنچى جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان ۋاقتىدا، بولۇپمۇ 1917 - يىلدىكى روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋاقتىدىلا ئاياقلاشقان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىنچى خىل دۇنيا ئىنقىلاۋى، يەنى پرولېتار - سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلاۋى باشلاندى. بۇنداق ئىنقىلاپ كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ پرولېتارىياتىنى ئاساسىي كۈچ قىلىدۇ، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەردىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنى ئىتتىپاقچى قىلىدۇ. ئېزىلگەن مىللەتلەر ئىچىدىن ئىنقىلاپقا قاتناشقان سىنىپ، پارتىيە - گۇرۇھ ياكى شەخسنىڭ قانداق سىنىپ، پارتىيە - گۇرۇھ ياكى شەخس بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بۇنى تونۇغان - تونۇمىغانلىقىدىن، بۇنى جۈگۈەن جەھەتتىن چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەنلىگىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغانلا بولسا، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋى پرولېتار - سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ

قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزى پۇرولېتار ـ سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولۇپ قالىدۇ.

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەھمىيىتى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تېخىمۇ ئاشتى. بۈگۈنكى كۈن ـــ كاپىتالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي ۋېيجىسى ۋە سىياسى ۋېيجىسى سەۋىيىسى بىلەن دۇنيا كۈندىن ـ كۈنگە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا تارتىلىۋاتقان ۋاقىت؛ سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا ئۆتىدىغان دەۋرگە يېتىپ بارغان، پۈتۈن دۇنيا پۇرولېتارىياتىغا ۋە ئېزىلگەن مىللەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇشقا، كاپىتالىستىك ئەكسىيەتچىلىككە زەربە بېرىشكە قادىر بولغان ۋاقىت؛ كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ پۇرولېتارىياتى كاپىتالىزىمنى يوقىتىشقا، سوتسىيالىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھازىرلىنىۋاتقان ۋاقىت؛ جۇڭگو پۇرولېتارىياتى، دېھقانلار سىنىپى، زىيالىلىرى ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىگىدە ئۇلۇق، مۇستەقىل سىياسى كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن ۋاقىت. بۈگۈن بىز ئەنە شۇنداق ۋاقىتتا تۇرۇۋېتىمىز، ئۇنداق بولسا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتى تېخىمۇ ئاشتى، دەپ مۆلچەرلىشىمىز كېرەكمۇ ـ يوق؟ مەن كېرەك دەپ ئويلايمەن. جۇڭگو ئىنقىلاۋى ـــ دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇق بىر قىسمى.

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بۇ بىرىنچى باسقۇچى (بۇ يەنە نۇرغۇن كىچىك باسقۇچلارغا بۆلۈنىدۇ) ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى جەھەتتىن پۇرولېتار ـ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب بولماي، يېڭىچە بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاب بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاللىقاچان پۇرولېتار ـ سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ

قالدى، بولۇپمۇ ھازىر بۇنداق دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇق بىر قىسمى بولۇپ قالدى، بۇنداق دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇق ئىتتىپاقچىسى بولۇپ قالدى. بۇ ئىنقىلاپنىڭ بىرىنچى قەدەمىدە، بىرىنچى باسقۇچىدا ھەرگىز جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى كاپىتالىستىك جەمىيەت قۇرۇلمايدۇ ۋە قۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بەلكى جۇڭگو-دىكى ھەرقايسى ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ جۇڭگو پرولېتارىياتى باشچىلىق قىلىدىغان بىرلەشمە دىكتاتۇرىلىقىدىكى يېڭى دېموكراتىك جەمىيەت قۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى باسقۇچ تاماملىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىنقىلاپ يەنە ئىككىنچى باسقۇچقا راۋاجلاندۇرۇلۇپ، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك جەمىيەت قۇرۇلىدۇ.

مانا بۇلار ھازىرقى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەڭ توپ خۇسۇسىيىتى، مانا بۇلار 20 يىلدىن بۇيانقى (1919 - يىل 4 - ماي ھەرىكىتىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا) يېڭى ئىنقىلاۋىي جەريان، مانا بۇلار ھازىرقى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ جانلىق، كونكرېت مەزمۇنى.

## 5. يېڭى دېموكراتىك سىياسى

جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئىككى تارىخىي باسقۇچقا بولۇنىدۇ، بۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ بولىدۇ، بۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى تارىخىي خۇسۇسىيىتى. بۇ يېڭى خۇسۇسىيەتنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى سىياسى مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە كونكرېت ئىپادىلىنىشى قانداق بولىدى؟ بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

1919 - يىلدىكى 4 - ماي ھەرىكىتىدىن ئىلگىرى (4 - ماي ھەرىكىتى

1914 ـ يىلدىكى بىرىنچى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ۋە 1917 ـ يىلدىكى روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بولىدى) جۇڭگو بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ سىياسى يېتەكچىسى جۇڭگو ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە بۇرژۇئازىيىسى (ئۇلارنىڭ زىيالىلىرى) ئىدى. ئۇ چاغدا جۇڭگو پرولېتارىياتى تېخى ئاڭلىق، مۇستەقىل سىنىپى كۈچ سۈپىتىدە سىياسى سەھنىگە چىقمىغان ئىدى، ئىنقىلاپقا تېخى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەگەشكۈچىسى سۈپىتىدە قاتناشقان ئىدى. مەسىلەن، شىنخەي ئىنقىلاۋى ۋاقتىدىكى پرولېتارىيات ئەنە شۇنداق سىنىپ ئىدى.

4 ـ ماي ھەرىكىتىدىن كېيىن گەرچە جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسى ئىنقىلاپقا داۋاملىق قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ سىياسى يېتەكچىسى جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى ئەمەس، بەلكى جۇڭگو پرولېتارىياتى بولۇپ قالىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو پرولېتارىياتى ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، تېزلا ئاڭلىق، مۇستەقىل سىياسى كۈچكە ئايلانىدى. جاھانگىرلىكنى يوقىتىش شۇئارىنى ۋە پۈتۈن جۇڭگو بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئاڭلىكىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويدى؛ يەر ئىنقىلاۋىنى بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يالغۇز ئېلىپ باردى.

جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەتنىڭ بۇرژۇئازىيىسى بولغانلىقى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە جاھانگىرلىك دەۋرىدە تۇرغان بولسىمۇ، ھەرھالدا، مەلۇم دەۋردە ۋە مەلۇم دەرىجىدە چەتئەل جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرىدىغان ۋە ئۆز مەملىكىتىدىكى گۇمىنداڭ ـ جۇڭغا

ھوكۇمەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغان (كېيىنكىسىگە شىنخەي ئىنقىلاۋى دەۋرى بىلەن بېيفا ئۇرۇشى دەۋرى مىسال بولىدۇ) ئىنقىلاۋىلىقىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، پرولېتارىيات ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزى قارشى تۇرۇشنى خالىغان دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشى مۇمكىن. بۇ – جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كونا روسىيە دىگوسى بۇرژۇئازىيىسىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى. كونا روسىيە دىگوسى ھەربى - فېئودال جاھانگىر بولغاچقا، باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىدىغان بولغاچقا، روسىيە بۇرژۇئازىيىسىدە ھېچقانداق ئىنقىلاۋىلىق يوق ئىدى. ئۇ يەردە پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىسى بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىشىش ئەمەس، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئىدى. جۇڭگوغا كەلسەك، ئۇ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە بولغاچقا، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ كەلگەچكە، جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسىدە تېخى مەلۇم دەۋردە ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئىنقىلاۋىلىق بولىدۇ. بۇ يەردە پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىسى مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇنداق ئىنقىلاۋىلىقىغا ئېتىۋارسىز قارىماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى ۋە گۇيەنلياۋ - جۈنفا ھوكۇمەتلىرىگە قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇشتىن ئىبارەت.

لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە بۇرژۇئازىيىسى بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي ۋە سىياسى جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇ يەنە بىر خاراكتېرنى، يەنى ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرى ئالدىدا مۇرەسسەچىلىكنىمۇ ساقلاپ قالغان. جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسى ئىنقىلاپ مەزگىلىدىمۇ جاھانگىرلىكتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېزىلاردىكى يەر ئىجارىسى

ئېكسپىلاتاتسىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ جاھان-گىرلىكنى تەل-توكۇس ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى خالىمايدۇ ۋە ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمايدۇ، بولۇپمۇ فېودال كۈچلەرنى تەل-توكۇس ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى خالىمايدۇ ۋە ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسى جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلا-ۋىنىڭ ئىككى تۈپ مەسىلىسىنىڭ، ئىككى تۈپ ۋەزىپىسىنىڭ ھېچقاي-سىسىنى ھەل قىلالمايدۇ. جۇڭگو چوڭ بۇرژۇئازىيىسىگە كەلسەك، ئۇ گومىنداڭنىڭ ۋەكىللىكىدە 1927-يىلدىن 1937-يىلغىچە بولغان ئۇزاق بىر دەۋردە ئۆزىنى جاھانگىرلىكنىڭ قوينىغا ئېتىپ ۋە فېودال كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىنقىلاۋىي خەلققە قارشى تۇرۇپ كەلدى. جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسىمۇ 1927-يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە بىرمەھەل ئەكسىلئىنقىلاپقا ئەگىشىپ كەتكەن ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا چوڭ بۇرژۇ-ئازىيىنىڭ بىر قىسمى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەكىللىكىدە يەنە دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭى ئاسىيلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ يەنە جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تارىختىكى ياۋروپا-ئامېرىكا ئەللىرى بۇرژۇئازىيىسىدىن، بولۇپمۇ فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى. ياۋروپا-ئامېرىكا ئەللىرىدە، بولۇپمۇ فرانسىيىدە بۇرژۇئازىيە تېخى ئىنقىلاپ دەۋرىدە تۇرۇۋاتقىنىدا، ئۇ يەرلەردىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋى ئۇزۇل-كېسىلرەك بولدى؛ جۇڭگودا بۇرژۇئا-زىيە شۇنچىلىك ئۇزۇل-كېسىللىككىمۇ ئىگە ئەمەس.

بىر تەرەپتىن، ئىنقىلاپقا قاتنىشىشنىڭ مۇمكىنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرى ئالدىدا مۇرەسسەچىلىكى — بۇلار جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ، «بىر جېنىغا ئىككى يۈك ئارتىۋاپتۇ»

دىگەنــدەك، ئىككى يۈزلىمىلىكــلىكى. بۇنداق ئىككى يۈزلىمــلىك ياۋروپا ـ ئامېــرىكا ئەللىرى تارىخىــدىكى بۇرژۇئازىيــدىمۇ بولغان. چوڭ دۈشــمەنگە دۇچ كەلــگەندە، ئۇلار ئىشچى ـ دېخانــلار بىلەن بىرلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرىدۇ؛ ئىشچى ـ دېخانلار ئويغانغاندا، ئۇلار يەنە دۈشــمەن بىــلەن بىرلىشىپ، ئىشچى ـ دېخانــلارغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ ــ دۇنيادىــكى ھەرقايسى ئەلــلەرنىڭ بۇرژۇئازىــيىسى ئۈچۈن ئومۇمى قانۇنىيەت، لېكىن جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىدە بۇ خۇسۇسىيەت تېخىمۇ ئالاھىدە، خالاس.

جۇڭگودا، ئەھۋال ناھايىتى روشەنكى، كىم خەلقنىڭ جاھانگىرلىك ۋە فېودال كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىغا رەھبەرلىك قىلالىسا، شۇ خەلقــنىڭ ئىشەنــچىسىگە ئىگە بولالايدۇ، چۈنــكى خەلقــنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىــ جاھانــگىرلىك ۋە فېودال كۈچــلەر، بولۇپمۇ جاھانگىرلىك. بۈگۈنكى كۈندە كىم خەلقنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقىرىشىغا رەھبەرلىك قىلالىسا ۋە دېموكراتىك سىياسىنى ئەمەلگە قويالىسا، شۇــ خەلقــنىڭ نىجات يۇلتۇزى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆتىيەلمەيدۇ، بۇ مەسئۇلىيەت پرولېتارىياتنىڭ زىممىسىگە چۈشمەي قالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قانــداقلا بولــسۇن، جۇڭــگو پرولېتارىياتى، دېخانــلىرى، زىيالىــلىرى ۋە باشقا ئوتــشاق بۇرژۇئازىيـــسىــ دۆلەتــنىڭ تەقــدىرىنى ھەل قىلىدىــغان تۈپ كۈچ. بۇ سىنىپلار، ئويغانغان بولسۇن ياكى ئويغىنىــۋاتقان بولسۇن، مۇقەررەر رەۋىشتە جۇڭخۇا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشىــنىڭ تۈپ قىسمى بولىدۇ، پرولېتارىيات بولسا، رەھبىرى كۈچ بولىدۇ. ھازىر قۇرۇلــىدىغان جۇڭــخۇا دېموكراتىك

جۇمھۇرىيىتى پەقەت پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزىمغا قارشى بارلىق كىشىلەرنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىلىنغىدىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتلا بولىدۇ، بۇ ــ يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت، يەنى ھەقىقى ئىنقىلاۋىي، ئۈچ چوڭ سىياسەتلىك يېڭى سەنمىنجۇيىلىق جۇمھۇرىيەت.

بۇنداق يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت، بىر تەرەپتىن، كونىچە، ياۋروپا ـ ئامېرىكا ئەللىرىچە، بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىغىدىكى كاپىتالىستىك جۇمھۇرىيەتتىن پەرقلىنىدۇ، بۇنداق كاپىتالىستىك جۇمھۇرىيەت كونا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولۇپ، بۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىچە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىغىدىكى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتتىنمۇ پەرقلىنىدۇ، بۇنداق سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت سوۋېت ئىتتىپاقىدا گۈللىنىۋاتىدۇ، بەلكى كاپىتالىستىك ئەللەردىمۇ قۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ سانائەتتە ئالغا كەتكەن بارلىق ئەللەرنىڭ دولەت تۈزۈلۈشى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشىنىڭ ھوكۇمران شەكلى بولۇشىدا شۈبھە يوق؛ لېكىن بۇنداق جۇمھۇرىيەت مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى ئىنقىلاپلارغا تېخى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى ئىنقىلاپلاردا مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە قوللىنىلىدىغان دولەت شەكلى پەقەت ئۈچىنچى شەكىلدىنلا ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن، يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت دىگىنىمىز ئەنە شۇ. بۇ ــ مۇئەييەن تارىخىي دەۋرگە خاس شەكىل، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆتكۈنچى شەكىل، لېكىن ئالماشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغان زورۇر شەكىل.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيادىكى خىلمۇ-خىل دولەت تىجىزلىرى،

شۇ دۆلەتلەر ھاكىمىيىتىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى بويىچە خىللارغا ئايرىلغاندا، ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ خىلدىن نېرى كەتمەيدۇ: ئا) بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىغىدىكى جۇمھۇرىيەت؛ ب) پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىغىدىكى جۇمھۇرىيەت؛ س) بىرقانچە ئىنقىلابىي سىنىپلار-نىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىلىغىدىكى جۇمھۇرىيەت.

بىرىنچى خىلى، كونا دېموكراتىك دۆلەت. بۈگۈنكى كۈندە، ئىككىنچى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە دېموكراتىيىنىڭ ھېدىمۇ قالمىدى، ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ قانلىق ھەربىي دىكتاتۇرىلىغىدىكى دۆلەتكە ئايلاندى ياكى ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. پومېشىكلار بىلەن بۇرژۇئازىيە-نىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىلىغىدىكى بەزى دۆلەتلەرنى مۇشۇ خىلغا كىرگۈزۈش مۇمكىن.

ئىككىنچى خىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغاندىن تاشقىرى، كاپىتالىستىك ئەللەردىمۇ يېتىلىۋاتىدۇ. ئۇ كەلگۈسىدە مۇئەييەن بىر دەۋردە دۇنيا بويىچە ھۆكۈمران شەكىل بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى ئىنقىلابلاردا قوللىنىلىدىغان ئۆتكۈنچى دۆلەت شەكلى. ھەرقايسى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر ئىنقىلابلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بولۇشى مۇقەررەر، لېكىن بۇلار چوڭ ئوخشاشلىقلار ئىچىدىكى كىچىك پەرقلەر. پەقەت مۇستەملىكە ياكى يېرىم مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىنقىلابلىرى بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن جەزمەن ئوخشاش بولىدۇ، يەنى ئۇلار جاھانگىرلىككە قارشى بىرقانچە سىنىپلار بىرلىشىپ، بىرلىكتە دىكتاتۇرىلىق قىلىدىغان يېڭى دېموكراتىك

دۆلەت بولىدۇ. بۇگۈنكى جۇڭگودا بۇنداق يېڭى دېموكراتىك دۆلەت شەكلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ شەكلىدۇر. ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بولىدۇ، جاھانگىرلىككە قارشى بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك بىرقانچە ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ بىرلەشمىسىدىن، بىرلىكسەپتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەمما، ئەپسۇسكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، گومىنداڭ رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۇيدىلەردىن باشقا، كۆپلىگەن جايلار دۆلەتنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىشقا ئاساسىي جەھەتتىن تېخى كىرىشمىدى، ياپون جاھانگىرلىكى ئەنە شۇ ئەڭ تۈپ-ئاساسىي ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ، زور قەدەملەر بىلەن بېسىپ كىردى؛ مانا ئەمدى سىياسەت ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولسا، مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى ئىنتايىن خەتەر ئاستىدا قالىدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى — «دۆلەت تۈزۈمى» مەسىلىسى. بۇ دۆلەت تۈزۈمى مەسىلىسى ئۈستىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بىرنەچچە ئون يىل تالىشىپ-تارتىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، تېخى ئايدىڭلاشمىدى. ھالبۇكى، ئۇ بىرلا مەسىلىنى، يەنى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ دۆلەتتە تۇتقان ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇرژۇئازىيە ھەمىشە بۇنداق سىنىپىي ئورۇننى يوشۇرۇپ، «گومىن» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ بىر سىنىپ دىكتاتۇرىسى ئەمەلىيەتكە يەتمەك بولىدۇ. بۇنداق يوشۇرۇشنىڭ ئىنقىلاۋىي خەلق ئۈچۈن قىلچە پايدىسى يوق، بۇنى ئۇلارغا ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. «گومىن» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىش مۇمكىن، لېكىن گومىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى، ۋەتەن خائىنلىرىنى

ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بارلىق ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا، ۋەتەن خائىنلىرىغا قاراتقان دىكتاتۇرىسى بىزگە ھازىر زورۇر بولۇۋاتقان دولەتتۇر.

«يېقىنقى زامان دولەتلىرىدە خەلق ھوقۇقى تۈزۈمى دەپ ئاتالغان تۈزۈم، كوپۇنچە، بۇرژۇئازىيىگە خاس بولۇپ، ئاددى خەلقنى ئېزىش قۇرالىغا ئايلىنىپ قالدى. گومىنداڭنىڭ خەلق ھوقۇقى مەسلىكى بولسا، ئۇمۇمى ئاددى خەلققە ئورتاق بولۇپ، ئازچىلىق ئادەملەر ئىگىلەپ خۇسۇسى قىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس.» بۇ — 1924 - يىلى گومىنداڭ - گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن گومىنداڭنىڭ 1 - نوۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاپنامىسىدىكى تەنتەنىلىك بايانات. 16 يىلدىن بېرى گومىنداڭنىڭ ئۆزى بۇ باياناتقا خىلاپلىق قىلىپ، بۈگۈنكى مانا شۇنداق ۋەتەنگە ئېغىر ئاپەت كەلگەن ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ — گومىنداڭنىڭ ئىنتايىن زور خاتالىقى، بىز ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت پاكلىنىش پۇرسىتىدە بۇ خاتالىقىنى تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«ھاكىمىيەت تىجزىسى» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئۇ ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشىنىڭ شەكلى مەسىلىسىنى، مەلۇم ئىجتىمائى سىنىپنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى قوغدايدىغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قانداق شەكىل بىلەن تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كورسىتىدۇ. مۇۋاپىق شەكىلدە بولمىغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرى دولەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. جۇڭگو ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ئولكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى شىتۇڭىنى قوللانسا بولىدۇ، شۇنىڭدەك ھوكۇمەتنى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلار سايلىشى كېرەك.

لېكىن جىنس، ئېتىقات، مۇلۇك، مەلۇمات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پەرقلەرگە قارىمايدىغان، ھەقىقى، ئومۇمى، باپ-باراۋەر سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ ھەرقايىسى ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ دولەتتە تۇتقان ئورنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، خەلق ئىرادىسىنى ئىپادىلەش ھەم ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە قوماندانلىق قىلىشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ، يېڭى دېموكراتىزىمنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنداق تۈزۈم دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى ھوكۇمەتلا پۈتۈن ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ ئىرادىسىنى تولۇق جارى قىلالايدۇ، شۇنىڭدەك ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرىگە ئەڭ كۈچلۈك قارشى تۇرالايدۇ. «ئازچىلىق ئادەملەر ئىگىلەپ خۇسۇسى قىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس» دىگەن روھ ھوكۇمەت ۋە ئارمىيە تەشكىلىدە ئىپادىلىنىشى لازىم، ھەقىقى دېموكراتىك تۈزۈم بولمىسا، بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، بۇ، ھاكىمىيەت تىجرىسى بىلەن دولەت تىجرىسىنىڭ بىر-بىرىگە ماس كەلمەسلىگى، دەپ ئاتىلىدۇ.

دولەت تىجرىسى — ھەرقايىسى ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىسى. ھاكىمىيەت تىجرىسى — دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى. بۇ — يېڭى دېموكراتىك سىياسى، بۇ — يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت، بۇ — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك جۇمھۇرىيەت، بۇ — ئۈچ چوڭ سىياسەتلىك يېڭى سەنمىنجۇيىلىق جۇمھۇرىيەت، بۇ — ئىسمى جىسمىغا لايىق جۇڭخۇا مىنگو. ھازىر بىزدە گەرچە جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئىسمى بولسىمۇ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ جىسمى تېخى يوق. ئىسمىغا جىسمىنى لايىقلاشتۇرۇش — بۈگۈنكى كۈندىكى ۋەزىپە.

بۇلار ئىنقىلاۋىي جۇڭگو، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جۇڭگو ئورنىتىشى لازىم بولغان ۋە ئورناتمىسا زادى بولمايدىغان ئىچكى سىياسى مۇناسىۋەتلەر، بۇلار بۈگۈنكى «ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش» خىزمىتىنىڭ بىردىن-بىر توغرى يونۇلۇشى.

## 6. يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسات

جۇڭگودا شۇنداق جۇمھۇرىيەت قۇرۇش لازىمكى، ئۇ سىياسى جەھەتتە يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولسۇن، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولسۇن.

چوڭ بانكا، چوڭ سانائەت ۋە چوڭ سودا بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ دولەت ئىلكىدە بولىدۇ. «جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ كارخانىلىرىدىن ياكى لۇڭدۇەن خاراكتېردىكىلىرى، ياكى كولىمى بەك كەڭ بولۇپ خۇسۇسىلارنىڭ باشقۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىرى، مەسىلەن، بانكا، تۆمۈر يول، ھاۋا قاتنىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار دولەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلىدۇ ۋە ئىدارە قىلىنىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن خۇسۇسى كاپىتال تۈزۈمى خەلق تۇرمۇشىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالالمايدىغان بولىدۇ، كاپىتالنى چەكلەشنىڭ ئاساسىي مەنىسى ئەنە شۇ.» بۇمۇ گومىنداڭ-گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن گومىنداڭنىڭ 1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاپنامىسىدىكى تەنتەنىلىك بايانات، بۇ — يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلۈشىنىڭ توغرى فاڭجېنى. پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ دولەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادى سوتسىيالىستىك خاراكتېردا بولىدۇ، پۈتۈن خەلق

ئىگىلىگىنىڭ يېتەكچى كۈچى بولىدۇ، ئەمما بۇ جۇمھۇرىيەت باشقا كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلمايدۇ، شۇنىڭدەك «خەلق تۇرمۇشىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالالمايدىغان» كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى مەنئى قىلمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى — جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېخى بەكمۇ ئارقىدا ئىكەنلىكى.

بۇ جۇمھۇرىيەت بەزى زورۇر ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يەرسىز ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن شوئارىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، يېزىلاردىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنى تۈگىتىدۇ، يەرنى دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرىدۇ. يېزىلاردىكى باي دېھقان ئىگىلىگىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ يول قويىدۇ. بۇ — «يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش» فاڭجېنى. بۇ فاڭجېننىڭ توغرى شوئارى «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن»دىن ئىبارەت. بۇ باسقۇچتا، ئومۇمەن، سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلمايدۇ، ئەمما «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولغان» ئاساستا تەرەققى قىلدۇرىدىغان تۈرلۈك كوپېراتسىيە ئىگىلىكى سوتسىيالىزم ئامىللىرىغىمۇ ئىگە بولىدۇ.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى جەزمەن «كاپىتالنى چەكلەش» ۋە «يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش» يولى بىلەن مېڭىشى كېرەك، «ئازچىلىق ئادەملەر ئىگىلەپ خۇسۇسىي قىلىۋېلىش»قا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، ئاز سانلىق كاپىتالىستلار ۋە ئاز سانلىق پومېشچىكلارنىڭ «خەلق تۇرمۇشىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشى»غا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، ياۋروپا-ئامېرىكا ئەللىرىچە كاپىتالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، كونا، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت پېتىچە

تۇرۇۋېرىشكىمۇ ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. كىمكى بۇ يونۇلۇشكە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇ چوقۇم مەقسىدىگە يېتەلمەيدۇ، تامغا ئۇسۇپ بېشىنى يېرىۋالىدۇ.

ئىنقىلاۋىي جۇڭگو، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جۇڭگو ئورنىتىشى لازىم بولغان ۋە مۇقەررەر ئورنىتىدىغان ئىچكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئەنە شۇ.

بۇنداق ئىقتىسات — يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسات.

يېڭى دېموكراتىك سىياسى بولسا، مانا شۇنداق يېڭى دېموكراتىك ئىقتىساتنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى.

## 7. بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىغا رەددىيە

يېڭى دېموكراتىك سىياسى ۋە يېڭى دېموكراتىك ئىقتىساتنى ئاساس قىلغان بۇنداق جۇمھۇرىيەتنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق خەلقى ياقلايدۇ، بۇنىڭدا ماڭمىغان بىلەن ئىككىنچى يول يوق.

بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىغىدىكى كاپىتالىستىك جەمىيەت قۇرۇش يولى بىلەن مېڭىش كېرەكمۇ؟ دەرۋەقە، بۇ يول — ياۋروپا-ئامېرىكا ئەللىرى بۇرژۇئازىيىسى مېڭىپ ئۆتكەن كونا يول، ئەمما، مەيلى خەلقارا شارائىت بولسۇن، مەيلى ئىچكى شارائىت بولسۇن، ھەممىسى جۇڭگونىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمايدۇ.

خەلقارا شارائىتتىن ئېيتقاندا، بۇ يول — ماڭغىلى بولمايدىغان يول. ھازىرقى خەلقارا شارائىت، ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم كۈرەش قىلىۋاتقان شارائىت،

كاپىتالىزىم زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، سوتسىيالىزىم يۇقۇرى ئۆرلەۋاتقان شارائىت. جۇڭگودا بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىغىدىكى كاپىتالىستىك جەمىيەت قۇرۇشقا، ئالدى بىلەن، خەلىقارا كاپىتالىزىم، يەنى جاھانگىرلىك يول قويمايدۇ. جاھانگىرلىك جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان، جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىغىغا قارشى تۇرغان، جۇڭگودا كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا قارشى تۇرغان تارىخ جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدۇر. ئۆتمۈشتىكى جۇڭگو ئىنقىلاپلىرى جاھانگىرلىكنىڭ بوغۇشى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ كەلدى، سان-ساناقسىز ئىنقىلاۋىي قۇربانلار بۇنىڭغا ئۆمۈر بويى غەزەپ-نەپرەت بىلدۇرۇپ ئۆتتى. ھازىر كۈچلۈك ياپون جاھانگىرلىكى بېسىپ كىردى، ئۇ جۇڭگونى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرماقچى؛ ھازىر قانداقتۇ جۇڭگو كاپىتالىزىمنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقىنى يوق، ئەكسىچە، ياپونىيە جۇڭگودا ئۆزىنىڭ كاپىتالىزىمنى راۋاجلاندۇرۇۋاتىدۇ؛ ھازىر قانداقتۇ جۇڭگو بۇرژۇ-ئازىيىسى دىكتاتۇرىلىق قىلىۋاتقىنى يوق، ئەكسىچە، ياپونىيە بۇرژۇئازىيىسى جۇڭگودا دىكتاتۇرىلىق قىلىۋاتىدۇ. دۇرۇس، ھازىر — جاھانگىرلىك سەكراتقا چۈشۈپ قالغان دەۋر، ئۇ پات ئارىدا ھالاك بولىدۇ، «جاھانگىرلىك — ئۆلۈۋاتقان كاپىتالىزىم»⑥. لېكىن دەل ئەنە شۇنداق پات ئارىدا ھالاك بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مۇستەم-لىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرگە تېخىمۇ بەكرەك يۆلىنىپ ياشايدۇ، ھەرقانداق مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەردە قانداقتۇ بۇرژۇ-ئازىيە دىكتاتۇرىلىغىدىكى كاپىتالىستىك جەمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ياپون جاھانگىرلىكى دەل ئېغىر ئىقتىسادىي ۋېيجى ۋە سىياسىي ۋېيجى ئازگالىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يەنى پات ئارىدا ھالاك بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگوغا چەزمەن

ھۇجۇم قىلاتتى، جۇڭگونى جەزمەن مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جۇڭگونىڭ بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرى-سىنى ئورنىتىش ۋە مىللى كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش يولىنى كېسىۋەتتى.

ئۇنىڭدىن قالسا، سوتسىيالىزم يول قويمايدۇ. بۇ دۇنيادا ھەممە جاھانگىرلار — بىزنىڭ دۇشمىنىمىز، جۇڭگو مۇستەقىل بولماقچى بولىدىكەن، سوتسىيالىستىك دولەت ۋە خەلقارا پرولېتارىياتنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلسا ھەرگىز بولمايدۇ. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ، ياپونىيە ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئوز ئېلىدە كاپىتا-لىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كورىشىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ. گەرچە، جۇڭگو ئىنقىلاۋى چوقۇم ياپونىيىدىكى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيەلەردىكى ياكى بۇلارنىڭ بىر-ئىككىسىدىكى ئىنقىلاپلار غەلىبە قازانغاندىن كېيىن غەلىبە قازىنىدۇ، دەپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈچىنى قوشقاندىلا غەلىبە قازىنالايدۇ، بۇنىڭدا شەك-شۈبھە يوق. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قازىنىشىنىڭ كەم بولسا ئەسلا بولمايدىغان شەرتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى رەت قىلىنسا، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولىدۇ، 1927-يىلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتنىڭ⑦ ساۋاقلىرى بۇنى ناھايىتى روشەن كورسىتىپ بەرمىدىمۇ؟ ھازىرقى دۇنيا ئىنقىلاپ ۋە ئۇرۇشنىڭ يېڭى دەۋرىدە، كاپىتالىزم مۇقەررەر رەۋىشتە ھالاك بولۇۋاتقان، سوتسىيالىزم مۇقەررەر رەۋىشتە گۈللىنىۋاتقان دەۋردە تۇرماقتا.

بۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگودا جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزىمغا قارشى تۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرلىقىدىكى كاپىتالىستىك جەمئىيەت قۇرماقچى بولۇش پۈتۈنلەي جويلۇش بولمامدۇ؟

ئەگەر، ئالاھىدە شارائىت (بۇرژۇئازىيىنىڭ گرېتسىيىنىڭ تاجاۋۇزنى يېڭىشى، پرولېتارىياتنىڭ كۈچىنىڭ بەك ئاجىزلىقى) ئارقىسىدا، بىرىنچى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ۋە ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ، بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى كامالچە كىچىككىنە تۈركىيە مەيدانغا كەلدى⑧، دېيىلسە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەرگىز يەنە بىر تۈركىيە مەيدانغا كەلمەيدۇ، بولۇپمۇ 450 ملىيون ئاھالىگە ئىگە تۈركىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئالاھىدە شارائىتى (بۇرژۇئا-زىيىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مۇرەسسەچىلىكى، پرولېتارىياتنىڭ كۈچلۈك-لۈكى ۋە ئىنقىلابىي ئۈزۈل-كېسىللىكى) ئارقىسىدا، جۇڭگودا تۈركىيىدىكىگە ئوخشاش ئاسان ئىش ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان. 1927-يىلى جۇڭگونىڭ بىرىنچى ئۇلۇغ ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگودىكى بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار كامالىزىم دېگەن نېمە توغرىسىدا چۇقان سېلىشقان ئەمەسمىدى؟ ئەمما جۇڭگونىڭ كامالى قېنى؟ شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسى ۋە كاپىتا-لىستىك جەمئىيىتى قېنى؟ ھالبۇكى، كامال تۈركىيىسى دېگەن نېمىمۇ ئاقىۋەت ئەنگلىيە-فرانسىيە جاھانگىرلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتماي تۇرالمىدى ۋە بارا-بارا يېرىم مۇستەملىكىگە، جاھانگىرلىك ئەكسـ-يەتچىل دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. بۈگۈنكى خەلقارا

شارائىتتا مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرنىڭ ھەرقانداق باتۇر خوخەنزىلىرى يا جاھانگىرلىك سېپى تەرەپتە تۇرۇپ، دۇنيا ئەكسىلـ ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى كېرەك، يا جاھانگىر- لىككە قارشى سەپ تەرەپتە تۇرۇپ، دۇنيا ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى كېرەك. ئىككىنىڭ بىرى، باشقا يول يوق.

ئىچكى شارائىتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى تېگىشلىك ساۋاق ئالغان بولۇشى لازىم ئىدى. 1927 - يىلدىكى ئىنقىلاپ پرولېتارىيات، دېخانلار ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈچى بىلەن ئەمدىلا غەلىبە قازانغان چاغدا، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى چوڭ بۇرژۇئازىيە باشچىلىقىدا بۇ خەلق ئاممىسىنى بىر تېپىك بىلەن چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىنقىلاپ مېۋىسىنى يالغۇز ئۆزى ئىگىلىۋالدى، بەلكى جاھانگىرلىك ۋە فېودال كۈچلەر بىلەن ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىتتىپاق تۈزدى، شۇنىڭدەك غايەت زور كۈچ سەرپ قىلىپ، 10 يىللىق «كوممۇنىستلارنى يوقىتىش» ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى. لېكىن نەتىجە قانداق بولۇپ چىقتى؟ ھازىر كۈچلۈك دۈشمەن ۋەتىنىمىزنىڭ تۆرىگە ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقىنىغا 2 يىل بولۇپ قالغان بىر مەزگىلدە، يەنە ياۋروپا - ئامېرىكا ئەللىرى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كونا نىزاملىرىنى كۆچۈرۈۋېلىشماقچىمۇ؟ ئۆتمۈشتىكى «كوممۇنىستلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بولغان 10 يىل»دا «يوقىتىش» دەپ يۈرۈپ، ھېچقانداق بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى كاپىتالىستىك جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغان ئىدى، ئەمدى ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرۈشمەكچىمۇ؟ دۇرۇس، «كوممۇنىستلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بولغان 10 يىل»دا «يوقىتىش» دەپ يۈرۈپ، «بىر پارتىيە

دىكتاتورىسى»نى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتى، لېكىن بۇ، بەربىر، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېوداللىق دىكتاتورا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «گوڭچەنداڭنى يوقىتىش» بىلەن 4 يىل (1927 ـ يىلدىن 1931 ـ يىلىدىكى «18 ـ سېنتەبىر»گىچە) شۇغۇللانغاندىن كېيىن، «يوقىتىش» دەپ يۈرۈپ، بىر «مانجۇگو»نى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتى؛ يەنە 6 يىلنى قوشۇپ، 1937 ـ يىلغا كەلگەندە، «يوقىتىش» دەپ يۈرۈپ، ياپون جاھانگىرلىگىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئەگەر يەنە بىرەرسى بۈگۈندىن باشلاپ، «يوقىتىش»نى يەنە 10 يىل داۋام قىلدۇرماقچى بولسا، بۇ ئەمدى «گوڭچەنداڭنى يوقىتىش»نىڭ يېڭى تىپى بولىدۇ ـ دە، كونىسىدىن ئانچە ـ مۇنچە پەرقلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق يېڭىچە «گوڭچەنداڭنى يوقىتىش» ئىشىنى بىر كىشى ھەممىدىن چاققان كېلىپ نوچىلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالدى ئەمەسمۇ؟ بۇ كىشى ــ ۋاڭ جىڭۋېي، ئۇ گوڭچەنداڭغا يېڭىچە قارشى تۇرۇشتا داڭدار كىشى بولۇپ قالدى. كىم ئۇنىڭغا شېرىك بولىمەن دېسە، بولۇۋېرسۇن، لېكىن ئاللىقانداق بۇرژۇئا دىكتاتورىسى دەمدۇ، كاپىتالىستىك جەمىيەت دەمدۇ، كامالىزىم دەمدۇ، ھازىرقى زامان دۆلىتى دەمدۇ، بىر پارتىيە دىكتاتورىسى دەمدۇ، بىر مەسلەك دەمدۇ، ئەيتەۋۇر، شۇنىڭغا ئوخشاش مۇقامىلارنى ئېيتىش تېخىمۇ ئوڭايسىز بولۇپ قالارمىكىن؟ ئەگەر ۋاڭ جىڭۋېيغا شېرىك بولماي، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلارغا شېرىك بولماقچى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغان خەلقنى بىر تېپىك بىلەن چەتكە قايرىپ قويۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋېلىپ، «ياشىسۇن بىر پارتىيە

دىكتاتۇرىسى» دېگەننى كوتۇرۇپ چىقماقچى بولسا، بۇ يەنە چۇش كورگەندەك بىر ئىش بولمامدۇ؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇراي-لى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرايلى، دېيىشىدۇ، كىمنىڭ كۇچى بىلەن قارشى تۇرىدۇ؟ ئىشچىلار، دېخانلار ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن ئايرىلساڭ، بىر قەددەممۇ ماڭالمايسەن. كىمكى ئۇلارنى تېپىشكە جۇرئەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئوزى بىت-چىت بولىدۇ، بۇ ئاددى ساۋات دائىرىسىدىكى بىر نەرسە بولۇپ قالمىدىمۇ؟ ئەمما جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ جاھىللىرى (مەن جاھىللارنى دەۋا-تىمەن) 20 يىلدىن بۇيان ھېچبىر ساۋاق ئالمىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇلار تېخىچە ئۇ يەردە قانداقتۇ «گۇڭچەنداڭنى چەكلەش»، «گۇڭچەنداڭنى ئېرىتىش»، «گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش» دەپ ۋاقىراۋاتامدۇ؟ ئۇلار «يات پارتىيەلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى»دىن كېيىن، يەنە بىر «يات پارتىيەلەر مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىش چارىسى»نى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر «يات پارتىيەلەر مەسىلە-سىنى بىرتەرەپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش فاكىتەنى»نى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتامدۇ؟ بەللى، «چەكلەش» ۋە «بىرتەرەپ قىلىش»نى مۇنداق داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ، ئۇلار مىللەتنىڭ تەقدىرىنى نەگە ئاپىرىپ قويماقچىكىن، ئوزلىرىنىمۇ نەگە ئاپىرىپ قويماقچىكىن؟ بىز بۇ جاناپلارغا چىن كوڭلىمىزدىن تەۋسىيە قىلىمىزكى، سىلەرمۇ كوزۇڭ-لارنى ئېچىپ، جۇڭگوغا ۋە دۇنياغا قاراپ بېقىڭلار، مەملىكەت ئىچى ۋە تېشىغا قاراپ بېقىڭلار، ھازىرقى ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ بېقىڭلار، خاتالىقىڭلارنى يەنە تەكرارلاۋەرمەڭلار. خاتالى-شىۋېرىدىغان بولساڭلار، مىللەتنىڭ تەقدىرى جەزمەن بالا-قازاغا ئۇچرايدۇ، مېنىڭچە، ئوزەڭلارنىڭ ئىشىڭلارمۇ ئانچە ياخشى بولمايدۇ.

شۇنىسى سوزسىز، چوقۇم ۋە ئېنىقكى، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ جاھىللىرى ئەگەر ئويغانمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتمايدۇ، ئۇلار ئوزىنى ئوزى ئولۇمگە تۇتۇپ بېرىش ئاقىۋىتىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىز جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسېپىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى، بىرلا تەرەپ تەنھا چاڭگىلىغا ئېلىۋالماي، بەلكى ھەممە تەرەپ ھەمكارلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىشىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنى ئۇمىت قىلىمىز، پەقەت مۇشۇلا ياخشى تەدبىر، بۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ناچار تەدبىر. بۇ — بىز كوممۇنىستلارنىڭ سەمىمى نەسىھىتىمىز، «ئالدىن ئېيتىپ قويمىدى دېيىلمىسۇن».

جۇڭگودا «بار تاماقنى ھەممەيلەن تەڭ يەيلى» دېگەن بىر كونا سوز بار. بۇ — ناھايىتى داۋلىلىق سوز. دۈشمەنگە ھەممەيلەن تەڭ زەربە بېرىۋاتقان ئىكەنمىز، تاماقنى ھەممەيلەن تەڭ يېيىشىمىز، ئىشنى ھەممەيلەن تەڭ قىلىشىمىز، ئوقۇشنى ھەممەيلەن تەڭ ئوقۇشىمىز لازىم. «ئوزەم يالغۇز ھاپ ئېتىمەن»، «ھېچكىم ماڭا دەخلى يەتكۈزمىسۇن» دەيدىغان ھاكاۋۇرلۇق سالاپىتى — فېوداللارنىڭ كونا نەيرىڭى، بۇنى 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا ئېلىپ كەلگەن بىلەن، بەرىبىر، ئاقمايدۇ.

بىز كوممۇنىستلار بارلىق ئىنقىلاۋىي كىشىلەرنى ھەرگىز يەكلىمەيمىز، بىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشنى خالايدىغان بارلىق سىنىپلار، تەبىقىلەر، پارتىيىلەر، سىياسى تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر بىلەن بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەتكىچە ھەمكارلىشىمىز. ئەمما باشقىلار كوممۇنىستلارنى يەكلىمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ئاقمايدۇ؛ باشقىلار بىرلىكسەپنى

بولۇپ تاشلىماقچى بولىدىكەن، ئۇمۇ ئاقمايدۇ. جۇڭگو ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئىتتىپاقلىقنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئالغا ئىلگىرىلەشنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم؛ كىمكى تەسلىم بولماقچى بولسا، بۆلۈنۈش پەيدا قىلماقچى بولسا، ئارقىغا چېكىنمەكچى بولسا، بىز يول قويالمايمىز.

## 8. «سول»چىل سەپسەتىچىلىككە رەددىيە

بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭمايدىكەنمىز، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىزم يولىغا ماڭساق بولامدۇ؟

بۇمۇ بولمايدۇ.

ھازىرقى ئىنقىلاب — بىرىنچى قەدەم، كەلگۈسىدە ئىككىنچى قەدەمگە، سوتسىيالىزمغا راۋاجلىنىدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق. جۇڭگومۇ پەقەت سوتسىيالىزم دەۋرىگە يېتىپ بارغاندىلا، ھەقىقىي بەخت-سائادەتلىك دەۋرگە كىرىدۇ. لېكىن ھازىر تېخى سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتى ئەمەس. جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى — جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش، بۇ ۋەزىپە ئورۇنلانماي تۇرۇپ، سوتسىيالىزم توغرىسىدا سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئىككى قەدەمنى بېسىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس، بىرىنچى قەدەم يېڭى دېموكراتىزم بولىدۇ، ئىككىنچى قەدەمدىلا سوتسىيالىزم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىنچى قەدەمنىڭ ۋاقتى خېلى ئۇزاق بولىدۇ، ئۇ ھەرگىز بىر ئەتىگەندىلا ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. بىز خىيالپەرەسلەردىن ئەمەسمىز، بىز

ئالدىمىزدىكى ئەمەلىي شارائىتتىن ئايرىلالمايمىز.

بەزى يامان نىيەتلىك تەشۋىقاتچىلار ئىنقىلابنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى باسقۇچىنى قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، «بىر قېتىملىق ئىنقىلاب نەزەرىيىسى» دىگەننى تەشەببۇس قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ئىنقىلابنىڭ ھەممىسىنى سەنمىنجۇيى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كوممۇنىزم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنى يوقاتقان، دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنماقتا؛ مۇشۇنداق «نەزەرىيە» بىلەن كوممۇنىزمغا ۋە گومىنداڭغا قارشى تۇرماقتا، 8 ـ ئارمىيىگە، يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە ۋە شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىغا قارشى تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ مەقسىدى ـــ ھەرقانداق ئىنقىلابنى تۈپتىن يوقىتىپ، بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىللىكلىگىگە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىللىكلىگىگە قارشى تۇرۇپ، ياپون قاراقچىلىرىغا تەسلىم بولۇش ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاش. بۇنداق ئەھۋالنى ياپون جاھانگىرلىكى پىلانلىق تۇردە پەيدا قىلدى. چۈنكى ياپون جاھانگىر- لىكى ۋۇخەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگونى پەقەت قورال كۈچى بىلەنلا بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدى ـ دە، سىياسىي ھۇجۇمغا ۋە ئىقتىسادىي قىزىقتۇرۇشقا كىرىشتى. سىياسىي ھۇجۇمى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپتىكى ئارسالدى ئۇنسۇرلارنى ئېزىقتۇ- رۇش، بىرلىكسەپنى بۇلۇش، گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى بۇزۇشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي قىزىقتۇرۇشى «سودا ـ سانائەتنى بىرلىشىپ باشقۇرۇش» دىگەندىن ئىبارەت. خۇاجۇڭ ۋە خۇانەندە ياپون قاراقچىلىرى جۇڭگو كاپىتالىستلىرى سالىدىغان كاپىتالنىڭ 51 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلدى، ياپونىيە كاپىتالى

49 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى؛ خۇابېيدا ياپون قاراقچىلىرى جۇڭگو كاپىتالىستلىرى سالدىغان كاپىتالنىڭ 49 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى، ياپونىيە كاپىتالى 51 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ياپون قاراقچىلىرى يەنە جۇڭگو كاپىتالىستلىرىنىڭ بۇرۇنقى سانائەت كارخانىلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى، ئۇلارنى پۇلغا سۇندۇرۇپ، كاپىتال قىلىشنى ماقۇل كوردى. شۇنىڭ بىلەن بەزى ۋىجدانىنى يوقاتقان كاپىتالىستلار پايدىنى كورۇپ ئىنساپنى ئۇنۇتۇپ، ئۇنى سىناپ كورۇشكە نەپسى تاقىلداپ كەتتى. بىر قىسىم كاپىتالىستلار ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەكىللىگىدە تەسلىم بولدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ ئىچىگە يوشۇرۇنغان يەنە بىر قىسىم كاپىتالىستلارمۇ قېچىشنى ئويلىماقتا. لېكىن ئۇلار، ئوغرى گۇمانخور كېلىدۇ دېگەندەك، گوڭچەنداڭ يولىمىزنى توسۇپ قويارمىكىن، دەپ قورقۇشماقتا، بولۇپمۇ لاۋبەيشىڭلارنىڭ ۋەتەن خائىنى دەپ تىللىشىدىن قورقۇشماقتا. شۇنىڭ بىلەن بۇلار يىغىلىشىپ بىر مەجلىس ئېچىپ: ئاۋال مەدىنىيەت ساھەسىدىكىلەر ۋە جامائەتچىلىك ئارىسىدا تەييارلىق ئېلىپ بېرىش كېرەك، دەپ قارار قىلىشتى. تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ بولۇشۇپ، ئىشنى كېچىكتۇرمەيلى، دېيىشىپ، بىرقانچە شۇەنشۇېچى ئالۋاستىلارنى[5] ياللىشىپ، بىرقانچە تروتسكىچىلارنى قوشۇشۇپ، قەلەم-پەلەملىرىنى ئوينىتىشىپ، كەلسە-كەلمەس ۋاقىراش ۋە جاقىراشقا كىرىشتى، كەلسە-كەلمەس ئۇرۇش ۋە سانجىشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، كاپىتالىستلار ئاللىقانداق «بىر قېتىملىق ئىنقىلاپ نەزىرىيىسى»يەي، كوممۇنىزم جۇڭگونىڭ دولەت ئەھۋالىغا ئويغۇن كەلمەيدۇيەي، گوڭچەنداڭنىڭ جۇڭگودا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا زورۇرىيەت يوقەي، 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيە ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى، ئۇرۇش قلماي چوگۇلەپ يۇردىيەي، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى فېودال گېجۇي بولۇۋالدىيەي، گۇڭچەنداڭ سوزگە كرمەيدۇ، برلكنى خالمايدۇ، سۇئىقەست قلىۋاتىدۇ، پاراكەندىچلك سىلىۋاتىدۇيەي، دىگەن نىملەرنى كوتۇرۇپ چقىپ، دۇنيادىن بىخەۋەر كىشلەرنى ئالداۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسىدى پۇرسەت كەلگەن هامان هېلىقى 49 ياكى 51 پىرسەنتنى خېلى ئاساسى باردەك ئېلىپ، پۇتۇن مللەتنىڭ مەنپەئەتىنى دۇشمەنگە تامامەن سېتىۋېتىشتىن ئىبارەت. بۇ، مەزمۇننى ئېلىۋېتىپ، شەكلنى قالدۇرۇش، تەسلىم بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىدېيىۋى تەييارلىق ياكى جامائەت پكرى تەييارلىقى، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جاناپلارنىڭ «بىر قېتىملىق ئىنقىلاپ نەزىرىيىسى»نى ناهايىتى قاملاشتۇرۇپ تەشەببۇس قلىپ، كوممۇنىزمغا ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشنى ئەسلىدە باشقا نەرسە ئۇچۇن ئەمەس، پەقەت 49 ياكى 51 پىرسەنت ئۇچۇنلا ئىدى، بۇ يولدا ئۇلارنىڭ تارتقان جاپاسى هەر قاچان ئاز بولمىدى. «بىر قېتىملىق ئىنقىلاپ نەزىرىيىسى» ئىنقىلاپتىن ۋازكېچىش نەزىرىيىسىدۇر، مەسىلىنىڭ ماهىيىتى ئەنە شۇ.

لېكىن يەنە باشقا بىرمۇنچە ئادەملەر باركى، ئۇلار يامان نىيەتتە يوقتەك كورۇنىمۇ، «بىر قېتىملىق ئىنقىلاپ نەزىرىيىسى» دىگەن نىمە بىلەن قايمۇقۇپ قالغان، «سىياسى ئىنقىلاپ بىلەن ئىجتىمائى ئىنقىلاپنى بىرلا جەڭ بىلەن ئورۇنلاش» دىگەن نوقۇل جۇگۇەن خىيال بىلەن قايمۇقۇپ قالغان؛ ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ باسقۇچلارغا بولۇنىدىغانلىقىنى، پەقەت بىر ئىنقىلاپتىن ئىككىنچى بىر ئىنقىلاپقا ئوتۇشلا مۇمكىنلىكىنى، «بىرلا جەڭ بىلەن ئورۇنلاش» دىگەن نىمىنىڭ يوقلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق نۇقتەئى نەزەر

ئىنقىلاپنىڭ قەدەملىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر ئۈچۈن بولغان تىرىشچانلىقلارنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، بۇمۇ ناھايىتى زىيانلىق. ئەگەر، ئىنقىلاپنىڭ ئىككى باسقۇچىنىڭ بىرىنچىسى ئىككىنچىسى ئۈچۈن شەرت ھازىرلايدۇ، بۇ ئىككى باسقۇچ بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىشى لازىم، بۇلارنىڭ ئارىسىغا بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدىغان باسقۇچنىڭ قىستۇرۇلۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، دېيىلسە، بۇ توغرى، بۇ — ماركسىزىمنىڭ ئىنقىلاپ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى. ئەگەر، دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ئۆزىگە خاس مۇئەييەن ۋەزىپىسى يوق، ئۆزىگە خاس مۇئەييەن ۋاقتى يوق، پەقەت ئىككىنچى بىر ۋاقىتتا ئورۇنلىنىشى بولىدىغان باشقا بىر ۋەزىپىنى، مەسىلەن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋەزىپىسىنى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋەزىپىسى بىلەن قوشۇپ ئورۇنلاش مۇمكىن، بۇ «بىرلا جەڭ بىلەن ئورۇنلاش» دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىلسە، ئۇ — خام خىيال بولىدۇ، بۇنى ھەقىقىي ئىنقىلاپچىلار قوبۇل قىلمايدۇ.

## 9. جاھىللارغا رەددىيە

شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ جاھىللىرى شاپاشلاپ چىقىپ: خوپ، سىلەر كوممۇنىستلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تۈزۈمىنى كېيىنكى باسقۇچقا قالدۇرغان ئىكەنسىلەر، سىلەر يەنە «سەنمىنجۇيى جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى كۈنى ئۈچۈن زورۇر، پارتىيىمىز ئۇنى تەل - تۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ»[10] دېگەن ئىكەنسىلەر، ئۇنداق بولسا، كوممۇنىزىمنى ۋاقىتىنچە يىغىشتۇرۇپ قويۇڭلار، دېيىشتى. بۇنداق سۆز - چۆچەكلەر «بىر مەسىلەك»

دىيىلگەن مەۋزۇ ئاستىدا غالجىرانە ۋالاقلاشلارغا ئايلاندى. بۇنداق ۋالاقلاشلار ئۆز ماھىيىتى جەھەتتىن جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ بۇرژۇئا مۇستەبىتچىلىكىدۇر. لېكىن بىرئاز سىلىقراق بولسۇن ئۈچۈن، بۇنى تامامەن ساۋاتسىزلىق دېسىمۇ بولىدۇ.

كوممۇنىزم — پورولېتارىياتنىڭ بىر پۈتۈن ئىدېيە تىشسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر خىل يېڭى ئىجتىمائى تۈزۈم. بۇنداق ئىدېيە تىشسى ۋە ئىجتىمائى تۈزۈم باشقا ھەرقانداق ئىدېيە تىشسى ۋە ھەرقانداق ئىجتىمائى تۈزۈمدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ — ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلاۋىي، ئەڭ مۇۋاپىق ئىدېيە تىشسى ۋە ئىجتىمائى تۈزۈم. فېودالىزم ئىدېيە تىشسى ۋە ئىجتىمائى تۈزۈمى — تارىخ بوۋۇگۇەنگە كىرىپ بولغان نەرسە. كاپىتالىزم ئىدېيە تىشسى ۋە ئىجتىمائى تۈزۈمىنىڭ بىر قىسمى بوۋۇگۇەنگە كىرىپ بولدى (سوۋېت ئىتتىپاقىدا)؛ قالغان قىسمىمۇ «كۈنى تۇگەپ، جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ، ئەجىلى يېتىپ، ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كوزى يەتمەيدىغان» بولۇپ قالدى، پات ئارىدا بوۋۇگۇەنگە كىرىدۇ. پەقەت كوممۇنىزم ئىدېيە تىشسى ۋە ئىجتىمائى تۈزۈملا تاغنى تالقان قىلىدىغان كۈچ ۋە يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان قۇدرەت بىلەن پۈتۈن دۇنيادا جەۋلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىق باھارىنى گۈللەندۈرمەكتە. جۇڭگو ئىلمىي كوممۇنىزمغا ئىگە بولغاندىن تارتىپ، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىمۇ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى، جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋى، كوممۇنىزم يېتەكچىلىك قىلمايدىغان بولسا، ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، ئىنقىلاپنىڭ كېيىنكى باسقۇچى بولۇپمۇ شۇنداق. بۇرژۇئازىيە جاھىللىرىنىڭ شۇنچىۋالا ۋالاقلىشىنىڭ

ۋە «يىغىشتۇرۇپ قويۇش»نى تەلەپ قىلىشنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ. ھەقىقەتتە بولسا، ئۇنى «يىغىشتۇرۇپ قويۇش»قا بولمايدۇ. يىغىشتۇرۇپ قويۇلغان ھامان، جۇڭگو مۇنقەرىز بولىدۇ. ھازىرقى دۇنيا كوممۇنىزمنى نىجات يۇلتۇزى قىلماقتا؛ ھازىرقى جۇڭگومۇ خۇددى شۇنداق.

ئىجتىمائىي تۈزۈم توغرىسىدىكى تەشەببۇس جەھەتتە، گۇڭچەنداڭنىڭ گاڭلىڭىنىڭ ھازىرقى گاڭلىڭ ۋە كەلگۈسى گاڭلىڭ، ياكى ئەڭ تۆۋەن گاڭلىڭ ۋە ئەڭ يۇقىرى گاڭلىڭ، دېگەن ئىككى قىسىمدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا يېڭى دېموكراتىزم، كەلگۈسىدە سوتسىيالىزم — بۇلار بىر-بىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلانغان ئىككى قىسىم بولۇپ، بۇلارغا بىر پۈتۈن كوممۇنىستىك ئىدىيە تىشسى يېتەكچىلىك قىلىدۇ. گۇڭچەنداڭنىڭ ئەڭ تۆۋەن گاڭلىڭى بىلەن سەنمىنجۇيىنىڭ سىياسىي پىرىنسىپلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدىكەن دەپلا، كوممۇنىزمنى «يىغىشتۇرۇپ قويۇڭلار» دەپ كاپىشىش ئۈچۈن چىققان بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ كوممۇنىستلارغا كەلسەك، سەنمىنجۇيىنىڭ سىياسىي پىرىنسىپىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن گاڭلىڭىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدىغان يەرلەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا «سەنمىنجۇيى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنىڭ سىياسىي ئاساسى» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مۇمكىنلىك تۇغۇلدى، «سەنمىنجۇيى جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى كۈنى ئۈچۈن زۆرۈر، پارتىيىمىز ئۇنى تەل-تۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مۇمكىنلىك تۇغۇلدى، بولمىسا، بۇنداق مۇمكىنلىك تۇغۇلمىغان بولاتتى. بۇ — كوممۇنىزم بىلەن سەنمىنجۇيىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدىكى

بىرلىكسىپى، سۇن جۇڭشەننىڭ «كوممۇنىزىم ــ سەنمىنجۇيىنىڭ ياخشى دوستى»[11] دېگىنىمۇ دەل مۇشۇ بىرلىكسەپنى كۆرسىتىدۇ. كوممۇ-نىزىمنى ئىنكار قىلىش، ئەمەلىيەتتە، بىرلىكسەپنى ئىنكار قىلىش. جاھىللارمۇ دەل ئۆز ـىنىڭ بىر پارتىيە مەسلىكىنى يۈرگۈزمەكچى بولغانلىقى ۋە بىرلىكسەپنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كوممۇنىزىمنى ئىنكار قىلىدىغان ئەنە شۇ بىمەنە سۆزلەرنى چىقاردى. «بىر مەسىلەك»مۇ ئاقمايدۇ. سىنىپلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، قانچە سىنىپ بولسا، شۇنچە مەسلەك بولىدۇ، ھەتتا بىر سىنىپنىڭ تۈرلۈك گۇرۇھلىرى ئىچىدىمۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەسلەكلىرى بولىدۇ. ھازىر فېوداللار سىنىپىنىڭ فېودالىزىمى بار، بۇرژۇئازىيىنىڭ كاپىتالىزىمى بار، بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ بۇددىزىمى بار، خىرىستىيان دىنىدىكىلەرنىڭ خىرىستىيانىزىمى بار، دېھقانلار-نىڭ مۇشرىكلىك مەسلىكى بار، يېقىنقى يىللاردا يەنە بەزىلەر كامالىزىم، فاشىزىم، ۋېيشېڭجۇيى[12]، «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش مەسلىكى»[13] دېگەن نىملەرنىمۇ تەشەببۇس قىلىشماقتا، شۇنداق ئىكەن، نىمە ئۈچۈن پرولېتارىياتنىڭ كوممۇنىزىمى بولسا بولمايدىكەن؟ ئەنە شۇنداق سان-ساناقسىز مەسلەكلەر تۇرغان يەردە، نىمشقا كوممۇنىزىمنى كۆرۈپلا، ئۇنى «يىغىشتۇرۇپ قويۇش» لازىم، دەپ چۇقان سېلىشىدۇ؟ راستىنى ئېيتساق، «يىغىشتۇرۇپ قويۇش»قا بولمايدۇ، ياخشىسى، مۇسابىقىلىشەيلى. بىرەر كىم كوممۇ-نىزىمنى يېڭىپ قويسا، بىز كوممۇنىستلار ئۆز پېشانىمىزدىن كۆرىمىز. ئۇنداق بولمايدىكەن، خەلق ھوقۇقى مەسلىكىگە قارشى بولغان «بىر مەسىلەك» دېيىلگەن ئىستىلنى بالدۇرراق «يىغىشتۇرۇپ قويۇش» لازىم بولارمىكىن!

ئۇقۇشۇلماسلىقلاردىن ساقلىنىش ۋە جاھىللارنىڭ كوزىنى ئېچىپ قويۇش ئۈچۈن، سەنمىنجۇيى بىلەن كوممۇنىزىمنىڭ ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان يەرلىرىنى ئېنىق كورستىپ ئوتۇش زورۇر.

سەنمىنجۇيى بىلەن كوممۇنىزىمدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەسلەكنى سېلىشتۇرساق، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان يېرىمۇ بار، ئوخشىمايدىغان يېرىمۇ بار.

بىرىنچى، بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان يېرى. بۇ — ئىككى مەسلەك-نىڭ جۇڭگونىڭ بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋى باسقۇچىدىكى توپ سىياسى گائىلىگى. 1924-يىلى سۇن جۇڭشەن يېڭىۋاشتىن ئىزاھلىغان سەنمىنجۇيىدىكى ئىنقىلاۋىي مىللى مەسلەك، خەلق ھوقۇقى مەسلىگى ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسلىگىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ سىياسى پىرىنسىپ كوممۇنىزىمنىڭ جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋى باسقۇچىدىكى سىياسى گائىلىگىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. مۇشۇ ئوخشاشلىق سەۋەۋىدىن ۋە سەنمىنجۇيىنىڭ يۇرگۈزۈلۈۋاتقانلىقى سەۋەۋىدىن، ئىككى مەسلەك ۋە ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىكسېپى ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ جەھەتكە ئېتىۋارسىز قاراش خاتا.

ئىككىنچى، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ — مۇنۇلار:
(1) دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدىكى بىر قىسىم گائىلىكلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى. كوممۇنىزىمنىڭ پۈتۈن دېموكراتىك ئىنقىلاپ ھەققىدىكى سىياسى گائىلىكىدا خەلق ھاكىمىيىتىنى، 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ۋە تولۇق يەر ئىنقىلاۋى گائىلىكىنى ئۇزۇل-كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش بار، سەنمىنجۇيىدا بولسا، بۇلار يوق. ئەگەر سەنمىنجۇيى ئوزىنى بۇلار بىلەن تولۇقلىمىسا ۋە بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشمىسە، كوممۇنىزىمنىڭ پۈتۈن دېموكراتىك

ئىنقىلاپ ھەققىدىكى سىياسى گاڭلىڭىغا پەقەت ئاساسى جەھەتتىنلا
ئوخشايدۇ، پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. (2) سوتسىيا-
لىستىك ئىنقىلاپ باسقۇچىنىڭ بار-يوقلىقى جەھەتتە بىر-بىرىگە
ئوخشىماسلىقى. كوممۇنىزىمدا دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدىن
تاشقىرى، يەنە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ باسقۇچىمۇ بار، شۇڭا، ئەڭ
تۆۋەن گاڭلىڭىدىن تاشقىرى، يەنە ئەڭ يۇقۇرى گاڭلىڭىمۇ، يەنى سوت-
سىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك جەمىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
گاڭلىڭىمۇ بار. سەنمىنجۇيىدا بولسا، پەقەت دېموكراتىك ئىنقىلاپ
باسقۇچىلا بار، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ باسقۇچى يوق، شۇڭا ئۇنىڭدا
ئەڭ تۆۋەن گاڭلىڭىلا بار، ئەڭ يۇقۇرى گاڭلىڭ، يەنى سوتسىيالىس-
تىك ۋە كوممۇنىستىك ئىجتىمائى تۈزۈمنى ئورنىتىش گاڭلىڭى يوق.
(3) دۇنيا قاراشنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى. كوممۇنىزىمنىڭ
دۇنيا قارىشى — بىيەنجېڭلىق ۋېيۋۇلۇن ۋە تارىخىي ۋېيۋۇلۇن، سەنمىن-
جۇيىنىڭ دۇنيا قارىشى بولسا، خەلق تۇرمۇشىغا تارىخىي قاراش،
دېگەن نىمە، ماھىيەتتە، ئېريۇەنلۇن ياكى ۋېيشىنلۇن، بۇ ئىككى
خىل دۇنيا قاراش بىر-بىرىنىڭ ئەكسى. (4) ئىنقىلاۋىي ئىزچىل-
كېسىللىك جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى. كوممۇنىزىمچىلاردا
نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىر، يەنى ئىنقىلاۋىي ئىزچىل-كېسىللىك
بار. سەنمىنجۇيىچىلاردا بولسا، ئىنقىلاپقا ۋە ھەقىقەتكە ئەڭ سادىق
كىشىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىر
ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى بىلەن قىلغىنى بىر-بىرىگە زىت، يەنى
ئۇلاردا ئىنقىلاۋىي ئىزچىل-كېسىللىك يوق. يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلار —
بۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشىمايدىغان يەرلىرى. ئەنە شۇ ئوخشىماسلىقلار
سەۋەۋىدىن، كوممۇنىزىمچىلار بىلەن سەنمىنجۇيىچىلار ئارىسىدا پەرق

بار. بۇ پەرققە ئېتىۋارسىز قاراش، بىرلىك تەرىپىنىلا كۆرۈپ، زىت تەرىپىنى كۆرمەسلىك، شەك-شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن خاتا.

بۇلارنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە جاھىللىرىنىڭ كوممۇنىزمنى «يىغىشتۇرۇپ قويۇش»نى تەلەپ قىلىشى چۈشىنىشلىك بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ يا بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇستەبىتچىلىكى، يا تامامەن ساۋاتسىزلىق.

## 10. كونا سەنمىنجۇيى ۋە يېڭى سەنمىنجۇيى

بۇرژۇئازىيە جاھىللىرى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى پۈتۈنلەي بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىلىمى شۇنچە كەمكى، ھەتتا نولگە تەڭ دېگۈدەك. ئۇلار كوممۇنىزم بىلەن سەنمىنجۇيىنىڭ پەرقىنىمۇ بىلمەيدۇ، يېڭى سەنمىنجۇيى بىلەن كونا سەنمىنجۇيىنىڭ پەرقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

بىز كوممۇنىستلار «سەنمىنجۇيى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ سىياسىي ئاساسى» دەپ ئېتىراپ قىلىمىز، «سەنمىنجۇيى جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى كۈنى ئۈچۈن زۆرۈر، پارتىيىمىز ئۇنى تەل-تۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلىمىز، كوممۇنىزمنىڭ ئەڭ تۆۋەن گاڭلىڭىغا سەنمىنجۇيىنىڭ سىياسىي پرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئەمما بۇ سەنمىنجۇيى قايسى سەنمىنجۇيى؟ بۇ سەنمىنجۇيى باشقا ھېچقانداق سەنمىنجۇيى ئەمەس، بەلكى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى «جۇڭگو گومىنداڭنىڭ 1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسى»دە يېڭىۋاشتىن ئىزاھلىغان سەنمىنجۇيى. مەن جاھىل جانابلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «گۈڭچەنداڭنى

چەكلەش»، «گوڭچەنداڭنى ئېرىتىش»، «گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش» ئىشلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ بولۇپ ئېشىنغان ۋاقىتلىرىدا بۇ خىتاپنامىغىمۇ كوز يۇگۇرتۇپ چىقىشنى خالايتتىم. ئەسلىدە سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بۇ خىتاپنامىدە: «گومىنداڭ سەنمىنجۇيىسىنىڭ ھەقىقى ئىزاھى ئەنە شۇنداق» دىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پەقەت مۇشۇنداق سەنمىنجۇيىلا ھەقىقى سەنمىنجۇيى، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ساختا سەنمىنجۇيى. پەقەت «گومىنداڭنىڭ 1-نوۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاپنامىسى»دە سەنمىنجۇيىغا بېرىلگەن ئىزاھىلا «ھەقىقى ئىزاھ»، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ساختا ئىزاھ. بۇ گوڭچەنداڭنىڭ «ئىغۋاسى» بولمىسا كېرەك، بۇ خىتاپنامىنىڭ ماقۇللانغانلىقىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كورگەن، نۇرغۇن گومىنداڭ ئەزالىرىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كورگەن.

بۇ خىتاپنامە سەنمىنجۇيىسىنىڭ ئىككى تارىخى دەۋرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سەنمىنجۇيى كونا فەنچۇدىكى سەنمىنجۇيى ئىدى، كونا يېرىم مۇستەملىكە بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ سەنمىنجۇيىسى ئىدى، كونا دېموكراتىك سەنمىنجۇيى ئىدى، كونا سەنمىنجۇيى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سەنمىنجۇيى يېڭى فەنچۇدىكى سەنمىنجۇيى بولدى، يېڭى يېرىم مۇستەملىكە بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ سەنمىنجۇيىسى بولدى، يېڭى دېموكراتىك سەنمىنجۇيى بولدى، يېڭى سەنمىنجۇيى بولدى. پەقەت مۇشۇنداق سەنمىنجۇيىلا يېڭى دەۋردىكى ئىنقىلاۋى سەنمىنجۇيىدۇر.

بۇنداق يېڭى دەۋردىكى ئىنقىلاۋى سەنمىنجۇيى، يېڭى سەنمىنجۇيى ياكى ھەقىقى سەنمىنجۇيى — روسىيە بىلەن بىرلىشىش،

گۈڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، دېخان ۋە ئىشچىلارغا يار-يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتلىك سەنمىنجۇيىدۇر. بۇ ئۈچ چوڭ سىياسەت بولمىسا ياكى ئۈچ چوڭ سىياسەتنىڭ بىرەرسى كەم بولسا، يېڭى دەۋردە بۇلارنىڭ ھەممىسى ساختا سەنمىنجۇيى ياكى يېرىم-ياتا سەنمىنجۇيى بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيى، يېڭى سەنمىنجۇيى ياكى ھەقىقى سەنمىنجۇيى روسىيە بىلەن بىرلىشىدىغان سەنمىنجۇيى بولۇشى لازىم. ھازىرقى ئەھۋال ئىنتايىن روشەن، روسىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتى بولمىغاندا، سوتسىيالىستىك دولەت بىلەن بىرلەشمىگەندە، چوقۇم جاھانگىرلار بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىشقا، چوقۇم جاھانگىرلار بىلەن بىرلىشىشكە توغرى كېلىدۇ. 1927-يىلدىن كېيىن مۇشۇنداق ئەھۋال بولغان ئەمەسمىدى؟ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جاھانگىرلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىشى بىلەنلا جۇڭگوغا بۇ تەرەپتە تۇرمىسا، ئۇ تەرەپتە تۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ، بۇ — مۇقەررەر يۈزلىنىش. ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماي-يۆلەنمەي تۇرۇشقا بولامدۇ؟ بۇ — خام خىيال. پۈتۈن يەر شارى بۇ ئىككى سەپكە تارتىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيادا «بىتەرەپلىك» پەقەت ئادەم ئالدايدىغان ئاتالغۇلا بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ۋەتەن تۇپرىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان تۇرسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىسىز ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. روسىيە بىلەن بىرلىشىشتىن ۋازكېچىپ، جاھانگىرلار بىلەن بىرلەشكەن بولسا، ئۇ چاغدا سەنمىنجۇيى «ئىنقىلاۋىي» دېگەن سۆزنى تاشلاپ قويۇپ، ئەكسىيەتچىل سەنمىنجۇيىغا

ئايلىنىشى كېرەك. گەپنىڭ قىسقىسى، «بىتەرەپ» سەنمنجۇيى يوق، پەقەت ئىنقىلاۋىي ياكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي سەنمنجۇيىلا بار. ئەگەر ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئىلگىرىكى سوزى بويىچە، «ئىككى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش»⑭ يولى تۇتۇلسا، «ئىككى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش» سەنمنجۇيىسى مەيدانغا چىقىرىلسا، بۇ تازا قەھرىمانلىق بولمامدۇ؟ لېكىن، ئەپسۇسكى، بۇنى كەشىپ قىلغان ۋاڭ جىڭۋېيمۇ بۇنداق سەنمنجۇيىنى تاشلىۋەتتى (ياكى «يىغىشتۇرۇپ قويدى»)، ئۇ ھازىر جاھانگىرلار بىلەن بىرلىشىدىغان سەنمنجۇيىنى قوللاندى. ئەگەر، جاھانگىرلار شەرق جاھانگىرلىرى ۋە غەرپ جاھانگىرلىرى دەپ ئايرىلىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىرلەشكىنى ــ شەرق جاھانگىرى، مەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر تۈركۈم غەرپ جاھانگىرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شەرقتىكىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان تۇرسام، بۇمۇ ئىنقىلاپ قىلغانلىق بولمامدۇ؟ دەيدىكەنسەن، غەرپ جاھانگىرلىرى، قانداقلا بولسۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرىدۇ، سەن ئۇلار بىلەن بىرلەشسەڭ، ئۇلار سېنى شىمالغا ھۇجۇم قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئىنقىلاپ قىلمەن دەپمۇ قىلالمايسەن. مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى شۇنى بەلگىلەيدۇكى، ئىنقىلاۋىي سەنمنجۇيى، يېڭى سەنمنجۇيى ياكى ھەقىقىي سەنمنجۇيى روسىيە بىلەن بىرلىشىدىغان سەنمنجۇيى بولۇشى لازىم، ھەرگىز جاھانگىرلار بىلەن بىرلىشىپ، روسىيەگە قارشى تۇرىدىغان سەنمنجۇيى بولماسلىقى كېرەك.

ئىككىنچى، ئىنقىلاۋىي سەنمنجۇيى، يېڭى سەنمنجۇيى ياكى ھەقىقىي سەنمنجۇيى گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىدىغان سەنمنجۇيى بولۇشى لازىم. گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلەشمىگەندە، گۇڭچەنداڭغا

قارشى تۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش — ياپون جاھانگىرلىگى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ سىياستى، سەنمۇ گومىنداڭغا قارشى تۇرىدىغان بولساڭ، ناھايىتى ياخشى، ئۇلار سېنى ئۆزلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش گۇگسسىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ، ۋەتەن خائىنى، دىگەن گۇماننى تۇغدۇرۇپ قويارمىكىن؟ مەن ياپونىيىگە ئەگەشمەيمەن، باشقا دولەتلەرگە ئەگىشمەنغۇ، دىگەن گەپمۇ كۇلكىلىك. مەيلى سەن كىمگىلا ئەگەشكىن، گومىنداڭغا قارشى تۇرىدىغانلا بولساڭ، سەن ۋەتەن خائىنسەن، چۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرالمايدىغان بولۇپ قالىسەن. مەن گومىنداڭغا ئۆزەم تەنھا قارشى تۇرىمەن دەرسەن. بۇ — جويلۇش. مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرنىڭ خوخەنزىلىرى جاھانگىرلارنىڭ كۇچىگە تايانماي، شۇنداق چوڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىشنى قىلالامدۇ؟ ئوتمۇشتە پۈتۈن دۇنيا جاھانگىرلىرىنىڭ كۇچىنى دىگىدەك سەپەرۋەر قىلىپ، 10 يىللاپ قارشى تۇرۇپمۇ ھېچنىمە قىلالمىغان گومىنداڭغا بۈگۈنكى كۈندە «تەنھا» قارشى تۇرالايدىغان بولۇپ قالدىكىمۇ؟ ئاڭلىشىمىزچە، تاشقىرىدا بەزىلەردە «گومىنداڭغا قارشى تۇرغان ياخشى، ئەمما قولىدىن كەلمەيدۇ» دىگەن گەپ بار ئىكەن. ئەگەر يالغان بولمىسا، بۇ گەپنىڭ پەقەت يېرىمىلا خاتا، «گومىنداڭغا قارشى تۇرغان»نىڭ نىمىسى «ياخشى» بولسۇن؟ ئەمما قالغان يېرىمى توغرى، «گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش» ھەقىقەتەن «قولىدىن كەلمەيدۇ». بۇنىڭ سەۋىۋى، ئاساسەن، گومىنداڭدا ئەمەس، بەلكى لاۋبەيشىڭلاردا، چۈنكى لاۋبەيشىڭلار «گومىنداڭ»نى ياخشى كورىدۇ، ئۇنىڭغا «قارشى تۇرۇش»نى ياخشى كورمەيدۇ. لاۋبەيشىڭلار ھەرگىز رەھىم -

شەپقەت قىلمايدۇ، مىللىي دۈشمەن ۋەتەن تۇپرىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن مەزگىلدە، سەن گومىنداڭغا قارشى تۇرىدىغان بولساڭ، لاۋبەيشىڭلار سېنىڭ جېنىڭنى ئالىدۇ. بۇ چوقۇم، كىمكى گومىنداڭغا قارشى تۇرىدىغان بولسا، كوكوم-تالقان بولۇشقا تەييارلىنىپ تۇرسۇن. ئەگەر ئۆزىنىڭ كوكوم-تالقان بولۇشقا تەييار تۇرۇشقا بەل باغلىمىغان بولسا، ھەقىقەتەن، قارشى تۇرمىغىنى ياخشى. بۇ — گومىنداڭغا قارشى تۇرغۇچى بارلىق باتۇرلارغا سەممىي نەسىھەتىمىز. دېمەك، ئېنىق ۋە يەنە ئېنىقكى، بۇگۈنكى سەنمىنجۇيى گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىدىغان سەنمىنجۇيى بولۇشى لازىم، ئۇنداق بولمىسا، سەنمىنجۇيى ھالاك بولىدۇ. بۇ — سەنمىنجۇيىنىڭ ھايات-مامات مەسىلىسى. گومىنداڭ بىلەن بىرلەشسە، سەنمىنجۇيى ھايات قالىدۇ، گومىنداڭغا قارشى تۇرسا، سەنمىنجۇيى ھالاك بولىدۇ، كىم ئۇنى ئۇنداق بولمايدۇ، دەپ ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؟

ئۈچىنچى، ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيى، يېڭى سەنمىنجۇيى ياكى ھەقىقىي سەنمىنجۇيى دېھقان ۋە ئىشچىلارغا يار-يۆلەك بولۇش سىياسىتى ئاساسىدىكى سەنمىنجۇيى بولۇشى لازىم. دېھقان ۋە ئىشچىلارغا يار-يۆلەك بولۇش سىياسىتىدىن ۋازكېچىش، دېھقان ۋە ئىشچىلارغا چىن كۆڭۈلدىن يار-يۆلەك بولماسلىق، «سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتى»دىكى «خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش»نى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىق ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا ئۆزىنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بېرىشتۇر. ستالىن: «مىللىي مەسىلە، ماھىيەتتە، دېھقانلار مەسىلىسى»[15] دېگەن ئىدى. دېمەك، جۇڭگو ئىنقىلابى، ماھىيەتتە، دېھقانلار ئىنقىلابى، ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ماھىيەتتە، دېھقانلارنىڭ ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى. يېڭى دېموكراتىزىم سىياسىسى، ماھىيەتتە، دېھقانلارغا ھوقۇق بېرىش. يېڭى سەنئەتچىلىك، ھەقىقى سەنئەتچىلىك، ماھىيەتتە، دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي مەسلىكى. ئاممىۋى مەدەنىيەت، ماھىيەتتە، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقۇرى كوتۇرۇش. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، ماھىيەتتە، دېھقانلار ئۇرۇشى. ھازىرقى ۋاقىت «تاقىقا چىقىش مەسىلىگى»[16] ۋاقتى، كوپچىلىك مەجلىس ئوتكۈزۈش، ئىش قىلىش، دەرس ئوتۇش، گېزىت چىقىرىش، كىتاپ يېزىش، ئويۇن قويۇش ئىشلىرىنى تاغدا قىلىۋاتىدۇ، ماھىيەتتە، ھەممىسى دېھقانلار ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ماھىيەتتە، دېھقانلار بېرىۋاتىدۇ. «ماھىيەتتە» دېگىنىمىز ئاساسىي جەھەتتە دېگەنلىك بولۇپ، ھەرگىز قالغان قىسىمغا ئېتىۋارسىز قارىغانلىق ئەمەس، بۇنى ستالىن ئوزى چۈشەندۈرۈپ ئوتكەن ئىدى. جۇڭگودا ئاھالىنىڭ 80پىرسەنتى دېھقانلار، بۇ — باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بىلىدىغان ئاددى ساۋات. شۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانلار مەسىلىسى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تۈپ مەسىلىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، دېھقانلارنىڭ كۈچى — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي كۈچى. دېھقانلاردىن قالسا، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ئىككىنچى قىسمى — ئىشچىلار. جۇڭگودا بىرقانچە مىليون سانائەت ئىشچىلىرى بار، بىرقانچە ئون مىليون قول سانائىتى ئىشچىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى بار. تۈرلۈك سانائەت ئىشچىلىرى بولمىسا، جۇڭگو ياشىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار سانائەت ئىگىلىگىنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى. يېقىنقى زامان سانائىتى ئىشچىلىرى سىنىپى بولمىسا، ئىنقىلاپ غەلىبە قازىنالمايدۇ، چۈنكى ئۇ —

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يېتەكچىسى، ئۇ ــ ئىنقىلاۋىلىقتا ئەڭ باي. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىنقىلاۋىي سەنمنجۇيى، يېڭى سەنمنجۇيى ياكى ھەقىقى سەنمنجۇيىنىڭ دېخان ۋە ئىشچىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش سىياستى ئاساسىدىكى سەنمنجۇيى بولۇشى مۇقەررەر. ئەگەر قانداقتۇ بىر تۈرلۈك سەنمنجۇيى بولۇپ، ئۇنىڭدا دېخان ۋە ئىشچىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش سىياستى بولمىسا، ئۇ دېخان ۋە ئىشچىلارغا چىن كۆڭۈلدىن يار ـ يۆلەك بولمىسا ھەمدە «خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش»نى ئەمەلگە ئاشۇرمىسا، چوقۇم ھالاك بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، روسىيە بىلەن بىرلىشىش، كوڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، دېخان ۋە ئىشچىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتتىن ئايرىلغان سەنمنجۇيى ــ ئىستىقبالى يوق سەنمنجۇيى. بارلىق ۋىجدانلىق سەنمنجۇيىچىلار بۇنى ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرۈشى لازىم.

مۇشۇنداق ئۈچ چوڭ سىياسەتلىك سەنمنجۇيى، ئىنقىلاۋىي سەنمنجۇيى، يېڭى سەنمنجۇيى ۋە ھەقىقى سەنمنجۇيى يېڭى دېموكراتىك سەنمنجۇيىدۇر، كونا سەنمنجۇيىنىڭ راۋاجىدۇر، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ كۆرسەتكەن ئۇلۇق خىزمىتىدۇر، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋى سوتسىيالىستىك دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان دەۋردە كېلىپ چىققان. جۇڭگو كوڭچەنداڭى مۇشۇنداق سەنمنجۇيىنىلا «جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى كۈنى ئۈچۈن زۆرۈر» دەپ ئاتىغان، مۇشۇنداق سەنمنجۇيىنىلا «تەل ـ توكۇس ئەمەلگە ئاشۇ-رۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ» دەپ ئېلان قىلغان. پەقەت مۇشۇنداق سەنمنجۇيىلا جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدىكى سىياسى گاڭلىڭىغا، يەنى ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن

گاڭلىڭغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ.

كونا سەنمىنجۇيىغا كەلسەك، ئۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونا دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ چاغدىكى روسىيە جاھانگىر روسىيە ئىدى، روسىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنىڭ بولۇشى، ئەلۋەتتە، مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئۇ چاغدا مەملىكەت ئىچىدىمۇ گۇڭچەنداڭ يوق ئىدى، گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنىڭ بولۇشى، ئەلۋەتتە، مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئۇ چاغدا ئىشچى - دېخانلار ھەرىكىتىمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىغىنى تولۇق كۆرسەتمىگەن، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخى ئۆزىگە جەلپ قىلمىغان ئىدى، ئىشچى - دېخانلار بىلەن بىرلىشىش سىياسىتى، ئەلۋەتتە، بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1924 - يىلى گومىنداڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى سەنمىنجۇيى كونا فەنچۇدىكى سەنمىنجۇيى ئىدى، ۋاقتى ئۆتكەن سەنمىنجۇيى ئىدى. ئەگەر ئۇنى يېڭى سەنمىنجۇيىغا راۋاجلاندۇرمىغان بولسا، گومىنداڭ ئالغا باسالمىغان بولاتتى. ئەقىللىق سۇن جۇڭشەن بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، سەنمىنجۇيىنى يېڭىۋاشتىن ئىزاھلىدى، شۇنىڭ بىلەن سەنمىنجۇيى يېڭى تارىخىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولدى، سەنمىنجۇيى بىلەن كوممۇنىزمنىڭ بىرلىكسېپى قۇرۇلدى، بىرىنچى قېتىملىق گومىنداڭ - گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقى ئورنىتىلدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھېسداشلىقى قولغا كەلتۈرۈلدى، 1924 — يىلدىن 1927 - يىلىغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىلدى.

كونا سەنمىنجۇيى كونا دەۋردە ئىنقىلاۋىي ئىدى، ئۇ كونا دەۋرنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى. ئەمما يېڭى

دەۋردە، يېڭى سەنمنجۇيى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە كونا نىمىلىرىنى كوتۇرۇپ چىقسا؛ سوتسىيالىستىك دولەت ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىنمۇ، روسسىيە بىلەن بىرلىشىشكە قارشى تۇرىدىغان بولسا؛ گوگچەنداڭ بارلىققا كەلگەندىن كېيىنمۇ، گوگچەنداڭ بىلەن بىرلىشىشكە قارشى تۇرىدىغان بولسا؛ ئىشچى ـ دېخانلار ئويغانىغان ۋە ئۇزلىرىنىڭ سىياسى قۇدرىتىنى كورسەتكەندىن كېيىنمۇ، دېخان ۋە ئىشچىلارغا يار ـ يولەك بولۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغان بولسا؛ ئۇ هالدا، ئۇ نوۋەتتىكى ۋەزىيەتنى چۈشەنمەيدىغان ئەكسىيەتـ چىل نەرسە بولۇپ قالىدۇ. 1927 ـ يىلدىن كېيىنكى ئەكسىيەتچىلىك ئەنە شۇنداق نوۋەتتىكى ۋەزىيەتنى چۈشەنمەسلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى. «نوۋەتتىكى ۋەزىيەتنى چۈشەنگۈچى ــ دانىشمەندۇر» دىگەن سوز بار. مەن بۇ سوزنى بۈگۈنكى سەنمنجۇيىچىلارنىڭ ئەستە تۇتۇشىنى خالايتتىم.

ئەگەر كونا فەنچۇدىكى سەنمنجۇيى بولمىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كوممۇنىزىمنىڭ ئەڭ توۋەن گاڭلىگىغا ئاساسى جەھەتتىن ئوخشايـ دىغان هېچقانداق يېرى بولمىغان بولاتتى، چۈنكى ئۇ كونا دەۋرـ دىكى، ۋاقتى ئوتكەن نەرسە ئىدى. ئەگەر قانداقتۇ بىر تۇرلۇك سەنمنجۇيى بولۇپ، ئۇ روسسىيەگە قارشى، گوگچەنداگغا قارشى، دېخان ۋە ئىشچىلارغا قارشى بولسا، ئەكسىيەتچىل سەنمنجۇيى بولغان بولاتتى، ئۇنىڭ كوممۇنىزىمنىڭ ئەڭ توۋەن گاڭلىگىغا قىلچە ئوخشايدىغان يېرى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كوممۇنىزىمنىڭ دۇشمىنى بولغان بولاتتى، ئۇنىڭ هېچ يېرىدىن سوز ئاچقىلى بولـ مايتتى. بۇنىمۇ سەنمنجۇيىچىلار ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئويلاپ كورۇشى لازىم.

لېكىن، قانداقلا بولسۇن، جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزىمغا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانمىغان تۇرۇپ، يېڭى سەنمىنجۇيىنى ھەممە ۋىجدانلىق كىشىلەر تاشلىۋەتمەيدۇ. ئۇنى پەقەت ۋاڭ جىڭۋېي، لى جىڭۋېيلارلا تاشلىۋېتىدۇ. ۋاڭ جىڭۋېي، لى جىڭۋېيلار روسىيىگە قارشى، گۇڭچەنداڭغا قارشى، دېخان ۋە ئىشچىلارغا قارشى قانداقتۇ ساختا سەنمىنجۇيىنى ھەرقانچە كۆچەپ كوتۇرۇپ يۈرگىنى بىلەنمۇ، بىر تۇركۇم ۋىجدانلىق، ھەققانى كىشىلەر سۇن جۇڭشەننىڭ ھەقىقى سەنمىنجۇيىسىنى ھىمايە قىلىۋېرىدۇ. ئەگەر، 1927 ـ يىلدىكى ئەكسىيەتچىلىكتىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ھەقىقى سەنمىنجۇيىچىلار جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلدى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، مىللى دۈشمەن ۋەتەن تۇپرىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئادەملەرنىڭ مىڭلاپ ـ تۈمەنلەپ بولۇشى شەكسىز. بىز كوممۇنىستلار بارلىق ھەقىقى سەنمىنجۇيىچىلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىشىمىز، ۋەتەن خائىنلىرىدىن ۋە ئۆلگىچە پەيلىدىن يانمايدىغان گۇڭچەنداڭغا قارشى ئۇنسۇرلاردىن باشقا، ھەرقانداق دوستىمىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز.

## 11. يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت

يۇقۇرىدا جۇڭگو سىياسىتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئوتتۇق، يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئوتتۇق. ئەمدى مەدەنىيەت مەسىلىسىگە ئوتەيلى.

مۇئەييەن مەدەنىيەت ــ مۇئەييەن جەمىيەت سىياسىسى ۋە

ئىقتىسادىنىڭ ئىدىيە شەكلەيى جەھەتتىكى ئىنكاسى. جۇڭگودا جاھان-
گىرلىك مەدەنىيىتى بار، ئۇ — جاھانگىرلىكنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي
جەھەتتە جۇڭگوغا قىلغان ھۆكۈمرانلىقى ياكى يېرىم - ياتا ھۆكۈمران-
لىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەرسە. بۇنداق مەدەنىيەتنى جاھانگىر-
لارنىڭ جۇڭگودا بىۋاستە قۇرغان مەدەنىيەت ئورگانلىرىدىن تاشقىرى
يەنە بەزى نومۇسسىز جۇڭگولۇقلارمۇ تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. قۇللۇق
ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە مەدەنىيەت مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.
جۇڭگودا يېرىم فېئوداللىق مەدەنىيەتمۇ بار، بۇ — يېرىم فېئوداللىق
سىياسىي ۋە يېرىم فېئوداللىق ئىقتىسادنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەرسە،
كۇڭ فۇزىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشنى قۇۋۋەت-
لەيدىغان، كونا ئەدەپ - ئەخلاقنى ۋە كونا ئىدىيىلەرنى تەشەببۇس
قىلىدىغان، يېڭى مەدەنىيەتكە ۋە يېڭى ئىدىيىگە قارشى تۇرىدىغان
كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىللىرى.
جاھانگىرلىك مەدەنىيىتى بىلەن يېرىم فېئوداللىق مەدەنىيەت ناھايىتى
يېقىن ئاكا - ئۇكىلار، ئۇلار مەدەنىيەت ساھەسىدە ئەكسىيەتچىل
ئىتتىپاق تۈزۈپ، جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيىتىگە قارشى تۇرىدۇ.
بۇنداق ئەكسىيەتچىل مەدەنىيەت جاھانگىرلىككە ۋە فېئودال لار سىنىپىغا
خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ — يوقىتىلىشقا تېگىشلىك نەرسە. مۇنداق نەرسىنى
يوقاتماي تۇرۇپ، ھېچقانداق يېڭى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغىلى بول-
مايدۇ. كونىنى بۇزماي تۇرۇپ، يېڭىنى قۇرغىلى بولمايدۇ، كونىنىڭ
يولىنى توسماي تۇرۇپ، يېڭىغا يول ئاچقىلى بولمايدۇ، كونىنى
توختاتماي تۇرۇپ، يېڭىنى يۈرگۈزگىلى بولمايدۇ، بۇلارنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدىكى كۈرەش — ھايات - مامات كۈرىشى.

يېڭى مەدەنىيەتكە كەلسەك، ئۇ ئىدىيە شەكلەيى جەھەتتە يېڭى

سىياسى ۋە يېڭى ئىقتىساتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەرسە بولۇپ، يېڭى سىياسىغا ۋە يېڭى ئىقتىساتقا خىزمەت قىلىدۇ.

3 ـ بولۇمدە سوزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇڭگودا كاپىتالىستىك ئىقتىسات پەيدا بولغاندىن بېرى جۇڭگو جەمىيىتى ئۆز خاراكتېرىنى پەيدىن ـ پەي ئۆزگەرتتى، تولۇق فېئوداللىق جەمىيەتلىكتىن قېلىپ، يېرىم فېئوداللىق جەمىيەتكە ئايلاندى، گەرچە ئۇنىڭدا فېئوداللىق ئىقتىسات تېخىچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ. بۇنداق كاپىتالىستىك ئىقتىسات، فېئوداللىق ئىقتىساتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى ئىقتىسات. بۇنداق كاپىتالىستىك يېڭى ئىقتىسات بىلەن بىر ۋاقىتتا پەيدا بولغان ۋە راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى سىياسى كۈچلەر — بۇرژۇئازىيە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىياتنىڭ سىياسى كۈچلىرى. ئىدېيە شەكلەيى جەھەتتە مۇشۇنداق يېڭى ئىقتىسادىي كۈچلەر ۋە يېڭى سىياسى كۈچلەرنىڭ ئىنكاسى بولغان ھەم ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسە يېڭى مەدەنىيەتتۇر. كاپىتالىستىك ئىقتىسات بولمىغاندا، بۇرژۇئازىيە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە پرولې-تارىيات بولمىغاندا، مۇشۇ سىنىپلارنىڭ سىياسى كۈچلىرى بولمىغاندا ئىدى، يېڭى ئىدېيە شەكلەيى، يېڭى مەدەنىيەت دېگەنلەر پەيدا بولمىغان بولاتتى.

يېڭى سىياسى كۈچلەر، يېڭى ئىقتىسادىي كۈچلەر ۋە يېڭى مەدەنىيەت كۈچلىرى جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىدۇر، ئۇلار كونا سىياسىغا، كونا ئىقتىساتقا ۋە كونا مەدەنىيەتكە قارشى تۇرىدۇ. بۇ كونا نەرسىلەر ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپقان، بىر قىسمى، جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يېرىم فېئوداللىق سىياسىسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى، يەنە بىر قىسمى، جاھانگىرلىكنىڭ سىياسىسى، ئىقتىسادى

ۋە مەدەنىيىتى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىتتىپاقى كېيىنكىسىنى باشچى قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان نەرسىلەر، بۇلارنى ئۈزۈل-كېسىل بۇزۇپ تاشلاش لازىم. جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش — خەلق ئاممىسى (ئىنقىلاۋىي سىنىپلار)دىن ئىبارەت يېڭى كۈچلەر بىلەن جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم سىنىپىدىن ئىبارەت كونا كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش. بۇنداق يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر. بۇنداق كۈرەشنىڭ باشلانغىنىغا، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، توپ-توغرى 100 يىل بولدى؛ شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندىمۇ، 30 يىلچە بولۇپ قالدى.

لېكىن، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىنقىلابمۇ يېڭى ۋە كونا دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ، مەلۇم بىر تارىخىي دەۋردە يېڭى بولغان نەرسە يەنە بىر تارىخىي دەۋردە كونا بولۇپ قالىدۇ. جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ 100 يىللىق ئاۋالقى 80 يىل ۋە كېيىنكى 20 يىل دەپ ئىككى چوڭ بولەككە ئايرىلىدۇ. بۇ ئىككى چوڭ بولەكنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس تارىخىي خاراكتېرلىق تۈپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە، يەنى جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ئاۋالقى 80 يىلدا كونا فەنچۈغا كىرەتتى؛ كېيىنكى 20 يىلدا بولسا، خەلقارا ۋە ئىچكى سىياسى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر سەۋەۋىدىن يېڭى فەنچۈغا كىردى. كونا دېموكراتىزم — ئاۋالقى 80 يىلنىڭ خۇسۇسىيىتى. يېڭى دېموكراتىزم — كېيىنكى 20 يىلنىڭ خۇسۇسىيىتى. بۇ پەرق سىياسى جەھەتتە شۇنداق، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ شۇنداق.

بۇ پەرق مەدەنىيەت جەھەتتە قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟ بىز تۆۋەندە مۇشۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

## 12. جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى

جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت سېپى ياكى ئىدېئولوگىيە سېپىدە «4-ماي»دىن ئىلگىرىكى ۋاقىت بىلەن «4-ماي»دىن كېيىنكى ۋاقىت بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلىدۇ.

«4-ماي»دىن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت سېپىدىكى كۆرەش بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتى بىلەن فېئوداللار سىنىپىنىڭ كونا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئىدى. «4-ماي»دىن ئىلگىرى مەكتەپ بىلەن كېجۈي ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش[17]، يېڭى ئىلىم بىلەن كونا ئىلىم ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش، غەرب ئىلمى بىلەن جۇڭگو ئىلمى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئەنە شۇنداق خاراكتېر ئالغان ئىدى. ئۇ چاغدىكى مەكتەپ، يېڭى ئىلىم ۋە غەرب ئىلمى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى ئېھتىياجلىق بولغان تەبىئىي پەنلەر ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي تەلىماتلىرى ئىدى (ئۇلارغا جۇڭگو فېئوداللىزمىنىڭ نۇرغۇن قالدۇق زەھەرلىرى ئارىلاشقان بولغاچقا، ئاساسىي جەھەتتىن، دەۋاتىمىز). ئۇ چاغدا مۇنداق يېڭى ئىلىم دېگەن ئىدىيە جۇڭگونىڭ فېئوداللىق ئىدىيىسىگە قارشى كۆرەش قىلىدىغان ئىنقىلاۋىي رولغا ئىگە ئىدى، كونا دەۋردىكى جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. لېكىن، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كۈچسىزلىكى ۋە دۇنيانىڭ جاھانگىرلىك دەۋرىگە كىرگەنلىكىدىن، بۇنداق بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى جەڭ مەيدانىغا چىقىپ، بار-يوقى بىرنەچچە

قىتىم ئۇبلىشىش بىلەنلا چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ قۇللاشتۇرۇش ئىدىيىسى بىلەن جۇڭگو فېئودالىزمىنىڭ كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈش ئىدىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىتتىپاقى تەرىپىدىن چېكىندۈ-رۈلدى، ئىدىيە جەھەتتىكى بۇ ئەكسىيەتچىل ئىتتىپاقچى ئارمىيىنىڭ سەل-پەل قايتۇرما زەربە بېرىشى بىلەنلا يېڭى ئىلىم دېگەن نەرسە بايرىقىنى چۈشۈرۈپ، دۇمبىسىنى توختىتىپ، كەينىگە چېكىندى، جېنىدىن جۇدا بولدى ۋە ئۇنىڭ پەقەت قۇرۇق ھۆردىسىلا قالدى. كونا بۇرژۇئا-دېموكراتىك مەدەنىيەت جاھانگىرلىك دەۋرىدە چىرىكلەشتى، زەئىپلەشتى، ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

«4-ماي»دىن كېيىن ئەھۋال باشقىچە بولدى. «4-ماي»دىن كېيىن جۇڭگودا پۈتۈنلەي يېڭى، ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت قوشۇنى بارلىققا كەلدى، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى رەھ-بەرلىك قىلغان كوممۇنىستىك مەدەنىيەت ئىدىيىسى، يەنى كوممۇ-نىستىك دۇنيا قاراش ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاب نەزەرىيىسىدۇر. 4-ماي ھەرىكىتى 1919-يىلى بولدى، جۇڭگو گومىنداڭنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئەمگەكچىلەر ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقىي باشلىنىشى 1921-يىلى بولدى، بۇلار بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، يەنى مىللىي مەسىلە ۋە مۇستەملىكىلەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر دۇنيادا بۇرۇنقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن مەزگىلدە بولدى، بۇ يەردە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ دۇنيا ئىنقىلابى بىلەن بولغان باغلىنىشى ئىنتايىن روشەن. جۇڭگونىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە سىياسىي قوشۇنى، يەنى جۇڭگو پرولېتارىياتى بىلەن جۇڭگو گومىنداڭدىكى جۇڭگونىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىققانلىقتىن، بۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت قوشۇنى يېڭى جابدۇقلار بىلەن جابدۇنۇپ ۋە يېڭى قۇراللار بىلەن

قوراللىنىپ، بىرلىشىشكە مۇمكىن بولغان بارلىق ئىتتىپاقچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز سېپىنى تۈزۈپ، جاھانگىرلىك مەدەنىيىتى ۋە فېئودال-لىق مەدەنىيەتكە قارشى قەھرىمانانە ھۇجۇم باشلىۋەتتى. بۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قوشۇن ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ۋە ئەدەبىيات-سەن-ئەت ساھەسىدە، مەيلى پەلسەپە جەھەتتە بولسۇن، ئىقتىسادىي پەن جەھەتتە بولسۇن، سىياسىي پەن جەھەتتە بولسۇن، ھەربىي پەن جەھەتتە بولسۇن، تارىخ پېنى جەھەتتە بولسۇن، ئەدەبىيات جەھەتتە بولسۇن، سەنئەت جەھەتتە بولسۇن (بۇنىڭ يەنە تىياتىر، كىنو، مۇزىكا، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق جەھەتلىرىدە بولسۇن)، ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 20 يىلدىن بېرى بۇ يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ تىغى قارىتىلغان ھەممىلا جايدا، ئىدىيىدىن تارتىپ شەكىلگىچە (تىل-يېزىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغىچە)، ناھايىتى زور ئىنقىلاب كۆتۈرۈلمەي قالمىدى. ئۇنىڭ داغدۇغىسى شۇنچە ھەيۋەتلىك، قۇدرىتى شۇنچە زور بولدىكى، ئۇنىڭغا زادى ھېچنىمە تەڭ كېلەلمىدى. ئۇنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى شۇنچە كەڭ بولدىكى، جۇڭگونىڭ ھەرقانداق تارىخىي دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. لۇشۈن بۇ يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ باتۇر بايراقدارى بولدى. لۇشۈن — جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى، ئۇ ئۇلۇغ ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە ئۇلۇغ ئىنقىلابچىدۇر. لۇشۈننىڭ ئۇستىخىنى ناھايىتى قاتتىق ئىدى، لۇشۈندە قۇلچىلىق ۋە خوشامەتچىلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى، بۇ — مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك خىسلەت. لۇشۈن — مەدەنىيەت سېپىدە پۈتۈن مىللەتنىڭ زور كۆپچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا

ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئەڭ توغرى، ئەڭ باتۇر، ئەڭ قەتئىي، ئەڭ سادىق، ئەڭ يالقۇنلۇق، مىسلى كۆرۈلمىگەن مىللى قەھرىمان. لۇشۈننىڭ يۆنىلىشى — جۇڭخۇا مىللىتى يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ يۆنىلىشى.

«4 ـ ماي»دىن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيىتى كونا دېموكراتىزم خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت بولۇپ، دۇنيا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كاپىتالىستىك مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. «4 ـ ماي»دىن كېيىن بولسا، جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيىتى يېڭى دېموكراتىزم خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت بولۇپ، دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولدى.

«4 ـ ماي»دىن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىدى، ئۇ رەھبەرلىك رولىغا ئىگە ئىدى. «4 ـ ماي»دىن كېيىن بۇ سىنىپنىڭ مەدەنىيەت ئىدېيىسى ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتىكى نەرسىلىرىدىنمۇ ئارقىدا قالدى، ئۇنىڭ ئەسلا رەھبەرلىك رولى قالمىدى، كۆپ دېگەندە، ئۇ ئىنقىلاپ دەۋرىدە مەلۇم دەرىجىدە بىر ئىتتىپاقچىلا بولالىدى، بۇ ئىتتىپاقچى باشچىلىق قىلىش لاياقىتىگە كەلسەك، بۇ پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىدېيىسىنىڭ زىممىسىگە چۈشمەي قالمىدى. بۇ — پولاتتەك فاكت، ھېچكىممۇ ئىنكار قىلالمايدۇ.

يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت دېگىنىمىز — خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى مەدەنىيەت؛ بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ مەدەنىيىتى. بۇنداق مەدەنىيەتكە پەقەت پرولېتارىياتنىڭ مەدەنىيەت ئىدېيىسى، يەنى كوممۇنىزم ئىدېيىسىلا رەھبەرلىك قىلالايدۇ، باشقا ھەرقانداق سىنىپنىڭ مەدەنىيەت ئىدېيىسى رەھبەرلىك قىلالمايدۇ.

يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت دېگىنىمىز، بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزىمغا قارشى مەدەنىيەت.

## 13. توت دەۋر

مەدەنىيەت ئىنقىلابى سىياسىي ئىنقىلابنى ۋە ئىقتىسادىي ئىنقىلابنى ئىدىيە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەم ئۇلارغا خىزمەت قىلىدۇ. جۇڭگودا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىمۇ، سىياسىي ئىنقىلابتا بولغىنىدەك، بىرلىكسەپ بار.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بۇنداق بىرلىكسەپى 20 يىلدىن بۇيان توت دەۋرگە بولۇندى. بىرىنچى دەۋر — 1919 - يىلدىن 1921 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىل، ئىككىنچى دەۋر — 1921 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە بولغان ئالتە يىل، ئۈچىنچى دەۋر — 1927 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان ئون يىل، توتىنچى دەۋر — 1937 - يىلدىن ھازىرغىچە بولغان ئۈچ يىل.

بىرىنچى دەۋر — 1919 - يىلدىكى 4 - ماي ھەرىكىتىدىن تارتىپ 1921 - يىلى جۇڭگو گوڭچەنداڭى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان دەۋر. بۇ دەۋر 4 - ماي ھەرىكىتىنى ئاساسىي بەلگە قىلىدۇ.

4 - ماي ھەرىكىتى جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكەت، شۇنداقلا فېئوداللىزىمغا قارشى ھەرىكەتتۇر. 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر تارىخىي ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىدا بولۇپ باقمىغان قىياپەتكە ئىگە ئىدى، ئۇ بولسىمۇ جاھانگىرلىككە ئۈزۈل - كېسىل، مۇرەسسەسىز قارشى تۇرغانلىقى ۋە فېئوداللىزىمغا ئۈزۈل - كېسىل،

مۇرەسسەسىز قارشى تۇرغانلىقى. 4 ـ ماي ھەرىكىتى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق خاراكتېرغا ئىگە بولدىكى، ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ كاپىتالىستىك ئىقتىسادى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققى قىلغان ئىدى، ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي زىيالىيلىرى روسىيە، گېرمانىيە، ئاۋستروۋېنگرىيىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ جاھانگىر دۆلەتنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ جاھانگىر دۆلەتنىڭ زەخمىلەنگەنلىكىنى، روسىيە پرولېتارىياتىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرغانلىقىنى، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە ۋە ئىتالىيىدىن ئىبارەت ئۈچ مەملىكەت پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلاپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا جۇڭگونىڭ مىللى ئازاتلىقى توغرىسىدا يېڭى ئۈمىت تۇغۇلغان ئىدى. 4 ـ ماي ھەرىكىتى شۇ چاغدىكى دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، لېنىننىڭ چاقىرىقى ئاستىدا مەيدانغا كەلدى. 4 ـ ماي ھەرىكىتى شۇ چاغدىكى پرولېتارىيات دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. 4 ـ ماي ھەرىكىتى دەۋرىدە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تېخى قۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما روسىيە ئىنقىلاۋىنى ياقلايدىغان، دەسلەپكى كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە بولغان نۇرغۇن زىيالىيلار بار ئىدى. 4 ـ ماي ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ دەسلىۋىدىلا كوممۇنىزمچى زىيالىيلار، ئىنقىلاۋىي ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرى ۋە بۇرژۇئا زىيالىيلىرى (بۇ كېيىنكىسى شۇ چاغدىكى ھەرىكەتنىڭ ئوڭ قانىتى ئىدى)دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم كىشىلەرنىڭ بىرلىكسەپىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتى بولدى. ئۇنىڭ ئاجىزلىقى شۇ بولدىكى، ئۇ پەقەت زىيالىيلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئىشچىلار، دېھقانلار قاتناشمىدى. لېكىن ئۇ تەرەققى قىلىپ 3 ـ ئىيۇن ھەرىكىتىگە[16] يەتكەندە، يالغۇز

زىيالىلارلا ئەمەس، بەلكى كەڭ پرولېتارىيات، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيىمۇ قاتنىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت بولدى. 4 ـ ماي ھەرىكىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى بولسا، فېئوداللىق مەدەنىيەتكە ئۈزۈل ـ كېسىل قارشى ھەرىكەت، جۇڭگو تارىخىدىن بۇيان بۇنداق ئۇلۇق ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇ چاغدا كونا ئەخلاققا قارشى تۇرۇپ، يېڭى ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش، كونا ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇپ، يېڭى ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلىش مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئىككى چوڭ بايرىقى قىلىنىپ، ئۇلۇق خىزمەتلەر كۆرسىتىلدى. بۇ مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئۇ چاغدا تېخى ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسى ئارىسىغا ئومۇملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ «ئاددىي خەلق ئەدەبىياتى» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما ئۇ چاغدا ئېيتىلغان «ئاددىي خەلق»، ئەمەلىيەتتە، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ زىيالىلىرى بىلەنلا، يەنى شەھەر ئاھالىسى سىنىپى دېيىلگەن سىنىپنىڭ زىيالىلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. 4 ـ ماي ھەرىكىتى ئىدېيە جەھەتتە ۋە كادىرلار جەھەتتە 1921 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەييارلىدى، شۇنىڭدەك 30 ـ ماي ھەرىكىتىنى ۋە بېيفا ئۇرۇشىنى تەييارلىدى. شۇ چاغدىكى بۇرژۇئا زىيالىلىرى 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ ئوڭ قانىتى ئىدى، ئىككىنچى دەۋرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئىككىنچى دەۋر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ۋە 30 ـ ماي ھەرىكىتىنى، بېيفا ئۇرۇشىنى بەلگە قىلىدۇ، بۇ دەۋردە

4 ـ ماي ھەرىكىتى ۋاقتىدىكى ئۈچ سىنىپنىڭ بىرلىكسېپى داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، دېخانلار سىنىپى جەلپ قىلىندى ھەمدە سىياسىي جەھەتتە بۇ سىنىپلارنىڭ بىرلىكسېپى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى، ئۇ بولسىمۇ گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ پارتىيىلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھەمكارلىقىدۇر. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ ئۇلۇغ شىنخەي ئىنقىلاۋىغا (گەرچە كونا دەۋردىكى دېموكراتىك ئىنقىلاپ بولسىمۇ) رەھبەرلىك قىلىپلا قالماي، بەلكى «دۇنيانىڭ ئېقىمىغا مۇۋاپىقلىشىپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ»، روسىيە بىلەن بىرلىشىش، گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، دېخان ۋە ئىشچىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىنقىلاۋىي سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى، سەنمىنجۇيىنى يېڭىۋاشتىن ئىزاھلىدى، ئۈچ چوڭ سىياسەتلىك يېڭى سەنمىنجۇيىنى تىكلىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سەنمىنجۇيى مائارىپ ساھەسىدىكىلەر، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەر ۋە ياشلار بىلەن ئانچە كوپ باغلانمىغان ئىدى، چۈنكى ئۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان ئىدى، فېوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ۋە فېوداللىق مەدەنىيەت ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇش شوئارىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ كونا سەنمىنجۇيى ئىدى، بۇنداق سەنمىنجۇيى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بىر قىسىم كىشىلەر ھوكۇمەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، يەنى ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق پايدىلىنىدىغان بايراق ئىدى، نوقۇل سىياسىي پائالىيەت بايرىقى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ چوڭ سىياسەتلىك يېڭى سەنمىنجۇيى مەيدانغا كەلدى. گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ پارتىيىلىرىنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىسىدا، ئىككى پارتىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي

ئەزالىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، بۇنداق يېڭى سەنمىنجۇيى پۈتۈن جۇڭگوغا كېڭەيدى، بىر قىسىم مائارىپ ساھەسىدىكىلەر، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا كېڭەيدى. بۇنداق بولۇشى پۈتۈنلەي ئىلگىرىكى سەنمىنجۇيىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداليزمغا قارشى، ئۈچ چوڭ سىياسەتلىك يېڭى دېموكراتىك سەنمىنجۇيىغا ئايلانغانلىقىدىن بولدى؛ بۇنداق تەرەققىيات بولمىغاندا، سەنمىنجۇيى ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ دەۋردە بۇنداق ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيى گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ پارتىيىلىرى ۋە ھەرقايسى ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ بىرلىكسېپىنىڭ سىياسىي ئاساسى بولدى، «كوممۇنىزم سەنمىنجۇيىنىڭ ياخشى دوستى» بولدى، ئىككى مەسلەك بىرلىكسەپ تۈزدى. سىنىپىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ بىرلىكسەپ پرولېتارىيات، دېخانلار سىنىپى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ بىرلىكسېپى ئىدى. ئۇ چاغدا گۇڭچەنداڭنىڭ «شياڭداۋ جۇباۋ» ھەپتىلىك گېزىتى، گومىنداڭنىڭ شاڭخەيدە چىقىدىغان «مىنگو رىباۋ» گېزىتى ۋە جايلاردىكى گېزىتلەر جېنىدى قىلىنىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى بىرلىكتە تەشۋىق قىلىنغان ئىدى، كۇڭ فۇزىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشتىن ئىبارەت فېئوداللىق مائارىپقا بىرلىكتە قارشى تۇرۇلغان ئىدى، فېئوداللىق قەدىمىي بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەن كونا ئەدەبىيات ھەم ۋېنيەن ئەدەبىياتىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇلغان ئىدى، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداليزمغا قارشى تۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان يېڭى ئەدەبىيات ھەم بەيخۇا ئەدەبىياتى تەشەببۇس قىلىنغان ئىدى. گۇاڭدۇڭ ئۇرۇشى ۋە بېيغا ئۇرۇشىدا جۇڭگو

ئارمىيىسىگە جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزىمغا قارشى ئىدىيە سىڭدۈرۈل-
گەن ئىدى، جۇڭگو ئارمىيىسى ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. مىليونلىغان
دېھقانلار ئاممىسى ئىچىدە خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى يوقىتىش،
تۇخاۋ - لېيشېنلارنى يوقىتىش شۇئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇلۇق
دېھقانلار ئىنقىلاۋى كۆرىشى قوزغىتىلغان ئىدى. مۇشۇ ئىشلار ئار-
قىسىدا، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، بېيفا
ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. لېكىن چوڭ بۇرژۇ-
ئازىيە ھاكىمىيەت بېشىغا يامىشىپ چىقىۋېلىش بىلەنلا بۇ قېتىمقى
ئىنقىلاپ دەرھال ئاياقلاشتى، يېڭى سىياسى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئۈچىنچى دەۋر — 1927 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان يېڭى
ئىنقىلاۋىي دەۋر. ئالدىنقى دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىنقىلاپ
لاگېرىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، جۇڭگو چوڭ بۇرژۇئازىيىسى جاھانگىر-
لىك ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپ لاگېرىغا ئۆتۈپ كەتتى،
مىللى بۇرژۇئازىيىمۇ چوڭ بۇرژۇئازىيىگە ئەگىشىپ كەتتى؛ بۇ چاغدا
ئىنقىلاپ لاگېرىدا ئاۋالقى تۆت سىنىپتىن ئۈچى قالدى، يەنى
پرولېتارىيات، دېھقانلار سىنىپى ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيە
(ئىنقىلاۋىي زىيالىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن
بۇ چاغدا جۇڭگو ئىنقىلاۋى يېڭى دەۋرگە كىرمەي بولمىدى، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئامما ئىچىدە بۇ ئىنقىلاپنى ئېلىپ بېرىشقا ئۆزى يالغۇز
رەھبەرلىك قىلدى. بۇ دەۋر، بىر تەرەپتىن، ئەكسىلئىنقىلاۋىي
«قورشاپ يوقىتىش» ئېلىپ بېرىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنقىلاپ
چوڭقۇرلاشقان دەۋر بولدى. بۇ چاغدا ئىككى خىل ئەكسىلئىنقىلاۋىي
«قورشاپ يوقىتىش» ئېلىپ بېرىلدى: ھەربى جەھەتتىكى «قورشاپ
يوقىتىش» ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى «قورشاپ يوقىتىش». ئىنقىلاپمۇ

ئىككى جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتى: يېزا ئىنقىلاۋى جەھەتتىكى چوڭقۇر-
لىشىش ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى جەھەتتىكى چوڭقۇرلىشىش. بۇ ئىككى
«قورشاپ يوقىتىش» جاھانگىرلىكنىڭ قۇترىتىشى ئاستىدا، پۈتۈن
جۇڭگونىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنى
سەپەرۋەر قىلدى، ئۇنىڭ ۋاقتى 10 يىلغا سوزۇلدى، ئۇنىڭ دەھ-
شەتلىكلىكى دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بولدى، ئۇ بىر-
نەچچە يۈز مىڭ گوڭچەنداڭ ئەزالىرىنى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنى
قىردى، بىرنەچچە مىليون ئىشچى-دىخان خەلقنى ناكا قىلدى. بۇ
ئىشنى قىلغۇچىلار، ئۆزلىرىچە، گويا كوممۇنىزىمنى ۋە گوڭچەنداڭنى
چوقۇم «قالدۇرماي يوقىتىش ۋە قىرىپ تۈگىتىش»كە بولىدىكەن،
دەپ ھېساپلاشقان ئىدى. ئەمما نەتىجە بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ
چىقتى، ئىككى «قورشاپ يوقىتىش» دەھشەتلىك ھالدا مەغلۇپ
بولدى. ھەربى جەھەتتىكى «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ نەتىجىسى قىزىل
ئارمىيىنىڭ شىمالغا بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغان-
لىقى؛ مەدەنىيەت جەھەتتىكى «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ نەتىجىسى
1935-يىل «9-دېكابىر» ياشلار ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنىڭ پارتلىغان-
لىقى بولدى. بۇ ئىككى «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ ئومۇمى نەتىجىسى
بولسا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئويغانغانلىقى بولدى. بۇنىڭ
ئۈچىلىسى — ئىجابى نەتىجىلەر. بۇنىڭدا ئەڭ ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى،
گوڭچەنداڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى بارلىق
مەدەنىيەت ئورگانلىرىدا قىلچە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان ئورۇندا
تۇرسا، نېمە ئۈچۈن مەدەنىيەت جەھەتتىكى «قورشاپ يوقىتىش»
نىڭمۇ ۋەتۋەرىگى چىقىپ كەتتى؟ بۇ چوڭقۇر ئويلاشقا تېگىشلىك
ئەمەسمۇ؟ كوممۇنىزىمچى لۈشۈن بولسا، دەل مۇشۇ «قورشاپ

يوقىتىش» جەريانىدا جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇق ئەرىبابى بولۇپ قالدى.

ئەكسىلئىنقىلاۋىي «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ سەلبىي نەتىجىسى بولسا، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكى بولدى. بۇ — نىمە ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ 10 يىللىق كۆكچەندائىغا قارشى ئۇرۇشقا تا ھازىرغىچە ئىنتايىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى.

بۇ دەۋردىكى كۈرەش، ئىنقىلاب تەرەپتە، خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى تۇرۇشىنى ئاساس قىلغان يېڭى دېموكراتىيە ۋە يېڭى سەنمىنجۇيىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىن؛ ئەكسىلئىنقىلاب تەرەپتە بولسا، جاھانگىرلىكنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى يومېشىشكىلار سىنىپى بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەبىتچىلىكىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق مۇستەبىتچىلىك سىياسىي جەھەتتە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ چوڭ سىياسىتىنى قاپ بەلدىن چېپىۋەتتى، ئۇنىڭ يېڭى سەنمىنجۇيىسىنىمۇ قاپ بەلدىن چېپىۋەتتى، جۇڭخۇا مىللىتىگە ئېغىر بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈردى.

تۆتىنچى دەۋر — ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەگرى-توقاي يوللار بىلەن بارغان ھەرىكىتىدە يەنە بىر قېتىم تۆت سىنىپنىڭ بىرلىكسېپى مەيدانغا كەلدى، لېكىن بۇنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ زورايدى، نۇرغۇن ھوكۇمرانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى قاتلام سىنىپلار، مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن ئوششاق بۇرژۇئازىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا قاتلام سىنىپلار، بارلىق پرولېتارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆۋەن

قاتلام سىنىپلار، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى تەبىقىلەر بۈنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قەتئىي قارشى تۇردى. بۇ دەۋرنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ۋۇخەن قولدىن كېتىشتىن ئاۋال بولدى. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى كوتۇ-رەڭگۇ كەيپىياتتا ئىدى، سىياسى جەھەتتە دېموكراتىيىلىشىش ئىنتى-لىشى بار ئىدى، مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقەدەر كەڭ سەپەرۋەرلىك مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىنكى ۋاقىت ئىككىنچى باسقۇچ بولۇپ، سىياسى ئەھۋالدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈزبەردى، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر قىسمى دۈشمەنگە تەسلىم بولدى، يەنە بىر قىسمى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئالدۇرراق تۈگىتىش كويىغا چۈشتى. مەدەنىيەت جەھەتتە مۇشۇ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يې چىڭ، جاڭ جۈنمەي قاتارلىقلارنىڭ ئەكسىيەتچىللىكى ۋە سۆز-مەتبۇئاتتا ئەركىنلىكنى بوغۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى.

بۇنداق ۋەيجىنى يېڭىش ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا، ئىتتىپاقلىققا ۋە ئالغا بېسىشقا قارشى بولغان بارلىق ئىدې-يىلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىم، بۇ ئەكسىيەتچى ئىدىيىلەرنى تار-مار كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن ئۈمىت كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ كۈرەشنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟ بۇ — پۈتۈن مەملىكەت خەلقى-نىڭ دىققەت-نەزىرىدىكى چوڭ مەسىلە. ئىچكى ۋە خەلقارا شارائىتقا ئاساسلانغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يولىدا ھەرقانچە زور قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، جۇڭگو خەلقى بەرىبىر غەلىبە قازىنىدۇ. جۇڭگونىڭ پۈتۈن تارىخىدا 4-ماي ھەرىكىتىدىن كېيىنكى 20 يىللىق

تەرەققىيات ئاۋالقى 80 يىللىق تەرەققىياتتىن ئېشىپ كېتىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا ئۆتكەن بىرنەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىياتلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئەگەر يەنە 20 يىل ئۆتسە، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى قايسى دەرىجىگە يېتىدىغانلىقىنى بۇنىڭدىن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ بارلىق ئىچكى ـ تاشقى قارا كۈچلەرنىڭ قۇترىشى مىللەتكە ئاپەت ئېلىپ كەلدى؛ ئەمما بۇنداق قۇتراش قارا كۈچلەرنىڭ تېخى كۈچى بارلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماي، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پەي-دىن ـ پەي غەلىبىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، جۇڭگودا شۇنداق، پۈتۈن شەرقتىمۇ شۇنداق، پۈتۈن دۇنيادىمۇ شۇنداق.

## 14. مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسىدىكى ئېغىشلار

بارلىق يېڭى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشەققەتلىك كۈرەشلەردە چېنىقىپ چىقىدۇ. يېڭى مەدەنىيەتمۇ شۇنداق، ئۇ 20 يىل ئىچىدە ئۈچ بۇرۇلۇپ، «Z» ھەرپى شەكلىدە ماڭدى، بارلىق ياخشى ۋە يامان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىنىلىپ چىقتى.

بۇرژۇئا جاھىللىرى مەدەنىيەت مەسىلىسىدىمۇ ھاكىمىيەت مەسىلە-سىدە خاتالاشقىنىغا ئوخشاش تامامەن خاتالاشتى. ئۇلار جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋرىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ چىقىش نۇقتىسى بۇرژۇئا مۇستەبىتچىلىكى بولۇپ، مەدەنى-يەت جەھەتتىكىسى ــ بۇرژۇئا مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى. ياۋروپا ـ

ئامېرىكا ئەللىرى تەرەپدارلىرى دېيىلگەن بىر قىسىم مەدەنىيەتچىلەر[19] (مەن بىر قىسىم دەۋاتىمەن) گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش» ئىشىغا ئەمەلىي مەدەت بەرگەن ئىدى، ئەمدىلىكتە يەنە قانداقتۇ «گۇڭچەنداڭنى چەكلەش»، «گۇڭچەنداڭنى ئىرىتىش» سىياسىتىگە مەدەت بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلار ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ سىياسى جەھەتتە باش كوتۇرۇشىنى خالىمايدۇ، ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە باش كوتۇرۇشىنىمۇ خالىمايدۇ. بۇرژۇئا جاھىللىرىنىڭ بۇ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى يولى — ماڭغىلى بولمايدىغان يول، بۇنىڭغىمۇ، ھاكىمىيەت مەسىلىسىدىكىگە ئوخشاش، ئىچكى ۋە خەلقارا شارائىت يار بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇنداق مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىنىمۇ، ھەرھالدا، «يىقىلىپ تۇرۇپ قويغان» تۇزۇك.

خەلق مەدەنىيىتىنىڭ فاكچېنى سوپىتىدە ئېيتقاندا، يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى — كوممۇنىستىك ئىدىيە، شۇڭا بىز ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا سوتسىيالىزىمنى ۋە كوممۇنىزىمنى تىرىشىپ تەشۋىق قىلىشىمىز، شۇنىڭدەك دېھقانلارنى ۋە باشقا ئاممىنى مۇۋاپىق ۋە باسقۇچلۇق ھالدا سوتسىيالىزىم بىلەن تەربىيىلىشىمىز لازىم. لېكىن پۇتۇن خەلق مەدەنىيىتى ھازىر تېخى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئەمەس.

يېڭى دېموكراتىنك سىياسى، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت — بۇلارنىڭ ھەممىسى پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدە بولغاچقا، سوتسىيالىستىك ئامىللارغا، يەنە كېلىپ، ئاددى ئامىللارغا ئەمەس، بەلكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىللارغا ئىگە. لېكىن پۇتۇن سىياسى ئەھۋال، پۇتۇن ئىقتىسادىي ئەھۋال ۋە پۇتۇن مەدەنىيەت ئەھۋالىدىن

ئېيتقاندا، ئۇلار ئېخى سوتسىيالىستىك ئەمەس، بەلكى يېڭى دېمو-
كراتىك. چۈنكى ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلابنىڭ تۈپ ۋەزى-
پىسى، ئاساسەن، چەتئەل جاھانگىرلىكىگە ۋە ئۆز ئېلىمىزدىكى
فېودالىزىمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت، بۇ ئىنقىلاپ كاپىتالىزىمنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى نىشان قىلغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئەمەس،
بەلكى بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ. خەلق مەدەنىيىتى ساھەسىدىن
ئېيتقاندا، ئەگەر، ھازىرقى پۈتۈن خەلق مەدەنىيىتى سوتسىيالىستىك
خەلق مەدەنىيىتى بولىدى ياكى بولۇشى لازىم، دەپ قارالسا، بۇ
توغرى ئەمەس. بۇ كوممۇنىستىك ئىدېيە تىشىسىنى تەشۋىق قىلىشنى
ھازىرقى ھەرىكەت گائىلىكىنىڭ ئەمەلىيىتى قىلىۋالغانلىق بولىدۇ؛ بۇ
كوممۇنىستىك مەيدان ۋە ئۇسۇل بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىشنى،
ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشنى، خىزمەتلەرنى بىرتەرەپ
قىلىشنى ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەشنى جۇڭگونىڭ دېموكراتىك
ئىنقىلاپ باسقۇچىدىكى پۈتۈن خەلق مائارىپى ۋە خەلق مەدەنىيىتىنىڭ
فاكجىنى قىلىۋالغانلىق بولىدۇ. سوتسىيالىزىمنى مەزمۇن قىلغان خەلق
مەدەنىيىتى سوتسىيالىستىك سىياسى ۋە ئىقتىساتنى ئەكس ئەتتۈرىدى-
غان بولۇشى كېرەك. بىز سىياسى جەھەتتە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە
سوتسىيالىستىك ئامىللارغا ئىگىمىز، ئۇلار ئەكس ئېتىدىغان بىز-
نىڭ خەلق مەدەنىيىتىمىزمۇ سوتسىيالىستىك ئامىللارغا ئىگە؛ لېكىن،
پۈتۈن جەمىيەتتىن ئېيتقاندا، ھازىر بىزدە بۇنداق بىر پۈتۈن
سوتسىيالىستىك سىياسى ۋە ئىقتىسات شەكىللەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن
بۇنداق بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك خەلق مەدەنىيىتىنىڭ بولۇشى
ئېخى مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى جۇڭگو ئىنقىلاۋى دۇنيا پرولېتار-
سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ

ھازىرقى يېڭى مەدەنىيىتىمۇ دۇنيا پرولېتار ـ سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ ئۇلۇق ئىتتىپاقچىسى؛ بۇ بىر قىسىم گەرچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى زور ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن خەلق مەدەنىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ دۇنيا پرولېتار ـ سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيىتىگە تېخى پۈتۈنلەي سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلق ئاممىسىگە مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت سالاھىيىتى بىلەن قاتناشىدۇ. ھازىرقى جۇڭگو ئىنقىلاۋى جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلسا بولمايدىغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ ھازىرقى يېڭى مەدەنىيىتىمۇ جۇڭگو پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئىدىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن، يەنى كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ. ئەمما بۇنداق رەھبەرلىك ھازىرقى باسقۇچتا خەلق ئاممىسىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى سىياسىي ئىنقىلاپ ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى قىلىشتىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى پۈتۈن يېڭى خەلق مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەمەس، يەنىلا يېڭى دېموكراتىكتۇر.

ھازىرقى ۋاقىتتا، قىلچە شۈبھە يوقكى، كوممۇنىستىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىشنى كېڭەيتىش، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش لازىم، بۇنداق تەشۋىقات ۋە ئۆگىنىش بولمىغاندا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىزم باسقۇچىغا ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى دېموكراتىك ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېلىپ بېرىشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. لېكىن بىز، ھەم كوممۇنىستىك ئىدىيە تىشىسىنى ۋە كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي

تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىشنى يېڭى دېموكراتىك ھەرىكەت گاڭلىڭىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز؛ ھەم مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش، خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە كادىرلارنى تەربىيلەشنىڭ كوممۇنىستىك نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى پۈتۈن خەلق مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى دېموكراتىك فاڭجېندىن پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ بەكمۇ نامۇۋاپىق بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھازىرقى باسقۇچتا جۇڭگونىڭ يېڭى خەلق مەدەنىيىتى بۇرژۇئا مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك نوقۇل پرولېتارىيات سوتسىيالىزىمىمۇ ئەمەس، بەلكى پرولېتار-سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىدىيىسى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداليزمغا قارشى يېڭى دېموكراتىزىمنى مەزمۇن قىلىدۇ.

## 15. مىللى، پەننى، ئاممىۋى مەدەنىيەت

بۇنداق يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت مىللىدۇر. ئۇ جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوۋۋەتلەيدۇ. ئۇ — بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ئۇ بارلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتى ۋە يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، بىر-بىرىدىن قوبۇل قىلىش، بىر-بىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، دۇنيانىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ؛ ئەمما ئۇ

باشقا ھەرقانداق مىللەتنىڭ جاھانگىرلىك، ئەكسىيەتچىل مەدەنىيىتى بىلەن ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ، چۈنكى بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز — ئىنقىلاۋىي مىللىي مەدەنىيەت. جۇڭگو چەتئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئوزۇقىنىڭ خامئەشياسى قىلىشى لازىم، بۇ خىزمەتنىڭ ئىشلىنىشى ئۆتمۈشتە تولىمۇ يېتەرسىز بولدى. بۇ يەردە ھازىرقى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ۋە يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەتلا ئەمەس، بەلكى چەتئەللەرنىڭ قەدىمى مەدەنىيىتى، مەسىلەن، كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئاقارتىش دەۋرىدىكى مەدەنىيىتىمۇ بار، ئۇلاردىن ئۆزىمىزگە بۈگۈنكى كۈندە ئەسقاتىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. لېكىن بارلىق چەتئەل نەرسىلىرىنى، خۇددى بىزنىڭ تاماق يېگىنىمىزدىكىگە ئوخشاش، ئوز ئاغزىمىزدا چايناپ ۋە ئاشقازان-ئۈچەيلىرىمىزدە ھەزىم قىلىپ، شولۇگەي، ئاشقازان سۇيۇقلۇغى ۋە ئۈچەي سۇيۇقلۇغىمىز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى مېغىز ۋە شاكالدىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا ئايرىشىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ بەدىنىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ، ئۇنى خام-خۇتا يۇتۇشقا، ھېچبىر پىپەنسىز قوبۇل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. «پۈتۈنلەي غەرپلىشىش»[20] دېگەن تەشەببۇس — خاتا نۇقتەئىي نەزەر. چەتئەل نەرسىلىرىنى شەكلىۋازلىق بىلەن قوبۇل قىلىشتىن جۇڭگو ئۆتمۈشتە كوپ زىيان تارتقان ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىزىمچىلىرى ماركسىزىمنى جۇڭگوغا تەتبىق قىلىشتىمۇ شۇنداق قىلىشى — ماركسىزىمنىڭ ئۇمۇمى ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن تولۇق ۋە مۇۋاپىق بىرلەشتۇرۇشى، يەنى مىللى خۇسۇسىيەتلىرىمىز بىلەن بىرلەشتۇرۇشى، مۇئەييەن مىللى

شەكىلدىن ئۆتكۈزۈشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ ئەسقاتىدۇ، ئۇنى ھەرگىز جۇگۇەنلىك ۋە قېلىپبازلىق بىلەن تەتبىق قىلىشقا بولمايدۇ. قېلىپباز ماركسىزمچىلار پەقەت ماركسىزم ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋى بىلەن ئوينىشىدۇ، جۇڭگو ئىنقىلاۋى قوشۇنىدا ئۇلارغا ئورۇن يوق. جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۆز شەكلىگە، يەنى مىللى شەكىلگە ئىگە بولۇشى لازىم. شەكلى مىللى، مەزمۇنى يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت — بىزنىڭ بۈگۈنكى يېڭى مەدەنىيىتىمىز.

بۇنداق يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت پەننىدۇر. ئۇ بارلىق فېوداللىق ئىدېيىلەر ۋە خۇراپى ئىدېيىلەرگە قارشى تۇرىدۇ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كېگۈەن ھەقىقەتنى قۇۋۋەتلەيدۇ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ پەننى ئىدېيىسى جۇڭگونىڭ ھېلىمۇ ئىلغارلىقى بولغان بۇرژۇئازىيە ۋېيۋۇلۇنچىلىرى ۋە تەبىي پەن ئالىملىرى بىلەن جاھانگىرلىككە، فېودالىزمغا ۋە خۇراپاتلىققا قارشى بىرلىكسەپ قۇرالايدۇ؛ ئەمما ھەرقانداق ئەكسىيەتچىل ۋېيشىنلۇن بىلەن ھەرگىز بىرلىكسەپ قۇرالمايدۇ. گۇڭچەندانىڭ ئەزالىرى بەزى ۋېيشىنلۇنچىلەر بىلەن، ھەتتا دىنچىلار بىلەن سىياسى ھەرىكەت جەھەتتە جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ ۋېيشىنلۇنىگە ياكى دىنى ئەقىدىلىرىگە ھەرگىز قوشۇلالمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان فېوداللىق جەمىيىتىدە شانلىق قەدىمقى زامان مەدەنىيىتى يارىتىلدى. قەدىمقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ فېوداللىق شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، دېموكراتىك مېغزىنى قوبۇل قىلىش — مىللىتىمىزنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى

تەرەققى قىلدۇرۇش، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئۇستۇرۇشنىڭ زورۇر شەرتى؛ ئەمما ئۇلارنى پىپەنسىز، قارا - قويۇق قوبۇل قىلىۋېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. قەدىمقى زامان فېودال ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ھەممە چىرىك نەرسىلىرىنى قەدىمقى زامان ئېسىل خەلق مەدەنىيىتىدىن، يەنى ئازدۇر - كوپتۇر دېموكراتىيىلىكى ۋە ئىنقىلاۋىيلىقى بولغان نەرسىلەردىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. جۇڭگونىڭ ھازىرقى يېڭى سىياسىي ۋە يېڭى ئىقتىسادى قەدىمقى زاماننىڭ كونا سىياسىي ۋە كونا ئىقتىسادىدىن ئوسۇپ چىققان، جۇڭگونىڭ ھازىرقى يېڭى مەدەنىيىتىمۇ قەدىمقى زاماننىڭ كونا مەدەنىيىتىدىن ئوسۇپ چىققىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن، بىز ئوزىمىزنىڭ تارىخىمىزغا ھورمەت قىلىشىمىز، تارىخنى ھەرگىز ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز لازىم. ئەمما بۇنداق ھورمەت قىلىش قەدىمقىنى مەدھىيىلەپ، ھازىرقىنى ئەيىپلەش ئەمەس، ھەرقانداق فېوداللىق زەھەرلەرنى ماختاش ئەمەس، بەلكى تارىخقا مۇئەييەن پەننى ئورۇن بېرىش، تارىخنىڭ بىيەنجېڭفالىق تەرەققىياتىنى ھورمەتلەشتۇر. خەلق ئاممىسى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارغا كەلسەك، ئاساسەن، ئۇلارنى ئارقىغا قاراشقا ئەمەس، ئالغا قاراشقا يېتەكلەش كېرەك.

بۇنداق يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت ئاممىۋىدۇر، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ دېموكراتىكتۇر. ئۇ پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ 90 پىرسەنتتىن كوپرەكىنى تەشكىل قىلغان جاپاكەش ئىشچى - دىخانلار ئاممىسىگە خىزمەت قىلىشى ۋە پەيدىن - پەي شۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئايلىنىشى لازىم. ئىنقىلاۋىي كادىرلارغا بېرىلىدىغان بىلىم بىلەن ئىنقىلاۋىي ئاممىغا بېرىلىدىغان بىلىمنى دەرىجە جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ھەم بىر - بىرىگە باغلاش، يۇقىرى كوتۇرۇش بىلەن

ئومۇملاشتۇرۇشنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ھەم بىر-بىرىگە باغلاش لازىم. ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەت — خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئىنقىلابنىڭ كۈچلۈك قورالى. ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەت — ئىنقىلابتىن ئىلگىرى ئىنقىلابنىڭ ئىدېيىۋى تەييارلىقى؛ ئىنقىلاب داۋامىدا ئومۇمى ئىنقىلاب سېپىنىڭ زۆرۈر ۋە مۇھىم بىر سېپى. ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەت خادىملىرى بولسا، ئەنە شۇ مەدەنىيەت سېپىدىكى ھەر دەرىجىلىك جىخۇيۈەنلەر. «ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ»[21]، بۇنىڭدىن ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەمەلىي ھەرىكەت ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاممىۋىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق تەرەققىيپەرۋەر مەدەنىيەت خادىملىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت قوشۇنىغا ئىگە بولۇشى لازىم، بۇ قوشۇن — خەلق ئاممىسى. ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەتچى بولۇپ تۇرۇقلۇق خەلق ئاممىسىگە يېقىنلاشمىسا، «ئەسكەرسىز سىلىڭ» بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ئاچقان ئوت كۈچى دۈشمەننى يوقىتالمايدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يېزىقنى مۇئەييەن شارائىتتا ئۆزگەرتىش، تىلنى خەلق ئاممىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش لازىم، بىلىش كېرەككى، خەلق ئاممىسى — ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەتنىڭ چەكسىز باي مەنبەئى.

مىللىي، پەننىي، ئاممىۋى مەدەنىيەت — خەلق ئاممىسىگە مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى مەدەنىيەت، يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتى.

يېڭى دېموكراتىك سىياسى ۋە يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسات بىلەن يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەتنىڭ بىرىكىشى — مانا بۇ يېڭى

دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت، مانا بۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق جۇڭخۇا مىنگو، مانا بۇ بىز قۇرىدىغان يېڭى جۇڭگو.

يېڭى جۇڭگو خەلقىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

يېڭى جۇڭگو كېمىسىنىڭ موما ياغىچىنىڭ ئۇچى ئۇپۇق سىزىقى ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، بىز ئۇنى ئالقىشلاپ قارشى ئېلىشىمىز لازىم.

غۇلىچىڭنى كەڭ ياي، يېڭى جۇڭگو بىزنىڭكى.

## ئىزاھلار

① «جۇڭگو ۋېنخۇا» — 1940 - يىل 1 - ئايدىن تارتىپ يەنئەندە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ژۇرنال. «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» ئەڭ ئاۋال شۇ ژۇرنالنىڭ بىرىنچى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

② «سىياسى — ئىقتىساتنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى» دىگەن سۆز ھەققىدە لېنىننىڭ «ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدا، ھازىرقى پەيت توغرىسىدا ھەمدە تروتسكىنىڭ خاتالىقلىرى توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

③ ماركسنىڭ «سىياسى ئىقتىسات پىپەنىگە دائىر» دىگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدىن ئېلىنغان.

④ ئېنگېلسنىڭ «فېيېرباخ ۋە نېمىس كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دىگەن كىتاۋىدا قوشۇمچە قىلىنغان: ماركس يازغان «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىسلار»نىڭ 11 - ماددىسىغا قارالسۇن.

⑤ ستالىن. «ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋە مىللى مەسىلە»دىن ئېلىنغان.

⑥ لېنىن. «جاھانگىرلىك — كاپىتالىزىمنىڭ يۇقۇرى باسقۇچى»غا قارالسۇن.

⑦ بۇ جىياڭ جيېشى ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ

ھۆكۈمىتى ئېلىپ بارغان بىر قاتار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى: 1927-يىل 12-ئاينىڭ 13-كۈنى گومىنداڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى فۇلىڭشىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى؛ شۇ ئاينىڭ 14-كۈنى نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «روسىيە بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈش توغرىلىق بۇيرۇق» چۈشۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى لىڭشىلىرىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ تىجارىتىنى توختىتىشنى قاتتىق بۇيرۇغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 1929-يىل 8-ئايدا جاڭ جيېشى يەنە جاھانگىرلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن دۇڭبېيدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، ھەربىي توقۇنۇش پەيدا قىلغان ئىدى.

⑧ كامال — بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تۈركىيە سودا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋەكىلى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى ئۆزىنىڭ بېقىندى دۆلىتى گرېتسىيىنى تۈركىيىگە قوراللىق تاجاۋۇز قىلدۇردى، تۈركىيە خەلقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، 1922-يىل گرېتسىيە قوشۇنىنى يەڭدى. كامال 1923-يىلى تۈركىيىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. ستالىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «كامالچە ئىنقىلاپ — مىللىي سودا بۇرژۇئازىيىسى يۇقۇرى قاتلىمىنىڭ ئىنقىلابى، بۇ ئىنقىلاب چەتئەل جاھانگىرلىرىغا قارشى كۈرەشتە ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىشچى-دېھقانلارغا قارشى تۇرۇشنى، يەر ئىنقىلابىنىڭ ھەممە ئىمكانىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇشنى يونۇلۇش قىلدى». ستالىن. «جۇڭشەن داشۆي ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سۆھبەت»كە قارالسۇن.

⑨ يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە جاڭ جۈنمەي ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. جاڭ جۈنمەي 4-ماي ھەرىكىتىدىن كېيىن پەنگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق قارشى چىقىپ، «روھىي مەدەنىيەت» دېگەن «شۇەنشۆي»نى تەرغىپ قىلغان، شۇ چاغدا «شۇەنشۆيچى ئالۋاستى» دەپ ئاتالغان ئىدى. جاڭ جۈنمەي 1938-يىل 12-ئايدا جاڭ جيېشىنىڭ

كورسەتمىسى بويىچە «ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە ئوچۇق خەت» دىگەن نەرسىنى ئېلان قىلىپ، 8-ئارمىيىنى، يېڭى 4-ئارمىيىنى ۋە شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا غالجىرانە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن ياپون قاراقچىلىرى ۋە جياڭ جېيشىغا گۆپپاكچىلىق قىلغان ئىدى.

⑩ 1937-يىل 9-ئايدا جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ گومىنداڭ-گوڭچەندا ڭ ھەمكارلىقى ئورنىتىلغانلىقى توغرىسىدا چىقارغان خىتاپنامىسىگە قارالسۇن.

⑪ سۇن جۇڭشەن 1924-يىلى سوزلىگەن «خەلق تۇرمۇشى مەسىلىگى توغرىسىدا نۇتۇقلار» دىكى 2-نۇتۇققا قارالسۇن.

⑫ جياڭ جېيشى گۇرۇھىنىڭ ئىشپىيونلار باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان چېن لىفۇ بىر نەچچە ئەكسىيەتچى لۇكچەكنى يالالاپ، «ۋېيشېڭلۇن» دىگەن نەرسىنى يازدۇرۇپ، ئاغزىغا كەلگەنچە بىلجىراپ، گومىنداڭنىڭ فاشىزمىنى تەرغىپ قىلغان، بۇ نەرسە چېن لىفۇنىڭ سېسىق نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان ئىدى.

⑬ بۇنداق شوئارنى سەنشىنىڭ يەرلىك چوڭ پومېشچىكلىرى ۋە چوڭ مەيبەنلىرىنىڭ ۋەكىلى ــــ جۇنفا يەن شىشەن نومۇسسىزلارچە كوككە كوتۈرگەن ئىدى.

⑭ ۋاڭ جىڭۋېي 1927-يىلى ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن «ئىككى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش» دىگەن مەۋزۇدا بىر نەرسە يازغان ئىدى.

⑮ 1925-يىل 3-ئاينىڭ 30-كۈنى ستالىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونال ئىجرائىيە ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ يۇگوسلاۋىيە ۋېيىۋەنخۇيىدا سوزلىگەن نۇتقى «يۇگوسلاۋىيىدىكى مىللى مەسىلە توغرىسىدا» دا مۇنداق دىگەن ئىدى: «......دېخانلار ــــ مىللى ھەرىكەتنىڭ ئاساسى ئارمىيىسى، دېخانلاردىن ئىبارەت بۇ ئارمىيە بولمىسا، قۇدرەتلىك مىللى ھەرىكەت بولمايدۇ ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ......مىللى مەسىلە، ماھىيەتتە،

دېخانلار مەسىلىسى.»

⑯ گوڭچەنداڭ ئىچىدە بەزى جياۋتياۋجۇيىچىلار يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يېزىلاردىكى ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرگە ئەھمىيەت بەر-گەنلىگىنى «تاقتا چىقىش مەسىلىگى» دەپ مەسخىرە قىلىشقان ئىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە جياۋتياۋجۇيىچىلارنىڭ ئەشۇ مەسخىرىلىك سوزلىرىنى ئىشلىتىپ، يېزىلاردىكى ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنىڭ ئۇلۇق رولىنى چۈشەندۈردۇ.

⑰ «مەكتەپ» شۇ چاغدا ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى كاپىتالىستىك ئەللەرگە تەقلىت قىلىنغان مائارىپ تۈزۈمىنى كورسىتىدۇ. «كېچۈي» جوڭگودا ئەزەلدىن بار بولغان فېوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمىنى كورسىتىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جوڭگونىڭ يېڭىلىق تەرەپدارى بولغان زىيالىلار كېچۈي تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەكتەپ قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.

⑱ 1919 ـ يىلدىكى 4 ـ ماي ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى 6 ـ ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە يېڭى باسقۇچقا كىردى، بۇ باسقۇچ 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بېيجىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسكەر ۋە ساقچىلارنىڭ باستۇرۇشلىرىغا قارشى تۇرۇپ، يىغىن ئوتكۇزۇپ نۇتۇق سوزلىشى بىلەن باشلاندى، بۇ ھەرىكەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش تاشلىشىدىن تەرەققى قىلىپ، شاڭخەي، نەنجىڭ، تيەنجىن، خاڭجۇ، ۋۇخەن، جيۇجياڭ شەھەرلىرى ۋە شەندۇڭ، ئەنخۇي ئولكىلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىشچىلار-نىڭ ئىش تاشلىشى، سودىگەرلەرنىڭ بازار تاشلىشىغا قەدەر بېرىپ يەتتى. شۇ چاغقا كەلگەندە، 4 ـ ماي ھەرىكىتى پەيدىن ـ پەي پرولې-تارىيات، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە مىللى بۇرژۇئازىيە قاتناشقان كەڭ ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئايلاندى.

⑲ ياۋروپا ـ ئامېرىكا ئەللىرى تەرەپدارلىرى بولغان مەدەنىيەتچە-لەر ـــ خۇشى قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلغان بەزى كىشىلەرنى كورسىتىدۇ.

⑳ «بۇتونلەي غەربلىشىش» ـــ بىر قىسىم بۇرژۇئا ئالىملىرىنىڭ

تەشەببۇسى. ئۇلار ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، شەخسىيەتچىلىكنى مەركەز قىلغان غەرپ بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنى شەرتسىز ماختاپ، جۇڭگونىڭ ھەممە نەرسىسىدە تامامەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى كاپىتالىستىك ئەللەرگە تەقلىد قىلىشنى قۇۋۋەتلىگەن ۋە بۇنى «غەرپلىشىشنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىش» دەپ ئاتىغان ئىدى.

㉑ لېنىن. «نېمە قىلىش كېرەك؟»نىڭ 1 ـ باپ، 4 ـ بۆلۈمىدىن ئېلىنغان.

# تەسلىمچىلىك خەۋپىنى تۈگىتىپ، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرەيلى*

**(1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)**

ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى جۇڭگونىڭ ئىلگىرىكى مۆلچەرلىرىنىڭ توغرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. چوڭ پومېشچىك - چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسلىمچىلىك يۆنىلىشى بىلەن پرولېتارىيات، دېھقانلار، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىش يۆنىلىشى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ھەر ئىككى خىل يۆنىلىش بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت، ھەر ئىككى خىل ئىستىقبالنىڭ ئېھتىمالى بار. بۇ يەردە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارغا بىلدۈرۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، جايلاردا يۈز بېرىۋاتقان تەسلىمچىلىك، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ۋە ئارقىغا چېكىنىشكە ئوخشاش جىددىي ھادىسىلەرنى بىر - بىرىدىن

ئايرىپ قارىماسلىق كېرەك. بۇ ھادىسىلەرنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشىنىش لازىم، ئۇلارغا قەتئىي قارشى چىقىش لازىم، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەيۋىتى بىلەن بېسىلىپ قالماسلىق لازىم. ئەگەر مۇنداق روھ بولمايدىغان بولسا، ئەگەر بۇ ھادىسىلەرگە قەتئىي قارشى چىقىشتىن ئىبارەت توغرى فاكچىن بولمايدىغان بولسا، ئەگەر گومىنداڭ جاھىل-لىرىنىڭ «گوڭچەنداڭنى ھەربىي يول بىلەن چەكلەش»، «گوڭچەنداڭنى سىياسىي يول بىلەن چەكلەش»لىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋېرىشىگە يول قويۇلىدىغان بولسا، ئەگەر بىرلىكسەپ بۇزۇلۇپ كېتەرمىكىن دېگەن تەشۋىش بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈرۈلىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ، تەسلىمچىلىك ۋە گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت تۇسىنى ئالىدۇ، بىرلىكسەپ بۇزۇلۇش خەۋپى ئاستىدا قالىدۇ. ئېنىق چۈشىنىۋېلىش كېرەككى، ھازىر مەملىكەت ئىچىدە ۋە خەلقارادا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئالغا بېسىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشمىزگە پايدىلىق نۇرغۇن كېڭۈەن شەرت-شارائىتلار مەۋجۇت، مەسىلەن، ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان فاكچىنى يەنىلا ناھايىتى قاتتىق بولۇۋاتىدۇ؛ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر گەرچە قىسمەن كىچىكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي تۈردە تەكشىلىگىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ شەرقتىكى ئورنىنى ياۋروپا ئۇرۇشى ئاجىز-لاشتۇرۇپ قويدى، شۇ سەۋەپتىن يىراق شەرق مىيونخېنى يىغىنى

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يازغان جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇغى.

دىگەننى چاقىرىش ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ئاكتىپ ياردەم بېرىۋاتىدۇ؛ — مانا بۇلار گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولۇشى-مۇرەسسەلىشىشىگە ۋە مەملىكەت بويىچە گۇڭچەنداڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىغا ئاسانلىق بەرمەيۋاتقان خەلقارا شارائىت. يەنە مەسىلەن، گۇڭچەنداڭ، 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيە تەسلىمچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ھەم ئىتتىپاقلىشىش فاكجىبىندا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ؛ ئارىلىقتىكى سىنىپلارمۇ تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ؛ گومىنداڭ ئىچىدە تەسلىمچىلەر ۋە جاھىللار گەرچە ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن سان جەھەتتە ئازچىلىقنىلا تەشكىل قىلىدۇ؛ — مانا بۇلار گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولۇشى-مۇرەسسەلىشىشىگە ۋە مەملىكەت بويىچە گۇڭچەنداڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىغا ئاسانلىق بەرمەيۋاتقان ئىچكى شارائىت. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەھۋالدا، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى: بىر تەرەپتىن، تەسلىمچىلەر ۋە جاھىللارنىڭ ھەربى ھۇجۇمىغا ۋە سىياسى ھۇجۇمىغا قەتئىي قارشى چىقىشتىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەملىكەت بويىچە پارتىيە، سىياسى، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە مەدىنى-مائارىپ ساھەلىرى بىرلىكسىپىنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇپ، گومىنداڭ ئىچىدىكى زور كوپچىلىكنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، ئارىلىقتىكى تەبىقىلەرنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇنلار ئىچىدىكى بىزگە خەيرىخاھلىق قىلغۇچىلارنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ چۇڭقۇرلىشىشىنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، زىيالىلارنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى ۋە ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى هاكىمىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، پارتىيىنىڭ مۇستەهكەملىنىشى ۋە ئالغا بېسىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق ئىككى جەهەتتىن تەڭ تۇتۇش قىلىنىدىغان بولسا، چوڭ يومپىشىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسلىم بولۇش خەۋپىنى تۈگەتكىلى ھەمدە ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىش ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپىي ۋەقەلەر (ھازىر قىسمەن ۋە يەرلىك خاراكتېردىكى تاسادىپىي ۋەقەلەر)گە قارىتا ھوشيارلىقنى قوزغاش ــ بولار پارتىيىنىڭ ھازىرقى سىياسىتىنىڭ باش فاكجېنى.

ۋاڭ جىڭۋېي ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىمىنى[1] جاكالىغان ۋە جياڭ جيېشى ۋەتەنداشلارغا مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلغان ئەھۋالدا، بۇنىڭدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، تىنچلىق ھاۋاسى جەزمەن زەربىگە ئۇچرايدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغۇچى كۈچلەر جەزمەن ئۆسىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «گوگچەنداڭنى ھەربىي يول بىلەن چەكلەش» ۋە «گوگچەنداڭنى سىياسىي يول بىلەن چەكلەش» يەنە داۋام قىلىدۇ، يەرلىك ۋەقەلەر يەنە تۇغۇلىدۇ، گومىنداڭ «بىرلىككە كېلىپ تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش» دىگەن نىمىنى تەكىتلەپ، بىزگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغۇچى كۈچلەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ تېخى تەسلىمچى ۋە ئارقىغا چېكىنگۈچى كۈچلەرنى پۈتۈنلەي بېسىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ فاكجېنىمىز ــ پۈتۈن مەملىكەت

بويىچە بارلىق گوْگچەنداڭ تەشكىلاتى بولغان يەرلەردە ۋاڭ جىڭۋېي-نىڭ ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىمگە قارشى تەشۋىقاتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كېڭەيتىش. جياڭ جېيشى ئۆز خىتاپنامىسىدە داۋاملىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىمىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ۋە ئالغا بېسىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش فاكتىنى ئۈستىدە ھېچنىمىنى تىلغا ئالمىدى؛ ۋاھالەنكى، مۇنداق فاكتېن بولمىسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋاڭ جىڭۋېيغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى تەكىتلىشىمىز لازىم: (1) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت دۆلەت سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىمگە قارشى تۇرۇش؛ (2) پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەن خائىنى ۋاڭ جىڭۋېينى يوقىتىش، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قورچاق جۇڭگيانى يوقىتىش؛ (3) گومىن-داڭ ـ گوْگچەنداڭ ھەمكارلىقىنى ھىمايە قىلىپ، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ گوْگچەنداڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى تار ـ مار قىلىش؛ (4) گوْگ-چەنداڭغا قارشى تۇرۇش ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنى بۇلۇپ تاشلاش يولىدىكى سۇيىقەستىدۇر، يوشۇ-رۇن ۋاڭ جىڭۋېيچى ۋەتەن خائىنلىرىنى يوقىتىش؛ (5) پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى سۈركىلىشنى تۈگە-تىش؛ (6) ئىچكى ئىشلارنى يېڭىلاش، شىيەنجېڭ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈم يۈرگۈزۈش؛ (7) پارتىيە ـ گۇرۇھلار پائالىيىتىنىڭ مەنئىي قىلىنىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ياپون

باسقۇنچىلارنىڭ قارشى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ قانۇنىي رەۋىشتە مەۋجۇت تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىش؛ (8) خەلقتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا ھەم ۋەتەن خائىنلىرىغا قارشى سوز ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكى ھوقۇقى بولۇشىغا كاپالەت بېرىش؛ (9) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرنى مۇستەھكەملەش، ۋاڭ جىڭۋېيچى ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ سۇئىقەست ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىغا قارشى تۇرۇش؛ (10) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا خىزمەت كورسەتكەن قوشۇنلارنى ھىمايە قىلىش، ئالدىنقى سەپنى ماددى جەھەتتىن تولۇق تەمىنلەش؛ (11) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنى قوغداش، خائىنانە سوز ـ پىكىرلەرنى مەنئى قىلىش. يۇقۇرىدىكى شۇئارلار ئوچۇق ئېلان قىلىنىشى لازىم. ھەرقايسى جايلار كوپ مىقداردا① ماقالا، خىتاپنامە، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى، نۇتۇق ۋە كىتابچىلار تارقىتىشى ھەمدە يەرلىك ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان شۇئارلارنى قوشۇشى لازىم.

يەنئەندە 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىمگە قارشى ئاممىۋى يىغىن ئوتكۈزۈلىدۇ. ھەرقايسى جايلار 2 ـ ئاينىڭ بىرىنچى ئون كۈنى ياكى ئىككىنچى ئون كۈنىدە ھەر ساھەدىكىلەر ۋە گومىنداڭ ئىچىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئاممىۋى يىغىنلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە تەسلىمچىلىككە قارشى، ۋەتەن خائىنلىرىغا قارشى، سۈركىلىشكە قارشى دولقۇن قوزغىتىشى لازىم.

ئىزاھ

① بۇ 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋاڭ جىڭۋېي ياپون قاراقچىلىرى

بىلەن تۈزگەن ۋەتەن ساتقۇچ مەخپىي شەرتنامە — «ياپونىيە بىلەن چىنىنىڭ يېڭى مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش گاڭگىياۋسى»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) دۇڭبېينى ياپونىيىگە كېسىپ بېرىش، مېڭجياڭنى (بۇ شۇ چاغدىكى سۈيۈەن، چاخار ئۆلكىلىرىنى ۋە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ)، خۇابېينى، چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلار ۋە خۇانەندىكى ئاراللارنى «ياپونىيە بىلەن چىنىنى چىڭ بىرلەشتۈرىدىغان جايلار» دەپ بەلگىلەش ۋە بۇ جايلارنى ياپون ئارمىيىسى ئۇزۇن مۇددەت ئىشغال قىلىپ تۇرۇش. (2) قورچاق ھاكىمىيەت، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن تارتىپ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگىچە، ياپونىيە گۇۋېنلىرى ياكى خادىملىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولۇش. (3) قورچاق ئارمىيە ۋە قورچاق ساقچىلارغا ياپونىيىلىك جياۋگۇەنلەر تەلىم بېرىش، قورال-ياراقنى ياپونىيە يەتكۈزۈپ بېرىش. (4) قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە-ئىقتىسادىي سىياسىتى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە قاتناش ئىشلىرى ياپونىيىنىڭ ئىلكىدە بولۇش؛ ھەممە بايلىق مەنبەلىرىنى ياپونىيە خالىغىنىچە ئېچىش. (5) بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پائالىيەتلەرنى مەنئى قىلىش.

# بارلىق ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا قارشى تۇرايلى*

(1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)

بىز يەنئەننىڭ ھەر ساھە خەلقى بۈگۈن بۇ يەردە يىغىن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، نېمە ئۈچۈن؟ ۋەتەن ساتقۇچ ۋاڭ جىڭۋېينى ئەيىبلەش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن.

بىز كوممۇنىستلار ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىش فاڭجېنىنىڭ قەتئىي ئىكەنلىكىنى تەكرار ـ تەكرار كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ياپونىيە قانداقلىكى نىيىگە ئالماشتۇرسۇن، ئۇنىڭ جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىپ، مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپ

فاكجېنى كۆزگەرمەيدۇ. جۇڭگونىڭ ياپونپەرەس چوڭ بۇرژۇئازلىرىنىڭ سىياسى ۋەكىلى ۋاڭ جىڭۋېي بۇ ئەھۋالنى كورۇپ، قورقىنىدىن ئالجىپ، ياپونىيىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، ياپونىيە ـ ۋاڭ جىڭۋېي ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامىسىنى تۈزۈپ، جۇڭگونى ياپون جاھانگىرلىرىگە ساتتى. ئۇ يەنە قورچاق ھوكۇمەت قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھوكۇمەتكە قارىمۇ ـ قارشى قويماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ يەنە قورچاق ئارمىيە قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيىگە قارىمۇ ـ قارشى قويماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇشنى يېقىندىن بۇيان ئانچە تىلغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئاڭلىشىمىزچە، بۇنى «جياڭ جيېشى بىلەن بىرلىشىش»كە ئۆزگەرتىپتۇ. گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ــ ياپونىيە بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئاساسىي مەقسىدى. ئۇلار گۇڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ئەڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىكەنلىكىنى، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ھەمكارلاشسا، كۈچ يەنىمۇ زور بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى بۇلۇپ تاشلاپ، ئىككى پارتىيىنى يالغۇز ـ يالغۇز قالدۇرماقچى، بولسا تېخى ئىككى پارتىيىنى ئۇرۇشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار گومىنداڭ ئىچىدىكى جاھىللاردىن پايدىلىنىپ، ھەممە جايدا ئوت يېقىۋاتىدۇ. خۇنەندە پىڭجياڭ پاجىئەسىنى[1] تۇغدۇردى، خېنەندە چۇېشەن پاجىئەسىنى[2] تۇغدۇردى، سەنشىدە كونا قوشۇننىڭ يېڭى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلىشىنى[3] تۇغدۇردى، خېبېيدا جاڭ يىنۋۇنىڭ 8 ـ ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشىنى[4] تۇغدۇردى، شەندۇڭدا

* بۇ ــ يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەن خەلقىنىڭ ۋاڭ جىڭۋېينى ئەيىپلەش يىغىنىدا سوزلىگەن نۇتۇق.

چىن چىرۇڭنىڭ پارتىزان دۇيلىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى[5] تۇغدۇردى، شەرقىي خۇبېيدا چېڭ رۇخۇەينىڭ 5 ـ 6 يۈز گۇڭچەنداڭ ئەزاسىنى قىرغىن قىلىشىنى[6] تۇغدۇردى، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونىدا ئىچكى جەھەتتىن «جۇيدىيەن ۋە ئالاقە يولى خىزمىتى»نى[7]، تاشقى جەھەتتىن «قامال قىلىش خىزمىتى»نى ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ھۇجۇمغىمۇ تەييارلىنىۋاتىدۇ[8]. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە زور بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنى قولغا ئېلىپ، جازا لاگېرلىرىغا تاشلىدى[9]؛ يەنە شۇەنشۇېچى ئالۋاستى جاڭ جۇنمەينى ياللىۋېلىپ، گۇڭچەنداڭنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دېگەن ئەكسىيەتچىل تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدۇردى، تروتسكىچى يې چىڭ قاتارلىقلارنى ياللىۋېلىپ، گۇڭچەنداڭنى ھاقارەتلەيدىغان ماقالىلارنى يازدۇردى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ۋەتىنى مۇنقەرىز بولغان قۇل قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس[10].

شۇنداق قىلىپ، ۋاڭ جىڭۋېيچىلار ۋە گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللىرى ئىچ ـ سىرتتىن بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ، ۋەزىيەتنى زەھەرلىك بۇسقا تولدۇرۇۋەتتى.

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئۈمىت قالمىدى، گومىنداڭچىلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇقلار، ھەممىسىگە قارشى تۇرۇش كېرەك، دەپ قاراشتى. كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز لازىمكى، بۇنداق غەزەپلىنىش پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق، بۇنداق ئېغىر ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ، كىشى

قانداقمۇ غەزەپلەنمىسۇن؟ لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ھېلىمۇ ئۈمىت بار، گومىنداڭنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممە-سىلا بۇزۇقلاردىن ئەمەس. بولەك - بولەك گومىنداڭچىلارغا بولەك - بولەك سىياسەت قوللىنىش لازىم. ۋىجدانىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ئەبلەخلەرگە، 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيە جىددىيلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئوق ئېتىشقا جۈرئەت قىلغانلارغا، پىڭجياڭ پاجىئەسى ۋە چۈيشەن پاجىئەسىنى تۇغدۇرۇشقا جۈرئەت قىلغانلارغا، چېگرا رايونغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلارغا، تەرەققىيپەرۋەر قوشۇنلار، تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر خادىملارغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلارغا ھەرگىز سەۋرى - تاقەت قىلىپ تۇرالماي-مىز، چوقۇم قايتۇرما زەربە بېرىمىز، ھەرگىز يول قويالمايمىز. چۈنكى بۇ ئەبلەخلەر ۋىجدانىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، ئۇلار مىللىي دۈشمەن ۋەتەن تۇپرىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بىر ۋاقىتتا يەنە سۈركىلىش پەيدا قىلىۋاتىدۇ، پاجىئە تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، بولۇنۇش پەيدا قىلىۋاتىدۇ. ئۆز كۆڭلىدە قانداق ئويلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ياپونىيىگە ھەم ۋاڭ جىڭۋېيغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەزەلدىنلا يوشۇرۇن ۋەتەن خائىنلىرى. بۇنداقلارنى ئەگەر جازالىمىساق، خاتا قىلغان بولىمىز، ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارغا يول قويغان بولىمىز، مىللىتىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىمىز، ۋەتەنگە ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىمىز، ئەبلەخلەرنىڭ بىرلىكسەپنى بۇزۇشىغا يول قويغان بولىمىز، پارتىيە سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. ئەمما تەسلىمچىلەرگە ۋە كۆزئچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا مۇنداق زەربە بېرىش سىياسىتى تامامەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى تۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش، تامامەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ساداقەتلىك بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقانلارغا، تەسلىمچىلەردىن بولمىغان، گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللاردىن بولمىغان ھەممە كىشىلەرگە، ئەنە شۇنداق گومىنداڭ ئەزالىرىغا ياخشى نىيەتتىمىز، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىمىز، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمىز، ئۇلار بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش يولىدا ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىشىشنى خالايمىز. كىمكى بۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇ پارتىيە سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

دېمەك، پارتىيىمىزنىڭ ئىككى سىياسىتى مۇنداق: بىر تەرەپتىن، بارلىق تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، بارلىق ساداقەتلىك بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، بۇ — بىر سىياسەت؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ۋىجدانىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بارلىق ئەبلەخلەرگە قارشى تۇرۇش، تەسلىمچىلەرگە ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا قارشى تۇرۇش، بۇ — يەنە بىر سىياسەت. پارتىيىمىزنىڭ بۇ سىياسەتلىرى بىرلا مەقسەتكە يېتىشنى، يەنى ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشنى، ياپونىيىنى يېڭىشنى كۆزلەيدۇ. بىز كوممۇنىستلارنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەزىپىسى بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تەسلىمچى ۋە ئارقىغا چېكىنگۈچى بارلىق كۈچلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. بۇ — بىزنىڭ تۈپ فاڭجېنىمىز. بىز ھەرگىز ئۈمىتسىزلەنمەيمىز، بىز ئۈمىتۋارمىز. بىز

ھەرقانــداق تەسلىمچىلەرنىڭ ۋە گوڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارنىڭ ھۇجۇمىــدىن قورقمايمىز، بىز ئۇلارنى چوقۇم تار ـ مار قىلىــمىز ھەم ئۇلارنى چــوقۇم تار ـ مار قىــلالايمىز. جۇڭــخۇا مىللىتىــنىڭ ئازات بولۇشى چوقۇم، جۇڭگو ھەرگىز مۇنقەرىز بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئالغا بېسىشى چوقۇم، ئارقىغا چېكىنىش پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسە.

بىز بۈگۈنــكى يىغىنىمىزدا يەنە پۈتۈن مەملىــكەت خەلقىغە ياپــون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىــنىڭ ئىتتىپاقلىشىــشى ۋە ئالغا بېســىشى زورۇر دېــگەن پوزىتسىيــمىزنى بىلدۈرىمىز. بەزىلەر پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىلا تەكىتلەيدۇ، لېكىن ئىتتىپاقلىششنى ۋە ئالغا بېسىشنى تەكىتلەشنى خالىمايدۇ، ھەتتا ئىتتىپاقلىشىش بىلەن ئالغا بېسىشنى تامامەن تىلغا ئالمايدۇ، بۇ توغــرى ئەمەس. ھەقىقى ۋە مۇستەھكەم ئىتتىپاقــلىق بولمىسا، تېز ۋە ھەقىقى ئالغا بېــسىش بولمىسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قانداقــمۇ قەتئى داۋاملاشــتۇرغىلى بولىدۇ؟ گومىن- داڭنىڭ گوڭچەنداڭغا قارشى جاھىللىرى بىرلىكنى تەكىتلەۋاتــىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ «بىرلىك» دىگەن نىمىسى جىڭ بىرلىك ئەمەس، جا بىرلــىك؛ مۇۋاپىق بىرلىك ئەمەس، نامۇۋاپىــق بىرلىك؛ ئەمەلــىي بىرلىك ئەمەس، شەكلەن بىرلىك. ئۇلارنىڭ بىرلىك دەپ ۋاقىرىشى ئەسلىــدە گوڭچەنداڭنى، 8 ـ ئارمىيــىنى، يېڭى 4 ـ ئارمىيــىنى ۋە شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىــنى ئەمەلدىن قالــدۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلار، گوڭچەنداڭ، 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە چېگرا رايون مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىــكەن، جۇڭگو بىرلىككە كەلمەيدۇ، دەيدۇ، ئۇلار مەملىكەت بويىچە ھەممىنى گومىنداڭلاش- تۇرماقچى؛ ئۆزلىرىنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتورىسىنى داۋام قىلدۇرۇش

بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنى تېخى كېڭەيتمەكچىمۇ بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، يەنە قانداق بىرلىك بولسۇن؟ راستىنى ئېيتقاندا، ئوتمۇشتە ئەگەر گۈگچەنداڭ، 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونى ئىچكى تۇرۇشنى توختىتىش ـ بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى چىن دىلىدىن تەشەببۇس قىلمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى ھېچكىم تەشەببۇس قىلمىغان، شەن ۋەقەسىنى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا ھېچكىم رەھبەرلىك قىلمىغان بولاتتى، ئۇ ھالدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. بۈگۈن ئەگەر گۈگچەنداڭ، 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۈيدىلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھالىتىنى چىن دىلىدىن ساقلاپ تۇرمىغان، تەسلىمچىلىك، بولۇنۇش ۋە ئارقىغا چېكىنىشتەك خەۋپلىك خاھىشلارغا قارشى تۇرمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، ئىش خاراپ بولغان بولاتتى. بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيە دۈشمەننىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى توسۇپ تۇرغان، 40 ياپون شتۇەننىڭ 17 سى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان تۇرسا[11]، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىكەن؟ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونى ــ مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئىلغار جاي، بۇ يەرلەر ــ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۈيدى. بۇ يەردە، بىرىنچىدىن، خىيانەتچى ئەمەلدارلار يوق، ئىككىنچىدىن، تۇخاۋ ـ لېيشېنلار يوق، ئۈچىنچىدىن، قىمارۋازلىق يوق، تۆتىنچىدىن، پاھىشە ئايالار يوق، بەشىنچىدىن، كىچىك خوتۇن ئېلىش يوق، ئالتىنچىدىن،

قەلەندەر يوق، يەتتىنچىدىن، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ ئەسكىلىك قىلىدىغانلار يوق، سەككىزىنچىدىن، غېرىپ-غۇرۋالىق يوق، توققۇزىنچىدىن، سۈركىلىش پەيدا قىلىپ جان باقىدىغانلار يوق[12]، ئونىنچىدىن، ۋەتەن بېشىغا چۈشكەن ئاپەت ھېساۋىغا بېيىۋاتقانلار يوق، شۇنداق تۇرسا، ئۇ نىمە ئۈچۈن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىكەن؟ نومۇسسىز گەپلەر پەقەت يۈزسىز ئادەملەرنىڭلا ئاغزىدىن چىقىدۇ، جاھىللارنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھوتوت-پوتوت دېيىشكە نىمە ھەققى بار؟ يولداشلار، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. چېگرا رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت چېگرا رايوندىن ئۆگىنىشى كېرەك؛ 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىدىن ئۆگىنىشى كېرەك؛ گۇڭچەنداڭنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت گۇڭچەنداڭدىن ئۆگىنىشى كېرەك؛ ئىلغارلارنى قالاقلارغا تەڭلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى قالاقلارنى ئىلغارلارغا تەڭلەشتۈرۈش كېرەك. بىز كوممۇنىستلار بىرلىكنى تازا قۇۋۋەتلىگۈچىلەرمىز، بىز بىرلىكسەپنى تەشەببۇس قىلدۇق، بىز بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدۇق، بىز بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇلارنى كىم ئوتتۇرىغا قويالىدى؟ بۇلارنى كىم يولغا قويالىدى؟ ھەر ئېيىغا ئاران 5 كويچەنلا مائاش ئېلىشقا[13] كىم قانائەت قىلالىدى؟ بۇنداق پاك سىياسىنى كىم ئىجات قىلالىدى؟ بىرلىك، بىرلىك دېيىشىدۇ، تەسلىمچىلەرنىڭ بىر يۈرۈش بىرلىك نەزەرىيىسى بار، ئۇلار بىزنى تەسلىم بولۇشنى ئاساس قىلغان بىرلىككە دەۋەت قىلىدۇ؛ گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارنىڭمۇ بىر يۈرۈش بىرلىك نەزەرىيىسى بار، ئۇلار بىزنى بولۇنۇشنى ئاساس

قىلغان بىرلىككە دەۋەت قىلىدۇ، چېكىنىشنى ئاساس قىلغان بىرلىككە دەۋەت قىلىدۇ. بۇنداق داۋلىلارغا ئىشىنىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالغا بېسىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ئاساس قىلمىغان بىرلىكنى جىڭ بىرلىك دەپ ھېساپلىغىلى بولامدۇ؟ مۇۋاپىق بىرلىك دەپ ھېساپلىغىلى بولامدۇ؟ ئەمىلىي بىرلىك دەپ ھېساپلىغىلى بولامدۇ؟ بۇ — تازا بىر چۇش كورۇش! بۇگۈن بىز بۇ يىغىننى ئۆزىمىزنىڭ بىرلىك نەزىرىيىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئوتكۇزۇۋاتىمىز. بىزنىڭ بىرلىك نەزىرىيىمىز — پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىرلىك نەزىرىيىسى، بارلىق ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ بىرلىك نەزىرىيىسى. بۇ بىرلىك نەزىرىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالغا بېسىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئالغا باسقاندىلا، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدۇ، ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغىلى بولىدۇ، ئالغا باسقان، ئىتتىپاقلاشقان ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغاندىلا، بىرلىك بولىدۇ. بۇ — بىزنىڭ بىرلىك نەزىرىيىمىز، بۇ — جىڭ بىرلىك نەزىرىيىسى، بۇ — مۇۋاپىق بىرلىك نەزىرىيىسى، بۇ — ئەمىلىي بىرلىك نەزىرىيىسى. ئۇنداق جا بىرلىك نەزىرىيىسى، نامۇۋاپىق بىرلىك نەزىرىيىسى، شەكىلەن بىرلىك نەزىرىيىسى — ۋەتەننى مۇنقەرىز قىلىدىغان بىرلىك نەزىرىيىسى، ۋىجدانىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلارنىڭ بىرلىك نەزىرىيىسى. ئۇلار گۇڭچەنداڭنى، 8 - ئارمىيىنى، يېڭى 4 - ئارمىيىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۇيدىلەرنى يوقاتماقچى، ئۇلار بارلىق جايلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى يوقاتماقچى، شۇنىڭ بىلەن

گومىنداڭنى ئاساس قىلغان بىرلىككە يەتمەكچى. بۇ — بىر سۇئىقەست، بۇ — ئاتاقتا بىرلىك دەپ، ئەمەلدە مۇستەبىتلىكنى يۈرگۈزۈش؛ بىرلىك دېگەن قۇيرۇقنى كورسىتىپ، ئوزلىرىنىڭ بىر پارتىيە مۇستەبىتلىكى دېگەن ئوپكىسىنى سېتىش، ئۇچىغا چىققان يۈزسىزلىك بىلەن ئاغزىغا كەلگەننى كاپشىش، بۇ دۇنيادا ئار-نومۇس دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەسلىك. بىز بۇگۈن بۇ يىغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ قەغەز يولۋىسىنى يىرتىپ تاشلىشىمىز، گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا قەتئى قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار

① «ئەكسىيەتچىلەرنى جازالاش كېرەك»نىڭ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

② 1939-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنى خېنەن ئولكىسىنىڭ چۇيشەن ناھىيىسىدىكى گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ۋە ھەربى قىسمـ لىرىدىن 1 مىڭ 800 دىن ئوشۇق كىشى چۇيشەن ناھىيىسىنىڭ جۇگۇجېن دېگەن يېرىدە يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ مۇداپىئە-ئالاقە باشقارمىسىنى قورشۇۋېلىپ، يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا يارىدار بولغان كادىرلىرى ۋە جەڭچىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن جەمئى 200 دىن ئارتۇق كىشىنى پاجىئەلىك ئولتۇرۇپ قىردى.

③ كونا قوشۇن گومىنداڭنىڭ سەنشى جۇنفاسى يەن شىشەننىڭ قوشۇنىنى كورسىتىدۇ. يېڭى قوشۇن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەسىرى ئاستىدا يېڭىدىن ئوسۇپ چىققان سەنشى خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قۇراللىق كۈچلىرىنى كورسىتىدۇ، بۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىداكارلار دۇيى دەپمۇ ئاتالغان. 1939-يىل 12-ئايدا جياڭ جېيشى بىلەن يەن شىشەن يېڭى قوشۇننى يوقىتىشنى قەستلەپ، سەنشىـ نىڭ غەربىي قىسمىدا 6 جۈن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، يېڭى قوشۇنغا

هۇجۇم قىلغان ئىدى، بۇ هۇجۇم يېڭى قوشۇننىڭ قايتۇرما زەربىسى بىلەن تار-مار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەن شىشەن قوشۇنى سەنشىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىي قىسمىدا ياڭچېڭ-جىنچېڭ تەرەپلەردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەرنى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنى ۋەيران قىلىپ، نۇرغۇن گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنى ۋە تەرەققىپەرۋەرلەرنى قىردى.

④ جاڭ يىنۋۇ — گومىنداڭ باندىتلىرىنىڭ خېبېي ئۆلكىلىك باۋئەن سىلىڭبۇسىنىڭ سىلىڭى، ئۇ 1939-يىلدىن بۇيان جياڭ جېيشىنىڭ يوليورۇغى بىلەن 8-ئارمىيىگە ئۇزلۇكسىز هۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىدى. شۇ يىل 6-ئايدا يەنە ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ، 8-ئارمىيىنىڭ خېبېي ئۆلكىسى شېنشيەن ناھىيىسىدىكى ئارقا سەپ ئىدارىلىرىگە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، 8-ئارمىيىنىڭ 400 دىن ئوشۇق كادىر ۋە جەڭچىسىنى پاجەلىك تۇردە قىردى.

⑤ 1939-يىل 4-ئايدا گومىنداڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇشىسى شېن خۇڭلىي چىن جىرۇڭ باندىت قىسىملىرىنى بوشەندە 8-ئارمىيە شەندۇڭ زوڭدۇيىنىڭ 3-تارماق پارتىزان جىۋدۇيىغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدۇرۇپ، 8-ئارمىيىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن كادىرلىرىدىن 400 دىن ئوشۇق كىشىنى پاجەلىك تۇردە قىردى.

⑥ 1939-يىل 9-ئايدا خۇبېينىڭ شەرقىي قىسمىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن چېڭ رۇخۇەي ئۆزىنىڭ باندىت قىسىملىرىنى توپلاپ، يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ ئىدارىلىرىنى قورشىۋېلىپ، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىدىن 5-6 يۈز كىشىنى پاجەلىك تۇردە قىردى.

⑦ گومىنداڭنىڭ ئىشپىيون-جاسۇسلىرى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى ھەرىكىتىدە چېگرا رايوندىكى شەھەرلەرنى جۇيدىيەن قىلىپ ۋە بۇ جۇيدىيەنلەرنى بىر-بىرىگە باغلاپ، بىرقانچە ئالاقە يوللىرىغا ئايلاندۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار بۇ خىزمەتنى «جۇيدىيەن ۋە ئالاقە

بولى خىزمىتى» دەپ ئاتاشقان.

⑧ 1939 ـ يىل قىشتىن 1940 ـ يىل ئەتىيازغىچە، گومىنداڭ قوشۇنلىرى شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونىدىكى چۈنخۇا، شۈنيى، جېڭنىڭ، نىڭشيەن ۋە جېنيۈەن قاتارلىق 5 ناھىيە شەھىرىنى بېسىۋالدى.

⑨ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ چارىلىرىگە تەقلىت قىلىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى لەنجۇ ۋە شىئەندىن تارتىپ، شەرقىي جەنۇبىدىكى گەنجۇ ۋە شاڭراۋغىچە نۇرغۇن جايلاردا جازا لاگېرلىرى قۇرۇپ، بۇلارغا كۆپلىگەن گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنى، ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنى قامىغان ئىدى.

⑩ 1938 ـ يىل 10 ـ ئايدا ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى ھەرىكىتى بارا ـ بارا جىددىيلەشتى. 1939 ـ يىل 2 ـ ئايدا جياڭ جيېشى «گۇڭچەنداڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»، «قولدىن كەتكەن رايونلاردا گۇڭچەنداڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ساقلىنىش چارىسى» دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل ھۆججەتلەرنى مەخپىي تارقىتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ۋە خۇاجۇڭ، خۇابېينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گۇڭچەنداڭغا سىياسىي بېسىم ئىشلىتىش ۋە ھەربىي ھۇجۇم يۈرگۈزۈشنى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيتتى. بۇنداق بېسىم ۋە ھۇجۇم 1939 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1940 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە دولقۇنغا ئايلىنىپ، بىرىنچى قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن دەپ ئاتالدى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە ئېيتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ شەنشى ۋە گەنسۇلاردا شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونىغا ۋە شەنشىنىڭ غەربىي قىسمىدا گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىداكارلار دۈيىگە قىلىنغان ھۇجۇمى بىرىنچى قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇندا گومىنداڭ قوزغىغان ئىككى قېتىملىق چوڭ ھەربىي ھۇجۇمدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن، 1940 ـ يىلىنىڭ 2 ۋە 3 ـ ئايلىرىدا جياڭ جيېشى يەنە گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلىرىدىن جۇخۇەيىبىگىنى پاك بىكىشۇن، جاڭ يىنۋۇ ۋە خۇ رۇيۇڭ قاتارلىقلارنىڭ باندىت قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، تەيخاڭشەن رايونىدىكى 8 ـ ئارمىيىگە ئۈچ يونىلىشتىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ھۇجۇم 8 ـ ئارمىيە تەرىپىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل بىت ـ چىت قىلىنىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن 3 شى يوقىتىلدى، جياڭ جيېشى قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇنمۇ شۇنىڭ بىلەن تامامەن چېكىندۈرۈلدى.

⑪ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى قوشۇنلار زەربە بەرگەن يايپون قاراقچىلىرى قوشۇنىنىڭ ساندا كېيىن ئۆزگىرىش بولدى. 1943 ـ يىلىغا كەلگەندە، 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيە جۇڭگوغا بېسىپ كىرگەن ھەممە يايپون ئارمىيىسىنىڭ 64 پىرسەنتىگە ۋە پۇتۇن قورچاق ئارمىيىنىڭ 95 پىرسەنتىگە زەربە بەردى. مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3 ـ تومىدىكى «بىرلەشمە ھوكۇمەت ھەققىدە» دېگەن ئەسەرنىڭ «ئىككى جەڭ مەيدانى» دېگەن بولۇمىگە قارالسۇن.

⑫ «سۈركىلىش پەيدا قىلىپ جان باقىدىغانلار» گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشنى مەخسۇس كەسىپ قىلىۋالغان بەزى گومىنداڭچىلارنى كورسىتىدۇ.

⑬ ئۇ چاغدا گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى يايپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلار ۋە يايپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھوكۇمەت خادىملىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايلىق يېمەك ـ ئىچمەك خىراجىتى ۋە جىنتىيېسى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 5 يۈەن تەڭگە ئىدى.

# گومنداڭغا ئون تەلەپ*

## (1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەنئەندە ۋاڭ جىڭۋېينى ئەيىپلەش يىغىنى ئۆتكۈزدۇق، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ھەققانى قەھرى ـ غەزەپكە كېلىپ، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەتەننى سېتىپ تەسلىم بولغانلىقىنى ئەيىپلەش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشنى ھىمايە قىلىشنى بىر ئېغىزدىن قارار قىلدۇق. ۋەزىيەتنى ۋېيىجىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ ئون ماددىلىق زور تەدبىرىنى ئىزھار قىلدۇق، گومىنجىڭفۇنىڭ، ھەرقايسى پارتىيە، ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان جۇنگوۋەن ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارنىڭ بۇنى قوبۇل كورۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تىلەيمىز.

بىرىنچى، مەملىكەت بويىچە ۋاڭ جىڭۋېيلارنى ئەيىپلەش. خائىن ۋاڭ جىڭۋېي ئوز مۇرتلىرىنى توپلاپ، دۇشمەنگە ئەل بولۇپ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى، ۋەتەن ساتقۇچ مەخپى شەرتنامە تۈزۈپ،

يامانغا يانتاياق بولدى، شۇڭا ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئولۇمگە لايىق دېيىشمەكتە. لېكىن سوز پەقەت ئاشكارا ۋاڭ جىڭۋېيلار ئۇستىدىلا بولۇۋاتىدۇ، يوشۇرۇن ۋاڭ جىڭۋېيلار تېخى تىلغا ئېلىنغىنى يوق. يوشۇرۇن ۋاڭ جىڭۋېيلار بولسا، ھەممىنىڭ ئالدىدا گىدىيىپ يۇرمەكتە، مۇھىم ئورۇنلارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالماقتا؛ ئەسلى ئەپتى-بەشىرىسىنى يوشۇرۇپ، جەمىيەتكە چۇڭقۇر ئورۇنلىشىۋالماقتا. خىيانەتچى ئەمەلدارلار — ئۇلارنىڭ مۇرتىلىرى؛ سۇركىلىش مۇتەخەسسىسلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر. ئەگەر مەملىكەت بويىچە ۋاڭ جىڭۋېيلارنى ئەيىپلەش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلمايدىغان بولسا، شەھەرلەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە، يۇقۇرىدىن تارتىپ توۋەنگىچە پارتىيە، سىياسى، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى، مەتبۇئات ۋە مەدەنى-مائارىپ ساھەلىرى ۋاڭ جىڭۋېيلارنى بىردەك ئەيىپلەشكە سەپەرۋەر قىلىنمايدىغان بولسا، ۋاڭ جىڭۋېي گورۇھى يىلتىزىدىن قۇرۇمايدۇ، ۋاڭ جىڭۋېي ئاپىتى داۋام قىلىۋېرىدۇ، ئۇلار تاشقىرىدىن دۈشمەن باشلاپ كىرىدۇ، ئىچىمىزدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، بۇنىڭ زىياندىشلىقى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بولىدۇ. شۇڭا ھوكۇمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ۋاڭ جىڭۋېيلارنى ئەيىپلەشكە چاقىرىشى كېرەك. بۇ بۇيرۇق ئىجرا قىلىنمىغان جايلاردا شۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنى جازاغا تارتىش كېرەك. ۋاڭ جىڭۋېي گورۇھىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش كېرەككى، ئولۇكىنى ئىشت يېسۇن. بۇ — قوبۇل كورۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا سۇنغان بىرىنچى تەلىۋىمىز.

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان، يەنئەن خەلقىنىڭ ۋاڭ جىڭۋېينى ئەيىپلەش يىغىنىنىڭ ئومۇمى دىيەنباۋسى.

ئىككىنچى، ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىش. ھازىر بەزىلەر ئىتتىپاقلىقتىن سۆز ئاچماي، بىرلىك توغرىسىدا گەپ سېتىۋاتىدۇ، ئۇلارچە، گۇڭچەنداڭنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، 8-ئارمىينى ۋە يېڭى 4-ئارمىينى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھەرقايسى جايلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشلا بىرلىك بولار ئىمىش. بۇ — گۇڭچەنداڭ، 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايونىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىكنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەشەببۇسچىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك. شەن ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان گۇڭچەنداڭ، 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە چېگرا رايون ئەمەسمۇ؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى تەشەببۇس قىلغان، بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە ئۇلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان گۇڭچەنداڭ، 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە چېگرا رايون ئەمەسمۇ؟ دولەت مۇداپىئەسىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 17 شىتۇەنىگە تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگوۋەنگە ۋە شىبېيگە پانا بولۇۋاتقان، خۇابېينى ۋە جاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قوغداۋاتقان، سەنمىنجۇيىنى ۋە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش-ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش گاڭلىڭى»نى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان گۇڭچەنداڭ، 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە چېگرا رايون ئەمەسمۇ؟ ھالبۇكى، ۋاڭ جىڭۋېي گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ۋە ياپونىيە بىلەن دوست بولۇشنى ئاشكارا جاكالىغاندىن بۇيان، ئۇنىڭغا جاڭ جۇنمەي، يې چىڭ قاتارلىق مەلئۇنلار دۈۋەت-

قەلەمىلىرى بىلەن، گومىنداڭغا قارشى تۇرغۇچىلار ۋە جاھىللار سۇركىلىش تۇغدۇرۇش بىلەن ھەمدەملىشىۋاتىدۇ. ئاتاقتا بىرلىك دەپ، ئەمەلدە ھاكىم مۇتلەقلىق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ئىتتىپاقلىق ئەقىدىسىنى چورۇپ تاشلاپ بولۇنۇش ماجراسى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. «سىماجاۋنىڭ غەرىزى ئۆتكەن-كەچكەنلەرگىمۇ مەلۇم.» گومىنداڭ، 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە چېگرا رايون بولسا، قەتئىي رەۋىشتە جا بىرلىككە قارشى تۇرۇپ، جىڭ بىرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىدۇ؛ نامۇۋاپىق بىرلىككە قارشى تۇرۇپ، مۇۋاپىق بىرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىدۇ؛ شەكىلەن بىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەمەلىي بىرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بىرلىك تەسلىم بولۇشنى ئاساس قىلغان بىرلىك ئەمەس، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىشنى ئاساس قىلغان بىرلىك؛ بولۇنۇشنى ئاساس قىلغان بىرلىك ئەمەس، ئىتتىپاقلىشىشنى ئاساس قىلغان بىرلىك؛ ئارقىغا چېكىنىشنى ئاساس قىلغان بىرلىك ئەمەس، ئالغا بېسىشنى ئاساس قىلغان بىرلىك بولۇشى كېرەك. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالغا بېسىشنى ئاساس قىلغان بىرلىك جىڭ بىرلىك، مۇۋاپىق بىرلىك، ئەمەلىي بىرلىكتۇر. بۇلارنى قايرىپ قويۇپ، بىرلىككە يەتمەكچى بولۇش، ھەرقانچە رەڭۋازلىق قىلغان بىلەنمۇ، ھەرقانچە ھىلە-نەيرەڭ ئىشلەتكەن بىلەنمۇ، بەربىر، يول بۇياقتا، ھارۋا ئۇياقتا بولۇپ قالىدۇ، بىز بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلالمايمىز. ھەرقايسى جايلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى بىردەك ئاسراش لازىم، بىرسىنى ئەتىۋالاپ، يەنە بىرسىنى خارلىماسلىق كېرەك؛ ئۇلارغا ئىشىنىش، ئۇلارنى ماددىي جەھەتتىن تەمىنلەش، ئۇلارغا يار-يۆلەك بولۇش،

ئۇلارنى مۇكاپاتلاش كېرەك. كىشلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا مۇغەمبىر-لىك قىلماستىن، سەممى بولۇش، ئىچى تارلىق قىلماستىن، قوساقنى كەڭ تۇتۇش كېرەك. راستىن شۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، يامان غەرەزدىكىلەردىن باشقا، ھېچكىم بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ دولەتنى بىرلىككە كەلتۇرۇش يولىدىن باش تارتمايدۇ. بىرلىك چوقۇم ئىتتى-پاقلىقنى ئاساس قىلىشى، ئىتتىپاقلىق چوقۇم ئالغا بېسىشنى ئاساس قىلىشى لازىم؛ ئالغا باسقاندىلا، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدۇ، ئىتتىپاقلاش-قاندىلا، بىرلىككە كەلگىلى بولىدۇ، بۇلار ھەقىقەتەن ئۆزگەرمەس ھوكۇم. بۇ — قوبۇل كورۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا سۇنىغان ئىككىنچى تەلىۋىمىز.

ئۇچىنچى، شيەنجىڭنى قەتئى يولغا قويۇش. «شۇنىجىڭ» يۇرگۇ-زۇلگىنىگە كوپ يىللار بولدى، قىلچە نەتىجە چىقمىدى. شەيئى راۋاجلىنىپ ئاخىرقى چەككە يەتكەندە، چوقۇم ئەكسىگە ئۆزگىرىدۇ، شۇڭا شيەنجىڭنى باشلاش كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، سوز ئەركىنلىگى بولمايۋاتىدۇ، پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى مەنئى قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايۋاتىدۇ، ھەممىدە تېخى شيەنجىڭغا قارشى ھەرىكەتلەر بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇ ئاساستا شيەنىغا تۆزگەندە، ئۇنىڭ قۇرۇق يارلىقتىن نىمە پەرقى بولسۇن. مۇشۇ ئاساستا شيەنجىڭنى يولغا قويغاندا، ئۇنىڭ بىر پارتىيە مۇستەبىتلىگىدىن نىمە پەرقى بولسۇن. ۋەتەن بېشىغا ئېغىر ئاپەت چۈشكەن ھازىرقى جىددى پەيتتە يەنىلا سىياسەتنى ئۆزگەرتىش كويىدا بولمىغاندا، تاشقىرىدىن ياپون باس-قۇنچىلىرى بىلەن ۋالڭ جىڭۋېي خائىنلىرى ئىچكىرىدىن پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئىچىمىزدە خائىنلار بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتى-مىزنىڭ تەقدىرىنى ئىنتايىن جىددى خەۋپ ئاستىدا قالدۇرىدۇ. شۇڭا

ھوكۇمەت پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ پائالىيىتىنى مەنئى قىلىشنى دەرھال
ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جامائەت پىكرىنى قوللاپ، شىيەنجېڭنى يولغا
قويۇشقا بولغان سەمىمىيىتىنى كۆرسىتىشى لازىم. خەلق ئالدىدا زور
ئىشەنچ قازىنىشتا ۋە دولەتنى يېڭى روھقا ئىگە قىلىشتا، ھەقىقەتەن،
بۇنىڭدىن جىددىي ئىش يوق. بۇ ـــ قوبۇل كۆرۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇ-
شۇڭلارغا سۇنغان ئۈچىنچى تەلىۋىمىز.

تۆتىنچى، سۈركىلىشنى توختىتىش. بۇلتۇر 3 ـ ئايدا «يات پارتىيە-
لەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى» دېگەن نىمە ئوتتۇرىغا
قويۇلغاندىن بۇيان، گوڭچەنداڭنى چەكلەش، گوڭچەنداڭنى ئىزىد-
تىش، گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش شاۋقۇنى پۈتۈن مەملىكەتنى
قاپلاپ كەتتى، پاجىەلەر كەينى ـ كەينىدىن پەيدا بولۇپ، قانلار
سۇدەك ئاقتى. تېخى بۇنى ئاز دەپ، بۇلتۇر 10 ـ ئايدا يەنە «يات
پارتىيىلەر مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىش چارىسى» دېگەن بىر نىمە
پەيدا بولدى. شىبېي، خۇابېي ھەم خۇاجۇڭ رايونلىرىدا ئۇنىڭ
يەنە «يات پارتىيىلەر مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىشنى ئەمەلگە قويۇش
فاڭئەنى» دېگەن نىمىسى پەيدا بولدى. بەزىلەر «گوڭچەنداڭنى
سىياسىي يول بىلەن چەكلەش»تىن «گوڭچەنداڭنى ھەربىي يول بىلەن
چەكلەش» مەزگىلىگە قەدەم قويۇلدى دېيىشمەكتە، دەرۋەقە، شۇن-
داق، بۇ گەپنىڭ ئاساسى بار. گوڭچەنداڭنى چەكلەش گوڭچەنداڭغا
قارشى تۇرۇش دېمەكتۇر. گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ـــ ياپون
باسقۇنچىلىرى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ سۇئىقەستى، جۇڭگونى مۇنقەرىز
قىلىشقا قاراتقان زەھەرلىك تەدبىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 10 يىلنىڭ
ئالدىدىكى پاجىئە يەنە تەكرارلىنىدىغان بولدى، دەپ ھەممە
دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، غۇلغۇلا قىلىشماقتا. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە

يەتتىكى، خۇنەندە پىڭجياڭ پاجەسى يۈزبەردى، خېنەندە چۇيشەن پاجەسى يۈزبەردى، خېبېيدا جاڭ يىنىۋۇ 8 ـ ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىش، شەندۇڭدا چىن چىرۇڭ پارتىزان دۇيلىرىنى يوقىتىش ئىشى يۈزبەردى، شەرقىي خۇبېيدا چىڭ رۇخۇەي گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىدىن 5 ـ 6 يۈز كىشىنى پاجەلىك تۇردە قىردى، شەرقىي گەنسۇدا مەركەز ئارمىيىسى 8 ـ ئارمىيىنىڭ شۇ يەردە تۇرغان قىسىملىرىغا كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلدى، يېقىندا بولسا، سەنشى ئۆلكىسىدە كونا قوشۇن يېڭى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا 8 ـ ئارمىيىنىڭ جېنىدىغا بېسىپ كىرگەن پاجە يەنە تەكرارلاندى. مۇنداق ھادىسىلەر تېزدىن توختىتىلمايدىغان بولسا، ھەممە تەڭ تۈگەيدۇ، ئۇ چاغدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلبىسى توغرىسىدا سوز بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مەنپەئەتىنى كوزدە تۇتۇپ، ھوكۇمەت بارلىق پاجە تۇغدۇرغان ئۇنسۇرلارنى جازالاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشى ھەم پۈتۈن مەملىكەتكە ئەنە شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ تەكرارلىنىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۇرۇشى لازىم. بۇ — قوبۇل كورۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا سۇنغان تۇتىنچى تەلىۋىمىز.

بەشىنچى، ياشلارنى مۇھاپىزەت قىلىش. يېقىندا شەنشىنىڭ يېنىدا جازا لاگىرى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا شىبېي ۋە جۇڭيۈەندىكى ئۆلكىلەردىن 700 دىن ئوشۇق تەرەققىپەرۋەر ياشلار قامالدى، ئۇلار روھىي ھەم جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق ئازاپلانماقتا، مەھبۇسلاردەك تۇتۇلماقتا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى چىدىغۇسىز دەرىجىدە پاجەلىك. ياشلار بۇنچەۋالا زەھەرلىك ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغىدەك نېمە گۇنا قىلغان؟

ياشلار — دۆلەتنىڭ جەۋھىرى، بولۇپمۇ تەرەققىيپەرۋەر ياشلار — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئەڭ قىممەتلىك گۆھەر. ئېتىقات — ھەركىمنىڭ ئۆز ئەركىدىكى ئىش، ئىدېيىنى ھەرگىز قورال كۈچى بىلەن بوغۇپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. ئۆتكەن 10 يىل ئىچىدە يۈرگۈزۈلگەن «مەدەنىيەت جەھەتتە قورشاپ يوقىتىش»نىڭ جىنايەتلىرى ھەممىگە ئايان، شۇنداق تۇرۇقلۇق، نىمە ئۈچۈن بۈگۈن يەنە شۇ سەنەمگە دەسسىمەكچى؟ ھۆكۈمەت تېزدىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بۇيرۇق چىقىرىپ، ياشلارنى مۇھاپىزەت قىلىشى، شەن يېنىدىكى جازا لاگېرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ۋە جايلارنىڭ ياشلارنى خورلاشتەك ياۋۇزلۇقلىرىنى قەتئىي مەنئى قىلىشى لازىم. بۇ — قوبۇل كۆرۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا سۇنغان بەشىنچى تەلىۋىمىز.

ئالتىنچى، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش. ئەڭ ئالدىنقى سەپتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، خىزمەت كۆرسىتىۋاتقان قوشۇنلارنىڭ، مەسىلەن، 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە ۋە باشقا قوشۇنلارنىڭ تەمىناتى تولىمۇ ناچار، كىيىملىرى يېلىڭ، تاماقلىرى ناچار، ئوق - دورىلىرى يېتىشمەيدۇ، داۋالىنىش ئېھتىياجى تولۇق تەمىن ئېتىلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خائىنلار ھېچبىر ئەيمەنمەستىن، ئۇلارغا خالىغانچە بوھتان چاپلىماقتا. مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە ئۆتۈپ كەتكەن ساۋاتسىزلىق بىلەن قىلىنغان سانسىز تۆھمەتلەر قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتتى. خىزمەت كۆرسەتكەنلەر مۇكاپاتلانمايۋاتىدۇ، ئەمگەك سىڭدۈرگەنلەر تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ، ئۇلارغا ھەدەپ زىيانداشلىق قىلىنىۋاتىدۇ، ھەدەپ زەھەرلىك سۇيىقەستلەر قىلىنىۋا-تىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇنگۇەن ۋە ئەسكەرلەر ئېچىنىدىغان،

دۈشمەن ئالقىشلايدىغان غەلىتى ھادىسىلەر بولۇپ، بۇلارغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ. ئارمىيىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، ئۇرۇشقا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت، بىر تەرەپتىن، ئالدىنقى سەپتە خىزمەت كۆرسىتىۋاتقان قوشۇنلارنى ماددىي جەھەتتىن تولۇق تەمىنلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، خائىنلارنىڭ تۆھمەتلىرى ۋە زىيانداشلىقلىرىنى قەتئىي توسۇشى لازىم. بۇ — قوبۇل كۆرۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا سۇنغان ئالتىنچى تەلىۋىمىز.

يەتتىنچى، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى بىكار قىلىش. ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى زاماندىشلىرىمىز تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى جۇ شىڭ ۋە لەي جۇنچېننىڭ①، مىڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى ۋېي جۇڭشيەن ۋە ليۇ جىننىڭ② قىلمىشلىرىغا ئوخشاتماقتا. ئۇلار دىققىتىنى دۈشمەنگە قاراتماي، ھەممە قىلغۇلۇقنى ئۆز كىشىلىرىگە قىلىۋاتىدۇ، ئادەملەرنى ئوت-چۆپتەك قىرىۋاتىدۇ، خالىغىنىچە خىيانەت ۋە پارىخورلۇق قىلىۋاتىدۇ، بۇلار ھەقىقەتەن پىتنە-پاساتنىڭ ئۇۋىسى، رەزىللىك-ئىپلاسلىقنىڭ كانى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بىر قەدەممۇ تۈز باسالمايدىغان، تىكىلىپ قارىيالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتەك بۇنداق ئەشەددىي ياۋۇزلۇقنى بۇ ئەشەددىي ياۋۇز ئىشپىيونلاردىن باشقا ھېچكىم قىلغان ئەمەس. ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ، تەشكىلىنى ئۆزگەرتىپ، ۋەزىپىسىنى پەقەت دۈشمەنگە ھەم ۋەتەن خائىنلىرىغا قارشى تۇرۇش دەپ بەلگىلەپ، خەلقنىڭ ئىخلاسىنى تىكلەش، دۆلەتنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش تولىمۇ زۆرۈر. بۇ — قوبۇل كۆرۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا سۇنغان يەتتىنچى تەلىۋىمىز.

سەككىزىنچى، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى تۈگىتىش. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، ۋەتەن بېشىغا چۈشكەن ئاپەت ھېساۋىغا يۈز مىليون يۇەندىن ئارتۇق بايلىق توپلىۋالغانلار، سەككىز ـ توققۇز كىچىك خوتۇن ئالغانلار بار①. ئەسكەر ئېلىش بولسۇن، زايوم تارقىتىش بولسۇن، ئىگىلىكنى باشقۇرۇش بولسۇن، ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋە قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش بولسۇن ــ ھەممىسى خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئۈچۈن بېيىش پۇرسىتى بولۇپ قالدى. مەملىكەتتە ئەنە شۇنداق بىر توپ چىل بورىلەر بولغانلىقتىن، دولەت ئىشلىرىنىڭ ئوڭشىۋالغۇسىز بولۇپ قالغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. خەلقنىڭ غەزىۋى چېكىگە يەتتى، ئەمما بۇ خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىنى پاش قىلىشقا ھېچكىم پېتىنالمايۋاتىدۇ. مەملىكەتنى گۇمران بولۇش ۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، كەسكىن ھالدا ئۈنۈملۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، بارلىق خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىش ئىنتايىن زورۇر. بۇ ــ قوبۇل كورۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا سۇنغان سەككىزىنچى تەلىۋىمىز.

توققۇزىنچى، «سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. «سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتى»دە: «مەن خەلق ئىنقىلاۋى ئۈچۈن 40 يىل ئىرىشتىم، بۇنىڭدىن مەقسەت جۇڭگونىڭ ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكىنى ئىزلەش ئىدى. 40 يىللىق تەجرىبەمدە، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، خەلقنى ئويغىتىش لازىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەندىم» دېيىلگەن. بۇ نىمە دېگەن ئۇلۇق سوز، بۇنىڭدىن 450 مىليون خەلقىمىزنىڭ ھەممىسى خەۋەردار. ھالبۇكى، بۇ ۋەسىيەتنى يادا ئوقۇپ بېرەلەيدىغانلار كوپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىۋاتقانلار

ئاز. بۇ ۋەسىيەتكە خىيانەت قىلىشقا ئاتقانلار مۇكاپاتلانماقتا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقانلار جازالانماقتا. بۇنىڭدىنمۇ غەلىتە ئىش بارمۇ؟ ھوكۇمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ۋەسىيەتكە خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلغان، خەلقنى ئويغاتماي، ئەكسىچە، خەلقنى ئاياق-ئاستى قىلىشقا ئاتقانلارنى سۈن جۈكشەن ئەپەندىگە ئاسىيلىق قىلغانلار دەپ جازالىشى لازىم. بۇ — قوبۇل كورۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا سۇنغان تونقۇزىنچى تەلىۋىمىز.

ئونىنچى، سەنمىنجۇيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. سەنمىنجۇيى — گومنداڭ ئەمەل قىلىدىغان مەسىلەك. لېكىن گۇگچەنداڭغا قارشى تۇرۇشنى ئوزىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى قىلىۋالغان ئورغۇن كىشىلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىدىن ۋازكەچتى، خەلق قوزغىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغاندا بولسا، ئۇلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن باستۇردى ۋە توستى، بۇ — مىللى مەسلەكتىن ۋازكەچكەنلىك؛ ئەمەلدارلار خەلققە قىلچە دېموكراتىك ھوقۇق بەرمىدى، بۇ — خەلق ھوقۇقى مەسلىگىدىن ۋازكەچكەنلىك؛ خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەت چېكىۋاتقانلىقىنى كورۇپ تۇرۇپ كورمەسلىككە سالدى، بۇ — خەلق تۇرمۇشى مەسلىگىدىن ۋازكەچكەنلىك. بۇ كىشىلەر-نىڭ نەزىرىدە سەنمىنجۇيى يادا ئوقۇلىدىغان دۇرۇتتىنلا ئىبارەت، ئەگەر ئۇنى بىر كىم ھەقىقى يولغا قويسا، ئۇنى ياكى بىھۇدە ئىش قىلدى دەپ مەسخىرە قىلىدۇ، ياكى قاتتىق جازالايدۇ. بۇنداق غەلىتە ھادىسىلەر ناھايىتى كوپ يۈزبەرگەچكە، سەنمىنجۇيىغا بولغان ئېتىقات يوقالماقتا. شۇنىڭ ئۇچۇن، يەنە ئوچۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يولغا قويۇلۇشىغا قاتتىق نازارەت قىلىش تولىمۇ زورۇر. بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق

جازالاش لازىم. بۇيرۇقتا ئەمەل قىلغۇچىلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلاش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا، سەنمنجۇينى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىشىدا بولسا، غەلىبە قازىنىشنىڭ ئاساسىنى قۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ــ قوبۇل كورۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارغا سۇنغان ئۇنىنچى تەلىۋىمىز.

بۇ ئون ماددا ــ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ زور تەدبىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم دەستۇرى. دۈشمەننىڭ بىزگە قاراتقان سۈئىقەستى بارغانسىرى جىددىيلىشىۋاتقان، خائىن ۋاڭ جىڭۋېي ھەددىدىن ئېشىپ قۇتراۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، بىز كوڭلىمىزدىكى ئەندىشىلىرىمىزنى ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئەگەر بۇ تەلەپلىرىمىز قوبۇل كورۇلۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىكەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن زور بەخت ـ سائادەت بولىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئازاتلىق ئىشى ئۈچۈن زور بەخت ـ سائادەت بولىدۇ. يۇقۇرىدا ئىزھار قىلىنغان جىددى تەلەپلىرىمىزگە جاۋاپ كۈتىمىز.

## ئىزاھلار

① جۇ شىڭ ۋە لەي جۇنچېن ــ مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇ زېتيەن زامانىسىدا ئوتكەن زالىم ئەمەلدارلار. ئۇلار كەڭ كولەملىك مەخپى چارلاش ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، ئوزلىرىگە ياقمايدىغان ئادەملەرنى تۇرلۇك يالغان ئەيىپلەر بىلەن خالىغانچە قولغا ئالاتتى ۋە خىلمۇ ـ خىل قىيىن ـ قىستاقلار بىلەن پاجىەلىك ھالدا ئولتۇرەتتى.

② ليۇ جىن ــ مىلادى 16 ـ ئەسىردە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇزۇڭ

زامانىسدا ئۆتكەن ھەرەمئاغىسى؛ ۋېي جۇڭشيەن — مىلادى 17 - ئەسىردە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى شىزۇڭ زامانىسىدا ئۆتكەن ھەرەمئاغىسى. ئۇلار چاكۇبېي دەپ ئاتالغان ناھايىتى زور ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى بىلەن زور ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋالغان بولۇپ، خەلقنىڭ سوز ۋە ھەرىكىتىنى تىزگىنلىۋالغان ئىدى. ئۇلارغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ ھەممىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئولتۇرۇلەتتى.

③ بۇ گومنداڭنىڭ شۇ چاغدا شەنشىدە تۇرۇشلۇق ئەكسىيەتچى ھەربى باشلىقلىرىدىن بولغان جياڭ دىڭۋېننى كورسىتىدۇ.

# «جۇڭگو گۇڭرېن» ژۇرنلننڭ نەشر قلنشغا بېغشلما

**(1940 ـ يل 2 ـ ئاينڭ 7 ـ كۈنى)**

«جۇڭگو گۇڭرېن» ژۇرنلننڭ① نەشر قلنشى زورۇر ئدى. جۇڭگو ئشچلار سنپى 20 يلدن بۇيان ئۆز پارتيسننڭ ــــ جۇڭگو گۇڭچەنداڭننڭ رەھبەرلگدە قەھرمانانە كۈرەشلەرنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن مەملكەت خەلقننڭ ئەڭ ئاڭلق قسمى بولۇپ قالدى، جۇڭگو ئنقلاۋننڭ رەھبرى بولۇپ قالدى. جۇڭگو ئشچلار سنپى دېخانلار بلەن ۋە بارلق ئنقلاۋي خەلق بلەن برلشپ، جاھانگرلككە ۋە فېئودالزمغا قارشى تۇرۇۋاتدۇ، يېڭى دېموكراتىك جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قلۋاتدۇ، ياپون جاھانگرلگنى قوغلاپ چقرش ئۈچۈن كۈرەش قلۋاتدۇ، ئۇنڭ كورسەتكەن بۇ خزمەتلرى ئنتاين ئۇلۇق. لېكن جۇڭگو ئنقلاۋى تېخى ۋۇجۇتقا چقمدى، بۇنڭ ئۈچۈن تېخى ناھايتى كوپ كۈچ چقرپ، ئۆزلرى ئتتپاقلششى، دېخانلار بلەن ۋە

باشقا ئۇيۇشاق بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، زىيالىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، بارلىق ئىنقىلاۋىي خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى لازىم. بۇ— ناھايىتى زور سىياسى ۋەزىپە ۋە تەشكىلىي ۋەزىپە. بۇ— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى، بۇ— ئىشچىلار سىنىپى ئىلغارلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، بۇ— پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەسئۇلىيىتى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ ئۇزۇل-كېسىل ئازاتلىقى پەقەت سوتسىيالىزم ئەمەلگە ئاشقان دەۋردىلا قولغا كېلىدۇ، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. لېكىن جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىزم باسقۇچىغا قەدەم قويغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ۋە خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش— جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى. «جۇڭگو گۇڭرېن» ژۇرنىلىنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئەنە شۇ ۋەزىپە ئۈچۈن.

«جۇڭگو گۇڭرېن» ژۇرنىلى ئىشچىلار ئاممىسىغا ئاممىباپ تىل بىلەن نۇرغۇن داۋالارنى چۈشەندۈرۈپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ، بۇ كۈرەشنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

«جۇڭگو گۇڭرېن» ژۇرنىلى ئىشچىلارنى تەربىيىلەيدىغان، ئىشچى كادىرلار يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان مەكتەپ بولۇشى لازىم، «جۇڭگو گۇڭرېن» ژۇرنىلىنى ئوقۇيدىغان كىشىلەر مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇ-

چىلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئىشچىلار ئارىسىدىن كۆپلەپ كادىر تەربىيىلەپ چىقىش كېرەك، ئۇلار بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولۇشى، قۇرۇق ئاتاقتا بېرىلمەي، ئەمەلىي ئىش قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. زور بىر تۈركۈم مۇشۇنداق كادىر بولماي تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىشچىلار سىنىپى ئىنقىلاۋىي زىيالىيلارنىڭ ياردىمىنى قارشى ئېلىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى رەت قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى ئالغا باسالمايدۇ، ئىنقىلاپمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

مەن بۇ ژۇرنالنىڭ ئوبدان يولغا قويۇلۇپ كېتىشىنى، جانلىق ماقالىلارنى كۆپرەك بېسىشىنى، ئۆلۈك، بىر قېلىپتا، چۈشىنىكسىز، تەمسىز، كۈچسىز بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

بىر گېزىت-ژۇرنال چىقىرىلغان ئىكەن، ئۇنى بىر ئىش دەپ ئىشلەش، ئۇنى چوقۇم ياخشى يولغا قويۇش لازىم. بۇ — گېزىت-ژۇرنال چىقىرىدىغانلارنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالماي، ئوقۇيدىغانلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى. ئوقۇيدىغانلار پىكىر بېرىپ تۇرۇشى، قىسقا خەت ۋە قىسقا ماقالىلارنى يېزىپ ئەۋەتىپ تۇرۇشى، نېمىگە قىزىقىدىغانلىقى، نېمىگە قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇشى لازىم، بۇ ناھايىتى مۇھىم، ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنى ياخشى چىقارغىلى بولىدۇ.

يۇقۇرىدىكىلەر — مېنىڭ ئۈمىدىم، ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما بولۇپ قالار.

## ئىزاھ

① «جۇڭگو گۇڭرېن» ئايلىق ژۇرنىلى 1940 ـ يىل 2 ـ ئايدا يەنئەندە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، جۇڭگونىڭ جۇڭگيالىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەرىكىتى ۋېيۈەنخۇيى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان.

# ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالغا بېسىشنى تەكىتلەش كېرەك*

**(1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)**

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىش، ئالغا بېسىش — بۇلار گۇڭچەندالڭ بۇلتۇر «7 ـ ئىيۇل» خاتىرىسى كۈنى ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ چوڭ فاڭجېن. بۇ — ئۈچ جەھەت بىرگەۋدە بولغان فاڭجېن، ئۈچىدىن بىرسىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. ئەگەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشلا تەكىتلىنىپ، ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالغا بېسىش تەكىتلەنمەيدىغان بولسا، ئۇ هالدا، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش»ئىشەنچلىك بولماي قالىدۇ، ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ. ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالغا بېسىش گاڭلىكى بولمىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاقىۋەت بىر كۈنى تەسلىم بولۇشقا ئۆزگىرىدۇ ياكى مەغلۇبىيەتكە مەهكۇم بولىدۇ. بىز كوممۇنىستلار، بۇ ئۈچىنى جەزمەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك، دەپ قارايمىز. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن،

تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىمگە قارشى تۇرۇش، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قورچاق هوكۇمىتىگە قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپكە يوشۇرۇ-نۇۋالغان بارلىق ۋەتەن خائىنلىرىغا ۋە تەسلىمچىلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم. ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن، بولگۇنچىلىك هەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش، ئىچكى سۈركىلىشلەرگە قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپنىڭ ئارقا تەرىپىدىن 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە بارلىق تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرگە هۇجۇم قىلىشقا قارشى تۇرۇش، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرنى بۇزۇشقا قارشى تۇرۇش، 8-ئارمىينىڭ ئارقا سېپى بولغان شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنى بۇزۇشقا قارشى تۇرۇش، گومىنداڭنىڭ قانۇنسىز ئورنىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا قارشى تۇرۇش، قاردەك ياغدۇرۇلغان «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالى-يەتلىرىنى چەكلەش» هەققىدىكى هوججەتلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم. ئالغا بېسىش ئۈچۈن، ئارقىغا چېكىنىشكە قارشى تۇرۇش، سەنمىنجۇيىنى ۋە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش-ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش گائىلىكى»نى يىغىشتۇرۇپ تاختىۋېتىشقا ئېلىپ قويۇشقا قارشى تۇرۇش، «سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتى» دىكى «خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش» دىگەن يولىيورۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىققا قارشى تۇرۇش، تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنى جازا لاگېرىغا تاشلاشقا قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بولغان ئازغىنا سوز ۋە مەتبۇئات

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەن «شىنجۇڭخۇا باۋ» گېزىتىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان ماقالا.

ئەركىنلىكلىرىنىمۇ پاك-پاكىز ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، شېنجياڭ ھەرىكىتىنى ئاز سانلىق كىشىلەر ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدىغان گۇەنلياۋ ئىشىغا ئايلاندۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، سەنشىدە بولغان يېڭى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلىش، پىداكارلىق ئىتتىپاقىنى نابۇت قىلىش ۋە تەرەققىپەرۋەر خادىملارنى پاجىەلىك تۇردە قىرغىن قىلىشقا① ئوخشاش ئىشلارغا قارشى تۇرۇش، سەنمىنجۇيىلىق چىڭنىيەنتۇەنىنىڭ شېنىياڭ-يۈيلىن تاشيولى ۋە لۇگۇخەي تۆمۈر يولى بويىدا يول توسۇپ ئادەم تۇتۇشقا قارشى تۇرۇش②، توققۇزلاپ كىچىك خوتۇن ئېلىش ھەم ۋەتەن بېشىغا چۈشكەن ئاپەت ھېساۋىغا يۈز مىليون يۈەنلەپ پۇل تېپىپ بېيىشتەك نومۇسسىزلىقلارغا قارشى تۇرۇش، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ زوراۋانلىقىغا ۋە تۇخاۋلىېشېنلارنىڭ قۇتراشلىرىغا قارشى تۇرۇش لازىم. بۇنداق قىلمىغاندا، ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالغا بېسىش بولمىغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىمەن دېيىش قۇرۇق ۋاقىراشلا بولۇپ قالىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن ئۈمىت قالمايدۇ. «شىنجۇڭخۇا باۋ» گېزىتىنىڭ ئىككىنچى يىلدىكى سىياسى يۆنىلىشى نېمىدىن ئىبارەت؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق زەھەرلىك بۇسلارغا قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىشىنى يەنىمۇ زور غەلىبىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالغا بېسىشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

## ئىزاھلار

① پىداكارلىق ئىتتىپاقى — 1936-يىلىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتا سەنشى

ئۆلكىسىدە قۇرۇلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يەرلىك ئاممىۋى تەشكىلات «سەنشى ئۆلكىسى پىداكارلىق بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىتتىپاقى»نىڭ قىسقارتىلغان نامى. بۇ تەشكىلات گۇڭچەنداڭ بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، سەنشى ئۆلكىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان ئىدى. 1939-يىل 12-ئايدا يەن شىشەن سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا پىداكارلىق ئىتتىپاقىنى نابۇت قىلىشقا ئوچۇقتىن-ئوچۇق كىرىشتى، نۇرغۇن گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى، پىداكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ كادىرلىرى ۋە ئاممە ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەرلەر دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى.

② 1939-يىلدىن باشلاپ گومىنداڭ ئىشپىيون ئېۋەتىپ، ئۇلارنى ھەربىي قوشۇنلارغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قولچوماق تەشكىلاتى بولغان سەنمىنجۇيىلىق چىڭنىيەنتۇەننىڭ «مېھمانخانىسى» دېگەن نام ئاستىدا، شيەنياڭ-يۈيلىن تاشيولى ۋە لۇڭخەي تۆمۈر يوللىرىدا نۇرغۇن قامال پۇنكىتلىرىنى قۇردى، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىغا بارىدىغان ياكى بۇ رايوندىن كەلگەن تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ۋە زىيالى-لارنى تۇتۇپ قېلىپ، ئۇلارنى جازا لاگېرلىرىغا ئېۋەتىپ، نەزەربەنت قىلدى، دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈردى ياكى ئىشپىيون بولۇشقا مەجبۇر قىلدى.

# يېڭى دېموكراتىك شيەنجېڭ*

**(1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)**

بۈگۈن يەنئەن ھەر ساھە خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ يەردە شيەنجېڭنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، كۆپچىلىك شيەنجېڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، بۇ ــ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش. بىزنىڭ بۇ ئۇيۇشمىمىز نېمىنى مەقسەت قىلىدۇ؟ خەلق ئىرادىسىنى جارى قىلدۇرۇش، ياپونىيىنى يېڭىش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ھەممە ماقۇل كۆرىدۇ، بۇ ئىش ھازىر قىلىنىۋاتىدۇ، ئەمدى گەپ پەقەت ئۇنى قەتئىي داۋام قىلدۇرۇشتا. لېكىن، دېموكراتىيە دېگەن يەنە بىر ئىش بار، بۇ ئىش ھازىر تېخى قىلىنغىنى يوق. بۇ ئىككى ئىش ــ ھازىرقى ۋاقىتتا جۇڭگو ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك زور ئىش. جۇڭگو ئۈچۈن كەملىك قىلىۋاتقان نەرسىلەرغۇ ناھايىتى كۆپ، لېكىن، ئاساسەن، ئىككى نەرسە كەم: بىرى ــ مۇستەقىللىق، بىرى ــ دېموكراتىيە. بۇ ئىككى نەرسىدىن بىرى كەم بولسا، جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان

يولغا قويغىلى بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن، ئىككى نەرسە كەملىك قىلىۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىككى نەرسە ئۇشۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇشۇقلۇق قىلىۋاتقان ئىككى نەرسە نىمە؟ بىرى — جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمى، بىرى — فېودالىزىمنىڭ زۇلمى. مۇشۇ ئىككى نەرسە ئۇشۇق بولغانلىقتىن، جۇڭگو مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېوداللىق مەملىكەتكە ئايلىنىپ قالدى. ھازىر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىز تەلەپ قىلىۋاتقان نەرسە، ئاساسەن، مۇستەقىللىق ۋە دېموكراتىيە، شۇڭا، جاھانگىرلىكنى بۇزۇشىمىز كېرەك، فېودالىزىمنى بۇزۇشىمىز كېرەك. بۇ نەرسىلەرنى قەتئى، ئۇزۇل-كېسىل بۇزۇش كېرەككى، ھەرگىز قىلچىمۇ رەھىم قىلغىلى بولمايدۇ. بەزىلەر، پەقەت قۇرۇشلا كېرەك، بۇزۇش كېرەك ئەمەس، دەيدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا، ۋاڭ جىڭۋېينى بۇزۇش كېرەكمۇ-كېرەك ئەمەسمۇ؟ ياپون جاھانگىرلىكىنى بۇزۇش كېرەكمۇ-كېرەك ئەمەسمۇ؟ فېوداللىق تۈزۈمنى بۇزۇش كېرەكمۇ-كېرەك ئەمەسمۇ؟ بۇ يامان نەرسىلەرنى بۇزماي تۇرۇپ، قۇرۇشنى خىيال قىلما. پەقەت مۇشۇ نەرسىلەرنى بۇزغاندىلا، جۇڭگو ئاندىن نىجاتلىق تاپالايدۇ، جۇڭگو ئاندىن قۇرۇشقا كىرىشەلەيدۇ، بۇزماي تۇرۇپ، قۇرىمەن دېيىش جۆيلىگەنلىك بولىدۇ، خالاس. پەقەت كونا، چىرىك نەرسىلەرنى بۇزغاندىلا،

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەن شيەنجېڭنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق. شۇ ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدىكى بىرمۇنچە يولداشلار جياڭ جيېشىنىڭ شيەنجېڭنى يولغا قويۇش دېگەن ئالدامچىلىق تەشۋىقاتى بىلەن قايمۇقۇپ قېلىپ، گومىنداڭ شيەنجېڭنى راستىنلا يولغا قويىدىغاندەك تۇرىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ نۇتقىدا جياڭ جيېشىنىڭ بۇنداق

ئاندىن يېڭى، ساغلام نەرسىلەرنى قۇرغىلى بولىدۇ. مۇستەقىللىق بىلەن دېموكراتىيىنى بىرلەشتۈرۈش دېموكراتىيە ئاساسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتۇر، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئاساسىدىكى دېموكراتىيىدۇر. دېموكراتىيە بولمىغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەغلۇپ بولىدۇ. دېموكراتىيە بولمىغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى داۋام قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. دېموكراتىيە بولغاندا بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش 5 ـ 10 يىل سوزۇلغان تەقدىردىمۇ، سوزسىز غەلىبە قازىنىمىز.

شيەنجېڭ دېگەن نىمە؟ بۇ ــ دېموكراتىك سىياسى. مەن يولداش ۋۇلاۋ① نىڭ بايا سوزلىگەن سوزىگە قوشۇلىمەن. لېكىن هازىر بىز تەلەپ قىلىۋاتقان دېموكراتىك سىياسى قانداق دېموكراتىك سىياسى؟ ئۇ ــ يېڭى دېموكراتىك سىياسى، يېڭى دېموكراتىك شيەنجېڭ. ئۇ كونا، ۋاقتى ئوتۇپ كەتكەن، ياۋروپا ـ ئامېرىكا ئەللىرىچە بولغان، بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت بولغان ئاتالمىش دېموكراتىك سىياسى ئەمەس؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخى سوۋېت ئىتتىپاقىچە بولغان، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت بولغان دېموكراتىك سىياسىمۇ ئەمەس.

---

ئالدامچىلىقنى ئېچىپ تاشلىدى، شيەنجېڭ تەشۋىقاتىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى خەلقنىڭ ئېڭىنى ئېچىپ، جياڭ جيېشىدىن دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك تەلەپ قىلىدىغان قۇرالغا ئايلاندۇردى. شۇڭا جياڭ جيېشى ئوزىنىڭ ئالدامچىلىقنى دەرهال يىغىشتۇرۇپ قويدى، پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە شيەنجېڭ دېگەن نىمىنى ئىككىنچى تەشۋىق قىلالمىدى.

ئۇنداق كونىچە دېموكراتىيە چەتئەللەردە يۇرگۈزۈلگەن ئىدى، ھازىر زاۋال تېپىپ، ئەكسىيەتچىل نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق ئەكسىيەتچىل نەرسىنىڭ بىزگە ھەرگىز كېرىكى يوق. جۇڭگودىكى جاھىللار ئېيتىۋاتقان شيەنجېڭ — چەتئەللەردە بولغان، كونىچە، بۇرژۇئاچە دېموكراتىك سىياسى. ئۇلار ئاغزىدا بۇنداق شيەنجېڭنى يۇرگۈزىمىز دېگىنى بىلەنمۇ ھەقىقى يۇرگۈزمەكچى ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ بىلەن خەلقنى ئالدىماقچى. ئۇلارنىڭ ئەمەلدە يۇرگۈزمەكچى بولغىنى — فاشىستلىق بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى. جۇڭگو مىللى بۇرژۇ-ئازىيىسى بولسا، مۇشۇنداق شيەنجېڭنى ھەقىقەتەن خالايدۇ، جۇڭگودا بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنى يولغا قويۇشنى خالايدۇ. لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى بۇنداق نەرسىنى خالىمايدۇ، جۇڭگو خەلقى بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت بىر سىنىپنىڭ دىكتاتۇرا يۇرگۈزۈشىنى قارشى ئالمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئىشىغا چوقۇم جۇڭگولۇقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىگىدارچىلىق قىلىشى كېرەك، بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت بىر سىنىپنىڭ سىياسىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قانداق؟ بۇ، تەبىي، ناھايىتى ياخشى، پۈتۈن دۇنيا كەلگۈسىدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يولغا قويىدۇ. ئەمما بۇنداق دېموكراتىيىنى ھازىرقى جۇڭگودا تېخى يولغا قويغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىزگە ئۇنى ۋاقتىنچە يۇرگۈزمەسلىككە توغرى كېلىدۇ. كەلگۈسىدە مۇئەييەن شەرت-شارائىت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يولغا قويغىلى بولىدۇ. ھازىر بىزنىڭ جۇڭگوغا زۆرۈر بولۇۋاتقان دېموك-راتىك سىياسى كونىچە دېموكراتىيىمۇ ئەمەس، تېخى سوتسىيالىستىك

دېموكراتىيمۇ ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ ھازىرقى دولەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى دېموكراتىزىم. ھازىر يولغا قويۇلماقچى بولۇۋاتقان شىيەنجېڭ يېڭى دېموكراتىك شىيەنجېڭ بولۇشى كېرەك.

يېڭى دېموكراتىك شىيەنجېڭ دېگەن نىمە؟ بۇ — بىرقانچە ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ بىرلىشىپ، ۋەتەن خائىنلىرىغا ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قاراتقان دىكتاتۇرىسى. بۇرۇن بىرەيلەن: «بار تاماقنى ھەممەيلەن تەڭ يەيلى» دېگەن سوزنى ئېيتقان ئىكەن. مېنىڭچە، بۇنى يېڭى دېموكراتىزىمغا تەمسىل قىلسا بولىدۇ. بار تاماقنى ھەممەيلەن تەڭ يەيدىكەنمىز، بىر پارتىيە، بىر گۇرۇھ، بىر سىنىپ دىكتاتۇرا يۈرگۈزسە بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئېيتىلغان سوزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «جۇڭگو گومىنداڭنىڭ 1-نوۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاپنامىسى»دىكى سوزى. بۇ خىتاپنامىدە: «يېقىنقى زامان دولەتلىرىدە خەلق ھوقۇقى تۈزۈمى دەپ ئاتالغان تۈزۈم، كوپىنچە، بۇرژۇئازىيىگە خاس بولۇپ، ئاددى خەلقنى ئېزىش قۇرالىغا ئايلىنىپ قالدى. گومىنداڭنىڭ خەلق ھوقۇقى مەسلىكى بولسا، ئۇمۇمى ئاددى خەلققە ئورتاق بولۇپ، ئازچىلىق ئادەملەر ئىگىلەپ خۇسۇسى قىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس» دېيىلگەن. يولداشلار، بىز شىيەنجېڭنى تەتقىق قىلغاندا، ھەرخىل كىتاپلارنى ئوقۇشىمىز كېرەك، لېكىن بولۇپمۇ مۇشۇ خىتاپنامىنى ئوقۇشىمىز كېرەك، بۇ خىتاپنامىدە ئېيتىلغان يۇقۇرقى بىرنەچچە ئېغىز سوزنى پىششىق ئوقۇپ، ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. «ئۇمۇمەن ئاددى خەلققە ئورتاق بولۇپ، ئازچىلىق ئادەملەر ئىگىلەپ خۇسۇسى قىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس» دېگەن سوزلەر — بىز ئېيتقان يېڭى دېموكراتىك شىيەنجېڭنىڭ كونكرېت مەزمۇنى، بىرقانچە ئىنقىلاۋىي

سىنىپلارنىڭ بىرلىشىپ، ۋەتەن خائىنلىرىغا ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قاراتقان دېموكراتىك دىكتاتورىسى، بۈگۈن بىزگە زورۇر بولۇ-ۋاتقان شىيەنجېڭ. بۇنداق شىيەنجېڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك شىيەنجېڭ بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ.

بۈگۈن بىز ئوتكۇزۇۋاتقان بۇ يىغىن شىيەنجېڭنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى دەپ ئاتىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن «ئىلگىرى سۈرۈش» لازىم؟ ئەگەر ھەممە ئىلگىرىلەۋاتقان بولسا، ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى. بىز بىرمۇنچە ھەشەم بىلەن يىغىن ئوتكۇزۇۋاتىمىز، نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بەزىلەر ئىلگىرىلىمەيۋاتىدۇ، مىدىرلىماي يېتىۋېلىۋاتىدۇ، ئىلگىرىلەشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ. ئۇلار ئىلگىرىلەش توغۇل ئارقىغا چېكىنىۋاتىدۇ. سەن ئۇنى ئىلگىرىلەشكە ئۈندىسەڭ، ئۇ ئولىمۇ ئىلگىرىلەشكە ئۇنىمايدۇ، بۇنداقلار جاھىل ئۇنسۇر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار جاھىللىقتا ئۇچىغا چىققان، شۇڭا بىزگە يىغىن ئوتكۇزۇپ، ئۇلارنى «ئىلگىرى سۈرۈپ» قويۇشقا توغرى كېلىۋاتىدۇ. بۇ «ئىلگىرى سۈرۈش» دېگەن سوز نەدىن چىققان؟ كىم كەشىپ قىلغان؟ بۇ سوزنى بىز كەشىپ قىلغان ئەمەس، بۇنى بىر ئۇلۇق ئادەم كەشىپ قىلغان، «مەن خەلق ئىنقىلاۋى ئۈچۈن 40 يىل تىرىشتىم» دەپ ئېيتقان ھورمەتلىك زات كەشىپ قىلغان، سۈن جۇڭشەن ئەپەندى كەشىپ قىلغان. قاراڭلار، ئۇنىڭ ئەنە شۇ ۋەسىيىتىدە «يېقىندا مەن گومىنخۇيىي چاقىرىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدىم، ...... بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە چاقىرىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى «ئىلگىرى سۈرۈش» لازىم، دەپ ئالاھىدە ۋەسىيەت قىلدىم» دەپ يېزىلمىغانمىدى؟ يولداشلار، بۇ «ۋەسىيەت» ئۇنداق-مۇنداق «ۋەسىيەت» ئەمەس، بەلكى «ئالاھىدە ۋەسىيەت». «ئالاھىدە

ۋەسىيەت» پەۋقۇلئاددە ۋەسىيەت دېمەكتۇر، ئۇنى سەل قاراپ ئېتىۋارسىز تاشلاپ قويۇشقا قانداقمۇ يول قويغىلى بولسۇن! ۋەسىيەتتە ئېيتىلغىنى — «ئەڭ قىسقا مۇددەت»، بۇ، بىرىنچىدىن، ئەڭ ئۇزاق مۇددەت ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ئۇزاقراق مۇددەت ئەمەس، ئۈچىنچىدىن، ئادەتتىكىچە قىسقا مۇددەتمۇ ئەمەس، بەلكى «ئەڭ قىسقا» مۇددەت. گومىنخۇيىنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە چاقىرىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى «ئىلگىرى سۈرۈش» كېرەك. سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 15 يىل بولدى، ئۇ تەشەببۇس قىلغان گومىنخۇيىي ھازىرغىچە چاقىرىلمىدى. ھەر كۈنى شۇنچىلىك ھەققىدە داۋراڭ سېلىپ، ۋاقىتنى پۈتۈنلەي بىھۇدە زايە قىلىشىۋەتتى، ئەڭ قىسقا مۇددەتنى ئەڭ ئۇزاق مۇددەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇپ، يەنە تېخى، بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسىلا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنى شىپى كەلتۈرۈشىدۇ. ئۇ ئالەمدىكى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ روھى بۇ يارىماس ئەۋلادلارغا قانچىلىك لەنەت ئوقۇۋاتقاندۇ! ھازىر ئىش ناھايىتى چۈشىنىشلىك، ئىلگىرى سۈرمىسەڭ، جەزمەن ئىلگىرىلىمەيدۇ، نۇرغۇن ئادەملەر ئارقىغا چېكىنىۋاتىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەر تېخى ئويغانمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىلگىرى سۈرۈش» لازىم.

ئىلگىرىلىمىگەن بولغاچقا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىلگىرىلەش ئاستا بولغاچقا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنلىرىنى كەڭ تۈردە ئوتكۈزۈۋاتىمىز. ياشلارنىڭ شيەنجېڭنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىمۇ، ئاياللارنىڭ شيەنجېڭنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىمۇ، ئىشچىلارنىڭ شيەنجېڭنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىمۇ، مەكتەپلەرنىڭ، ئىدارىلەرنىڭ ۋە ھەربىي قىسىملارنىڭ

شيەنجېڭنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنلىرىۋ — ھەممىسى كوتۇرەڭگۈ روھ بىلەن ناھايىتى ئوبدان ئوتكۇزۇلدى. بۈگۈن بىز يەنە بىر ئۇمۇمى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئوتكۇزۇپ، ھەممە بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرۈۋاتىمىز، بۇنىڭدىن مەقسەت — شيەنجېڭنى تېزرەك يولغا قويدۇرۇش، سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تەلىملىرىنى تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرغۇزۇش.

بەزىلەر، ئۇلار باشقا يەرلەردە تۇرسا، سىلەر يەنئەندە تۇرساڭلار، سىلەر ئىلگىرى سۈرسەڭ دىگىنىڭلار بىلەن ئۇلار قولاق سالمىسا، بۇنىڭ نىمە رولى بولىدۇ؟ دەيدۇ. رولى بولىدۇ. چۈنكى ئىش ئۇلغىيىۋاتىدۇ، ئۇلار قولاق سېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. يىغىنلارنى كوپلەپ ئوتكۇزۇۋەرسەك، ماقالىلارنى كوپلەپ يېزىۋەرسەك، نۇتۇقلارنى كوپلەپ سوزلەۋەرسەك، ديەنباۋلارنى كوپلەپ سوقۇۋەرسەك، ئۇلارنىڭ قولاق سالماي ئىلاجى يوق. مېنىڭچە، يەنئەندە ئوتكۇزۇلۇۋاتقان نۇرغۇن ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنلىرىمىزنىڭ ئىككى ئەھمىيىتى بار. بىرىنچىسى — تەتقىق قىلىش، ئىككىنچىسى — قوزغاش. نىمشقا تەتقىق قىلىمىز؟ ئۇلار ئىلگىرىلىمىسە، سەن ئۇلارنى ئىلگىرى سۈرسەن، ئەگەر ئۇلار سەندىن: نىمشقا بىزنى ئىلگىرى سۈرسەن؟ دەپ سوراپ قالسا، ئۇ چاغدا، بىزگە بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە توغرى كېلىدۇ. سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن شيەنجېڭنىڭ داۋالىرىنى ئوبدان تەتقىق قىلىش كېرەك. باياتىن يولداش ۋۇلاۋ نۇرغۇن سوزلەرنى سوزلىدى، بۇلارنىڭ ئوزى — داۋلى. مەكتەپلەر، ئىدارىلەر، ھەربى قىسملار، ھەر ساھە خەلقى ھازىرقى شيەنجېڭ مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشى لازىم.

بىز تەتقىق قىلىپ چىقالىساق، باشقىلارنى قوزغاش ئاسان بولىدۇ.

قوزغاشنىڭ ئۆزى — «ئىلگىرى سۈرۈش»، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قوزغىساق، ئۇلار ھەر تەرەپتىن ئاستا-ئاستا قوزغىلىدۇ. ئاندىن كېيىن نۇرغۇن ئۇششاق ئېقىن سۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ بىر دەرياغا ئايلاندۇرۇپ، بارلىق چىرىك، زۇلمەتلىك نەرسىلەرنى پاك-پاكىز ئېقىتىۋەتسەك، يېڭى دېموكراتىك شىيەنجېڭ مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنداق قوزغاشنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. يەنئەننىڭ ئىش-ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

يولداشلار، سىلەرچە، يېقىن ئۆتكۈزۈش، دېيەنباۋ سوقۇش بىلەنلا جاھىل ئۇنسۇرلار ئوڭشۇلۇپ كېتەرمۇ؟ ئۇلار ئالغا باسارمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزغا بويسۇنارمۇ؟ ياق، ئۇلار ئانچىۋالا ئاسانلىقچە سۆزگە كىرمەيدۇ. نۇرغۇن جاھىل ئۇنسۇرلار باركى، ئۇلار مەخسۇس جاھىللىق مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ چىققان. ئۇلار بۈگۈن جاھىللىق قىلىدۇ، ئەتە جاھىللىق قىلىدۇ، ئۆگۈنلۈككىمۇ جاھىللىق قىلىدۇ. جاھىللىق دېگەن نېمە؟ جاھىللىق — كاجلىق، بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ، ئۆگۈنمۇ ئالغا باسماسلىق دېگەن سۆز. بۇنداق ئادەملەر جاھىل ئۇنسۇر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق جاھىل ئۇنسۇرلارنى سۆزىمىزگە كىرگۈزۈش ئاسان ئىش ئەمەس.

دۇنيادا ئىلگىرىدىن بولۇپ كېلىۋاتقان شىيەنجېڭ ئەنگلىيىدە، فرانسىيىدە، ئامېرىكىدا ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولۇن — ھەممىسىدە ئىنقىلاپ ۋۇجۇتقا چىقىپ، دېموكراتىيە فاكتقا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنى توپ قانۇن ئېلان قىلىپ، ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى، بۇ قانۇن شىيەنفادۇر. جۇڭگودا بولسا، ئۇنداق ئەمەس. جۇڭگودا ئىنقىلاپ تېخى ۋۇجۇتقا چىقمىدى، مەملىكىتىمىزدە بىزنىڭ

چېگرا رايونىمىز قاتارلىق يەرلەردىن باشقا جايلاردا دېموكراتىك سىياسىي تېخى فاكتقا ئايلانغىنى يوق. جۇڭگودا ھازىرقى فاكت يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق سىياسىدىن ئىبارەت، ئۇبدان بىر شيەنفا ئېلان قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇ مۇقەررەر رەۋىشتە فېئودال كۈچلەرنىڭ قارشىلىغىغا، جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ توسقۇنلۇغىغا ئۇچرايدۇ، ئۇنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويىمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى شيەنجېڭ ھەرىكىتى دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ فاكتقا ئايلانغانلىغىنى ئىسپات قىلىش ئەمەس، بەلكى تېخى قولغا كەلتۈرۈلمىگەن دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بولىدۇ. بۇ زور بىر كۈرەش، ھەرگىز ئاسان چۈشىدىغان ئىش ئەمەس.

ھازىر ئەزەلدىن شيەنجېڭغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن بەزى ئادەملەرمۇ② شيەنجېڭدىن سۆز ئاچىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن شيەنجېڭدىن سۆز ئاچىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ قىستىشى بىلەن ئىلاجسىز قالدى، شۇنداق قىلىپ قويىماي بولمىدى. بەلكى ئۇلار تېخى ئۈنىنىڭ بېرىچە: «بىز شيەنجېڭنى ئىزچىل قۇۋۋەتلەپ كېلىۋاتىمىزغۇ!» دەپ ۋاقىراشماقتا، داقا-دۇمباق چېلىشىپ داۋراڭ كوتۈرۈشمەكتە. بىز شيەنجېڭ دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلىغىلى خېلى يىللار بولدى، ئەمما ھازىرغىچە شيەنجېڭنىڭ سايىسىنىمۇ كورمىدۇق. ئۇلارنىڭ ئېيتىۋاتقىنى بىر خىل، قىلىۋاتقىنى يەنە بىر خىل، بۇ شيەنجېڭغا نىسبەتەن ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق ئىككى يۈزلىمىلىك — «ئىزچىل قۇۋۋەتلەپ كېلىۋاتىمىز» دېگەن نېمىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسى. ھازىرقى جاھىل ئۇنسۇرلار ئەنە

شۇنداق ئىككى يۈزلىمىلىكلەر. ئۇلارنىڭ شيەنجېڭى — ئادەم ئالدايدىغان نەرسە. كورۇپ قالسىلەركى، پات يېقىندا، ئېھتىمال، بىر شيەنفا، ئاندىن بىر دازۇڭتۇڭ چىقىپ قالىدۇ. ئەمما دېموكراتىيە، ئەركىنلىكچۇ؟ ئۇلارنىڭ ساڭا قايسى يىل، قايسى ئايلاردا تېگىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. شيەنفا جۇڭگودا بولغان ئىدى، ساۋ كۇن شيەنفا ئېلان قىلغان ئەمەسمىدى[3]؟ لېكىن دېموكراتىيە، ئەركىنلىك قەيەردە قالدى؟ دازۇڭتۇڭغا كەلسەك، ئۇلار تېخىمۇ كوپ بولغان، بىرىنچىسى سۇن جۇڭشەن، ئۇ ياخشى ئىدى، ئەمما ئۇنى يۈەن شىكەي ئېلىپ تاشلىدى. ئىككىنچىسى يۈەن شىكەي، ئۈچىنچىسى لى يۈەنخۇڭ[4]، توتىنچىسى فېڭ گوجاڭ[5]، بەشىنچىسى شۈي شىچاڭ[6]، دېمەك، كوپ دىگۈچىلىكى بار ئىدى، لېكىن بۇلارنىڭ مۇستەبىت خانلاردىن نىمە پەرقى بولدى؟ ئۇلارنىڭ شيەنفالىرى بولسۇن، زۇڭتۇڭلۇغى بولسۇن — ھەممىسى ساختا نەرسىلەر. ھازىرقى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكىغا ئوخشاش مەملىكەتلەردىكى شيەنجېڭ، دېموكراتىك سىياسى دەپ ئاتالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، ئەمەلىيەتتە، ئادەمخور سىياسى. مۇنداق ئەھۋالنى بىز ئوتتۇرا ئامېرىكا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىمۇ كورەلەيمىز، نۇرغۇن دولەتلەر جۇمھۇرىيەت جاۋپەيىنى ئېسىپ قويغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردا ئازغىنا دېموكراتىيىمۇ يوق. جۇڭگودىكى ھازىرقى جاھىللارمۇ خۇددى شۇنداق. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى شيەنجېڭ «قۇيرۇق كورسىتىپ، ئوپكە سېتىش»تىنلا ئىبارەت. ئۇلار شيەنجېڭ دىگەن قۇيرۇقنى كورسىتىپ، بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى دىگەن ئوپكىسىنى ساتماقتا. مەن ئۇلارنى كەلسە-كەلمەس تىللاۋاتقىنىم يوق، مېنىڭ سوزۇمنىڭ ئاساسى بار، بۇ ئاساس شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار، بىر تەرەپتىن، شيەنجېڭ دېيىشىدۇ،

يەنە بىر تەرەپتىن، خەلققە قىلچىلىك ئەركىنلىك بەرمەيۋاتىدۇ.

يولداشلار، ھەقىقى شيەنجېڭ ھەرگىز ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ، ئۇنى مۇشەققەتلىك كۈرەشلەر ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر ھەرگىز يىغىن ئۆتكۈزسەك، دېيەنباۋ سوقاق، ماقالا يازساقلا، شيەنجېڭ مەيدانغا كېلىدۇ دەپ ئىشىنىپ قالماڭلار. شۇنىڭدەك سىلەر ھەرگىز گومىن سەنجېڭخۇي⑦ قارار قوبۇل قىلسا، گومىنجېڭفۇ بۇيرۇق چىقارسا، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گومىنداخۇي چاقىرىلسا⑧، شيەنفا ئېلان قىلىنسا، ھەتتا دازۇڭتۇڭ سايلانسا، ھەممە ئىش جايىدا بولۇپ كېتىدۇ، ئالەم تېپ ـ تېچ بولۇپ قالىدۇ دەپمۇ ئىشىنىپ قالماڭلار. بۇ ــ يوق ئىش، مىكەڭلارنى ئايلاندۇرۇۋالماڭلار. بۇ ئەھۋالنى لاۋبەيشىڭلارغىمۇ ئوچۇق چۈشەندۇرۇش كېرەك، ئۇلار قايمۇقۇپ قالمىسۇن. ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

بۇنداق دېگەنلىك ئىش شۇنداق قىيىن، شيەنجېڭدىن ئۈمىت قالمىدى دەپ «ئۈمىت ئۈزۈش» بولامدۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس. شيەنجېڭدىن ھېلىمۇ ئۈمىت بار، بەلكى ئۈمىت زور، جۇڭگو چوقۇم يېڭى دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ شيەنجېڭ توغرىسىدىكى قىيىنچىلىقلار جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ؛ ئەمما جاھىل ئۇنسۇرلار مەڭگۈ جاھىللىق قىلىپ كېتەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە ھېلىمۇ زور ئۈمىت بار. دۇنيادىكى جاھىل ئۇنسۇرلار بۈگۈن جاھىللىق قىلىسىمۇ، ئەتە جاھىللىق قىلىسىمۇ، ئۆگۈنلۈككە يەنە جاھىللىق قىلىسىمۇ، ئەمما مەڭگۈ جاھىللىق قىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئاخىر بېرىپ ئۆزگىرىش ياسايدۇ. ۋاڭ جىڭۋېينى ئالايلى، ئۇ بىرمۇنچە ۋاقىت جاھىللىق قىلىپ كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان زېمىندا جاھىللىقنى يەنە ئاقتۇرالماي

قالغاندا، ئاخىر ئۆزىنى ياپونىيىنىڭ قوينىغا ئاتتى. جاڭ گوتاۋنى ئالايلى، ئۇمۇ بىرمۇنچە ۋاقىت جاھىللىق قىلدى، بىز بىرنەچچە قېتىم كۈرەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۈستى-ئۈستىگە كۈرەشكە ئېلىۋىدۇق، ئۇمۇ تىنچىۋەتتى. جاھىل ئۇنسۇرلار، ئەمەلىيەتتە، جاھىللىقىدا چىڭ تۇرالمايدۇ، جاھىللىق قىلىپ كېلىپ، ئاخىرى ئۆزگىرىش ياسايدۇ، يىرگىنىشلىك نىجاسەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆزگىرىپ ياخشى بولۇپ قالىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، مۇنداق بولۇشىمۇ كۈرەشكە ئېلىنىش، ئۈستى-ئۈستىگە كۈرەشكە ئېلىنىش نەتىجىسىدە ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇش ئارقىلىق بولىدۇ. قىسقىسى، جاھىللار ئۆزگىرىش ياسايدۇ. جاھىللارنىڭ ھامان ئۆز ئالدىغا بىر پىلانى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ پىلانى قانداق قىلىپ باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېساۋىغا ئۆزى پايدا ئېلىش ھەم قانداق قىلىپ ئىككى يۈزلىمىلىك قىياپەتكە كىرىۋېلىشتىن ئىبارەت. ئەمما ئىلگىرىدىن بولۇپ ئۆتكەن جاھىللارنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىسى ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ كەلدى. ئۇلار ئىشنى ھەمىشە باشقىلارغا زىيان سېلىشتىن باشلاپ، ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈش بىلەن ئاياقلاشتۇرىدۇ. بىز، چېمبېرلېننى «ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىۋاتىدۇ» دېگەن ئىدۇق، ھازىر بىز دېگەندەك بولۇپ چىقتى. ئىلگىرى چېمبېرلېننىڭ پۈتۈن پىكرى-خىيالى گىتلېر دېگەن پالتىنى كۆتۈرۈپ، سوۋېت خەلقىنىڭ پۇتىغا چېپىش ئىدى، لېكىن، بۇلتۇر 9-ئايدا گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيە-فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغان كۈندىن باشلاپ، چېمبېرلېننىڭ قولىدىكى پالتا چېمبېرلېننىڭ ئۆز پۇتىنى چاپتى. تا ھازىرغىچە بۇ پالتا چېمبېر-لېننى داۋاملىق چېپىۋاتىدۇ. جۇڭگودىمۇ بۇنداق ھېكايىلەر خېلى كۆپ. يۈەن شىكەي لاۋبېيشىڭلارنىڭ پۇتىغا پالتا چاپماقچى بولغان

ئىدى، نەتىجىدە ئۇزىگە چاپتى، بىرنەچچە ئاي خان بولۇپلا ئولدى⑨. دۇەن چىرۇي، شۇي شىچاڭ، ساۋ كۇن، ۋۇ پېيفۇ قاتارلىقلار خەلقنى باستۇرماقچى بولغان ئىدى، ئەمما نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى خەلق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. كىمكى باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېساۋىغا ئۆزى پايدا ئېلىش نىيىتىدە بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

ھازىرقى گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارمۇ ئالغا باسمايدىغان بولسا، مېنىڭچە، مۇشۇنداق كورگۈلۈكتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلار بىرلىك دىگەن چىرايلىق نام ئاستىدا ئىلغار شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى، ئىلغار 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى، ئىلغار گۇڭچەنداڭنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى، ئىلغار خەلق تەشكىلاتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر يۈرۈش چوڭ پىلانلارنىڭ ھەممىسى بار. ئەمما، مېنىڭچە، كەلگۈسىدە نەتىجە شۇنداق بولۇپ چىقىدۇكى، جاھىللىق ھەرگىز ئىلغارلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ، تەتۈرىسىچە، ئىلغارلىق جاھىللىقنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. جاھىل ئۇنسۇرلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنى خالىمايدىكەن، ئۆزلىرى ئالغا باسمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جاھىل ئۇنسۇرلارغا، 8 ـ ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلماڭلار، گۇڭچەنداڭغا ۋە چېگرا رايونغا قارشى تۇرماڭلار، دەپ دائىم دەۋەت قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئەگەر ئۇلار نىيىتىدىن چوقۇم يانمايدىغان بولسا، بىر قارار چىقىرىپ، بۇ قارارنىڭ بىرىنچى ماددىسىغا: «بىز جاھىل ئۇنسۇرلار ئۆزىمىزنى يوقىتىشقا ۋە گۇڭچەنـ داڭنى كەڭ كولەمدە راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشقا قەتئى بەل باغلىغانلىقىمىز ئۈچۈن، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ۋە چېگرا

رايونغا قارشى تۇرۇشنى ئۆزىمىزگە ۋەزىپە قىلىۋالدۇق» دەپ يېزىپ قويىسۇن. جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش» توغرىسىدىكى تەجرىبىسى خېلى مول، ئەگەر ئۇلار هازىرمۇ «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش» كويىدا بولسا، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئەركى. چۈنكى ئۇلار يەنە ئۆز تامغىنى يەپتۇ، ئۇخلىسا ئۆز ئۇيقىسىنى ئۇخلاپتۇ، «يوقىتىش» كويىدا بولسا بولىۋەرسۇن. بىراق، ئۇلار ھېلىقى قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەييارلىق كورۇپ قويۇشى كېرەك، بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئوتكەن 10 يىل ئىچىدە «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش»لارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قارار بويىچە قىلىندى. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن يەنە «يوقىتىش» ئېلىپ بېرىلىدىكەن، بۇ قارارنى يەنە تەكرارلاشقا توغرى كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، مەن ئۇلارغا، «يوقىتىش» ئېلىپ بارمىغىنىڭلار تۈزۈك بولارمىكىن، دېگەن مەسلىھەتنى بېرىمەن. چۈنكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە كېرىكى «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش» ئەمەس، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ئالغا بېسىش. شۇنىڭ ئۇچۇن، «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش» كويىدا بولغانلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

قىسقىسى، چېكىنىش جۇملىسىگە كىرىدىغانلىكى ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەسلى ئارزۇلىرىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. قەدىمقى ۋە هازىرقى زاماندا، جۇڭگودا ۋە چەت ئەللەردە بولسۇن، تامامەن شۇنداق.

هازىرقى شيەنجېكدىمۇ شۇنداق. ئەگەر جاھىللار شيەنجېكقا يەنىلا قارشى تۇرۇۋېرىدىكەن، نەتىجە چوقۇم ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇ شيەنجېك ھەرىكىتى ئۆز يونىلىشىدە ھەرگىز جاھىللار بەلگىلىگەن يول بويىچە ماڭمايدۇ، چوقۇم ئۇلارنىڭ

ئارزۇلىرىغا قارشى يولدا ماڭىدۇ، مۇقەررەر رەۋىشتە خەلق بەلگىلىگەن يول بويىچە ماڭىدۇ. بۇ چوقۇم، چۈنكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ تارىخي تەرەققىياتى شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيانىڭ يۈزلىنىشى بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، كىم بۇ يونىلىشتىن بويۇن تولغىيالايدۇ؟ تارىخنىڭ زور چاقىنى ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ ئىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋاقىت لازىم — بىر ئەتىگەندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ؛ تىرىشىش لازىم — ئىرەگسىزلىك بىلەن بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ؛ كەڭ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىش لازىم — يەككە-يىگانە كۈچ بىلەن ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بۈگۈن بۇ يىغىننى ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ناھايىتى ياخشى بولدى، يىغىندىن كېيىن يەنە ماقالىلار يېزىشىمىز، ئۈمۇمى دېيەنباۋلار ئېلان قىلىشىمىز لازىم، شۇنىڭدەك مۇشۇنداق يىغىننى ۋۇتەيشەندە، تەيخاڭشەندە، خۇابېيدا، خۇاجۇڭدا ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا — ھەممىلا يەردە ئۆتكۈزۈش لازىم. مۇشۇنداق قىلىنىۋېرىدىغان بولسا، بىرنەچچە يىل قىلىنسا، بۇ ئىشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ. بىز ئىشنى چوقۇم ياخشى قىلىشىمىز لازىم، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم، يېڭى دېموكراتىك شيەنجېڭنى چوقۇم يولغا قويۇشىمىز لازىم. ئەگەر مۇنداق قىلىنماي، جاھىللارنىڭ قىلغىنىدەك كېتىۋېرىدىغان بولسا، ۋەتەن مۇنقەرىز بولىدۇ. ۋەتەننىڭ مۇنقەرىز بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوقۇم شۇنداق قىلىش لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن كوپچىلىك تىرىشىشى كېرەك. تىرىشىدىغانلا بولساق، بىزنىڭ ئىشىمىزدىن زور ئۈمىت بار. يەنە شۇنىمۇ چۈشىنىش

لازىمكى، جاھىللار ھامىنى ئاز چىلىق، كىشىلەرنىڭ زور كوپچىلىگى جاھىللاردىن ئەمەس، ئۇلار ئالىغا باسىدۇ. ئازچىلىققا كوپچىلىك بىلەن تاقابىل تۇرساق، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىرىشىدىغان بولساق، بۇنداق ئۇمىت تېخىمۇ زورىيىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتىمەنكى، ئىش گەرچە قىيىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇمىت زور.

## ئىزاھلار

① بۇ يولداش ۋۇ يۇيجاڭنى كورسىتىدۇ، ئۇ شۇ چاغدا يەنئەن ھەر ساھە خەلقىنىڭ شېئىرىيەتنى ئىلگىرى سۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ خۇيجاڭى ئىدى.

② بۇ جياڭ جيېشى باشچىلىغىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى كورسىتىدۇ.

③ بېيياڭ جۇنفا ساۋ كۇن 1923 ـ يىلى ھەر بىر ئاۋاز ئۇچۇن 5 مىڭ يۇەن تەڭگە پارا بېرىش يولى بىلەن گوخۇي يىيۇەنلىرىدىن 590 كىشىنى سېتىۋېلىپ، «دازۇڭتۇڭ»لۇققا سايلانغان، بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەنە شۇ پارىخور گوخۇي يىيۇەنلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن شېئىرغا ئېلان قىلىنغان، شۇ چاغدا بۇنى كىشىلەر «ساۋ كۇن شېئىرى» ياكى «پارىخورلار شېئىرى» دەپ ئاتىغان.

④ لى يۇەنخۇڭ ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى يېڭى ئارمىيىسى 21 ـ ئارىلاشما شيېسىنىڭ شيېتوڭى (كىيىنكى ۋاقىتلاردىكى لۇيجاڭغا باراۋەر) ئىدى، 1911 ـ يىل ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى ۋاقتىدا ئىنقىلاپ تەرىپىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ خۇبېي ئولكىسىدىكى دۇدۇسى بولغان. بېيياڭ جۇنفالار ھوكۇمرانلىق قىلغان مەزگىلدە فۇزۇڭتوڭ ۋە زۇڭتوڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

⑤ فېڭ گوجاڭ يۇەن شىكەينىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن بولۇپ، يۇەن شىكەي ئولگەندىن كېيىن بېيياڭ جۇنفالارنىڭ جىزلى گۇرۇھى

(خېببي ئولكىسى گۇرۇھى)نىڭ باشلىغى بولغان. ئۇ 1917 - يىلى لى يۈەنخۇڭنى قوغلىۋېتىپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان.

⑥ شۈي شىچاڭ — بېيياڭ جۈنفالاردىن بولغان سىياسەتۋاز، 1918 - يىلى دۈەن چىرۇيىنىڭ قولچومىغى بولغان گوخۇي ئۇنى زۇڭتۇڭ قىلىپ سايلىغان.

⑦ «گومىن سەنجېڭخۇي» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەجبۇرىيەت ئاستىدا قۇرغان مەسلىھەت بېرىش خاراكتېرىدىكىلا بىر ئورگان ئىدى. سەنجېڭيۈەنلەر- نىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «تەكلىپ قىلىنغان» بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرىنى كورۇنۇشتە ئوز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەزالىرى زور كوپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ «گومىن سەنجېڭخۇي» گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىگە قارىتا ھېچقانداق چەكلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. جياڭ جېيشى گومىنداڭى كۈن- دىن - كۈنگە ئەكسىيەتچىلەشكەنلىكتىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە باشقا ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار سەنجېڭيۈەنلەر تەركىۋىدە تېخىمۇ كوپەي- دى، دېموكراتلار تېخىمۇ ئازايدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموكراتلارنىڭ گەپ - سوزلىرى تېخىمۇ بوغۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ «گومىن سەنجېڭ- خۇي» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نوقۇل قولچومىغى ئىكەنلىكىنى كۈندىن - كۈنگە ئوچۇق كورسەتتى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭىدىن قاتناشقان سەنجېڭيۈەنلەر 1941 - يىل جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدىن كېيىن گومىن سەنجېڭخۇينىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىشنى بىرنەچچە قېتىم رەت قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل تەدبىرلىرىگە ئېتىراز بىلدۈردى.

⑧ 1939 - يىل 9 - ئايدا گومىن سەنجېڭخۇينىڭ 4 - يىغىنى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ ھەم باشقا پارتىيە - گۇرۇھلاردىكى دېموكراتلارنىڭ تەكلىۋى بويىچە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداخۇينى قەرەللىك چاقىرىپ، شيەنجېڭنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئوچۇق بۇيرۇق

چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىپ قارار قوبۇل قىلدى. شۇ يىل 11 ـ ئايدا گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 6 ـ ئومۇمىيغىنى 1940 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گومىنداخۇي چاقىرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. گومىنداڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىق تەشۋىقاتىنى كەڭ تۈردە ئېلىپ باردى. كېيىن بۇ قارارلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى.

⑨ يۈەن شىكەي 1915 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان ئىدى، 1916 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خانلىق نامىنى مەجبۇرى ئەمەلدىن قالدۇردى.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەردىكى ھاكىمىيەت مەسىلىسى*

**(1940 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)**

1. ھازىرقى ۋاقىت ــ گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىل-لىرى بىزنىڭ خۇابېي، خۇاجۇڭ قاتارلىق جايلاردا ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇشىمىزغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان، بىزگە بولسا، بۇنداق ھاكىمىيەت قۇرۇش زورۇر بولۇۋاتقان ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرقايسى ئاساسىي گېنجۇيدىلەردە بۇنداق ھاكىمىيەت قۇرۇش مۇمكىن بولۇپ قالغان ۋاقىت. بىزنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللار بىلەن ھاكىمىيەت مەسىلىسى ئۈستىدە خۇابېي، خۇاجۇڭ ۋە شىبېيدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىمىز مەملىكەت بويىچە بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت قۇرۇشنى ئالغا سۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، پۈتۈن مەملى-كەتنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى جەلپ قىلماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن،

بۇ مەسىلىنى ئېھتىياتلىق بىلەن بىرتەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

2. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە بىز قۇرغان ھاكىمىيەت — خاراكتېر جەھەتتىن مىللىي بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت. بۇنداق ھاكىمىيەت — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قوللايدىغان، دېموكراتىيىنىمۇ قوللايدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيىتى، بىرقانچە ئىنقىلابىي سىنىپنىڭ بىرلىشىپ، ۋەتەن خائىنلىرىغا ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قاراتقان دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى. ئۇ پومېشچىك - بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي دىكتاتۇرىسىدىن پەرقلىنىدۇ، يەر ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئىشچى - دېھقان دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ. بۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىخلاس بىلەن يولغا قويۇش پۈتۈن مەملىكەتنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى ئالغا سۈرۈشكە چوڭ ياردەم بېرىدۇ. تولىمۇ سول ۋە تولىمۇ ئوڭ خاھىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى پۈتۈن مەملىكەتتە خەلقىغە ئىنتايىن يامان تەسىر بېرىدۇ.

3. ھازىر باشلىنىۋاتقان خىيىي سەنيخۇينى چاقىرىش ۋە خىيىي مەمۇرى ۋېييۈەنخۇينى سايلاش ئىشى جىددى ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭدەك، غەربىي - شىمالىي سەنشىدە، شەندۇڭدا، خۇەيخېنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا، سۇيۈەن، فۇشىيەن، شەرقىي گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇشمۇ جىددى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پىرىنسىپلار بويىچە ئېلىپ بېرىش، تولىمۇ ئوڭ ۋە تولىمۇ سول خاھىشلاردىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ھازىرقى ۋاقىتتا تېخىمۇ ئېغىر بولۇۋاتقىنى — ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنى ۋە

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان جۇڭگو جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇغى.

كەيىنكى شىنشىلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىتتىۋارسىز قارايدىغان «سول» خاھىش.

4. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەتنىڭ پىرىنسىپىغا ئاساسەن، كىشى سانى تەقسىماتى جەھەتتە گۇڭچەندىڭ ئەزالىرى ئۈچتىن بىرنى، پارتىيىسىز سول تەرەققىپەرۋەرلەر ئۈچتىن بىرنى، ئوتتۇرا، سولغىمۇ مايىل بولمىغان ئارىلىقتىكىلەر ئۈچتىن بىرنى ئىگىلىشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى.

5. گۇڭچەندىڭ ئەزالىرىنىڭ ھاكىمىيەتتە رەھبەرلىك ئورۇننى ئىگىلىشىگە كاپالەت بېرىش كېرەك، شۇڭا، ئۈچتىن بىرنى ئىگىلىگەن گۇڭچەندىڭ ئەزالىرى سۈپەت جەھەتتە ئۈستۈن شەرتكە ئىگە بولغان بولسۇن. مۇشۇ شەرت بولغاندىلا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ، كىشى سانىنىڭ ئۇنىڭدىن كوپ بولۇشى ھاجەتسىز. رەھبەرلىك ھوقۇقى دېگىنىمىز ئەتتىگەندىن كەچكىچە ئۇنى شۇئار قىلىۋېلىپ توۋلاپ يۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس، شۇنىڭدەك ھاكاۋۇرلۇق بىلەن باشقىلارنى ئوزىمىزگە بويسۇندۇرۇش دېگەنلىكمۇ ئەمەس، بەلكى پارتىيىنىڭ توغرى سىياستى ۋە ئوزىمىزنىڭ نەمۇنىلىك خىزمتى ئارقىلىق پارتىيە سىرتىدىكى كىشىلەرنى قايىل قىلىپ ۋە تەربىيلەپ، بىزنىڭ تەكلىپلىرىمىزنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان قىلىش دېگەنلىكتۇر.

6. پارتىيە سىرتىدىكى تەرەققىپەرۋەرلەر ئۈچتىن بىرنى ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم، چۈنكى ئۇلار كەڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئاممىسى بىلەن باغلانغان. بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىز ئۇششاق بۇرژۇئازىينى قولغا كەلتۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ تەسىر كورسىتىدۇ.

7. ئارىلىقتىكىلەرگە ئورۇننىڭ ئۈچتىن بىرنى بېرىشتىن مەقسەت

ئۆتنۇرا بۇرژۇئازىيە بىلەن كەيمىڭ شىنشىلارنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ تەبىقىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش — جاھىللارنى يىتتىم قالدۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ھازىر بىز بۇ تەبىقىلەرنىڭ كۈچىنى ھەرگىز ھېساپقا ئالماي تۇرالمايمىز، بىز ئۇلارغا ئېھتىياتلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

8. گۇڭچەنداڭنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ پارتىيە-گۇرۇھ مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقى ۋە قايسى پارتىيە-گۇرۇھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرسىلا ۋە گۇڭچەنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىسىلا، بىز ئۇلارغا ھەمكارلىشىش پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

9. كىشى سانىنىڭ يۇقۇرقىدەك تەقسىم قىلىنىشى — پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقىي سىياسىتى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ھاكىمىيەت خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە بېرىپ، ئۇلاردىكى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىماسلىق ياكى ئۇنىڭغا ئادەتلەنمەسلىككە ئوخشاش تارلىقنى تۈگىتىش، دېموكراتىك ئىستىلنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلارنى ئىشتا ئاۋال پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان، كوپچىلىكنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئاندىن ئىشلەيدىغان قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنى تۇرلۇك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر بېرىشكە ئىمكان قەدەر رىغبەتلەندۇرۇش ھەم ئۇلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىش لازىم. بىزنىڭ قولىمىزدا ئارمىيە ۋە ھاكىمىيەت بار، ھەممە ئىش شەرتسىز ھالدا بىزنىڭ بەلگىلىشىمىز بويىچە ئىشلىنىشى كېرەك دەپ، پارتىيىسىز زاتلارغا بىزنىڭ

پىكرىمىزگە قوشۇلۇش ۋە ئۇنى چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ ئىجرا قىلىش توغرىسىدا تىرىشچانلىق بىلەن چۈشەنچە بېرىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ھەرگىز يارىمايدۇ.

10. كىشى سانىنىڭ يۇقۇرقىدەك تەقسىم قىلىنىشى — ئۇمۇمى بىر بەلگىلىمە، جايلار ئۆلۈك ھالدا سان تولدۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتمەستىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئەڭ توۋەن قاتلام ھاكىمىيەت تەركىۋىنى ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرتىپ، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا پومېششىكلار، تۇخاۋ-لىيېشېنلارنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. ھاكىمىيەت قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولغان سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونى، ئوتتۇرا خېبېي رايونى، تەيخاڭشەن رايونى ۋە جەنۇبىي خېبېي رايونى مۇشۇ پىرىنسىپ بويىچە ئۆزلىرىنىڭ فاڭجېنلىرىنى يېڭىۋاشتىن قاراپ چىقىشى لازىم. يېڭى ھاكىمىيەت قۇرغانىدا، تامامەن مۇشۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك.

11. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنىڭ سايلام سىياستى 18 ياشقا تولغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ۋە دېموكراتىيىنى قوللايدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسىنى سىنىپى، مىللىتى، جىنسى، ئېتىقادى، قانداق پارتىيە-گۇرۇھقا مەنسۇپ بولۇشى ۋە مەلۇمات دەرىجىسىگە قارىماستىن، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت خەلق سايلاملىرى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىشى لازىم. ئۇنىڭ تەشكىلىي شەكلى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

12. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەتنىڭ

سىياسى ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنى ياپون جاھانگىرلىكگە قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلقنى مۇھاپىزەت قىلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى تەڭشەش، ئىشچى-دېخانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھەم ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ئەكسىيەتچىلەرنى باستۇرۇشنى ئاساسىي چىقىش نۇقتا قىلىشى لازىم.

13. بىزنىڭ ھاكىمىيەتىمىزگە قاتناشقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن تۇرمۇش ئادىتى ۋە سوز-ھەرىكەتتە كوممۇنىستلارنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئوخشاش بولۇشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلساق، ئۇلارنى نارازى قىلىپ قويىمىز ۋە خاتىرجەمسىزلىككە سېلىپ قويىمىز.

14. ھەرقايسى جۇڭگو كوممۇنىستلار، جۇڭگو فىنجۇيلەر، چۇيداڭۇيلارغا ۋە ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ باشلىقلىرىغا پارتىيە ئىچىدە ئېنىق چۈشەندۈرۈش بېرىپ، مۇشۇ يولىيورۇقنى ھاكىمىيەت خىزمىتىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش تاپشۇرۇلىدۇ.

# هازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنىڭ سىلۇپ مەسىلىسى*

**(1940 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى)**

1. هازىرقى سىياسى ۋەزىيەت مۇنداق: (1) ياپون جاھانگىرلىگى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدا ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، كەڭ كولەمدە ھەربى ھۇجۇم قىلىشقا چامسى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ۋەزىيەت جەنلۇبىلۇك تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى؛ لېكىن دۈشمەن ئۆزىنىڭ جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىشتىن ئىبارەت تۇپ سىياسىتىدە ھېلىمۇ چىڭ تۇرىۋاتىدۇ ھەمدە بۇ سىياسەتنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنى بۇزۇش، ئوز ئارقا سېپىدە «تازىلاش»نى جىددىيلەشتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي تاجاۋۇزىنى جىددىيلەشتۈرۈشكە ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. (2) ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ شەرقتىكى ئورنى ياۋروپا ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ئاجىزلاشتى، ئامېرىكا بولسا، تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يولۋاس تالىشىنى تاماشا قىلىش سىياسىتىنى

داۋاملىق قوللانـماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرق مىيۇنـخېنى يىغىنىـنىڭ ھازىرچە چاقىرىلىش ئىمكانىيىتى يوق. (3) سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سىياسەتتە يېڭى غەلىبىلەرگە ئېرىشتى، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ئاۋالقىدەكلا ئاكتىپ ياردەم بېرىش سىياسى-تىنى قوللىنىۋاتىدۇ. (4) ياپونپەرەس چوڭ بۇرژۇئازلار ئالىلقاچان ياپونىيىگە ئۈزۈل-كېسىل تەسلىم بولۇپ كەتتى ۋە قورچاق ھاكىمىيەت قۇرماقـچى بولۇۋاتىدۇ. ياۋروپا-ئامېرىكاپەرەس چوڭ بۇرژۇئازلار بولسا، داۋامـلىق ياپون باسقۇنچىـلىرىغا قارشى تۇرۇشى مۇمـكىن، لېكىن ئۇلاردا مۇرەسسەچىلىك خاھىشى ئاۋالقىدەكلا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت. ئۇلار ئىككى بىسلىق سىياسەت قوللىنىـپ: بىر تەرەپتىن، گومىنـداڭنىڭ تېشىدىـكى ھەرقايىـسى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ياپونىيىگە قارشى تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايىسى كۈچلەرنى نابۇت قىلىشقا كۈچىـنىڭ بېرىچە ھەرىـكەت قىلىدۇ، بولۇپـمۇ گوڭ-چەنداڭنى ۋە تەرەقـقىيپەرۋەر كۈچـلەرنى نابۇت قىلىشقا جېنىـنىڭ بېرىچە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپتىكى جاھىللار. (5) ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە، كەيمىڭ شېنشىلار ۋە يەرلىك ئەملىي كۈچكە ئىگە گۇرۇھـلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارىلىقتىـكى كۈچلەر چوڭ پومېشچىك-چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاساسىي ھوكۇمران كۈچـلىرى بىلەن زىت بولغانـلىقتىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشچى-دېخانلار سىنىپى بىلەنمۇ زىت بولغانلىقتىن، كوپۇنچە، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر بىلەن جاھىل كۈچلەر ئارىسىدىكى ئوتتۇرا مەيداندا تۇرىدۇ. ئۇلار ياپون باسقۇنچىـلىرىغا قارشى بىرلىكسەپتىكى ئارىلىقتىكـىلەر.

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەندە پارتىيىـنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلىرى يىغىنىـدا قىلغان دوكلاتىنىڭ تىگاگى.

(6) گۇڭچەندالڭ رەھبەرلىكىدىكى پۇرولېتارىيات، دېخانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر كۈچلىرى يېقىنقى چاغلاردا خېلى زور ئۆستى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەتنىڭ گېنجۇيدىلىرىنىڭ ھۇلىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇۋالدى. بۇ كۈچلەرنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئىشچىلار، دېخانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ئىچىدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ، ئارىلىقتىكى كۈچلەر ئىچىدىمۇ خېلى تەسىرى بار. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭ مەيدانلىرىدا ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىدىن گۇڭچەندالڭ زەربە بېرىۋاتقانلىرى گومىنداڭ زەربە بېرىۋاتقانلىرى بىلەن تەڭ دېگىدەك بولۇۋاتىدۇ. گۇڭچەندالڭ رەھبەرلىكىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپتىكى تەرەققىيپەرۋەرلەردۇر.

يۇقۇرىدىكىلەر — جۇڭگونىڭ ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيىتى. بۇنداق ۋەزىيەتتە ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنى توسۇشنىڭ ئىمكانىيىتى ھېلىمۇ مەۋجۇت، جۇڭگياڭنىڭ 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى قارارى تامامەن توغرى.

2. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشنىڭ تۈپ شەرتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە جاھىل كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش سىلۇۋېسىنى قوللىنىش لازىم، بۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئۈچ ھالقا بولۇپ، كۈرەشنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ دەۋرىدە

كۈرەش — ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋاستىسى، ئىتتىپاقلىق — كۈرەشنىڭ مەقسىدى. ئىتتىپاقلىق كۈرەش بىلەن قولغا كەلتۈرۈلسە داۋاملىشىدۇ، يول قويۇش بىلەن قولغا كەلتۈرۈلسە يوقىلىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى پارتىيىمىزدىكى يولداشلار پەيدىن-پەي چۈشىنىۋالدى. لېكىن چۈشەنمەيدىغانلار ھېلىمۇ جىق، ئۇلار يا كۈرەش بىرلىكسەپنى بۇزىدۇ دەپ قارايدۇ، يا كۈرەش چەكسىز قوللىنىلسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ، يا ئارىلىقتىكى كۈچلەرگە قارىتا نا توغرى سىياسەت قوللىنىدۇ، يا جاھىل كۈچلەرگە قارىتا خاتا چۈشەنچىدە بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۈزىتىش لازىم.

3. تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش پۇرولېتارىيات، دېھقانلار سىنىپى ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىنى دادىل كېڭەيتىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۈيدىلەرنى كەڭ تۈردە قۇرۇش، گۇڭچەنداڭنىڭ تەشكىلاتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇش، مەملىكەت بويىچە ئىشچىلار، دېھقانلار، ياشلار، ئاياللار، باللار ۋە باشقىلارنىڭ ئاممىۋى ھەرىكەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى زىيالىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دېموكراتىيە يولىدىكى شىيەنجېڭ ھەرىكىتىنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىغىچە كېڭەيتىش دېمەكتۇر. پەقەت تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى قەدەممۇ-قەدەم راۋاجلاندۇرغاندىلا، ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنى توسۇپ، تەسلىمچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىكنى توسۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن تەۋرەنمەيدىغان مۇستەھكەم ئاساس تىكلىگىلى بولىدۇ. لېكىن تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش — ياپون جاھانگىرلىگىگە ھەم ۋەتەن

خائىنلىرىغا قارشى شەپقەتسىز كۈرەش قىلىش لازىم بولۇپلا قالماي، بەلكى جاھىللار بىلەنمۇ شەپقەتسىز كۈرەش قىلىش لازىم بولغان جىددى بىر كۈرەش جەريانى. چۈنكى تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا جاھىللار قارشى تۇرىدۇ، ئارىلىقتىكىلەر بولسا، گۇمان بىلەن قارايدۇ. ئەگەر جاھىللارغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بارمىساق ۋە بۇ كۈرەشتە ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىساق، جاھىللارنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئارىلىقتىكىلەرنىڭ گۇمانلىرىنىمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ بولمايدۇ.

4. ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنى قولغا كەلتۈرۈش، كەيمىڭ شېنشىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە يەرلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گۇرۇھلارنى قولغا كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. بۇلار بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۈچ قىسىم كىشىلەر، لېكىن ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى ئارىلىقتىكىلەر. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە — مەيبەنلەر سىنىپىنىڭ، يەنى چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ سىرتىدىكى مىللىي بۇرژۇئازىيە. گەرچە ئۇلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدا سىنىپىي زىددىيەت بولسىمۇ، ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇستەقىللىغىنى ياقلىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قولدىن كەتكەن رايونلاردا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراۋاتىدۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا بولسا، چوڭ پومېشچىك-چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ياقلايدۇ؛

سىياسى هوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە ئۇلار شىيەنچېڭ
ھەرىكىتىنى ياقلايدۇ، شۇنىڭدەك تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن جاھىللار
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەقسەتلىرىگە
يېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. بىز بۇ تەبىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.
كېيىنكى شىنشىلار ــ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ سولقانىتى، يەنى
بۇرژۇئازىيە تۈسىنى ئالغان بىر قىسىم پومېشچىكلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ
سىياسى پوزىتسىيىسى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭكىگە ئۇمۇمەن ئوخشايدۇ.
ئۇلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا سىنىپىي زىددىيەت بولسىمۇ،
ئەمما ئۇلار بىلەن چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىمۇ
زىددىيەت بار. ئۇلار جاھىللارنى ياقلىمايدۇ، ئۇلارمۇ جاھىللار بىلەن
بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ
سىياسى مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بىز بۇ بىر قىسىم
كىشىلەرگىمۇ ھەرگىز ئېتىۋارسىز قارىماستىن، قولغا كەلتۈرۈش
سىياسىتىنى قوللىنىشىمىز لازىم. يەرلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە
گۇرۇھلار جاي ئىگىلىگەن ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گۇرۇھ بىلەن جاي
ئىگىلىمىگەن ھەرخىل نامدا ئاتىلىدىغان قوشۇنلاردىن ئىبارەت ئىككى
خىل كۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە ئۇلار بىلەن تەرەققىيپەرۋەر
كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن ھازىرقى
گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېساۋىغا
ئۆزى پايدا ئېلىش سىياسىتى ئوتتۇرىسىدىمۇ زىددىيەت بار، شۇنىڭ-
دەك ئۇلارمۇ جاھىللار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى زىددىيەت-
لەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسى مەقسەتلىرىگە يېتىشنى
ئويلايدۇ. يەرلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گۇرۇھلارنىڭ رەھبەرلىكى-
نىڭ تەركىۋىمۇ، كۆپىنچە، چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىگە

تەئەللۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا بەزىدە تەرەققىيپەرۋەرلىك قىلىدۇ، ئۇزاق ئوتمەيلا يەنە ئەكسىيەتچىلىشۋالىدۇ؛ لېكىن ئۇلار بىلەن گومىنداڭنىڭ مەركەز كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ زىددىيەت بولغانلىقتىن، بىز توغرى سىياسەت قوللانساقلا، ئۇلار بىزنىڭ جاھىللارغا قارشى كۈرەشلىرىمىزدە بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتۇشى مۇمكىن. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ قىسىم ئارىلىقتىكى كۈچلەرنىڭ ئۈچىلىسىگە قارىتا بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەمما بۇنداق قولغا كەلتۈرۈش سىياسىتى دېھقانلارنى ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنى قولغا كەلتۈرۈش سىياسىتىدىن پەرقلىنىدۇ، شۇنداقلا ئارىلىقتىكى كۈچلەرنىڭ ھەرقايسى قىسمىغا قارىتىلغاندىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بىز دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنى تۈپ ئىتتىپاقچى سۈپىتىدە قولغا كەلتۈرىمىز؛ ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى بولسا، جاھانگىرلىككە قارشى ئىتتىپاقچى سۈپىتىدە قولغا كەلتۈرىمىز. ئارىلىقتىكى كۈچلەر ئىچىدىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە كەيمىنىڭ شېنشىلار بىز بىلەن بىللە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى، شۇنىڭدەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇشتا بىز بىلەن بىللە تۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار يەر ئىنقىلاۋىدىن قورقىدۇ. جاھىللارغا قارشى كۈرەشكە بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەلۇم دەرىجىدە قاتنىشىشى مۇمكىن، بەزىلىرى ياخشى نىيەتتە بىتەرەپلىكنى ساقلىشى مۇمكىن، بەزىلىرى بولسا، نائىلاج بىتەرەپلىكنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. يەرلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گۇرۇھلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بىللە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇلار پەقەت جاھىللارغا قارشى

كۈرەش قىلغان چېغىمىزدىلا ۋاقىتلىق بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇشى مۇمكىن؛ دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇشتا ئۇلار بىز بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چوڭ پومېشچىك ۋە چوڭ بۇرژۇئازلار. ئارىلىقتىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسىدە ئاسانلا تەۋرىنىش يۈزبېرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلاردا مۇقەررەر يوسۇندا بولۇنۇشمۇ پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ؛ بىز ئۇلارنىڭ تەۋرىنىش پوزىتسىيىسىگە قاراپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق چۈشەنچە ۋە تەنقىت بېرىشىمىز لازىم.

ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ــ بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ دەۋرىدىكى ئىنتايىن جىددى ۋەزىپىمىز، ئەمما بۇ ۋەزىپىنى بەلگىلىك شەرتلەر ئاستىدىلا ئورۇندىغىلى بولىدۇ. بۇ شەرتلەر مۇنۇلار: (1) ئۆزىمىز يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولۇش؛ (2) ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش؛ (3) جاھىللارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش ۋە بۇ كۈرەشتە قەدەممۇ ـ قەدەم غەلىبە قازىنىش. بۇ شەرتلەر بولمىغاندا، ئارىلىقتىكى كۈچلەر تەۋرىنىپ قالىدۇ ۋە ھەتتا جاھىللارنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىتتىپاقچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ چۈنكى جاھىللارمۇ بىزنى يىتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئارىلىقتىكىلەرنى بارلىق كۈچى بىلەن ئۆز تەرىپىگە تارتىۋاتىدۇ. جۇڭگودا بۇنداق ئارىلىقتىكى كۈچلەر زور كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە، ئۇلار، كوپىنچە، بىزنىڭ جاھىللارغا قارشى كۈرىشىمىزدە يېڭىشىمىز ياكى يېڭىلىشىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئامىل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارغا قارىتا ناھايىتى ئېھتىياتلىق پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز لازىم.

5. جاھىل كۈچلەر ھازىرقى ۋاقىتتا چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيە كۈچلىرىدۇر. بۇ سىنىپلار ھازىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا

تەسلىم بولغۇچىلار ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلارغا
بولۇنگەن، كېيىن يەنە پەيدىن-پەي بولۇنىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا
چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلار
ياپون باسقۇنچىلىرىغا تەسلىم بولغۇچىلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار ئىككى
بىسلىق سىياسەت قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قۇۋۋەتلەپ تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپ-
تىن، كەلگۈسىدە تەسلىم بولۇشقا تەييارلىنىشنىڭ تەدبىرى سۈپىتىدە،
تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى نابۇت قىلىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن ئەكسى-
يەتچىل سىياسەتنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇلار تېخى ئىتتىپاقلىشىپ ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ ئىچىدە قالدۇرۇپ قېلىشىمىز
مۇمكىن، ئۇلارنىڭ بىرلىكسەپتە قېلىش ۋاقتى قانچە ئۇزاق بولسا،
شۇنچە ياخشى. بۇنداق قولغا كەلتۈرۈش سىياسىتىگە ئېتىۋارسىز
قاراپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىگە ئېتىۋارسىز قاراپ،
ئۇلار ئەمەلدىكى تەسلىمچىلەر بولۇپ قالدى، مانا ئەمدى گۇڭچەن-
داڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ، دەپ ھېساپلايدىغان پىكىرلەر خاتا.
لېكىن يەنە ئۇلار تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى نابۇت قىلىشتىن
ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈز-
لۈك يۈرگۈزىدۇ، ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىدىن ئىبارەت ئورتاق
گاڭلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ گاڭلىكنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، بىزنىڭ ئۆزلىرى
يول قويغان دائىرىدىن چىقىپ كېتىشىمىزگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ،
يەنى بىزدىن پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆزلى-
رىگە ئوخشاش پاسسىپ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭدەك بىزنى

ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، بىز بۇنىڭغا ئۇنىمساق، بىزگە ئىدېيىۋى، سىياسى ۋە ھەربى جەھەتلەردىن بېسىم ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەنە ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى كۈرەش سىلۇبىسىنى قوللىنىپ، ئۇلارغا قارشى ئىدېيىۋى، سىياسى ۋە ھەربى جەھەتلەردىن قەتئى كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بۇ — بىزنىڭ جاھىللارنىڭ ئىككى بىسلىق سىياسىتىگە قارشى قويغان ئىنقىلاۋىي ئىككى بىسلىق سىياسىتىمىز، يەنى ئىتتىپاقلىقنى كۈرەش بىلەن قولغا كەلتۈرۈش سىياسىتىمىز. ئەگەر بىز ئىدېيە جەھەتتە، توغرى ئىنقىلاۋىي نەزىرىيىنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي نەزىرىيىسىگە قەتئى زەربە بېرەلىسەك؛ ئەگەر بىز سىياسى جەھەتتە، ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن سىلۇپ تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ گوڭچەنداڭغا قارشى، تەرەققىيپەرۋەرلىككە قارشى سىياسىتىگە قەتئى زەربە بېرەلىسەك؛ ئەگەر بىز مۇۋاپىق ھەربى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەربى ھۇجۇمىغا قەتئى زەربە بېرەلىسەك؛ ئۇ ھالدا، ئۇلار ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزىدىغان دائىرىنى چەكلىشىمىز مۇمكىن، ئۇلارنى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىشىمىز مۇمكىن، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان جاھىللارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپتە قېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشىمىز، ئوتمۇشتىكىدەك كەڭ كولەملىك ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ساقلىنىشىمىزمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ دەۋرىدە بىزنىڭ جاھىللار بىلەن كۈرەش

قىلىشىمىز ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىپ، تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنى زىيانغا ئۇچراتماي قوغداپ قېلىش ھەمدە تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە جاھىللارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ھەمدە ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى ساقلاپ قېلىش، كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر كۈرەش بولمىسا، تەرەققىپەرۋەر كۈچلەر جاھىل كۈچلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ، بىرلىكسەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرال-مايدۇ، جاھىللارنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشى توسالغۇسىز قالىدۇ، ئىچكى ئۇرۇشمۇ تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، جاھىللار بىلەن كۈرەش قىلىش — بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستىسى، بۇ ھەق-قەتنى بارلىق تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدى.

لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ دەۋرىدە جاھىللار بىلەن كۈرەش قىلىشتا تۆۋەندىكى بىرنەچچە پرىنسىپقا دىققەت قىلىش لازىم. بىرىنچى، قوغدىنىش پرىنسىپى. باشقىلار بىزگە چېقىلمىسا، بىز ئۇلارغا چېقىلمايمىز؛ باشقىلار بىزگە چېقىلسا، بىزمۇ ئۇلارغا چېقىلىمىز. بۇ، باشقىلارغا سەۋەپسىز ھۇجۇم قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، دەككىسىنى بەرمەس-لىككىمۇ ھەرگىز بولمايدۇ، دېگەن سۆز. بۇ — كۈرەشنىڭ مۇداپىئەلىك-لىكى. جاھىللار ھەربىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلسا، ئۇلارنى قەتئىي، ئۈزۈل-كېسىل، پاك-پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىش لازىم. ئىككىنچى، غەلىبە قازىنىش پرىنسىپى. كۈرەش قىلمىساق، بىر گەپ، كۈرەش

قىلىدىكەنمىز، جەزمەن غەلىبە قازىنىشىمىز كېرەك، پىلانسىز، تەييار-لىقسىز ۋە ئىشەنچسىز كۈرەشنى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. جاھىللار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك، بىرمۇنچە جاھىللارغا بىرلا ۋاقىتتا زەربە بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كېرەك. بۇ — كۈرەشنىڭ قىسمەنلىكلىكى. ئۈچىنچى، ئۇرۇشنى توختىتىپ تۇرۇش پرىنسىپى. جاھىللارنىڭ ھۇجۇمى چېكىنىدۇرۇلگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ئۇلار يېڭى ھۇجۇمغا ئۆتكىچە ئۆزىمىز-نى تۇتۇۋېلىپ، بۇ كۈرەشنى توختىتىپ تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۇرۇشنى توختىتىپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا بىز جۇدۇڭ ھالدا جاھىللار بىلەن يەنە ئىتتىپاقلىشىشقا ھەرىكەت قىلىشىمىز، ئۇلار ماقۇل كورسە، ئۇلار بىلەن تېچلىق كېلىشىمى تۈزۈشىمىز لازىم. چەكسىز، ھەر كۈن-ھەر سائەت كۈرەش قىلىۋېرىشكە، غەلىبىدىن ئېسەنكىرەپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ — ھەر بىر كۈرەشنىڭ ۋاقىتلىقلىقى. جاھىللار ئۆزىنىڭ يېڭى ھۇجۇمىنى باشلىغاندىلا، بىز ئۇنىڭغا يەنە يېڭى كۈرەش بىلەن جاۋاپ بېرىشىمىز لازىم. بۇ ئۈچ پرىنسىپ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «يوللۇق بولۇش»، «پايدىلىق بولۇش»، «چەكلىك بولۇش» تىن ئىبارەت. بۇنداق يوللۇق، پايدىلىق ۋە چەكلىك كۈرەشتە چىڭ تۇرغاندا، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرغىلى، ئارى-لىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى، جاھىللارنى يېتىم قالدۇرغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جاھىللار كېيىن بىزگە ئاسانلىقچە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئاسانلىقچە دۈشمەن بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئاسانلىقچە كەڭ كولەملىك ئىچكى

ئۇرۇش قوزغاشقا جۇرئەت قىلالمايدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

6. گومىنداڭ — تەركىۋى مۇرەككەپ بىر پارتىيە، بۇنىڭدا جاھىللارمۇ، ئارىلىقتىكىلەرمۇ، تەرەققىيپەرۋەرلەرمۇ بار، پۈتۈن گومىنداڭ جاھىللاردىنلا تەركىپ تاپقان ئەمەس. گومىنداڭ جۇڭياڭى «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى» دىگەنگە ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۈركىلىش پەرمانلىرىنى چىقارغانلىقى ۋە ئۇزىنىڭ بارلىق كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىدىيىۋى، سىياسى ۋە ھەربى جەھەتلەردە ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۈركىلىش پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر پۈتۈن گومىنداڭنى جاھىللاردىن تەركىپ تاپقان دەپ قارايدۇ، بۇنداق قاراش خاتا. ھازىرقى گومىنداڭنىڭ ئىچىدە جاھىللار گومىنداڭنىڭ سىياسىتىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتقان ئورۇنىدا تۇرۇۋاتىدۇ، لىكىن ئۇلار سان جەھەتتە ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ، گومىنداڭنىڭ كۆپچىلىك ئەزالىرىنىڭ (نۇرغۇن ئەزالىرى نامدىلا ئەزا) جاھىللاردىن بولۇشى ناتايىن. بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلانغىلى، ئۇلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىنى قوللانغىلى، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، گومىنداڭ ئىچىدىكى ئارىلىقتىكىلەر ۋە تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدۇ.

7. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەردە ھاكىمىيەت قۇرۇش مەسىلىسىدە بۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا بولسا، بۇنداق

ھاكىمىيەت تېخى يوق. بۇنداق ھاكىمىيەت — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قوللايدىغان، دېموكراتىيىنىمۇ قوللايدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيىتى؛ بىرقانچە ئىنقىلاۋىي سىنىپنىڭ بىرلىشىپ، ۋەتەن خائىنلىرىغا ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قاراتقان دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى. ئۇ پومېشچىك - بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىدىن پەرقلىنىدۇ، قەتئىي ئىشچى - دېھقان دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىنمۇ بىرئاز پەرقلىنىدۇ. ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى كىشى سانىنىڭ تەقسىماتى مۇنداق بولۇشى كېرەك: گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ئۈچتىن بىرنى ئىگىلىشى كېرەك، ئۇلار پرولېتارىياتقا ۋە كەمبەغەل دېھقانلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ سول تەرەققىيپەرۋەرلەر ئۈچتىن بىرنى ئىگىلىشى كېرەك، ئۇلار ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ ئارىلىقتىكىلەر ۋە باشقىلار ئۈچتىن بىرنى ئىگىلىشى كېرەك، ئۇلار ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە ۋە كەيمىڭ شېنشىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. پەقەت ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ۋە گوڭچەنداڭغا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭلا بۇنداق ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش لاياقىتى يوق. كىشى سانى جەھەتتە مۇشۇنداق ئومۇمىي بەلگىلىمىنىڭ بولۇشى زورۇر، ئۇنداق بولمىغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت پرىنسىپىنى كاپالەتلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق كىشى سانىنى تەقسىم قىلىش سىياسىتى — پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقىي سىياسىتى، شۇڭا ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ — ئومۇمىي بىر بەلگىلىمە، ئۇنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئىجرا قىلىش كېرەك، ئولۇك ھالدا سان قوغلىشىشقا بولمايدۇ. تۇخاۋ - لىيېشېنلار ۋە پومېشچىكلارنىڭ ھاكىمىيەتنى، ئوز

چاكگىللغا ئېلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ بەلگىلىمىنى ئەڭ
توۋەن دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا مەلۇم دەرىجىدە
ئۆزگەرتىشكە توغرى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ تۈپ
روھىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت ئىچىدە كۆكچەنداڭ ئەزالىرىدىن باشقا
كىشىلەرنىڭ پارتىيە ـ گۇرۇھ مۇناسىۋىتىنىڭ بار ـ يوقلىغى ۋە قايسى
پارتىيە ـ گۇرۇھقا مەنسۇپ ئىكەنلىگى سۈرۈشتۈرۈلمەسلىگى كېرەك.
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت ھوكۇمرانلىـ
غىدىكى رايونلاردا ھەرقانداق پارتىيە ـ گۇرۇھتا، مەيلى گومىنداڭ
ياكى باشقا پارتىيە بولسۇن، كۆكچەنداڭغا قارشى تۇرمايدىغان ۋە
كۆكچەنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىكى بولسا، قانۇنىي رەۋىشتە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقى بولۇشقا يول قويۇش لازىم. ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەتنىڭ سايلام سىياسىتى
18 ياشقا تولغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ۋە دېموكـ
راتىيىنى قوللايدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسىنى سىنىپى، مىللىتى،
قانداق پارتىيە ـ گۇرۇھقا مەنسۇپ بولۇشى، جىنسى، ئېتىقادى ۋە
مەلۇمات دەرىجىسىگە قارىماستىن، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا
ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت خەلق سايلاملىرى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا
كېلىشى، كىيىن گومىنجېڭفۇنىڭ تەيىنلىشىگە مەلۇم قىلىنىشى كېرەك.
ئۇنىڭ تەشكىلىي شەكلى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن
ئىبارەت بولۇشى لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك
ھاكىمىيەتنىڭ سىياسى ئىشلارنى يولغا قويۇش فاكچېنى ياپون
جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ھەقىقى ۋەتەن خائىنلىرىغا ھەم

ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلقنى مۇھاپىزەت قىلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى تەڭشەش ۋە ئىشچى ـ دىخانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساسىي چىقىش نۇقتا قىلىشى لازىم. بۇنداق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈن مەملىكەتكە زور تەسىر كۆرسەتتى ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت ئۈچۈن نۇسخە يارىتىپ بەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن پارتىيىمىزدىكى يولداشلار بۇنى چۈشىنىشى ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىشى لازىم.

8. تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، جاھىل كۈچلەرنى يېتىم قالدۇرۇش كۆرىشىدە زىيالىيلارنىڭ رولىغا ئېتىۋارسىز قاراشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھىللار پۈتۈن كۈچى بىلەن زىيالىيلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنى پارتىيىمىزنىڭ تەسىرى ئاستىغا تارتىش ــ زورۇر ۋە مۇھىم سىياسەت.

9. تەشۋىقات مەسىلىسىدە توۋەندىكى گاڭلىكنى ئىگەللەش كېرەك: (1) «سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش؛ (2) مىللىي مەسىلىگە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش، تاشقى جەھەتتە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تولۇق ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىچكى جەھەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر ئارا باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش؛ (3) خەلق ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلققە ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىنى بېرىش،
ھەر دەرىجىلىك ھوكۇمەتلەرنى خەلق تەرىپىدىن سايلاش، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپلىك ئىنقىلاۋىي-دېموكرا-
تىك ھاكىمىيەتنى قۇرۇش؛ (4) خەلق تۇرمۇشى مەسىلىگىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇپ، ئېغىر باج-سېلىقلارنى بىكار قىلىش، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى
كېمەيتىش، 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمنى يولغا قويۇش، يېزا ئىگىلى-
گىنى، سانائەت ۋە سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى
ياخشىلاش؛ (5) جياڭ جيېشىنىڭ «يۇرت ئايرىماستىن، ياش-قېرى
دېمەستىن، مەيلى كىم بولسۇن، ھەممە كىشىنىڭ تۇپرىغىمىزنى
ساقلاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەسئۇلى-
يىتى بار» دېگەن خىتاپنامىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. بۇلارنىڭ
ھەممىسى گومىنداڭ ئۆزى ئېلان قىلغان كاتلىك، شۇنىڭدەك گومىنداڭ
بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ئورتاق كاتلىگى. لېكىن بۇ كاتلىگىنىڭ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بىر نۇقتىسىدىن
باشقىسىنى ھازىرقى گومىنداڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، بۇنى پەقەت
گۇڭچەنداڭ ۋە تەرەققىيپەرۋەرلەرلا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. بۇ —
خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئەڭ ئاددى كاتلىك، ئەمما نۇرغۇن
گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى بۇنى خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە
جاھىللارنى يېتىم قالدۇرۇشنىڭ قۇرالى قىلىشنى تېخى بىلمەيدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەر ۋاقىت بۇ 5 ماددىلىق كاتلىگنى ئىگەللىشى-
مىز، ئۇلارنى ئېلان چىقىرىش، خىتاپنامە چىقىرىش، تەشۋىقات
ۋەرەقىلىرى تارقىتىش، ماقالا يېزىش، نۇتۇق سوزلەش، سوھبەت
بايان قىلىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن كەڭ تارقىتىشىمىز كېرەك،
بۇ كاتلىك — گومىنداڭ رايونلىرىدا تېخىچىلا تەشۋىقات كاتلىگى،

لېكىن 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيە بارغان جايلاردا بولسا، ھەربىكەت گاگىلىكى. بۇ گاگىلىكقا ئاساسلىنىپ ئىش قىلساق، بىز قانۇنىي ئىش قىلغان بولىمىز، جاھىللارنىڭ بۇ گاگىلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزغا قارشى تۇرۇشى بولسا، ئۇلارنىڭ قانۇنسىزلىق قىلغانلىقى بولىدۇ. بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدا گومىنداڭنىڭ بۇ گاگىلىكى بىزنىڭ گاگىلىكىمىزغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ؛ لېكىن گومىنداڭنىڭ ئىدېيە تىشىسى بولسا، گۇڭچەندانىڭ ئىدېيە تىشىسگە مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ يولغا قويىدىغىنىمىز ھەرگىز گومىنداڭنىڭ ئىدېيە تىشىسى ئەمەس، پەقەت دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ مۇشۇ ئورتاق گاگىلىكى.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى دادىل راۋاجلاندۇرۇپ، گوڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا*

**(1940 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى)**

1. بارلىق دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى رايونلار ۋە ئۇرۇش بولۇۋاتقان رايونلاردا ئالاھىدىلىكنى تەكىتلىمەي، ئوخشاشلىقنى تەكىتلەش لازىم، ئۇنداق قىلماسلىق ناھايىتى زور خاتالىق بولىدۇ. مەيلى خۇابېي، خۇاجۇڭ ياكى خۇانەندە بولسۇن، مەيلى چاڭجياڭنىڭ شىمالى ياكى جەنۇبىدا بولسۇن، مەيلى تۈزلەڭ جايلار، تاغ - ئېدىرلىق جايلار ياكى كۆل - سازلىق جايلاردا بولسۇن ۋە مەيلى 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە ياكى خۇانەن پارتىزان دۈيىدە[1] بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدا ئالاھىدىلىك بولىمۇ، لېكىن ھەممىسىدە ئوخشاشلىق بار، يەنى ھەممىسىدە دۈشمەن بار، ھەممىسى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىدە راۋاجلىنالايمىز ۋە ھەممىسىدە راۋاجلىنىشىمىز كېرەك. بۇنداق راۋاجلىنىش فاڭجېنىنى جۇڭيائىڭ سىلەرگە ئۇرغۇن قېتىم كۆرسىتىپ بەردى. راۋاجلىنىش دېگىنىمىز گومىنداڭنىڭ چەكلىمىلىرىگە قارىماي، گومىنداڭ يول قويۇشى مۇمكىن بولغان دائىرىدىن چىقىپ، باشقىلارنىڭ تەيىنلىشىگە قاراپ قالماي ۋە يۇقۇرىنىڭ تەمىنات بېرىشىگە تايىنىۋالماي، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا ۋە دادىل ھالدا ئارمىيىنى كېڭەيتىش، قەتئىيلىك بىلەن گېنجۇيدى قۇرۇش، بۇ گېنجۇيدىلەردە مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، گوڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇش، بارلىق دۈشمەن بېسىۋالغان جايلارغا قاراپ راۋاجلىنىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، جياڭسۇ دائىرىسىدە گۇ جۇتوڭ، لېڭ شىن، خەن دېچىن قاتارلىق[2] گوڭچەنداڭغا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان جۇڭگۇڭ جۇڭيائىنىڭ دۇڭنەنجۈيىگە بەرگەن يوليورۇقى. يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭيائىڭ ئۈچۈن بۇ يوليورۇقنى يازغان مەزگىلدە جۇڭگۇڭ جۇڭيائىڭ ۋېيىۋەنى، جۇڭگو گوڭچەنداڭ مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيى دۇڭنەنجۈيىنىڭ شۇجىسى يولداش شياڭ يىڭنىڭ ئىدىيىسىدە ئېغىر ئوڭچىل نۇقتەئىي نەزەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ جۇڭيائىنىڭ فاڭجېنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قەتئىي بولمىدى، ئاممىنى دادىل قوزغاشقا جۈرئەت قىلمىدى، ياپون باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغان جايلاردا ئازات رايونلارنى ۋە خەلق قوشۇنلىرىنى كېڭەيتىشكە جۈرئەت قىلمىدى، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۇجۇمىنىڭ جىددىيلىكىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئەكسىيەتچىل ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا روھىي ۋە

تەنقىتلىرى، چەكلىمىلىرى ۋە بېسىملىرىغا قارىماسلىق كېرەك، غەرپتە نەنجىڭدىن تارتىپ شەرقتە دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە، جەنۇپتا خاڭجۇ-غىچە، شىمالدا شۈيجۇغىچە قولىمىزغا كىرگۈزۈش مۇمكىن بولغان ھەممە جايلارنى مۇمكىن قەدەر تېز ۋە باسقۇچلۇق، پىلانلىق تۈردە قولىمىزغا كىرگۈزۈپ، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئارمىيىنى كېڭەيتىش، ھاكىمىيەت قۇرۇش، مالىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئانە-باج يىغىش، ئىگىلىك ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى ئېچىپ، كۆپلەپ كادىر يېتىشتۈرۈش لازىم. جۇڭياڭ ئىلگىرى سىلەردىن مۇشۇ يىل ئىچىدە جياڭسۇ ۋە جېجياڭ ئۆلكىلىرىنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى جايلىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلەرنى 100 مىڭ كىشىگە كېڭەيتىش، تېزلىك بىلەن ھاكىمىيەت قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭلار

---

تەشكىلىي جەھەتلەردىن تەييارلىقى كەم بولدى. جۇڭياڭنىڭ بۇ يولىيورۇقى يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇنى جۇڭگوڭ جۇڭياڭ دۇڭنەن-جۈيىسىنىڭ ۋېيۋەنى، يېڭى 4-ئارمىيە 1-جىدۈيىسىنىڭ دۈيجاڭى يولداش چېن يى دەرھال ئىجرا قىلدى؛ يولداش شياڭ يىڭ بولسا، يەنىلا ئىجرا قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ گومىنداڭنىڭ قوزغاش ئېھتىمالى بولغان ئەكسىيەتچىل ھۇجۇمىغا قارىتا يەنىلا تەييارلىق كۆرمەي تۇرۇۋەردى، 1941-يىل 1-ئايدا جياڭ جيېشى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنى تۇغدۇرغان چاغدا، ھېچ ئامال قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى ئارمىيىمىزدىن 9 مىڭ كىشىنى ھالاكەتلىك زىيانغا ئۇچراتتى، يولداش شياڭ يىڭمۇ ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

قانداق بولىدىكىن؟ ئىلگىرى پەيت قولدىن بېرىپ قويۇلدى، ئەگەر بۇ يىلقى پەيتمۇ قولدىن بېرىپ قويۇلسا، كەلگۈسىدە تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ.

2. گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللىرى ئۆزلىرىنىڭ گۇڭچەنداڭدىن ساقلىنىش، گۇڭچەنداڭنى چەكلەش ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قەتئىي يۈرگۈزۈۋاتقان ۋە ئۇنى ياپونىيىگە تەسلىم بولۇشنىڭ تەييارلىقى قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، بىز بىرلىكنى تەكىتلىمەي، كۆرەشنى تەكىتلىشىمىز لازىم، ئۇنداق قىلماسلىق ناھايىتى زور خاتالىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارنىڭ گۇڭچەنداڭدىن ساقلىنىش، گۇڭچەنداڭنى چەكلەش ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى بارلىق قانۇن، بۇيرۇق، تەشۋىقات ۋە تەنقىتلىرىنىڭ ھەممىسىگە، نەزەرىيىۋى جەھەتتىكىسى، سىياسىي جەھەتتىكىسى ۋە ھەربىي جەھەتتىكىسى بولسۇن، پرىنسىپ جەھەتتىن قەتئىي قارشى چىقىش كېرەك، ھەممىسىگە قەتئىي كۆرەش قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش لازىم. بۇنداق كۆرەشتە يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك بولۇش پرىنسىپىغا، يەنى قوغدىنىش پرىنسىپى، غەلىبە قازىنىش پرىنسىپى ۋە ئۇرۇشنى توختىتىپ تۇرۇش پرىنسىپىغا، باشقىچە ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى ھەر بىر كونكرېت كۆرەشنىڭ مۇداپىئەلىكلىكى، قىسمەنلىكلىكى ھەم ۋاقىتلىقلىقىغا ئاساسلىنىش كېرەك. گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارنىڭ بارلىق ئەكسىيەتچىل قانۇن، بۇيرۇق، تەشۋىقات ۋە تەنقىتلىرىگە قارىتا دەلمۇ-دەل مۇقابىل تۇرۇش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلار بىلەن قەتئىي كۆرەش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. مەسىلەن، ئۇلار 4 ۋە 5-جۈدۈيلەرنىڭ③ جەنۇپقا بېرىشىنى تەلەپ قىلسا، بىز، قانداقلا

بولسۇن جەنۇپقا بارالمايمىز، دېگەن پوزىتسىيە بىلەن تاقابىل
تۇرۇشىمىز لازىم؛ ئۇلار يېڭى فېي قىسمى ۋە جاڭ يۈنيى قىسمىنىڭ④
جەنۇپقا بېرىشىنى تەلەپ قىلسا، بىز بىر قىسىم ئەسكەر ئېلىپ، شىمالغا
ئېۋەتىشنى سوراپ تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم؛ ئۇلار بىزنى ھەربىي
خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى بۇزدۇڭلار دىسە، بىز ئۇلاردىن يېڭى
4 - ئارمىيە ئۈچۈن ئەسكەر ئالىدىغان رايوننى كېڭەيتىپ بېرىشنى
سورىشىمىز لازىم؛ ئۇلار بىزنىڭ تەشۋىقاتىمىزنى خاتا دىسە، بىز
ئۇلاردىن بارلىق گۇڭچەنداڭغا قارشى تەشۋىقاتنى ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇشنى، بارلىق سۈركىلىش پەيدا قىلىدىغان ئەمر - پەرمانلارنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم؛ ئۇلار بىزگە ھەربىي
ھۇجۇم قىلسا، بىز ئۇنى ھەربىي قايتۇرما ھۇجۇم بىلەن تار - مار
قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق دەلمۇ - دەل مۇقابىل تۇرۇش سىياستىنى
يۈرگۈزۈشكە بىزنىڭ ئاساسىمىز بار. ئاساسى بار ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى پارتىيىمىزنىڭ جۇڭياڭلا ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم بولۇپ
قالماي، ئارمىيىمىزنىڭ ھەرقانداق قىسىملىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشى
لازىم. مەسىلەن، جاڭ يۈنيىنىڭ لى پىنشيەنگە تاقابىل تۇرغانلىقى،
لى شيەنيەننىڭ لى زۇڭرېنغا تاقابىل تۇرغانلىقى⑤ — توۋەننىڭ
يۇقۇرىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكىنىڭ ئوبدان مىساللىرى.
جاھىللارغا مۇشۇنداق قاتتىق پوزىتسىيە تۇتقان ۋە كۈرەش ۋاقتىدا
يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك بولۇش فاڭجېنىنى قوللانغاندىلا، جاھىل-
لارنى قورقۇنچىدا بىزگە بېسىم ئىشلىتىشكە پېتىنالمايدىغان قىلىپ
قويغىلى بولىدۇ، جاھىللارنىڭ گۇڭچەنداڭدىن ساقلىنىش، گۇڭچەن-
داڭنى چەكلەش ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشلىرىنىڭ دائىرىسىنى
تارايتقىلى بولىدۇ، جاھىللارنى بىزنىڭ قانۇنىي ئورنىمىزنى ئېتىراپ

قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك جاھىللارنى ئاسانلىقچە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويغىلى بولىدۇ. شۇڭا، كۈرەش قىلىش — تەسلىمچىلىك خەۋپىنى يېڭىشنىڭ، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ۋە گومىنداڭ - گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۇسۇلى. پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ئىچكى قىسمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، جاھىللارغا قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، روھىمىزنى ئۇستۈرگىلى، غەيرىتىمىزنى ئاشۇرغىلى، كادىرلىرىمىزنى ئىنتىپاقلاشتۇرغىلى، كۈچلىرىمىزنى كېڭەيتكىلى، ئارمىيىمىزنى ۋە پارتىيىمىزنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. ئارىلىقتىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، جاھىللارغا قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئىككىلىنىپ تۇرغان ئارىلىقتىكىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى، بىزگە خەيرىخاھلىق قىلغۇچى ئارىلىقتىكىلەرگە مەدەت بەرگىلى بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇمكىن ئەمەس. تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان مەملىكەت خاراكتېرلىق تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جاۋاپ بېرىش مەسىلىسى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، كۈرەش قىلىش فاڭجېنىنى قوللانغاندىلا، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن ئارمىيىنى روھىي جەھەتتە ھازىرلىقى بولغان، خىزمەت جەھەتتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بولغان ھالەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، 1927 - يىلىدىكى خاتالىقلار[9] تەكرارلىنىدۇ.

3. ھازىرقى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا، شۇنى چۈشىنىش لازىمكى، بىر تەرەپتىن، تەسلىمچىلىك خەۋپى زور دەرىجىدە ئېغىرلاشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، بۇنداق خەۋپنى تۈگىتىشنىڭ ئىمكانىيىتى ھېلىمۇ قولدىن كەتكىنى يوق. ھازىرقى ھەربىي توقۇ-

نۇشلار قىسمەن خاراكتېرلىق بولۇپ، تېخى مەملىكەت خاراكتېرلىق ئەمەس. بۇلار قارشى تەرەپنىڭ[7] جەنلۇبلۇك چارلاش ھەرىكەتلىرى بولۇپ، تېخى دەرھال كەڭ كولەمدە ئېلىپ بېرىلىدىغان «گۇكچەنداگنى يوقىتىش» ھەرىكىتى ئەمەس؛ قارشى تەرەپنىڭ تەسلىم بولۇشقا تەييارلىنىشىنىڭ قەدەملىرى بولۇپ، تېخى دەرھال تەسلىم بولۇش قەدەملىرى ئەمەس. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — جۇگياگنىڭ «تەرەققىپەرۋەر كۇچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش»، «ئارىلىقتىكى كۇچلەرنى قولغا كەلتۇرۇش»، «جاھىل كۇچلەرنى يىتىم قالدۇرۇش»تىن ئىبارەت بىردىن-بىر توغرى فاگجېننى چىڭ تۇرۇپ ۋە زور كۇچ چىقىرىپ ئىجرا قىلىش، شۇنىڭ بىلەن تەسلىمچىلىك خەۋپىنى يېڭىش ھەم ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۇرۇش مەقسىدىگە يېتىش. ئەگەر ۋەزىيەتنى مولچەرلەشتە ھەم ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا تولىمۇ سول ياكى تولىمۇ ئوڭ پىكىرلەر تۇغۇلۇپ، بۇ ھەقتە چۇشەندۇرۇش بېرىلمىسە ۋە ئۇلار تۇگىتىلمىسە، بۇمۇ ناھايىتى زور خەۋپ بولىدۇ.

4. 4 ۋە 5-جىۋدۇيلەرنىڭ خىدىن دېچىن ۋە لى زۇگرېنلارنىڭ شەرقىي ئەنخۇيغا قىلغان ھۇجۇمىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوغدىنىش ئۇرۇشلىرى، لى شيەنىيەن زۇگدۇينىڭ جاھىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي خۇبېيغا قىلغان ھۇجۇمىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوغدىنىش ئۇرۇشلىرى، پىڭ شۇيفېڭ جىۋدۇينىڭ خۇەيخېنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بارغان قەتئىي كۇرىشى، يېڭى قىسىمنىڭ چاگجياگنىڭ شىمالىدا راۋاجلىنىشى، شۇنىڭدەك 8-ئارمىيەدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ جەنۇبقا قاراپ يۇرۇپ، خۇەيخېنىڭ شىمالىغا، شەرقىي ئەنخۇي ۋە شىمالىي جياگسۇغا بېرىشى[8] — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇتلەق

زورۇر ۋە مۇتلەق توغرى بولۇپلا قالماي، بەلكى گۇ جۇتۇڭنى جەنۇبىي ئەنخۇيدا ۋە جەنۇبىي جياڭسۇدا سىلەرگە ئاسانلىقچە هۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويىغان زورۇر تەدبىر بولدى. دېمەك، چاڭجياڭنىڭ شىمالىدا قانچە غەلىبە قازانساق ۋە قانچە راۋاجلانساق، گۇ جۇتۇڭ چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدا ئاسانلىقچە هەرىكەتلىنىشكە شۇنچە جۈرئەت قىلالمايدۇ، سىلەرنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋە جەنۇبىي جياڭسۇدىكى ئىشلار شۇنچە ئاسان يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك، 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە خۇانەن پارتىزان دۈيى شىبېي، خۇابېي، خۇاجۇڭ، خۇانەنلەردە قانچە راۋاجلانسا، گۇڭچەنداڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قانچە راۋاجلانسا، تەسلىمچىلىك خەۋپىنى تۇگىتىپ، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى شۇنچە كۆپىيىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئىشى شۇنچە ئاسان يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر قىلىنغان مولچەر ۋە قوللىنىلغان سىياسەت بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بىز قانچە راۋاجلانساق، قارشى تەرەپ شۇنچە تېز تەسلىم بولىدۇ، بىز قانچە يول قويساق، قارشى تەرەپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا شۇنچە قارشى تۇرىدۇ، دەپ قارالسا ياكى هازىر پۈتۈن مەملىكەت بولۇنۇپ كېتىدىغان ۋاقىت، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ هەمكارلىشىشى ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارالسا، بۇ خاتا بولىدۇ.

5. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا بىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قوللىنىدىغان فاڭجېنىمىز — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ فاڭجېنى. دۈشمەن ئارقا سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۇيدىلەرنى قۇرۇشتا قوللىنىدىغان فاڭجېنىمىزمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ

فاڭجېنىنى. جۇڭگونىڭ ھاكىمىيەت مەسىلىسى ھەققىدىكى قارارىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشىڭلار لازىم.

6. بىزنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردا قوللىنىدىغان فاڭجېنىمىز ئۇرۇش بولۇۋاتقان رايونلار ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى رايونلاردا قوللىنىدىغانلىرىمىزدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ يەرلەردە قوللىنىدىغان فاڭجېنىمىز — يوشۇرۇن بولۇش، خىل بولۇش، ئۇزاق مۇددەت موكۇنۇپ تۇرۇش، كۈچ توپلاش، پەيت كۈتۈش، ئالدىراڭغۇلۇققا ۋە ئاشكارا بولۇپ قېلىشقا قارشى تۇرۇش. بۇ يەرلەردە جاھىللار بىلەن كۆرەش قىلىشتا قوللىنىدىغان سىلۇبىيىمىز يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك بولۇش پرىنسىپى ئاستىدا، گومىنداڭنىڭ بارلىق پايدىلىنىشقا بولىدىغان قانۇن، بۇيرۇق ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلەر يول قويىدىغان دائىرىدىن پايدىلىنىپ، پۇختا ئورۇنلىشىپ، پۇختا ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرەش ئېلىپ بېرىش ۋە كۈچ توپلاشتىن ئىبارەت. پارتىيىمىزنىڭ ئەزالىرى گومىنداڭ تەرىپىدىن گومىنداڭغا كىرىشكە مەجبۇر قىلىنىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا كىرسە بولىدۇ؛ يەرلىك باۋ-جيا تەشكىلاتلىرى، مائارىپ تەشكىلاتلىرى، ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ھەربىي تەشكىلاتلارغا كەڭ تۈردە كىرىشى كېرەك؛ مەركەز ئارمىيىسى ۋە ھەرخىل نامدا ئاتىلىدىغان قوشۇنلار[9] ئىچىدە بىرلىكسەپ خىزمىتىنى، يەنى دوست تۇتۇش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش لازىم. بارلىق گومىنداڭ رايونلىرىدا پارتىيىمىز قوللىنىدىغان تۈپ فاڭجېن، ئوخشاشلا، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش (پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتنى راۋاجلاندۇرۇش)، ئارىلىقتىكى كۈچلەر (مىللىي بۇرژۇئازىيە، كەيمىڭ شېنشىلار، ھەرخىل نامدا ئاتىلىدىغان قوشۇنلار، گومىنداڭ

ئىچىدىكى ئارىلىقتىكىلەر[10]، مەركەز ئارمىيىسى ئىچىدىكى ئارىلىقتى-كىلەر[11]، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمى ۋە ئۇششاق پارتىيە - گۇرۇھلار بولۇپ، جەمئىي يەتتە خىل كۈچ)نى قولغا كەلتۈرۈش، جاھىل كۈچلەرنى يەتىم قالدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن تەسلىمچىلىك خەۋپىنى تۈگىتىپ، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان ھەر-قانداق يەرلىك خاراكتېرلىق ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىق تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جاۋاپ بېرىشكە تولۇق ھازىرلىنىپ قويۇش لازىم. گومىن-داڭ رايونلىرىدا پارتىيىمىزنىڭ ئورگانلىرى ئىنتايىن مەخپىي بولۇشى لازىم. دۇڭنەنجۈيىنىڭ[12] ۋە شىكۇۋبىيلار، تېۋبىيلار، شيەنۇۋبىيلار، چۇيۇۋبىيلارنىڭ خادىملىرىنى (شۇجىلىرىدىن تارتىپ ئاشپەزلىرىگىچە) بىردىن - بىردىن قاتتىق ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش لازىم، سەل - پەل گۇمانلىق كىشىلەرنىڭمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلاردا قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك. كادىرلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم، گومىنداڭ تەرىپىدىن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىش خەۋپى بولغان ئاشكارا ياكى يېرىم ئاشكارا كادىرلارنى باشقا رايونلارغا يوتكەپ يوشۇرۇپ قېلىش ياكى ئارمىيىدە خىزمەت قىلىشقا يوتكەش لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغان رايونلار (چوڭ شەھەرلەر، ئوتتۇرا - كىچىك شەھەرلەر ۋە يېزىلار، مەسىلەن، شاڭخەي، نەنجىڭ، ۋۇخۇ، ۋۇشى قاتارلىق جايلار)دا قوللىنىدىغان فاڭجېنىمىز گومىنداڭ رايونلىرىدا قوللىنىدىغىنىمىزغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ.

7. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سىلۇبىگە ئائىت يولىيورۇقلار جۇڭياڭ جېڭجۈجۈيىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىدا قارار قىلىنىدى، بۇلارنى

دۇڭنەنجۇي ۋە جۇنغېنخۇيدىكى يولداشلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن ئارمىيىدىكى ھەممە كادىرلارغا يەتكۈزۈشنى ھەم قەتئىي ئىجرا قىلىشنى سورايمىز.

8. بۇ يولىيورۇقنى جەنۇبىي ئەنخۇيدا يولداش شياڭ يىڭ يەتكۈزىدۇ، جەنۇبىي جياڭسۇدا يولداش چېن يى يەتكۈزىدۇ. دېيەنباۋنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە مۇزاكىرە قىلىپ ۋە يەتكۈزۈپ بولۇش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن ئارمىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى يولداش شياڭ يىڭ جۇڭياڭنىڭ فاڭجېنى بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاپ بېجىرىشى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىنى جۇڭياڭغا مەلۇم قىلىشى لازىم.

## ئىزاھلار

① خۋانەن پارتىزان دۈيى — جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىزانلىق قىلغان بىرقانچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان دۈيىنىڭ ئومۇمى نامى.

② گۇ جۇتۇڭ، لېڭ شىن، خەن دېچىن — شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جياڭسۇ، جېجياڭ، جەنۇبىي ئەنخۇي ۋە جياڭشى قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشقا ئېۋەتكەن ئەكسىيەتچى جياڭگىلىكلار.

③ 4 ۋە 5 - جۈدۈيلەر يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ 4 ۋە 5 - جۈدۈيلىرىنى كۆرسىتىدۇ، بۇلار شۇ چاغدا جياڭسۇ ئۆلكىسى بىلەن ئەنخۇي ئۆلكىسى ئارىلىقىدىكى خۇەيخې رايونىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئىدى.

④ يې فېي قىسمى ۋە جاڭ يۈنيى قىسمى يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ يې فېي ۋە جاڭ يۈنيى يولداشلار يېتەكچىلىك قىلغان بىر بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار چاڭجياڭنىڭ شىمالىدا، يەنى جياڭسۇ

ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەر قۇرۇۋاتاتتى.

⑤ 1940 - يىل 3 ۋە 4 - ئايلاردا گومىنداڭنىڭ ئەنخۇي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جۇشىسى لى پىنشيەن ۋە 5 - ئۇرۇش رايونى سىلىڭجاڭگۇەنى لى زۇڭرېن (ھەر ئىككىسى گۇاڭشى گۇرۇھىدىكى جۇنفالاردىن) يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ ئەنخۇي ئۆلكىسى بىلەن خۇبېي ئۆلكىسى ئارىلىغىدىكى قىسىملىرىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان ئىدى. شۇ چاغدا يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ چاڭجياڭنىڭ شىمالىدا تۇرغان قىسىملىرىنىڭ جىڭخۇيۈەنى يولداش جاڭ يۈنيى ۋە خۇبېي - خېنەن تىڭجىن زۇڭدۈينىڭ سىلىڭيۈەنى يولداش لى شيەنيەن ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرغان ئىدى.

⑥ بۇ چېن دۇشيۇنىڭ ئوڭچىل جىخۇيجۇيى خاتالىقىنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ بۇ جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ جاھىللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ 1940 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ خۇەيخېنىڭ شىمالىدا، شەرقىي ئەنخۇي ۋە شىمالىي جياڭسۇدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن خۇابېيدىن جەنۇبقا يۆتكىگەن 8 - ئارمىيىنىڭ 20 مىڭدىن ئوشۇقراق كىشىسى جياڭسۇنىڭ شىمالىي قىسمىغا يېتىپ بارغان ئىدى.

⑨ جياڭ جيېشى شىنتۇڭگى ئوز گۇرۇھىغا قاراشلىق قىسىملارنى «مەركەز ئارمىيىسى» دەپ، باشقا گۇرۇھلارغا قاراشلىق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى «ھەرخىل نامدا ئاتىلىدىغان قوشۇنلار» دەپ ئاتايتتى. «ھەرخىل نامدا ئاتىلىدىغان قوشۇنلار» جياڭ جيېشى گۇرۇھى تەرىپىدىن كەمسىتىلەتتى، ئۇلارنىڭ تەمىناتى «مەركەز ئارمىيىسى»نىڭكىدىن پەرقلىق ئىدى.

⑩ «گومىنداڭ ئىچىدىكى ئارىلىقتىكىلەر» گومىنداڭ ئىچىدە گۇڭچەن-

داڭغا مەلۇم ۋاقىت ئانچە بەك قارشى تۇرمىغان ياكى بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتقان گۇرۇھ ۋە بەزى شەخسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑪ گومىنداڭنىڭ «مەركەز ئارمىيىسى» جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گۇرۇھىغا قاراشلىق قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ بەزى جۇنگۇەنلەر ياكى ئايرىم قىسىملار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە گوڭچەنداڭغا ئانچە بەك قارشى تۇرمىغان ياكى بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتقان ئىدى. «مەركەز ئارمىيىسى ئىچىدىكى ئارىلىقتىكىلەر» مۇشۇ بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑫ دۇڭنەنجۈي — جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى 1938 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە دۇڭنەن رايونىدىكى خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلغان ۋاكالەت ئورگىنى؛ بۇ رايون جياڭسۇ، جېجياڭ، ئەنخۇي، جياڭشى، خۇبېي ۋە خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

# ئىتتىپاقلىقنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرايلى

(1940 ـ يىل 7 ـ ئاي)

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 3 يىللىقى جۇڭگو گومىنداڭنىڭ 19 يىللىقىغا توغرى كەلدى. بىز كوممۇنىستلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى مانا شۇ كۈندە خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلماقتىمىز. جۇڭخۇا مىللىتىنى مۇنقەرىزلىكتىن ساقلاش ـ گۇللەندۈرۈش — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئەمما بىز كوممۇنىستلارنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنىڭدا بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز تېخىمۇ چوڭ. پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگىياڭى ۋەزىيەت توغرىسىدا خىتاپنامە ئېلان قىلدى، بۇ خىتاپنامىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى پۈتۈن مەملىكەتنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشقا، ئىتتىپاقلىقنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ خىتاپنامىنىڭ

دوست پارتىيىلەر، دوست ئارمىيىلەر ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىت قىلىمىز، ۋاھالەنكى، بارلىق گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ بۇ خىتاپنامىدە كۆرسىتىلگەن فاكتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى بولۇپمۇ زۆرۈر.

بارلىق گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى بىلىشى كېرەككى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارغاندىلا، ئىتتىپاقلىقنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرغىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئىتتىپاقلىقنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا نەمۇنە بولۇشى، شۇنىڭدەك ئىتتىپاقلىقتىمۇ نەمۇنە بولۇشى لازىم. بىز پەقەت دۈشمەنلەرگىلا ھەم ئەشەددىي تەسلىمچى ئۇنسۇرلار ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى ئەشەددىي ئۇنسۇرلارغىلا قارشى تۇرىمىز، باشقا بارلىق كىشىلەر بىلەن ئەستايىدىل ئىتتىپاقلىشىمىز. ئەشەددىي تەسلىمچى ئۇنسۇرلار ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى ئەشەددىي ئۇنسۇرلار ھەرقانداق جايدا پەقەت ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. مەن بىر يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىۋىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم، ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغانلار 1 مىڭ 300 كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۇڭچەنداڭغا قارشى ئەشەددىيلەر 40 ـ 50 لا كىشى ئىكەن، يەنى 4 پىرسەنتكە يەتمەيدىكەن، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئۈمىت قىلىدىكەن. بىز ئەشەددىي تەسلىمچى ئۇنسۇرلار ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى ئەشەددىي ئۇنسۇرلارغا، ئەلۋەتتە، يول قويمايمىز، ئۇلارغا يول قويۇش ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزۇشىغا، ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇشىغا يول قويۇش

بولىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن تەسلىمچىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، گۇڭچەنداڭغا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى قوغدىنىش مەيدانىدا تۇرۇپ قەتئىي چېكىندۈرۈشىمىز لازىم. ئەگەر بۇنداق قىلمايدىكەنمىز، بۇ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىلىق بولىدۇ، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىشقا پايدىسىز بولىدۇ. ئەمما تەسلىم بولۇش ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشتا ئەشەددىي بولمىغان كىشىلەرگە بولسا، ئىتتىپاقلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىشىمىز لازىم. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى يۈزلىمىلىكلەر بار، مەجبۇر قىلىنغانلار بار، بىرمەھەل ئېزىپ قالغانلارمۇ بار، بۇ كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر بۇنداق قىلمايدىكەنمىز، بۇ «سول» چىل جىخۇيجۇيىلىق بولىدۇ، بۇمۇ ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىشقا پايدىسىز بولىدۇ. بارلىق گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى بىلىشى كېرەككى، بىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى تەشەببۇس قىلدۇق، بىز بۇ بىرلىكسەپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم. ۋەتەن بېشىغا چۈشكەن ئاپەت كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان، دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا جۇڭخۇا مىللىتىنى مۇنقەرزلىكتىن ساقلاش-گۈللەندۈرۈشتە بىز ئىنتايىن زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم. بىز ياپون جاھانگىرلىكىنى چوقۇم يېڭىمىز، بىز چوقۇم جۇڭگونى مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز؛ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بولسا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ زور كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان پارتىيە-گۇرۇھلۇق ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىز كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم.

كوممۇنىستلارنىڭ باشقىلار بىلەن پرىنسىپسىز بىرلىكسەپ تۈزۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، گۇڭچەنداڭنى ئېرىتىش، گۇڭچەنداڭنى چەكلەش، گۇڭچەنداڭدىن ساقلىنىش، گۇڭچەنداڭنى تەقىپ قىلىش دېگەن ئىشلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم، پارتىيە ئىچىدىكى ئوڭچىل جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇرۇش لازىم. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقانداق گۇڭچەنداڭ ئەزاسىنىڭ پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىگە ھۆرمەت قىلماسلىقىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى مۇمكىن بولغان ھەممە كىشىلەر بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش پرىنسىپى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىشى لازىم، پارتىيە ئىچىدىكى «سول»چىل جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇرۇشى لازىم.

مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن، ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە بىز بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەتنى تەشەببۇس قىلىمىز، باشقا پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنىمۇ ماقۇل كۆرمەيمىز، گۇڭچەنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنىمۇ تەشەببۇس قىلمايمىز، بەلكى ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ۋە ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىسىنى، يەنى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەتنى تەشەببۇس قىلىمىز. گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە دۈشمەنلەرنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھاكىمىيەت قۇرغان چاغدا، پارتىيىمىزنىڭ جوڭياڭ بەلگىلىگەن «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم»نى قوللىنىشى كېرەك، مەيلى ھۆكۈمەت خادىملىرى ئارىسىدا بولسۇن ياكى خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگانلاردا بولسۇن، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى پەقەت ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىشى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ۋە دېموكراتىيىنى قۇۋۋەتلەيدىغان باشقا پارتىيە - گۇرۇھلار

ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىز كىشىلەر ئۈچتىن ئىككىنى ئىگىلەيدىغان بولۇشى لازىم. مەيلى قانداقلىكى كىشى بولسۇن، پەقەت تەسلىم بولمىسىلا ۋە كۈڭچەنداڭغا قارشى تۇرمىسىلا، ھوكۇمەت خىزمىتىگە قاتناشسا بولىدۇ. ھەرقانداق پارتىيە-گۇرۇھ پەقەت تەسلىم بولمىسىلا ۋە كۈڭچەنداڭغا قارشى تۇرمىسىلا، ئۇنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھاكىمىيەت ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش لازىم.

ئارمىيە مەسىلىسىدە پارتىيىمىزنىڭ خىتاپنامىسىدە: «بارلىق دوست ئارمىيىلەر ئىچىدە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرماسلىق» دېگەن قارارنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ قارارنى تېخى قەتئى ئىجرا قىلمايۋاتقان بەزى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ ئەھۋالنى دەرھال تۈزىتىشى لازىم. 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىگە قارشى ھەربى سۈركىلىش پەيدا قىلمىغان قوشۇنلارغا بىردەك دوستانە پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. سۈركىلىش پەيدا قىلغان بەزى قوشۇنلار بىلەنمۇ، ئۇلار بۇنداق سۈركىلىشنى توختاتقان چاغدا، دوستانە مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. مانا بۇلار ئارمىيە مەسىلىسىدە بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا مالىيە، ئىقتىسات، مەدەنىيەت، مائارىپ، خائىنلارنى يوقىتىش جەھەتلىرىدە قوللىنىلىدىغان سىياسەتكە كەلسەك، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن، بۇ جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى تەڭشەشنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرلىكسەپ سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش لازىم، ھەممىسىدە، بىر تەرەپتىن، ئوڭچىل جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇرۇش، بىر تەرەپتىن، «سول»چىل جىخۇيجۇيىغا قارشى تۇرۇش لازىم.

ھازىرقى خەلقارا ۋەزىيەت شۇنداقكى، جاھانگىرلىك ئۇرۇشى

دۇنيا مىقياسىدا كېڭىيىۋاتىدۇ، جاھانگىرلىك ئۇرۇشى تۇغدۇرغان ئىنتايىن ئېغىر سىياسىي ۋېيجى ۋە ئىقتىسادىي ۋېيجى نۇرغۇن مەملىكەتلەردە ئىنقىلاپلارنىڭ پارتلىشىغا مۇقەررەر رەۋىشتە سەۋەپ بولىدۇ. بىز ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاپلار بولۇۋاتقان يېڭى دەۋردە تۇرماقتىمىز. جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ قايىنىمىغا كىرمىگەن سوۋېت ئىتتىپاقى — پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئېزىلگۈچى خەلق ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ياردەم بەرگۈچىسى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا پايدىلىق. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياپون جاھانگىرلىكى شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولۇپ، جۇڭگوغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ، ئۇ جۇڭگودىكى بىر قىسىم ئارىسالدى ئۇنسۇرلارنى ئۆزىگە تەسلىم بولۇشقا چوقۇم تارتىدۇ، تەسلىمچىلىك خەۋپى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىرلاشتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 4-يىلى ئەڭ مۇشەققەتلىك بىر يىل بولىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تەسلىمچىلەرگە قارشى تۇرۇش، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش. بۇ ۋەزىپىنى بارلىق گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى دوست پارتىيىلەر ۋە دوست ئارمىيىلەر بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورۇنلىشى لازىم. بىز ئىشىنىمىزكى، پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنىڭ، دوست پارتىيىلەر، دوست ئارمىيىلەر ۋە پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ بىرلىكتە تىرىشىشى ئارقىسىدا، تەسلىمچىلىك خەۋپىنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياپون قاراقچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئەزىز تاغ-دەريالىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىدىگە يېتەلەيمىز، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى پارلاق.

# سىياسىتىمىز توغرىسىدا*

## (1940 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

گۆگچەنداگغا قارشى دولقۇن كوتۆرۈلۈۋاتقان هازىرقى ۋەزىيەتتە بىزنىڭ سىياسىتىمىز ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن بىزنىڭ بىرمۇنچە كادىرلىرىمىز باركى، ئۇلار پارتىيىنىڭ هازىرقى دەۋردىكى سىياسەتلىرىنىڭ يەر ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى سىياسەتلىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىشى لازىملىقىنى ھېلىمۇ چۈشەنمەيدۇ. چۈشىنىش كېرەككى، پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، ھەرقانداق ئەھۋالدا بولسۇن، پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپلىك سىياسىتى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ؛ ئۆتكەن 10 يىللىق يەر ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى بىرمۇنچە سىياسەتلەرنى هازىر ئاددى هالدا قوللىنىۋەرمەسلىك كېرەك. بولۇپمۇ يەر ئىنقىلاۋىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يېرىم مۇستەملىكە ئەلدىكى بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئىنقىلاپنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى تۈپ خۇسۇسىيىتىنى چۈشەنمەسلىك ئارقىسىدا كېلىپ چىققان بىرمۇنچە تولىمۇ سول

سىياسەتلەرنى، مەسىلەن، بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» بىلەن بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپتىن ئىبارەت ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ دەپ قاراش، بۇرژۇئازىينى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يوقىتىش (تولىمۇ سول ئەمگەك سىياسىتى ۋە باج سىياسىتى قوللىنىش)، باي دېھقانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يوقىتىش (ناچار يەرلەرنى بولۇپ بېرىش)، پومېشچىكلارنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىش (يەر بولۇپ بەرمەسلىك)، زىيالىيلارغا زەربە بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىشتىكى «سول»چىللىق، ھاكىمىيەت خىزمىتىدە گۇڭچەندانىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىنى تەنھا ئىگىلىۋېلىشى، كوممۇنىستىك خەلق مائارىپى يونۇلۇشى، تولىمۇ سول ھەربىي سىياسەت (چوڭ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش، پارتىزان ئۇرۇشنى ئىنكار قىلىش)، ئاق رايونلار خىزمىتىدىكى قارامىلىق سىياسىتى، شۇنىڭدەك پارتىيە ئىچىدە تەشكىلىي جەھەتتىكى زەربە بېرىش سىياسىتى ۋاھاكازالارنى بۇگۇنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە قوللىنىشقا تامامەن بولمايدۇ، شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار ئوتمۇشتىمۇ خاتا ئىدى. بۇنداق تولىمۇ سول سىياسەتلەر، بىرىنچى ئۇلۇق ئىنقىلابنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە كورۇلگەن چېن دۇشيۇ رەھبەرلىكىدىكى ئوڭچىل جىخۇيجۇينىڭ نەق تەتۇرسىچە، «سول»چىل جىخۇيجۇيى خاتالىقى بولۇپ ئىپادىلەندى. بىرىنچى ئۇلۇق ئىنقىلابنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ھەممىدىلا بىرلەشىش، كۆرەش قىلىشنى ئىنكار قىلىش بولدى؛ يەر ئىنقىلاۋىنىڭ

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يازغان جۇڭگو جۇڭگوڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يولىورۇغى.

كىيىنكى مەزگىلدە بولسا، ھەممىدىلا كۈرەش قىلىش، بىرلىشىشنى ئىنكار قىلىش بولدى (ئاساسىي دېھقانلار بۇنىڭ سىرتىدا)، مانا بۇلار چېكىدىن ئاشقان ئىككى سىياسەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ روشەن دەلىل. ھالبۇكى، چېكىدىن ئاشقان بۇ ئىككى سىياسەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى پارتىيە ۋە ئىنقىلابنى ناھايىتى زور زىيانلارغا ئۇچراتتى.

ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتى ھەممىدىلا بىرلىشىپ، كۈرەش قىلىشنى ئىنكار قىلىش سىياسىتىمۇ ئەمەس، ھەممىدىلا كۈرەش قىلىپ، بىرلىشىشنى ئىنكار قىلىش سىياسىتىمۇ ئەمەس، بەلكى بىرلىشىش بىلەن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسەت. كونكرېت ئېيتقاندا، مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق بىرلىشىپ (ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىيلار ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلىشىپ)، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىش.

2. بىرلىكسەپ ئاستىدىكى مۇستەقىللىق ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىق سىياسىتى ــ بىرلىكمۇ بولۇش، مۇستەقىللىقمۇ بولۇش.

3. ھەربىي جەنلۈې جەھەتتە جەنلۈېلۈك بىرلىك ئاستىدا، مۇستەقىل ـ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش، ئاساسەن پارتىزان ئۇرۇشى قىلىش، لېكىن ئەپلىك شارائىتتا يۈندۈڭجەننىمۇ قولدىن بەرمەسلىك.

4. گومىنداڭغا قارشى جاھىللار بىلەن كۈرەش قىلغان چاغدا

زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىش، كوپچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئازچە-لىققا قارشى تۇرۇش، بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىش؛ يولۇق، پايدىلىق، چەكلىك بولۇش.

5. دۈشمەن بېسىۋالغان رايونلار ۋە گومىنداڭ هوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا قوللىنىلىدىغان سىياسەت — بىر تەرەپتىن، بىرلىكسەپ خىزمىتىنى كۈچىنىڭ بېرىچە راۋاجلاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن، يوشۇرۇن بولۇش-خىل بولۇش سىياسىتىنى قوللىنىش؛ تەشكىلىي شەكىل ۋە كۈرەش شەكلى جەھەتتە يوشۇرۇن بولۇش-خىل بولۇش، ئۇزاق مۇددەت موكۇنۇپ تۇرۇش، كۈچ توپلاش، پەيت كۈتۈش سىياسىتىنى قوللىنىش.

6. مەملىكەتتىكى هەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىگە قارىتىلغان تۈپ سىياسەت — تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىل كۈچلەرنى يىتىم قالدۇرۇش.

7. گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا قارىتا ئىنقىلاۋىي ئىككى يىلىق سىياسەت قوللىنىش، يەنى ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى مۇمكىنلىكى تەرىپىگە قارىتا بىرلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىش، ئۇلارنىڭ گۇڭچەنداڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى تەرىپىگە قارىتا يىتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىش. جاھىللار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتىمۇ ئىككى يۈزلىمىلىكتە ئىكەن، بىز ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى مۇمكىنلىكى تەرىپىگە قارىتا بىرلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىمىز، ئۇلارنىڭ ئىككى-لىنىدىغانلىقى تەرىپىگە (مەسىلەن، ياپون قاراقچىلىرى بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرىدىغانلىقى هەم ۋاڭ جىڭۋېيغا ۋە باشقا ۋەتەن

خائىنلىرىغا ئاكتىپ قارشى تۇرمايدىغانلىقى تەرىپىگە) قارىتا كۈرەش قىلىش ۋە يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىمىز. جاھىللار گۇڭچەندائىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتىمۇ ئىككى يۈزلىمىلىككە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سىياسىتىمىزمۇ ئىككى بىسلىق بولىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى تۈپتىن بۇزۇشنى خالىمايدىغانلىقى تەرىپىگە قارىتا بىرلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىمىز؛ ئۇلارنىڭ پارتىيىمىزگە ۋە خەلققە قاتتىق بېسىم سىياسىتى قوللىنىدىغانلىقى ۋە ھەربىي ھۇجۇم يۈرگۈزىدىغانلىقى تەرىپىگە قارىتا كۈرەش قىلىش ۋە يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىمىز. بۇنداق ئىككى يۈزلىمىلىك ئۇنسۇرلارنى ۋەتەن خائىنلىرى ـ ياپونپەرەسلەردىن پەرق ئېتىش كېرەك.

8. ۋەتەن خائىنلىرى ـ ياپونپەرەسلەر ئارىسىدىمۇ ئىككى يۈزلىمە ئۇنسۇرلار بار، ئۇلارغىمۇ ئىنقىلاۋىي ئىككى بىسلىق سىياسەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. يەنى ئۇلارنىڭ ياپونپەرەسلىك تەرىپىگە قارىتا زەربە بېرىش ۋە يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىككىلىنىدىغانلىقى تەرىپىگە قارىتا ئۆز تەرىپىمىزگە تارتىش ۋە قولغا كەلتۈرۈش سىياسىتىنى قوللىنىشىمىز كېرەك. بۇنداق ئىككى يۈزلىمە ئۇنسۇرلارنى ۋاڭ جىڭۋېي، ۋاڭ يىتاڭ①، شى يۇسەنلەرگە② ئوخشاش ئەشەددىي ۋەتەن خائىنلىرىدىن پەرق ئېتىش كېرەك.

9. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قارشى تۇرىدىغان ياپونپەرەس چوڭ پومېشچىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازلاردىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ـ پەرەس چوڭ پومېشچىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازلارنى پەرق ئېتىش

كېرەك؛ شۇنىڭدەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قۇۋۋەتلەيدىغان، ئەمما ئىككىلىنىپمۇ تۇرىدىغان، ئىتتىپاقلىقنى قۇۋۋەتلەيدىغان، ئەمما گۇڭچەنداڭغا قارشىمۇ تۇرىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىك چوڭ پومېشچىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازلاردىن ئىككى يۈزلىمىلىكلىكى ئازراق بولغان مىللىي بۇرژۇئازلارنى ھەم ئوتتۇرا، ئۇششاق پومېشچىكلار ۋە كەيمىڭ شېنشىلارنى پەرق ئېتىش كېرەك. بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئەنە شۇ پەرقلەر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىكى پەرقلەردىن كېلىپ چىققان.

10. جاھانگىرلىككە قارىتامۇ شۇنداق. گەرچە گۇڭچەنداڭ ھەرقانداق جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ياپون جاھانگىرلىكىدىن ھازىرقى ۋاقىتتا تاجاۋۇز قىلمىغان باشقا جاھانگىرلىكنى پەرق ئېتىش؛ يەنە ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، «مانجۇگو»نى ئېتىراپ قىلغان گېرمانىيە-ئىتالىيە جاھانگىرلىكىدىن ياپونىيە بىلەن قارىمۇ-قارشى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە-ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى پەرق ئېتىش؛ شۇنىڭدەك يىراق شەرق ميۇنخېنى سىياسىتىنى قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا زىياندا شلىق قىلغان چاغدىكى ئەنگلىيە-ئامېرىكىدىن بۇ سىياسەتتىن ۋازكېچىپ، ئۇنى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىنى قوللاشقا ئۆزگەرتكەن ھازىرقى ئەنگلىيە-ئامېرىكىنى پەرق ئېتىش كېرەك. بىزنىڭ سىلۇۋ پىرىنسىپىمىز يەنىلا زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىش، كۆپچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئازچىلىققا قارشى تۇرۇش، بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىشتىن ئىبارەت. بىز ۋەيجياۋ سىياسىتى جەھەتتە گومىنداڭدىن پەرقلىنىمىز.

گومىنداڭ «دۈشمەن پەقەت بىر، قالغانلارنىڭ ھەممىسى دوست» دەيدۇ، كورۇنۇشتە ياپونىيىدىن باشقا دولەتلەرگە باپ ـ باراۋەر قارىغاندەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنى يېقىن كورىدۇ. بىز بولساق، پەرقلەندۇرۇشىمىز كېرەك، بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى كاپىتالىستىك دولەتلەردىن پەرقلەندۇرۇشىمىز، ئىككىنچىدىن، ئەنگلىيە ـ ئامېرىكىنى گېرمانىيە ـ ئىتالىيىدىن پەرقلەندۇرۇشىمىز، ئۈچىنچىدىن، ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا خەلقىنى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكىنىڭ جاھانگىر ھوكۇمەتلىرىدىن پەرقلەندۇرۇشىمىز، تۆتىنچىدىن، ئەنگلىيە ـ ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى سىياسىتىنى يىراق شەرق ميۇنخېنى ۋاقتىدىكى سىياسىتىدىن پەرقلەندۇرۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ سىياسىتىمىز مۇشۇ پەرقلەر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بىزنىڭ تۈپ فاكجېنىمىز گومىنداڭنىڭكىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش ۋە ئوز كۈچىگە تايىنىش ئىش كورۇشتە چىڭ تۇرۇش پىرىنسىپى ئاستىدا تاشقى ياردەملەردىن مۇمكىن قەدەر پايدىلىنىش، گومىنداڭغا ئوخشاش مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش ۋە ئوز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇشتىن ۋازكېچىپ، تاشقى ياردەمگە يولىنىۋېلىش ياكى ھەرقانداق جاھانگىرلىك گۇرۇھىنىڭ قۇچىقىغا ئوزىنى ئېتىش ئەمەس.

پارتىيە ئىچىدىكى بىرمۇنچە كادىرلارنىڭ سىلوۋې مەسىلىسى ئۈستىدىكى بىرتەرەپلىمە قاراشلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان تولىمۇ سولغا ياكى تولىمۇ ئوڭغا داۋالغۇپ تۇرۇشنى پەقەت بۇ كادىرلار تارىختىكى پارتىيە سىياستى بىلەن ھازىرقى پارتىيە سىياستى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئوزگىرىش ھەم راۋاجلىنىش ئۈستىدە ئۇمۇميۈزلۈك ۋە بىر پۈتۈن چۈشەنچىگە ئىگە قىلىنغاندىلا تۈگەتكىلى بولىدۇ. ھازىر پارتىيە ئىچىدىكى ئاساسىي خەۋپلىك خاھىش يەنىلا

تولىمۇ سول قاراشلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى. گومىنداڭ هۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا بىرمۇنچە كىشىلەر يوشۇرۇن بولۇش ـ خىل بولۇش، ئۇزاق مۇددەت موكۇنۇپ تۇرۇش، كۈچ توپلاش، پەيت كۈتۈش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلمايۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلار گومىنداڭنىڭ گۈڭچەنداڭغا قارشى سىياسىتىگە جىددىي قارىمايۋاتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر بىرلىكسەپ خىزمىتىنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلمايۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلار گومىنداڭنى ئادەتتىكى هالدا قاراڭغۇ بىر جاڭگال دەپ قاراپ، ئامالسىزلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغان رايونلاردىمۇ مۇشۇنداق ئەهۋال بار.

گومىنداڭ هۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كېنجۈيدىلەردە بىرلىشىشنىلا بىلىپ، كۈرەش قىلىشنى بىلمەيدىغان ۋە گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەرىپىنى ئارتۇقچە مولچەرلىگەچكە، گومىنداڭ بىلەن گۈڭچەنداڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پرىنسىپلىق پەرقلەر تۇتۇقلاشتۇرۇلۇپ، بىرلىكسەپ ئاستىدىكى مۇستەقىللىق ـ ئۆز ئىگە ئۆزى خوجىلىق سىياسىتىنى ئىنكار قىلىش، چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىگە مادارا قىلىش، گومىنداڭغا مادارا قىلىش، ئۆزىنىڭ پۇت ـ قولىنى بوغۇپ قويۇشقا رازى بولۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى دادىل راۋاجلاندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، گومىنداڭنىڭ گۈڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ۋە گۈڭچەنداڭنى چەكلەش سىياسىتىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقتەك ئوڭچىل قاراشلار ئوتتۇرىدا جىددىي يوسۇندا مەۋجۇت بولغان ئىدى، هازىر ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى. لېكىن، 1939 ـ يىل قىش پەسلىدىن

بۇيان گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى سۈركىلىش پەيدا قىلىشى
ۋە بىزنىڭ قوغدىنىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىشىمىز ئارقىسىدا كېلىپ
چىققان تولىمۇ سول خاھىش بولسا، ئۇمۇميۈزلۈك ھالدا كورۇلۇشكە
باشلىدى. بۇلار بىرقەدەر تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى تولۇق
تۈزىتىلىپ كەتكىنى يوق، تېخى بىرمۇنچە جايلارنىڭ بىرمۇنچە كونك-
رېت سىياسەتلىرىدە كورۇلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەرخىل كون-
كرېت سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىنتايىن زورۇر.

ھەرخىل كونكرېت سىياسەتلەر ھەققىدە، جۇڭگىياڭ ئارقىمۇ-ئارقا
يولىورۇق بەرگەن ئىدى، بۇ يەردە پەقەت ئۇمۇملاشتۇرغان ھالدا
بىرنەچچە نۇقتىنى كورسىتىپ ئوتىمىز.

ھاكىمىيەت تەشكىلى توغرىسىدا. «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم»نى
قەتئى ئىجرا قىلىش، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا
پەقەت ئۈچتىن بىرنىلا ئىگىلەش، كەڭ پارتىيىسىز كىشىلەرنى
ھاكىمىيەتكە قاتناشتۇرۇش لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
دېموكراتىك ھاكىمىيەت ئەمدى قۇرۇلۇۋاتقان شىمالىي جياڭسۇغا
ئوخشاش جايلاردا گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ئۈچتىن بىردىن ئازراقنى
ئىگىلىسىمۇ بولىدۇ. ھوكۇمەت ئورگانلىرىغىمۇ ۋە خەلق ئىرادىسىگە
ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگانلارغىمۇ گۇڭچەنداڭغا ئانچە بەك قارشى
تۇرمايدىغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە كەيىمىڭ
شېنشىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇش كېرەك؛ گۇڭچەنداڭغا قارشى
تۇرمايدىغان گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ قاتنىشىشىغا يول قويۇش لازىم.
خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگانلارغا ئاز سانلىق
ئوڭچىلارنىڭ قاتنىشىشىغا يول قويۇلسىمۇ بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ
ھەممىنى ئوز ئالدىغا تارتىۋېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. بىز

پەقەت مەيبەن چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن چوڭ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرىسىنىلا بۇزۇپ تاشلايمىز، ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى قويماقچى ئەمەسمىز.

ئەمگەك سىياستى توغرىسىدا. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىشچىلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. لېكىن تولىمۇ سوللۇقتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك، ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇشنىمۇ، ئىش ۋاقتىنى قىسقارتىشنىمۇ ھەددىدىن زىيادە قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش تېخى قىيىن، بەزى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا 10 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويۇپ تۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. باشقا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا بولسا، ئىش ۋاقتىنى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدا توختام تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىشچىلار ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى لازىم، كاپىتالىستلارغا پايدا ئالغىدەك ئىمكانىيەت بېرىش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، زاۋۇتلار تاقىلىپ قېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىسىز بولىدۇ، ئىشچىلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ زىيان يېتىدۇ. يېزا ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە تەمىناتىنى ياخشىلاشقا كەلسەك، تولىمۇ ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، تولىمۇ ئۈستۈن قىلىۋېتىش دېھقانلارنىڭ قارشىلىقىنى، ئىشچىلارنىڭ ئىشسىز قېلىشىنى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تارىيىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يەر سىياستى توغرىسىدا. پارتىيە ئەزالىرى ۋە دېھقانلارغا ھازىرقى ۋاقىتنىڭ ئۇزۇل-كېسىل يەر ئىنقىلاۋىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرىكى يەر ئىنقىلاۋى دەۋرىدە

قوللىنىلغان بىر يۈرۈش چارىنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا مۇۋاپىق كەلمەيـ دىغانلىرىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. ھازىرقى سىياسەتتە، بىر تەرەپتىن، يومىشچىلارنىڭ ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشنى بەلگىلەش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاساسىي دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىـ لىرىغا قارشى ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ، لېكىن بەك جىق كېمەيتىۋەتمەسلىكمۇ كېرەك. يەر ئىجارىسىنى ئۇمۇمەن 25 پىرسەنت كېمەيتىش پىرىنسىپ قىلىنىدۇ؛ ئاممە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كېمەيتىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا ھوسۇلنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىجارىگە بەرگۈچى، 60 پىرسەنتىنى ئىجارىگە ئالغۇچى ياكى 30 پىرسەنتىنى ئىجارىگە بەرگۈچى، 70 پىرسەنتىنى ئىجارىگە ئالغۇچى ئالسا بولىدۇ، ئەمما بۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئۆسۈمنىڭ كېمەيتىلىشى جەمىيەتتىكى ئىقتىسادىي ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋەتلىرى يول قويغان دەرىجىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانـ لارنىڭ ئىجارە ۋە ئۆسۈم تاپشۇرۇشى لازىملىقىنى، يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە مال - مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى يەنىلا يومىشچىلاردا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ قويۇش كېرەك. ئۆسۈمنى كېمەيتىش سەۋەبى بىلەن دېھقانلارنى قەرز ئالالمايدىغان قىلىپ قويماسلىق، كونا مۇئامىلە ئۈستىدە ھېساپ - كىتاپ قىلىش سەۋەبى بىلەن ئىلگىرى رەنىگە قويغان يەرلىرىنى ھەقسىز قايتۇرۇـ ۋالىدىغان قىلىپ قويماسلىق لازىم.

باج سىياسىتى توغرىسىدا. ئېلىنىدىغان باجنىڭ مىقدارىنى دارامەتنىڭ مىقدارىغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. بارلىق دارامىتى بار كىشىلەر، باجنى كېچىرىم قىلىشنى بەلگىلەشكە تېگىشلىك ئەڭ كەمبەغەللەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئاھالىنىڭ 80 پىرسەنتتىن

كوپرەگىنى تەشكىل قىلغان كىشىلەر، مەيلى ئىشچى، دىخان بولسۇن، ھەممىسى دولەتكە باج-پاراق تاپشۇرۇشى لازىم، سىلىقنى پۈتۈنلەي يومبىشىكلار ۋە كاپىتالىستلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويماسلىق لازىم. ئادەم تۇتۇپ جەرىمانە قويۇش يولى بىلەن ھەربى تەمىناتنى ھەل قىلىش چارىسى مەنئى قىلىنىشى كېرەك. باج ئېلىش ئۇسۇلىغا كەلسەك، بىز يېڭى، تېخىمۇ مۇۋاپىق ئۇسۇل تۈزۈپ چىققىچە، گومىنداڭنىڭ كونا ئۇسۇلىنى لايىغىدا ياخشىلاپ، قوللىنىپ تۇرۇشقا بولىدۇ.

خائىنلارنى يوقىتىش سىياسىتى توغرىسىدا. ئەشەددى ۋەتەن خائىنلىرىنى ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى ئەشەددى ئۇنسۇرلارنى قەتئى بېسىقتۇرۇش كېرەك، بۇنداق قىلماي تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى قوغدىغىلى بولمايدۇ. لېكىن كوپ ئولتۇرۇشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ھەرقانداق بىگۇنا ئادەمنى جىنايەت-چىگە چېتىشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەكسىيەتچىلەر ئارىسىدىكى ئىككىلەنگۈچىلەرنى ۋە مەجبۇرى ئەگەشكۈچىلەرنى كەڭچىلىك بىلەن بىرتەرەپ قىلىش لازىم. ھەرقانداق جىنايەتچىگە تەن جازاسى بېرىشنى قەتئى مەنئى قىلىش كېرەك، كۈگۈڭغا ئىشىنىپ كەتمەي، ئىسپات-دەلىللەرنى ئاساس قىلىش كېرەك. دۈشمەن قوشۇنى، قورچاق قوشۇن ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى قوشۇندىن ئېلىنغان ئەسىر-لەرنىڭ ئاممە قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان، ئولتۇرۇلمىسە بولمايدىغان ۋە يەنە يۇقۇرىنىڭ تەستىقىدىن ئوتكۈزۈلگەنلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىگە قارىتا قويۇپ بېرىش سىياستىنى قوللىنىش كېرەك. بۇلار-دىن مەجبۇرەن قاتناشقان ۋە ئاز-تولا ئىنقىلاۋىلىقى بولغانلىرىنى كوپلەپ قولغا كەلتۇرۇپ، ئارمىيىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش،

قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىش كېرەك؛ ئەگەر ئۇلار يەنە كەلسە، يەنە ئەسىر ئېلىپ، يەنە قويۇپ بېرىش كېرەك؛ ھاقارەتلەمەسلىك، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىۋالماسلىق، توۋا قىلدۇرماسلىق كېرەك، ھەممىسىگە بىردەك سەممىي ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىش لازىم. ئۇلار ھەر قانچە ئەكسىيەتچى بولسىمۇ، ھەممىسىگە مۇشۇنداق سىياسەت قوللىنىش لازىم. بۇنداق قىلىش ئەكسىيەتچىلەر لاگېرىنى يىتىم قالدۇرۇشتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك. ئاسىيلارغا كەلسەك، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقانلىرىدىن باشقىلىرىغا كۆكچەنداڭغا قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماسلىق شەرتى بىلەن يېڭىۋاشتىن ئادەم بولۇش يولىنى بېرىش كېرەك؛ ئەگەر ئۇلار قايتىدىن ئىنقىلاپ يولىغا ماڭىدىغان بولسا، قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنى قايتىدىن پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. گومىنداڭنىڭ ئادەتتىكى ئاخباراتچىلىرىنى ياپون جاسۇسلىرى، ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىمەستىن، بۇ ئىككىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق ئايرىپ، پەرقلىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ھەرقانداق ئىدارە، تەشكىلات ئادەم ئۇتتۇۋېرىدىغان قالايمىقان ھادىسىلەرنى تۈگىتىش؛ جىنايەتچىلەرنى قولغا ئېلىش ھوقۇقى، ھەربىي قوشۇنلاردا جەڭ ۋاقتىدا بولىدىغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدىلا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەش، شۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋىي تەرتىپ ئورنىتىش لازىم.

خەلق ھوقۇقى توغرىسىدا. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قارشى تۇرمايدىغان ھەممە پومېشىكلار ۋە كاپىتالىستلاردا ئىشچى، دېھقانلار بىلەن باراۋەر كىشىلىك ھوقۇقى، مۈلۈك ھوقۇقى، سايلام

هوقۇقى ۋە سوز، يىغىن ئۇتكۇزۇش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئىدىيە، ئېتىقات ئەركىنلىكلىرى هوقۇقى بولىدىغانلىقىنى، هوكۇمەتنىڭ پەقەت گېنجۇيدىلىرىمىزدە بۇزغۇنچىلىق ئۇيۇشتۇرغان ۋە توپىلاڭ كوتۇرگەن ئۇنسۇرلارنىلا چەكلەيدىغانلىقى، باشقىلارنى بولسا، بىردەك مۇهاپىزەت قىلىدىغانلىقى ۋە چەكلىمەيدىغانلىقىنى بەلگىلەش كېرەك.

ئىقتىسادىي سىياسەت توغرىسىدا. سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە شاكېين مۇئامىلىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم. باشقا جايلاردىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلىرىمىزگە كېلىشنى خالايدىغان كاپىتالىستلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلىرىمىزگە كېلىپ، سودا-سانائەت كارخانىلىرى ئېچىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. خۇسۇسى كارخانىلارغا ئىلھام بېرىش، هوكۇمەت باشقۇرىدىغان دولەت كارخانىلىرىنى ئۇمۇمى كارخانىلارنىڭ پەقەت بىر قىسمى دەپ قاراش كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئوزىمىزنى ئوزىمىز تەمىنلەش مەقسىدىگە يېتىش كوزدە تۇتۇلىدۇ. پايدىلىق بولغان ھەرقانداق كارخانىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. خەيگۇەن بېجى سىياستى ۋە پۇل سىياستى يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە سودىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ توپ فاڭجېنىغا خىلاپ بولماي، بەلكى مۇۋاپىق كېلىشى لازىم. گېنجۇيدىلەردىكى ئىگىلىكنى قول ئۇچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەستايىدىل ۋە پۇختا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوزىمىزنى ئوزىمىز تەمىنلەش مەقسىدىگە يېتىش — گېنجۇيدىلەرنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ تۇرۇشنىڭ توپ ھالقىسى.

مەدەنى-مائارىپ سىياستى توغرىسىدا. خەلق ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا دائىر بىلىمى، ئىقتىدارى ۋە مىللى

غۇرۇرنى ئۇستۇرۇش ھەم ئۇمۇملاشتۇرۇشنى مەركەز قىلىش لازىم. بۇرژۇئا زىيۇجۇيىچى مائارىپچىلار، مەدەنىيەتچىلەر، مۇخبىرلار، ئالىملار، تېخنىكلارنىڭ گېنجۇيدىلىرىمىزگە كېلىپ، بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ مەكتەپ ئېچىشى، گېزىت چىقىرىشى ۋە ئىش قىلىشىغا يول قويۇش لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا بىرقەدەر ئاكتىپلىققا ئىگە بارلىق زىيالىلارنى بىز ئاچقان مەكتەپلەرگە جەلپ قىلىپ، قىسقا مۇددەت تەربىيىلەپ، ئارمىيە خىزمىتى، ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە ئىجتىمائى خىزمەتلەرگە قاتناشتۇرۇش لازىم؛ ئۇلارنى دادىل جەلپ قىلىش، دادىل خىزمەتكە قويۇش ۋە دادىل ئۇستۇرۇش كېرەك. ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار سۇقۇنۇپ كىرىۋالارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن دەككە-دۈككىدە بولماسلىق لازىم. بۇنداق ئۇنسۇر-لارنىڭ بەزىلىرى مۇقەررەر ھالدا سۇقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئۆگىنىش ۋە خىزمەت داۋامىدا سۈپۈرۈپ تاشلىساقمۇ كېچىكىپ قالمايمىز. ھەر بىر گېنجۇيدىدە باسما زاۋۇدى قۇرۇش، كىتاپ-گېزىت نەشر قىلىش، ئۇلارنى تارقىتىدىغان ھەم يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئورۇنلارنى تەشكىل قىلىش كېرەك. ھەر بىر گېنجۇيدىدە ئىمكانىيەت-نىڭ بېرىچە زور كولەملىك كادىرلار مەكتەپلىرىنى ئېچىش لازىم، ئۇلار قانچە زور، قانچە كوپ بولسا، شۇنچە ياخشى.

ھەربى سىياسەت توغرىسىدا. 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىنى كۈچىنىڭ بېرىچە كېڭەيتىش كېرەك، چۈنكى بۇلار جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللى-مۇداپىئە ئۇرۇشىنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇشدا ئەڭ ئىشەنچلىك قۇراللىق كۈچ. گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قارىتا، باشقىلار بىزگە چېقىلمىسا، بىز ئۇلارغا چېقىلمايمىز، دېگەن سىياسەتنى داۋاملىق قوللىنىپ، دوست تۇتۇش خىزمىتىنى كۈچىنىڭ بېرىچە راۋاجلاندۇرۇش

كېرەك. بىزگە خەيرىخاھلىق قىلغۇچى گومىنداڭ جۇنگۇەنلىرىنى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز جۇنگۇەنلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە قاتناشتۇرۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ ھەربى قۇرۇلۇ- شىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. ئارمىيىمىزدە گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى سان جەھەتتىن ھەممىنى لۇڭدۇەن قىلىۋالىدىغان ئەھۋالنى ھازىرمۇ ئۆزگەرتىش كېرەك. ئەلۋەتتە، ئاساسىي ئارمىيىمىزدە «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم»نى يۈرگۈزمەسلىك كېرەك، لېكىن ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى پارتىيىمىزنىڭ قولىدا بولىدىغانلا بولسا (بۇ پۈتۈنلەي زورۇر، بۇنىڭدا ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ)، كوپلىگەن خەيرىخاھلارنى ھەربى ۋە تېخنىكا تارماقلىرىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇشتىن قورقمايمىز. پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ئىدېيىۋى ئاساسى ۋە تەشكىلىي ئاساسى مۇستەھكەم قۇرۇلۇپ بولغان ھازىرقى مەزگىلدە خەيرىخاھلارنى (ئەلۋەتتە، ھەرگىز بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى ئەمەس) كوپلەپ جەلپ قىلىش خەۋپلىك بولمايلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭسىز پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خەيرىخاھلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىنقىلاپ كۈچلىرىنى ئۇلغايتىش مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ـــ زورۇر سىياسەت.

بىرلىكسەپنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك سىلۇۋې پىرىنسىپ- لىرى ۋە بۇ پىرىنسىپلارغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن بىرمۇنچە كونكرېت سىياسەتلەرنى پۈتۈن پارتىيە قەتئى يۈرگۈزۈشى لازىم. ياپون قاراقچىلىرى جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزنى جىددىلەشتۈرۈۋاتقان ۋە مەملىكەت ئىچىدە چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيە گۇڭچەنداڭغا قارشى، خەلققە قارشى قاتتىق بېسىم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ھەم ھەربى ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك

سىلۇۋى پىرىنسىپلىرىنى ۋە كونكرېت سىياسەتلەرنى يۇرگۇزگەندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى، بىرلىكسەپنى راۋاجلاندۇرغىلى، پۇتۇن مەملىكەت خەلقىنىڭ خەيرخاھلىغىغا ئېرىشكىلى، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۇرگىلى بولىدۇ. لېكىن خاتالىقلارنى تۇزەتكەندە قەدەم-باسقۇچ بولۇشى لازىم، تولىمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، كادىرلارنىڭ نارازىلىغى، ئامما شۇبھىسى، پومېشچىكلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ناچار ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

## ئىزاھلار

① ۋاڭ يىتاڭ — بېيياڭ جۇنفالار دەۋرىدىكى چوڭ گوۋەنلياۋ، ياپون-پەرەس ۋەتەن خائىنى. ئۇ 1935-يىلدىكى خۇابېي ۋەقەسىدىن كېيىن جياڭ جيېشى تەرىپىدىن يەنە ئىشقا قويۇلغان. 1938-يىلى خۇابېيدا ياپون قاراقچىلىرىغا قورچاق بولۇپ، قورچاق «خۇابېي مەمۇرى ئىشلار ۋېييۇەنخۇيى»نىڭ ۋېييۇەنجاڭى بولغان.

② شى يۇسەن — گومىنداڭنىڭ تۇترۇقسىز جۇنفالىرىدىن بىرى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 10-جۇنتۇەنىنىڭ زۇڭسىلىڭى بولغان، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئالايىتەن ياپون ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ 8-ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەتنى نابۇت قىلغان، گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ۋە تەرەققىپەرۋەرلەرنى قىرغان ئىدى.

# جەنۇبي ئەنخۇي ۋەقەسي مۇناسىۋىتي بلەن ئېلان قلنغان بۇيرۇق ۋە سوھبەت

(1941 - يل 1 - ئاي)

## جۇڭگو گۇڭچەنداڭ جۇڭياڭى ئنقلاۋي ھەربى ۋېيىۋەنخۇينڭ بۇيرۇغى

(1941 - يل 1 - ئاينڭ 20 - كۈنى، يەنئەن)

مللى - ئنقلاۋي ئارمىينڭ يېڭى تۈزۈلگەن 4 - ئارمىيسى ياپون باسقۇنچىلرىغا قارشى ئۇرۇشتا خزمەت كورستىپ، جۇڭگوغا ۋە چەتئەللەرگە مەشھۇر بولدى. جۇنجاڭ يې تىڭ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلك قلىشتا ناھايىتى زور خزمەت كورسەتكەن ئدى؛ بۇ قېتم بۇيرۇققا بنائەن شمالغا يوتكىلىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇتلا ياپونپەرەسلەرنىڭ سۇئىقەستلىك تۇيۇقسز ھۇجۇمغا

ئۇچراپ، بار كۈچى بىلەن ئېلىشقاندىن كېيىن ياردار بولۇپ، قولغا ئېلىندى ۋە گۇندىخانىغا تاشلاندى. يېڭى 4-ئارمىيە 1-جىدۈيىنىڭ دۈيجاڭى چېن يى، سەنمۇجاڭى جاڭ يۈنيىلارنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنىڭ ئوتمۇشى ھەققىدە بەرگەن دېيەنباۋلىرىنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپلەندۇق ۋە چوڭقۇر ئېچىندۇق. ياپونپەرەسلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، خەلق قوشۇن-لىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشتەك چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىگە قارىتا ئايرىم تەدبىر كۆرىدىغانلىقىمىزدىن تاشقىرى، چېن يىنى مىللى-ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ يېڭى تۈزۈلگەن 4-ئارمىيىسىگە دەيلى جۇنجاڭ، جاڭ يۈنيىنى فۇجۇنجاڭ، ليۇ شاۋچىنى جېڭجى ۋېييۈەن، لەي چۈەنجۇنى سەنمۇجاڭ، دېڭ زىخۇيىنى جېڭجى-بۇنىڭ جۇرېنى قىلىپ تەيىنلەيمىز. دەيلى جۇنجاڭ چېن يىلارغا مەزكۇر ئارمىيىنى ئىجتىھات بىلەن تەرتىپكە سېلىپ، ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى، ئارمىيە بىلەن خەلقنى ئىناقلاشتۇرۇشنى، سەنمىنجۇيىنى يولغا قويۇش ۋە «سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسى-يىتى»گە ئەمەل قىلىشنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنى، مىللىتىمىز ھەم ۋەتىنى-مىزنى قوغداش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ياپونپەرەسلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تاپشۇرىمىز.

# جۇڭگو گۇڭچەنداڭ جۇڭياڭ ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيۈەنخۇيى باياناتچىسىنىڭ شىنخۇاشې مۇخبىرىغا بايان قىلغان سوھبىتى

(1941 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)

بۇ قېتىم جەنۇبىي ئەنخۇيدا بولغان گۇڭچەنداڭغا قارشى ۋەقە ئۈزۈندىن بېرى تەييارلىنىپ كەلگەن ئىدى. ھازىرقى تەرەققىيات پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىق تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت. ياپون قاراقچىلىرى گېرمانىيە، ئىتالىيەلەر بىلەن بىللە ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىنى[1] تۈزگەندىن كېيىن، جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىنى جىددىي ھەل قىلىش كويىغا چۈشۈپ، پائال تىرىشماقتا، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا كىرىشمەكتە. ئۇنىڭ مەقسىدى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكىتىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن باستۇرۇپ، ياپونىيىنىڭ جەنۇبقا ئىلگىرىلىشىدە تايىنىدىغان ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەش، شۇنىڭ بىلەن بىمالال جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ، گىتلېرنىڭ ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىشتىن ئىبارەت. جۇڭگودىكى ياپونپەرەسلەر ئىچىدىكى ئاساسىي ئۇنسۇرلار ئالىقاچان گومىنداڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئورگانلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان، ئۇلار سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولۇپ، كېچە - كۈندۈز قۇترىتىش - ئازدۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇلار بۇلتۇر يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى تەييارلاپ بولغان ئىدى. يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى قىسىملىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم

قىلىش ۋە 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى ئەكسىيەتچىل بۇيرۇقنى ئېلان قىلىش ئەنە شۇ پىلاننىڭ ئاشكارىلىنىشىنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت. ئەڭ زور ۋەقەلەر بۇنىڭدىن كېيىن پەيدىن ـ پەي مەيدانغا چىقىدۇ. ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ۋە ياپونپەرەسلەرنىڭ پۈتۈن پىلانى نېمىدىن ئىبارەت؟ ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. خې يىڭچىن ۋە بەي چۇڭشىلار نامىدا جۇ دې، پېڭ دېخۇەي، يې تىڭ ۋە شياڭ يىڭلارغا ئىۋەتىلگەن 19 ـ ئۆكتەبىر ۋە 8 ـ دېكابىر دېيەنباۋلىرىنى② ئېلان قىلىپ، جامائەت پىكرىنى سەپەرۋەر قىلىش؛

2. گېزىتلەردە ھەربى ئىنتىزام ۋە ھەربى بۇيرۇقنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشنىڭ تەييارلىقى قىلىش؛

3. يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى قىسىملىرىنى يوقىتىش؛

4. يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى «ئاسىيلىق قىلدى» دەپ ئېلان قىلىپ، بۇ ئارمىيىنىڭ فەنخاۋسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. يۇقۇرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتى.

5. تاڭ ئېنبو، لى پىنشيەن، ۋاڭ جۇڭلىيەن، خەن دېچىنلەرنى خۇاجۇڭدىكى ھەرقايسى يونۇلۇش «گۇڭچەندانى يوقىتىش» قوشۇنلىرىنىڭ سىلىڭگۇەنلىرى قىلىپ تەيىنلەش، لى زۇڭرېن ئالى زۇڭسىلىڭ بولۇش، يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ پېڭ شۆيفېڭ، جاڭ يۈنيى، لى شيەنيەن قوماندانلىقىدىكى قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىش، بۇ غەربىزىنگە يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن شەندۇڭ ۋە شىمالىي جياڭسۇدىكى 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىش، ياپونىيە ئارمىيىسى بولسا، ئۇنىڭغا زىچ ماسلىشىپ بېرىش. بۇ تەدبىرنى يولغا قويۇشقا باشلاشتى.

6. بىرەر بانا تېپىپ، 8 ـ ئارمىيىنى «ئاسىيلىق قىلدى» دەپ ئېلان قىلىپ، 8 ـ ئارمىيىنىڭ فەنخاۋسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، جۇ دې ۋە پېڭ دېخۇەيىنى تۇتۇشقا جاكا چىقىرىش. بۇ تەدبىرگە ھازىر تەييارلىق كورۇشۇۋاتىدۇ.

7. چۇڭچىڭ، شەن، گۇيلىنلەردىكى 8 ـ ئارمىيە بەنشىچۇلىرىنى ئەمەلـدىن قالدۇرۇش، جۇ ئېنلەي، يې جيەنىيىڭ، دۇڭ بىۋۇ، دېڭ يىڭچاۋلارنى قولغا ئېلىش. بۇ تەدبىرنىمۇ يولغا قويۇشنى باشلىشىۋاتىدۇ، گۇيلىندىكى بەنشىچۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتى.

8. «شىنخۇا رىباۋ»گېزىتىنى تاقاش؛

9. شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىغا ھۇجۇم قىلىش، يەنئەننى بېسىۋېلىش؛

10. چۇڭچىڭدا ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كىشىلەرنى كوپلەپ قولغا ئېلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش؛

11. ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى گۇڭچەنداڭ تەشكىلاتلىرىنى بۇزۇش، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنى كوپلەپ قولغا ئېلىش؛

12. ياپونىيە ئارمىيىسى خۇاجۇڭ ۋە خۇانەندىن چېكىنىپ چىقىش، گومىنداڭ ھوكۇمىتى بۇنى «قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋالدۇق» دەپ ئېلان قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «شەرەپلىك سۇلھ» دىگەن نىمىنى يولغا قويۇشنىڭ زورۇرلىگىنى تەشۋىق قىلىش؛

13. ياپونىيە ئارمىيىسى خۇاجۇڭ ۋە خۇانەندىكى ئەسكىرىي كۇچىنى خۇابېيغا يوتكەپ، بۇ يەردىكى ئەسكىرىي كۇچىنى كوپەيتىپ، 8 ـ ئارمىيىگە ئەڭ دەھشەتلىك تۇردە ھۇجۇم قىلىش، گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى

پۈتۈنلەي يوقىتىش؛

14. 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە قارىتىلغان ھۇجۇمنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرمىغانلىقى سىرتىدا، ھەرقايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ياپون قوشۇنلىرى بۇلتۇر باشلانغان ئۇرۇشنى توختىتىپ تۇرۇش ھالىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن تولۇق ئۇرۇش توختىتىش ـ سۇلھىگە كېلىش ۋەزىيىتىگە ئۆتۈش؛

15. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ياپونىيە بىلەن سۇلھ شەرتنامىسى تۈزۈپ، ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىغا قاتنىشىش. يۇقۇرىدىكى تەدبىرلەرنى يۈرگۈزۈش ئۈستىدە پائال تەييارلىق قىلىنىۋاتىدۇ.

يۇقۇرىدىكىلەر ــ ياپونىيىنىڭ ۋە ياپونپەرەسلەرنىڭ پۈتۈن سۈيىقەستلىك پىلانىنىڭ داگاگى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭ جۇڭيانىڭ ئالدىنقى يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى خىتاپنامىسىدە: «تەسلىمچىلىك ــ ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى ئەڭ زور خەۋپ، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ــ تەسلىم بولۇشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇلتۇر 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى خىتاپنامىسىدە: «مىسلىسىز تەسلىمچىلىك خەۋپى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مىسلىسىز قىيىنچىلىقلىرى يېتىپ كەلدى» دېگەن ئىدى. جۇدې، پېڭ دېخۇەي، يې تىڭ ۋە شياڭ يىڭلار ئۆزلىرىنىڭ بۇلتۇرقى «9 ـ نويابىر دېيەنباۋسى»دا② تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ، مۇنۇلارنى كۆرسەتكەن ئىدى: «مەملىكىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر گۇڭچەنداڭغا قارشى يېڭى دولقۇن دېگەن نىمىنى قوزغاپ، تەسلىم بولۇش ئۈچۈن يول ئېچىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ......ئۇلار جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىرلىشىپ «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش» دېگەن نىمە ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى

بولۇۋاتىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئورنىغا ئىچكى ئۇرۇشنى، مۇستەقىللىق ئورنىغا تەسلىم بولۇشنى، ئىتتىپاقلىق ئورنىغا بۆلۈنۈشنى، يورۇقلۇق ئورنىغا زۇلمەتنى قويماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى ناھايىتى خەۋپلىك، ئۇلارنىڭ بۇ پىلانلىرى ناھايىتى زەھەرلىك. ھازىر ھەممە يەردە، ھەممىنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ گەپ بولۇۋاتىدۇ، ھەممە قاتتىق تەشۋىشكە چۈشمەكتە. ۋەزىيەتتىكى ۋېيجى، ھەقىقەتەن، ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك ئېغىر بولغان ئەمەس.»

شۇڭا جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى ۋە جۇڭگۇنىڭ ھەربىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى بۇيرۇغى بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت. بولۇپمۇ 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى بۇيرۇق جىددىي سىياسى مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇيرۇقنى چىقارغۇچىلارنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىغا قارىماي، بۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي بۇيرۇقنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق چىقىرىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي بۆلۈنۈش ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل تەسلىم بولۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگونىڭ ئاجىز چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسى ۋەكىللىرى ئارقا تىرەك خوجايىنسىز كىچىككىنە بىر ئىشنىمۇ قىلالمايدۇ، ھالبۇكى، بۇ شۇنداق يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان چوڭ ئىشقۇ؟ ھازىرقى پەيتتە بۇيرۇق چىقارغۇچىلارنى ئۆز نىيىتىدىن ياندۇرۇش ناھايىتى تەستەك تۇرىدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جىددىي تىرىشچانلىقى ۋە خەلقارا ۋەيجياۋ جەھەتتىن زور بېسىم بولماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز نىيىتىدىن ياندۇرۇش، بەلكىم، مۇمكىن بولماس. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھازىرقى جىددىي ۋەزىپىسى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئەڭ زور ھوشيارلىق بىلەن كۈزىتىپ بېرىش، ھەرقانداق

زۇلمەتلىك، ئەكسىيەتچىل ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشقا ھازىرلىنىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت، بۇنىڭغا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ، دەپ سورالسا، بۇ ناھايىتى روشەن. ياپون قاراقچىلىرى ۋە ياپونپەرەسلەرنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئېشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بىز جۇڭگو گومىنداڭدىكى ۋە جۇڭگو خەلقى كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنى ئۆز مەسئۇلىيىتىمىز دەپ ھېساپلاپ قالماي، بەلكى ئۆزىمىزنى شۇنداق قىلىشقا قابىل دەپ قارايمىز، ياپون قاراقچىلىرى ۋە ياپونپەرەسلەرنىڭ ئاخىرغىچە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز. ۋەزىيەت قانچىلىك زۇلمەتلىك بولسۇن، كەلگۈسىدە قانچىلىك جاپا-مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشكە ۋە بۇ يولدا قانچىلىك چىقىم تارتىشقا توغرى كەلسۇن (يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى قىسىملىرى ئۇچرىغان چىقىم بۇ چىقىمنىڭ بىر قىسمى)، ياپون قاراقچىلىرى ۋە ياپونپەرەسلەر بەرىبىر مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەپلىرى مۇنۇلار:

1. جۇڭگو گومىنداڭدىكى ئەمدى 1927-يىلدىكىدەك ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدىغان ۋە ئاسانلا بىت-چىت بولۇپ كېتىدىغان پارتىيە ئەمەس. جۇڭگو گومىنداڭدىكى ئەمدى تىك قەد كوتۈرۈپ تۇرغان چوڭ پارتىيە بولۇپ قالدى.

2. جۇڭگودىكى باشقا پارتىيە-گۇرۇھلار (جۇملىدىن گومىنداڭ) نىڭ ئەزالىرى مىللەت مۇنقەرىز بولۇشتەك زور ئاپەتتىن قايغۇرماقتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەسلىم بولۇشنى ۋە ئىچكى ئۇرۇشنى خالىمايدىغانلار جەزمەن ناھايىتى كوپ. گەرچە بەزىلىرى بىرمەھەل غەپلەتتە قالغان بولسىمۇ، لېكىن پەيت كېلىشى بىلەنلا ئويغىنىشى مۇمكىن.

3. جۇڭگو ئارمىيىسىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق. ئۇلارنىڭ زور كوپچىلىگىنىڭ گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشى مەجبۇرىيەت ئاستىدا بولۇۋاتىدۇ.

4. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كوپچىلىگى ۋەتىنى مۇنقەرىز بولغان قۇل بولۇشنى خالىمايدۇ.

5. جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ھازىر زور بۇرۇلۇش ياساش ئالدىدا تۇرماقتا، جاھانگىرلارغا تايىنىپ كۈن كوچۈرىدىغان ھەممە تەييار-تاپلار بىرمەھەل ھەرقانچە شىلتىڭ ئاتقان بىلەنمۇ، ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىگى ھامان ئىشەنچىسىز، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دەرەخ يىقىلسا، مايمۇن توزۇپتۇ، دىگەندەك بولۇپ چىقىدۇ-دە، ئومۇمى ۋەزىيەت باشقىچە تۈس ئالىدۇ.

6. نۇرغۇن مەملىكەتلەردە ئىنقىلاپلارنىڭ پارتلىشى — پەقەت ۋاقىتقىلا باغلىق مەسىلە، بۇ مەملىكەتلەر ئىنقىلاپلىرى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋى مۇقەررەر رەۋىشتە بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ، غەلىبىنى بىرلىكتە قولغا كەلتۈرىدۇ.

7. سوۋېت ئىتتىپاقى — دۇنيادا بىرىنچى چوڭ كۈچ، ئۇ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشىغا قەتئى ياردەم بېرىدۇ.

يۇقۇرىدىكى تۈرلۈك سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن، بىز ئوت بىلەن ئويناشقۇچى ھېلىقى ئادەملەرنىڭ تولىمۇ خۇددىنى يوقىتىپ قويماسلىقىنى ھېلىمۇ ئۈمىت قىلىمىز. بىز ئۇلارغا: ئېھتىياتلىنىۋراق بولۇڭلار، بۇنداق ئوت بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، كاللاڭلارغا ھېزى بولۇڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمىز. بۇ ئادەملەر سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ كورىدىكەن، ئۇلار توۋەندىكى بىرقانچە ئىشنى

يۇۋاش ـ يۇمشاقلىق بىلەن ۋە ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىشلىشى لازىم:

بىرىنچى، يارنىڭ لىۋدىن ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىش، ئىنقىلابكار-چىلىكنى توختىتىش؛

ئىككىنچى، 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى ئەكسىيەتچىل بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىش؛

ئۈچىنچى، جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنىڭ باش جىنايەتكارلىرى خې يىڭچىن، گۇ جۇتۇڭ ۋە شاڭگۇەن يۈنشياڭلارنى جازالاش؛

تۆتىنچى، يې تىڭنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇنى يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە داۋاملىق جۇنجاڭ قىلىش؛

بەشىنچى، يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدە تۇتۇپ قېلىنغان ھەممە ئادەملىرىنى ۋە قورال ـ ياراقلىرىنى قايتۇرۇش؛

ئالتىنچى، يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدە يارىدار بولغان بارلىق جۇنگوەن ھەم جەڭچىلىرىگە، قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە نەپىقە بېرىش؛

يەتتىنچى، خۇاجۇڭدىكى «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش» قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش؛

سەككىزىنچى، شىبېيدىكى قامال لىنىيىلىرىنى تۈزلىۋېتىش[3]؛

توققۇزىنچى، مەملىكەت بويىچە قولغا ئېلىنغان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىش؛

ئونىنچى، بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېموكراتىك سىياسىي يولغا قويۇش؛

ئون بىرىنچى، سەنمىنجۇيىنى يولغا قويۇش، «سۇن جۇڭشەن

ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتى»گە بويسۇنۇش؛

ئون ئىككىنچى، ياپونپەرەسلەرنىڭ باشلىقلىرىنى قولغا ئېلىپ، دولەت قانۇنى بويىچە سوراققا تارتىشقا تاپشۇرۇش.

يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن 12 ماددا ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئەھۋال ئوز-ئوزىدىن تۈزىلىپ كېتىدۇ، بىز كوممۇنىستلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، ئەلۋەتتە، ئارتۇقچە تەلەپ قويمايمىز. ئۇنداق قىلىنمىسا، «مىنگچە، جى سۇنگە كېلىدىغان بالايى-ئاپەت جۇەنيۈي بەگلىگىدىن ئەمەس، ئوز ئوردىسىدىن چىقىدۇ»④ دىگەندەك، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئوز پۈتىغا ئوزى پالتا چېپىۋېلىشى مۇقەررەر، ئۇ چاغدا بىز ياردەم بېرەلمەي قالىمىز. بىز ھەمكارلىقنى قەدىرلەيمىز، لېكىن ئۇلارمۇ ھەمكارلىقنى قەدىرلىشى لازىم. راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ يول قويۇشىمىزنىڭ چېكى بار، بىز يول قويىدىغان باسقۇچ ئەمدى توگىدى. ئۇلار بىرىنچى قىلىچنى چاپتى، بۇنىڭ جاراھىتى ناھايىتى ئېغىر. ئەگەر ئۇلار ھېلىمۇ ئوز ئىستىقبالىنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولسا، بۇ جاراھەتنى ئۇلارنىڭ ئوزلىرى داۋالىشى لازىم. «قوتاننى قوي قاچقاندىن كېيىن تۈزەشتۇرسەڭمۇ، كېچىككەن بولمايسەن.» بۇ— ئۇلارنىڭ ئوز ھاياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلە، بىز ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى سەممى ئاگاھلاندۇرۇشىمىزنى بەرمەي تۇرال-مايمىز. ئەگەر ئۇلار جىنايەتتىن قول ئۈزمەي، ئەسكىلىك قىلىۋېرى-دىغان بولسا، ئۇ چاغدا پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ سەۋرى-تاقىتى توگەپ، ئۇلارنى ھاجەتخانىغا تاشلىۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئېلىشقا قاچا قالمايدۇ. يېقىندا 4-ئارمىيە توغرىسىدا جۇڭگو گوڭچەنداڭ جۇڭياڭى ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيى 1-ئاينىڭ 20-كۈنى بۇيرۇق چىقىرىپ، چېن يىنى دەيلى جۇنجاڭ، جاڭ يۈنيىنى فۇجۇنجاڭ،

لىۇ شاۋچىنى جىڭجۇ ۋېيىۋەن، لەي چۇەنجۇنى سەنمۇجاڭ، دېڭ زىخۇينى جىڭجۇبۇ جۇرېنى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئارمىيىنىڭ خۇاجۇڭ ۋە جەنۇبىي جياڭسۇ تەرەپلەردە يەنە 90 مىڭدىن ئارتۇق كىشىسى بار، گەرچە ئۇلار ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ۋە گۇكچەنداڭغا قارشى قوشۇنلارنىڭ ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن جەزمەن جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللەت ھەم ۋەتەنگە بولغان ساداقىتىنى ئاخىرغىچە كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا قېرىنداش قىسىم بولغان 8 ـ ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىمۇ ئۇنىڭ ئارىغا ئېلىپ قىلىنغان ھۇجۇم ئاستىدا قېلىشىغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ، جەزمەن تېگىشلىك تەدبىرلەرنى كۆرۈپ، زورۇر ياردەملەرنى بېرىدۇ، بۇنى ئەكسىيەتـ چىلەرگە ئۇچۇق ئېيتىپ قويىمەن. چۇڭچىڭ ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيى باياناتچىسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا كەلسەك، ئۇنى «ئۆز ـ ئۆزىگە زىت» دېگەن سۆز بىلەن تەنقىت قىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. چۇڭچىڭ ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيىسىنىڭ ئۇمۇمىي بۇيرۇغىدا يېڭى 4 ـ ئارمىيە «ئاسىيلىق قىلدى» دېيىلگەن بولسا، باياناتچىنىڭ سۆھبىتىدە يېڭى 4 ـ ئارمىيـ نىڭ مەقسىدى ــ نەنجىڭ ـ شاڭخەي ـ خاڭجۇ ئۈچ بۇلۇڭ رايونىغا بېرىپ، ئۇ يەردە گېنجۇيىدى قۇرۇش، دېيىلگەن. مەيلى ئۇنىڭ دېگىنىچىمۇ بولسۇن، نەنجىڭ ـ شاڭخەي ـ خاڭجۇ ئۈچ بۇلۇڭ رايونىغا بېرىش «ئاسىيلىق قىلىش» بولامدۇ؟ ئەخمەق چۇڭچىڭ باياناتچىسى شۇنى ئويلاپ باقمىغانكى، بۇ ئارمىيە ئۇ يەرگە بېرىپ، زادى كىمگە ئاسىيلىق قىلىدۇ؟ ئۇ يەرلەر ياپون باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغان يەرلەر ئەمەسمۇ؟ سىلەر نىمە ئۈچۈن بۇ ئارمىيىنىڭ ئۇ يەرلەرگە بېرىشىغا يول قويماي، ئۇنى جەنۇبىي ئەنخۇيدا يوقاتماقچى بولدۇڭلار؟

ئۇھو، دۇرۇس، ياپون جاھانگىرلىگىگە ساداقەتلىك كۆرسىتىدىغان كىشىلەر ئەنە شۇنداق قىلىشى لازىم ئىكەن - دە. شۇنىڭ بىلەن 7 شىنىڭ توپلۇنۇپ تۇرۇپ يوقىتىش پىلانى مەيدانغا چىققان ئىكەن - دە، شۇنىڭ بىلەن 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى بۇيرۇق ئېلان قىلىنغان ئىكەن - دە، شۇنىڭ بىلەن يې تىڭنىڭ سوراققا تارتىشقا تاپشۇرۇلغان ئىكەن - دە. لېكىن يەنە شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، چوڭچىڭ ھەربىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ باياناتچىسى تازا بىر ئەخمەق نىمىكەن، ئۇ ئۆز - ئۆزىدىنلا ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ پىلانىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئاشكارا قىلىپ قويدى.

## ئىزاھلار

① بۇ — 1940 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بېرلىندە تۈزۈلگەن گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيەلەرنىڭ ئۈچ دۆلەت ھەربىي ئىتتىپاقى.

② سېپسىق نامى پۈركەتكەن 19 - ئوكتەبىر ۋە 8 - دېكابىر دېيەنباۋلىرى — 1940 - يىل قىشتا جياڭ جيېشى ئىككىنچى قېتىملىق كوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن قوزغىغان چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زوڭسەنمۇجاڭى خې يىڭچىن ۋە فۇزۇڭسەنمۇجاڭى بەي چۇڭشى نامىدا تارقىتىلغان ئىككى دېيەنباۋ. ئۇلار «19 - ئوكتەبىر دېيەنباۋسى»دا دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيەگە ھەدەپ تۆھمەت قىلىپ، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىسىملارنى چەكلەنگەن مۇددەت ئىچىدە خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا چېكىنىشكە زورلۇق بىلەن بۇيرۇغان ئىدى. 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇ دې، پېڭ دېخۇەي، يې تىڭ ۋە شياڭ يىڭ يولداشلار خې يىڭچىن بىلەن بەي چۇڭشىغا قايتۇرغان «9 - نويابىر دېيەنباۋسى»دا ئۇلارنىڭ «19 - ئوكتەبىر دېيەنباۋسى»دا قىلغان

پىتنە-ئىغۋالىرىغا دەلىل-فاكتلار بىلەن رەددىيە بەرگەندىن تاشقىرى، ئۇمۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى قىسىملارنى شىمالغا يۆتكەشنى ماقۇل كۆرگەن ئىدى. خې يىڭچىن بىلەن بەي چۇڭشىنىڭ «8-دېكابىر دىيەنباۋسى» جۇ دې، پېڭ دېخۇەي، يې تىڭ ۋە شياڭ يىڭلارنىڭ «9-نويابىر دىيەنباۋسى»غا قارشى ئېۋەتىلگەن بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گۇڭچەنداڭغا قارشى «جامائەت پىكرى»نى سەپەرۋەر قىلىشقا قارىتىلغان.

③ شىبېيدىكى قامال لىنىيىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنى مۇھاسىرە قىلىش ئۈچۈن قۇرغان قامال لىنىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. 1939-يىلدىن كېيىن گومىنداڭ چېگرا رايون ئەتراپىدا ئاھالىنى زورلۇق بىلەن ھاشارغا تۇتۇپ، خەندەك، قورغان ۋە پوتەيلەر بولۇپ بەش قات قامال لىنىيىسى قۇرغان ئىدى، بۇلار غەربتە نىڭشيادىن تارتىپ، جەنۇبتا جىڭشۇي دەرياسىنى بويلاپ، شەرقتە خۇاڭخې دەرياسىغىچە بىرقانچە ئۆلكىنى بېسىپ ئۆتەتتى. جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنىڭ ھارپىسىدا چېگرا رايونىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان قوشۇنلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيتىلىپ 200 مىڭدىن ئاشۇرۇلغان ئىدى.

④ بۇ — كۇڭزىنىڭ سوزى، «لۇنيۈي»دىن ئېلىنغان. جى سۈن — لۇ بەگلىكىنىڭ ئەمەلدارى. جۇەنيۈي — چۈنچيۇ دەۋرىدىكى كىچىك بەگلىك. جى سۈن جۇەنيۈي بەگلىكىگە قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا، كۇڭزى، جى سۈنگە كېلىدىغان بالايى-ئاپەت تاشقىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىچىدىن كېلىدۇ، دەپ ھېساپلىغان ئىدى.

# ئىككىنچى قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن چېكىندۇرۇلگەندىن كېيىنكى ۋەزىيەت*

**(1941 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)**

1. خې يىڭچىن ۋە بەي چۇڭشىنىڭ «19 - ئوكتەبىر دېيەنباۋسى» (بۇلتۇر 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى) بىلەن باشلانغان ئىككىنچى قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن[1] جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ 1 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى بۇيرۇقى[2] بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىدى؛ جياڭ جيېشىنىڭ 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سۆزلىگەن گۇڭچەنداڭغا قارشى نۇتقى ۋە سەنجېڭخۇينىڭ شۇ كۈنى ماقۇللىغان گۇڭچەنداڭغا قارشى قارارى[3] بولسا، بۇ قېتىمقى گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇننىڭ چېكىنىش ۋاقتىدىكى بىر جېڭى بولدى. ۋەزىيەت ئەمدى ۋاقىتىنچە مەلۇم دەرىجىدە پەسىيىشكە قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىن. دۇنيانىڭ ئىككى چوڭ جاھانگىرلىك گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا

كېتمۇۋاتقان ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە كۇرەش ھارپىسىدا، جۇڭگونىڭ ياپون قاراقچىلىرى بىلەن ئاۋالقىدەكلا قارىسمۇ-قارشى بولۇپ تۇرغان ئەنگلىيە-ئامېرىكا پەرەس چوڭ بۇرژۇئازلىرى گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرقى كەسكىن مۇناسىۋەتنى ۋاقتىنچە ۋە سەل-پەل پەسەيتىشنىڭ كويىغا چۈشمەي تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئەھۋالى (مەركەز بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدا، CC گۇرۇھى بىلەن جېڭشۇي گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا، CC گۇرۇھى بىلەن فۇشىڭ گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا، جاھىللار بىلەن ئارىلىقتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارلىقى، CC گۇرۇھىنىڭ ۋە فۇشىڭ گۇرۇھىنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ زىددىيەت بارلىقى)، مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى (كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇشى، گۇڭچەنداڭغا خەيرىخاھلىق قىلىشى) ۋە پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى (ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى) — بۇلارنىڭ ھەممىسى گومىنداڭنىڭ گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن 5 ئايدىكىدەك كەسكىن مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويمايدۇ. شۇڭا ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ كەسكىن مۇناسىۋەتنى ۋاقتىنچە ۋە سەل-پەل پەسەيتىشنىڭ كويىغا چۈشۈش جىھەتتىن ئېھتىمال زۆرۈر بولدى.

2. بۇ قېتىمقى كۇرەش گومىنداڭنىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىنى ۋە گۇڭچەنداڭنىڭ ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتتى، گۇڭچەنداڭ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلەر نىسبىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلىدىغان ھالقىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ھال

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يازغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچكى قاراتقان يوليورۇقى.

جىياڭ جيېشىنى ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە پوزىتسىيىسى ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ ھازىر دولەت مۇداپىئەسىنى تەكتىلىشى، پارتىيە ـ گۇرۇھ كوز قارىشى كونىراپ قالدى دەپ تەشۋىق قىلىشى «مىللەت داھىسى» دىگەن سالاھىيەت بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرخىل زىددىيەتلەرنىڭ سىرتىدا تۇرغان بولۇپ، كورۈنۈشتە ئۆزىنى بىر سىنىپقا، بىر پارتىيىگە يان باسمايدىغان قىلىپ كورسىتىپ، شۇ يول بىلەن چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە گومىنداڭنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىدۇر. لېكىن سىياسەت جەھەتتىن ئۆزگىرىش قىلماي، شەكىل جەھەتتە ئالدامچىلىق بىلەنلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى، مۇقەررەركى، بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولۇپ چىقىدۇ.

3. بۇ قېتىمقى گوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن باشلانغان چاغدا، پارتىيىمىزنىڭ ئومۇمى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئومۇملۇقنى كوزلەپ مادارا قىلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت يول قويۇش سىياسىتىنى قوللانغانلىقى (بۇلتۇر 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى دىيدىنباۋ) كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشتى، جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدىن كېيىن شىددەتلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىگىمىز (ئىككى 12 مادда[4]، سەنجېڭخۇيغا قاتنىشىشنى رەت قىلىش ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەرىكىتى)نىمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. بىزنىڭ بۇنداق يوللۇق، پايدىلىق ۋە چەكلىك بولۇش سىياسىتىمىز بۇ قېتىمقى گوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇننى چېكىندۈرۈشتە پۈتۈنلەي زورۇر ئىدى ۋە نەتىجىگە ئېرىشتى. گومىنداڭ بىلەن گوڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي تالاش-تارتىشلار مۇۋاپىق ھەل قىلىنمىغىچە، بىز گومىنداڭ ئىچىدىكى

ياپونپەرەسلەر ۋە گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرغۇچىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىگە ۋە ھەرخىل سىياسى، ھەربى بېسىملارغا قارشى قەتئى ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەرىكىتىنى داۋام قىلدۇرۇۋېرىشىمىز لازىم، بىرىنچى 12 ماددىنى تەشۋىق قىلىشنى كېڭەيتىشىمىز، بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم.

4. گومىنداڭ ئۆزى ھوكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردا پارتىيىمىزگە ۋە تەرەققىيپەرۋەرلەرگە قاراتقان بېسىم سىياسىتىنى ھەم گوڭچەنداڭغا قارشى تەشۋىقاتىنى ھەرگىز بوشاشتۇرمايدۇ، پارتىيىمىز ھۇشيارلىقىنى ئۇستۈرۈشى كېرەك. گومىنداڭ خۇەيخېنىڭ شىمالىدىكى جايلار، شەرقىي ئەنخۇي ۋە ئوتتۇرا خۇبېيغا قاراتقان ھۇجۇمىنى يەنە داۋام قىلدۇرۇشى مۇمكىن، ئارمىيىمىز ئۇنى قەتئى چېكىندۈرۈشى لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۇيدىلەرنى ئۇزاق مۇددەت ۋە ئېغىشماستىن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى گېنجۇيدىلەر جۇڭيائىنىڭ بۇلتۇر 12-ئاينىڭ 25-كۈندىكى يولیورۇغنى⑤ قەتئى ئىجرا قىلىشى، پارتىيە ئىچىدە سىلىۋې تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى، تولىمۇ سول ئىدېيىلەرنى تۈزىتىشى لازىم. مەملىكەت بويىچە ۋە ھەرقايسى گېنجۇيدىلەردە ۋەزىيەتنى گومىنداڭ بىلەن گوڭچەنداڭ ئۇزۇل-كېسىل بۇلۇنگەن ياكى پات ئارىدا بولۇنىدىغان ۋەزىيەت دەپ ھېساپلايدىغان خاتا مولچەرگە ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بىرمۇنچە ناتوغرى پىكىرلەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك.

## ئىزاھلار

① مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3-تومىدىكى «گومىنداڭ جۇڭياڭى 11-ئۇمۇمىيغىنىغا ۋە 3-نوۋەتلىك گومىن سەنجېڭخۇيىنىڭ 2-يىغىنىغا

باھا» دېگەن ئەسەردە بۇ قېتىمقى گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن ھەققىدە قىلىنغان بايانلارغا قارالسۇن.

② بۇ 1941-يىل 1-ئاينىڭ 17-كۈنى جياڭ جېيشىنىڭ گومىنجۈنگە ھەربىي ۋېيۈەنخۇيى نامىدىن يېڭى 4-ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا چىقارغان ئەكسىلئىنقىلابىي بۇيرۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇيرۇق ۋە سوھبەت»نىڭ «سوھبەت» قىسمىغا قارالسۇن.

③ 1941-يىل 3-ئاينىڭ 6-كۈنى جياڭ جېيشى گومىن سەنجېڭخۇينىڭ يىغىنىدا گۇڭچەنداڭغا قارشى نۇتۇق سۆزلەپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئۇنىڭ «بۇيرۇقى ۋە پىلانى بويىچە كۆرسىتىپ بېرىلگەن رايونلارغا توپلىنىشى» لازىملىقى توغرىسىدا جار سالدى، ھەدەپ ئۇزىنىڭ «ھەربىي بۇيرۇق»، «مەمۇرى بۇيرۇق»لار «بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى» كېرەك دېگەن مۇقامىنى چالدى. شۇ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىكى «گومىن سەنجېڭخۇي» قارار ماقۇللاپ، جياڭ جېيشىنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى، خەلققە قارشى جىنايى ھەرىكەتلىرىنى ئاقلىدى، گۇڭچەنداڭ تەرەپتىن قاتناشقان سەنجېڭيۈەنلەرنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەنجېڭخۇيغا قاتنىشىشنى رەت قىلغانلىقىغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلدى.

④ بىرىنچى «12 ماددا» 1941-يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى گۇڭچەنداڭ تەرەپتىن قاتناشقان سەنجېڭيۈەنلەر تەرىپىدىن گومىن سەنجېڭخۇيغا قويۇلغان، ئۇنىڭ مەزمۇنى «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇيرۇق ۋە سوھبەت»نىڭ «سوھبەت» قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 12 ماددا بىلەن ئوخشاش. ئىككىنچى «12 ماددا» — 1941-يىل 3-ئاينىڭ 2-كۈنى گۇڭچەنداڭ تەرەپتىن قاتناشقان سەنجېڭيۈەنلەرنىڭ گومىن سەنجېڭخۇيغا قاتنىشىشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە جياڭ جېيشىغا

قويۇلغان ۋاقىتلىق چارە، بۇنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «1. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە گومىنداڭغا قارشى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ھەربىي ھۇجۇمنى دەرھال توختىتىش؛ 2. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسىي بېسىمنى دەرھال توختىتىش، جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ۋە ھەر-قايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش، شەن، چۇڭچىڭ، گۇيياڭ ۋە باشقا جايلاردا قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنى ئازات قىلىش؛ 3. ھەرقايسى جايلاردا تاقىۋېتىلگەن كىتاپ-خانىلارنى ئېچىۋېتىش، ھەرقايسى جايلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كىتاپ-گېزىتلەرنى تۇتۇپ قېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ 4. «شىنخۇا رىباۋ» گېزىتىگە قارىتىلغان بارلىق بېسىمنى دەرھال توختىتىش؛ 5. شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش؛ 6. دۈشمەن ئارقا سەپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەتلەرنى ئېتىراپ قىلىش؛ 7. خۇاجۇڭ، خۇابېي ۋە شىبېيدىكى مۇداپىئە رايونلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش؛ 8. جۇڭگو گومىنداڭ رەھبەرلىكىدىكى قوشۇنلار تەركىۋىدە 18-جىتۈەنجۈندىن تاشقىرى، يەنە بىر جىتۈەنجۈن قۇرۇش، بۇلارنىڭ تەۋەسىدە جەمئىي 6 جۈن بولۇش؛ 9. جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدە قولغا ئېلىنغان بارلىق كادىرلارنى ئازات قىلىش، يول ئاجرىتىپ قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە نەپىقە بېرىش؛ 10. جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدە قولغا ئېلىنغان بارلىق ھەربىلەرنى ئازات قىلىش، بارلىق قورال-ياراقلارنى قايتۇرۇپ بېرىش؛ 11. ھەر-قايسى پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ بىرلەشمە ۋېيۈەنخۇيىنى تەشكىل قىلىش، بۇنىڭغا پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن ۋەكىل ئېۋەتىش، گومىنداڭ ۋەكىلى جۇشى، گوڭچەنداڭ ۋەكىلى فۇجۇشى بولۇش؛ 12. جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ ۋەكىلى گومىن سەنجېڭخۇيىنىڭ جۇشتۈەنىگە قاتنىشىش.»

⑤ بۇ مۇشۇ تومدىكى «سىياسىتىمىز توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ.

# ئىككىنچى قېتىملىق گوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇننىڭ چېكىندۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا خۇلاسە*

**(1941 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)**

بۇ قېتىمقى گوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن، خۇددى جۇڭياڭنىڭ 3 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى يولىيورۇغىدا ئېيتىلغاندەك، ئەمدى ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا خەلقارا ۋە ئىچكى يېڭى شارائىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇش ۋەزىيىتى يېتىپ كەلدى. بۇ يېڭى شارائىتتا كۆپەيگەن ئامىللار: جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ كېڭەيگەنلىكى، خەلقارا ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپلىك شەرتنامىسى[1] تۈزۈلگەنلىكى، گومىنداڭنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇنىنىڭ چېكىندۈرۈلگەنلىكى ھەمدە بۇنىڭ ئارقىسىدا گومىنداڭنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكى

ۋە گۈگچەنداڭنىڭ سىياسى ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىگى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يېقىندا ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا يېڭىدىن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىغىدىن ئىبارەت. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ھەم چوڭ پومېششىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسلىم بولۇش خەۋپىنى ۋە گۈگچەنداڭغا قارشى تەتۈر ئېقىمنى داۋاملىق تۈردە ئۈنۈملۈك تۈگىتىش ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى گۈگچەنداڭغا قارشى دولقۇنغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان قەھرىمانانە ۋە غەلىبىلىك كۈرەشلىرىدە ھاسىل قىلىنغان ساۋاقلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش پۈتۈنلەي زۆرۈر.

1. جۇڭگودىكى ئىككى چوڭ زىددىيەت ئىچىدە جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مىللى زىددىيەت ھېلىمۇ نېگىزلىك زىددىيەت ھېساپلىنىدۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ھېلىمۇ بېقىندى ئورۇندا تۇرىدۇ. مىللى دۈشمەنىنىڭ ۋەتەن تۇپرىغىغا ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرگەنلىگىدىن ئىبارەت بۇ فاكىت ھەممىنى بەلگىلەش رولىنى ئوينىماقتا. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈر ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدىكەن، چوڭ پومېششىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيە پۈتۈنلەي ئاسىيلىق قىلغان ۋە تەسلىم بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز 1927 ـ يىلدىكى ئەھۋال مەيدانغا كەلمەيدۇ، 12 ـ ئاپرېل ۋەقەسى[2] ۋە 21 ـ ماي ۋەقەسى[3] تەكرارلانمايدۇ. ئۆتكەن قېتىمقى گۈگچەنداڭغا قارشى دولقۇن[4] بىر قىسىم يولداشلار تەرىپىدىن 21 ـ ماي ۋەقەسى دەپ

* بۇ ــ يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان جۇڭگو جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇغى.

مولچەرلەنگەن ئىدى، بۇ قېتىمقى گوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇننى 12-ئاپرېل ۋەقەسى ۋە 21-ماي ۋەقەسى دەپ مولچەرلەنىدى، لېكىن كېگۆەن فاكتلار مۇنداق مولچەرنىڭ ناتوغرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ يولداشلارنىڭ خاتالىقى شۇ يەردىكى، ئۇلار مىللى زىددىيەتنىڭ نېگىزلىك زىددىيەت ئىكەنلىكىنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇشتى.

2. بۇنداق ئەھۋالدا، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ پۈتۈن سىياسىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئەنگلىيە-ئامېرىكاپەرەس چوڭ پومېشچىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازلار يەنىلا ئىككى يۈزلىمىلىك سىنىپلار، ئۇلار، بىر تەرەپتىن، ياپونىيە بىلەن قارىمۇ-قارشى، يەنە بىر تەرەپتىن، گوڭچەنداڭ بىلەنمۇ ۋە گوڭچەنداڭ ۋەكىللىك قىلغان كەڭ خەلق بىلەنمۇ قارىمۇ-قارشى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىمۇ، گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشتىمۇ ئۇلار ئىككى يۈزلىمىلىككە ئىگە. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە، ئۇلار، بىر تەرەپتىن، ياپونىيە بىلەن قارىمۇ-قارشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاكتىپ ئۇرۇش قىلمايدۇ، ۋاڭ جىڭۋېيغا ۋە باشقا ۋەتەن خائىنلىرىغا ئاكتىپ قارشى تۇرمايدۇ، بەزى چاغدا تېخى ياپونىيىنىڭ سۈلھە ئەلچىلىرى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ كېتىدۇ. گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە، ئۇلار، بىر تەرەپتىن، گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرىدۇ، ھەتتا قارشى تۇرغاندىمۇ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى ۋە 1-ئاينىڭ 17-كۈندىكى بۇيرۇققا ئوخشاش دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈزۈل-كېسىل بۇلۇنۇشنى خالىمايدۇ، يەنىلا بىر تۇرۇپ ئۇرۇش-بىر تۇرۇپ ئۆزىگە تارتىش سىياسىتىنى قوللىنىدۇ. بۇ فاكتلار بۇ قېتىمقى گوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇندىمۇ يەنە بىر قېتىم

ئىسپاتلاندى. ئىنتايىن مۇرەككەپ جۇڭگو سىياسىي يولداشلىرىمىزنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا پەرەس چوڭ پومېشچىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازلار تېخى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئىكەن، پارتىيىمىزنى بىر تۇرۇپ ئۇرۇپ، بىر تۇرۇپ ئۇزىگە تارتىۋاتقان ئىكەن، پارتىيىمىزنىڭ قائىدىسى «ئۇنىڭ يولى بىلەن ئۇنىڭ ئۇزىنى باپلا»⑤، ئۇرسا ئۇر، تارتسا تارت، بولۇشى كېرەك، بۇ ـ ئىنقىلاۋىي ئىككى بىسلىق سىياسەت. چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيە قاچانغىچە ئۇزۇل ـ كېسىل ئاسىيلىق قىلمايدىكەن، بىزنىڭ بۇ سىياسىتىمىز ھامان ئۇزگەرمەيدۇ.

3. گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى سىياسىتى بىلەن كۇرەش قىلىشتا پۇتۇن بىر يۇرۇش جەڭ شۇ كېرەك، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. جياڭ جيېشى ۋەكىللىك قىلغان چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ خەلق ئىنقىلاۋىي كۇچلىرىگە بولغان ئۇچمەنلىكى ۋە رەھىمسىزلىكى ئۇتمۇشتىكى 10 يىللىق گۇڭچەنداڭغا قارشى ئۇرۇش بىلەنلا ئىسپاتلىنىپ قالماي، بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا يۇز بەرگەن ئىككى قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن بىلەنمۇ، بولۇپمۇ ئىككىنچى قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇندىكى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى بىلەنمۇ تولۇق ئىسپاتلاندى. ھەرقانداق خەلق ئىنقىلاۋىي كۇچلىرى ئەگەر جياڭ جيېشىنىڭ يوقىتىۋېتىشىدىن ساقلانماقچى بولسا ھەم ئۇنى ئۇزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىياسىتىگە قارشى دەلمۇ ـ دەل مۇقابىل تۇرۇپ كۇرەش قىلىشى لازىم، باشقا يول يوق. بۇ قېتىمقى

گۇگچەنداڭغا قارشى دولقۇندا يولداش شياڭ يىڭنىڭ جىخۇيجۇيىسى[6] سەۋىيى بىلەن كېلىپ چىققان مەغلۇبىيەتتىن پۈتۈن پارتىيە چوڭقۇر ئىبرەت ئېلىشى كېرەك. لېكىن كۈرەش يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك بولۇشى لازىم، بۇ ئۈچىدىن قايسى بىرى كەم بولسا، زىيان تارتىمىز.

4. گومىنداڭنىڭ جاھىللىرىغا قارشى كۈرەشتە مەيبەن خاراكتېردىكى چوڭ بۇرژۇئازىيىنى مەيبەن خاراكتېرى بولمىغان ياكى ئازراق بولغان مىللى بۇرژۇئازىيىدىن پەرقلەندۈرۈش، ئەڭ ئەكسىيەتچى چوڭ پومېشچىكلارنى كەيمىڭ شېنشىلاردىن ۋە ئادەتتىكى پومېشچىكلاردىن پەرقلەندۈرۈش لازىم، بۇلار پارتىيىمىزنىڭ ئارىلىقتىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم»لۈك ھاكىمىيەتنى يولغا قويۇشتىكى نەزىرىيىۋى ئاساسى، بۇلار بۇلتۇر 3-ئايدىن بۇيان جۇڭگىياڭ تەرىپىدىن قايتا-قايتا كۆرسىتىپ كېلىنگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى گۇگچەنداڭغا قارشى دولقۇن ئۇنىڭ توغرى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. بىزنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدىن ئىلگىرى «9-نويابىر ديەنباۋسى»[7]دا ئىپادىلىگەن مەيدانىمىز ۋەقەدىن كېيىن سىياسى جەھەتتە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىمىز ئۈچۈن پۈتۈنلەي زۆرۈر ئىدى، بۇنىڭسىز ئارىلىقتىكىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. چۈنكى نۇرغۇن قېتىم تەكرارلانغان تەجرىبىلەر باشتىن ئۆتمىگەن بولسا، ئارىلىقتىكىلەر پارتىيىمىزنىڭ نىمە ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ جاھىللىرىغا قارشى قەتئى كۈرەش ئېلىپ بېرىشى لازىملىقىنى، نىمە ئۈچۈن كۈرەش ئارقىلىقلا ئىتتىپاقلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، كۈرەشتىن ۋازكەچكەندە بولسا، ھېچقانداق ئىتتىپاقلىقنىڭ بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى. يەرلىك ئەمەلىي

كۆچكە ئىگە گورۇھلارنىڭ رەھبەرلىگىنىڭ تەركىۋىمۇ گەرچە چوڭ
پومېشچىك-چوڭ بۇرژۇئازىيە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن مەركىزىي
ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان چوڭ پومېشچىك-چوڭ بۇرژۇئا
ئۇنسۇرلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولغانلىقتىن، ئۇلارنىمۇ ئۇمۇمەن
ئارىلىقتىكىلەر دەپ قاراش كېرەك. ئوتكەن قېتىمقى گوڭچەنداڭغا
قارشى دولقۇندا گوڭچەنداڭغا قارشى ئەڭ كوپ كۆچ چىقارغان يەن
شىشەن بۇ قېتىم ئارا مەيداندا تۇردى؛ ئوتكەن قېتىم ئارا مەيداندا
تۇرغان گۇاڭشى گورۇھى بۇ قېتىم گەرچە گوڭچەنداڭغا قارشى
تەرەپكە ئوتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى گورۇھى
ئوتتۇرىسىدا يەنىلا زىددىيەت بار، بۇلارنى بىر قاتارغا قويغىلى
بولمايدۇ. باشقا يەرلىك ئەملىي كۆچكە ئىگە گورۇھلار ئۈستىدە
سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. ھالبۇكى، بىزنىڭ
يولداشلىرىمىزنىڭ بىرمۇنچىسى، گويا جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدىن
كېيىن پۈتۈن پومېشچىكلار سىنىپى ۋە پۈتۈن بۇرژۇئازىيە ئاسىيلىق
قىلغاندەك، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھەرقايسى گورۇھلىرىنى ۋە
بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەرقايسى گورۇھلىرىنى تا شۇ كەمگىچە بىر تاياقتا
ھەيدەۋاتىدۇ، بۇ مۇرەككەپ جۇڭگو سىياسىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋەت-
كەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بىز مۇشۇنداق قاراشتا بولۇپ، بارلىق
پومېشچىكلار ۋە بارلىق بۇرژۇئازلارنى گومىنداڭنىڭ جاھىللىرى
بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدىغان بولساق، نەتىجىدە ئوزىمىزنى
يىتىم ھالغا چۈشۈرۈپ قويىمىز. بىلىش كېرەككى، جۇڭگو جەم-
ئىيىتى — ئىككى بېشى كىچىك، ئوتتۇرىسى يوغان بىر جەمئىيەت[8]،
گوڭچەنداڭ ئەگەر ئارىلىقتىكى سىنىپلار تەركىۋىدىكى ئاممىنى
قولغا كەلتۈرەلمىسە ھەمدە ئۇلارنى ئەھۋالغا قاراپ تېگىشلىك

ئورۇنغا ئىگە قىلمىسا، جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ.

5. بەزى يولداشلار، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ نېگىزلىك زىددىيەت ئىكەنلىگىدىن ئىككىلەنگەنلىگى ھەم شۇ سەۋەپتىن مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىگى ئۈچۈن، پارتىيە سىياسىتىدىمۇ بەزىدە ئىككىلىنىپ قالدۇ. بۇ يولداشلار جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ «12 ـ ئاپرېل» ۋە 21 ـ ماي ۋەقەسى توغرىسىدىكى مۆلچەرلىرىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭياڭنىڭ بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى پرىنسىپلىق يوليورۇغىنى گويا قوللىنىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ياكى ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندەك ھىس قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار، ھازىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ۋە دېموكراتىيىنى قۇۋۋەتلەيدىغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاكىمىيەت ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار، دېخانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭلا ھاكىمىيىتى زورۇر بولۇپ قالدى؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى بىرلىكسەپلىك سىياسەت ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشتىكى 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكىدەك يەر ئىنقىلاۋىي سىياسىتى زورۇر بولۇپ قالدى، دەپ ھېساپلاۋاتىدۇ. پارتىيىنىڭ توغرى سىياسىتى بۇ يولداشلارنىڭ نەزىرىدە، كەم دېگەندە، ۋاقىتىنچە مۇجمەللىشىپ قالغان.

6. بۇ يولداشلار، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭياڭى ئۆزلىرىگە گومىنداڭ-نىڭ بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش ئېھتىمالىغا تاقابىل تۇرۇشقا، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يامان ئېھتىمالىغا تاقابىل تۇرۇشقا ھازىرلىنىپ قويۇشنى بۇيرۇغان چاغدا، باشقا ئېھتىماللارنى تاشلاپ قويدۇ. ئۇلار ئەڭ يامان ئېھتىمالغا قارشى ھازىرلىنىپ قويۇشنىڭ پۈتۈنلەي

زورۇر ئىكەنلىگىنى، ئەمما بۇنداق قىلىش ياخشى ئېھتىمالدىن ۋازكېچىش ئەمەس، بەلكى ياخشى ئېھتىمالنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ۋە ئۇنى رېياللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ شەرتى ئىكەنلىگىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ قېتىم بىز گومىنداڭنىڭ بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشقا تولۇق ھازىرلىنىپ قويۇپ، گومىنداڭنى ئاسانلىقچە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويدۇق.

7. يەنە نۇرغۇن يولداشلار مىللى كۈرەش بىلەن سىنىپى كۈرەشنىڭ بىردەكلىگىنى چۈشەنمەيدۇ، بىرلىكسەپ سىياسىتى بىلەن سىنىپى سىياسەتنى چۈشەنمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرلىكسەپ تەربىيىسى بىلەن سىنىپى تەربىيىنىڭ بىردەكلىگىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار، جەنۇبى ئەنخۇي ۋەقەسىدىن كېيىن بىرلىكسەپ تەربىيىسىنىڭ سىرتىدىكى سىنىپى تەربىيىنى ئالاھىدە تەكىتلەش زورۇر بولۇپ قالدى، دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇلار تا شۇ كەمگىچە چۈشەنمەيۋاتىدۇكى، پارتىيىمىز پۈتۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە مەملىكىتىمىزدىكى يۇقۇرى تەبىقە ۋە ئوتتۇرا تەبىقىلەردىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە قارىتا، چوڭ پومېششىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە ئارىلىقتىكى سىنىپلاردىن بولۇشىغا قارىماي، مۇكەممەل بولغان، ھەم بىرلىشىش، ھەم كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (ئىككى بىسلىق) مىللى بىرلىكسەپلىك سىياسەتنىلا قوللىنىدۇ. قورچاق ھەربىلەر، ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ياپونپەرەس ئۇنسۇرلاردىن توۋا قىلىشنى مۇتلەق ۋە قەتئى خالىمايدىغانلىرىغا قەتئى يوقىتىش سىياسىتى قوللىنىش زورۇر بولغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرىغىمۇ مۇشۇنداق ئىككى بىسلىق سىياسەتنى قوللىنىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ پارتىيە ئىچىگە ۋە خەلققە

قارىتا ئېلىپ بارىدىغان تەربىيىسىمۇ مۇشۇ ئىككى تەرەپلىمىلىك خاراكتېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەربىيە بولۇپ، پۈرولېتارىياتقا، دېھقانلار سىنىپىغا ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە قانداق قىلىپ بۇرژۇئازىيە ۋە پومېششىكلار سىنىپىنىڭ ھەرخىل تەبىقىلىرى بىلەن ھەرخىل شەكىلدە بىرلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەرخىل دەرىجىدىكى مۇرەسسەچىلىكى، ئارىدسالدىلىقى ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرىدىغانلىقىغا قارىتا ھەرخىل دەرىجىدە كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى ئۆگىتىدۇ. بىرلىكسەپ سىياسىتى— سىنىپىي سىياسەت، بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، بۇ نۇقتىنى ئېنىقلىۋالماي تۇرۇپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئېنىقلىۋالغىلى بولمايدۇ.

8. يەنە بەزى يولداشلار باركى، ئۇلار شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ۋە خۇابېي، خۇاجۇڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۈيدىلەرنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى يېڭى دېموكراتىك خاراكتېر بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. بىرەر جاينىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنىڭ يېڭى دېموكراتىك خاراكتېر ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، ئاساسەن، شۇ يەردىكى ھاكىمىيەتكە خەلق ئاممىسى ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشقان ياكى قاتناشمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدە بولغان ياكى بولمىغانلىقى پىرىنسىپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت يېڭى دېموكراتىك جەمىيەتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى بولىدۇ. بەزىلەر، 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكىدەك يەر ئىنقىلابىنى يولغا قويۇشلا يېڭى دېموكراتىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، بۇ توغرى ئەمەس. ھازىر

ھەرقايسى گېنجۇيدىلەرنىڭ سىياسىي — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ۋە دېموكراتىيىنى ياقلايدىغان بارلىق خەلقنىڭ بىرلىكسەپلىك سىياسىي، ئۇنىڭ ئىقتىسادى — يېرىم مۇستەملىكىلىك ئامىللار ۋە يېرىم فېئودالىلىق ئامىللار ئاساسىي جەھەتتىن چىقىرىپ تاشلانغان ئىقتىسات، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى — خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى مەدەنىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى سىياسى ۋە ئىقتىسات جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن، ياكى مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن، پەقەت ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەر، ئۇزۇل-كېسىل يەر ئىنقىلاۋى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىغا ئوخشاشلا، يېڭى دېموكرا-تىك جەمىيەت. گېنجۇيدىلەرنىڭ نۇسخىسى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىلسە، ئۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەت يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇ-رىيەت بولىدۇ.

## ئىزاھلار

① بۇ 1941-يىل 4-ئاينىڭ 13-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بىتەرەپلىك كېلىشىمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەرتنامە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقتىكى چېگرا رايونىنىڭ شۇ چاغدىكى تېچلىقىنى مۇستەھكەملىدى، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش سۇيىقەستىنى بىت-چىت قىلدى، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تېچلىق ۋەيجاۋ سىياسىتىنىڭ زور غەلىبىسى بولدى.

② 12-ئاپرېل ۋەقەسى جياڭ جېيشى 1927-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى شاڭخەيدە قوزغىغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي ۋەقە بولۇپ، جياڭ

جىيىشى بۇ ۋەقەدە كوممۇنىستلارنى، ئىنقىلاۋىي ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنى كەڭ كولەمدە قىردى. مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «خۇنەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»نىڭ⑤ ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جىڭگاڭشەندىكى كۈرەش»نىڭ⑰ ئىزاھىغا قارالسۇن.

④ بۇ 1939 ـ يىل قىشتىن 1940 ـ يىل ئەتىيازغىچە جياڭ جىيىشى قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق گوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇننى كۆرسىتىدۇ. «بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گوڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا قارشى تۇرايلى»نىڭ⑩ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑤ بۇ ــ پەيلاسوپ جۇاڭزىنىڭ «جۇاڭزى» دېگەن كىتابىنىڭ 13 ـ بابىغا بەرگەن شەرھىدە ئېيتقان سوزى.

⑥ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى داددىل راۋاجلاندۇرۇپ، گوڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنىڭ مەۋزۇ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑦ «9 ـ نويابىر دېپېشاسى» ــ 1940 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 18 ـ جىتۈەنجۈننىڭ زۇڭسىلىڭى جۇ دې ۋە فۇزۇڭسىلىڭى پېڭ دېخۇەي ھەمدە يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ جۈنجاڭى يې تىڭ ۋە فۇجۈنجاڭى شياڭ يىڭلارنىڭ خې يىڭچىن ۋە بەي چۇڭشىلارنىڭ «19 ـ ئوكتەبىر دېپېشاسى»غا جاۋابەن ئېۋەتكەن دېپېشاسى. بۇ دېپېشادا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش ۋە تەسلىم بولۇش سۇيىقەستى ئېچىپ تاشلانغان، خې يىڭچىن ۋە بەي چۇڭشىلارنىڭ يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە 8 ـ ئارمىيىنىڭ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى قىسىملىرىنى چەكلەنگەن مۇددەت ئىچىدە شىمالغا يوتكىشىكە بۇيرۇش دېگەن بىمەنە تەلىۋىگە رەددىيە بېرىلگەن؛ لېكىن ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئومۇملۇقنى

كۆزلەپ مادارا قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ چاڭجياڭ ـ
نىڭ جەنۇبىدىكى قىسىملىرىنى چاڭجياڭنىڭ شىمالىغا يۆتكەشكە رازىلىق
بىلدۈرۈلگەن ھەمدە گۇڭچەنداڭ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا ھەل
بولماي كېلىۋاتقان بىرمۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يەنىمۇ
ئىلگىرىلەپ تەلەپ قىلىنغان. بۇ دېيەنباۋ شۇ چاغدىكى ئارىلىقتىكىلەرنىڭ
خەيرىخاھلىقىغا ئىگە بولۇپ، جياڭ جيېشىنى يېتىم قالدۇرغان ئىدى.

⑧ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابقا يېتەك ـ
چىلىك قىلغۇچى سانائەت پرولېتارىياتى بىلەن جۇڭگونىڭ ئەكسىيەتچى
چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ، نوپۇس جەھەتتىن ئېيتقاندا،
جەمئىيەتتە ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ تاللانما
ئەسەرلەرنىڭ 3 ـ تومىدىكى «شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى
سەنىيخۇيىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»قا قارالسۇن.

بۇ كىتاپ نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1965 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم ئۇيغۇرچە 2 ـ نەشرىگە ئاساسەن قايتا بېسىلدى.

本书根据我社1965年8月出版的《毛泽东选集》第二卷维吾尔文版第二版重印。

**ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى**

2 ـ توم

*

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

بېيجىڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ بېيجىڭ تارقىتىش ئورنى

تەرىپىدىن تارقىتىلدى

جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلدى

*

1965 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا چىققان 2 ـ نەشرىگە ئاساسەن قايتا بېسىلدى

1967 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى

ئاددى مۇقاۋىلىقنىڭ باھاسى: 0.58 يۈەن

# 毛泽东选集

## 第二卷

（维吾尔文）

•

民族出版社出版
（北京安定门外和平东路）
北京市书刊出版业营业许可证出字第047号
北京新华印刷厂印刷
新华书店北京发行所发行
各地新华书店经售

•

787×1092毫米1/32・印张：27・插页：2
根据1965年8月北京第二版重印
1967年7月北京第二次印刷
统一书号：M1049(4)132　普及本定价：0.58元